# تارىخىي خاتىرىلەر

سىماچيەن

# تارىخىي خاتىرىلەر

## 24 تارىختىكى ئۇتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى

شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي تەتقىقات باشقارمىسىنىڭ
«24 تارىختىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر
ماتېرىياللارنى تاللاپ تەرجىمە قىلىش
گۇرۇپپىسى» تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

**史　记**（维吾尔文）
二十四史中亚资料汇编
司　马　迁
新疆大学科研处二十四史中亚资料
选编组编译

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华书店发行　民族印刷厂排版
新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米　32开本21.25印张
1987年9月第1版　1989年9月第1次印刷
印数：1－1.200

ISBN7－228－01023－X/K·84　定价：6.50元

**تەرجىمە قىلغۇچىلار:**

قاسىم ئارىش
ھاجى ياقۇپ يۈسۈپى
تۇرغۇن ئالماس
خۇدابەردى سەلىم
سەلىمجان
ئەنسەردىن، مۇسا
چىن شىمىلىك
ئارسلان ئابدۇللا

**تەھرىرلەر:**

ھاجى ياقۇپ يۈسۈپى
قاسىم ئارىش
چىن شىمىلىك
زارىپ دۆلەت
خالىق ساقى

**مەسئۇل مۇھەررىر:** مامۇت ساۋۇت

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز........................................... 1 ـ 15

تارىخىي خاتىرىلەر 1 ـ جىلد بەش چوڭ ئاقسا قال تەزكىرىسى...... 16 ـ 31

تارىخىي خاتىرىلەر 2 ـ جىلد شيا خانلىرى تەزكىرىسى.......... 32 ـ 36

تارىخىي خاتىرىلەر 4 ـ جىلد جوۋ خانلىرى تەزكىرىسى ......... 37 ـ 61

تارىخىي خاتىرىلەر 5 ـ جىلد چىن بەگلىرى تەزكىرىسى.......... 62 ـ 89

تارىخىي خاتىرىلەر 6 ـ جىلد چىن خاقانى شىخۋاڭ تەزكىرىسى... 90 ـ 94

تارىخىي خاتىرىلەر 8 ـ جىلد خەن خاقانى گاۋزۇ تەزكىرىسى...... 95 ـ 99

تارىخىي خاتىرىلەر 10 ـ جىلد خەن خاقانى ۋېندى تەزكىرىسى... 100 ـ 113

تارىخىي خاتىرىلەر 11 ـ جىلد خەن خاقانى جىڭدى تەزكىرىسى... 114 ـ 116

تارىخىي خاتىرىلەر 12 ـ جىلد خەن خاقانى ۋۇدى تەزكىرىسى... 117 ـ 118

تارىخىي خاتىرىلەر 14 ـ جىلد 12 بەگلىك يىلنامىسى............ 119 ـ 124

تارىخىي خاتىرىلەر 15 ـ جىلد ئالتە بەگلىك يىلنامىسى......... 125 ـ 131

تارىخىي خاتىرىلەر 16 ـ جىلد چىن، چۇ بەگلىكلىرى ئارىلىقى-
دىكى ئاينامە.............................................. 132

تارىخىي خاتىرىلەر 17 ـ جىلد خەن خاقانلىقى قۇرۇلغاندىن
بۇيانقى بەگلەر تەزكىرىسى.................................. 133 ـ 134

تارىخىي خاتىرىلەر 18 ـ جىلد خەن گاۋزۇنىڭ خىزمەت كۆر
سەتكەن تۆرىلىرى يىلنامىسى .............................. 135

تارىخىي خاتىرىلەر 19 ـ جىلد خەن خاقانى خۇيدى بىلەن خەن
خاقانى جىڭدى ئارىلىقىدىكى تۆرىلەر يىلنامىسى........... 136 ـ 139

تارىخىي خاتىرىلەر 20 ـ جىلد جيە نيۋەن سەلتەنەت دەۋرىدىن
بۇيانقى تۆرىلەر يىلنامىسى............................. 140 ـ 167

تارىخىي خاتىرىلەر 22 ـ جىلد خەن خاقانلىقى قۇرۇلغاندىن
بۇيانقى ئاتاقلىق سەنگۇن، ۋەزىرلەر يىلنامىسى............ 168 ـ 175

www.uyghurkitap.com

تارىخىي خاتىرىلەر 28 ـ جىلد نەزىرنامە........ 176 ـ 178
تارىخىي خاتىرىلەر 30 ـ جىلد بازارنامە توغرىسىدا........ 179 ـ 185
تارىخىي خاتىرىلەر 31 ـ جىلد ۋۇ بەگلىكى بېگى يۈجى تەزكىرىسى ........ 186 ـ 187
تارىخىي خاتىرىلەر 32 ـ جىلد چى تەيگۇڭ بەگلەر تەزكىرىسى ........ 188 ـ 193
تارىخىي خاتىرىلەر 33 ـ جىلد لۇ بېگى جوۋگۇڭ خانىدانى تەزكىرىسى ........ 194 ـ 196
تارىخىي خاتىرىلەر 34 ـ جىلد يەن بېگى جاۋگۇڭ خانىدانى تەزكىرىسى ........ 197
تارىخىي خاتىرىلەر 37 ـ جىلد ۋېي بېگى كاڭشۇ خانىدانى تەزكىرىسى ........ 198 ـ 201
تارىخىي خاتىرىلەر 38 ـ جىلد سۇڭ بېگى خانىدانى تەزكىرىسى ........ 202
تارىخىي خاتىرىلەر 39 ـ جىلد جىن بېگى خانىدانى تەزكىرىسى ........ 203 ـ 214
تارىخىي خاتىرىلەر 40 ـ جىلد چۇ بېگى خانىدانى تەزكىرىسى ........ 215 ـ 216
تارىخىي خاتىرىلەر 42 ـ جىلد جېڭ بەگلىرى خانىدانى تەزكىرىسى ........ 217 ـ 220
تارىخىي خاتىرىلەر 43 ـ جىلد جاۋ بېگى خانىدانى تەزكىرىسى... 221 ـ 240
تارىخىي خاتىرىلەر 44 ـ جىلد ۋېي بەگلىكى خانىدانى تەزكىرىسى ........ 241 ـ 243
تارىخىي خاتىرىلەر 48 ـ جىلد چېن شې تەزكىرىسى........ 244 ـ 245
تارىخىي خاتىرىلەر 49 ـ جىلد شىرەم تۇققانلار تەزكىرىسى...... 246 ـ 247
تارىخىي خاتىرىلەر 50 ـ جىلد چۇ بېگى يۈەنۋاڭ تەزكىرىسى...... 248 ـ 249
تارىخىي خاتىرىلەر 52 ـ جىلد چى بېگى داۋخۇيۋاڭ تەزكىرىسى ........ 250 ـ 251
تارىخىي خاتىرىلەر 55 ـ جىلد لىۋ خۇ تۆرىسى تەزكىرىسى........ 252 ـ 255
تارىخىي خاتىرىلەر 56 ـ جىلد باش ۋەزىر چېن پىڭ تەزكىرىسى... 256

تارىخىي خاتىرىلەر 57-جىلد جياڭ تۆرىسى جوۋبو خاندانى تەزكىرىسى .................................... 258 _ 257

تارىخىي خاتىرىلەر 60-جىلد ئۇچ بەگ تەزكىرىسى ............ 262 _ 259

تارىخىي خاتىرىلەر 62-جىلد گۆەن، يەن تەزكىرىسى ........ 263

تارىخىي خاتىرىلەر 68-جىلد شاڭجۈن تەزكىرىسى ............ 266 _ 264

تارىخىي خاتىرىلەر 69-جىلد سۇچىن تەزكىرىسى ........... 270 _ 267

تارىخىي خاتىرىلەر 70-جىلد جاڭ يى تەزكىرىسى .......... 272 _ 271

تارىخىي خاتىرىلەر 71-جىلد چۇلىزى، گەن ماۋ تەزكىرىلىرى ............................................................ 276 _ 273

تارىخىي خاتىرىلەر 80-جىلد يۆ يى تەزكىرىسى .............. 279 _ 277

تارىخىي خاتىرىلەر 81-جىلد لىيەن پو، لىن شياڭرۇ تەزكىرىلىرى ............................................................ 283 _ 280

تارىخىي خاتىرىلەر 83-جىلد لۇ جۇڭلىيەن، زوۋياڭ تەزكىرىلىرى ............................................................ 290 _ 284

تارىخىي خاتىرىلەر 86-جىلد پىدائىلار تەزكىرىسى ......... 292 _ 291

تارىخىي خاتىرىلەر 87-جىلد لى سى تەزكىرىسى .............. 297 _ 293

تارىخىي خاتىرىلەر 88-جىلد مىڭ تيەن تەزكىرىسى .......... 301 _ 298

تارىخىي خاتىرىلەر 93-جىلد خەن شىن، لۇۋەن تەزكىرىلىرى ............................................................ 322 _ 302

تارىخىي خاتىرىلەر 94-جىلد تيەن دەن تەزكىرىسى ........... 324 _ 323

تارىخىي خاتىرىلەر 95-جىلد فەن كۆەي، لىبېي شياڭ، شاخوۋيىڭ، گۆەن يىن تەزكىرىلىرى ...................... 328 _ 325

تارىخىي خاتىرىلەر 97-جىلد ئالىم لى يىجى، لۇجىيالار تەزكىرىلىرى ................................................ 329

تارىخىي خاتىرىلەر 99-جىلد لىيۇ جىڭ، شۇ سۇن تۇڭ تەزكىرىلىرى ....................................................... 340 _ 330

تارىخىي خاتىرىلەر 100-جىلد جى بۇ، لۆەن بۇ تەزكىرىلىرى ............................................................ 342 _ 341

تارىخىي خاتىرىلەر 102-جىلد جاڭ شىجى، فىڭ تاڭ تەزكىرىلىرى ............................................................ 347 _ 343

تارىخىي خاتىرىلەر 103-جىلد ۋەن شى، جاڭ شۈلار تەزكىرىسى ...... 348
تارىخىي خاتىرىلەر 104-جىلد تيەن شۇ تەزكىرىسى ...... 349 – 351
تارىخىي خاتىرىلەر 106-جىلد ۋۇ بەگلىگى بېگى ليۇبى تەزكىرىسى ...... 352 – 353
تارىخىي خاتىرىلەر 108-جىلد خەن چاڭرۇ تەزكىرىسى ...... 354 – 368
تارىخىي خاتىرىلەر 109-جىلد لى سەنگۇن تەزكىرىسى ...... 369 – 390
تارىخىي خاتىرىلەر 110-جىلد هۇنلار تەزكىرىسى ...... 391 – 447
تارىخىي خاتىرىلەر 111-جىلد ۋېي چىڭ ۋە قىران چەۋەنداز سەنگۇن تەزكىرىسى ...... 448 – 480
تارىخىي خاتىرىلەر 112-جىلد پىڭ-جىن تۆرىسى تەزكىرىسى ...... 481 – 482
تارىخىي خاتىرىلەر 118-جىلد خۇەينەن، خېڭشەن ئەللىرى تەزكىرىسى ...... 483 – 486
تارىخىي خاتىرىلەر 123-جىلد پەرغانە تەزكىرىسى ...... 487 – 529
تارىخىي خاتىرىلەر 125-جىلد خۇشامەتگۈيلار تەزكىرىسى ...... 530 – 531
تارىخىي خاتىرىلەر 128-جىلد پالچىلار تەزكىرىسى ...... 532
تارىخىي خاتىرىلەر 129-جىلد سودا-تىجارەت تەزكىرىسى ...... 533 – 535
خاندانلىقلار يىلنامىسى ...... 536 – 592
ئىندېكس ...... 593 – 672

# كىرىش سۆز

خەنزۇچە قەدىمكى كىتابلاردىن 24 تارىخ ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتىدا ئاساسلىق، سىستېمىلىق ۋە ھۆججەت خاراكتېرلىك ماتېرىياللاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. جۇڭگو ۋە چەتئەل ئالىملىرى بۇ ماتېرىياللارغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلمەكتە. روسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەشھۇر تارىخچىسى بارتولد (1869 — 1930 - يىللار) مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى يازغان «تۈركىستاننىڭ قىسقىچە تارىخى»دا: «مىلاددىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىردىن مىلاددىن كېيىنكى 7 - ئەسىرگىچە بولغان دەۋر ئىچىدىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر بىز بىلەلەيدىغان ھەممە مەلۇمات پۈتۈنلەي دېگۈدەك جۇڭگو تارىخ ماتېرىياللىرىدىن ئېلىنغان» دەيدۇ. فرانسىيىنىڭ ھازىرقى زامان داڭلىق جۇڭگوشۇناسى لۇئىس ھامبىس (1906 — 1978 - يىللار) ئۆزىنىڭ 1966 - يىلى نەشردىن چىققان «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچىلەر» دېگەن ئەسىرىدە: «ئەگەر جۇڭگوشۇناسلىق تەتقىقاتى بولمىسا، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ تەتقىقاتى ئاساسىنى يوقىتىپ قويغان بولاتتى»، «2000 يىلدىن بۇيانقى خەنزۇچە ۋەسىقىلەر بىزنىڭ تەتقىقاتىمىز ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ئىنتايىن قىممەتلىك ھۆججەت بولۇپ كەلدى. چۈنكى، بىز خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللىرى ئارقىلىقلا ئېنىقراق چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز» دەپ تەكىتلىگەنىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، ئەرەبچە، پارسچە ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى مىللەتلەرنىڭ يېزىقى

(مۇلۇك يېزىقلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) دىكى ماتېرىياللار، بولۇپمۇ ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرىمۇ ئۆزىنىڭ مۇھىم رولىنى كۆرسىتەلمەي كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن ھازىرغىچە ھەرقايسى ئەل ئالىملىرىنىڭ خەنزۇچە ۋە سىغىلەرنى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتىدا يەنىلا ئەڭ ئاساسىي ماتېرىيال دەپ قاراپ كەلگەنلىكى شەكسىز.

17 - ئەسىردىن بېرى، غەرپ ئەللىرىدىن جۇڭگوغا كەلگەن خىرىستىيان جەمىيىتىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى خەنزۇچە قەدىمكى كىتابلاردىن بەزىلىرىنى جۈملىدىن كۆپرەكى تارىخقا دائىر ماتېرىياللارنى تەرجىمە قىلىشتى. بۇ غەرب ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ دىققەت - نەزىرىنى قوزغىدى. روسىيە ئورتودوكس چېركوسىنىڭ ھەر قېتىملىق بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق مىسسيونېرلار ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرىدىن بەزىلەر خەنزۇچە قەدىمكى كىتابلارنى تەرجىمە قىلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغانىدى. بولۇپمۇ بىچۇرىن 24 تارىخنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللىرىدىن بىر قىسمىنى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، «قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرمىللەت خەلقلىرىنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى توپلىمى» دېگەن نام بىلەن 1851 - يىلى سانت - پېتىر - بۇرگدا نەشىر قىلدۇردى. غەرب ئالىملىرى بۇ كىتابتىن ھازىرغىچە پايدىلىنىپ كەلدى. بۇ كىتاب 1951 — 1953 - يىللىرى قايتا نەشىر قىلىندى. فرانسۇز ئالىمى ئې. ئې. شاۋان (1865 — 1918 - يىللار) 1880 - يىلدىلا «تارىخىي خاتىرىلەر»نى تەرجىمە قىلىشقا باشلىغانىدى. 1895 — 1905 - يىللىرى ئارىسىدا 130 جىلدلىق «تارىخىي خاتىرىلەر»نىڭ 47 جىلدىنى ئارقا - ئارقىدىن تەرجىمە قىلىپ چىقتى. 1903 - يىلى پېتىربۇرگدا خەنزۇچە «تارىخىي خاتىرىلەر»دىن تەرجىمە قىلىپ چىققان «غەربىي تۈركلەر تارىخى»نى ئېلان قىلدى ھەم تۈرك مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىغا سېلىشتۇرۇپ چىقتى. 1907 - يىلى «كېيىنكى خەننامە»نىڭ «غەربىي ئەل تەزكىرىسى»نى تەرجىمە قىلدى.

بىلىشىمىزچە، بۇ كۆنگچىلىك 24 تارىخنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللىرىنى ھېچكىم سىستېمىلىق ۋە مۇكەممەل ھالدا باشقا تىل-يېزىقلارغا جۈملىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ باقمىدى.

ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى كەڭ رايونلار ئوتتۇرا ئاسىياغا جايلاشقان. تارىختا بۇ يەرلەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان مىللەتلەردىن بەزىلىرى ھېلىمۇ ئېلىمىز مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى. بۇلاردىن بەزىلىرى ئۆز مىللىيەتلىرىنى يوقىتىپ تارىختىن ئۆچكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ شۇ دەۋردىكى پائالىيەتلىرى ئېلىمىزنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەندى. ئېلىمىزدە ھازىر ياشاۋاتقان مىللەتلەردىمۇ ئۇلارنىڭ تەركىبى بار. بەزىلىرى يىراق جايلارغا مۇھىمى غەربكە كۆچكەن. كۆچتىن بۇرۇن ۋە كۆچ جەريانىدا بولسۇن، ئۇلار ئېلىمىزنىڭ تارىخى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ماتېرىياللارنى تەدرىجىي، پىلانلىق تاللاپ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش — ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا ۋە ئۇلارنىڭ ئېلىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە مۇستەھكەملىنىشى جەريانىدىكى رولىنى تولۇق بايان قىلىپ بېرىشكە، ۋەتەن بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشىگە ۋە ئىتتىپاق بولۇشىغا، مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى كۈچەيتىشتە ئىجابىي رولى ۋە ئەھمىيىتى زور. بۇنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ئىكەنلىكى شەكسىز، شۇنداقلا ھەرقايسى ئەل ئالىملىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى تەتقىق قىلىشى ئۈچۈنمۇ ئىلمىي قىممىتى زور.

مۇشۇ مەقسەتتە، 1981 ـ يىلى ئىيۇندا، شىنجاڭ داشۆدە 24 تارىختىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللارنى تاللاپ تۈزۈش تەرجىمە قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى ۋە تۆۋەندىكى قەدەم، باسقۇچلار بويىچە رەسمىي خىزمەت باشلىۋەتتى.

بىرىنچى قەدەمدە، جۇڭخۇا كىتاپخانىسى بەلگە قويۇپ نەشر قىلغان 24 تارىخ ئاساس نۇسخا قىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللار تاللىنىپ، «24 تارىختىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار توپلىمى» تۈزۈپ چىقىلدى.

ئىككىنچى قەدەمدە، توپلاپ چىقىلغان ماتېرىياللار قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىن هازىرقى زامان خەنزۇ تىلىغا ئايلاندۇرۇلدى ۋە زۆرۈر ئىزاهلار بېرىلدى.

ئۈچىنچى قەدەمدە، ئەسلى تېكىستكە ئاساسلىنىپ ۋە هازىرقى زامان خەنزۇ تىلىغا ئايلاندۇرۇلغان تېكىستتىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا زۆرۈر ئىزاهلار بېرىلدى.

هازىر 24 تارىخنىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» قىسمىنىڭ ئۇيغۇرچە ۋە يىلنامىلىرى تەرجىمىسى ئىزاهلىرى، ئىندېكسلىرى بىلەن نەشردىن چىقىپ، كەڭ كىتاپخانلار بىلەن يۈزكۆرۈشتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بەزى ئالاقىدار مەسىلەر ئۈستىدە تېگىشلىك ئىزاهاتلارنى بېرىپ ئۆتمەكچىمىز.

ئوتتۇرا ئاسىيا چۈشەنچىسى هەققىدە، ئۇزاقتىن بېرى ئالىملار هەرخىل قاراشتا بولۇپ كەلدى. بىز ئاساسىي جەهەتتە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېزىلغان «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى» تىزىسلىرىدا كۆزدە تۇتۇلغان دائىرە بويىچە، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ــ



www.uyghurkitap.com

موڭغۇلىيە ئېگىزلىكى، خېشى كورىدورى، چىڭخەي (كۆككۆل)، شىنجاڭ، ئامۇدەريا، سىر دەريا ۋادىسى، قازاقىستان دالىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمى، ئىراننىڭ شەرقىي قىسمى، ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمى ۋە پاكىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ قارايمىز. شۇڭا، ئومۇمەن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مۇشۇ رايونلار ھەمدە بۇ رايونلاردا پائالىيەت ئېلىپ بارغان قەبىلىلەر، مىللەتلەر ۋە بۇ مىللەتلەرنىڭ پائالىيەتلىرى جەريانىغا چېتىشلىق بولغان دۆلەتلەر، رايونلار، مىللەتلەر، شەخسلەر، مۇھىم تارىخىي ۋەقە-ھادىسە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى توپلامغا كىرگۈزۈ-لىدۇ، دەپ بەلگىلىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، توپلامنىڭ دائىرىسى كەڭرەك بولدى.

24 تارىخ ئېلىمىز تارىخىدىكى 24 قىسىملىق تارىخنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ، ئۇلار: «تارىخىي خاتىرىلەر»، «خەننامە»، «كېيىنكى خەننامە»، «ئۈچ خانلىق خاتىرىلىرى»، «جىننامە»، «سۇڭنامە»، «چىنامە»، «لياڭنامە»، «چېننامە»، «ۋېينامە»، «جوۋنامە»، «شىمالىي چىنامە»، «شىمالىي خانلىقلار تارىخى»، «جەنۇبىي خانلىقلار تارىخى»، «سۈينامە»، «كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە»، «كونا بەش دەۋر تارىخى»، «يېڭى بەش دەۋر تارىخى»، «لياۋ (قىتانلار) خانلىقى تارىخى»، «جىن خانلىقى تارىخى»، «سۇڭ خانىدانلىقى تارىخى»، «يۈەن خانىدانلىقى تارىخى»، «مىڭ خانىدانلىقى تارىخى»دىن ئىبارەت بولۇپ، جەمئىي 3,259 جىلد، 79,841 بەت، تەخمىنەن 47904600 خەت (ھېروگلىف) تۇر. بۇ تارىخلاردا رىۋايەتلەر بويىچە، قەدىمكى زاماندىكى بەش چوڭ ئاقساقال دەۋرىدىن يېقىنقى زاماندىكى مىڭ خانىدانلىقىنىڭ ئاخىرى-غىچە بولغان ئېلىمىزنىڭ بىرقانچە مىڭ يىللىق تارىخى بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق بايان قىلىپ بېرىلگەن. ھەر قايسى

دەۋرلەردە ياشىغان خانىدانلىقلار بولسا، بۇ تارىخنامىلەرنى «رەسمىي تارىخ» (ئەنئەنىۋىي خانىدانلىقلار تارىخى) دەپ ئېلان قىلىنىشقان. ئەمەلىيەتتە، 24 تارىخ ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ياراتقان تارىخى بولۇپ، ئۇ مەزمۇن جەھەتتە مىللەتلەرنىڭ تارىخ ئەھۋاللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، شۇنىڭدەك 24 تارىخ خەنزۇ ھۆكۈمرانلىرى قۇرغان خانىدانلىقلارنىڭ تارىخىلا بولۇپ قالماي، يەنە «ۋېينامە»، «جوۋنامە»، «شىمالىي چىنامە»، «بەش دەۋر تارىخى» ئىچىدىكى كېيىنكى تاڭ، كېيىنكى جىن، كېيىنكى خەن، «قىتانلار تارىخى»، «جىن خانىدانلىقى تارىخى»، «يۈەن (موڭغۇل) خانىدانلىقى تارىخى» قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان خانىدانلىقلار تارىخىدىنمۇ ئىبارەت. 24 تارىخنىڭ كۆپلىگەن ئاپتورلىرى ئىچىدە خەنزۇ ئالىملىرى بولغىنىدەك، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئالىملىرىمۇ خېلى بولغان. بۇ ئالىملارنىڭ ئىدىيىۋىي قاراشلىرى ۋە تارىخ ئىلمىدىكى سەۋىيىسى ئوخشاشمىغاچقا، يېزىلغان تارىخلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىمۇ ئوخشاشمايدۇ. ئۇلار فېئوداللىق دەۋرنىڭ تارىخچىلىرى بولغاچقا، دەۋرنىڭ ۋە سىنىپنىڭ قاتتىق چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان. لېكىن بىز بۇ تارىخىي ماتېرىياللارنى ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، ئۇسۇل بىلەن تەھلىل قىلىپ پەرق ئېتىشىمىز، شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ، مېغىزىنى قالدۇرۇشىمىز، يالغىنىنى چىقىرىۋېتىپ راستىنى ئېلىپ قىلىشىمىز لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، تارىخنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيمىز.

«تارىخىي خاتىرىلەر» 24 تارىخنىڭ بىرىنچى قىسمى. شۇنىڭدەك، ئېلىمىزدە بىرىنچى بولۇپ تەزكىرە شەكلىدە يېزىلغان ئومۇمىي تارىختىن ئىبارەت. «تارىخىي خاتىرىلەر» ياراتقان مۇنداق شەكىل كېيىنكى 23 تارىخقا ئاساس بولۇپ بەردى. بۇ يەردە چۈشىنىشكە

ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، مۇشۇ شەكىل (فورما)نىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

«خاقانلار (ئاقساقاللار) تەزكىرىسى» (本记) مەخسۇس خاقانلارنىڭ پائالىيەت خاتىرىسىدۇر. ئۇ ئاساسىي جەھەتتە ۋاقىت تەرتىۋى بويىچە يېزىلغاچقا، مەلۇم بىر خاندانلىقنىڭ خرونولوگىيىسى دەپ قارىلىدۇ.

«تۆرىلەر تەزكىرىسى» (列传) ۋەزىر-بەگلەر تەزكىرىسى (ئەنئەنىۋى بولمىغان خاندانلىقلار تەزكىرىسى قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولۇپ، ئۇ شەخسلەر (بەزىدە دۆلەتلەر «بەگلىكلەر»، مىللەتلەر، رايونلار)نىڭ پائالىيەتلىرىنى ئاساس قىلىپ يېزىلغان. خاقانلار (ئاقساقاللار) تەزكىرىسى يىلنى مېرىدىئان قىلغان بولسا، تۆرىلەر تەزكىرىسى شەخسلەر ۋەقەلىرىنى پاراللېل قىلىدۇ. ئىككىسى بىرىكىپ، بىر پۈتۈن تارىخىي كۆرۈنۈشنى تەشكىل قىلىدۇ.

«يىلنامە» (年表) مۇرەككەپ تارىخىي ۋەقەلەرنى مۇئەييەن قانۇنىيەتلەر (يىل، شەخس، ئەمەل-ئۇنۋان قاتارلىقلار)گە ئاساسەن، تەكشۈرۈپ ئوقۇشقا قولاي بولۇش ئۈچۈن جەدۋەللەشتۈرۈلگەن ئىسخېمىلاردىن ئىبارەتتۇر.

«نامە» (书) بۇ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي، مەدەنىيەت، جازا قانۇنى، ئەمەللەر، دىپلوماتىيە، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، دەريا-ئۆستەڭلەر، سۇ ئىنشائاتلىرى ساھەلىرىنىڭ تۈزۈم تارىخى ياكى خاس تارىخىدۇر. كېيىنكى تارىخلاردا «تەزكىرە» ۋە «خاتىرە» دەپمۇ ئېلىنغان.

«تارىخىي خاتىرىلەر» كېيىنكى 23 تارىخقا ئوخشىمايدۇ، ئۇ بىرلا خاندانلىقنىڭ دەۋر تارىخى بولماستىن، بەلكى بەش چوڭ ئاقساقال (五帝)، شيا (夏)، شاڭ (商)، جوۋ (周)، چىن (秦) خانلىقلىرىدىن خەن خاندانلىقىنىڭ خاقانى ۋۇدىغىچە بولغان بىر نەچچە

مىڭ يىلنىڭ ئومۇمىي تارىخىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭدا ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ناھايىتى مول ماتېرىياللار بار. مەسىلەن: «ھۇنلار تەزكىرىسى»نى ئالىدىغان بولساق، بۇ تەزكىرىدە ھۇنلارنىڭ قەدىمكى زاماندىن تارتىپ، خەن خاقانى ۋۇدى دەۋرىگىچە بولغان تارىخى بايان قىلىنىپ بېرىلگەن، «پەرغانە تەزكىرىسى»دە پەرغانە، ئۇيسۇن قاتارلىق غەربىي ئەل (قۇرىغار)دىكى خانلىقلارنىڭ ئەھۋاللىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، يۈكسەك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

«تارىخىي خاتىرىلەر»نىڭ ئاپتورى سىماچيەن، يەنە بىر نامى زىچاڭ. خەن دەۋرىنىڭ پايتەختى ئەتراپىدىكى شياياڭ (بۈگۈنكى شەنشى خەنچېڭ ناھىيىسى)دىن بولۇپ، خەن خاقانلىقى خاقانى جىڭدى دەۋرىدە (يەنى م. ب.① 145 - يىلدا) تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان يىلى ئېنىق ئەمەس. بەزى ئالىملار م. ب. 86 - يىلى يەنى خەن خاقانى جاۋدى سەلتەنەت دەۋرى شىيۈەننىڭ تۇنجى يىلى ئۆلگەن دېيىشىدۇ. ئۇنىڭ ئاتىسى سىمايەن بىلىملىك ئالىم بولۇپ، تارىخ، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە قاتارلىق ئىلىملەرنى ياخشى بىلەتتى، چۈنچيۇ، يىغىلىق دەۋرىدىن بۇيانقى تۈرلۈك ئىلىم ئېقىملىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنەتتى. سىماچيەن بالىلىق ۋاقتىدىلا ئاتىسىنىڭ تەربىيىسىنى ئېلىپ، 10 ياش چېغىدىلا قەدىمكى كىتابلارنى ئوقۇشقا باشلىغانىدى. 20 ياش ۋاقتىدىن باشلاپ جايلارغا ساياھەت قىلىپ، ئۇستاز - پىر ئىزدەپ، دوست تۇتۇپ، ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، «ئەلنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن مەلۇمات توپلىدى»، ئۇنىڭ كېيىنكى ئەسەر يېزىشىغا بۇ مەلۇماتلارنىڭ زور ياردىمى تەگدى. م. ب. 108 - يىلى (خەن

---

① مىلاددىن بۇرۇن ۋە مىلاددىن كېيىن دېگەن سۆزلەر م. ب. ۋە مىكە دەپ ئېلىندى.

خاقانى ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنفېڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ئاتىسىنىڭ ئورنىغا دۆلەت تارىخچىسى بولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن تارىخ ماتېرى-ياللىرى توپلاشقا جىددى كىرىشىدۇ. م. ب. 104-يىلى (خەن خاقانى ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى تەيچۇنىڭ تۇنجى يىلى) سىماچيەن «تارىخىي خاتىرىلەر»نى رەسمىي يېزىشقا باشلىدى. بەش يىلدىن كېيىن، ئۇ ھۇنلارغا تەسلىم بولغان لى لىڭ (لى گۋاڭىنىڭ نەۋرى-سى)نى ئاقلاپ سۆز قىلغانلىقى ئۈچۈن، خاقان ۋۇدى تەرىپىدىن زىندانغا تاشلىنىپ، ئاختىلاش جازاسى بېرىلگەندى. جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن قاتتىق ئازاپلانغان سىماچيەن قەتئىي غەيرەتكە كېلىپ، زىنداندا كىتاب يېزىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. م. ب. 96-يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى تەيشىنىڭ تۇنجى يىلى) ئازات قىلىنىپ، پەرمانچى (中书令) بولىدى. تەخمىنەن م. ب. 91-يىلى (خەن خاقانى ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى جېڭخېنىڭ ئىككىنچى يىلى) «تارىخىي خاتىرىلەر» ئاساسىي جەھەتتىن يېزىلىپ بولىدۇ. بىراق، بەن گۇ «خەننامە. سىماچيەن تەزكىرىسى»نى يازىدىغان ۋاقىتتا، ئون قىسمى (بابى) يوقالغان بولۇپ، ھازىر بىز ئوقۇۋاتقان «تارىخىي خاتىرىلەر»نىڭ ئازغىنا قىسىم-بابلىرىنى چۇ شاۋسۇن (褚少孙) نامىلىق بىرزات ھەم كېيىن ئۆتكەن بەزى كىشىلەر تولۇقلىغان.

24 تارىختىكى مەسىلىلەرگە ھەرقايسى دەۋر ئالىملىرىنىڭ قارىشى ئوخشاشمايدۇ، بۇ ھەقتە يېزىلغان ئەسەرلەرمۇ كۆپ. بۇنداق ئوخ-شاشمىغان ئىلمىي قاراشلار ۋە ئۆتمۈشتىكىلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجى-لىرىگە نىسبەتەن بىز قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك؟ تاللاپ-توپلاش ۋاقتىدا، يەنىلا 24 تارىخنىڭ ئەسلى تېكىستىگە ئاساسلى-نىشنى ئويلىدۇق. ئۇنداق بولمىغاندا، ھېچقانداق ئاساسىي ئۆلچەم بولمىغان بولاتتى. لېكىن ئىزاھلار تەرجىمىسىدە، ئۆتمۈشتىكىلەرنىڭ

تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىلىدى. ئەينى ۋاقىتتا ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە قاراشلار ئىزاھاتتا قىسقىچە بايان قىلىنىدى.

ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش ۋاقتىدا، بىز مۇنۇ پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلدۇق: ئەسلى تېكستتە قېرىنداش مىللەتلەرگە ھەم چېگرا رايونلارغا قارىتا ئىشلىتىلگەن ھاقارەتلىك ئاتالمىلارنىڭ ھەممىسى ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان سۆز-ئىبارىلەر بىلەن ئېلىندى. ئەسلى تېكستتىكى بەزى كىشى، ئەمەل، يەر، دۆلەت (خانلىق، بەگلىك)، مىللەت ئىسىملىرى، قانۇن-نىزام، تۈزۈم قاتارلىقلارنىڭ ئەگەر ئۇيغۇرچىدا تەكدىشى بولمىسا، توغرىدىن-توغرا ئەينى ئاھاڭى بويىچە ترانسكرىپسىيىسى بېرىلىپ، تىرناق ئىچىدە شۇ سۆزنىڭ خەنزۇچىسى يېزىلىش بىلەن بىللە، ئىزاھ ئارقىلىق بايان قىلىپ بېرىلدى.

24 تارىختا ئەمەل ئىسىملىرى بەك كۆپ. مەسىلەن: باش مىرزا (尚书) دېگەن بىر ئەمەل ئىسمىنى ئالىدىغان بولساق، ھەر-قايسى خاندانلىقلاردىكى خىزمەت مەسئۇلىيىتى ئوخشىمايدۇ؛ شۇنىڭدەك پۈتۈن مەملىكەت بويىچە، ئەڭ ئالىي ھەربىي باشلىقنىڭ خاندانلىقلاردىكى ئاتىلىشىمۇ ئوخشاش ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەمەل تۈزۈملىرى ئۆزگىرىپ بەك مۇرەككەپلىشىپ كەتكەنىدى. يالغۇز غەربىي خەن خاقانلىقىنى ئالىدىغان بولساق، خاقان جىڭدىنىڭ سەلتەنەت دەۋرى جۇڭيۈەن (中元) يىلى ۋە خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى تەيچۇ (太初) يىللىرىدا ئىككى قېتىم زورراق ئۆزگىرىشلەر قىلىنغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەينى بىر ئەمەلنى ئالىدىغان بولساق، غەربىي خەن خاقانلىقىنىڭ ئوخشىمىغان دەۋرىدە، ئەمەللەرنىڭ ئىسمىمۇ ئوخشىمىغان بولۇشى ئېھتىمال. خەن خاقانلىقى چىن خاقانلىقىنىڭ تۈزۈملىرىگە ۋارىسلىق قىلغاچقا، خەن دەۋرىنىڭ ئەمەل تۈزۈملىرى چىن دەۋرىدىكى ئەمەل تۈزۈملىرىنىڭ تەرەققى

قىلىپ ئۆزگىرىشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن، چىن خاقانلىقى جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشىنىڭ ئالدى-كەينىدە، ئەمەل بىلەن ئۇنۋانلار ئايرىلدى. غەربىي خەن دەۋرىدىمۇ، ئەمەل-ئۇنۋانلار ئايرىلغانىدى. ئەمەلىي هوقۇقى بار، ئەمەلىي مەسئۇلىيىتى بار ئەمەلدارلار، مەسىلەن، باش ۋەزىر، هەربىي ئىشلار ۋەزىرى، باش تەپتىش بېگى قاتارلىقلار؛ دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئۇنۋانلار غەربىي خەن دەۋرىدە 20 دەرىجىلىكىدى. مەسىلەن، چوڭ تۆرە، قوۋۇق ئىچى تۆرىسى قاتارلىقلار؛ يەنە بىر خىلى يۇقىرىدىكى ئىككى خىل ئەهۋالغا ئوخشىمايدىغان بەزى نام-ئاتاقلار، مەسىلەن، قىران چەۋەنداز سەنگۇن، ئوقياچىلار سەنگۇنى، هەرىكەتچان سەنگۇن، شۇڭقار لەشكەر بېشى قاتارلىقلار مۇئەييەن خىزمىتى بار ئەمەل نامى ياكى ئۇنۋان بولماستىن، مەلۇم بىر سەنگۇنگە خاقان ۋاقىتلىق بەرگەن بىر خىل ئاتاقتىنلا ئىبارەت. بىز يۇقۇرىدىكى هەر خىل ئەهۋاللارنى پەرقلىق تەرجىمە قىلدۇق ۋە ئىزاھ ئارقىلىق بايان قىلىپ بەردۇق.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەر ئىسىملىرى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، قەدىمدىن هازىرغىچە كۆپ ئۆزگىرىپ كەلگەن. 24 تارىختا ئوتتۇرا ئاسىيا يەر ئىسىملىرىنىڭ بەزىلىرىگە خەنزۇچە ئىسىم بېرىلگەن بولسا، بەزىلىرى ئۆز دەۋرىدە مەلۇم بىر مىللەتنىڭ تىلىدىن خەنزۇچىغا قىلىنغان تەرجىمە ئىسىملىرىدىن ئىبارەت. بۇ يەر ئىسىملىرىنىڭ سانى ناهايىتى كۆپ بولۇپ، كۆپ قىسمىنى تېخى كىشىلەر تەتقىق قىلمىغان، تەكشۈرۈپ بېكىتمىگەن. بىز مۇمكىن قەدەر ئۆتمۈشتىكى ئىسمى بىلەن بۈگۈنكى ئىسمىنى ئېنىقلاشقا تىرىشتۇق. زادىلا ئېنىقلىيالمىغانلىرىمىزنى ترانسكرىپسىيە بىلەن بەردۇق. يەر ئىسىملىرىنىڭ خېلىلا بىر قىسمىنى ئۆتمۈشتىكى ئىلىم ئەهلىرى تەتقىق قىلغاچقا، بۇ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئەكس

www.uyghurkitap.com

ئەتتۇرۇپ بىرىشكە ئۇرۇنغان بولساقمۇ، سەۋىيىمىزنىڭ ۋە ماتېرىيال-
نىڭ چەكلىكلىكى تۈپەيلى، بۇ تەلەپنى دېگەندەك ئورۇنلىيالمىدۇق.
بەزى يەر ئىسىملىرى (دۆلەت، رايون ئىسىملىرى) كىشىلەرگە
تونۇش بولسىمۇ، ئەمما بۇ ھەقتە ئۇزۇندىن بېرى مۇنازىرە بولۇپ
تولۇق ھەل بولمىغاچقا، ئۆزىمىز توغرا تاپقان بىرقاراشنى تاللىۋېلىپ،
ئاندىن ئىزاھ ئارقىلىق بايان قىلىپ بەردۇق.

24 تارىخنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللىرىدىكى خېلىلا
بىر قىسىم سۆز-ئىبارىلەر ئۆزدەۋرىدىكى مەلۇم بىر مىللەتنىڭ
تىلىدىن خەنزۇچىغا ئاساسەن (ترانسكرىپسىيىسى) تەرجىمەقىلىنغان.
بۇ سۆز-ئىبارىلەرنىڭ مەنىلىرىنى شۇ دەۋردىكى كىشىلەر بىلەتتى.
لېكىن زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كېيىنكى دەۋرلەردە ئۆتكەن
تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆپچىلىكى بۇ مىللەتلەرنىڭ تىلىنى بىلمىگەچكە، بۇ
سۆز-ئىبارىلەرنىڭ مەنىلىرىنى بارغانسېرى كىشىلەر بىلمەس
بولۇپ قالغانىدى. ئۇيغۇرچە تەرجىمىدە مۇمكىن قەدەر بۇ سۆز-
ئىبارىلەرنىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ھەمدە مۇشۇ
ئاساستا سۆزنىڭ مەنىسى بېكىتىلدى.

بۇ باسقۇچتىكى خىزمىتىمىزدە ئۇچرىغان ھۇنچە سۆز-ئىبارىلەرنى
ئالىدىغان بولساق، جۇڭگو ۋە چەتئەل ئالىملىرىنىڭ بىرلىككە
كەلگەنىرەك قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، ھۇنچە تىل ئالتاي تىلى
سىستېمىسىغا كىرىدۇ.

بىز ھۇنلارنىڭ 左右谷蠡王 (زويۇگۇلىۋاڭ) لىرىنى ئالى-
دىغان بولساق، «谷» ھەرپىنى شەرقىي خەن خاقانلىقىنىڭ
ئاخىرقى دەۋردە ياشىغان فۇچيەن (服虔) دېگەن كىشى «鹿» (لۇ)
دەپ ئوقۇغان. شۇڭا، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئالىملارنىڭ ھەممىسى
بۇ ئەنئەنىگە ئەگىشىپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. 谷蠡 (گۇلى)
ھازىرغىچە 鹿蠡 ئوقۇلۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما مەنىسىنى

چۈشەنگىلى بولمايدۇ. ئەگەر «谷» ھەرپى ئۆز ئاھاڭى بويىچە (گۇ)، 鹿蠡 (گۇلى) ئوقۇلسا، بۇ تۈركى تىلدا 手 (قول) دېگەن مەنىدە بولىدۇ. ئۇنىڭدا ئوڭ قول قاآن (خان)، سول قول قان (خان) بولىدۇ-دە، تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تىل ئادەتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز فۇچىيەنىنىڭ ترانسكرىپسىيىسىنى ئىشلەتمەستىن، «قول» دەپ تەرجىمە قىلدۇق.

يەنە بىر مىسال، ئۇيسۇنلارنىڭ باشلىقى كۈنبەك خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغاندا، «昆莫» (كۈنمو) ياكى «昆弥» (كۈنمى) دەپ ئېلىنغان. تۈركى تىلدىن خەنزۇچىغا قىلىنغان قەدىمكى تەرجىمىلەردە دائىم دېگۈدەك «ب» ھەرپى «م» ھەرپى بىلەن ئېلىنغان. ھالبۇكى، تۈركى تىلنىڭ ئۆزىدىمۇ «ب» تاۋۇشىنىڭ «م» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىش ھادىسىسى مەۋجۇت. مەسىلەن: قەدىمكى تۈركچىدە «بەن» (ھازىرقى زامان غەرب تۈركچىسىدىمۇ بەن)، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «مەن» دېيىلىدۇ. شۇڭا، خەنزۇ تىلىغا ترانسكرىپسىيە قىلىنغان تۈركى سۆزلەرنى ئەسلىگە قايتۇرۇشتا «م» ھەرپى «ب» ئوقۇلدى. بەزى تۈركىيە ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ: «مىلاددىن بۇرۇن تەڭرى تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ياشىغان ئۇيسۇنلارنىڭ باشلىقى چىنچە ماتېرىياللارغا ئاساسەن، ‹كۈنبەك› (ياكى كۈنبىي) دېيىلەتتى. ئۇ قۇن (ھۇن)لار تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن بىر بەك (بېي) بولۇشى مۇمكىن» دېيىلىدۇ. دېمەك، بۇ يەردە تۈركىيە ئالىملىرىمۇ «م» تاۋۇشىنى «ب» قىلىپ ئالغان. شۇڭا، بىز 昆莫، 昆弥نى كۈنبەك، كۈنبىي دەپ ئالدۇق.

«تارىخىي خاتىرىلەر»دىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللارنى يولداش جيايىڭيى تاللاپ توپلىدى، يولداش فېڭ شىشى تەكشۈرۈپ بېكىتتى.

يولداش ئوۋياڭ كېيى قەدىمكى خەنزۇچىنى ۋە ئىزاھلىرىنى ھازىرقى

زامان خەنزۇچىسىغا ئايلاندۇرۇپ چىقتى. يولداش ئوۋياك ۋېنىلىن قىسمەن تەرجىمە ۋە ئىزاھلارنى ھازىرقى زامان خەنزۇچىسىغا ئايلاندۇرۇشقا قاتناشتى.

ھازىرقى زامان خەنزۇچىسىغا ئايلاندۇرۇلغان تېكىست ئىزاھلارنى يولداش جاڭ شىجۇڭ كۆرۈپ چىقتى. يولداش فېڭ شىشى قىسمەن باپلىرىنى كۆرۈپ بەردى.

بۇ خىزمەتنىڭ مۇناسىۋەت دائىرىسى كەڭ، خىزمەتنىڭ سالمىقىمۇ ئېغىر بولغاچقا، مەكتەپ ئىچى-سىرتىدىكى نۇرغۇن يولداشلارنى بۇ ئىشقا تەكلىپ قىلدۇق. ئۇلار ئۆز ئۈستىگە ئالغان خىزمەتلىرىدە تەجرىبىدىكى يېتەرسىزلىك، ماتېرىيال قىسلىقى، ۋاقىتنىڭ جىددىلىكى قاتارلىق قاتمۇ-قات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ۋەتىنىمىز مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن نۇرغۇن ئىجادىي خىزمەتلەرنى قىلىپ بەردى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ يولداشلىرىمىزغا سەمىمىي تەشەككۇرلىرىمىزنى بىلدۈرىمىز.

24 تارىخنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللىرىنى تولۇق تەرجىمە قىلىش خىزمىتى جۇڭگو ۋە چەتئەل تارىخلىرىنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، بۇ خىزمەتكە قاتناشقۇچىلارنىڭ ھەممە ساھەدە پۇختا بىلىمى بولۇشى، قەدىمكى خەنزۇچە بىلەن ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى بىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يالغۇز تەرجىمىدىكى ئىسىملارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈنمۇ زور كۆلەمدە ئىنچىكە ئىشلەشكە توغرا كەلدى ۋە ئىلمىي چېكىش مەسىلىلەر ئۇچراپ تۇردى. لېكىن بۇ خىزمەتكە قاتناشقان شەخسلەرنىڭ سەۋىيىسى ياكى پۈتۈن گۇرۇپپىمىزنىڭ كۈچىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، يۇقۇرىدىكى تەلەپكە لايىق ئەمەسلىكىمىزنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. شۇنداق بولسىمۇ، قاراپ تۇرغاندىن كۆرە، قول تىقىپ ئىشلەشنى ئەۋزەل كۆردۇق. بۇنىڭدىن مەقسەت، سەۋىيىمىز چەكلىك

بولسىمۇ، ۋەتىنىمىز تارىخىي مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇشتىن ئىبارەت.

ئاخىرىدا، كەلگۈسى خىزمىتىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن كەڭ كىتاپخانىلىرىمىزنىڭ ۋە ئىلمىي تەتقىقات خادىملىرىمىزنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشلىرىنى سورايمىز.

شىنجاڭ داشۆ 24 تارىختىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللارنى تاللاپ تۈزۈش، تەرجىمە قىلىش گۇرۇپپىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## تارىخىي خاتىرىلەر[1] 1 ـ جىلد

# بەش چوڭ ئاقساقال(五帝)تەزكىرىسى[2]

(ئۈزۈندە)

**خۇاڭدى** شاۋدىيەننىڭ ئوغلى[3] ئۇنىڭ فامىلىسى گۇڭسۇن، ئىسمى شۈەنيۈەن. باشقىلاردىن ئۆزگىچىرەك تۇغۇلۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي تىلى چىقىپ، ئىنتايىن ئەقىللىق بالا بولغان. سەل چوڭ بولغاندا، مۇئامىلىدە سەمىمى، ئىشتا چاققان، ئەپچىل، ياش قۇرامىغا يەتكەندە، ئېغىر ـ بېسىق، دانا بولغاندى.

شۈەنيۈەن دەۋرىدە، شېن نۇڭشى[4] ئەۋلاتلىرى زەئىپلەشتى. ئاقساقاللار ئۆز ئارا ھۇجۇم قىلىشىپ، ئاھالىگە شەپقەتسىز زۇلۇم سالدى. لېكىن شېن نۇڭشى ئەۋلاتلىرى ئۇلارغا جازا يۈرۈشى قىلالمايتتى. شۇ تۈپەيلى، شۈەنيۈەن زىيارەتكە كەلمەي، باج ـ خىراج تاپشۇرمىغان ئاقساقاللار ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلىش ئۈچۈن، ھەربى مەشىق ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى. ئاقساقاللارنىڭ ھەممىسى كېلىپ ئىتائەت قىلدى. لېكىن. چى يوۋ بەگ[5] ياۋۇز بولغاچقا، شۈەنيۈەن ئۇنى جازالىيالمىدى. يەندىنىڭ[6] ئەۋلاتلىرى ئاقسا قاللارغا تاجاۋۇز قىلىپ، بوزەك قىلماقچى بولغاندا، ئاقساقاللار شۈەنيۈەنگە بېقىندى. شۇنىڭ بىلەن شۈەنيۈەن قائىدە ـ يوسۇننى يولغا قويۇپ، قوشۇنلارنى تەرتىپكە سالدى. بەش ئەناسىرنىڭ[7] تەبىئىتى بويىچە بەش خىل زىرائەت ئۆستۈردى. ئاھالىلىرىگە غەمخورلۇق قىلىپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە، ئۇلارنىڭ باش ـ كۆزىنى

سىلىدى. ئېيىق، يىلپىز، پى (貔)، شيۇ (貅)، چۇ(貙)، يولۋاسلاردەك[8] باتۇر جەڭچىلەرنى تەربىيىلەپ، بەنچۈەن[9] دالاسىدا يەندى بىلەن ئۇرۇشتى، ئۈچ قېتىم جەڭ قىلىپ ئۇنى يەڭدى. ئەمما خۇاڭدىنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا چى يوۋ قۇلاق سالماي، پاراكەندىچىلىك تۇغدۇردى. خۇاڭدى ئاقسا قاللاردىن قوشۇن توپلاپ، جولۇ[10] ئېتىگىدە چى يوۋ بىلەن ئۇرۇشۇپ، چى يوۋنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئاقساقاللار شېن-نۇڭشى ھاكىمىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئورنىغا شۈەنيۈەننى تەڭرى خان قىلىپ كۆتەردى ۋە خۇاڭدى دەپ ئاتىدى. ئەلدە بويسۇنمىغان ئاقساقاللار چىقسا خۇاڭدى لەشكەر تارتىپ جازا يۈرۈشى قىلاتتى ۋە تىنچىتقاندىن كېيىن لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كېتەتتى. ئۇ تاغلارنى يېرىپ، يوللارنى ياسىدى، تىنچ-خاتىرجەم ياشىمىدى.

خۇاڭدى شەرقتە دېڭىز بويىغىچە بېرىپ، ۋەنشەن[11] تېغىغا چىقتى، تەيشەن[12] تېغىغا باردى. غەربدە، كۇڭتۇڭ[13] تېغىغىچە بېرىپ، جىتوۋ تېغىغا چىقتى. جەنۇبدا، چوڭ دەرياغىچە بېرىپ، شيۇڭشەن ۋە شياڭشەن[14] تاغلىرىغا چىقتى. شۇنيۇلەرنى[15] شىمالغا سۈردى. فۇشەن[16] تېغىدا ئاقساقاللارنى يىغىپ، جولۇشەن تېغى ئېتىگىدىكى تۈزلەڭلىككە شەھەر سالدى. خۇاڭدى ھەر تەرەپكە قاتناپ، كۆچۈپ يۈرگەچكە، مۇقىم تۇرار جايى يوق ئىدى. ئەتراپقا چېدىر-بارگاھ قۇرۇپ ئۆزىنى قوغداتتى. سىپاھ-بەگلەرگە بۇلۇتلارنىڭ رەڭگىگە قاراپ نام بېرەتتى. ئوڭ-سول چوڭ مۇپەتتىشلەرنى قويۇپ، بارلىق قەبىلىلەر ئۈستىدىن نازارەت قىلاتتى. بۇ مەزگىلدە ھەممە يۇرت تىنچ-ئاسايىشلىقتا ياشىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇاڭدى ئاسمان-زېمىن، تاغ-دەريا، جىن-ئەرۋاھلارغا ئاتاپ نەزىر-چىراق ئۆتكۈزدى. بۇ جەھەتتە، خۇاڭدى قەدىمدىن بۇيان كېلىۋاتقان ئاقساقاللار ئىچىدە ھەممىدىن كۆپ ئىش قىلدى.

خاسيەتلىك ئىسرىقدانىغا(17) مۇيەسسەر بولدى. داناۋ، رۇڭ چىلىڭ(18) قاتارلىق ئىككى ئەمەلدارنى كاللىندار تۈزۈشكە بەلگىلىدى. فېڭ خوۋ، لى مۇ، چاڭ شيەن، داخۇڭ(19) قاتارلىق تۆت كىشى ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنى ئىدارە قىلدى. ئۇ ئاسمان-زېمىن، ئاي-كۈن، تۆت پەسىل ھەرىكىتىنىڭ تەبىئىي قانۇنىيىتىگە قاراپ، ئاي-كۈن ۋە بەش ئەناسىرنىڭ راۋاجلىنىش، ئۆزگىرىشلىرىنى ئالدىن مۆلچەرلەپ، خەلقنىڭ تىرىكچىلىك يوللىرى ۋە دەپنە مۇراسىملىرىنى تۈزۈپ چىقتى. ئۆي-جاي سېلىپ، كىيىم-كېچەك تىكىپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلدى. ھەر خىل زىرائەت ۋە ئوت-گىياھ، دەرەخلەرنى ۋاقتىدا تېرىپ، تىكىپ ئۆستۈردى. ئاسمان-زېمىن، ئىسسىق-سوغۇق ئەپلىشىپ كېلىپ بەرگەن شارائىتتا، قۇشلار، ھايۋانلار، قۇرت-قۇمۇسقىلار(20) تۆرەلدى. كۈن-ئاي، يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكىتى نورماللاشتى. دېڭىزدا شامال توختاپ، دولقۇن تىنچىدى. تاغلاردىن قىممەتلىك گۆھەر-مەدەنلەر چىقتى. ئۇ بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ھەممە يەردە خەلق ئۈچۈن بەخت-سائادەت ئىزدىدى. خەلقنى سۇ، ئوت ۋە ھەممە بايلىقنى تېجەپ ئىشلىتىشكە ئۈگەتتى. تۇپراقنىڭ تەبىئىتى خاسيەتىدىن(21) بىشارەت بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇاڭدى دېگەن نام قارار تاپتى.

(ئەسلى كىتاب 1 — 8 - بەتلەر)

* * *

چوڭ ئاقساقال جۇەنشۇ گاۋياڭ(22) خۇاڭدىنىڭ نەۋرىسى، چاڭ يىنىڭ ئوغلى. ئۇ ئېغىر-بېسىق، تەدبىرلىك ئىدى. خەلقنىڭ ھال-ئەھۋالىغا يېتەتتى. ئۇ، يەرنىڭ كۆچ-قۇۋۋىتىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، بايلىق يېتىشتۈردى. تەبىئەتتىكى ئۈزلۈكسىز ھەرىكەتلەرگە قاراپ، تۆت پەسىلنىڭ ھەر بىر مەۋسۇمىنى ئىگەللىدى.



www.uyghurkitap.com

جىن - ئەرۋاھلارغا بولغان ئېتىقادى بويىچە، مەزكۇر ئۆلكىلەر بىلەن مەرتىۋىسىزلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەدەپ - قائىدىلەرنى بەلگىلىدى. تۆت پەسىل، بەش ئەناسىرنىڭ تەقدىر - قىسمەتلىرىنى رەتلەش، تىزىش ئارقىلىق ئاھالىنى تەربىيىلىدى ۋە تەسىرلەندۈردى. سەمەدىيەت ۋە ساداقەت بىلەن ئاسمان - زېمىن، جىن - ئەرۋاھ ۋە ئاتا - بوۋىلار ئۈچۈن نەزىر - چىراق بەردى. شىمالدا يوۋلىڭغا[23]، جەنۇبدا جياۋجىغا[24]، غەربدە ليۇشاغا[25]، شەرقتە پەنمۇغا[26] قەدەر باردى. ئەنە شۇكەك رايون دائىرىسىدىكى قۇشلار، ھايۋانلار، ئوت - گىياھلار، چوڭ - كىچىك روھلار، ئومۇمەن، قۇياش نۇرى يورۇتقانلىكى يەرلەر تىنچىپ، چوڭ ئاقساقال جۆەنشۈگە ئەل بولۇپ، ئىتائەت قىلمىغىنى قالمىدى...

(ئەسلى كىتاب 11 — 12 - بەتلەر)

* * *

خۇەندىۋ[27] چوڭ ئاقساقال ياۋغا گۈڭ گۈڭنى[28] تونۇشتۇردى. ياۋ لايىق كۆرمەي، ئۇنى ھۈنەر - كەسپلەر ئەمەلدارى[29] قىلىپ ئىشلىتىپ سىناپ كۆردى. گۈڭ گۈڭ دەرھەقىقەت ئوساللىق قىلىۋەردى. قەبىلە ئاقساقاللىرى[30] گۈننى[31] كەلكۈن تىزگىنلەشكە كۆرسەتتى. ياۋ بولسا، گۈن مۇنداق مۇھىم خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ، دەپ قارىدى. قەبىلە ئاقسا قاللىرى سىناپ كۆرۈشنى تەلەپ قىلغانىدى. 9 يىل سىنالغان بولسىمۇ، نەتىجە چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن خالايىققا ئىنتايىن زىيان يەتتى.

* * *

سەن مىياۋ[32] چاڭجىياڭ، خۇەيخې دەريالىرى ئارىلىقىدا ۋە جىڭجوۋ ئايمىقى دائىرىسىدە بىرنەچچە قېتىملاپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغاچقا، شۇن قايتىپ كېلىپ، چوڭ ئاقسا قال ياۋغا مەلۇم قىلدى. گۈڭ گۈڭنى يوۋلىڭغا سۈرگۈن قىلىپ، شىمالىي دىلارنىڭ[33]

ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىشتى؛ خۇەندوۋنى ئۆكشىنىگە[34] ھەيدەپ، جەنۇبىي بەدۆلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىشنى؛ سىن مياۋنى سەنۋېيگە[35] كۆچۈرۈپ، غەربىي رۇڭلارنىڭ[36] ئۆرپ-ئادىتىنى ئۆزگەرتىشنى؛ گۇننى يۇشەن[37] تېغىغا سۈرگۈن قىلىپ، شەرقىي يىلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىندى. بۇ تۆت جىنايەتچىگە بېرىلگەن جازادىن خوشاللىققا چۆمگەن يۇرتتىكى ھەممە ئەمەلدار ۋە خەلق ساداقەت بىلدۈردى...

(ئەسلى كىتاب 28 — 29-بەتلەر)

* * *

بۇ 22 ۋەزىر ئۆز بۇرچلىرىنى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئورۇنلاشتى؛ گاۋتاۋ (皋陶) چوڭ يارغۇچى بولۇپ، قانۇننى دادىللىق بىلەن ئادىلانە باشقۇردى. ئۇ خەلقنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلىپ يەتكەچكە، خەلق ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي قايىل بولدى. بويى (伯夷) ئەدەپ-قائىدىلەرنى باشقۇردى. مەرتىۋىلىك، مەرتىۋىسىزلەر، چوڭلار، كىچىكلەر ئۆزئارا ئەدەپ-تەۋازۇ بىلەن مۇئامىلە قىلىشتى. ئۆز ئارا يول قويۇشتى. چۇي (垂) تۈرلۈك ھۈنەر-ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىنى باشقۇردى. ھەر كەسىپتىكى ئۇستىلار ئىخلاس بىلەن ئىنچىكە ئىشلىدى. يى (益) تاغ، سازلىق، ئوت-چۆپ، دەرەخ، قۇش، ھايۋانلارنى باشقۇردى. تاغلار، سازلىقلار ئېچىلدى؛ چى (弃) دېھقانچىلىقنى باشقۇرغانلىقتىن، ھەر خىل زىرائەتلەر ئىنتايىن بولۇق ئۆستى؛ چى (契) ئىلىم-مەرىپەت ئەمەلدارى بولۇپ، مائارىپ-ئاقارتىش ئىشىنى باشقۇرغاچقا، ئاھالە ئۆز ئارائىناق ئۆتۈشتى. لۇڭ (龙) مېھمان كۈتۈش ئىشلىرىنى باشقۇردى، يىراق يەرلەردىن نۇرغۇن كىشىلەر كېلىشتى. 12 ئايماق بەگلىرى[38] ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئاتقۇردى. پۈتۈن يۇرتتا يامان ئىش قىلىشقا پېتىنىغۇچىلار بولمىدى، ۋەزىرلەر ئىچىدە پەقەت يۇ ناھايىتى

چوڭ خىزمەت كۆرسىتىپ، توققۇز چوڭ تاغنى[39] يېرىپ، توققۇز كۆلنى[40] دەرياغا تۇتاشتۇردى. توققۇز دەريانى[41] ئېقىنىغا سالدى، توققۇز ئايماقنىڭ سۈيىنى تىزگىنلەپ، تۇپراقنى ساقلاپ قالدى. ئايماقلاردىن بەلگىلىمە بويىچە باج-خىراج تاپشۇرۇش شارائىتقا قاراپ ئىش قىلىش تەلەپ قىلىندى. ۋاڭچېڭنىڭ دائىرىسى بەش مىڭ چاقىرىمغىچە ئۇزىرىپ، ئەڭ يىراقتىكى داللارغا يەتتى. جەنۇبدا جياۋجى، بېيفانى[42]، غەربدە رۇڭ، شىجى، چۈسوۋ[43]، دى، چياڭ قاتارلىق قەۋملەرنى تىنچلاندۇردى، شىمالدا تاغ رۇڭلىرى[44]، فا[45]، شىشېن[46] قاتارلىق قەۋملەرنى شەرقتە چاڭيى[47]، نياۋيىلارنى[48] خاتىرجەم قىلدى. يۇرتتىكى خەلقلەر ئاقساقال شۈننىڭ ساۋاپلىق ئىشلىرىدىن قايىل بولدى. شۈنىڭ بىلەن يۈ توققۇز پەدىلىك مۇقامنى[49] كەشپ قىلدى. بۇ مۇقامغا سازچېلىنغاندا، ئاجايىپ جانىۋارلار يېتىپ كېلىشەتتى. فىنىكىس قۇشى كېلىپ، پەدىگە تەڭكەشلەپ، قاناتلىرىنى كېرىپ ئۇسۇلغا چۈشەتتى. يۇرت خەلقىنىڭ گۈزەل پەزىلەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ شۈن دەۋرىدىن باشلانغاندى.

(ئەسلى كىتاب 43 — 44-بەتلەر)

---

① «تارىخىي خاتىرىلەر» (史记) — ئاپتورى غەربىي خەن خاندانلىقى دەۋرىدە ياشىغان مەشھۇر تارىخچى سىماچيەن. ئەسەر جەمئىي 130 جىلد بولۇپ، م.ب. 104 — 91-يىللاردا يېزىلغان.

(«سىخەي» 辞海 خەنزۇچە قامۇس، 1979-يىل نەشرى 1657-بەت)

〔2〕 بەش چوڭ ئاقساقال (五帝) — جۇڭگونىڭ قەدىمكى ئەپسانىلىرىدە ئېيتىلغان بەش چوڭ ئاقساقال بولۇپ، بۇلار: خۇاڭدى (黄帝) جۇەنشۈ (颛顼)، دىكۇ (帝喾)، تاڭياۋ (唐尧)، يۈشۈن (虞舜) لەردىن ئىبارەت. يېقىنقى تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇلار جۇڭگونىڭ باشلانغۇچ جەمئىيىتىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىكى قەبىلىلەر ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ چوڭ ئاقساقاللىرى.

(«سىخەي» 71-بەت)

[3] شاۋديەن (少典) ــ قەبىلە ئىسمى. ئەسلى تېكستتە: «شاۋديەننىڭ ئوغلى» دېيىلگەن. بۇ، خۇاڭدى ـ شاۋديەننىڭ ئەۋلادى دېگەنلىكتۇر.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم، 2 ـ بەت)

[4] شېن نۇڭشى (神农氏) ــ رىۋايەتلەردىكى دېھقانچىلىق بىلەن دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ كەشپىياتچىسى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قەدىمكى زامان ئادەملىرى بېلىقچىلىق ۋە مېۋە ـ چېۋە تېرىپ تىرىكچىلىك قىلاتتىكەن. شېن نۇڭشى ياغاچتىن چىش ـ ساپان ياساپ، خەلقلەرگە دېھقانچىلىق قىلىشنى ئۆگەتكەن. شۇنىڭدەك، ئۇ ئوت ـ گىياھلار ئىچىدىن دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تېپىپ ئادەملەرنى داۋالىغان ۋە داۋالاشنى ئۆگەتكەن. يەنە بىر رىۋايەتتە: شېن نۇڭشى يەندى (炎帝)نىڭ ئۆزى دېيىلىدۇ.

(«سىخەي» 2628 ـ بەت)

[5] چى يوۋ (蚩尤) ــ ئەپسانىلەر بويىچە، شەرقتە ياشايدىغان جيۇلىزۇ (九黎族) لارنىڭ ئاقساقلى، 81 قېرىنداش بولغان. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇلار ئالتۇندىن ياسالغان قورال ئىشلىتەر ئىكەن. بۇلۇت پەيدا قىلىپ يامغۇر ياغدۇراتتىكەن. جولۇ (涿鹿) دا بولغان ئۇرۇشتا خۇاڭدى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

(«سىخەي» 2507 ـ بەت)

[6] يەندى (炎帝) ــ رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان قەدىمكى ئاقساقال. جياڭ (姜) فامىلىلىك، ئوتنىڭ شاپائىتى تۈپەيلى ئاقساقال بولغاچقا، يەندى (ئوت ئاقساقلى) دەپ ئاتالغان. چىش ـ ساپان ياساپ كىشىلەرگە دېھقانچىلىقنى ئۆگەتكەچكە، شېن نۇڭشى دەپمۇ ئاتالغان. مەنىسى «دېھقانچىلىق پىرى» دېگەن بولىدۇ.

(بىر توملۇق «سىيۇەن» 1094 ـ بەت)

[7] بەش ئەناسىر (五行) ــ قەدىمكى زاماندا تۈرلۈك شەيئىلەرنى ھاسىل قىلغۇچى بەش خىل ماددا ــ سۇ، ئوت، ئۆسۈملۈك، مەدەن، تۇپراق بەش ئەناسىر دېيىلەتتى. بەش ئەناسىرغا ئاساسەن، قەدىمكىلەر «ئەناسىرلارنىڭ بىر بىرىدىن ھاسىل بولۇشى، بىر بىرىنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى» نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ قاراش بويىچە، «ئوت ئۆسۈملۈكتىن، تۇپراق ئوتتىن، مەدەن تۇپراقتىن، سۇ مەدەندىن، ئۆسۈملۈك سۇدىن ھاسىل بولۇپ، سۇ ئوتتىن، ئوت مەدەندىن، مەدەن ئۆسۈملۈكتىن، ئۆسۈملۈك تۇپراقتىن، تۇپراق سۇ ئۈستىدىن غەلىبە قىلاتتى». شۇنىڭدەك، بۇ بەش ئەناسىر بۇرجلار بويىچە بەش تەرەپنى كۆرسىتەتتى. يەنى ئەتىياز ـ ئۆسۈمـ

لۇك، ياز — ئوت، تومۇز — تۇپراق، كۈز — مەدەن، قىش — سۇ ئەناسىرلىرى بولۇپ، ئەتىياز شەرقنى، ياز جەنۇبنى، تومۇز ئوتتۇرىلىقىنى، كۈز غەربنى، قىش شىمالنى بىلدۈرەتتى.
(«سىخەي» 69 ـ بەت)

〔8〕 قەدىمكى زامان مەنبەلىرىدىكى ئالتە تۇرلۇك يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ نامى، «سويىن» دېگەن كىتابدا: «بۇ ئالتە تۇرلۇك يىرتقۇچ ھايۋان ئۆگىتىش ئارقىلىق جەڭگە سېلىنغان» دەپ ئىزاھلانغان. «ھەقىقى شەرھ» ناملىق كىتابدا: «ئەسكەرلەرگە ئۇرۇش قىلىش تەربىيىسى بېرىشتە، ئۇلارغا يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ نامى بېرىلگەن. بۇ دۈشمەنلەرگە ھەيۋە قىلىش ئۈچۈن» دېيىلگەن. ھازىرقى زامان ئالىملىرىدىن بەزىلەر بۇ ئالتە خىل يىرتقۇچ ھايۋاننى ئالتە قەۋمنىڭ تۇتېمى دەپ ھېسابلايدۇ. بىزنىڭچە، «سويىن»دىكى ئىزاھ ئېنىقسىز بولۇپ، كېيىنكى ئىككى خىل چۈشەندۈرۈش مۇۋاپىقراق. بۇ ئالتە خىل يىرتقۇچ ھايۋان: ئېيىق (熊)، ئادەم ئېيىقى (羆)، يولۋاسسىمان ئېيىق (貔貅)، بۇنىڭ ئەركىكى پى (貔)، چىشىسى شيۇ (貅) بولۇپ، تۇسى كۆلرەڭ، ئاق بولغاچقا، لياۋدۇڭلۇقلار ئاق ئېيىق دەپ ئاتىشىدۇ. چۇ (貙) چوڭلۇقى ئىتتەك، مولۇنسىمان بىر خىل يىرتقۇچ ھايۋان.
(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم، 5 ـ بەت»

〔9〕 بەنچۈەن (阪泉) — فۇچيەن: «بەنچۈەن يەرئىسمى» دەيدۇ. «ئومۇمى جۇغراپىي مەلۇمات» تا: «بەنچۈەننىڭ ھازىرقى ئىسمى خۇاڭدىچۈەن، خۇەيرۇڭ ناھىيىسى (ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى شىنباۋئەننىڭ قېشىدا) نىڭ 56 چاقىرىم شەرقىدە. ۋۇلىدىن چىقىپ، جولۇ (ھازىرقى خېبېي جولۇ ناھىيىسى)نىڭ شەرقىي شىمالىدا جۇشۇي دەرياسىغا قوشۇلىدۇ» دېيىلگەن. ئېنىقكى، بۇ دەريا ئىسمى.
(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 5 ـ بەت)

〔10〕 جولۇ (涿鹿) — قەدىمكى تاغ ئىسمى. ھازىرقى جولۇ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.
(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 5 ـ بەت)

〔11〕 ۋەنشەن تېغى (丸山) — ۋەن 丸 ھەرپى فەن 凡 دەپمۇ يېزىلغان. جاڭ شوۋجيې: "«ئومۇمى جۇغراپىي مەلۇمات» تا، فەنشەن دەپ تىلغا ئېلىنغان" — دەيدۇ. "فەنشەن" "ۋەنشەن"لەر بىر تاغ. قىسمەن كىشىلەر خەتنى خاتا يازغان (چۈنكى، بۇ ئىككى ھەرپنىڭ شەكلى ئوخشىشىپ كېتىدۇ). بەزىدە

www.uyghurkitap.com

"فەن" يازسا، بەزىدە "ۋەن" يېزىشقان. پېي يىن: "ۋەنشەن بولسا، لاڭشي جۇشۈي ناھىيىسىدە" دەيدۇ. جۇشۈينىڭ قەدىمكى شەھىرى هازىرقى شەنـ-دۇڭنىڭ لىنچۈ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 6 ـ بەت)

〔12〕 تەيشەن (泰山) ـــ ئېلىمىزنىڭ شەرقتىكى تاغلىرىدىن بولۇپ، بەش چوڭ تاغنىڭ بىرى. شەندۇڭ ئۆلكىسى تەيئەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا.

(«سىخەي 3694 ـ بەت»)

〔13〕 كۇڭتۇڭ (空桐) تاغ ئىسمى بولۇپ، 笄头، 鸡头، 空同، 崆峒 مۇ دېيىلىدۇ. گەنسۇ ئۆلكىسىپىڭلياڭ شەھىرىنىڭ غەربىدە بولۇپ، جىڭشۈي دەرياسى بۇ تاغدىن ھاسىل بولىدۇ.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 7 ـ بەت)

〔14〕 شيۇڭشەن، شياڭشەن تاغلىرى (熊山، 湘山) ـــ شيۇڭشەن تېغى، شيۇڭئېرشەن (熊耳山) يەنى ئېيىق قۇلاق تاغ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. خېنەن ئۆلـ-كىسى لۇشى ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا بولۇپ، چىنلىڭ تېغىنىڭ شەرق قىسمىنىڭ بىر تارمىقى. شەرق ۋە غەربىدىكى بىر بىرىگە قارىشىپ تۇرغان ئىككى چوققا ئېيىق قۇلىقىغا ئوخشاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئېيىق قۇلاق تاغ دەپ ئاتالغان. شياڭشەن خۇنەن ئۆلكىسى يۆياڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى دۇڭتىڭخۇ كۆلىنىڭ ئىچىدە. جۈنشەن (君山) مۇ دېيىلىدۇ.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 7 ـ بەت)

〔15〕 ھۈن (荤粥) ـــ جۇڭگونىڭ شىمالىدا ياشىغۇچى قەدىمكى قەۋملەر-دىن بىرى. خەنزۇچىدا، ئادەتتە ئېيتىلىۋاتقان 匈奴نىڭ باشقىچە بىر ئېيتىلىشى. قەدىمكى تاڭ 唐، يۈ (虞) زامانلىرىدىن بۇرۇن، شەنرۇڭ(山戎) لار، شۈنيۈ (熏粥)لەر، شياخانلىقى دەۋرىدە چۈنۋېي(谆维)لەر، يىن(殷) دەۋرىدە گۈيفاڭ (鬼方)، جوۋ دەۋرىدە شيەنيۈن (猃狁، 玁狁)لەر، چىن، خەن دەۋرىدە شيۇڭنۇ (匈奴)لار دەپ ئاتالغان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 7 ـ بەت)

〔16〕 فۇشەن (釜山) ـــ قەدىمكى تاغ ئىسمى. ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ خۋەيلەي ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 7 ـ بەت)

〔17〕 خاسىيەتلىك ئىسرىقدان (宝鼎) «تارىخىي خاتىرىلەر»نىڭ «زىيا-

رەتگاھ ھەققىدە» دېگەن قىسمىدا: «خۇاڭدى خاسىيەتلىك ئىسرىقدانغا مۇيەسسەر بولۇپ، كارامەت تاپقان... شۇنىڭ بىلەن كارامەت ئارقىلىق كىلەچەكنى كۆرگەن» دېيىلگەن. بۇ يەردە «خاسىيەتلىك ئىسرىقدان» تىلغا ئېلىنىپ، «كارامەت» تىلغا ئېلىنمىغان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 8 ـ بەت)

〔18〕 داناۋ (大挠)، رۇڭ چېڭ 容成 ــ بۇ ئىككەيلەن خۇاڭدىنىڭ تارىخچىلىرى. خۇاڭدى داناۋ غا بۇرج ۋە مۇچەلنى ئاساس قىلىپ (بىرىكتۈرۈپ) كۈنلەرنى خاتىرىلەشنى، رۇڭ چېڭغا كالىندار ئىشلەشنى بۇيرۇغان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 8 ـ بەت)

〔19〕 فېڭ خوۋ (风后) ، لى مۇ (力牧)، چاڭ شيەن (常先)، دا خۇڭ (大鸿) لار خۇاڭدىنىڭ ۋەزىرلىرى. «تارىخىي خاتىرىلەر»نىڭ «زىيارەتگاھ» قىسمىدا: «گۇي يۈچۇنىڭ»لەقىمى دا خۇڭ بولۇپ، خۇاڭدىنىڭ ۋەزىرى» دېيىلگەن؛ «خەننامە. ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەزكىرىسى» دە: «گۇي رۇڭچۇ ھەربى ئىلمى»دىن ئۈچ قىسمى تىلغا ئېلىنغان. جىڭ شۆەن: «فېڭ خوۋ خۇاڭدىنىڭ بەگلىرىدىن» دەيدۇ؛ بەن گۇ: «لى مۇ خۇاڭدىنىڭ ۋەزىرى بولغان» دەيدۇ. «خەننامە. ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەزكىرىسى»دە، 13 قىسىملىق «فېڭ خوۋ ھەربى ئىلمى»، ئىككى جىلدلىق خەرىتە، 20 جىلدلىق «گۇشۇ»، 15 قىسىملىق «لى مۇ ھەربى ئىلمى» تىلغا ئېلىنغان. بۇنىڭدىن فېڭ خوۋ، لى مۇ، داخۇڭ ئۈچ كىشىنىڭ ھەربى ئالىم ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. چاڭ شيەننىڭ ئىختىساسى مەلۇم ئەمەس.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 8 ـ بەت)

〔20〕 سەمىمى تەربىيىلەش (淳化) ــ «سويىن»دا: «سەمىمى تەربىيەكەڭ دائىرىدە ئېلىپ بېرىلدى» دېيىلگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 9 ـ بەت.)

〔21〕 تۇپا خاسىيىتىنىڭ ھېكمىتى (土德之瑞) ــ چىن، خەن خانىدانلىقلىرى دەۋرىدە كاھىنلار (پالچىلار) مەدەن، ئۆسۈملۈك، سۇ، ئوت، تۇپىلاردىن ئىبارەت بەش ئەناسىرنىڭ بىر بىرىدىن ھاسىل بولۇشى، بىر بىرىنى يېڭىشى نەزىرىيىسى بويىچە، خانىدانلىقنىڭ تەقدىرىنى ئىزاھلىغان. بۇ بەش خاسىيەت دېيىلەتتى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، يەندى ئوتنى ئىسلاھ قىلغان. خۇاڭدى بولسا، تۇپىنى ئىسلاھ قىلىپ، يەندىنىڭ ئورنىغا چوڭ ئاقساقال

بولغان. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، شۇ ۋاقىتتا چوڭلۇقى ئادەم بىلىدەك، ئۇزۇنلۇقى 50 نەچچە گەز كېلىدىغان بىر «سېرىق سازاڭ» قۇرتى پەيدا بولغان. سازاڭ — توپىنىڭ جەۋھىرى بولغانلىقتىن، توپىنىڭ ھىكمەتلىك خاسىيىتى دەپ قارالغان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 - توم 9 - بەت)

[22] چوڭ ئاقساقال جۇەنشۈ گاۋياڭ 帝颛顼高阳 — قەدىمكى ئالىم سۇڭ جۇڭ: «جۇەنشۈ ئىسمى، گاۋياڭ چوڭ ئاقساقال بولغاندىن كېيىنكى تەخەللۇسى» دەپ ئىزاھلايدۇ («تارىخىي خاتىرىلەر»1 - توم 12 - بەت)

[23] يوۋلىڭ (幽陵) — يەنى يوۋجوۋ ئايمىقى (幽州) — قەدىمكى دەۋردىكى 12 ئايماقنىڭ بىرى. بۈگۈنكى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمى ۋە لياۋنىڭ ئۆلكىسى دائىرىسىدە بولغان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 - توم 12 - بەت)

[24] جياۋجى (交阯) — «دەي دى ئەدەپ - قائىدىلىرى» (大戴记 ياكى 大戴礼记)نىڭ «بەش چوڭ ئاقساقال پەزىلىتى» دە، 交阯 دەپ يېزىلغان بولۇپ، قەدىمكى زاماندىكى جاي ئىسمى. ۋۇلىڭ — بەش تاغ (يۆچېڭلىڭ (越城岭)، مىڭجۇلىڭ (萌渚岭)، دۇپاڭلىڭ (都庞岭)، چىتيەنلىڭ (骑田岭)، دايۈلىڭ (大庾岭) لەردىن ئىبارەت)نىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى كۆرسىتىدۇ.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 - توم 12 - بەت)

[25] ليۇشا (流沙)، قۇملۇق (沙漠) — سەھرا (قۇم بوران) تۈپەيلى قۇملار كۆچۈپ تۇرغاچقا، «كۆچمە قۇم» دېيىلگەن. «شەرھلەر توپلىمى» ناملىق كىتابتا، «جۇغراپىيە تەزكىرىسى» (地理志) دىن نەقىل كەلتۈرۈپ: «ليۇشا گەنسۇ ئۆلكىسى جاڭيېنىڭ جۇيەن ناھىيىسىدە» دەيدۇ.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 - توم 12 - بەت)

[26] پەنمۇ (蟠木) — «شەرھلەر توپلىمى» دېگەن كىتابتا «تاشقى دۇنيا» ناملىق ئەسەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، شەرقىي دېڭىزدىكى تاغ دېيىلگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 - توم 12 - بەت)

[27] خۇەندۇۋ (驩兜، 讙兜) يەنە بىر ئاتىلىشى خۇندۇن (浑沌) — ئادەم ئىسمى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ياۋنىڭ ۋەزىرى ئىدى. گۇڭ گۇڭ (共工)، گۈن (鲧)، سەن مياۋ (三苗)لار بىلەن بىر قاتاردا تۆت ياۋۇز دەپ ئاتال-

غان. ياۋايىلارنى چوقتەن تىزگىنلىگۈسى قىلغان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 20 ـ بەت)

[28] گۇڭ گۇڭ (共工) ــ كىشى ئىسمى. يەنە بىر ئىسمى چيۇڭ چى، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ياۋغا ۋەزىر بولغان. خۇەنـدوۇ، سەن مياۋ، گۇنلەر بىلەن بىر قاتاردا تۆت ـ ياۋۇز دەپ ئاتىلىپ، ياۋ تەرىپىدىن يوقىتىۋىتىش سۈرگۈن قىلىنغانىدى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 20 ـ بەت)

[29] ھۈنەرۋەن ـ كەسىپلەر ئەمەلـدارى (工师) ــ ئەمەل ئىـسمى. باش ۋەزىرگە ياردەمچى ـ سۈپىتىدە، تۈرلۈك كەسىپ، سانائەت، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قول سانائەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلاتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىۋەن» 500 ـ بەت)

[30] ئەتراپ قەبىلە ئاقسـاقاللىرى (四岳) ــ رىۋايەتـلەرگە قارىغاندا، ياۋ ۋە شۈن دەۋرىدىكى تـۆت ئەتـراپ قەبىلە ئاقساقالـلىرى. ياۋ قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ چوڭ ئاقساقـلى بولغان ۋاقتىـدا، ئەتراپ قەبىلە ئاقساقالـلىرى شۈننى ئىز باسارلىققا، يۈنى شۈنگە ياردەمچىلىككە كۆرسەتكەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 21 ـ بەت)

[31] گۈن (鲧) يەنە بىر ئىسمى تاۋۇۋ (梼杌) ــ رىۋايەتـلەرگە قارىغانـدا، ئېلىمىزدە باشلانغۇچ قەبىلىلەر ئاقساقىلى. چۇڭ (崇) ئېلىدە ياشايتتى. ئۇنى چۇڭبو (崇柏) دەپمۇ ئاتىشاتتى. ئەتراپتىكى قەبىلىلەرنىڭ كۆرستىشى بىلەن چوڭ ئاقساقال ياۋ ئۇنى سۇتىزگىنلـەش ئىشىغا مەسـئۇل قىلـغان. ئۇ توغان ياساش ئۇسۇلى بىلەن توققۇز يىل ئىشلىسىپ، سۇنى تىزگىنلىيەلمىگەچكە، يۈشەن تېغىدا ئاقساقال شۈن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلـگەن. يەنە بىر رىۋايەتـتە، ئۇ يۈ بىلەن بىرلىكـتە سۇ تىزگىنـلەش ئىشـىدا خىزمەت كۆرسەتـكەن. يەنە ئۇنى يۈنىڭ ئاتىسى دەيدىغان گەپلەرمۇ بار.

(«تارىخىي خاتىرىلەر»، «ئاقساقاللار تەزكىرىسى»

1 ـ توم 50 ـ بەت.

[32] سەن مياۋ (三苗) ــ ئېلىـمىزنىڭ قەدىمـكى زامان قەۋملىرىـدىن بىرى. تاۋتې (饕餮) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ۋۇچى: «سەن مياۋ بەگلىكـنىڭ سول تەرىپىدە دۇڭتىڭ (洞庭) بولۇپ، ئوڭ تەرىپىدە پېڭـلى (彭蠡) بار» دەيـدۇ. ئۇنداق بولغاندا، بۈگۈنـكى جياڭشى بوياڭ (鄱阳) كۆلـى بولۇپ، سەن ـ

مىياۋلار غەربكە كۆچۈشتىن بۇرۇن چاڭجىياڭ دەرياسى ئوتتۇرا ئېقىمىنىڭ جەنۇبىدىكى رايوندا ياشىغان بولىدۇ.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 29 ـ بەت)

[33] شىمالىي دىلار (北狄) ــ قەدىمكى قەۋملەردىن. بۇ 翟 دەپمۇ يېزىلىدۇ. چۇنچيۇ دەۋرىدىن ئىلگىرىكى چى (齐)، لۇ (鲁)، جىن (晋)، ۋېي (卫)، سۇڭ (宋)، شىڭ (邢) قاتارلىق بەگلىكلەر ئارىلىقىدا ئۇزۇن مۇددەت پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋە بۇ بەگلىكلەر بىلەن كۆپ مۇناسىۋەتتە بولغان. م.ب. 7 ـ ئەسىردە ئۇلار قىزىل دىلار (赤狄)، ئاق دىلار (白狄)، ئېگىز دىلار (长狄) دەپ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنەتتى. ئۇلارنىڭ يەنە تارماقلىرى بار ئىدى. شىمالدا ياشىغانلىقى ئۈچۈن، شىمالىي دىلار دەپ ئاتالغانىدى.

(«سىخەي» 1873 ـ بەت)

[34] چۇڭشەن تېغى (崇山) ــ خۇنەن ئۆلكىسى دايۇڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا بولۇپ، تيەنمېنشەن تېغىغا تۇتىشىپ كېتىدۇ. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئاقساقال شۈن ياۋۇز خۇەندوۋنى چۇڭشەن تېغىغا سۈرگۈن قىلغانىكەن.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن» 493 ـ بەت)

[35] سەنۋېي (三危) ــ تاغ. «ئومۇمىي جۇغراپىيە مەلۇمات» تا: «سەنۋېي تېغىدا ئۈچ چوققا، سەنۋېي دەپ ئاتالغان. ئادەتتە بېيۈشەن (卑羽山) دەپ ئاتىلىدۇ. شاجۇۋ ئايمىقى دۇخۇاڭ (دۇخان) ناھىيىسىنىڭ 30 چاقىرىم شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ» دېيىلگەن. جىڭ شۈەن، سەنۋېي تېغى گەنسۇ ئۆلكىسى نياۋشۇ (鸟鼠) تېغىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى مىنشەن تېغى (岷山) بولۇشى كېرەك، دەپ ھېسابلايدۇ. كۇڭ يىڭدا: «جىششەن (积石山) تېغىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا» دەپ قارايدۇ.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 29 ـ بەت)

[36] رۇڭلار (戎) ــ قەدىمكى قەۋملەردىن بىرى. يىن (殷) جوۋ (周) خانلىقلىرى دەۋرىدە، گۈيرۇڭلار (鬼戎) ۋە غەربىي رۇڭلار بار ئىدى. چۇنچيۇ دەۋرىدە جىرۇڭلار (己氏之戎) ۋە شىمالىي رۇڭلار (北戎)، يۈنرۇڭلار (允姓之戎)، يىلو رۇڭلىرى (伊洛之戎)، چۈەن رۇڭلىرى (犬戎)، لىرۇڭلار (骊戎)، رۇڭ بەدىۋىلىرى (戎蛮) دىن ئىبارەت بولغانىدى. چىن بەگلىكى دەۋرىدە، غەربىي شىمالدا دىخۇەن، گۈيجى رۇڭلىرى (狄獂邽冀之戎)، يىچۇ رۇڭلىرى

(义渠之戎)، دالى رۇڭلىرى (大荔之戎) قاتارلىقلار؛ جەنگو دەۋرىدە جىن بەگلىكىنىڭ شىمالىدا لىنخۇ رۇڭلىرى (林胡之戎)، لۇفەن رۇڭلىرى (楼烦之戎) بار ئىدى. يەن بەگلىكىنىڭ شىمالىدا تاغ رۇڭلىرى (山戎) بولۇپ، ئۇلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا تاغ-جىلغىلاردا ياشايتتى. ھەممىسىنىڭ ئۆز باشلىقلىرى بولاتتى. قەدىمكى دەۋردە ئوتتۇرا جۇڭگودىكى كىشىلەر غەربىي شىمالدىكى ھەرقايسى خەلقلەرنى «رۇڭلار» ياكى «غەربىي رۇڭلار» دەپ ئاتىشاتتى.

(«سىخەي» 3090 ـ بەت)

[37] يۈشەن تېغى (羽山) a) شەندۇڭ ئۆلكىسى تەنچېڭ (郯城)نىڭ شەرقىي شىمالىدا. رىۋايەتلەردە، يۈ نىڭ دادىسى گۇن (鲧)نى ئاقىۋەت شۇن مۇشۇ يەردە ئۆلتۈرگەنىكەن. b) شەندۇڭ ئۆلكىسى پېڭلەي (蓬莱) نىڭ شەرقىي جەنۇبىدا بولۇپ، گۇننى ئاقىۋەت شۇن مۇشۇ يەردە ئۆلتۈرگەنمىش.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 30 ـ بەت)

[38] 12 ئىككى ئايماق بەگلىرى (十二牧) ــ رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، يۈ، سۇنى تىزگىنلىگەندىن كېيىن، جۇڭگونى جى (冀)، يەن (兖)، چىڭ (青)، شۈ (徐)، جىڭ (荆)، ياڭ (扬)، يۈ (豫)، لياڭ (梁)، يۇڭ (雍)؛ لاردىن ئىبارەت توققۇز ئايماققا بۆلگەن. شۇن بولسا، جى ئايمىقىدىن يوۋجوۋ (幽州) بىلەن بىڭجوۋ (并州) ئايمىقىنى، چىڭجوۋ (青州) ئايمىقىدىن يىڭجوۋ (营州) ئايمىقىنى ئايرىغان. شۇنىڭ بىلەن 12 ئايماق بولغان. بۇ 12 ئايماقنىڭ باشلىقى ئايماق بېگى دەپ ئاتىلاتتى.

(تۈزىتىلگەن «سيۇۋەن» 223 ـ بەت)

[39] توققۇز تاغ (九山) ــ «كىتابى يۈگۇڭ» قاتارلىق ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنغان توققۇز تاغ ــ گۈيجى (会稽)، تەي (泰)، ۋاڭۋۇ (王屋)، شوۋ (首)، تەيخۇا (太华)، چى (岐)، تەيخاڭ (太行)، ياڭچاڭ (羊肠)، مېڭمېن (孟门) لاردىن ئىبارەت. «تارىخىي خاتىرىلەر. شيا ئاقساقاللىرى تەزكىرىسى»: سىماچيەن «سويىن»دا: چيەن (汧)، خۇكوۋ (壶口)، دىجۇ (砥柱)، تەيخاڭ (太行)، شىچىڭ (西倾)، شيۇڭئېر (熊耳)، بوجۇڭ (嶓冢)، نېيفاڭ (西方)، چى (岐) دەپ بۇ توققۇز تاغنى كۆرسىتىدۇ.

(«سىخەي» 143 ـ بەت)

www.uyghurkitap.com

[40] توققۇز سازلىق (九泽) — «كۇلا-تەزكىرىسى» دە: «توققۇز خانىما-تىكى سازلىقلاردىن ئىبارەت» دېيىلگەن*

[41] توققۇز دەريا(九河) — «كىتابى يۈگۇڭ»دا: ئۈز دەۋرىدە خۇاڭخې دەرياسى ئېقىپ، خېبېي تۈزلەڭلىكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا كەلگەندىن كېيىن «توققۇز ئېقىمغا بۆلۈنەتتى» دەپ يېزىلغان. «ئەريا. شىشۈي» (ئەريا قامۇسى)دا: بۇ توققۇز ئېقىم تۇخەي (徒骇)، تەيشى (太史)، ماجيا (马颊) فۇفۇ (复釜)، خۇسۇ (胡苏)، جيەن (简)، شې (絜)، گوۋپەن (钩盘)، گېجىن (鬲津)لاردىن ئىبارەت بولۇپ، هازىر ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگىلى بولمايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر: توققۇز دەريا، توققۇز دەريالا بولماي، بەلكى قەدىمكى زامانلاردا خۇاڭخې دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى نۇرغۇن تارماقلىرىنىڭ ئومۇمى ئاتىلىشى دېيىشمەكتە.

(تۈزىتىلگەن «سيۋەن» 56 ـ بەت)

[42] بېيفا (北发) — «سويىن»دا: «بېيفا، بېيخۇ (北户) بولۇشى كېرەك. جەنۇبىدا بېيخۇ دېگەن جاي بار» دەپ يېزىلغان. «ئەريا. شىدى» ناملىق كىتابىدا: «گۇجۇ 觚竹، بېيخۇ (北户)، غەربىي خان ئانا (西王母)، رىشيا (日下) لاردىن ئىبارەت تۆت قاقاسلىق بار» دېيىلگەن. بىزنىڭچە، مۇشۇ قاراش مۇۋاپىقتۇر. («تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم، 43، 44 ـ بەتلەر)

[43] شىجىز (析枝)، چۈسوۋ (渠庾) — بۇلارنىڭ هەر ئىككىسى غەربىي رۇڭلارنىڭ دۆلەت نامى.

(تۈزىتىلگەن «سيۋەن» 751 ـ بەت)

[44] شەنرۇڭ(山戎) — «تارىخىي خاتىرىلەر. هۇن تەزكىرىسى»، «خەنـنامە. هۇن تەزكىرىسى»دە: «شەنرۇڭلار ـ هۇنلارنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى» دېيىلگەن. شەنرۇڭلار قەدىمكى قەۋملەردىن بولۇپ، شىمال رۇڭلىرىمۇ دېيىلىدۇ. چۈنچيۇ دەۋرىدە هازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىمالىدا ياشايتتى. ئۇلار سۈكپىياز، هەرخىل پۇرچاق تېرىشنىڭ ماھىرلىرى ئىدى. م.ب. يەتتىنچى ئەسىردە كۆچىيىپ، جېڭ(郑)، چى (齐)، يەن (燕) بەگلىكلىرىگە تاجاۋۇز قىلغان. م.ب. 663 ـ يىلى چى خۇەنگوڭ شەنرۇڭلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ،

---

* بەلگىسى — تەرجىماندىن بېرىلگەن ئىزاھنى كۆرسىتىدۇ.

سولغۇچيلار ۋە يارچاقلارنى چىش بەگلىگىگە ئېلىپ بېرىش تېرىقلۇنغان.
(«سىخەي» 1791 ـ بەت)

[45] فا(发) ـ «سويىن» دا: «فا ـ بېيفا (北发) دەپ يېزىلىپ، شىمالىدىكى بىر ئەلنىڭ نامى» دېيىلگەن.

(«تارىخي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 44 ـ بەت)

[46] شىشېن (息慎) ـ ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال رايونلىرىدا ياشىغان قەدىمكى قەۋمنىڭ نامى. سۇشېن (肃慎)مۇ دېيىلىدۇ. [«بەگلىكلەر تارىخى» (国语)، «زوۋچيۇ مىڭ تەزكىرىسى» (左传)، «تارىخي خاتىرىلەر» ناملىق كىتابلارغا قارالسۇن]. يەنە «جوۋنامە» دە "جىشېن" (稷慎) دەپ يېزىلغان. بىزنىڭچە، «息» ، «肃» بۇ ئىككى ھېروگلىف قەدىمدە ئوخشاش ئىشلىتىلەتتى. ئىككى ھېروگلىفنىڭ ئاھاڭى بىر بىرىگە يېقىن كېلىدۇ.

(«تارىخي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 43 ـ بەت)

[47] ئىگىز يىلار (长夷) ـ «سويىن»دا: چاڭيى (长夷)دەپ بېرىلگەن. «بۇيۇك دەي دې ئەدەپ ـ قائىدىلىرى» دىمۇ (长夷) يېزىلغان.

(«تارىخي خاتىرىلەر»، 1 ـ توم، 44 ـ بەت)

[48] نياۋيى (鸟夷) ـ داۋيى (岛夷) دەپمۇ يېزىلىدۇ («كىتابى يۇگۇڭ»غا قارالسۇن). جىڭ شۆەن: «شەرقىي شىمال خەلقلىرى قاغا ـ قۇزغۇن، ھايۋانلارنى كۆپ يېگەچكە، نياۋيى دېيىلگەن» دەيدۇ.

(«تارىخي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 44 ـ بەت)

[49] توققۇز پەدىلىك مۇقام (九招之乐) ـ جاۋ (招) ـ شاۋ (韶) دەپمۇ ئوقۇلىدۇ. يەنى ئاقساقال شۇننىڭ نەغمىسى كۆپ ئوينىلاتتى (بىر كۈينىڭ ئاخىرلىشىشى بىر پەدە دېيىلەتتى). شۇڭلاشقا، توققۇز پەدە (九招) مۇدېيىلىدۇ. «كىتابى يىجى»دا: «توققۇز نەغمە ئوينىلىشى بىلەن فىنىكس قۇشمۇ سورۇنغا كەلدى» دېيىلگەن. بۇ نەغمە توققۇز مۇقامنى ئۆز ئىچىگە ئالسا كېرەك.

(«تارىخي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 44 ـ بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

## تارىخىي خاتىرىلەر 2 ـ جىلد

# شيا (夏) خانلىرى تەزكىرىسى

**خۇاڭخې**[1] دەرياسىنىڭ تارمىقى — خېيشۇي[2] دەرياسى بىلەن لۇڭمېننىڭ غەربىگە جايلاشقان بۇ كەڭ رايون يۇڭجوۇ[3] ئايمىقىدۇر. بۇ يەردە روشۇي[4] دەرياسى غەربكە، جىڭشۇي[5] دەرياسى ۋېيشۇيگە[6] ئاقىزۇلغانىدى. چىشۇي[7] جۇشۇي[8] دەريالىرى ياۋاشقىنا ئېقىپ، ۋېيشۇي دەرياسىغا قوشۇلاتتى. فېڭشۇي[9] دەرياسىمۇ ۋېيشۇي دەرياسىغا قوشۇلاتتى. جىڭشەن، چىشەن[10] تاغلىرىدا نەزىر ـ چىراق ئۆتكۈزۈلەتتى. جۇڭنەنشەن[11]، دۇنۋۇشەن[12] تاغلىرىدىن ئۆتۈپ تاكى نياۋشۇشەن[13] تېغىغىچە، ئېگىز تەكشىلىكتىن تۆۋەن تەكشىلىككىچە، تاكى دۇيېگە[14] بارغىچە تىزگىنلەنگەنىدى. سۇ ئاپىتى تۈگىتىلىپ، سەنۋېيدە ئادەم ئولتۇراقلىششقا مۇمكىن بولۇپ، ئۇ يەردىكى سەنمياۋ خەلقلىرى خاتىرجەم ۋە تەرتىپلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىغانىدى. يۇڭجوۋ ئايمىقىنىڭ تۇپرىقى سېرىق يېرى ئەلا دەرىجىلىك بولىسىمۇ، يەر بېجى نورمىسى ئوتتۇرا دەرىجىدىن تۆۋەن (ئالتىنچى) قىلىپ بېكىتىلگەنىدى. سوغا ـ سالام بۇيۇملىرى، ئۈنچە (璆)، زۇمرەت (琅玕)، قاشتېشى (琳)[15]، مارجان قاتارلىق چىرايلىق ئېسىل تاشلاردىن ئىبارەتىدى. يۈ (禹) جىشىدىن[16] دەريا ئېقىننى بويلاپ، ئۇ يەردىن شەرققە يۈرۈپ، يەنە مىلك چاقىرىمچە يول يۈرۈپ، جەنۇبدا

لۇڭمېن[17] شىخېلارغا[18] باردى. ئۇ يەردىن خۇاڭخې دەرياسى ئېقىنىغا قارشى مېڭىپ، ۋېيشۈي دەرياسىنىڭ شىمالىغا بېرىپ، ئاندىن يۇڭجوۋغا قايتقانىدى. كۆنچىلىك قىلىدىغان، يۇڭدىن رەخت توقۇيدىغان[19] كۇنلۇن[20] (昆仑)، شىجىز(析支)، چۇسوۋ(渠搜)، غەربىي رۇڭلار قاتارلىق غەربدىكى ئەللەرنىڭ ھەممىسى يۈنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۆزكەسپلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. خاتىرجەم، تەرتىپلىك تۇرمۇش كەچۈردى...

(ئەسلى كىتاب، 65 ــ 67 ـ بەت)

* * *

ئۇ يەنە شەرقتە دېڭىزغىچە، غەربدە ليۇشاغىچە باردى. شىمال ۋە جەنۇبدا ئۇنىڭ شان-شۆھرىتى پۈتۈن يۇرتقا داڭ كەتتى. شۇن ئاقساقال زۇمرەت جامىنى يۈكە تۇتۇپ، ئۇلۇغ يۈنىڭ سۇنى تىزگىنلەشتىكى شانلىق نەتىجىسىنى يۇرتقا جاكالىدى. شۇنىڭ بىلەن يۇرت تىنچ-شادىمان ياشىدى.

(ئەسلى كىتاب، 77 ـ بەت)

---

[1] خۇاڭخې (黄河) ــ سېرىق دەريا، (ياشىل ئۆگۈس، سارى ئىرماق.) ئېلىمىزنىڭ ئىككىنچى چوڭ دەرياسى.

[2] خېيشۈي (黑水) ــ قاراسۇ. ئىچكى موڭغۇل ئوردوس يوۋيېجۈك خوشۇنىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە بولۇپ، كۆكۈر قاراسۇيى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. غەربكە ئېقىپ ۋۇدىڭخې دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. شەرقىي جىن دەۋرىدە شياخانلىقىنىڭ خانى خېليەن بوبو (赫连勃勃) مەركەز شەھىرىنى شوفاڭ خېيشۈينىڭ جەنۇبىغا بىنا قىلدۇرغانىدى.

(بىر توملۇق «سيۇەن» 1718 ـ بەت)

[3] يوڭجوۋ (雍州) ــ قەدىمدە توققۇز ئايماقنىڭ بىرى. «كىتابى يۈگۈك»دا: «خېيشۈي، شىخې يوڭجوۋ» دېيىلگەن. بۇ يەردىكى دەريا خۇاڭخېغا قارىتىلغان بولسا كېرەك.

(«سىخەي» 824 ـ بەت)

〔4〕 روشۈي (弱水) — «شۈيجىڭ» ناملىق كىتابتا: «روشۈي جاڭيې، شەندەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا. جىۇچۇەن، خۇيشۈي ناھىيىسى ئارقىلىق خېلىشەن تېغىغا كىرىپ كېتىدۇ» دېيىلگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 65 ـ بەت)

〔5〕 جىڭشۈي (泾水) — دەريا. كۆك يىگدا: «جىڭشۈي دەرياسى ئەندىڭ جىڭياڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىدىن چىقىپ، غەربدەچيەنتۇۋشەن تېغى شەرقىي جەنۇبدا فېڭيى، ياڭلىڭ ناھىيىلىرىدىن ئۆتۈپ، ۋېي (渭)دەرياسىغا قويۇلىدۇ. 1600 چاقىرىم يولنى بويلاپ ئۆتىدۇ» دېيىلگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 65 ـ بەت)

〔6〕 ۋېيشۈي (渭水) — دەريا. خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئاساسىي تارماقلىرىدىن بىرى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 65 ـ بەت)

〔7〕 چىشۈي (漆水) — دەريا. چىشۈينىڭ مەنبەسى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ تۇڭچۇەن شەھىرىدىن باشلىنىدۇ.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 65 ـ بەت)

〔8〕 جۇشۈي (沮水) — دەريا. شەنشى خۇاڭلىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى زىۋۇلىڭ تاغ تىزمىلىرىدىن ھاسىل بولغان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 65 ـ بەت)

〔9〕 فېڭشۈي (沣水) — دەريا. شەنشى چىنلىڭ تېغىدىن ھاسىل بولۇپ، شىمالغا ئېقىپ، شىئەن شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا كېلىدۇ. جۇشۈينى قوشۇۋېلىپ، بۆلۈنۈپ ئېقىپ، ۋېيشۈيگە قويۇلىدۇ. گۇەنجۇڭ رايونىدىكى سەككىز دەريانىڭ بىرى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 66 ـ بەت)

〔10〕 جىڭشەن (荆山)، چىشەن (岐山) — ئىككى تاغدۇر. جىڭشەن تېغى شەنشى فۇپىڭ ناھىيىسىدە، چىشەن تېغى شەنشى چىشەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا. شەكلى تۈۋرۈكسىمان بولغاچقا، كۆك تۈۋرۈك تاغ (天柱山) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 66 ـ بەت)

〔11〕 جۇڭنەنشەن (中南山) — چىنلىڭ تېغىنىڭ چوققىلىرىدىن بىرى. شەنشى شىئەن شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا. جەنۇبىي تاغ (南山) مۇ دېيىلىدۇ. قەدىمكى

ئىسمى جوڭنەنشەن (中南山)، دىفېيشەن (地肺山)، تەيىشەن (太一山)، جوۋنەنشەن 周南山 لەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئومۇمەن، چىنلىڭ (秦岭)، چىنشەن (秦山) دەپ ئاتىلىدۇ.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 66 ـ بەت)

[12] دۇنۇۋشەن (敦物山) ــ تاغ. «كىتابى يۈگۈڭ» دا: «دۇنۇۋ 厚物» دەپ يېزىلغان. بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسى ۋۇگۇڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە بولۇپ، يەنە بىر ئىسمى چۈيشەن (垂山) دېيىلىدۇ.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 66 ـ بەت)

[13] نياۋشۇشەن (鸟鼠山) ــ تاغ. گەنسۇ ئۆلكىسى ۋېيۋەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.

(بىر توملۇق «سىيۋەن» 1686 ـ بەت)

[14] دۇيې (都野) ــ كۆل. ۋۇۋېي ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى شۇتۇق كۆل (休屠泽). تاڭ دەۋرىدە بەي تىڭخەي (白亭海) دېيىلگەن. ھازىر يۈخەيزى (鱼海子) دېيىلىدۇ. ئىچكىي موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ ئالاجا (ئالاشەن) سول خوشۇنىنىڭ دائىرىسى ئىچىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 66 ـ بەت)

[15] قىممەتلىك تاش (璆) ــ قاشتېشى (琳)، زۇمرەت (琅玕). «كىتابى يۈگۈڭ» دا: «球» شەكلىدە يېزىلغان. بۇ گۈزەل، رەڭدار تاش بولۇپ، قوراللارغا ئىشلىتىلەتتى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 67 ـ بەت)

[16] جىشى (积石) ــ تاغ. چوڭ جىشى ۋە كىچىك جىشى تاغلىرىغا ئايرىلىدۇ. چوڭ جىشى تېغى بۈگۈنكى چوڭ قارلىق تاغ بولۇپ، چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىدا. يۇ سۇنى تىزگىنلىگەندە مۇشۇ يەرگىچە كەلگەنىدى. تېكىستىمىزدە كىچىك جىشى تېغى نەزەردە تۇتۇلغان بولۇپ، بۇ تاغ گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى لىڭشيانىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان قەدىمكى تاڭشۇشەن تېغى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 67 ـ بەت)

[17] لوڭمېن (龙门) ــ سەنشى ئۆلكىسىدىكى خېجىن بىلەن شەنشى ئۆلكىسىدىكى خەنچېڭ ئارىلىقىدىكى تار ئېقىن بولۇپ، رىۋايەتلەرگە قارى-

ماندا، دايۇ (大禹) كېگەيتىپ قازدۇرغانىكەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 67 ـ بەت)

〔18〕 شىخې (西河) ــ «ھەقىقى شەرھ»دە: «خۇاڭخې دەرياسى جىجوۋ-نىڭ غەربىدە بولغاچقا، خۇاڭخې دەرياسى "شىخې" (西河 غەربىي دەريا) دەپ ئاتالغان» دېيىلگەن. («تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 67 ـ بەت)

〔19〕 يۇڭ رەخت (织皮) ــ كۈك ئەنگو: «جۈپى ــ يۇڭ رەخت» دېگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 67 ـ بەت)

〔20〕 كۇنلۇن (昆仑)، شىجى (析支)، چۈسوۋ (渠搜)، غەربىي رۇڭلار (西戎) ھەققىدە كۈڭ ئەنگو: «بۇ تۆت ئاقساقاللىق چوللۇكنىڭ تېشىدا بولۇپ، لىيۇشا (كۆچمە قۇملۇق) دائىرىسى ئىچىدە» دېگەن. دېمەك، بۇ تۆت ئاقساقاللىق ئىسمىدىن ئىبارەت.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم، 67 ـ بەت)

## تارىخىي خاتىرىلەر 4 - جىلد

# جوۋ(周)[1] خانلىرى تەزكىرىسى

...خوۋجى[2] ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى بۇجۇ (不窋) ئاتىسىنىڭ ۋەزىپىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئاقساقىلى بولدى. بۇجۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدا شيا خانلىقىنىڭ ئۈچىنچى ھۆكۈمدارى تەي كاڭ- نىڭ[3] سىياسىي تۈزۈمى خارابلىشىپ، دېھقانلار ئاقساقىلى دېگەن بۇ ئەمەل بىكار قىلىنىپ، دېھقانچىلىق تاشلاپ قويۇلغانىدى. بۇجۇ ۋەزىپە- سىدىن ئېلىپ تاشلانغانلىقى ئۈچۈن، رۇڭلار ۋە دىلار ئارىسىغا قېچىپ بېرىپ، شۇ يەردە ئۆلدى. ئورنىغا ئوغلى جۈ، جۈ ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى گۇڭلىيۇ[4] چىقتى. گۇڭلىيۇ غەربىي رۇڭلار، شىمالىي دىلار ئارىسىدا يۈرۈپ، خوۋجىنىڭ ئىشىنى قايتا گۈللەندۈرۈپ، دېھقانچىلىق بىلەن جىددى شۇغۇللاندى. دېھقانچىلىق قىلىشقا ۋە شەھەر سېلىشقا بولىدىغان يەرلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ كۆزدىن كەچۈردى ۋە تاللىدى. چىشۈي، جۈشۈي دەريالىرى ئارقىلىق ۋېيشۈي دەرياسىدىن ئۆتۈپ، نەنشەن[5] تېغىغا باردى ۋە ياغاچ كېسىپ ماتېرىيال تەييارلىدى. يۇرت خەلقى ھاللىنىپ، ئېشىپ تاشقۇدەك مال-ۋاران يىغدى. كىشىلەر گۇڭلىيۇنىڭ سايىسىدا خاتىرجەملىككە ئېرىشكەچكە، ئاھالە مۇمۇەن، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى. كۆچۈپ كەلگەن نۇرغۇن كىشىلەرگە ئۇ باشپانا بولدى. جوۋ(周)دەۋرى شۇندىن باشلاپ روناق تاپتى. شۇنىڭ ئۈچۈن شائىرلار ئۇنىڭ قىلغان ساۋاپلىق ئىشلىرىنى ئەسلەپ، قوشاق قېتىپ كۈيلىدى.

گۇڭلىيۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى چىڭ جى ئاتىسىغا ۋارىسلىق قىلدى ۋە بىن (幽)[6] دېگەن جايدا قەبىلە ئۇيۇشتۇردى.

چىڭ جى ئۆلگەندىن كېيىن، ئورنىغا ئوغلى خۇاڭ پۇ، خۇاڭ پۇ ئۆلۈپ ئورنىغا ئوغلى چەي فۇ، چەي فۇ ئۆلۈپ ئورنىغا ئوغلى خۈي يۈ، خۈي يۈ ئۆلگەندىن كېيىن ئورنىغا ئوغلى گۇڭ فېي، ئۇ ئۆلۈپ ئورنىغا ئوغلى گاۋيۇ، گاۋيۇ ئۆلۈپ ئورنىغا ئوغلى يايۇ، يايۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئورنىغا ئوغلى گۇڭ شۇزۇ-لېي، گۇڭ شۇزۇلېي ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى گۇگۇڭ دەنفۇ تەختكە چىقىپ، خوۋجى، گۇڭلىيۇلارنىڭ ئىشىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈردى. ئەدەپ-ئەخلاقنى تەكىتلەپ، مېھرىۋانلىق، ئىنساپ، ئادالەتنى يولغا قويدى. پۈتۈن يۇرتتىكى خەلقسەممىيەت بىلەن ئۇنى سۆيدى. بىن دىيارىغا ھۇجۇم قىلىپ، مال-دۇنياغا ئېرىشمەكچى بولغان شۈنيۈلەر، رۇڭلار، دىلارغا گۇگۇڭ دەنفۇ مال-دۇنيا بەردى. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇلار يەنە ھۇجۇم قىلىپ، پۈتۈن يەر-زېمىن ۋە خەلقنى ئۆزىگە قاراتماقچى بولغانىدى. بىن دىيارىنىڭ خەلقى تامامەن غەزەپلىنىپ، شۈنيۈ قوشۇنى بىلەن كەسكىن جەڭ قىلىشقا بەل باغلىدى. گۇگۇڭ دەنفۇ: «خەلق ھۆكۈمدارنى ئۆزلىرىگە بەخت-سائادەت كەلتۈردۇ، دېگەن ئۈمىت بىلەن تىكلەيدۇ. بۈگۈن رۇڭلار ۋە دىلارنىڭ بىزگە ھۇجۇم قىلىشى، ئۇلارنىڭ بىزنىڭ يېرىمىزگە ۋە خەلقىمىزگە قىلغان ئاچكۆزلىكىدۇر، خەلق مەيلى بۇ يەردە مەن بىلەن ياشىسۇن ياكى ئۇلار بىلەن ئۇ يەردە ياشىسۇن بەرىبىر ئەمەسمۇ؟ خەلق مېنى قوغداش يولىدا پىدا كارانە جەڭ قىلىشقا تەييار تۇرۇپتۇ. بىراۋلارنىڭ ئاتىلىرى، ئوغۇللىرىنىڭ ئۆلۈمىگە زامىن بولۇپ، ئاندىن ئۇلارغا ھۆكۈمدار بولۇشتەك مۇنداق ئىشنى مەن قىلالمايمەن» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ئۇرۇغ-تۇققان، ئەمەلدار، خىزمەتكارلىرىنى باشلاپ، بىن دېگەن جايدىن

كېتىپ چېقىۋى، جۇشۇي دەريالىرىدىن ئۆتۈپ، لياڭشەن[7] تېغىدىن ئېشىپ، چىشەن تېغى ئېتىكىگە جايلىشىدۇ. بىن دىيارىنىڭ خەلقى قېرى-ئاجىزلارنى يۆلەپ، گۆدەكلەرنى يېتىلەپ، گۇگۇڭ دەنفۇ بىلەن بىللە چىشەن تېغى ئېتىكىگە كۆچۈپ كېلىدۇ. باشقا خوشنا قەبىلىلەرنىڭ خەلقىمۇ، گۇگۇڭ دەنفۇنىڭ ئادىللىقىنى ئاڭلاپ، كۆپلەپ كېلىپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن گۇگۇڭ دەنفۇ رۇڭلار ۋە دىلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ، شەھەر، قەلئە، ئۆي-ئىمارەت سالدۇرۇپ، ھەرقايسىسى ئۈچۈن ئالاھىدە كەنتلەر تەسىس قىلىپ، خەلقنى ماكانلاشتۇرغانىدى. ئاقارتىش بېگى، لەشكەر بېگى، يېزا ئىگىلىك ۋەزىرى، ئەمەلدارلار ۋەزىرى، ئەمنىيەت ۋەزىرىدىن ئىبارەت بەش ئەمەل تەسىس قىلىنىپ، ۋەزىرلەر ئۆز خىزمەتلىرىنى يۈرگۈزگەن. خەلق گۇگۇڭ دەنفۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى قوشاق قېتىپ مەدھىلىگەنىدى...

(ئەسلى كىتاب 112-114-بەتلەر)

گۇگۇڭ دەنفۇ ئۆلگەندىن كېيىن، جى لى تەختكە چىقىپ، گۇڭ جى دەپ ئاتالدى... گۇڭ جى ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى چاڭ (昌) تەختكە چىقىپ، غەرب تەرەپ بەگلەر بېگى (西伯) دەپ ئاتالدى... غەرب تەرەپ بەگلەر بېگى، يىن (殷) خانلىقىنىڭ خانى جوۋ (纣)غا مۇخالىپ ھالدا، ئاستىرتىن ياخشى ئىشلارنى قىلغاچقا، نۇرغۇن بەگلەر ئۇنىڭ ئادالەتلىك ھۆكمىنى قوبۇل قىلدى. يۈ[8] بەگلىكى بىلەن رۇي[9] بەگلىكىنىڭ كىشىلىرى يەر تالىشىپ قېلىپ، دەۋا ئۈستىدىن ئۇزۇنغىچە ھۆكۈم چىقىرىشقا ئىمكانىيەت بولماي، ھەر ئىككى تەرەپ جوۋ(周) بەگلىكىگە كېلىپ بىر تەرەپ قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈنمەكچى بولىدۇ. ئۇلار جوۋ بەگلىكى چېگرىسىدىن كىرىشى بىلەنلا، يەر ھەيدەۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئېتىزلارنى ئۆز ئارا بىر-بىرىگە ئۆتۈنۈشۈپ بېرىشىۋاتقانلىقىنى، ئومۇمەن ئۆزىدىن

www.uyghurkitap.com

چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىش خەلقىنىڭ ئۆرپ-ئادىتى ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇ، رۇي بەگلىكلىرىنىڭ كىشىلىرى غەرب تەرەپ بېگىگە يولۇقماستىنلا، تەربىيىگە ئىگە بولۇپ، ناھايىتى خىجىل بولۇشقان ۋە ئۆز ئارا: «جوۋ بەگلىكىنىڭ كىشىلىرى نومۇس دەپ بىلىدىغان ئىشنى بىز تالىشىۋېتىپتىمىز، ئەمدى يۈزىمىزنى چۈشۈرۈپ بېرىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟» دېيىشىپ، قايتىپ كېتىشكەن ۋە ئۆز ئارا ئەپۇ سورىشىپ، ئاندىن تارقىلىشقان. بەگلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ: «غەرب تەرەپ بەگلەر بېگى، تەڭرىنىڭ ئەمرىنى تۇتقان ئەۋلىيا ئىكەن» دېيىشكەن. بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، غەرب تەرەپ بەگلەر بېگى ئەسكەر چىقىرىپ، چۈەنرۇڭلار ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلدى. يەنە بىر يىلنى ئۆتكۈزۈپ، مىشۈي[10] بەگلىكى ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلدى. يەنە بىر يىلنى ئۆتكۈزۈپ، چى[11] بەگلىكىنى مەغلۇپ قىلدى. بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتكەن يىن خانلىقىنىڭ ۋەزىرى زۇيى ئەھۋالنى خان جوۋ (纣)غا مەلۇم قىلغانىدى. جوۋ: «مەن خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن خان بولدۇم! قېنى ئۇ مېنى نېمە قىلالايدىكىن؟» دەيدۇ. يەنە بىر يىل ئۆتۈپ، غەرب تەرەپ بەگلەر بېگى يۈ[12] بەگلىكى ئۈستىگە، يەنە بىر يىلنى ئۆتكۈزۈپ، چۇڭ (崇) بېگى خۇ[13] ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. فېڭيى[14] شەھىرىنى بىنا قىلىپ، چىشەن ئېتىكىدىن فېڭيى شەھىرىگە كۆچۈپ باردى. يەنە بىر يىل ئۆتۈپ، غەرب تەرەپ بەگلەر بېگى كېسەل بىلەن ئۆلدى. ۋەلىئەھد فا (发) تەختكە چىقتى. خان ۋۇۋاڭ[15] مانا شۇ ئىدى...

خان مۇۋاڭ[16] چۈەنرۇڭلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلماقچى بولۇۋاتقاندا، جىڭگۇڭ مۇفۇ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ: «چۈەنرۇڭلارغا يۈرۈش قىلغىلى بولمايدۇ. ئىلگىرى ئۆتكەن خانلار يۈكسەك پەزىلەتلىرى بىلەن ئۇلارغا تەسىر كۆرسەتكەن، ھەربىي كۈچنى ئىشقا سالمىغان،

قوشۇننى توپلاپ تۇرۇپ، پەيتنى تېپىپ ئىشقا سالغاندىلا، ئاندىن ھەرىكەت قىلغان ھامان دۈشمەننى تېز چۆكتۈرگۈدەك كۈچكە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. ھەربىي كۈچنى ھەمىشە يېتىنكلىك بىلەن ئىشقا سېلىشۇەرمەسلىك كېرەك. يېتىنكلىك قىلىنسا، دۈشمەننى تېز چۆكتۈرۈ-دىغان كۈچ-قۇۋۋەت يوققا چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جوۋۋېنگۈڭ(17) ھەققىدە توقۇلغان مەدھىيىدە مۇنداق دېيىلگەن:

يىغىشتۇرۇلۇپ نەيزە ۋە قالقان،

ياي بىلەن ئوقلار بوشاندى شۇ ئان.

ئۇرۇشنى توختىتىپ باشقۇردى ئەلنى،

ئىشلەتتى ياخشىلارنى ۋۇۋاڭ خان.

مەرىپەتنى جارى قىلىش پەزىلىتى،

قوشاقلاردا مەدھىلەندى ئادالىتى.

مەڭگۈ ئۆچمەس شىيا قوشاقلىرى بىلەن،

ئەلگە قىلغان ۋۇۋاڭنىڭ زور خىزمىتى.

ئۆتكەن خانلار خەلق ئاممىسىنى باشقۇرۇشتا، ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، ئەخلاق-پەزىلەت بىلەن خەلقنى ئىلھاملاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئالۋاڭ-ياساق، ھاشانى يېنىكلەتتى. دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا كاشىلا قىلماي، خەلقنىڭ ئارامخۇدا تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە ئىمكانىيەت بەردى. چىقىمنى تېجەپ، خەلق ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى راۋاجلاندۇردى. زىيانلىق ئىشلارنى يوقاتتى. نەتىجىدە، بايلىق كۆپەيدى. تۇرلۇك قورال-سايمانلارمۇ كەم بولمىدى. خەلققە ياخشى-يامان، پايدا-زىياننى چۈشەندۇرۇپ، قانۇن-قائىدە ئارقىلىق ئۇلارنى تەربىيىلىدى. پايدىلىق ئىشلار ئۈچۈن تىرىششقا، زىيانلىق ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىشقا، پەزىلەتنى سۆيۈشكە، كۈچ-ھەيۋىدىن ساقلىنىشقا ئۈگەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار نەسىل-نەسەبنى ساقلاپ، بارغانچە كېڭەيدى. بۇرۇن مېنىڭ ئەجدادىم

خۇۋجى ئېكىنبېگى دېگەن ئەمەل بىلەن ئاقسالقال-شۇن ۋە شيا خانىغا خىزمەت قىلغان. شياخانلىقىنىڭ خانلىرىدىن تەيكاڭ دەۋرىگە كەلگەندە، سىياسى جەھەتتىن چۈشكۈنلىشىپ، ئېكىنبېگى دېگەن ئەمەل ئېلىپ تاشلىنىپ، دېھقانچىلىق ئىشلىرى تاشلاپ قويۇلدى. ئەجدادىم بۇجۇ مۇ شۇ تۆپەيلى مەنسۇۋدىن ئايرىلىپ، رۇڭ-دىلار ئارىسىغا بېرىپ، ئۆزىنى پاناغا ئالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كەسپىنى تاشلىۋەتكىسى كەلمەي، تۆت پەسىلنىڭ لايىق مەزگىللىرى بويىچە، ئاتا-بوۋىسىنىڭ ئىشلىرىنى رەتكە سېلىپ داۋاملاشتۇردى. ئەجدادىنىڭ تەجرىبە-ئۈلگىلىرىنى ئۆگىنىپ، ھەر قاچان سەمىمى-سادىق بولدى، بوششىپ كەتمىدى، ۋاپادارلىقتا چىڭ تۇردى. بۇجۇنىڭ بۇ بىر قەنەدىكى ئەۋلادى مانا مۇشۇنداق ئالى پەزىلەتنى يېتىشتۈردى. دېمەك، خۇۋجىنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالمايتتى. ۋېنۋاڭ[18]، ۋۇۋاڭ دەۋرلىرىگە كەلگەندىمۇ، ئۆتكەن ئەجداتلارنىڭ شان-شۆھرىتى داۋاملىق جارى قىلىندى. ۋېنۋاڭ. ۋۇۋاڭلار تېخىمۇ سېخى، كەڭ قول ئىدى. روھ-ئەرۋاھلارنىڭ ئەمرىنى تۇتاتتى. خەلقنى ئاسرايتتى، پىر-ئۇستازلارنىڭ ھەممىسىگە ياقاتتى. شاڭ خانى دىشىن خەلققە قارشى مىسلىسىز جىنايەت ئۆتكۈزدى. سەۋر-تاقىتى چېكىگە يەتكەن خەلق ۋۇۋاڭنى ھىمايە قىلدى. شۇ سەۋەپتىن، شاڭ خانلىقى پايتەختىنىڭ سىرتىدىكى مۇيېدە[19] زالىم ھۆكۈمدارلار ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلىدىغان ئادالەتلىك ئۇرۇش يۈز بەردى. دېمەك، ئۆتكەن خانلار ھەربى كۈچكە ئانچىۋالا تايىنىۋالمىغان، پەقەت خەلقنىڭ ئاھ-زارىنى نەزەرگە ئېلىپ، زىيانكەشلەرنى يوقاتقان، خالاس. ئۆتكەن خانلار بېكىتكەن تۈزۈم بويىچە، پايتەخت دائىرىسىدىكى مىڭ چاقىرىم مۇساپە ئىچىدە قىشلاق ياسىقى تەسىس قىلىنىپ، پايتەخت سىرتى بەگلىك ياسىقى بولدى. بەگلىكنىڭ چېگرىسىدىن ۋېي چېگرىسىغىچىلىك 2500 چاقىرىم مۇساپە

ئۈچىدە، ئەل بولغان قەبىلە ياساقچىلىرى جايلاشتى. يات قەۋملەرنىڭ دائىرىسى (پايتەختتىن 4000 چاقىرىم يىراقتا جايلاشقان) چەت ـ ياقا ياساقچىلىرى بولىدى. رۇڭ ـ دىلارنىڭ يېرى (پايتەختتىن 4500 ـ 5000 چاقىرىمغا قەدەر ئۇزاقلىقتا جايلاشقان) قىرياساقچىلىرى قىلىندى. قىشلاق ياساقچىلىرىنىڭ ئاقساقىلى خاننىڭ كۈندىلىك نەزىر ـ چىراق بۇيۇملىرىنى تەمىنلەشكە، بەگ ياساقچىلىرىنىڭ بېگى ئايلىق نەزىر ـ چىراق بۇيۇملىرىنى تەمىنلەشكە، چەت ـ ياقا ئۆلكە ياساقچىلىرىنىڭ ھۆكۈمدارى بىر يىلدا بىر قېتىم خىراج تۆلەشكە، قىرياساقچىلىرىنىڭ ھۆكۈمدارى خاننى زىيارەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان، كىملەرنىڭ خاقانغا كۈندىلىك، كىملەرنىڭ ئايلىق نەزىر ـ چىراق بۇيۇملىرى بېرىشى كېرەكلىكى، كىملەرنىڭ پەسىلدە بىر قېتىم ھەدىيە تەقدىم قىلىشى كېرەكلىكى، كىملەرنىڭ يىلدا بىر قېتىم خىراج تۆلەيدىغانلىقى، كىملەرنىڭ زىيارەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە، ئىلگىرىكى خان ئومۇمەن، ئېنىق بەلگىلىمىلەر بەلگىلەپ كەتكەنىدى. ئەگەر كۈنلۈك نەزىر ـ چىراقنى بەرمىگەنلەر كۆرۈلسە، ئۇنىڭغا تۆۋە ئىستىغپار ئوقۇشقا توغرا كېلەتتى؛ ئايلىق نەزىر ـ چىراق بۇيۇملىرىنى بەرمىگۈچىلەرگە، بۇنى بېرىش ھەققىدە جىددى پەرمان چۈشۈرۈلەتتى؛ پەسىللىك ھەدىيە ئېلىپ كەلمىگۈچىلەرگە، قانۇنغا بويسۇنۇش تەربىيىسى؛ يىللىق خىراج تۆلىمىگۈچىلەرگە، ئۇنىڭ نام ـ ئەمەلىگە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى كۆرسىتىپ بېرىلەتتى. زىيارەتكە كەلمىگۈچىلەر ئېنىق سىياسەت ۋە ئۇلۇغۋار پەزىلەت بىلەن جەلپ قىلىناتتى. يۇقىرىدىكى بەش خىل تەدبىر كۆرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، يەنە نەزىر ـ چىراق بۇيۇملىرى ئەۋەتمىگەن، زىيارەتكە كەلمىگەن، خىراج تۆلىمىگەن، سوغا ـ سالام ئەۋەتمىگەنلەر بولسا، جازاغا تارتىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، نەزىر ـ چىراق بۇيۇملىرى بەرمىگەنلەرگە

جازا، زىيارەتكە كەلمىگۈچىلەر ئۈستىگە جازا يۈرۈشى، ھەدىيە ئېلىپ كەلمىگۈچىلەرگە ئۆلۈم، خىراج تاپشۇرمىغانلارغا تەنبىھ، زىيارەتكە كەلمىگەنلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش تەدبىرلىرى قوللىنىلاتتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن جازا قانۇنى، جازا يۈرۈشى قىلىدىغان قوشۇن، جازا يۈرۈشى قىلىشقا لايىق ھەربىي تەييارلىق، قاتتىق تەنبىھ بېرىدىغان پەرمان، ئاگاھلاندۇرىدىغان ئالاقە بولۇپ، بۇيرۇق جاكالىناتتى. ئالاقە يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، يەنە زىيارەتكە كەلمىگەن، خىراج تاپشۇرمىغانلار بولسا، ئېنىق سىياسەت ۋە ئۇلۇغۋار پەزىلەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا تېخىمۇ دىققەت قىلىناتتى. جاپاكەش خەلق يىراقتا كەتكۈزۈلمەيتتى. شۇ سەۋەپتىن، يېقىندىكىلەردىن گەپ ئاڭلىمىغۇچىلار، يىراقتىكىلەردىن بويسۇنمىغۇچىلار قالمىغان ئىدى. چۈەنرۇڭلارنىڭ دابى، بەي شىلەردىن[20] ئىبارەت بۇ ئىككى ھۆكۈمدارى ئۆلگەندىن تارتىپ ھازىرغىچىلىك، چۈەنرۇڭلار بەلگىلەنگەن خىراجنى بېرىپ، زىيارەتكە كېلىپ تۇردى. ئەگەر خان جاناپلىرى ۋاقتىدا زىيارەتكە كەلمىگەن جىنايىتى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چوقۇم جازا يۈرۈشى قىلىپ، ھەربىي كۈچنى ئىشقا سالىمەن دېيىدىغان بولسا، بۇ ئۆتكەن خاننىڭ ئەمرىنى ئۇنتۇمىغانلىق بولامدۇ؟ جۇملىدىن، خان ئۆزلىرىمۇ خەتەرگە ئۇچرىماملا، ئاڭلىشىمچە، چۈەنرۇڭلار مىجەز جەھەتتىن سەممىي بولۇپ، ئۆتكەن خاننىڭ كونا تۈزۈمىگە ئەمەل قىلىپ، خىراج تۆلەپ، ئەزەلدىن ئۆزگەرمەي كەلگەن. ئەگەر ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭمۇ بىزگە تاقابىل تۇرىدىغان چارىسى بولىدۇ» دېگەنىدى. مۇۋاڭ جىگۇڭ مۇفۇ نىڭ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماي، قوشۇن تارتىپ چۈەنرۇڭلار ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا تۆت ئاق بۆرى، تۆت ئاق بۇغا غەنىمەت ئېلىپ قايتىپ كەلدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، قىرياساقچىلىرى خىراج تۆلەشكە ۋە



www.uyghurkitap.com

زىيارەتكە كەلمدى...          (ئەسلى كىتاب 135 ـ 138 ـ بەت)

جوۋ خانى يوۋۋاڭ[21] باۋسىنى[22] ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. باۋسى تۇغقان ئوغۇلغا بەي فۇ دەپ ئىسىم قويۇلدى. يوۋۋاڭ خانىش شېن خوۋنى خانىشلىقتىن، يىچيۇنى ۋەلىئەھدلىكتىن قالدۇرۇپ، باۋسىنى خانىش، بەي فۇنى ۋەلىئەھد قىلىپ بەلگىلىدى. بۇ ۋەقە مۇناسىۋىتى بىلەن ئوردا مۇنەججىمى[23] بەي ياڭ: «دۆلەتنى مۇنقەرز قىلىدىغان ئاپەت يېتىپ كەلدى، قۇتقۇزۇشقا ئامال يوق!» دەپ ھەسرەت چەككەنىدى... باۋسى كۈلمەيتتى. يوۋۋاڭ ئۇنى ئىلاج قىلىپ كۈلدۈرمەكچى بولسىمۇ، ئۇ ھامان كۈلمەيتتى. يوۋۋاڭ لىشەن[24] تېغى ئۈستىگە تۇر[25] سالغان ۋە ناغرا ـ دۇمباق ئورۇنلاشتۇرغانىدى. مۇبادا، تۇشتۇمتۇت دۈشمەن كېلىپ قالغىدەك بولسا، تۇرغا ئوت يېقىلىپ، جىددى خەۋەر بېرىلەتتى. بەگلەر ئوتنى كۆرۈپ دەرھال ياردەمگە كېلەتتى. يوۋۋاڭ باۋسىنى كۈلدۈرمەك ئۈچۈن، سەۋەپسىزلا يارلىق چۈشۈرۈپ تۇرغا ئوت ياقتۇرغانلىقى ئۈچۈن، بەگلەر ئالدىراپ ـ تېنەپ لەشكەر تارتىپ كېلىشكەنىدى، لىشەن تېغىغا كېلىپ قارىسا، دۈشمەن كۆرۈنمىگەچكە، ھەممە ھەيران بولۇشتى. تاغ ئۈستىدە تۇرغان باۋسى بەگلەرنىڭ ئالدانغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز قاقاخلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئىنتايىن خوشال بولغان يوۋۋاڭ، باۋسىنى دەپ ئۇدا بىر نەچچە قېتىم تۇرغا ئوت ياقتۇردى، كېيىن بەگلەر ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قېلىپ، كەلمەيدىغان بولۇشتى. يوۋۋاڭ گوشفۇنى[26] ھوقۇقلۇق ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان چوڭ ۋەزىر قىلىپ تەيىنلىدى. ئاھالە ئۇنى ئىنتايىن يامان كۆرەتتى. گوشفۇ ھىلىگەر ـ مەككار، خوشامەت قىلىشقا ئۇستا، شەخسىيەتچى، ئاچكۆز كىشى ئىدى. يوۋۋاڭ ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشقا سالدى. ئۇنىڭ مەسلىھەتى بىلەن خانىش شېن خوۋنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ۋەلىئەھد شاھزادىنى

قوغلىشۋەتتى. شىن[27] بېگى قاتتىق غەزەپلىنىپ، زېڭ[28] بەگلىكى، غەربىي يات قەۋملەر، چۆەنرۇڭلارنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ، يوۋۋاڭغا ھۇجۇم قىلدى. يوۋۋاڭ ئالاقزادە بولۇپ، تۇرۇپ ئوت ياقتۇرۇپ، بەگلەرنىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرىنى كەلتۈرمەكچى بولسىمۇ، بەگلەر لەشكەر تارتىپ كېلىشمىدى. چۆەنرۇڭ لەشكەرلىرى لىشەن تېغى ئېتىكىدە يوۋۋاڭنى ئۆلتۈرۈپ، باۋسىنى ئەسىر ئالدى ۋە جوۋخانلىقىنىڭ بارلىق بايلىقىنى ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بەگلەر خانىش شىن خوۋنىڭ قېشىغا بېرىپ، يوۋۋاڭنىڭ ئەسلىدىكى ۋەلىئەھدى يىچيۇنى بىرلىكتە خان قىلىپ كۆتەردى، پىڭۋاڭ[29] مانا شۇ ئىدى. ئۇ جوۋ خاندانىنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى يۈرگۈزدى.

پىڭۋاڭ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، چۆەنرۇڭلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن قېچىپ، پايتەختنى لويى شەھرىگە[30] كۆچۈردى. پىڭۋاڭ تەختتە ئولتۇرغان دەۋردە جوۋ خاندانىنىڭ ھاكىمىيىتى زەئىپلىشىپ كەتكەچكە، بەگلەرنىڭ كۈچلۈكلىرى ئاجىزلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. كۈچىيىشكە باشلىغان چى[31]، چۇ[32]، چىن[33]، جىن[34] لاردىن ئىبارەت بەگلىكلەرنىڭ تۆت نەپەر ھۆكۈمدارى جوۋ خاندىن بىر-بىرلەپ تەرەپ بېگى[35] ئۇنۋانىنى ئېلىشتى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، ھاكىمىيەت تەرەپ بەگلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى...

(ئەسلى كىتاب 147-149-بەت)

* * *

م. ب. 652-يىلى (جوۋ خانلىقىنىڭ خانى خۈيۋاڭنىڭ 25-يىلى) خۈيۋاڭ[36] ئۆلگەندىن كېيىن، ۋەلىئەھد شياڭۋاڭ جى جىن تەختكە چىقتى، شياڭۋاڭنىڭ ئانىسى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەچكە، ئۆگەي ئانىسى خان ئانا خۈي خوۋ بولۇپ، ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان ئوغۇلىنىڭ ئىسمى شۇدەي[37] ئىدى. ئۇنى خۈيۋاڭ ئىنتايىن ياخشى

كۆرەتتى. شياڭۋاڭ بولسا، ئۇنىڭدىن ئىنتايىن قورقاتتى. م. ب. 649 ـ يىلى (شياڭۋاڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى) شۇدەي رۇڭ، دىلارنىڭ ھۆكۈمدارلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئەسكەر چىقىرىپ، شياڭۋاڭغا ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىدى. شياڭۋاڭ سېزىپ قېلىپ، شۇدەينىڭ ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، شۇدەي چى بەگلىكىگە قېچىپ كەتتى. چى خۇەنگۇڭ[38] جوۋ بىلەن رۇڭلارنى ياخشىلاشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن، گۇەن جۇڭنى[39] جوۋ خانلىقىغا، يەنە جىن بەگلىكى بىلەن رۇڭلارنى ياراشتۇرۇپ قويۇشقا ياردەملىشىش ئۈچۈن شى پېڭنى[40] جىن بەگلىكىگە ئەۋەتكەن ئىدى. شياڭۋاڭ گۇەن جۇڭنى ئەڭ يۇقىرى مەنسەپدارلارغا كۆرسىتىلىدىغان ئىھتىرام بىلەن كۈتۈپ ئالدى. گۇەن جۇڭ ئۇزۇر ئېيتىپ: «خىزمەتكارلىرى ناتىۋان بىر ئەمەلدار بولۇمەن. چى بەگلىكىدە ئەسلىدە جوۋخانى خىزمەتكە تەيىنلىگەن يۇقىرى مەنسەپدار گوزى، گاۋزىلار خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. مۇبادا ئۇ ئىككەيلەن خاننىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ يىللىق زىيارەتكە كەلسە، ئۇلارنى قانداق كۈتۈشكە توغرا كېلەر؟ خىزمەتكارلىرىنىڭ خىزمەتكارى بولغان پەقىر مۇنداق تەنتەنىلىك كۈتۈشنى قوبۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايمەن» دېگەنىدى، شياڭۋاڭ: «تاغا[41]: مەن بۇ ئىھتىرام بىلەن سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى تەقدىرلىمەكچىمەن، مېنىڭ ئەمرىمگە خىلاپلىق قىلماڭ» دېدى. ناھايەت، گۇەن جۇڭ ياردەمچى باش مەنسەپدارغا كۆرسىتىلىدىغان ئىھتىرامنى قوبۇل قىلىپ، ئاندىن ئۆز بەگلىكىگە قايتتى. م. ب. 643 ـ يىلى (شياڭـۋاڭنىڭ توققۇزىنچى يىلى) چى خۇەنگۇڭ ئۆلدى. م. ب. 640 ـ يىلى (شياڭۋاڭنىڭ 12 ـ يىلى) شۇدەي جوۋ خانلىقىغا قايتىپ كەلدى.

م. ب. 639 ـ يىلى (شياڭۋاڭنىڭ 13 ـ يىلى) جېڭ[42] بەگلىكى لەشكەر ئەۋەتىپ، خۇا[43] بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلدى، شياڭۋاڭ تۆرە يوۋسۇن[44]، بەي فۇلارنى[45] جېڭ بەگلىكىگە ئەۋەتىپ، خۇا

بەگلىكى نامىدىن يارىشىشنى تەلەپ قىلدى. جىك بەگلىكى ئىككەيـلەننى تۇتۇپ قالـدى. جىك ۋېنگۇڭ جوۋ خۇيۋاڭنىڭ پايتەختـىكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جىك لىگۇڭنىڭ ياردەم بېرىپ قۇتقۇزۇپ قويغان خىزمىتىنى ئۇنتۇپ، قاشتاش جامنى لىگۇڭغا ھەدىيە قىلماسـتىن، گۇگۇڭغا ھەدىيە قىلغانلىقىغا، شياڭۋاڭنىڭ خۇا بەگلىكىنىـ ۋېي بەگلىكىنىڭ باشقۇرۇشىغا بەرگەنلىكىگىمۇ ئاداۋەت تۇتقاچقا، بەي فۇ قاتارلىقلارنى تۇتۇپ قالغانىدى. شياڭۋاڭ ئەھۋالنى ئۇقۇپ قاتتىق غەزەپلەندى ۋە دى ئېلىنىڭ لەشكەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، جىك بەگلىكى ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلماقچى بولدى. تۆرە فۇچېن (富辰): «جوۋ خاندانىمىز شەرققە كۆچۈشتە، ھەممە ئىشنى جىن، جىك ئىككى بەگلىكنىڭ زور ياردىمىگە تايىنىپ ئېلىپ باردى. زى تۈي (子颓) نىڭ ئىسيانىنىمۇ جىك بەگلىكى لەشكەر چىقىرىپ تىنچىتىپ بەردى. ھالا بۈگۈنكى كۈندە، كىچىككىنە ئاداۋەت بىلەن ئۇلارنى قانداقمۇ تاشلىۋەتكىلى بولىدۇ؟!» دەپ تەكلىپ بەرسىمۇ، شياڭۋاڭ بۇنىڭغا قۇلاق سالماي، م. ب. 637 ـ يىلى (شياڭۋاڭنىڭ 15 ـ يىلى)دى لەشكەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، جىك بەگلىكى ئۈستىگە يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. شياڭۋاڭ دى قەۋملىرىگە تەشەككۈر بىلدۈرۈپ، دى ئېلى ھۆكۈمدارىنىڭ قىزىنى خانىشلىققا ئالماقچى بولدى. فۇچېن يەنە: «بىزنىڭ پىڭۋاڭ، خۈەنۋاڭ، جۇاڭۋاڭ، خۇيۋاڭلاردىن ئىبارەت تۆت ئەجدادىمىز دەۋرىدە، جىك بەگلىكى ئومۇمەن خىزمەت كۆرسىتىپ كەلگەن. ئەمدىلىكتە خاننىڭ قېرىنداش ئەلنى تاشلىۋېتىپ، دىلارغا يېقىنچىلىق قىلىشى، بۇ نامۇۋاپىق» دەپ تەكلىپ بەرگەنىدى، شياڭۋاڭ يەنىلا قۇلاق سالمىدى. م. ب. 636 ـ يىلى (شياڭۋاڭنىڭ 16 ـ يىلى) دىلاردىن بولغان خانىش شۈدەي بىلەن ئويناشقانلىقتىن، شياڭۋاڭ دى ئاغىچىنى خانىشلىقتىن قالدۇردى. شۈدەينى ھىمايە قىلغان دىلار قوشۇن تارتىپ شياڭۋاڭغا

ھۇجۇم قىلدى ۋە تۆرە تەن بۇنى[46] ئۆلتۈردى. فۇچېن «مەن كۆپ تەكلىپ بەردىم. خان قۇلاق سالمىدى. ئەگەر ھازىر دىلارغا قارشى ئۇرۇشقا چىقمىسام، خان مېنى مەندىن رەنجىپ قالغاندىمۇ، دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن» دېدى ۋە شۇنىڭ بىلەن فۇچېن ئۆز قارمىقىدىكى قىسىملارنى باشلاپ، دىلار بىلەن ئۇرۇشتى ۋە ئۇرۇشتا ئۆلدى.

شۇ يىلى خان ئانا خۇيخۇ زىدەيىنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇش ئۈچۈن، تۈي شۇ، تياۋزى بىلەن زىدەيىلەرنى بىر گۇرۇھ بولۇپ، دىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشكە دەۋەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن دى ئېلى لەشكەرلىرى جوۋغا ھۇجۇم قىلغاچقا، شياڭۋاڭ جېيڭ بەگلىكىگە قېچىپ بارغانىدى. جېيڭ ۋېنگۇڭ شياڭۋاڭنى فەنچېڭ شەھىرىگە[47] ئورۇنلاشتۇردى. زىدەي ئۆزىنى خان دەپ جاكالاپ شياڭۋاڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەن دى ئېلىلىق خانىش بىلەن بىرلىكتە ۋېن[48] بەگلىكىدە تۇردى. م. ب. 635-يىلى (شياڭۋاڭنىڭ 17-يىلى) شياڭۋاڭ جىن بەگلىكىدىن ياردەم سورىغانىدى، جىن ۋېنگۇڭ لەشكەرلىرى بىلەن شياڭۋاڭنىڭ ئالدىغا چىقىپ ۋە ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىپ پايتەختكە ئاپىرىپ قويدى، ئاندىن شۇدەيىنى (زىدەيىنى) ئۆلتۈردى. شياڭۋاڭ شۇنىڭ بىلەن جىن ۋېنگۇڭغا قاشتېشى جام، خۇشبۇي شاراب[49]، ياي، ئوق ھەدىيە قىلدى ۋە جىن ۋېنگۇڭنى تۆرە تەيىنلەپ، خېنېي[50] دىيارىنى جىن بەگلىكىگە ئىنئام قىلدى. م. ب. 632-يىلى (شياڭۋاڭنىڭ 20-يىلى) جىن ۋېنگۇڭ، شياڭۋاڭنى كۆرۈشۈشكە چاقىرغانىدى. شياڭۋاڭ خېياڭ[51]دا جيەنتۇغا[52] بېرىپ، جىن ۋېنگۇڭ بىلەن كۆرۈشتى. بەگلەرمۇ كېلىپ شياڭۋاڭنى زىيارەت قىلدى. كۇڭ زى[53]، ۋەزىرنىڭ خاننى چاقىرتىپ كۆرۈشۈشى مۇناسىپ ئىش ئەمەس، دەپ قارىغاچقا، تارىخ كىتاپلىرىغا بۇ پاكىت يوشۇرۇلۇپ، «تەڭرى خان خېياڭدا شىكار

قىلغان»: دەپ يېزىلغانىدى.

م. ب. 628 ـ يىلى (شىياكۇاڭنىڭ 24 ـ يىلى) جىن ۋېنگوڭ ئۆلدى، م. ب. 621 ـ يىلى (شىياكۇاڭنىڭ 31 ـ يىلى) چىن مۇگوڭ ئۆلدى. م. ب. 620 ـ يىلى (شىياكۇاڭنىڭ 32 ـ يىلى) جوۋ شىياكۇاڭ ئۆلۈپ، ئوغلى جى رېنچېڭ تەختكە چىقتى. چىڭۋاڭ تەختكە چىقىپ، م. ب. 613 ـ يىلى (چىڭۋاڭنىڭ ئالتىنچى يىلى) ئۆلدى. ئوغلى جى بەن تەختكە چىقىپ، كۇاڭۋاڭ دەپ (匡王班) ئاتالدى. كۇاڭۋاڭ ئالتە يىل ھۆكۈم سۈرۈپ، م. ب. 607 ـ يىلى ئۆلدى. ئىنىسى جى يۇ (瑜) تەختكە چىقتى. دىڭۋاڭ مانا شۇ ئىدى.

م. ب. 606 ـ يىلى (جوۋ دىڭۋاڭنىڭ بىرىنچى يىلى) چۇ بېگى جۇاڭۋاڭ لۇخۇن رۇڭلىرى ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلدى. لويى شەھىرىدە لەشكەر تۇرغۇزۇپ ۋە ئادەم ئەۋەتىپ جوۋ خانىدانىنىڭ ھاكىمىيەت سىمۋولى بولۇپ كېلىۋاتقان تەۋەررۈك توققۇز ئىسرىقدانىنىڭ[54] چوڭلۇقى ۋە ئېغىرلىقىنى سورىتىدى. دىڭۋاڭ ئەۋەتكەن تۆرە ۋاڭ سۇنمەن داددىل، لېكىن چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرغان ئىدى. چۇ قوشۇنلىرى شۇنىڭ بىلەن چېكىنىپ كەتتى. م. ب. 597 ـ يىلى (دىڭۋاڭنىڭ ئونىنچى يىلى) چۇ بېگى جۇاڭۋاڭ لەشكەر تارتىپ كېلىپ، جېڭ بەگلىكىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. جېڭ بېگى شىياڭگوڭ تەسلىم بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، چۇ بېگى جۇاڭۋاڭ جېڭ بېگى شىياڭگوڭنىڭ ھاكىمىيىتىنى يەنە ئەسلىگە كەلتۈردى. م. ب. 591 ـ يىلى (دىڭۋاڭنىڭ 16 ـ يىلى) چۇ بېگى جۇاڭۋاڭ ئۆلدى.

(ئەسلى كىتاب 152 ـ 155 ـ بەتلەر)

---

〔1〕 جوۋ (周) خانلىقى ــ م.ب. 11 ـ ئەسىردە جوۋ خاقانى ۋۇۋاڭ، شاڭ (商) خانلىقىنى يوقىتىپ، ئورنىغا قۇرغان خانلىق. پايتەختى خاۋ (镐) شەھىرى بولۇپ (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ غەربىي جەنۇبى، فېڭشۈي

دۆلىتىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا)، جوۋ (周) گۇڭ شەرققە يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن، قانۇن ـ تۈزۈملەرنى بەلگىلەپ، بەگ ـ تۆرىلەرنى تەيىنلىدى. دېھقانچىلىق شاڭ خانلىقىغا قارىغاندا، تەرەققى قىلدى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرلىرى كۆپىيىپ، قول سانائەتلىرىمۇ راۋاجلاندى. م.ب. 771 ـ يىلى شېن خوۋ (申候)چۈەنرۇڭلار بىلەن بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىپ، خان جوۋ يوۋ ۋاڭنى ئۆلتۈردى. ئىككىنچى يىلى خان جوۋ پىڭۋاڭ (周平王)پايتەختنى شەرقتىكى لو ياڭغا كۆچۈردى. تارىختا، جوۋپىڭۋاڭنىڭ كۆچۈشىدىن بۇرۇنقى جوۋ خانلىقى غەربىي جوۋ، كېيىنكىسى شەرقىي جوۋ دەپ ئاتىلىدۇ. شەرقىي جوۋ خانلىقى دەۋرى يەنە چۇنچيۇ دەۋرى، ئېغىلىق دەۋرى دەپ ئىككى دەۋرگە ئايرىلىدۇ. جوۋ خانلىقى م.ب. 256 ـ يىلى چىن سۇلالىسى تەرىپىدىن يوقىتىلدى. جەمئىي 34 خان، 800 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەندى.

(«سىخەي» 456 ـ بەت)

〔2〕 خوۋجى (后稷) ـــ قەدىمكى جوۋ قەبىلىسىنىڭ دەسلەپكى ئەجدادى، ئەپسانە، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، خوۋجى مەلۇم بىر بۈيۈك كىشىنىڭ ئاياق ئىزىنى دەسسىۋېلىپ، ھامىلدار بولغان تەي جاناپىنىڭ قىزى جياڭيۈەندىن تۇغۇلغان ۋە بىرمەھەل تاشلانغاچقا، ئىسمى «弃» (تاشلاندۇق) مەنىسىدە بولۇپ قالغانىدى. ئۇ تۈرلۈك ئاشلىق زىرائەتلىرىنى تېرىشقا ماھىر بولۇپ، ياۋ (尧)، شۈن(舜) دەۋرلىرىدە دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار بولدى ۋە خەلققە دېھقانچىلىقنى ئۆگەتكەنىدى. شۇڭا، جوۋ قەۋملىرىمۇ ئۇنى ئاشلىق پىرى دەپ تونۇغان.

(«سىيۈەن» 614 ـ بەت)

〔3〕 تەي كاڭ (太康) ـــ شياخانلىقى ۋاقتىدىكى خان. يەنى چى خاننىڭ ئوغلى. ئۇلار ئاكا ـ ئۇكا بەش قېرىنداشنىڭ ھەممىسى تېتىقسىز، بەتقىلىق كىشىلەردىن بولۇپ، ھېمىشە لوشۈينىڭ شىمالىي ساھىلىدا ئوۋچىلىق قىلىپ، ئەل ئىشىغا پەرۋاسىز قارىغاچقا، خانلىق ئورنى شەرقىي يات قەۋملەر ئىچىدىن چىققان خوۋيى ئىسىملىك كىشى تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغانىدى.

(«سىخەي» 1464 ـ بەت)

〔4〕 گۇڭلىيۇ (公刘) ـــ قەدىمكى جوۋ قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى. شياخانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى، جوۋ قەبىلىسىنى باشلاپ بىن (豳)

دىگەن يەرگە كېلىپ (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى بىنشىيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىي)، بوز يەر ئېچىپ ئولتۇراقلاشقان.

(«سىخەي» 588 ـ بەت)

[5] نەنشەن (南山) ـــ بۇ جەنۇبى تاغ جۇڭنەنشەنگە قارىتىلغان.

[6] بىن (豳) ـــ قەدىمكى مەركەز شەھەر. ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى شۈنيى (旬邑) شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا. جوۋ قەۋمىدىن خوۋجى (后稷) نىڭ چەۋرىسى گۇڭليۇ تەي (邰) دىگەن يەردىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن.

(«سىخەي» 1816 ـ بەت)

[7] لياڭشەن (梁山) ـــ تاغ. ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى چيەنشىيەن (乾) ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، چىشەن (岐山) تېغى ئۇنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 114 ـ بەت)

[8] يۈ بەگلىكى (虞) ـــ قەدىمكى بەگلىك. بۈگۈنكى سەنشى پىڭلۇ (平陆) ناھىيىسىدىكى يۈچېڭ.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 117 ـ بەت)

[9] رۇي بەگلىگى (芮) ـــ قەدىمكى بەگلىك. يۈ بەگلىكى بىلەن رۇي بەگلىكى يىر بىرىگە يېقىن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 117 ـ بەت)

[10] مىشۈ بەگلىكى (密须国) ـــ قەدىمكى بەگلىك بولۇپ، مى (密) ئېلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ بەگلىك شاڭ دەۋرىدە جى (姞) فامىلىلىكلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان. كېيىن جوۋ ۋېنۋاڭ تەرىپىدىن يوقىتىلغانىدى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 118 ـ بەت)

[11] چى بەگلىكى (耆国) ـــ «ھەقىقى شەرھ» دە: "چى بەگلىكى ـــ لى (黎国) بەگلىكى دېمەكتۇر" دېيىلگەن. لى ئېلىنىڭ ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى لىچېڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 118 ـ بەت)

[12] يۈ (邗) ـــ قەدىمكى بەگلىك. شۈگۋاڭ: «يۈ شەھىرى يىۋاڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا» دېگەن. بۇ يىۋاڭ ناھىيىسى خېنەندىكى چىنياڭ ناھىيىسىنىڭ دەل ئۆزى.*

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 118 ـ بەت)

**[13] چۇڭ بېگى خۇ (崇侯虎) — چۇڭ (崇) — قەدىمكى بەگلىك، خۇ (虎) — مۇشۇ بەگلىكنىڭ ئىسمى.**

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 118 ـ بەت)

[14] فېڭجىڭ شەھىرى (丰邑) — ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى خۇشيەن ناھىيىسىدىن 35 چاقىرىم شەرقتە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 118 ـ بەت)

[15] جوۋخانى ۋۇۋاڭ (周武王) — غەربىي جوۋ خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى. فامىلىسى جى(姬)، ئىسمى فا(发)، ئاتىسى ۋېنۋاڭغا ۋارىسلىق قىلىپ، يۇڭ (庸)، شۇ (蜀)، چياڭ (羌)، فاڭ (髳)، ۋېي (微)، لۇ (卢)، پېڭ (彭) پۇ (濮)لاردىن ئىبارەت قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ، قوشۇن باشلاپ شەرققە ھۇجۇم قىلدى. مۇيې (بۈگۈنكى خېنەن جىشيەنىنىڭ شىمالى) جېڭىدە زور غەلىبە قازىنىپ، شاڭ خانلىقىنى يوقىتىپ، غەربىي جوۋ خانلىقىنى قۇردى. گاۋ (镐) شەھىرى (بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسى شىئەنىنىڭ جەنۇبى، فېڭشۇينىڭ شەرق ساھىلى)نى پايتەخت قىلغانىدى.

(«سىخەي» 460 ـ بەت)

[16] جوۋخانى مۇۋاڭ (周穆王) — غەربىي جوۋخانلىقىنىڭ خانى، جى (姬) فامىلىلىك. ئىسمى مەن (满)، جاۋۋاڭنىڭ ئوغلى. غەربدە چۈەنرۇڭلارغا يۈرۈش قىلىپ، ئۇلارنىڭ بەش سەركەردىسىنى ئەسىر ئالغانىدى ھەمدە چۈەنرۇڭلارنىڭ بىر قىسمىنى تەييۈەن (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ چىنيۈەن ئەتراپى)گە كۆچۈردى. بۇلاردىن باشقا، ئۇ يەنە شەرقتە شۈرۈڭلارغا ھۇجۇم قىلىپ، تۇشەن تېغىدا (ھازىرقى ئەنخۇي ئۆلكىسىدىكى خۇييۈەن دېگەن جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىدا) بەگلەر بىلەن ئۇچراشتى. كېيىنكى رىۋايەتلەردە، جوۋ مۇۋاڭنىڭ ئەل كەزگەنلىكى ھەقىدە قىلىنىدۇ. «مۇتيەنزى تەزكىرىسى» دىمۇ ئۇنىڭ غەربكە ساياھەت قىلغانلىقى يېزىلغان.

(«سىخەي» 462 ـ بەت)

[17] جوۋۋېنگۇڭ (周文公) — جوۋخانى ۋېنۋاڭنىڭ ئوغلى جوۋگۇڭدەن بولۇپ، (公旦)"گۇڭدەن" ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن بېرىلگەن نام.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن» 281 ـ بەت)

[18] جوۋخانى ۋېنۋاڭ (周文王) — شاڭ خانلىقىنىڭ ئاخىرىدىكى جوۋ

قەۋمىنىڭ ئاقساقىلى. فامىلىسى جى(姬)، ئىسمى چاڭ (昌) بولۇپ، شاڭ خانلىقى خانى جوۋ دەۋرىدە غەرب بېگى بولغانچقا، چاڭ بەگ دەپمۇ ئاتىلاتتى.

(«سىخەي» 459 ـ بەت)

〔19〕 مۇيې (牧野) ــ قەدىمكى يەرنامى بولۇپ، (坶野) دېگەن خەتلەر بىلەنمۇ خاتىرىلەنگەن. بۇ يەرنىڭ ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى چىشيەن (淇县)ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. جوۋ خانى ۋۇۋاڭ يىن (殷)خانلىقىغا قارشى بەگ ـ خانلار بىلەن بىرلىشىپ، مېڭجىن (孟津)كېچىكى (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى مېڭشيەن «孟县» ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا)دىن ئۆتۈپ، يىن قوشۇنلىرىنى مانا مۇشۇ يەردە تارمار قىلغانىدى.

(«سىخەي» 3306 ـ بەت)

〔20〕 دابى (大毕)، بەيشى (伯士) ــ چۆەنرۇڭلارنىڭ ئىككى خانى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 138 ـ بەت)

〔21〕 جوۋ يوۋۋاڭ (周幽王)، م.ب. ؟ ــ 771 ـ يىللار) ــ غەربىي جوۋ خانلىقىنىڭ خانى. فامىلىسى جى(姬)، ئىسمى گۇڭنىې (宫涅)م.ب. 781 ـ 771 ـ يىللار ئارىلىقىدا ھۆكۈم سۈرگەن.

(«سىخەي» 466 ـ بەت)

〔22〕 باۋسى (褒姒) ــ بۇ يەردىكى «باۋ 褒» سۆزى باۋچېك ناھىيىسىنى، «سى 姒» سۆزى خاننىڭ كىچىك خوتۇنلىرىدىن بىرىنى كۆرسىتىدۇ، دېمەك، باۋسى ــ باۋچېكلىق كىچىك خانىشتۇر.

(«سىخەي» 826 ـ بەت)

〔23〕 ئوردا مۇنەججىمى، تارىخچى (太史) ــ ئەمەل. ئوردا ۋەزىرلىرىدىن بولۇپ، غەربىي جوۋ، چۇنچيۇ دەۋرىدە ئالاقىلەرنىڭ كۆپىيىسىنى تۈزۈيتتى. بەگلەرگە، ۋەزىرلەرگە، تۆرىلەرگە پەرمان چۈشۈرەتتى. تارىخىي ۋەقەلەرنى خاتىرىلەپ، تارىخ يازاتتى. قوشۇمچە خانلىقنىڭ ئارخىپلىرىنى ساقلايتتى. ئىلمى نۇجۇم، يىلنامىلەر ۋە نەزىر ـ چىراق ئىشلىرىنى باشقۇراتتى.

(«سىخەي» 1462 ـ بەت)

〔24〕 لىشەن تېغى (骊山) ــ بۇ تاغ شەنشى ئۆلكىسى لىنتۇڭ ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا بولۇپ، (郦山) دېگەن خەتلەر بىلەنمۇ خاتىرىلەنگەن.

(«سىخەي» 2616 ـ بەت)

[25] تۇر (烽火台) — قەدىمكى زامانلاردا، چېگرا مۇداپىئە ئەسكەرلىرىگە ئوت ۋە ئىسلار ئارقىلىق جىددى خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن، مەلۇم ئارىلىقلارغا سېلىنغان تۇرلار بولۇپ، پەۋقۇلئاددە ئەھۋال يۈز بەرگەندە، بىرەر تۇر ئوت ياقسا ياكى ئىس سالسا، خوشنا تۇرلارمۇ ئوت ياقاتتى. شۇنداق قىلىپ ناھايىتى تېزلىكتە پۈتۈن چېگرا لىنىيىسى بويىچە مۇداپىئە ئەسكەرلىرى خەۋەردار بولۇپ، ئۇرۇشقا تەييار تۇرۇشاتتى. تۇرلارغا كۆپىنچە بۆرى تېزىكى بىلەن ئىس سېلىناتتى.

(«سىخەي» 3573 ـ بەت)

[26] گوشىفۇ (虢石父) — جوۋ يوۋۋاڭ دەۋرىدە دۆلەتنى ئىدارە قىلغان ھوقۇقلۇق دىۋان بېگى.

(«سىخەي» 4592 ـ بەت)

[27] شېن بېگى (申侯) — شېن بەگلىكى جوۋخانلىقى ۋاقتىدا جياڭ 姜 فامىلىلىكلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان بەگلىك بولۇپ، كېيىن چۇ بەگلىكى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى نەنياڭ شەھىرىنىڭ شىمالىدا. خانىش شېن خوۋ (申后) — شېن بېگىنىڭ قىزى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۋەن» 2107 ـ بەت)

[28] زېڭ بەگلىكى (缯国) — قەدىمكى بەگلىك «鄫» ھەرپى بىلەنمۇ خاتىرىلەنگەن. ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ فاڭچېڭ (方城) شەھىرى ئەتراپىدا. غەربىي جوۋ خانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا زېڭ بەگلىكى شېن بەگلىكى ۋە چۈەنرۇڭلار بىلەن بىرلىشىپ، جوۋ خانى يوۋۋاڭغا ھۇجۇم قىلىپ، غەربىي جوۋ خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغان. يىغىلىق دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىمۇ بۇ بەگلىك مەۋجۇت بولۇپ، شياڭنى (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى گۋاڭشەننىڭ غەربىي جەنۇبىدا) مەركەز قىلغانىدى.

(«سىخەي» 686 ـ بەت)

[29] جوۋپىڭۋاڭ (周平王، م.ب. ؟ — 720 ـ يىللار) — شەرقىي جوۋ خانلىقىنىڭ خانى. ئىسمى يىجيۇ (宜臼) بولۇپ، جوۋيوۋ ۋاڭنىڭ خانىش شېن خوۋدىن تۇغۇلغان ئوغلى. م.ب. 770 — 720 ـ يىللىرى ھۆكۈم سۈرگەن. شېن بېگى، چۈەنرۇڭلار بىلەن بىرلىشىپ ئۇرۇشۇپ، جوۋيوۋۋاڭنى ئۆلتۈرگەن ۋە شەرقىي جوۋخانلىقىنى قۇرغان.

(«سىخەي» 459 ـ بەت)

[30] لويى (雒邑) ــ قەدىمكى شەھەر. جوۋ خانلىقى خانى چىڭ ۋاڭ ۋاقتىدا، جوۋگوڭنىڭ رىياستى ئاستىدا سېلىنغان. قەدىمكى تورنى بۇگۇنكى خېنەن لوياڭ شەھىرى لوشۇي دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا، چىەنشۇي دەرياسىنىڭ شەرقى ۋە غەربىدە بولۇپ، ئىككى شەھەردىن ئىبارەت. بىرى ۋاڭچېڭ، بىرى چېڭجوۋ.

(«سىخەي» 4609 ـ بەت)

[31] چى بەگلىكى (齐) ــ قەدىمكى بەگلىك. مىلاددىن 11 ئەسىر بۇرۇن جوۋخانلىقى تەرىپىدىن ئايرىلغان. بېگىنىڭ فامىلىسى جياڭ (姜). بۇگۇنكى شەندۇڭنىڭ شىمالىي قىسمىدا بولۇپ، بەگلىكىنىڭ قورغۇچىسى لۇشياڭ، پايتەختى يىچيۇ (ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى لىنزى شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا).

(«سىخەي» 4380 ـ بەت)

[32] چۇ (楚) ــ قەدىمكى بەگلىك. بېگىنىڭ فەمىلىسى مى (芈)، ئەجدادى يۇشيۇڭ. غەربىي جوۋ دەۋرىدە جىڭشەن تەتراپلىرىدا بەگلىك قۇرغان. مەركىزى دەنياڭ (ھازىرقى خۇبېي ئۆلكىسى زىگۇينىڭ شەرقىي جەنۇبىدا).

(«سىخەي» 4140 ـ بەت)

[33] چىن (秦) ــ قەدىمكى بەگلىك. بەگلىكىنىڭ قورغۇچىسى چىن جۇاڭگوڭنىڭ ئوغلى چىن شياڭگوڭ. جوۋ خانلىقىنىڭ خانى جوۋ پىڭۋاڭ شەرققە كۆچكەن چاغدا، چىن شياڭگوڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، بەگلىك بولۇپ ئايرىلغان. شياڭگوڭنىڭ ئوغلى ۋېنگوڭ چۈەنرۇڭلارنى چېكىندۈرۈپ، چىشەن تېغىنىڭ غەربىدىكى يەرلەرنى ئىشغال قىلدى. چۈنچيۇ دەۋرىدە، يۇڭ (ھازىرقى شەنشى فېڭشياڭنىڭ شەرقىي جەنۇبى) دېگەن يەردە مەركەز قۇردى. بۇگۇنكى شەنشىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى بىلەن گەنسۇنىڭ جەنۇبىنى ئىگىلىدى. چىن مۇگوڭ 12 بەگلىكنى يوقىتىپ، غەربىي رۇڭلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. يېغىلىق دەۋرىنىڭ باشلىرىدا، ئىقتىسات قالاق ھالەتتە بولۇپ، دائىم ئىچكىي ئىختىلاپ بولۇپ تۇرغاچقا، خانلىقنىڭ كۈچى زەئىپلەشتى. ۋېي خانلىقى خېشى (شىمالىي لوشۇي بىلەن خۇاڭخې ئارىلىقىدىكى يەرلەر)نى بېسىۋالدى. چىن شياۋگوڭ شياڭ ياڭنى ئىشقا سېلىپ، قانۇنلارنى ئۆزگەرتتى، خانلىق كۆچەيدى ھەمدە مەركەزنى شيەنياڭ (ھازىرقى شەنشى

شيەنياڭنىڭ شەرقىي شىمالى)غا كۆچۈرۈپ، يەتتە كۈچلۈك بەگلىكنىڭ بىرى بولدى. چىن خۇەيۋاڭ دەۋرىدە خېشىنى قايتۇرۇۋېلىپ، با(巴)، شۇ (蜀) نى مۇنقەرز قىلىپ، چۇ خانلىقىنىڭ قولىدىكى خەنجۇڭنى تارتىپ ئالدى. چىن جاۋۋاڭ دەۋرىدە ۋېي (魏)، جاۋ (赵)، چۇ قاتارلىق خانلىقلارنىڭ زېمىنلىرىنى داۋاملىق تارتىۋالدى. م.ب. 221 ـ يىلى چىن بېگى جېڭ (چىن شىخۇاڭ) ئەلنى بىرلەشتۈرۈپ، چىن خاقانلىقىنى قۇردى.

(«سىخەي» 3691 ـ بەت)

[34] جىن (晋) ـــ قەدىمكى بەگلىك. م.ب. 11 ـ ئەسىردە جوۋ خانلىقى تەرىپىدىن بەگلىك قىلىپ ئايرىلدى. بېگىنىڭ فامىلىسى جى (姬). بەگلىكنىڭ دەسلەپكى قۇرغۇچىسى جوۋ چېڭۋاڭنىڭ ئىنىسى شۇيۈ (叔虞) بولۇپ، بۈگۈنكى سەنشىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمى. تاڭ (بۈگۈنكى سەنشى يىچېڭنىڭ غەربى) شەھىرىنى مەركەز قىلدى. چۇنچيۇ دەۋرىنىڭ دەسلىۋىدە جىن جاۋخۇ تاغىسى چېڭ شىنى چۈۋۈ (بۈگۈنكى سەنشى ۋېنشىنىڭ شەرقىي شىمالى)غا تەيىنلىدى. بۆلۈنمە ھالەت كېلىپ چىقتى. كېيىن چۈۋۈنى ۋۇگۇڭ بىرلىككە كەلتۈردى. جىن شيەنگۇڭ مەركەزنى جياڭ شەھىرىگە (ھازىرقى سەنشى يىچېڭنىڭ شەرقىي جەنۇبى) كۆچۈرۈپ، ئەتراپىدىكى كىچىك بەگلىكلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن مۇنقەرز قىلدى. جىن ۋېنگۇڭ ئىچكىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، بەگلىكنى كۈچەيتىپ باش بەگ بولدى. جىن جىڭگۇڭ دەۋرىدە مەركەز شىنتيەن (بۈگۈنكى سەنشى چۈۋۈنىڭ غەربىي شىمالى)گە كۆچۈرۈلدى قىزىل دىلارنى قوشۇۋالغاچقا، زېمىنى بۈگۈنكى سەنشىنىڭ كۆپ قىسمى، خېبېينىڭ غەربىي جەنۇپ قىسمى، خېنەننىڭ شىمالى قىسمى بىلەن شەنشىنىڭ بىر بۇرجىكىگىچە كېڭىيىپ، خېلى كەڭ يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. چۇنچيۇ دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئالتە بەگلىك بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئۆزئارا بىر بىرىنى قوشۇۋالدى. م.ب. تۆتىنچى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جىن بەگلىكى خەن (韩)، جاۋ، ۋېي قاتارلىق ئۈچ بەگلىك تەرىپىدىن بۆلۈپ ئېلىندى.

(«سىخەي» 4188 ـ بەت)

[35] تەرەپ بېگى، يۆن بېگى (方伯) ـــ قەدىمكى بەگلەر بېگى بولۇپ، بىر تەرەپ (يۆن)نىڭ باشلىقى ئىدى. مىڭ چاقىرىمدىن يىراق يەرلەرگە تەرەپ بېگى قويۇلاتتى.

(«سىخەي» 3534 ـ بەت)

[36] جوۋخانى خۈيـۋاڭ (惠王)، م.ب. ? ـ 652 ـ يىللار) ــ شۈ
خۈچىنىڭ ئوغلى بولۇپ، 25 يىل (م.ب. 676 ـ 652 ـ يىللار غىچە) ھۆكۈم
سۈرگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 151 ـ بەت)

[37] شۈدەي (叔帶) ــ خۈيۋاڭنىڭ ئوغلى، شياڭۋاڭنىڭ ئانا باشقا
ئىنىسى. ئۇنىڭغا گەن (甘) دېگەن يەر سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەچكە، گەن
جاۋگۇڭ دېيىلگەن. گەنچېڭنىڭ ئورنى بۈگۈنكى خېنەن يىياڭ ناھىيىسىنىڭ
شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 153 ـ بەت)

[38] چى خۇەنگۇڭ (齐桓公، م.ب. ? ــ 643 ـ يىللار) جۇنچيۇ دەۋرىدىكى
چى بەگلىكىنىڭ بېگى. فامىلىسى جياڭ (姜)، ئىسمى شياۋبەي. چى شياڭ-
گۇڭنىڭ ئىنىسى. م.ب. 685 ــ 643 ـ يىللاردا ھۆكۈم سۈرگەن. شياڭگۇڭ
ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، جۇ (莒) بەگلىكىدىن قايتىپ كېلىپ، ھاكىمىيەتكە
ئىگە بولدى. گۇەن جۇڭنى خىزمەتكە سېلىپ، ئىسلاھات يۈرگۈزۈپ بەگلىكنى
كۈچەيتتى. يەن بەگلىكىگە ياردەم بېرىپ، شىمالىي رۇڭلارنى مەغلۇپ قىلدى.
شىڭ (邢)، ۋېي (卫) ئىككى بەگلىكنى شىمالىي رۇڭلاردىن قۇتقۇزۇپ،
رۇڭلارنىڭ جۇڭيۇەنگە بولغان ھۇجۇمىنى توختاتتى. جۇڭيۇەندىكى بەگلەر
بىلەن بىرلىشىپ، تسەي (蔡)، چۇ بەگلىكلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. چۇ بەگلىكى
بىلەن شاۋلىڭدا (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى يەنچېڭنىڭ شەرقىي شىمالى)
ئىتتىپاق تۈزدى. يەنە شەرقىي جوۋخانىدانىنىڭ ئىچكى پاراكەندىچىلىكىنى
تىنچىتتى. بەگلەرنى كۆپ قېتىم چاقىرىپ، ئىتتىپاق تۈزدى ۋە جۇنچيۇ دەۋ-
رىنىڭ بىرىنچى باش بېگى بولدى.

(«سىخەي» 4382 ـ بەت)

[39] گۇەن جۇڭ (管仲، م.ب. ? ــ 645 ـ يىللار) ــ گۇەن جىڭجۇڭمۇ
دېيىلىدۇ. جۇنچيۇ دەۋرىنىڭ دەسلەپكى سىياسىيونلاردىن. ئىسمى يىۋۇ.
يەنە بىر ئىسمى جۇڭ، يىڭشاڭلىق. چى خۇەنگۇڭغا ۋەزىر بولغان.

(«سىخەي» 4325 ـ بەت)

[40] شى پېڭ (隰朋) ــ چى بەگلىكىنىڭ تۆرىلىرىدىن بىرى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 152 ـ بەت)

[41] تاغا (舅氏) ــ جوۋخانلىقى خانى ۋۇۋاڭ چى بەگلىكىنىڭ بېگى

تەيگۇڭنىڭ قىزىنى ئېلىپ خانىش قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن جوۋخانى چى بەگلىرىنى «تاغا» دەپ ھۆرمەتلەيتتى. گۇەن جۇڭ چى بېگى خۇەنگۇڭنىڭ ئەلچىسى بولغاچقا، ھۆرمەتلەپ تەكەللۇپ يۈزىسىدىن «تاغا» دەپ خىتاپ قىلاتتى. جوۋ خانىدانى يات فامىلىلىك بەگلىكلەرنىڭ بەگلىرىنى «بەگ تاغا» دەپ ئاتايتتى. («تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 153 ـ بەت)

〔42〕 جېڭ بەگلىكى (郑) — قەدىمكى بەگلىك. جى (姬) فامىلىلىك. بەگلىكنىڭ قۇرغۇچىسى جوۋخانلىقى خانلىرىدىن شۈەنۋاڭنىڭ ئىنىسى جېڭ خۇەنگۇڭ (ئىسمى يوۋ 友) غا م.ب. 806 ـ يىلى جېڭ (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى خۇاشيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقى) سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن ئىدى. جوۋخانى يوۋۋاڭ ۋاقتىدا، شەرقىي جوۋخانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشىغا كۆزى يەتكەن خۇەنگۇڭ مال ـ مۈلكىنى، قەۋمىنى، بالا ـ چاقىلىرىنى پۈتۈن تىجارەتچىلەر بىلەن قوشۇپ، گو (虢) ۋە كۇەي (郐) دىيارى ئارىلىقىدىكى يەرلەرگە كۆچۈردى. جېڭ بەگلىكىنىڭ بېگى ۋۇگۇڭ بەگ بولغاندىن كېيىن، ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ، كۇەي ھەم شەرقىي گو بەگلىكلىرىنى يوقىتىپ، جېڭ بەگلىكىنى قۇرۇپ، شىنجېڭ (新郑) نى مەركەز قىلدى. جېڭ ۋۇگۇڭ، جۇاڭگۇڭلار جوۋپىڭۋاڭغا قارىدى. چۈنچيۇ دەۋرىنىڭ باشلىرىدا كۈچلۈك بەگلىك بولۇپ، كېيىن بارا ـ بارا ئاجىزلاشتى. م.ب. 375 ـ يىلى خەن (韩) بەگلىكى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىندى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 154 ـ بەت)

〔43〕 خۇا بەگلىكى (滑国) — قەدىمكى بەگلىك. جى (姬) فامىلىلىك. خۇا (ھازىرقى خېنەن سۇيشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا) دېگەن يەرنى مەركەز قىلغان. كېيىن مەركىزىنى فېي (费 ھازىرقى خېنەن يەنشىنىڭ غەربىي جەنۇبى) غا كۆچۈرگەن. فېيخۇا (费滑) مۇ دېيىلىدۇ. م.ب. 627 ـ يىلى چىن بەگلىكى تەرىپىدىن يوقىتىلغانىدى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 154 ـ بەت)

〔44〕 يوۋسۇن (游孙) — جوۋخانلىقى تۆرىلىرىدىن بىرى.

〔45〕 بەي فۇ (伯服) — جوۋخانلىقى تۆرىلىرىدىن بىرى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 154 ـ بەت)

〔46〕 تەن بو (谭伯) — جوۋ خانلىقى تۆرىلىرىدىن يۈەن بوماۋ (原伯毛) دۇر.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 154 ـ بەت)

www.uyghurkitap.com

[47] ھەنچېك (氾城) — ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 155 ـ بەت)

[48] ۋېن بەگلىكى (温国) — جوۋ خانلىقىنىڭ پايتەختى ئەتراپىدىكى بەگلىكلەردىن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 155 ـ بەت)

[49] خۇشبۇي شاراب (鬯酒) نەزىر ـ ئىبادەتلەر ۋاقتىدا ئىشلىتىدىغان — لالىگۈل سېلىپ تەييارلىغان خۇشبۇي شاراب.

(«سىخەي» 767 ـ بەت)

[50] خېنېي (河内) — قەدىمكى يەر ئىسمى. جۇنچيۇ ۋە يېغىلىق دەۋرىدە خۇاڭخېنىڭ شىمالى (دەريا ئىچى)، خۇاڭخېنىڭ جەنۇبى خۇەي (دەريا سىرتى) دېيىلەتتى.

(«سىخەي» 2083 ـ بەت)

[51] خېياڭ (河阳) — قەدىمكى ناھىيە. جۇنچيۇ دەۋرىدە جىن بەگلىكىنىڭ شەھىرى. خەن خاقانلىقى ناھىيە تەسىس قىلدى. ئورنى بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسى مېڭشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 155 ـ بەت)

[52] جيەنتۇ (践土) — قەدىمكى يەر ئىسمى. جۇنچيۇ دەۋرىدە جېڭ بەگلىكىگە قارايتتى. ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى يۈەنياڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدا. م.ب. 632 ـ يىلى جىن بېگى ۋېنگۇڭ جيەنتۇغا ئوردا بىنا قىلغۇزۇپ، بەگلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ھۆكۈمدارلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، ئىتتىپاق رەئىسى بولغانىدى.

(«سىخەي» 4504 ـ بەت)

[53] كۇڭ زى (孔子، م.ب. 551 — 479 ـ يىللار) — جۇنچيۇ دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى مۇتەپەككۇر، سىياسىيون، پېداگوگ، كۇڭفۇزىچىلىقىنىڭ ئىجادچىسى. ئىسمى چيۇ (丘)، يەنە بىر ئىسمى جۇڭنى (仲尼)، لۇ (鲁) بەگلىكىنىڭ زويى (陬邑) شەھىرى (بۈگۈنكى شەندۇڭ چۈفۇنىڭ شەرقىي جەنۇبى) دىن. ئەجدادى سۇڭ بەگلىكىنىڭ ئېسىلزادىلىرىدىنىدى.

(«سىخەي» 2562 ـ بەت)

[54] توققۇز ئىسرىقدان (九鼎) — قەدىمكى رىۋايەتلەرگە ئاساسەن، شيايۈ (夏禹) توققۇز ئىسرىقدان قۇيدۇرۇپ، توققۇز ئايماقنىڭ ھاكىمىيەت

سىمۋولى قىلىنغان. ئۈچ خانلىق ئۆتكەندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ تەۋەررۈك مىراسلىرى قىلىنغان. چىپك تاك ئىسرىقدانىنى شاكىي (商邑)غا، جوۋخانى ۋۇۋاڭ بولسا، (洛邑)لويى غا كۆچۈردى. چىن بەگلىكى، غەربىي جوۋخانلىقى نەنۋاڭ(赧王) پايتەختىنى كۆچۈرگەندىن كېيىن، غەربىي جوۋخانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، توققۇز ئىسرىقدانىنى قولغا چۈشۈردى. يۆتكىگىچىلىك بىرى سىشۈي دەرياسىغا چۈشۈپ كەتكەندى. قالغان سەككىزى ھەققىدە مەلۇمات يوق.

(«سىخەي» 147 ـ بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## تارىخي خاتىرىلەر 5 ـ جىلد

# چىن (秦) بەگلىرى تەزكىرىسى

**چىن** (秦) نىڭ ئەجدادى ـ قەبىلە ئاقساقىلى جۇەنشۈنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان قىز نۈشيۇ (女修). نۈشيۇ رەخت توقۇۋاتقاندا، ئالدىغا چۈشكەن قالىغاچنىڭ تۇخۇمىنى يەۋەتكەنلىكتىن، دايې (大业) ئىسىملىك بىر ئوغۇل تۇغۇدۇ. دايې ياش قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن، شاۋدىيەن (少典) نىڭ قىزى نۈخۇاغا ئۆيلىنىدۇ. نۈخۇادىن دافېي (大费) ئىسىملىك ئوغۇل تۇغۇلىدۇ. دافېي ئۆسۈپ چوڭ بولغاندىن كېيىن، يۈ (禹) بىلەن بىرلىكتە سۇنى تىزگىنلەپ، تۇپراقنى ساقلاپ قالىدۇ. بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن، قەبىلە ئاقساقىلى شۈن (舜) يۈگە قارا قاش تېشىدىن ئىشلەنگەن ئەسۋاپ (黑色圭) ئىنئام قىلىدۇ. يۈ ھۆرمەت بىلەن قوبۇل قىلىپ: «بۇ ئىشنى بىر ئۆزەم باشقا ئېلىپ چىققان ئەمەسمەن. بۇنىڭدا دافېينىڭ ياردىمىمۇ بار» دەيدۇ. قەبىلە ئاقساقىلى شۈن (舜): «شۈنداق، دافېي، سەن يۈنىڭ سۇنى تىزگىنلەش ۋە تۇپراقنى ساقلاپ قېلىشقا ياردەملىشىپ، خىزمەت كۆرسىتىپسەن، ئەمدى مەن ساڭا قارارەڭلىك توغ پۆپۈكى (黑色旒) ئىنئام قىلىمەن. سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ كۆپەيگەي ۋە روناق تاپقاي» دەيدۇ. شۈنىڭ بىلەن، ياۋ فامىلىلىك قىزنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بېرىدۇ. دافېي ھۆرمەت بىلەن قوبۇل قىلىپ ئالغاندىن كېيىن، قەبىلە ئاقساقىلى شۈننىڭ قۇش ۋە ھايۋانلارنى قولغا ئۈگىتىشكە ياردەم قىلىپ، نۇرغۇن قۇش ۋە ھايۋانلارنى كۆندۈرىدۇ.

بەي يى (柏翳) مانا شۇ ئىدى. قەبىلە ئاقساقىلى شۇن ئۇنىڭغا يىڭ (嬴) فامىلىسىنى ئىنئام قىلدۇ.

دافېي دالىيەن (大廉) يەنى نياۋسۇشى (鸟俗氏) ، يەنە رومۇ (若木) يەنى فېي شى (费氏) دەپ ئىككى ئوغۇل كۆرگەن. رومۇنىڭ چەۋرىسىنىڭ ئىسمى فېي چاڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىنىڭ بەزىلىرى ئوتتورا جۇڭگودا، بەزىلىرى دىيار تەرەپتە تۇراتتى. فېي چاڭ (费昌) بولسا، شيا خانلىقى خانى جې (桀) دەۋرىدە، شيا خانىنى جېدىن يۈز ئۆرۈپ، شاڭ (商) خانلىقىغا بېقىنىپ، شاڭ خانى چېڭ تاڭ (成汤)[1] نىڭ ھارۋىسىنى ھەيدىسىدى. مىڭتياۋ (鸣条) دا، شيا خانى جېنى مەغلۇپ قىلدى. دالىيەننىڭ چەۋرىسى مېڭشى جۇڭيەن (中衍)[2] بولۇپ، ئۇنىڭ كۆكرىكى قۇشقا ئوخشايدىكەن، ئەمما ئادەمدەك سۆزلەيدىكەن. شاڭ خانى تەيۇۋ (太戊)[3] ئۇنى ھارۋىكەش قىلماقچى بولۇپ، پال سالدۇرۇپ كۆرگەندى. پال چوڭ ياخشىلىقتىن بىشارەت بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن شاڭ خانى ئۇنى ھارۋىكەشلىككە سالغان ۋە خوتۇن ئېلىپ بېرىپ، ئۆيلۈك-ئوچاقلىق قىلىپ قويغان. شاڭ خانى تەيۇۋ زامانىدىن باشلاپ، جۇڭ يەننىڭ ئەۋلادى ئەۋلاددىن-ئەۋلادقا شاڭ (يىن) خانلىقىدا خانغا نائىب بولۇپ، خىزمەت كۆرسەتتى. يىڭ فامىلىلىكلەر ئەۋلاددىن نۇرغۇن مۆتىۋەرلەر چىقىپ بەگ بولدى.

جۇڭيەننىڭ جۇڭيۈ (中潏) ئىسىملىك چەۋرىسى غەربىي رۇڭلار ئارىسىدا تۇرۇپ، شىچۈي (غەرب-西垂) دائىرىسىنى قوغدايتتى. ئۇنىڭ فېي ليەن[4] ئىسىملىك ئوغلى بولۇپ، فېي ليەننىڭ ئې لەي (恶来)[5] نامىلىق قابىل ئوغلى بار ئىدى. فېي ليەن شاتۇر بولغاچقا، ئاتابالا ئىككەيلەن مىسلىسىز غەيرەت بىلەن شاڭ (يىن) خانى جوۋ (纣) غا خىزمەت قىلدى. جوۋ (周) بېگى ۋۇۋاڭ (周武王) لەشكەر تارتىپ، شاڭ (يىن) خانى جوۋ (纣) ئۈستىگە يۈرۈش قىلغاندا،

ئۆي لەينى ھەم ئۆلتۈردى. بۇ چاغدا فېي لىيەن شاڭ (يىن) خانى جوۋ (纣)نىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە شىمالغا كەتكەن بولۇپ، ئۇ قايتىپ كەلگىنىدە جوۋ (纣) ئۆلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن فېي لىيەن ئۇنىڭ ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقلىرىغا جاۋاپ قايتۇرالمىدى. ئۇ خوتەيشەن[6] تېغى ئۈستىگە زىيارەتگاھ سالدۇرۇپ، جوۋ (纣)نى يوقلاپ چىققاندا، بىر تاش تاۋۇت ئۇچرايدۇ. تاۋۇتتا: «تەڭرى چۇفۇ[7] غا شاڭ (يىن) خانلىقى ئىچىدىكى قالايمىقانچىلىقتا قاتنىشىشنى بۇيرۇمىغان. تاش تاۋۇت ساڭا تەقدىم قىلىندى. بۇ ئەۋلادلىرىڭغا ئۇلۇغلۇق بېغىشلىغاي» دېگەن خەت يېزىلغان ئىكەن. فېي لىيەن ئۆلگەندىن كېيىن، خو تەيشەن تېغىغا دەپنە قىلىنغان. فېي لىيەننىڭ يەنە جى شېڭ (季胜) ئىسىملىك ئوغلى بولۇپ، جى شېڭنىڭ ئوغلى مېڭ زېڭ (孟增) جوۋ (周)خانى چېڭۋاڭنىڭ ئەتىۋارلىشىغا سازاۋەر بولىدۇ. جەي گاۋلاڭ (宅皋狼)[8] مانا شۇ ئىدى. گاۋلاڭنىڭ ئوغلى خېڭ فۇ (衡父)، خېڭ فۇنىڭ ئوغلى زاۋفۇ (造父)[9] بولۇپ، ئۇ هارۋا ھەيدەشكە ئۇستا بولغانلىقى ئۈچۈن، جوۋ خانى مۇۋاڭ (周缪王)نىڭ ئەتىۋارلىشىغا سازاۋەر بولغانىدى. مۇۋاڭ جى (骥)، ۋېن لى (温骊)، خۇاليۇ (骅骝)، لۇئېر (騄耳) ناملىق ئېسىل تۆت ئاتقا ئېرىشىپ، غەرب تەرەپنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە چىقىدۇ، خۇشاللىقىدىن قايتىشنى ئۇنتۇدۇ، شۇ يەنۋاڭ (徐偃王)[10] ئاسىيلىق قىلىپ ئىسيان كۆتەرگەندە، زاۋفۇ مۇۋاڭنىڭ هارۋىسىنى ھەيدەپ، ئۇچقاندەك جوۋ (周)خانلىقىنىڭ قارارگاھىغا قايتىپ كېلىدۇ. مۇۋاڭ دەرھال ئىسياننى بېسىقتۇرىدۇ. شۇ سەۋەپتىن، مۇۋاڭ جاۋچېڭ (赵城)[11] شەھىرىنى زاۋفۇغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىدۇ. زاۋفۇنىڭ ئەۋلادى شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، جاۋ (赵氏) فامىلىسىنى ئالىدۇ. فېي لىيەننىڭ ئوغلى جى شېڭدىن كېيىن بەش قەنە ئۆتۈپ، زاۋفۇ زامانىغا قەدەر جاۋ ئۇرۇغى جاۋ چېڭ شەھىرىدە ياشاپ كەلگەن. جاۋشۇي (赵衰)

ئەنە شۇ زاۋفۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادىدۇر. ئې لەيگې (恶来革) مۇ فېي لىيەننىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ بۇرۇنلا ئۆلۈپ كېتىپ، نۈ فاڭ (女防) ئىسىملىك ئوغلى قالغانىدى. نۈ فاڭ پاڭ گاۋ (旁皋) ئىسىملىك ئوغۇل كۆردى. پاڭ گاۋنىڭ ئوغلى تەي جى (太几)، تەي جىنىڭ ئوغلى دالۇ (大骆)، دالۇنىڭ ئوغلى فېي زى (非子) لار زاۋفۇنىڭ ئەتىۋارلىنىشى تۈپەيلى، ئۇلار ھەممىسى ئۆزلىرىنى جاۋ چېڭ شەھىرىلىك جاۋ ئۇرۇغى دەۋالغانىدى.

فېي زى چۈەنچيۇ (犬丘)[12] دا تۇرغان. ئۇ ئات ۋە باشقا ئۆي ھايۋانلىرىنى ياخشى كۆرگەچكە، ئۇلارنى ئاسراش، بېقىشقا ماھىر ئىدى. چۈەنچيۇلۇقلار فېي زىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جوۋخانى شياۋۋاڭغا[13] مەلۇم قىلدۇ. جوۋ خانى شياۋۋاڭ ئۇنى قوبۇل قىلىپ، چيەنشۈي[14]، ۋېيشۈي[15] دەريالىرى ئارىلىقىدىكى رايوندا ئات بېقىش خىزمىتىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىگەچكە، ئات كۆپىيىپ كېتىدۇ. جوۋ خانى شياۋۋاڭ فېي زىنى دالۇنىڭ رەسمىي خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ئوغلى قىلىپ بېكىتمەكچى بولىدۇ. شېن خۇ بېگىنىڭ قىزى دالۇنىڭ رەسمىي خوتۇنى بولغاچقا، ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان بالا چېڭ (成) رەسمىي خوتۇننىڭ ئوغلى بولۇشى كېرەك ئىدى. شېن خۇ بېگى شياۋۋاڭغا ئەرز بايان قىلىپ: «بۇۋىمىز لىشەن تېغىدىن ئۆيلىنىپ، ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان قىزنى رۇڭ شۈشۈەنگە[16] ياتلىق قىلغان، ئۇنىڭدىن جۇڭ جۇ تۇغۇلغانىكەن. ئۇ تۇققانچىلىق تۈپەيلىدىن، جوۋ (周) خانلىقىغا ئەل بولۇپ، شىچۇينى[17] قوغدىغان. شىچۇي خەلقى شۇنىڭ بىلەن ناھايىتى ئىناق ئۆتكەن ئىكەن. ئەمدى مەن يەنە قىزىمنى دالۇغا ياتلىق قىلدىم. ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان ئوغۇل چېڭدۇر. شېن، لۇ ئائىلىلىرى ئىككى قېتىم قۇدىلاشتى. بۇنىڭدىن غەربىي رۇڭلار ئىنتايىن رازى بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزلىرى خان بولالىدىلا، خانىنىڭ كۆپرەك ئويلىشىپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەندە، شياۋۋاڭ:

«ئۆتكەندە، بەي يى چوڭ ئاقساقال شۇنىڭ چارۋامالىلىرىنى باشقۇرغان، چارۋا ماللار كۆپىيىپ كەتكەچكە، شۇن ئۇنىڭغا سۇيۇرغال بەردى ۋە يىڭ (嬴) فامىلىسىنى ئىنئام قىلدى. ئەمدىلىكتە، ئۇنىڭ ئەۋلادى ماڭا ئات كۆپەيتىپ بېرىۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭغا سۇيۇرغال بېرىپ، ئۇنى ئۆزەمگە ئەل قىلىۋېلىشىم كېرەك»دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن فېيزىغا چىنيى (秦邑)[18] دېگەن يەرنى ئىنئام قىلىپ، ئۇنى يەنە داۋاملىق يىڭ ئۇرۇغى ئۈچۈن نەزىر-چىراق قىلدۇرغان ۋە ئۇنى چىن يىڭ دەپ ئاتىغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شېن خوۋنىڭ قىزىدىن تۇغۇلغان بالا چېڭ (成)نىڭ دالۇغا رەسمىي ئوغۇل ئىكەنلىكىنى بىكار قىلمىغان ھەمدە غەربىي رۇڭ قەۋمى بىلەن ئىناق ئۆتكەن.

چىن يىڭنىڭ بالىسى چىن خوۋ بولۇپ، ئۇ تەختكە چىقىپ ئون يىلدىن كېيىن ئۆلىدۇ. ئۇنىڭدىن گۇڭ بو ئىسىملىك بالا قالىدۇ. گۇڭ بو تەختكە چىقىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۆلۈپ، ئۇنىڭدىن چىن جۇڭ ئىسىملىك ئوغۇل قالىدۇ. چىن جۇڭ ئۈچ يىل دەۋر سۈرىدۇ. جوۋ خانى لىۋاڭ[19] زالىم بولغانلىقى ئۈچۈن، بەگلەرنىڭ بەزىلىرى ئىسيان كۆتىرىدۇ. غەربىي رۇڭلار خاندانغا ئاسىيلىق قىلغاچقا، دالۇنىڭ چۈەنچيۇدىكى ئەۋلاتلىرى يوقىتىلىدۇ. جوۋ خانى شۈەنۋاڭ[20] تەختكە چىققان ھامان چىن جۇڭنى تۆرە قىلىپ تەيىنلەيدۇ ۋە لەشكەر تارتىپ غەربىي رۇڭلار ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلىدۇ. غەربىي رۇڭلار چىن جۇڭنى ئۆلتۈرىدۇ. چىن جۇڭ 23 يىل دەۋر سۈرۈپ، ئاخىرى غەربىي رۇڭلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. چىن جۇڭنىڭ بەش ئوغلى بولۇپ، چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى جۇاڭگۇڭ (庄公)[21] ئىدى. جوۋ خانى شۈەنۋاڭ جۇاڭگۇڭ ئاكا-ئۇكا بەشەيلەننى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا 700 كىشىلىك قوشۇن بېرىپ، بۇ ئاكا-ئۇكىلارنى غەربىي رۇڭلار ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. غەربىي رۇڭلار مەغلۇپ



www.uyghurkitap.com

بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شۋەنزۇڭ جۇاڭگۇڭغا ئىنئام بېرىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ بوۋىسى دالۇغا سۇيۇرغال قىلىنغان يەر چۇەنچيۇنى پۈتۈنلەي ئۇنىڭغا بېرىدۇ ۋە شىچۇي تۆرىسى قىلىپ بەلگىلەيدۇ.

ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالغان غەربىي چۇەنچيۇدا تۇرغان جۇاڭگۇڭ ئۈچ ئوغۇل كۆرىدۇ. چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى شى فۇ بولۇپ، ئۇ: «رۇڭلار بوۋام چىن جۇڭنى ئۆلتۈردى. مەن رۇڭ خانىنى ئۆلتۈرمەستىن، چىنيى شەھىرىگە كىرمەيمەن» دەپ رۇڭلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىق قىلىدۇ. ۋەلىئەھدلىكنى ئىنىسى شياڭگۇڭغا ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شياڭگۇڭ ۋەلىئەھد بولىدۇ. جۇاڭگۇڭ 44 يىل (م.ب.821 ـ 778 ـ يىللار) ھۆكۈم سۈرۈپ ئۆلىدۇ. ۋەلىئەھد شياڭگۇڭ تەختكە چىقىدۇ. شياڭگۇڭ تەختكە چىقىپ، م. ب. 777 ـ يىلى (شياڭگۇڭنىڭ بىرىنچى يىلى) سىڭلىسى مۇيىڭنى فېڭ ۋاڭغا ياتلىق قىلىدۇ. شياڭگۇڭنىڭ ئىككىنچى يىلى (م. ب. 776 ـ يىلى) رۇڭلار چۇەنچيۇنى قورشىۋالىدۇ. شى فۇ لەشكەر تارتىپ چىقىپ ئۇرۇشۇپ، رۇڭلارغا ئەسىر چۈشىدۇ. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن، شى فۇ قويۇپ بېرىلىپ، يەنە قايتىپ كېلىدۇ. م. ب. 771 ـ يىلى (شياڭگۇڭنىڭ يەتتىنچى يىلى) ئەتىيازدا، جوۋخانى يوۋۋاڭ باۋسىنىڭ سۆزى بىلەن يىجيۇنى ۋەلىئەھدلىكتىن ئېلىپ تاشلاپ، باۋسىنىڭ ئوغلى بەي فۇنى ۋەلىئەھد قىلىپ تەيىنلەيدۇ. بەگلەرنى بىر نەچچە قېتىم ئالدىغاچقا، بەگلەر ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ. غەربىي رۇڭلاردىن بولغان چۇەنرۇڭلار شېن خوۋ بىلەن بىرلىكتە لەشكەر تارتىپ كېلىپ، جوۋ خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە لىشەن تېغى ئېتىكىدە جوۋخانى يوۋۋاڭنى ئۆلتۈرىدۇ. لېكىن چىن بېگى شياڭگۇڭ لەشكەر تارتىپ كېلىپ، جوۋ خانىدانىنى قۇتۇلدۇرۇپ خىزمەت كۆرسىتىدۇ، جوۋ خانلىقى چۇەنرۇڭلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قېچىپ، شەرققە ـ لويى شەھىرىگە كۆچىدۇ. شياڭگۇڭ قوشۇن بىلەن چىقىپ، جوۋخانى پىڭۋاڭ (يىجيۇ)

www.uyghurkitap.com

لى ئۇزىتىپ قويىدۇ. جوۋپىڭۋاڭ شياڭ گوڭنى بەگ قىلىپ تەيىنلەپ، چى دېگەن يەرنىڭ غەربىدىكى جايلارنى ئۇنىڭغا ئىنئام قىلىدۇ. جوۋخانى پىڭۋاڭ: «رۇڭلار زوراۋانلىق بىلەن چى، فېڭ دائىرىسىدىكى يەرلىرىمىزنى ئىشغال قىلىۋالدى. چىن بەگلىكى ئەگەر رۇڭلارنى قوغلاپ چىقىرالىسا، ئۇ، شۇ جايلاردىن بەھرىمەن بولالايدۇ» دېدى ۋە شياڭگوڭ بىلەن قەسەمىيات قىلىشىپ ئەمەلدە ئۇنىڭغا بەگ ئۇنۋانى بەردى. شياڭگوڭ شۇنىڭ بىلەن بەگلىك قۇرۇشقا باشلىدى. بەگلىكلەر ئارىسىدىكى ئۆز ئارا ئەلچىلەر ئەۋەتىش ۋە تەكرى خانغا سوغا-سالاملار ھەدىيە قىلىش قاتارلىق قائىدە-يوسۇنلارغا قاتناشتى. شۇڭا، غەرب نەزىر گاھلىقىدا[22] تەكرى يولىدا قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئۈچ تورۇق ئات، ئۈچ سېرىق كالا، ئۈچ قوشقار بېرىلدى. م. ب. 766-يىلى (شياڭگوڭنىڭ 12-يىلى) ئۇ رۇڭلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ، چى دېگەن يەرگە بارغاندا ۋاپات قىلدى. بۇ شياڭگوڭنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بەگ بولغان ۋېنگوڭ ئىدى.

م. ب. 765-يىلى (ۋېنگوڭنىڭ بىرىنچى يىلى) ۋېنگوڭ شىچۇ قەسىردە تۇراتتى. م. ب. 763-يىلى (ۋېنگوڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ۋېنگوڭ 700 ئەسكەر بىلەن شەرققە شىكارغا چىقتى. م. ب. 762-يىلى (ۋېنگوڭنىڭ تۆتىنچى يىلى) چيەنشۈي، ۋېيشۈي دەريالىرىنىڭ قوشۇلغان جايىغا باردى. ۋېنگوڭ: «ئۆتمۈشتە جوۋ خانى شياۋ ۋاڭ بوۋام چىن يېڭىغا ئىنئام قىلغان سۈيۈرغال يەرمۇشۇ، ئاخىرى بەگلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشتۇق» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پال سېلىپ، تۇرالغۇ جاي تاللىغان ئىدى. پالدا بۇ يەرگە ئولتۇراقلىشىش ئىنتايىن ياخشى بولۇپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، بۇ يەرگە شەھەر بىنا قىلدۇردى. م. ب. 756-يىلى (ۋېنگوڭنىڭ ئونىنچى يىلى) فۇ (鄜) نەزىر گاھلىقىنى[23] ياساشقا باشلىدى. ئات، كالا، قوي سويۇپ نەزىر قىلدى. م. ب. 753-يىلى (ۋېنگوڭنىڭ 13-يىلى) دىن باشلاپ، تارىخ ئەمەلدارى

ئەلنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى خاتىرىلەشكە باشلىدى. خەلقنىڭ كۆپچىلىكى تەلىم-تەربىيىگە ئېرىشتى. م. ب. 750-يىلى (ۋېنگوڭنىڭ 16-يىلى) ۋېنگوڭ لەشكەر تارتىپ، رۇڭلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. رۇڭلار يېڭىلدى. شۇنىڭ بىلەن ۋېنگوڭ جوۋ خاندانىدىن قېلىپ قالغان خەلقنى توپلاپ ئۆز قارىمىقىغا ئالدى. چىن زېمىنى چى يەرلىرىگە ئۇلاشتى. ئۇنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنى جوۋ (周) تەڭرى خانىغا تەقدىم قىلدى. م. ب. 747-يىلى (ۋېنگوڭنىڭ 19-يىلى) چېن باۋ[25] غا ئېرىشتى. م. ب. 746-يىلى (ۋېنگوڭنىڭ 20-يىلى) ئۈچ ئەۋلادىنى قوشۇپ ئۆلتۈرۈش جازاسى قانۇنىغا كىرگۈزۈلدى. م. ب. 739-يىلى (ۋېنگوڭنىڭ 27-يىلى) ۋېنگوڭ ئادەم ئەۋەتىپ، نەنشەن تېغىدىن چوكا دەرىخى كەستۈردى. دەرەخلىقتىن چوڭ بىر كۆك كالا چىقىپ، فېڭشۈي دەرياسىغا چۈشۈپ، غايىپ بولدى. كۆپچىلىك: «بۇ چوكا دەرىخى ئىلاھىسى» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ۋېنگوڭ ئۇنىڭغا ئاتاپ نۇتې (怒特) ئىبادەتخانىسىنى سالدۇرۇپ، نەزىر قىلدى. م. ب. 718-يىلى (ۋېنگوڭنىڭ 48-يىلى) ۋېنگوڭنىڭ ۋەلىئەھدى ئۆلگەچكە، ئۇنىڭغا جىڭگوڭ (靖公) دەپ شەرەپ نامى بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن ۋېنگوڭنىڭ چوڭ نەۋرىسى يەنى جىڭگوڭنىڭ چوڭ ئوغلى ۋەلىئەھد بولدى. م. ب. 716-(ۋېنگوڭنىڭ 50-) يىلى ۋېنگوڭ ئۆلۈپ، شىشەن[25] تېغىغا دەپنە قىلىندى. جىڭگوڭنىڭ چوڭ ئوغلى تەختكە چىقتى. نىڭگوڭ (宁公) شۇ ئىدى.

م. ب. 714-يىلى (نىڭگوڭنىڭ ئىككىنچى يىلى) نىڭگوڭ پايتەختنى پىڭياڭغا[26] كۆچۈردى ۋە لەشكەر چىقىرىپ، داڭشېغا[27] ھۇجۇم قىلدى. م. ب. 713-يىلى (نىڭگوڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى)، نىڭگوڭ لەشكەر تارتىپ، بوۋاڭ بىلەن ئۇرۇشتى. بوۋاڭ مەغلۇپ بولۇپ، رۇڭلار ئىچىگە قاچتى. نىڭگوڭ داڭشېنى يوقاتتى. م. ب. 712-يىلى (نىڭگوڭنىڭ تۆتىنچى يىلى)

لۇ[28] بەگلىكىدە گۇگزى خۇي[29] لۇبېگى يىنگۇڭنى[30] ئۆلتۈردى. م. ب. 704 ـ يىلى (نىڭگۇڭنىڭ 12 ـ يىلى) نىڭگۇڭ لەشكەر تارتىپ داڭشىغا ھۇجۇم قىلدى ۋە بۇ جاينى ئىگەللىدى. نىڭگۇڭ ئۇن يېشىدا تەختكە چىقىپ، 12 يىلدىن كېيىن ئۆلدى. ششەن تېپىغىغا دەپنە قىلىندى. نىڭگۇڭنىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، چوڭ ئوغلى ۋۇگۇڭ ۋەلىئەھد بولدى. ۋۇگۇڭ بىلەن ئىنىسى دېگۇڭنىڭ ئانىسى بىر بولۇپ، ئۇلار لۇ بەگلىكىدىن بولغان كىچىك ئاغىچىدىن تۇغۇلغان، باشقا بىر ئانىدىن چۇزى تۇغۇلغان ئىدى. نىڭگۇڭ ئۆلگەندىن كېيىن، چوڭ تۆرە بەگ[31] فۇجى، ۋېي لۇ، سەن فۇ قاتارلىقلار ۋەلىئەھدنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، چۇزىنى ھۆكۈمدار قىلىپ تىكلىدى. م. ب. 698 ـ يىلى (چۇزىنىڭ ئالتىنچى يىلى) سەن فۇ قاتارلىقلار بىرلىكتە ئادەم ئەۋەتىپ، چۇزىنى ئۆلتۈردى. چۇزى بەش يېشىدا تەختكە چىقىپ، ئالتە يىلدىن كېيىن ئۆلتۈرۈلدى. سەن فۇ قاتارلىقلار بۇرۇنقى ۋەلىئەھد ۋۇگۇڭنى ھۆكۈمدار قىلىپ تىكلىدى.

م. ب. 697 ـ يىلى (ۋۇگۇڭنىڭ بىرىنچى يىلى) ۋۇگۇڭ لەشكەر تارتىپ، پېڭ ششى[32] ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، خۋاشەن[33] تېغى ئېتىكىگە باردى. قايتىپ كېلىپ، پىڭياڭ شەھىرىنىڭ فېنگۇڭ قەسرىدە تۇردى. م. ب. 695 ـ يىلى (ۋۇگۇڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ۋۇگۇڭ سەن فۇ قاتارلىقلارنى ئۆلتۈردى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۈچ ئەۋلادىغىچە يوقاتتى. سەۋەبى، ئۇلار چۇزىنى ئۆلتۈرۈشتەك چوڭ جىنايەت قىلىغانىدى. شۇ يىلى جېڭ بەگلىكىدە تۆرە گاۋچۈمى[34] بەگلىكىنىڭ ھۆكۈمدارى جاۋگۇڭنى[35] ئۆلتۈردى. م. ب. 688 ـ يىلى (ۋۇگۇڭنىڭ ئونىنچى يىلى) ۋۇگۇڭ لەشكەر تارتىپ، گۇيرۇڭ[36]، جىرۇڭلار[37] ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ، ئۇلارنى يوقىتىپ، بۇ ئىككى جايدا ناھىيە تەسىس قىلىشقا باشلىدى. م. ب. 687 ـ يىلى (ۋۇگۇڭنىڭ 11 ـ يىلى) يەنە دۇ[38]، جېڭ[39] دېگەن ئىككى جاي ناھىيىگە ئۆزگەرتىلدى ھەمدە

شياۋگوۋ[40] يوقىتىلدى...

(ئەسلى كىتاب 173 ـ 182 ـ بەتلەر)

* * *

رۇڭ خانى يۇيۇكنى[41] چىن بەگلىكىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. يۇيۇكنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى جىن بەگلىكىدىن بولۇپ، سەرسانلىقتا رۇڭ ئېلىگە بېرىپ قالغانىدى. شۇڭا يۇيۇك جىن بەگلىكىنىڭ تىلىدا سۆزلىيەلەيتتى. رۇڭ خانى چىن بېگى مۇگۇڭنىڭ[42] ئەخلاق ـ پەزىلىتى ياخشى دەپ ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن، يۇيۇكنى چىن بەگلىكىنى زىيارەت قىلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. مۇگۇڭ يۇيۇكقا ئۆزىنىڭ قەسر ـ ئايۋانلىرىنى ۋە خەزىنىسىدە توپلانغان ئاشلىق، قورال ـ جابدۇقلارنى كۆرسەتتى. بۇلارنى كۆرگەن يۇيۇك: «ئەگەر بۇنى جىن ـ ئەرۋاھلار قىلغان بولسا، ئۇلارمۇ چارچىغان بولاتتى؛ ئەگەر خەلق قىلغان بولسا، خەلق ئىنتايىن ئازاپ تارتىپتۇ» دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ھەيران بولغان مۇگۇڭ: «ئوتتۇرا جۇڭگودىكى بەگلىكلەر ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى ”نەزمنامە“، ”ئەدەپنامە“، ”نەغمىنامە“ ۋە قانۇن ئاساسلىرى بويىچە بىر تەرەپ قىلىدىكەن. لېكىن ھەمىشە يەنە ئىسيان چىقىپ تۇرىدىغۇ؟ ھازىر رۇڭلارغا ئوخشاش يات قەۋملەردە بۇ ئىشلار يوق. ئۇلار نېمە ئارقىلىق ئەلنى باشقۇرىدۇ؟ بۇ تەس گەپ ئەمەسمۇ؟» دەپ سورىدى. يۇيۇك كۈلۈپ كېتىپ: «ئوتتۇرا جۇڭگودىكى بەگلىكلەردە ئىسيان تۇغۇلۇشىنىڭ سەۋەبى دەل مانا مۇشۇ. ئەخلاق ـ پەزىلىتى يۈكسەك بولغان دانىشمەن خۇاڭدى قائىدە ـ قانۇننى تۈزۈپ، مۇزىكا ئىشلىرىنى يولغا قويۇپ ھەمدە ئۇنى ئۆزىگە تەتبىقلاپ، خەلققە ئۈلگە كۆرسەتكەن ھالدىمۇ، مەملىكەتنى ئاران ـ ئاران تىنچىتالىغان. كېيىنكىلەر كۈندىن ـ كۈنگە ئەيشى ـ ئىشرەت، كەيپى ـ ساپاغا بېرىلىپ تۇرمۇش كەچۈردى، قانۇن ـ تۈزۈملەرنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە تايىنىپ، پۇقرا ۋە ۋەزىرلەرگە نازارەتچىلىك

قىلدى ھەم جازالىدى. پۇقرا ۋە ۋەزىرلەر چارچاپ ھالىدىن كەتتى. ئۇلارنىڭ ئازاپ-ئوقۇبىتى چېكىگە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن مېھرىۋانلىق، ئىنساپ تاشلاپ قويۇلدى، دەپ خاندىن نەپرەتلىنىدى. بۇ سەۋەپتىن، يۇقرى بىلەن تۆۋەن ئوتتۇرىسىدا كۆرەش، ئۆچمەنلىك پەيدا بولۇپ، ھۆكۈمدارنىڭ ئورنىنى تارتىۋالىدىغان، ھۆكۈمدارنى ئۆلتۈرىدىغان بالايى-ئاپەتلەر تۇغۇلدى. ھەتتا پۈتكۈل جەمەتى قىرىپ يوقىتىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە مانا شۇلار سەۋەپ بولغان. رۇڭ ئەللىرىدە ئەھۋال مۇنداق ئەمەس. ھۆكۈمدار ۋەزىرلەرگە مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ۋەزىرلەر ھۆكۈمدار ئۈچۈن ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلىدۇ. پۈتكۈل ئەلنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى خۇددى ئۆزىنى باشقۇرغاندەك باشقۇرىدۇ. ئىشنى تەبىئى يوسۇندا ساپ باشقۇرىدۇ. ئارتۇقچە تەدبىر قوللىنىپ ئولتۇرمايدۇ. بۇ خۇددى ئەۋلىيالارنىڭ خالىس ئىدارىچىلىك دىگىنىگە ئوخشاپ كېتىدۇ» دېدى. شۇ ۋەقەدىن كېيىن مۇگۇڭ دىۋان بېگى لىياۋدىن: «خوشنا ئەلدىن دانىشمەن چىقسا، ئۇنىڭغا رەقىپ بولغان ئەلگە بالايى-ئاپەت كېلىدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم. مانا ئەمدى يۇيۇك ئەنە شۇنداق دانىشمەن بولغانلىقى ئۈچۈن، ماڭا ئاپەت بولۇۋېتىپتۇ. قانداق قىلىشىم كېرەك؟» دەپ سورىغانىدى، دىۋان بېگى لىياۋ: «رۇڭ خانى خىلۋەت-ياقا جايدا تۇرىدۇ. ئوتتۇرا جۇڭگودىكى بەگلىكلەرنىڭ نەغمە-ناۋالىرىنى ئاڭلاپ باققان ئەمەس. جاناپلىرى ئۇنىڭغا سازەندە قىزلارنى ھەدىيە قىلىپ، رۇڭ خانىنىڭ ئىرادىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەيلا. يۇيۇك نەسىھەتگۈيلىقىنى قىلىۋەرسۇن، بىز ئۇلارنىڭ ئارىسىنى بۇزايلى؛ يۇيۇكنى ياندۇرماي تۇتۇپ قالايلى، ئۇنىڭ قايتىپ بارىدىغان قەرەلى ئۆتۈپ كەتسۇن. رۇڭ خانى ئەجەپلىنىپ يۇيۇكتىن چوقۇم گۇمانلىنىدۇ. ھۆكۈمدار بىلەن ئەمەلدارنىڭ ئوتتۇرىسىنى يىراقلاشتۇرساق، ئاندىن ئۇلارنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، رۇڭ خانى سازەندە قىزغا قىزىقىپ كەتسە، ھۆكۈ-
مەت ئىشىنى چوقۇم قايرىپ قويىدۇ» دەپ مەسلىھەت بەردى.
مۇگۇڭ: «خوپ» دېدى. شۇنداق قىلىپ، مۇگۇڭ يويۇك بىلەن زىيا-
پەتتە بىللە بولىدۇ. مۇگۇڭ ئۆزقولى بىلەن يويۇكنىڭ ئالدىغا چوكا-
تەخسىلەرنى قويۇپ، يويۇك بىلەن بىللە تاماق يەيدۇ ۋە رۇڭ
ئېلىنىڭ يەرشەكلى، ئەسكىري كۈچىنى سوراپ بىلىۋالىدۇ. ئاندىن
دىۋان بېگى لياۋغا 16 نەپەر سازەندە قىز ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى
رۇڭ خانىغا ھەدىيە قىلىشنى بۇيرۇيدۇ. رۇڭ خانى مەمنۇنىيەت
بىلەن قوبۇل قىلىپ، سازنى بىر يىل ئاڭلىغان بولسىمۇ، قىزلارنى
قايتۇرۇۋەتمەيدۇ. چىن بەگلىكى يويۇكنى شۇ چاغدىلا قايتۇرىدۇ.
يويۇكنىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىگە رۇڭ خانى قۇلاق سالمايدۇ. مۇگۇڭ
پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بىر نەچچە قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ يويۇكنى
تەكلىپ قىلىدۇ. يويۇك ئاقىۋەت رۇڭ خانىدىن يۈز ئۆرۈپ، چىن
بەگلىكىگە تەسلىم بولىدۇ. مۇگۇڭ يويۇكنى ھۆرمەت بىلەن كۈتۈپ
ئالىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن رۇڭ ئېلى ئۈستىگە يۈرۈش قىلىشنىڭ تەدبىر-
لىرىنى سورايدۇ...

* * *

م. ب. 623-يىلى (مۇگۇڭنىڭ 37-يىلى) چىن بېگى مۇگۇڭ يويۇكنىڭ
پىلانى بويىچە ئەسكەر چىقىرىپ، رۇڭ خانى ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ،
12 ئەلنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، 1000 چاقىرىملاپ يەر ئاچىدۇ. شۇنىڭ
بىلەن غەربىي رۇڭ ئەللىرىگە ھۆكۈمران بولىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت
بىلەن جوۋخانى شياڭۋاڭ مۇگۇڭغا جاۋگۇڭگۇنى ئەۋەتىپ، ئالتۇن
دۇمباق ھەدىيە قىلىپ تەبرىكلەيدۇ. م. ب. 621-يىلى (مۇگۇڭنىڭ
39-يىلى) مۇگۇڭ ۋاپات قىلىپ، يوڭ (雍)[43] دېگەن جايغا دەپنە
قىلىنىدۇ. ئۇنىڭغا 177 ئادەم قوشۇپ كۆمۈلگەن بولۇپ، چىن بەگ-
لىكىنىڭ دانىشمەن تۆرىسى زى يۈشىنىڭ[44] يەن شى، جۇڭ خاڭ،

جىن خۇ ئىسملىك ئۈچ ئوغلىمۇ مۇگۇڭغا قوشۇپ كۆمۈلگەنىدى، ئادەتتىن تاشقىرى قايغۇرغان چىن بەگلىكىنىڭ خەلقى «سېرىق قۇش- قاچ»[45] قوشىقىنى توقۇپ، ئۇنى كۈيلىگەنىدى... مۇگۇڭنىڭ 40 ئوغلى بولۇپ، ۋولىئەھد يوق تەختكە چىقتى. كاڭگۇڭ (康公) مانا شۇ ئىدى...

(ئەسلى كىتاب 194 ـ 195 ـ بەت)

م. ب. 475 ـ يىلى (لىگۇڭگۇڭنىڭ[46] ئىككىنچى يىلى) شۇ (蜀) ئېلى ئادەم ئەۋەتىپ سوغا ـ سالام يوللايدۇ. م. ب. 461 ـ يىلى (لىگۇڭ- گۇڭنىڭ 16 ـ يىلى) لىگۇڭگۇڭ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ بويىغا خەندەك قازدۇرۇپ، ئاندىن 20,000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن دالىغا[47] يۈرۈش قىلىپ، ۋاڭچېڭنى[48] ئىشغال قىلىدۇ. م. ب. 456 ـ يىلى (لىگۇڭ- گۇڭنىڭ 21 ـ يىلى) پىنياڭ[49] ناھىيىسى تەسىس قىلىنىشقا باشلىنىپ، جىن بەگلىكى ھۇجۇم قىلىپ ۋۇچېڭنى[50] ئالىدۇ. م. ب. 453 ـ يىلى (لىگۇڭگۇڭنىڭ 24 ـ يىلى) جىن بەگلىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدا قالاي- مىقانچىلىق يۈز بېرىپ، جىبو[51] ئۆلتۈرۈلىدۇ. جىبونىڭ زېمىنى جاۋ، خەن، ۋېي ئۈچ بەگلىك[52] ئوتتۇرىسىدا تەقسىم قىلىنىدۇ. م. ب. 452 ـ يىلى (لىگۇڭگۇڭنىڭ 25 ـ يىلى) جىبونىڭ ئوغلى جىڭكەي سۇيۇرغاللىقتىكى بىر قىسىم ئادەمنى باشلاپ كېلىپ، چىن بەگلىكگە ئەل بولىدۇ. م. ب. 444 ـ يىلى (لىگۇڭگۇڭنىڭ 33 ـ يىلى) لىگۇڭگۇڭ لەشكەر تارتىپ، يىچۇ[53] ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ، يىچۇ بېگىنى ئەسىر ئالىدۇ. م. ب. 443 ـ يىلى (لىگۇڭگۇڭنىڭ 34 ـ يىلى) كۈن تۇتۇلۇپ، لىگۇڭگۇڭ ۋاپات قىلىدۇ. ئوغلى زاۋگۇڭ تەختكە چىقىدۇ.

م. ب. 441 ـ يىلى (زاۋگۇڭنىڭ ئىككىنچى يىلى) نەنجېڭ[54] ئىسيان قىلىدۇ. م. ب. 430 ـ يىلى (زاۋگۇڭنىڭ 13 ـ يىلى) يىچۇ قوشۇنلىرى چىن بەگلىكگە ھۇجۇم قىلىپ، ۋېينەنگە[55] قەدەر يېتىپ كېلىدۇ. م. ب. 429 ـ يىلى (زاۋگۇڭنىڭ 14 ـ يىلى) زاۋگۇڭ ئۆلۈپ،

ئىنىسى خۋەيگۇڭ تەختكە چىقىدۇ.

(ئەسلى كىتاب 199 ـ بەت)

م. ب. 361 ـ يىلى (شياۋگۇڭنىڭ[56] بىرىنچى يىلى) خۋاڭخې دەرياسى ۋە خۋاشەن تېغىنىڭ شەرقىدە ئالتە كۆچلۈك بەگلىك بار ئىدى. چى ۋېيۋاڭ[57]، چۇ شۋەنۋاڭ[58]، ۋېي خۇيۋاڭ[59]، يەن داۋگۇڭ[60]، خەن ئەيخوۋ[61]، جاۋ چېڭخوۋ[62] لاردىن ئىبارەت يەتتە بەگ بىر قاتاردا باتۇرلار دەپ ئاتىلاتتى. خۋەيشۈي، سىشۈي[63] دەريالىرى ئارىلىقىدا ئون نەچچە كىچىك بەگلىك بولۇپ، چۇ، ۋېي بەگلىكلىرى چىن بەگلىكى بىلەن چېگرىداش بولغاچقا، ۋېي بەگلىكى سېپىل سالغانىدى. ئۇنىڭ زېمىنى جېڭ ناھىيىسىدىن لوشۈي دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىنى يانداپ شىمالغا ئۆتۈپ، شاڭجۈن ۋىلايىتىگە قەدەر سوزۇلاتتى. چۇ بەگلىكىنىڭ شىمال تەرىپى خەنجۇڭ-دىن[64] باشلىنىپ، جەنۇپقا چۇشۇپ، بايۇ، چيەنجۇڭلارغىچە باراتتى. بۇ، جوۋ (周) خانلىقى زەئىپلىشىپ، بەگلەر ئومۇمەن، ئۆز ئارا ھۇجۇم قىلىشىپ، كىچىك ئەللەرنى تالىشىپ يۇتۇۋېلىۋاتقان ۋاقىت ئىدى. چىن بەگلىكى چەت ياقىدىكى يۇڭجوۋغا جايلاشقان بولۇپ، ئوتتۇرا جۇڭگودىكى بەگلىكلەرنىڭ يىغىلىشلىرى ۋە ئىتتىپاقلىرىغا قاتناشتۇ-رۇلمايتتى، ئوتتۇرا جۇڭگودىكى بەگلىكلەر تەرىپىدىن دىلار قاتارىدا قارىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شياۋگۇڭ خەلققە چوڭ ئىلتىپاتلارنى قىلىپ، يېتىم-يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلىدى. سىپاھلارغا غەمخورلۇق قىلىپ، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە ئىنئام بېرىش تۈزۈمىنى ئېنىق بەلگىلىدى. پۈتكۈل ئەلگە: «بۇرۇن ئۆتكەن مەرھۇم بوۋام مۇگۇڭ چى، يۇڭ دېگەن جايلارنىڭ ئارىلىقىدا ئادالەت ئورناتتى. قورال كۈچى بىلەن شەرقتە جىن بەگلىكىدىكى قالايمىقانچىلىقنى تىنچىتىپ، جىن (晋) بەگلىكى بىلەن خۋاڭخې دەرياسىنى چېگرا قىلدى. غەربدە رۇڭ، دىلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ ۋە بويسۇندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ

ھۆكۈمدارى بولدى. 1000 چاقىرىملاپ يەر ئاچتى. جوۋ تەڭرى خانى ئۇنىڭغا بەگلەر بېگى ئۇنۋانى بەرگەندە، بەگلەر كېلىپ تەبرىكلىدى. مۇگۇڭنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلار ئۇچۇن باشلاپ بەرگەن ئىشى ھەقىقەتەن شانلىق ۋە ياخشى بولىدى. بەختكە قارشى، ئۆتمۈشتە لىگۇڭ، زاۋگۇڭ، جيەنگۇڭ، چۇزى قاتارلىق بىر نەچچە ئەجدادلارنىڭ دەۋرىدە، سىياسىي ۋەزىيەت تۇراقسىز بولۇپ، بەگلىكتىكى ئىچكى ئاپەتلەر تۇپەيلىدىن، سىرتنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە ئىمكانىيەت بولمىدى. چىن بەگلىكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاتا-بوۋىمىز ئاچقان خېشى[65] رايونىنى تارتىۋالدى. بەگلەرمۇ چىن بەگلىكىگە سەل قارىدى. بۇ نىمىدېگەن ئار-نومۇس-ھە! شيەنگۇڭ[66] تەختكە چىققاندىن كېيىن، چېگرىدىكى ئەسكەر ۋە خەلقنى تىنچىتىپ ۋە ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاپ، پايتەختنى يۆياڭغا[67] كۆچۈردى ۋە شەرققە چىن بەگلىكى ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ، مۇگۇڭ دەۋرىدىكى زېمىننى قايتۇرىۋېلىپ، مۇگۇڭنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى قايتىدىن يولغا قويدى. مەن ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ مۇنداق ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئويلىسام، ھەمىشە ئىچىنىپ كېتىمەن. مۇسابىر ئەمەلدارلار، ۋەزىر-ۋۇزۇرالاردىن ئەگەر كىمدە-كىم چىن بەگلىكىنى قۇدرەتلىك ئەل قىلىشنىڭ ئۇسۇل-چارىلىرىنى كۆرسەتسە، مەن ئۇنىڭغا ئالى مەنسەپ، ئۇستۇن مائاش بېرىمەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن چىن بەگلىكىنى بۆلۈشۈپ ئىدارە قىلىمەن» دەپ بۇيرۇق چاكالىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەسكەر چىقىرىپ، شەرققە يۈرۈش قىلىپ، شەنچېڭنى[68] مۇھاسىرىگە ئالدى. غەربكە يۈرۈش قىلىپ، رۇڭ خانى يۈەنۋاڭنىڭ[69] كاللىسىنى ئالدى.

(ئەسلى كىتاب 202-بەت)

**خۇي ۋېنجۇن**[70] م. ب. 327-يىلى (خۇي ۋېنجۇننىڭ 11-يىلى) يىچۇ ناھىيە قىلىپ قۇرۇلدى... يىچۇ خانىنى خۇيد-

ۋېنجۇن ئۆزىگە ۋەزىر قىلدى.

(ئەسلى كىتاب 206 ـ بەت)

خۇي ۋېنجۇن م. ب. 318 ـ يىلى (خوۋيۋەننىڭ يەتتىنچى يىلى)
يۆچۈ (乐池)چىن بەگلىكىنىڭ ۋەزىرى بولـدى. خەن، جاۋ، ۋېي،
يەن، چى بەش بەگـلىك هۇن قوشۇنلىرى بىلەن بىللە چىن بەگلە-
كىگە هۇجۇم قىلدى. چىن بەگلىكى تۆرە بەگ جى (疾) باشچىلىقىدا
قوشۇن ئەۋەتىپ، بەش بەگلىكـنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن شيۇيۈدە[71]
ئۇرۇش قىلدى. خەن (韩) بەگلىكىنىڭ سەنگۇنى شىن چەيىنى ئەسىر
ئالدى. جاۋ بەگلىكى سەركەردىسى گۇڭ زىخې، خەن (韩)بەگلىـكى
سەركەردىسى تەي زىخۋەن قاتارلىقلارنى مەغلۇپ قىلىپ، دۈشـمەن
قوشۇنلىرىدىن 82,000 كىشىنىڭ كاللىسىنى ئالـدى...م. ب. 315 ـ
يىـلى (خوۋيۋەننىڭ ئونىنچى يىلى) ئەسكەر ئەۋەتىپ، يىچۈنىڭ 25
شەھىرىـنى قولغا كىرگۈزدى.

(ئەسلى كىتاب 207 ـ بەت)

م. ب. 310 ـ يىـلى (ۋۇۋاڭـنىڭ بىـرىنچى يىلى)... ۋۇۋاڭ[72]
قوشۇن ئەۋەتىپ، يىچۈ، دەن، لى[73] لەر ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى.

(ئەسلى كىـتاب 209 ـ بەت)

---

[1] چېـڭ تاڭ (成汤) ـــ تاڭ (汤)، ۋۇتاڭ (武汤)، ۋۇۋاڭ (武王)،
تيەن يى (天乙)، چېـڭ تاڭ (成汤)، تاڭ (唐)، دايـى (大乙)، گاۋزۇيى
(高祖乙) مۇ دېيىلىدۇ. شاڭ (商) خانلىقىنىڭ مۇئەسسىسى. ئەسلىـدە، شاڭ
(قەبىلە، قەۋم)لارنىڭ ئاقساقىلى بولۇپ، يوۋشىنشى (有莘氏)گە ئۆيلەنگەن.
يى يىن (伊尹)نى ئىشقا سېلىپ كۈچ توپـلاپ، شيا(夏)خانلىقىنى يوقىتىشـقا
هازىرلىق كۆرگەن. ئارقا ـ ئارقىدىن خوشنا بەگلىكـلەرگە هۇجۇم قىلىپ، گې
(葛)بەگلىكى (هازىرقى خېنەن ئۆلكىسى نىڭلىڭنىڭ شىمالىـدا)، شيا خانلىقى-
نىڭ ئىتتىپاقدىشى ۋېي (韦)بەگلىكى (هازىرقى خېـنەن ئۆلكـىسى خۋاشيەن
ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا)، كۇن ۋۇ (昆吾) بەگلىكى (بۇگۈنـكى خېنەن

www.uyghurkitap.com

ئۆلكىسى شۇچاڭنىڭ جەنۇبىدا) قاتارلىق بەگلىكلەرنى يوقاتقان. 11 قېتىم يۈرۈش قىلىپ، ئۆز دەۋرىنىڭ كۈچلۈك بەگلىكىگە ئايلىنىپ، ئاخىرىدا شيا- خانلىقىنى مۇنقەرز قىلىپ، شاڭ خانلىقىنى قۇرغان.

(«سىخەي» 2041 ـ بەت)

〔2〕 مېڭشى جۇڭيەن (孟戏中衍) ــ «سويىسن»دا: «بىر ئادەمنىڭ ئىسمى» دېيىلگەن. تېكىستنىڭ ئاخىرىدا يالغۇز جۇڭيەن تىلغا ئېلىنىپ، مېڭشى تىلغا ئېلىنمىغان. بىركىشى ئىسمى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە بولىدۇ.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 174 ـ بەت)

〔3〕 تەيۇۋ (太戊) ــ خان تەي (دا) ۋۇ. شاڭ خانلىقىنىڭ ئونىنچى خانى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن» 701 ـ بەت)

〔4〕 فېي ليەن(蜚廉) ــ كىشى ئىسمى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 175 ـ بەت)

〔5〕 ئې لەي (恶来) ــ فېي ليەننىڭ ئوغلى. ئۇ كۈچلۈك بولۇپ، يول- ۋاس كۈچۈكلىرىنى ئىككىگە بۆلۈپ تاشلايدىكەن. دادىسى فېي ليەن بىلەن شاڭ خانى جوۇ (纣)غا خىزمەت قىلغان. جوۋ (周) خانى ۋۇۋاڭ جوۇ (纣)غا يۈرۈش قىلغاندا، ئې لەينى ئۆلتۈرگەندى.

(بىر تومluq «سىيۇەن» 582 ـ بەت)

〔6〕 خوتەيشەن تېغى (霍太山) ــ خوشەن (霍山)مۇدېيىلىدۇ. ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى خوشيەن (霍县)ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 175 ـ بەت)

〔7〕 چۇفۇ (处父) ــ فېي ليەننىڭ تەخەللۇسى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 175 ـ بەت)

〔8〕 جەيگاۋلاڭ (宅皋狼) ــ گاۋلاڭ. بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسى لىشى (离石)ناھىيىسىنىڭ تېرىتورىيىسىدە. مىڭ زىلىڭ گاۋلاڭدا تۇرغانلىقى ئۈچۈن، جەيگاۋلاڭ دېگەن ئىسىم قويۇلغان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 176 ـ بەت)

〔9〕 زاۋفۇ (造父) ــ قەدىمكى زاماندىكى ماھىر ھارۋىكەش بولۇپ، جوۋ خانى مۇۋاڭنىڭ ھارۋىسىنى ھەيدىگەن.

(«سىخەي» 2411 ـ بەت)

〔10〕 شۈ يەنۋاڭ (徐偃王) ــ غەربىي جوۋ خانلىقى ۋە چۈنچيۇ

دەۋرىدىكى شۇرۇڭلارنىڭ باشلىقى. ھازىرقى خۇەيخې، سىشۇي ئەتراپلىرىنى ئىدارە قىلغان. «كېيىنكى خەننامە. شەرقىتىكى ياتلار تەزكىرىسى» دە: «تېرە-تورىيىسىنىڭ كۆلىمى 500 چاقىرىم بولۇپ، ئۇنىڭغا 36 دىن ئارتۇقراق بەگلىك باج - خىراج تۆلەيتتى. كېيىن چۇ بەگلىكى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان» دېيىلگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 177 ـ بەت)

〔11〕 جاۋچېڭ (赵城) — شەھەر. ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى خۇڭدۇڭ ناھىيىسىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 177 ـ بەت)

〔12〕 چۈەنچيۇ (犬丘) يەر ئىسمى. جوۇخانى يىۋاڭ (周懿王) پايتەختىنى گاۋلىياۋدىن بۇ يەرگە كۆچۈرگەن. چىن دەۋرىدە بۇ ئىسىم ئەمەلدىن قالغان. م.ب. 204 ـ يىلى (خەن خاقانلىقى مۇئەسسىسى ليۇ باڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى) خۇەيلىگە ئۆزگەرتىلگەن. قەدىمكى ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى شىڭپىڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 177 ـ بەت)

〔13〕 جوۇخانى شياۋۋاڭ (周孝王) — فامىلىسى جى (姬)، ئىسمى بىفاڭ (辟方). جوۇ خانى يىۋاڭنىڭ ئوغلى. 15 يىل (م.ب. 884 ـ 869 ـ يىللار) ھۆكۈم سۈرگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 177 ـ بەت)

〔14〕 چيەنشۇي (汧水) — دەريا. ۋېيخې دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى. ھازىر چيەنخې (千河) دەپ يېزىلىدۇ. گەنسۇ ئۆلكىسى ليۇ پەنشەن تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىدىن باشلىنىدۇ.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن» 1772 ـ بەت)

〔15〕 ۋېيخې (渭河) — گەنسۇ ئۆلكىسى ۋېييۈەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ۋۇشۇشەن تېغىدىن باشلىنىدۇ. («سىيۈەن» 1772 ـ بەت)

〔16〕 رۇڭ شۇشۈەن (戎胥轩) جۇڭيۈەننىڭ چەۋرىسى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 177 ـ بەت)

〔17〕 شىچۈي (西垂) — قەدىمكى شەھەر. ئورنى بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى تيەنشۇي ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.

(«سىخەي» 4195 ـ بەت)

[18] چىنيى (秦邑) ــ شۇ گۇاڭ: «بۇگۇنكى تيەنشۇي لوگشى ناھىيە-سىدىكى چىنتىڭ» دەيدۇ. «كوۋدىجۇ» دېگەن كىتاپتا: «چىنجوۋ (秦州) چىڭشۇي ناھىيىسىنىڭ ئىسمى. چىن (秦)، يىڭ (嬴) فامىلىلىكلەرنىڭ شەھرى بولغاچقا، چىنيى دېيىلگەن" دەيدۇ.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 178 ـ بەت)

[19] جوۋ خانى لىۋاڭ (周历王) ــ جوۋخانى مۇۋاڭنىڭ تۆتىنچى ئەۋلات چەۋرىلىرىدىن. ئىسمى خۇ (胡). ناچار ئادەملەرنى ئىشلىتىپ، زوراۋانلىق سىياسەت يۈرگۈزۈپ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ زالىملىق قىلغان. خەلق قارشى چىققاندا، جۇ (彘) دېگەن يەرگە قاچقان ۋە شۇ ياقتا ئۆلگەن.

(تۈزىتىلگەن «سىيۋەن» 508 ـ بەت)

[20] جوۋخانى شۈەنۋاڭ (周宣王)، م.ب. 782 ـ يىللار) ــ غەربىي جوۋ خانلىقىنىڭ خانلىرىدىن بىرى. فامىلىسى جى (姬)، ئىسمى جىڭ (靖) بەزىدە جىڭ (静) دەپ يېزىلىدۇ. لىۋاڭنىڭ ئوغلى. مىلاددىن بۇرۇن 828 ــ 782 ـ يىللاردا ھۆكۈم سۈرگەن. ئۇ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، خان، بەگ، تۆرىلەرنىڭ يەرلىرىنى ھاشار سېلىپ تېرىتىدىغان تۈزۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. خۇەي يات قەۋملىرى (淮夷)، شۇ رۇڭلىرى (徐戎)، شيەنيۈنلەر (猃狁) بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشقان. بەزىدە يەڭگەن، بەزىدە يېڭىلگەن. نۇرغۇن ئادەم ۋە ئىقتىسات چىقىم بولغان.

(تۈزىتىلگەن «سىيۋەن» 507 ـ بەت)

[21] جۇاڭگۇڭ (庄公) ــ چىن جوڭ (秦中)نىڭ ئوغلى. غەربىي رۇڭلارغا قىلغان يۈرۈشتە غەلىبە قىلغانلىقى ئۈچۈن، جوۋخانى شۈەنۋاڭ ئۇنى ئىنئاملاپ، چوەنچيۇنى سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن ھەمدە شىچۇي تۆرىسى قىلغان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 178 ـ بەت)

[22] غەربىي نەزىرگاھ (西畤) ــ قەدىمكى زاماندا ئاسمان ـ زېمىن ئىلاھلىرى ۋە بەش چوڭ ئاتاقالغا نەزىر ـ چىراق قىلىپ بېرىدىغان مۇھىم ئورۇنلار نەزىرگاھ دېيىلەتتى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 179 ـ بەت)

[23] فۇ نەزىرگاھى (鄜畤) ــ رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، چىن ۋېنگۇڭ چۈشىدە فۇ دەپ ئاتىلىدىغان تۇزلەڭلىككە ئاسماندىن سېرىق يىلان چۈشكەن-لىكىنى كۆرگەن. ئويغانغاندىن كېيىن، چۈشىنى شى دۇنگە دەپ بەرگەندە،



www.uyghurkitap.com

شى دۆن ئەۋلىيالارنىڭ كاراماتى دېگەن. شۇنىڭ بىلەن مۇ دېگەن يەرگە نەزىرگاھ قۇرۇلۇپ، مۇ نەزىرگاھى دېيىلگەندى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1-توم 180-بەت)

[24] چېنباۋ (陈宝) — ئەۋلىيا. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، چىن ۋېنگۇڭ دەۋرىدە چېنساڭ (قەدىمكى شەھىرى بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسى باۋجى شەھىرىنىڭ شەرقىدە)لىقلار ئوۋدا شەكلى چوشقىغا ئوخشايدىغان ئىسمى نامەلۇم بىر يىرتقۇچ ھايۋاننى تۇتۇۋالغان ۋە ئۇنى ۋېنگۇڭغا سوغا قىلغان. بولدا ئىككى بالا ئۇچراپ: "بۇ ۋېي «媦» (猬) دەپ ئاتىلىدۇ. دائىم يەر ئاستىدىكى ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ مېڭىسىنى يەيدۇ. بېشىغا ئۇرساڭ ئۆلىدۇ" — دېگەن. ھېلىقى ۋېيمۇ سۆزلەپ: "بۇ ئىككى بالا چېنباۋ دېيىلىدۇ. ئوغۇلغا ئېرىشكەن ئادەم خان، قىزغا ئېرىشكەن ئادەم ھۆكۈمدار بولىدۇ" دېگەن. چېنساڭلىق ئوۋچىلار بۇ ئىككى بالىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىغان. ئىككى بالا بىر جۈپ ياۋا قۇشقاچقا ئايلىنىپ، ئەركىكى يىراققا ئۇچۇپ كەتكەن. چىشىسى بولسا، چېنساڭنىڭ شىمالىدىكى دۆڭلۈككە قونۇپ، بىر پارچە تاشقا ئايلانغان. ۋېنگۇڭ بۇنى ئۇقۇپ، ئۇ يەرگە ئىبادەتخانا بىنا قىلىپ، زىيارەتگاھ قىلغان ۋە «چېنباۋ» دەپ ئاتىغانىدى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1-توم 180-بەت)

[25] شىشەن (西山) — ناھىيە. خەن خاقانلىقى تەسىس قىلىپ، جىن خاقانلىقى ئەمەلدىن قالدۇرغان. قەدىمكى شەھىرى بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى تيەنشۈي ناھىيىسىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1-توم 181-بەت)

[26] پىڭياڭ (平阳) — «شەھەرلەر توپلىمى»دا: «مېي (郿) ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى مېي (眉) ناھىيىسى) دىكى پىڭياڭ ئايۋىنى» دېيىلگەن. «ھەقىقى شەرھ»دە: «چىشەن ناھىيىسىدە پىڭياڭ كەنتى بار، كەنتتە پىڭياڭجۇ دېگەن يەر بار» دېيىلگەن. «كوۋدىجژ» دېگەن كىتابتا: «پىڭياڭ قەدىمكى شەھىرى چىجوۋ چىشەن ناھىيىسىنىڭ 46 چاقىرىم غەربىدە، چىن بېگى نىڭگۇڭ پايتەختىنى شۇ يەرگە كۆچۈرگەن» دېيىلگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1-توم 181-بەت)

[27] داڭشې (荡社) — «شەھەرلەر توپلىمى»دا، شۇ گۇاڭ: «汤، 荡» ئوقۇلىدۇ، (社، 杜) مۇ ئوقۇلىدۇ" دەيدۇ. «سويىن» ناملىق ئەسەردە:

www.uyghurkitap.com

غەربىي رۇڭلارنىڭ خانى بوخان دېيىلىپ، ئۇنىڭ پايتەخت شەھىرى داڭشىپ» دېيىلىدۇ. «ھەقىقىي شەرھ» دە: «داڭشىپنىڭ كونا ئورنى سەنيۈەن (三原)بىلەن شىپىڭ (始平) چېگرىلىرىنىڭ تۇتاشقان جايىدا» دېيىلگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 181 ـ بەت)

[28] لۇ بەگلىكى (鲁国) ــ قەدىمكى بەگلىك. م.ب. 11 ـ ئەسىردە جوۋ خانلىقى قۇرغان بەگلىك. جى(姬)فامىلىلىك. بەگلىكنىڭ دەسلەپكى قۇرغۇچىسى جوۋ گۇڭدەن (周公旦)نىڭ ئوغلى بوچىن(伯禽)دۇر. ئورنى ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي جەنۇپ قىسمى. مەركىزى چۈفۇ (曲阜)، ھازىرمۇ شەندۇڭغا قاراشلىق. چۇنچيۇ دەۋرىدە لۇ بەگلىكى ئاجىزلاشقان. چۇنچيۇ دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، جى سۇنشى(季孙氏)، مېڭ سۇنشى (孟孙氏)، شۇ سۇنشى (叔孙氏)لاردىن ئىبارەت ئۈچ خاندان بەگلىكنى بۆلۈۋالغان. جەنگو دەۋرىگە كەلگەندە، كىچىك بەگلىككە ئايلىنىپ قالغان. م.ب. 256 ـ يىلى چۇبەگلىكى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغانىدى.

(«سىخەي» 4615 ـ بەت)

[29] گۇڭزى خۇي (公子翚) ــ لۇبەگلىكىنىڭ تۆرىلىرىدىن بولۇپ، ئىسمى زىيۇ.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 182 ـ بەت)

[30] لۇيىنگۇڭ (鲁隐公)، م.ب. ? ــ 712 ـ يىل) ــ ئىسمى شىگۇ (息姑)، خۇيگۇڭنىڭ ئوغلى. 11 يىل ھۆكۈم سۈرگەن (م.ب. 722 ــ 712 ـ يىللار). گۇڭزى خۇي تۆرە ئەۋەتكەن قاتىل تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنىدى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 182 ـ بەت)

[31] تۆرە بەگ (庶长) ــ مەرتىۋە. چۇنچيۇ دەۋرىدە چىن بەگلىكى تەسىس قىلغان. ھەربىي ـ مۇلكى چوڭ ھوقۇققا ئىگە. باشقا بەگلىكلەرنىڭ ۋەزىرلىرىگە تەڭ كېلىدىغان دەرىجە. شاڭياڭنىڭ قانۇن تۈزۈشىدىن كېيىن بەلگىلەنگەن 20 دەرىجىنىڭ ئونىنچى دەرىجىسىدىن 18 ـ دەرىجىسىگىچە ھەممىسى تۆرە بەگ بولاتتى. ئونىنچى دەرىجە سول تۆرە بەگ، 11 ـ دەرىجە ئوڭ تۆرە بەگ، 17 ـ دەرىجىسى تۆت ئات قوشقان ھارۋىلىق تۆرە بەگ (马车庶长) 18 ـ دەرىجىسى چوڭ تۆرە بەگ بولاتتى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 181 ـ بەت)

〔32〕 پېڭ شىشى (彭戏氏) — رۇڭلارنىڭ ئىسمى.

(تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 182 ـ بەت)

〔33〕 خۇاشەن (华山) — شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شەرق قىسمىدا بولۇپ، شىمالى ۋېيخې دەرياسىغا قاراپ تۇرىدۇ. چىنلىڭ تېغىنىڭ شەرق قىسمى گرانىتلىق ئېگىز تاغلاردىن ئىبارەت.

(«سىخەي» 280 ـ بەت)

〔34〕 گاۋچۈمى (高渠眯) — جېڭ بەگلىكىنىڭ تۆرىسى بولۇپ، ئۆزىنىڭ بېگى جاۋگۇڭنى ئۆلتۈرگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 182 ـ بەت)

〔35〕 جېڭ جاۋگۇڭ (郑昭公) — چۇنچيۇ دەۋرىدىكى جېڭ بەگلىكىنىڭ بېگى جۇاڭگۇڭنىڭ ئوغلى. ئىسمى خۇ (忽)، ئۈچ يىل ھۆكۈم سۈرگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 182 ـ بەت)

〔36〕 گۇيرۇڭ (邽戎) — رۇڭلارنىڭ بىر تارمىقى. گۇي ئەسلىدە رۇڭلارنىڭ يۇرتى بولۇپ، م.ب. 688 ـ يىلى چىن بېگى ۋۇگۇڭ بۇ يەرنى ئېلىپ، گۇيشيەن ناھىيىسىنى قۇرغان. كېيىن شاڭگۇي (上邽) ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەندى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 182 ـ بەت)

〔37〕 جىرۇڭلار (冀戎) — رۇڭلارنىڭ قەدىمكى بىر بەگلىكى. ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ تيەنشۈي شەھىرى.

("تارىخىي خاتىرىلەر» 182 ـ بەت)

〔38〕 دۇشيەن (杜县) — ناھىيە. ھازىرقى شەنشى شىئەن شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا. («تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 182 ـ بەت)

〔39〕 جېڭشيەن (郑县) — ناھىيە. شەنشى ئۆلكىسى خۇا (华) شيەن ناھىيىسى تېررىتورىيىسىدە. («تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 182 ـ بەت

〔40〕 شياۋگو (小虢) — جوۋ خانلىقى دەۋرىدىكي بەگلىك. ئورنى ھازىرقى شەنشى باۋجى (宝鸡) ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە. كېيىن خېنەن شەنشىيەن (陕县) ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا كۆچكەن. شياۋگولارنى چياڭلارنىڭ بىر تارمىقى دېگۈچىلەرمۇ بار.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 183 ـ بەت)

[41] يۇيۇك (由余) — رۇڭلاردىن بىر كىشىنىڭ ئىسمى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 193 ـ بەت)

[42] چىن بېگى مۇگۇڭ (秦穆公) — چۇنچيۇ دەۋرىدىكى چىن بەگلىكىنىڭ بېگى. ئىسمى رېنخاۋ (任好)، م.ب. 659 — 621 ـ يىللىرى ھۆكۈم سۈرگەن. بەي لىشى (百里奚)، جيەن شۇ (蹇叔)، يۇيۇك (由余)لارنى مۇشاۋۇر قىلىپ، جىن بەگلىكىنى يېڭىپ، جىن بېگى خۇيگۇڭنى ئەسىر ئالغان. لياڭ (梁)، رۇي (芮) ئىككى بەگلىكنى مۇنقەرز قىلغان. كېيىن شياۋ (崤) دېگەن يەردە (ھازىرقى خېنەن سەنمېنشيانىڭ شەرقىي جەنۇبى) جىن بەگلىكى قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ يېڭىلگەن. غەربكە يۈرۈش قىلىپ 12 بەگلىكنى يوقىتىپ، غەربىي رۇڭلارغا ھۆكۈمدار بولغان.

(«تۈزىتىلگەن سىيۋەن» 2303 ـ بەت)

[43] يۇڭدى (雍地) — يۇڭ ناھىيىسى (雍县). ھازىرقى شەنشى فېڭشياڭ (凤翔) ناھىيىسىدە بولۇپ، چىن بېگى مۇگۇڭنىڭ مازارى چىجوۋ يۇڭشيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن ئىككى چاقىرىم كېلىدۇ.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 195 ـ بەت)

[44] زى يۇشى (子舆氏) چىن بەگلىكىنىڭ دانىشمەن تۆرىلىرىدىن بىرى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 195 ـ بەت)

[45] سېرىق قۇشقاچ قوشىقى (黄鸟之诗) — سېرىق قۇشقاچنىڭ ئۈچ ياخشى زات ھەققىدىكى نالىسىدىن ئىبارەت. چىن بېگى مۇگۇڭنىڭ زۇلمىغا چىدىماي، ئۆزىنى ئۆلتۈرۋالغان ئۈچ نەپەر ۋىجدانلىق ئەرباپ بولۇپ، بۇلار: يەن شى (奄息)، جوڭ خاڭ (仲行)، جېن خۇ (鍼虎)لاردۇر.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 195 ـ بەت)

[46] لى گۇڭگۇڭ (历共公)، م.ب. ? — 443 ـ يىل) داۋ (悼) گۇڭنىڭ ئوغلى. 34 يىل (م.ب. 476 — 443 ـ يىللار) ھۆكۈم سۈرگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 198 ـ بەت)

[47] دالى (大荔) — قەدىمكى قەۋم. غەربىي رۇڭلارنىڭ بىر تارمىقى. چىشەن، لياڭشەن تاغلىرى، جىڭشۈي، چىشۈي دەريالىرىنىڭ شىمالى، بۈگۈنكى شەنشى دالى ناھىيىسى ئەتراپلىرىغا تارقالغان. كېيىن كۆچىيىپ، ئۆزلىرىنى خانلىق دەپ ئېلان قىلغان. شەھەر قورغانلىرى بار. م.ب. 461 ـ يىلى چىن بەگلىكى ئۇنى ئۆزگە قوشۇۋېلىپ، يېرىنىڭ نامىنى لىنجىن (临晋)

كە ئۆزگەرتكەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 199 ـ بەت)

[48] ۋاڭچېڭ (王城) ــ ۋاڭچېڭنىڭ قەدىمكى ئورنى هازىرقى شەنشى ئۆلكىسى دالى ناهىيىسىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 199 ـ بەت)

[49] پىنياڭ (频阳) ــ ناهىيە. چىن بەگلىكى تەسىس قىلغان. قەدىمكى شەھىرى بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسى فۇپىڭ (富平) ناهىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا بولۇپ، بۇ يەردە پىڭشەن ناملىق تاغ بار. چىن بېگى لىگۇڭ تاغنىڭ جەنۇبىغا ناهىيە قۇرغاچقا، پىنياڭ دېيىلگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 199 ـ بەت)

[50] ۋۇچېڭ (武城) ــ چۇنچيۇ دەۋرىدە جىن بەگلىكىنىڭ يېرى بولۇپ، چىن بەگلىكى جىن بەگلىكىگە يۈرۈش قىلغاندا، ۋۇچېڭنى بېسىۋالغانىدى. بۇ قېتىم جىن بەگلىكى قايتۇرۇپ ئالغان. شەھەرنىڭ ئورنى هازىرقى شەنشى خۇاشيەن تېرىتورىيىسىدە.

(«تۈزىتىلگەن سىۋۇەن» 1671 ـ بەت)

[51] جىبو (智伯) ــ چۇنچيۇ دەۋرىدىكى جىن بەگلىكىنىڭ تۆرىلىرىدىن بىرى. ئىسمى شۈن ياۋ (荀瑶) بولۇپ، شۈن جيا (荀甲) نىڭ ئوغلى. جىن بەگلىكىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىرلىرىدىن ئىدى. خەن كاڭزى، ۋېي خۇەنزىلەرنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە جاۋشياڭزىغا ھۇجۇم قىلغان. خەن (韩)، ۋېيلار ئىسيان كۆتىرىپ، جاۋشياڭزى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، جىبونى ئۆلتۈرۈپ، زېمىنىنى بۆلۈشۈپ ئالغان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 199 ـ بەت)

[52] جاۋ (赵)، خەن (韩)، ۋېي (魏) ئۈچ خاندان ــ جاۋشياڭزى، ۋۇشۇ، خەن كاڭ زىچەن ھەم ۋېي خۇەنزىجۈ (魏桓子驹) لەردىن ئىبارەت.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 199 ـ بەت)

[53] يىچۈ (义渠) ــ قەدىمكى غەربىي رۇڭلارنىڭ خانلىقى. ئورنى هازىرقى گەنسۇنىڭ خېشۈي (合水)، جېڭنىڭ، خۇەنشيەن، نىڭشيەن، جىڭچۇەن قاتارلىق ناهىيىلەرنىڭ يېرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. يېغىلىق دەۋرىدە چىن بەگلىكى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنىپ، يىچۈ ناهىيىسىگە ئايلاندۇرۇلغان. بېيدى ۋىلايىتىگە قارايتتى. شەرقىي خەن دەۋرىدە ئەمەلدىن قالدۇرۇل-

غان. شەھەرنىڭ ئورنى ھازىرقى گەنسۇ نىڭشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 - توم 199 - بەت)

[54] نەنجېڭ (南郑) — چۈنچيۇ ۋە يېغىلىق دەۋرىدە چۇ بەگلىكىگە قارايتتى. كېيىن چىن بەگلىكى تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ، نەنجېڭ شەھىرى قۇرۇلغان. ھازىرقى شەنشى خەنجۇڭ شەھىرى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 - توم 199 - بەت)

[55] ۋېينەن (渭南) — ھازىرقى شەنشى ۋېينەن ناھىيىسىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 - توم، 199 - بەت)

[56] چىن بېگى شياۋگۇڭ (孝公)، م.ب. 381 — 338 - يىللار) — ئىسمى چۇلياڭ (渠梁). شيەنگۇڭنىڭ ئوغلى. 24 يىل (م.ب. 361 — 338 - يىللار) ھۆكۈم سۈرگەن. شاڭياڭ (商鞅)نى خىزمەتكە سېلىپ، قانۇننى كۈچلۈك يۈرگۈزگەچكە، چىن بەگلىكى كۈچەيگەنىدى.

(«تۈزىتىلگەن سيۋەن» 2302 - بەت)

[57] چى بېگى ۋېيۋاڭ (威王)، م.ب. ? — 321 - يىللار) — ئىسمى يىنچى (闻齐، 婴齐) دەپمۇ يېزىلىدۇ. تيەنچى خۇەنگۇڭنىڭ ئوغلى. 36 يىل (م.ب. 356 — 321 - يىللار) ھۆكۈم سۈرگەن.

(«سىخەي» 4382 - بەت)

[58] چۇ بېگى شۈەنۋاڭ (楚宣王)، م.ب. ? — 340 - يىل) — ئىسمى شيۇڭ لياڭفۇ (熊良夫)، سۇ (肃)ۋاڭنىڭ ئىنىسى، داۋ (悼)ۋاڭنىڭ ئوغلى. 30 يىل (م.ب. 340 — 309 - يىللار) ھۆكۈم سۈرگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 - توم 202 - بەت)

[59] ۋېي بېگى خۇيۋاڭ (魏惠王)، م.ب. ? — 319 - يىل) — ئىسمى يىڭ (莹)، ۋۇخۇنىڭ ئوغلى، 52 يىل (م.ب. 370 — 319 - يىللار) ھۆكۈم سۈرگەن.

(«سىخەي» 4662 - بەت)

[60] يەن بېگى داۋگۇڭ (燕悼公) — «تارىخىي خاتىرىلەر» دە: «يەن داۋگۇڭ چۈنچيۇ دەۋرىدە ياشىغان، چىن بېگى شياۋگۇڭنىڭ زامانىدىشى» دېيىلگەن. بۇ ئېنىق مەلۇمات ئەمەس. چىن بېگى شياۋگۇڭ بىلەن ئەينى يىلدا بەگلىك تەختىگە چىققان يەن بېگى ۋېنگۇڭ ئىدى. داۋگۇڭ 29 يىل

(م.ب. 361 — 333 ـ يىلغىچە) ھۆكۈم سۈرگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 202 ـ بەت)

[61] خەن بېگى ئەيخوۋ (韩哀侯) — خەن بېگى ئەيخوۋ چىن شياۋگۇڭ تەختكە چىقىشتىن ئون نەچچە يىل بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن. خەن بېگى لىگۇڭ چىن بېگى شياۋگۇڭ بىلەن زامانداشىدى. بۇ دەۋرگە دائىر يىللار بىر ئاز قالايمىقان بولغاچقا، ئېنىق بىر نەرسە دېيىش قىيىن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 202 ـ بەت)

[62] جاۋچېڭخوۋ (赵成侯، م.ب. ? — 350 ـ يىل) — ئىسمى جۇڭ(种)، جىڭخوۋ (敬侯) نىڭ ئوغلى. 25 يىل (م.ب. 374 — 350 ـ يىللار) ھۆكۈم سۈرگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 202 .. بەت)

[63] خۇەيشۈي ـ سىشۈي ئارىلىقى (淮泗之间) — خۇەيشۈي دەرياسى — خېنەن ئۆلكىسىدىكى تۇڭبەيشەن (桐柏山) تېغىدىن ھاسىل بولۇپ، شەرقتە ئەنخۈي، جياڭسۇ ئۆلكىلىرىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، خۇڭزى كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. سىشۈي دەرياسى ـ بۈگۈنكى شەندۇڭ ئۆلكىسى سىشۈي ناھىيىسىدىكى پېيۋېيشەن تېغىدىن ھاسىل بولغان، تۆت مەنبەدىن كەلگەن سۇلارنىڭ بىرلەشمىسى بولغاچقا، سىشۈي دېيىلگەن، خۇەيشۈي ـ سىشۈي ئارىلىقى ـ بۈگۈنكى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي جەنۇبى ھەمدە ئەنخۈي ـ جياڭسۇ تەرەپلەردىكى رايونلارغا قارىتىپ ئېيتىلغان.

(«سىخەي» 2206 ـ بەت)

[64] خەنجۇڭ (汉中) — ۋىلايەت. م.ب. 312 ـ يىلى چىن بەگلىكى تەرىپىدىن تەسىس قىلىنىپ، دەريا نامىغا قويۇلغان. ۋىلايەت مەركىزى نەنجېڭ (南郑) بولۇپ، ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى خەنجۇڭنىڭ شەرقىدە.

(«سىخەي» 2026 ـ بەت)

[65] خېشى (河西) — قەدىمكى يەر ئىسمى. بۇ چۇنچيۇ ۋە يېغىلىق دەۋرىدە بۈگۈنكى سەنشى، شەنشى ئىككى ئۆلكە ئارىلىقىدىكى خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىي قىسمىنىڭ غەربى. خەن ۋە تاڭ خاقانلىقى دەۋرىدە خۇاڭخېنىڭ بۈگۈنكى گەنسۇ، چىڭخەي ئىككى ئۆلكىدىكى قىسمىنىڭ غەربى يەنى خېشى كارىدورى بىلەن خۇاڭشۈي (湟水) دەرياسىنىڭ غەربىدىكى شەرق ۋە غەرب

www.uyghurkitap.com

ئىگكى قىرغىقىنى كۆرستىدۇ.

(«سىخەي» 2084 ـ بەت)

[66] چىن بېگى شيەنگۇڭ (秦献公) ــ چىن بېگى ئەيگۇڭنىڭ يەتتىنچى ئەۋلادى. ئىسمى شىشى. چۇزى (出子) ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، شيەنگۇڭنى خېشىدىن تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، تەختكە ئولتۇرغۇزغان. 24 يىل ھۆكۈم سۈرگەن.

(«جۇگگو كىشى ئىسىملىرى چوڭ سۆزلۈگى» 831 ـ بەت)

[67] يۆياڭ (栎阳) ــ يەر ئىسمى. يېغىلىق دەۋرىدە، چىن بېگى شيەنگۇڭ پايتەختنى يۆياڭغا كۆچۈرگەن. ئەسلى ئورنى بۈگۈنكى شەنشى لىنتۇڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.

(«سىخەي» 2958 ـ بەت)

[68] شەنچېڭ (陕城) ــ يېغىلىق دەۋرىدىكى شەنچېڭنىڭ ئورنى ھازىرقى خېنەن شەنشيەن ناھىيىسىنىڭ ئۆزى شۇ.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 202 ـ بەت)

[69] يۈەنۋاڭ (獂王) ــ خۇەن (獂) دەپمۇ ئوقۇلىدۇ. رۇڭلارنىڭ شەھەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، خەن خاقانلىقى تەسىس قىلغان ناھىيە. ئەسلى ئورنى بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى لۇڭشى ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبى، ۋېيشۈينىڭ شەرقىي قىرغىقىدا.

(«سىخەي» 4494 ـ بەت)

[70] چىن بېگى خۇي ۋېنجۈن 惠文君) يەنى خۇيۋېنۋاڭ، م.ب. ? ـــ 311 ـ يىل) ــ ئىسمى سى (驷)، شياۋگۇڭنىڭ ئوغلى. 37 يىل (م.ب. 337 ـــ 311 ـ يىللار) ھۆكۈم سۈرگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 205 ـ بەت)

[71] شيۈيۇ (修鱼) ــ خەن (韩) بەگلىكىنىڭ شەھەرلىرىدىن بىرى. ئېنىق ئورنى مەلۇم ئەمەس.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 208 ـ بەت)

[72] چىن بېگى ۋۇۋاڭ (武王، م.ب. ? ـــ 307 ـ يىل)، ئىسمى داڭ (荡)، خۇيۋېنۋاڭنىڭ ئوغلى. كۈچلۈك بولغاچقا، پالۋانلار بىلەن كۈچ سىنىشاتتى. ئاخىرقى قېتىمدا پالۋان مېڭ يۈ بىلەن (孟说) ئىسرىقىدان كۆتىرىشكەندە، ئاجىز كېلىپ قېلىپ، پاچىقى سۇنۇپ ئۆلگەن. تۆت يىل

(م.ب. 310 ـــ 307 ـ يىللار) ھۆكۈم سۈرگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 209 ـ بەت)

[73] دەن، لى (丹, 犁) ـــ غەربىي رۇڭلارنىڭ ئىككى خانلىقى. بىچۇ بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇراتتى، ئۇنىڭ ئورنى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 209 ـ بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# تارىخي خاتىرىلەر 6 ـ جىلد

## چىن خاقانى شىخۇاڭ (秦始皇)① تەزكىرىسى

م. ب. 215 ـ يىلى (چىن شىخۇاڭنىڭ 32 ـ يىلى) چىن خاقانى شىخۇاڭ جېشى[2] تېغىغا بېرىپ، يەن[3] دىيارىدىن بولغان لۇشېڭ (卢生)نى قەدىمكى زامان ئەۋلىيالىرى ـ شيەنمېن[4]، گاۋشىلارنى[5] ئىزدەشكە ئەۋەتتى... خەن ـ جۇڭ (韩终)، خوۋگوڭ (侯公)، شى شېڭ (石生)لارنى ئەۋلىيالار ياسىغان ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. چىن شىخۇاڭ شىمالىي چېگرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بېرىپ، شاڭجۈن[6] ۋىلايىتىدىن قايتتى. يەن دىيارىدىن بولغان لۇشېڭ دېڭىزغا بېرىپ، ئەۋلىيالارنى ئىزدەپ قايتىپ كەلدى. ئۇ پالچىلىقنى ئۆگىنىپ، چىن شىخۇاڭغا خىزمەت قىلدى ۋە ئەۋلىيالاردىن كۆچۈرۈۋالغان رەسىملىك كىتابىنى خاقانغا سۇندى. كىتابتا: «چىن بىگىنى ھۇنلار[7] يوقىتىدۇ» دېيىلگەنىدى. شۇڭا، چىن شىخۇاڭ سەنگۇن مېڭ تيەننى[8] 300,000 قوشۇن بىلەن شىمالغا ئەۋەتىپ، ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلدى ۋە خېنەننى[9] تارتىۋالدى.

م. ب. 214 ـ يىلى (چىن شىخۇاڭنىڭ 33 ـ يىلى) قاچقۇن جىنايەتچىلەرنى، ئىچ كۈيئوغۇللارنى، سودىگەرلەرنى ئەۋەتىپ، لۇلياڭ[10] دېگەن جايغا ھۇجۇم قىلىپ بېسىۋالدى ۋە ئۇ يەردە گۈيلىن[11]، شياڭجۈن[12]، نەنخەي[13] ۋىلايەتلىرىنى تەسىس قىلىپ، سۈرگۈن قىلىنغان جىنايەتچىلەرنى ئەۋەتىپ، بۇ يەرلەرنى

ساقلاتتى. غەربىي شىمال تەرەپتىن ھۇنلارنى سۈرۈپ چىقاردى. يۈجۇڭدىن[14] باشلاپ خۇاڭخې دەرياسىنى بويلىغان ھالدا شەرققە قاراپ سۈرۈلۈپ، چۇغاي[15] تېغىغا تۇتاشقان جايلارنى 44 ناھىيىگە ئايرىدى. خۇاڭخې بويىغا قورغانلارنى سېلىپ، ئۇنى چېگرا قورۇلى قىلدى. مېڭ تيەننى لەشكەرلىرى بىلەن خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتتۈپ، گاۋچۈ[16]، ياڭشەن ۋە بېيجيا[17] ئارىلىقىدىكى يەرلەرنى ئارتۇقلىشتا قورغان سېلىپ رۇڭلارنى قوغلاپ چىقىرىشقا ئەۋەتتى. جىنايەتچىلەرنى شۇ يەرگە سۈرگۈن قىلىپ، ئۇلارنى يېڭى تەسىس قىلىنغان 44 ناھىيىگە ئورۇنلاشتۇردى...

م. ب. 213-يىلى (چىن شىخۇاڭنىڭ 34-يىلى) جىنايەت ئۆتكۈزگەن زىندان ئەمەلدارلىرىنى جازالاپ، ئۇلارنى سېپىل سوقۇش ياكى جەنۇبىي يۈې[18] يەرلىرىنى ساقلاشقا ئەۋەتتى.

(ئەسلى كىتاب 252-253-بەت)

---

[1] چىن شىخۇاڭ (秦始皇)، م. ب. 259-210-يىللار) — فامىلىسى يىڭ (嬴)، ئىسمى جېڭ (政). جۇاڭ شياڭۋاڭنىڭ ئوغلى، 13 يېشىدا تەختكە چىققان. م. ب. 221-يىلى (چىن شىخۇاڭنىڭ 26-يىلى) ئالتە بەگلىكنى يوقىتىپ، ئەلنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزى خاقان بولغان.

(تۈزىتىلگەن «سيۈەن» 2302-بەت)

[2] جېشى (碣石) تېغى — بۇگۈنكى خېبېي ئۆلكىسىدىكى چاڭلى ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.

(بىر توملۇق «سيۈەن» 2253-بەت)

[3] يەن (燕) — قەدىمكى بەگلىك. بۇگۈنكى خېبېينىڭ شىمالى بىلەن لياۋنىڭنىڭ غەربىي قىسمىدا، م. ب. 11-ئەسىردە جوۋخانلىقى قۇرغان. بەگلىكنىڭ ئاتا بېگى شاۋگۇڭ شى (奭)، پايتەختى جى (蓟) شەھىرى (بۇگۈنكى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىي بۇرجىكىدە). يېغىلىق دەۋرىدە يەتتە بەگلىكنىڭ بىرى ئىدى. م ب. 226-يىلي چىن بەگلىكى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان.

(«سىخەي» 2840-بەت)

[4] شيەنمېن (羡门) ــ قەدىمكى رىۋايەتلەردىكى ئەۋلىيا.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 252 ـ بەت

[5] گاۋشى (高誓) قەدىمكى رىۋايەتلەردىكى ئەۋلىيا.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 252 ـ بەت

[6] شاڭجۈن (上郡) ــ ۋىلايەت. م. ب. 304 ـ يىلى (چىن بېگى جاۋۋاڭنىڭ 3 ـ يىلى) تەسىس قىلىنغان. ئۇنىڭغا فۇشى (膚施) قاتارلىق 28 ناھىيە قارايتتى. م. ب. 206 ـ يىلى (خەن گاۋزۇ ليۇ باڭنىڭ بىرىنچى يىلى) دى (翟) خانلىقىغا ئۆزگەرتىلگەن. كېيىن يەنە شاڭجۈن دەپ ئاتالغان. ئورنى بۈگۈنكى شەنشى يەنئەن، يۈلىن ئەتراپلىرىدا. («خەنىنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» 2 ـ قىسمى) غا قارالسۇن.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن» 61 ـ بەت)

[7] خۇن، قۇن (匈奴) ــ جۇڭگونىڭ شىمالىدا ياشىغۇچى قەدىمكى قەۋملەردىن بىرى. خەنزۇچىدا خۇ (胡) دەپمۇ يېزىلىدۇ. بۇلار جەنگو دەۋرىدە يەنە جاۋ، چىن بەگلىكلىرىنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا پائالىيەت ئېلىپ بارغان.

(«سىخەي» 755 ـ بەت)

[8] مېڭ تيەن (蒙恬)، م. ب. ? ـ 210) ــ چىن خاقانلىقىنىڭ ئاتاقلىق سەركەردىسى، ئەجدادى چى بەگلىكىدىن بولۇپ، بوۋىسى مېڭ ئاۋمۇ چىن بەگلىكىنىڭ ئاتاقلىق سەركەردىلىرىدىن ئىدى.

(«سىخەي» 3726 ـ بەت)

[9] خېنەن (河南) ــ دەريانىڭ جەنۇبى. بۇ خېتاۋنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار بولۇپ، بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىكجاۋ چىغۇلغان (ئايماق) نىڭ دائىرىسىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 253 ـ بەت)

[10] لۇليالڭ (陆梁) ــ چىن دەۋرىدە بەش تاغنىڭ جەنۇبى لۇليالڭ دىيارى دېيىلەتتى. «تارىخىي خاتىرىلەر. چىن شىخۇاڭ تەزكىرىسى» دە: «لۇليالڭ دىيارى ئېلىنىپ، گۈيلىن، شياڭجۈن، نەنخەي ۋىلايەتلىرى تەسىس قىلىندى» دېيىلگەن. جاڭ شوۋجې «ھەقىقى شەرھ» دە: «تاغ جەنۇبىدىكىلەر بولۇپ، كۆپىرەك تاغ ـ قىرلاردا ياشايدۇ. بەستىلىك، مىجەزلىرى چۇس كېلىدۇ. شۇڭا، لۇليالڭ دەپ ئاتالغان» دەيدۇ. ئورنى بۈگۈنكى گۇاڭدۇڭ،

گۇاڭشى رايونلىرى، («تارىخىي خاتىرىلەر» 1-توم 253-بەت)

[11] گۇيلىن (桂林) — ۋىلايەت. چىن دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان، خەن خاقانلىقى دەۋرىدە يۈلىن (都林) دەپ ئۆزگەرتىلگەن. بۈگۈنكى گۇاڭشى ھەم گۇاڭدۇڭنىڭ غەربىي جەنۇب قىسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1-توم 253-بەت)

[12] شياڭجۈن (象郡) — ۋىلايەت. چىن دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. بۈگۈنكى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى لېيجۇ (雷州) يېرىم ئارىلى، خەينەن (海南) ئارىلى، گۇاڭشى ئۆلكىسىدىن جەنۇبىي ۋېيتنامغىچە بولغان يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 253-بەت، «سىخەي» 1056-بەت)

[13] نەنخەي (南海) — ۋىلايەت. م. ب. 214-يىلى (چىن شىخۇاڭنىڭ 33-يىلى) تەسىس قىلىنغان. چىن، خەن دەۋرىدە ئۇنىڭ دائىرىسى جەنۇبىي يۈ (南越) غىچە كېڭەيگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 2-توم 253-بەت)

[14] يۈجۇڭ (榆中) — ناھىيە. جەنگو دەۋرىدە يۈجۇڭ چىن بەگلىكىگە قارايتتى. قەدىمكى شەھىرى بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى لەنجۇ شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى يۈجۇڭ ناھىيىسى دائىرىسىدە.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈن» 1608-بەت)

[15] چۇغاي تېغى (阴山) — ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بولۇپ، ۋۇيۈەندىن توغرىسىغا خوخخوت شەھىرىگىچە سوزۇلىدۇ.

(«سىخەي» 941-بەت)

[16] گاۋچۆ (高阙) — تاغ. ۋۇيۈەننىڭ شىمالىدا. چۇغاي تاغ تىزمىسى مۇشۇ يەردە ئۈزۈلگەچكە، يىراقتىن قارىغاندا بىر راۋاقتەك كۆرۈنىدۇ. شۇڭا، گاۋچۆ (高阙) دېگەن ئىسىم بېرىلگەن. يېغىلىق دەۋرىدە جاۋ بېگى ۋۇلىڭۋاڭ چۇغاي تېغى بويلاپ، سەددىچىننى مۇشۇ يەرگىچە سېلىپ، قورغان بىنا قىلغاچقا، گاۋچۆ قورغىنى دېيىلگەن. غەربىي خەن دەۋرىدە ۋېي چىڭ مۇشۇ يەردىن قوشۇن تارتىپ، ھۇنلارنىڭ ئوڭ بىلىگە قانى بىلەن ئۇرۇشقان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1-توم 254-بەت)

[17] بېيجيا (北假) — بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇل چۇغاي تېغىنىڭ

تۇيى، ۋۇيۇەن ناھيىسنىڭ غەربى،

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 254 ـ بەت)

[18] جەنۇبىي يۆ (南越) ـ قەدىمكى قەۋم ۋە بەگلىكنىڭ ئىسمى. قەدىمكى جەنۇپلۇق يۆلەرنىڭ بىر تارمىقى. نەنيۆ (南粤) دەپمۇ يېزىلىدۇ. چىن خاندانلىقى بۇ يەرگە كۆيلىن، نەنخەي، شياڭجۈن ۋىلايەتلىرىنى تەسىس قىلغان. چىن دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا لۇڭ چۈەنىنىڭ (龙川) بۇيرۇقى بىلەن جاۋ تۇۋ ئۈچ ۋىلايەتنى بىرلەشتۈرۈپ، جەنۇبىي يۆ بەگلىكىنى قۇرغان. خەن خاقانى م. ب. 111 ـ يىلى (ۋۇدى يۈەندىڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ ئالتىنچى يىلى) جەنۇبىي يۆ بەگلىكىنى يوقىتىپ، توققۇز ۋىلايەت تەسىس قىلغان.

(تۈزۈتىلگەن «سىيۈەن» 140 ـ بەت)

# خەن خاقانى گاۋزۇ (汉商祖)[1] تەزكىرىسى

م. ب. 200 - يىلى (خەن گاۋزۇ ليۇباڭنىڭ يەتتىنچى يىلى)، هۇن قوشۇنلىرى مايىدا[2] خەن (韩) بېگى خەن شىنگە قورشاپ هۇجۇم قىلدى. خەن بېگى خەن شىن[3] هۇنلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، تەييۈەندە[4] ئاسىيلىق قىلدى. بەيتۇلۇق[5] مەن چيۇچېن بىلەن ۋاڭ خۇاڭ بىرلىكتە جاۋ بەگلىكىنىڭ سابىق سەركەردىسى جاۋلىنى خان تىكلەپ، خەن خاقانلىقىغا ئاسىيلىق قىلغاچقا، خەن گاۋزۇ ليۇباڭ شەخسەن ئۆزى قوشۇن تارتىپ، ئاسىيلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا چىقتى. قەهرىتان سوغۇقتا يۈرۈش قىلىنغاچقا، ئەسكەرلەرنىڭ 10دىن ئىككى - ئۈچ قىسمىنىڭ قول - بارماقلىرى ئۈششۈپ كەتتى. شۇ ئەهۋالدا پىڭچېڭ[6] شەهرىگە باردى. هۇنلار پىڭچېڭ شەهرىدە ئۇلارنى مۇهاسىرە قىلىۋېلىپ يەتتە كۈندىن كېيىن چېكىنىپ كەتتى. خەن گاۋزۇ ليۇباڭ فەن كۆەينىڭ[7] لەشكەرلىرىنى دەي[8] ۋىلايىتىنى تىنچىتىشقا قالدۇرۇش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈپ، ئۆز ئاكىسى ليۇجۇڭ (刘仲)نى دەي ۋىلايىتىگە بەگ قىلىپ تەيىنلىدى...

م. ب. 195 - يىلى (ليۇباڭنىڭ 12 - يىلى) ئىككىنچى ئايدا، فەن كۆەي، جوۋبولار[9] لەشكەرلىرى بىلەن يەن بېگى لۇۋەنگە[10] جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتىلدى. يەن بەگلىكىدىكى ئىسيانغا قاتناشقان ئەمەلدار ۋە خەلقلەرگە كەچۈرۈم قىلىندى... شۇ يىلى

تۆتىنچى ئايدا خەن گاۋزۇ ليۇ باڭ چاڭئەندىكى ئوردىسىدا ۋاپات بولدى... لۇۋەن خەن گاۋزۇ ليۇ باڭنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ھۇنلار ئېلىگە قېچىپ كەتتى.

---

[1] خەن گاۋزۇ(汉高祖)، م. ب. 256 ـ 195 ـ يىللار، يەنە بىر رىۋايەتتە، م. ب. 249 ـ 195 ـ يىللار) ــ غەربىي خەن خاقانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى. م. ب. 202 ـ 195 ـ يىللاردا سەلتەنەت سۈرگەن. ئىسمى ليۇ باڭ، يەنە بىر ئىسمى ليۇجى刘季. گاۋزۇ ــ ئاتاخاقان دېمەكتۇر. پېيشيەن (ھازىرقى جياڭسۇغا قارايدۇ) ناھىيىسىدىن بولۇپ، سىشۇي مەنزىلىگە باشلىق بولغان. م. ب. 209 ـ يىلى (چىن خاقانى II. نىڭ بىرىنچى يىلى) چېن شېڭ قوزغىلىڭىغا قوشۇلۇپ، پېيگوڭ (پېي خوجىسى) دەپ ئاتالغان. دەسلەپ شاڭ لياڭ رەھبەرلىكىدە بولۇپ، كېيىن شياڭ يۈ رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇن بىلەن بىرلىشىپ، چىن خاقانلىقىغا قارشى ئاساسىي كۈچ بولۇپ قالغان. م. ب. 206 ـ يىلى ئۆز قوشۇنى بىلەن شيەنياڭغا ھۇجۇم قىلىپ، چىن خاقانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرغان.

(«سىخەيى» 2029 ـ بەت)

[2] مايى(马邑) ــ چىن خاقانلىقى تەسىس قىلغان قەدىمكى ناھىيە بولۇپ، ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شۇۋشيەن ناھىيىسىدە. غەربىي خەن خاقانلىقى يۈكجيا سەلتەنەت دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. غەربىي خەن خاقانلىقىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا خەن (韩) بەگلىكى خەن شىننىڭ مەركىزى بولغان ۋە ھۇنلار بېسىۋالغان. كېيىن يەنە خەن خاقانلىقى ئىلكىگە ئۆتكەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 385 ـ بەت)

[3] خەن شىن (韩信) ــ بۇ خەن خاقانلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ياشىغان شەخس بولۇپ، خەن (韩) بەگلىكى شياڭۋاڭنىڭ كىچىك ئاغىچىسىدىن بولغان بالىلىرىنىڭ ئەۋلادىدىن. خەن خاقانلىقىنىڭ ئىككىنچى يىلى خەن (韩) دىيارىنى تىنچلاندۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەچكە، خەن (韩) بەگى بولۇپ تەيىنلەنگەن. كېيىن ھۇنلارغا تەسلىم بولۇپ، چېگرىغا كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلغاچقا، خەن خاقانى سەركەردە سەي ۋۇنى ئەۋەتكەن. ئۇرۇشتا خەن

شىن ئەسىر چۈشۈپ ئۆلتۈرۈلگەن. (بۇ خەن شىننى سەركەردە خەن شىندىن ئايرىم شەخس دەپ بىلىش كېرەك)*.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى چوڭ سۆزلۈكى» 1693 ـ بەت)

[4] تەييۈەن (太原) ـــ ۋىلايەت ھەم بەگلىك. يىغلىق دەۋرىدە م. ب. 246 ـ يىلى (چىن جۇاڭشياڭۋاڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ۋىلايەت تەسىس قىلىنغان. باش شەھىرى جىنياڭ (بۈگۈنكى تەيىيۈەن شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبى) بولۇپ، چىن دەۋرىدىكى دائىرىسى بۈگۈنكى سەنشى ۋۇتەيشەن ۋە گۈەنسېن-شەن تېغىنىڭ جەنۇبى، خوۋشەن تېغىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. خەن خاقانلىقىدىن كېيىن، ئۇنىڭ دائىرىسى تەدرىجى تارايدى. خاقان ۋېندى بەگلىككە ئۆزگەرتىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنە ۋىلايەت ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. جىن خانلىقى دەۋرىدە قايتا بەگلىك قىلىنغان بولۇپ، بۈگۈنكى ياڭچۈ، جياۋچېڭ، پىڭياۋ، خېشۈن ئارىلىقىدىكى جىنجۇڭ(晋中) رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

(«ۋسخەي» 1464 ـ بەت)

[5] بەيتوۋ (白头) ـــ شاڭجۈن ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيە، قەدىمكى شەھەرنىڭ ئورنى ھازىرقى ئىچكىي موڭغۇل ئوردۇس يوۋيجۇڭ خوشۇنىنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 385 ـ بەت)

[6] پىڭچېڭ (平城) ـــ چىن دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان قەدىمكى ناھىيە. ئورنى بۈگۈنكى سەنشى ئۆلكىسى داتۇڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 385 ـ بەت)

[7] فەن كۈەي (樊哙)، م. ب.? ـــ 189 ـ يىللار) ـــ خەن خاقانلىقىنىڭ دەسلىۋىدىكى سەركەردىلەردىن بىرى. پېي ناھىيىسىدىن (ھازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسىگە قاراشلىق) بولۇپ، ياشلىقىدا ئىت قاسسىپى ئىدى. ليۇ باڭ قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدا سەنگۈن بولۇپ، خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، زور مەرتىۋىگە ئىگە بولدى. چىن خاقانلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن، شياڭ يۈنىڭ مۇشاۋۇرى فەن زېڭ خۇڭمېن زىياپىتىدە ليۇبياڭغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغاندا، ئۇ قارارگاھقا بېسىپ كىرىپ،

شياڭيۈنى ئەيىبلەپ، ليۇباڭنى قوتۇلدۇرۇپ قېچىپ كەتكەن. خەن خاقانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىدە، زاڭ چا، چېن شى ۋە خەن (韩) بېگى شىنلارنىڭ ئىسيانىنى باستۇرغان، سول قول ۋەزىر بولغان ۋە ۋۇيىاڭ تۆرىلىكى بېرىلگەن. خوتۇنى لۈ شۈ خانىش لۈ خوۋنىڭ سىڭلىسى بولغاچقا، ئۇ خانىشنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولغان.

(«سىخەي» 1492 ـ بەت)

[8] دەيجۈن، دەي ۋىلايىتى (代郡) ــ يىغىلىق دەۋرىدە جاۋبەگلىكى بېگى ۋۇلىڭۋاڭ تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان. چىن، غەربىي خەن دەۋرىدە ۋىلايەت مەركىزى بولغان دەي ناھىيىسى (بۈگۈنكى ۋېي ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا) ئىدى. غەربىي خەن تېررىتورىيىسى ئىچىدە، بۈگۈنكى خېبېي خۇەيئەن، ۋېي ناھىيىسىنىڭ غەربى، سەنشى ياڭگاۋ، خۇنيۈەن شەرقىدىكى ئىچكى ۋە تاشقى سەددىچىن ئارىلىقىدىكى يەرلەرھەم سەددىچىن سىرتىدىكى دۇڭياڭ دەرياسىنىڭ ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. شىمالدا ھۇنلار، ئۇغانلار بىلەن چېگرىداش بولۇپ، شىمالدىكى مۇھىم ۋىلايەت ھېسابلىناتتى. ۋۇيۈەن، چاڭشەن قاتارلىق ئۆتكەللىرى بارئىدى.

(«سىخەي» 483 ـ بەت)

[9] جوۋبو (周勃، م. ب. ؟ ــ 169) ــ خەن خاقانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ۋەزىرلەردىن بىرى. ئۇپېي ناھىيىسىدىن بولۇپ، يىپەكچىلىك ئەسۋاپلىرى ياسايتتى ۋە ماتەم مۇراسىملىرىدا دۇمباق چالاتتى. چىن خاقانلىقىنىڭ ئاخىرى ليۇ باڭ قوزغىلىڭىغا قوشۇلۇپ ھەربىي خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، سەنگۈن بولغان. جياڭ (绛) ناھىيىسىنىڭ تۆرىلىگى بېرىلگەن، خەن خاقانلىقىنىڭ باشلىرىدا، ليۇ باڭ باشچىلىقىدا خەن (韩) بېگى شىن، چېن شى ۋە لۇۋەنلەرنىڭ ئىسيانىنى باستۇردى. خانىش لۈ خوۋ دەۋرىدە ھەربىي ئىشلار ۋەزىرى (太尉) بولسىمۇ، ھەربىي ھوقۇق لۈ خوۋنىڭ قولىدا بولغان ئىدى. لۈ خوۋ ئۆلگەندىن كېيىن، چېن پىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئوردا مۇھاپىزەت قوشۇنىغا بېرىپ، پالۋان-سىپاھلارنى ليۇ خاندانىنى ھىمايە قىلىشقا چاقىردى ۋە ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ئىشىغا كىرىشتى. لۈچەن، لۈلۈ قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرۈپ، ۋېندىنى خاقان قىلىپ تىكلەپ، ئۆزى سول قول ۋەزىر بولدي.

(«سىخەي» 457 ـ بەت)

〔10〕 لۇۋەن (卢绾)، م. ب. 247 ـ 193 ـ يىللار، يەنە بىر رىۋايەتتە 256 ـ 193 ـ يىللار) ـــ خەن خاقانلىقىنىڭ دەسلەپكى بەگلەرىنىڭ بىرى. فىبىڭ (خازىرقى جياڭسۇ) چىن خاقانلىقىنىڭ ئاخىرىدا لىۇ باڭ بىلەن پىچى نامىيىسىدە قوزغىلاڭ قىلغان. خەنجۇڭغا كىرگەندە سەنگۇن بولغان.

(«سىخەي» 410 ـ بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى



# خەن خاقانى ۋېندى(汉文帝)[1] تەزكىرىسى

م. ب. 177 ـ يىلى (خەن ۋېندىنىڭ ئۈچىنچى يىلى) بەشىنچى ئايدا ھۇنلار بېيدى[2] ۋىلايىتىگە باستۇرۇپ كىرىپ، خېنەندىن چېگرا قورغانلىرىغا تاجاۋۇز قىلدى. خاقان ۋېندى بىرىنچى قېتىم گەنچۈەنگە[3] كەلدى. ئالتىنچى ئايدا خاقان ۋېندى: «خەن خاقانلىقى ھۇنلار بىلەن ئىناق ئاكا ـ ئۇكىدەك قوشنا ئەللەردىن بولۇشقا، ھەر ئىككى تەرەپ ئەسكەر چىقىرىپ چېگرىغا ھۇجۇم قىلماسلىققا ئەھدىلەشكەن. خەن خاقانلىقىنىڭ ھۇنلارغا ئەۋەتىپ تۇرۇۋاتقان بايلىقلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. ھازىر ئوڭ تۇغ قان[4] ئىلىدىن ئايرىلىپ، ئۆز توپىنى باشلاپ، تەسلىم بولغان بەدىۋى يات قەبىلىلەر جايلاشقان خېنەندە تۇرماقتا. بۇ ئادەتتىكى ئىش ئەمەس. ئوڭ تۇغ قان چېگرا ئەتراپىدا قېتىراپ يۈرۈپ، سىپاھ ـ بەگلەرنى تۇتماقتا ۋە ئۆلتۈرمەكتە. چېگرا ساقلاۋاتقان بەدىۋى يات قەبىلىلەرنى قوغلاپ، ئۇلارنى ئۆز جايلىرىدا تىنچ ـ خاتىرجەم تۇرغۇزمايۋاتىدۇ. چېگرا ساقلاۋاتقان ئەمەلدارلىرىمىزنى بوزەك قىلىپ، ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق چېگراغا باستۇرۇپ كىرىپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلماقتا. بۇ ئىنتايىن غالجىرلىق ۋە يولسىزلىق بولۇپ، ئىلگىرىكى ئىتتىپاقلىق ئەھدىگە خىلاپتۇر. بۇيرۇق قىلىمەنكى، چېگرا مۇداپىئەسىدىكى ئەمەلدار ۋە چەۋەندازلار بولۇپ، 85,000 ئادەم گاۋنۇدا[5] توپلانسۇن. باش ۋەزىر يىڭيىن[6] تۆرىسى گۇەن يىڭ[7] باشچىلىقىدا ھۇنلارغا

ھۇجۇم قىلىنسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈرگەنىدى. ھۇنلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ چېكىنىپ كەتتى. خاقان ۋېندى قارۇغ بەگ[8] قول ئاستىدىكى ئاتلىق ئوقياچىلارنى مۇھاپىزەتچى سەنگۈن[9] ئىختىيارىغا ئۆتۈپ، چاڭئەننى[10] ساقلىشى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

... كۈنى خاقان ۋېندى گەنچۈەن تېغىدىن گاۋنۇ ناھىيىسىگە كېتىۋېتىپ، يولدا تەيۈەننى كۆزدىن كۆچۈردى ۋە ئىلگىرى ئۆزى دەي بېگى بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتىكى ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىنى چاقىرتىپ كۆرۈشتى، ئۇلارغا ئايرىم-ئايرىم ئىنئام بەردى. ھازىر ئىشلەۋاتقان ئەمەلدارلارغا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىگە قاراپ ئىنئام بەردى. مەھەللىلەردىكى ئاھالىگە كالا ۋە ھاراق ئىنئام قىلدى. جىنياڭ[11]، جۇڭدۇ[12] دېگەن جايدىكى خەلقلەرنىڭ ئۈچ يىللىق باج-سېلىقىنى كۆتۈرۈۋەتتى ۋە تەيۈەندە ئون نەچچە كۈن تۇرۇپ سەيلە-تاماشا قىلدى.

جىبېي بېگى[13] ليۇ شىڭجۇ خاقان ۋېندىنىڭ دەي بەگلىكىگە كەتكەنلىكىنى ۋە ھۇنلارغا يۈرۈش قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئوردىغا ئاسىيلىق قىلىپ، شىڭياڭغا[14] تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماقچى بولغاچقا، خاقان ۋېندى يارلىق چۈشۈرۈپ، باش ۋەزىر گۋەن يىڭنىڭ ھۇنلارغا يۈرۈش قىلىشىنى توختاتتى ۋە جىپۇ تۆرىسى چېن ۋۇنى چوڭ سەنگۈن[15] قىلىپ، 100,000 لەشكەر بىلەن ئاسىي بەگ ليۇ شىڭجۇگە جازا يۈرۈشى قىلىشقا، چى تۆرىسى زىڭ خېنى سەنگۈن قىلىپ، شىڭياڭنى ساقلاشقا ئەۋەتتى. يەتتىنچى ئايدا، خاقان ۋېندى تەيۈەندىن چاڭئەنگە قايتتى. ئۇ ئەمەلدارلارغا يارلىق چۈشۈرۈپ: «جىبېي بېگى ياخشىلىققا يامانلىق قىلىپ ئاسىيلىق قىلدى. ئەمەلدار ۋە خەلقلەرنى قايمۇقتۇرۇپ ئالداپ، چوڭ جىنايەت ئۆتكۈزدى. جىبېيدىكى بەگلەر ۋە خەلقلەر چوڭ قوشۇن يېتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى ئۆزلىرىنى تىنچلاندۇرسا ھەمدە قوشۇن،

زىمىن ۋە شەھەرلىرى بىلەن تەسلىم بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى جىنايەتلىرىدىن ئازات قىلىنىدۇ، مەرتىۋىلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. جىبىي بېگى لىيۇ شىڭجۇ بىلەن ئالاقىسى بارلار تەسلىم بولسىلا، جىنايىتى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ» دېدى. سەككىزىنچى ئايدا، جىبىي ئاسىي قوشۇنلىرى تارمار بولۇپ، جىبىي بېگى ئەسىر چۈشتى. جىبىي بېگىگە ئەگىشىپ ئاسىيلىق قىلغان بەگلەر ۋە خەلقلەر كەچۈرۈم قىلىندى...

م. ب. 174-يىلى (خەن ۋېندىنىڭ ئالتىنچى يىلى) بەگلەر خاقانغا: «خۇەينەن بېگى (لىيۇ) چاڭ[16] ئالدىنقى خاقانلارنىڭ يارلىقلىرىنى بىكار قىلدى. ئالىيلىرىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنمىدى. ئۇنىڭ ئوردا-قەسىرلىرىنىڭ شەكلى تۈزۈمگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. ھۆرمەت قاراۋۇللىرى ۋە قورۇقچىلىرى خاقانىڭكىگە ئوخشاش، ئۆز ئالدىغا ئەمر-پەرمان چىقارماقتا. جيېۋ تۆرىسىنىڭ بالىسى چېن چى بىلەن بىرلىكتە ئاسىيلىق قىلىشنى پىلانلىماقتا. مىنيۆلەر[17] ۋە ھۇنلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ جەنۇپ ۋە شىمالدىن ئەسكەر چىقىرىشىنى تەلەپ قىلماقتا. تاشقى جەھەتتە، دۈشمەنلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئەجدادلار ئىبادەتخانىسى ۋە دۆلەتكە زىيانكەشلىك قىلىشقا ئۇرۇنماقتا» دەپ مەلۇم قىلىشتى. ۋەزىرلەر بۇ ھەقتە كېڭىشىپ، ھەممىسى: «لىيۇچاڭنى ئۆلتۈرۈش كېرەك» دېيىشكەندى، خاقان ۋېندى ئۇنى قانۇنىي جازا بىلەن ئۆلتۈرۈشكە كۆڭلى ئۇنىماي، گۇنايىدىن ئۆتۈپ، بەگلىك مەرتىۋىسىنى ئېلىپ تاشلىدى. ۋەزىرلەر ئۇنى شۇجۇن[18] ۋىلايىتىدىكى يەنداۋ[19] ياكى چيۇڭدۇلارغا[20] ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغانلىقتىن، خاقان بۇ پىكىرگە قوشۇلدى. لىيۇچاڭ بەلگىلەنگەن جايغا تېخى يېتىپ بارماستىنلا، يولدا ئاغرىپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكتىن، خاقان ۋېندى ئۇنىڭغا ناھايىتى قايغۇرغاندى. 16 يىلدىن كېيىن، خۇەينەن بېگى لىيۇچاڭغا لىۋاڭ

دەپ نام بېرىلىپ، ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى خۇەيىنەن[21] بېگى، خېڭشەن[22] بېگى ۋە لۇجياڭ[23] بېگى بولدى.

(ئەسلى كىتاب 425 ـ 426 ـ بەتلەر)

م.ب. 166 ـ يىلى (خەن ۋېندىنىڭ 14 ـ يىلى) قىشتا، ھۇنلار پىلانلىق تۈردە چېگرىغا بېسىپ كىرىپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. جۇناۋ[24] قورۇلىغا ھۇجۇم قىلىپ، بېيدى ۋىلايىتى تۇتۇق بېگى[25] سۇن ئاڭنى ئۆلتۈردى. خاقان ۋېندى ئۈچ سەنگۇن ئەۋەتىپ، ئۇلارنى لوڭشى[26]، بېيدى، شاڭجۈن ۋىلايەتلىرىدە تۇرغۇزدى. يەنە قاراۇغ بەگ جوۋشېنى مۇھاپىزەتچى سەنگۇن، ئىشىك ئاغىسى[27] جاڭ ۋۇنى ھارۋا ـ ئاتلىقلار سەنگۇنى[28] قىلىپ، 1000 جەڭ ھارۋىسى، 100,000 ئاتلىق قوشۇن بىلەن ۋېيبېيدە تۇرغۇزدى. خاقان ۋېندى شەخسەن ئۆزى قوشۇنلاردىن ھال سورىدى، قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ، ھەربى ئىنتىزام جاكالىدى ھەمدە پۈتكۈل قوشۇن-دىكى سىپاھ ـ بەگلەرگە ئىنئام بەردى. خاقان ۋېندى شەخسەن ئۆزى چوڭ قوشۇن باشلاپ، ھۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلماقچى بولدى. ۋەزىرلەر توسسىمۇ ئۇنىمىدى. خان ئانا قايتا ـ قايتا توسقاندىن كېيىن، ئاندىن قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن دۇڭياڭ تۆرىسى جاڭ شياڭرۇنى چوڭ سەنگۇن، چېڭ تۆرىسى دۇڭ چىنى دىۋان بېگى[29]، لۇەن بۇنى[30] سەنگۇن قىلىپ تەيىنلىدى ۋە ئۇلارنى لەشكەر تارتىپ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. ھۇنلار قېچىپ كەتتى. (ئەسلى كىتاب 428 ـ 429 بەتلەر)

م.ب. 162 ـ يىلى (خاقان ۋېندى سەلتەنەت دەۋرى خوۋ-يۈەننىڭ[31] ئىككىنچى يىلى) خاقان ۋېندى يارلىق چۈشۈرۈپ: «مەن ئاقىل ئەمەسمەن، يىراق يەرلەرنى ئادىللىق بىلەن سورىيالمىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، يىراق جايلاردىكى بەگلىكلەرنىڭ بەزىلىرى خاتىر-جەم بولالمىدى. تۆت دالىنىڭ[32] سىرتىدىكى جايلار تىنچ

ياشىمىدى. پايتەخت ئەتراپىدىكى[33] خەلق ئوزۇن زامانلار تىرىش-
چانلىق بىلەن ئەمگەك قىلغان بولسىمۇ، باياشات بولالمىدى. بۇ
جەھەتتىكى بالايى-ئاپەتلەر ئادالەتسىزلىكنىڭ يېتەرسىزلىكى ۋە يىراق
يەرلەرگە يېتىپ بارالمىغانلىقى تۈپەيلى كېلىپ چىققان. يېقىنقى بىر
نەچچە يىلدىن بۇيان، ھۇنلار چېگرىغا ئۇمۇمىيۈزلۈك تاجاۋۇز
قىلىپ، نۇرغۇن ئەمەلدار ۋە خەلقلەرنى ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە
چېگرىنى ساقلاۋاتقان ۋەزىرلەر ۋە سىپاھ-بەگلەر مېنىڭ كۆڭلۈمنى
چۈشەنمىدى. شۇ ئارقىلىق مېنىڭ ئادالەتسىزلىك، ئىلتىپاتسىزلىق
خاتالىقىمنى كۈچەيتتى. مانا مۇشۇنداق ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۆچمەن-
لىك، ئۇزلۇكسىز ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە، خەن خاقانلىقى ۋە ئۇنىڭ
سىرتىدىكى ئەللەر قانداقمۇ تىنچ-ئاسايىشلىقتا ئىرىشەلىسۇن؟ ھازىر
سەھەر قوپۇپ، كەچ ياتىمەن، دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى تىرىشىپ
ئىشلەيمەن. خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ئويلايمەن. دۆلەت ۋە خەلقنىڭ
ئىستىقبالىدىن ئەنسىرەيمەن. بۇ ئىشلارنى بىر كۈنمۇ يادىمدىن
چىقىرىپ قويمىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۇنلارغا ئۆزمەي ئەلچىلەر
ئەۋەتىلدى. ھارۋا ئىزلىرى تېخىچە يوقالمىدى. تەڭرىقۇتقا[34]
مېنىڭ پىكىرلىرىم يەتكۈزۈلۈپ تۇردى. ھازىر تەڭرىقۇت كونا ئىزغا
قايتىپ كەلدى. دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا
ئوڭايلىق تۇغدۇرۇشنى نەزەردە تۇتۇپ، ھەر ئىككىمىز، بۇرۇنقى
ئۇششاق خاتالىقلارنى سۈرۈشتە قىلماي، بىرلىكتە ئۇمۇمىي ئادالەت
يولىغا ماڭدۇق. ھەر ئىككى تەرەپ ئاكا-ئۇكىدەك دوستانە مۇناسى-
ۋەت ئورناتتۇق. شۇ ئارقىلىق ئەلدىكى بىچارە سۆيۈملۈك خەلق-
ىمىزنى قوغدايمىز. ھازىر قۇدىلىق ئەھدى تۈزۈلۈپ بولدى. بۇ
يىلدىن باشلاپ ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ» دېدى.

م. ب. 158-يىلى (خاقان ۋېندى سەلتەنەت دەۋرى خوۋ يۈەن-
نىڭ ئالتىنچى يىلى) قىشتا ھۇنلار 30,000 ئادەم بىلەن شاڭجۈن

ۋىلايىتىگە، 30,000 ئادەم بىلەن يۈنجۇڭ[35] ۋىلايىتىگە بېسىپ كىردى. خاقان ۋېندى دانىش بەگ[36] لىڭ مىيەننى ھارۋا-ئاتلىقلار سەنگونى قىلىپ فېيخۇدا[37] تۇرغۇزدى؛ چۇ بەگلىكىنىڭ سابىق ۋەزىرى سۇيىنى سەنگون قىلىپ گۇۋجۇدا[38] تۇرغۇزدى؛ سەنگون جاڭ ۋۇنى بېيدى ۋىلايىتىدە تۇرغۇزدى؛ خېنېي[39] قوشبېگى جوۋ يافۇنى[40] سەنگون قىلىپ شىليۇدا[41] تۇرغۇزدى؛ خانىدان بېگى[42] ليۇلىنى سەنگون قىلىپ باشاڭدا[43] تۇرغۇزدى؛ جۇزى تۆرىسى شۇي خەننى جىمېنغا[44] تۇرغۇزدى ۋە شۇلار ئارقىلىق ھۇنلاردىن مۇداپىئە كۆردى. بىر نەچچە ئايدىن كېيىن، ھۇن لەشكەرلىرى چېكىنىپ كەتتى. خەن خاقانلىقىمۇ لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇپ ئارام ئالدى.

(ئەسلى كىتاب 431 ـ 432 ـ بەتلەر)

---

〔1〕 خەن خاقانى ۋېندى (汉文帝) (ليۇ خېڭ) (م. ب. 202 ـ 157 ـ يىللار) غەربىي خەن خاقانلىقىنىڭ خاقانى. م. ب. 180 ـ 157 ـ يىللاردا خاقانلىق قىلغان.

(«سىخەي» 2028 ـ بەت)

〔2〕 بېيدى (北地) ــ قەدىمكى ۋىلايەت. چۇنچيۇ دەۋرىدە يىچۇ رۇڭلىرىنىڭ يېرى ئىدى. بېيدى ۋىلايىتىنى چىن خاقانلىقى تەسىس قىلغان. خەن خاقانلىقى، ئۈچ دۆلەت، ۋېي، سۇي خاقانلىقلىرى دەۋرلىرىدىمۇ، بېيدى ۋىلايىتى بار ئىدى. ئەمما تېررىتورىيىسى، ۋىلايەت مەركىزىدە ئۆزگىرىش بولۇپ تۇراتتى. ئەسلى ئورنى ھازىرقى گەنسۇنىڭ شەرقىي جەنۇپ قىسمى بىلەن نىڭشيانىڭ جەنۇبىي قىسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۋن» 389 ـ بەت)

〔3〕 گەنچۇەن (甘泉) ــ تاغ. شەنشى ئۆلكىسى چۇنخۋا ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا. خەن خاقانلىقى بۇ تاغدا گەنچۇەن قەسىرىنى ياساتقان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 425 ـ بەت)

〔4〕 ئوڭ تۇغ قان (右贤王) ــ ھۇن ئېسىلزادىلىرىنىڭ ئۇنۋانى، ئادەتتە

ئېكىنلەردىن بولىدۇ. تۇغ قان ــ ئۇك تۇغ قان ۋە سول تۇغ قانىلارغا بۆلۈنىدۇ.*

[5] گاۋنۇ (高奴) ــ ناھىيە. چىن خاقانلىقى تەسىس قىلغان. شاگجۇن ۋىلايىتىگە قارايتتى. قەدىمكى ئورنى بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسى يەنئەن شەھىرى.

(«سىخەي» 4679 ـ بەت)

[6] يىڭيىن (颍阴) ــ قەدىمكى ناھىيە. غەربىي خەن دەۋرىنىڭ دەسلەۋىدە تەسىس قىلىنغان. ناھىيە شەھىرىنىڭ ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى شۈچاڭ شەھىرىدۇر.

(«سىخەي» 4233 ـ بەت)

[7] گۇەن يىڭ (灌婴)، م. ب. ؟ ــ 176 ـ يىل) ــ دەسلەپكى خەن دەۋرىنىڭ چوڭ ۋەزىرلىرىدىن بىرى. جۇياڭلىق (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى شاڭچيۇدىن) بولۇپ، ئىپەك سودىگىرى ئىدى. چىن خاقانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى دېھقانلار ئۇرۇشىدا ليۇباڭغا قوشۇلۇپ ئۇرۇشقا قاتناشقان. خەن شىن بىلەن چى بەگلىكى قوشۇنىنى تار ـ مار قىلغان ۋە شياڭ يۈگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرگەن. ليۇ باڭ خاقان بولغاندا، ئۇ ھارۋا ـ ئاتلىقلار سەنگۈنلىكىگە تەيىنلىنىپ، يىڭيىن تۆرىلىكى بېرىلگەن. كېيىن چېن پىڭ، جوۋ بولار بىلەن بىرلىكتە لۈ جەمەتى ئىسيانىنى باستۇرغان ۋە ۋېندىنى خاقانلىققا ئولتۇرغۇزغان. ھەربىي ئىشلار ۋەزىرى بولۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي باش ۋەزىرلىككە تەيىنلەنگەن.

(«سىخەي» 2279 ـ بەت)

[8] قارۇغ بەگ (中尉) ــ ئەمەل. يىغلىق دەۋرىدە جاۋ بەگلىكى تەرەپىدىن تەسىس قىلىنغان. دانىشمەنلەرنى تاللاپ خىزمەتكە قويۇش ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. چىن، خەن دەۋرىدە پايتەختنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاشقا مەسئۇل بولغان. خەن خاقانلىقى دەۋرىدە، قوشۇمچە ئوردا مۇھاپىزەت قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى ئىدى.

(«سىخەي» 3224 ـ بەت)

[9] مۇھاپىزەتچى سەنگۈن (卫将军) ــ چاڭئەن شەھىرىنى ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى رايونلارنى مۇھاپىزەت قىلىشقا مەسئۇل سەنگۈن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 425 ـ بەت)



www.uyghurkitap.com

〔10〕 چاڭئەن (长安) — مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى پايتەختلىرىدىن بىرى. م. ب. 202 - يىلى ناھىيە تەسىس قىلىنىپ، يەتتە يىلدىن كېيىن پايتەختكە ئۆزگەرتىلگەن. نۇرغۇن خاقانلىقلار بۇ شەھەرنى ئۆزلىرىنىڭ پايتەختى قىلىشقان. ئورنى شەنشى ئۆلكىسى شىئەن شەھىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا بولۇپ، ۋېيخې دەرياسى تۈزلەڭلىكىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى، چىنلىڭ تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى ئارىلىقىغا جايلاشقان.

(«سىخەي» 156 - بەت)

〔11〕 جىنياڭ (晋阳) — ناھىيە. قەدىمكى تاڭ (唐) بەگلىكىنىڭ يېرى. چۇنچيۇ دەۋرىدە جىن بەگلىكىنىڭ بىر شەھىرى. چىن دەۋرىدە ناھىيە تەسىس قىلىنىپ، تەيۋەن ۋىلايىتىگە قارىغان. قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئورنى ھازىرقى سەنشى تەيۋەن شەھىرىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 - توم 425 - بەت)

〔12〕 جۇڭدۇ (中都) — يەر ئىسمى. چۇنچيۇ دەۋرىدە جىن بەگلىكىنىڭ شەھەرلىرىدىن بولۇپ، يىغىلىق دەۋرىدە جاۋ بەگلىكىگە قارىغان خەن خاقانلىقى تەيۋەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيە قىلىپ قۇرغان. ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى پىڭياۋ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 - توم 425 - بەت)

〔13〕 جىبېي بېگى (济北王) — ئىسمى ليۇ شىڭجۇ بولۇپ، چى بېگى داۋخۇيۋاڭ ليۇ فېينىڭ ئوغلى، چى بېگى ئەيۋاڭ ليۇ شياڭنىڭ ئىنىسى. دەسلەپ دۇڭموۋ تۆرىلىكى بېرىلگەن. كېيىن جىبېيگە بەگ قىلىنغان. خاقان ۋېندىنىڭ ئۈچىنچى يىلى لەشكەرلىرى بىلەن ئاسىيلىق قىلغاچقا، خەن لەشكەرلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، ئۆزى ئەسىر چۈشۈپ ئۆلتۈرۈلگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 - توم 426 - بەت)

〔14〕 شىڭياڭ (荥阳) — ناھىيە. خېنەن ئۆلكىسىدە. يىغىلىق دەۋرىدە خەن بەگلىكىنىڭ بىر شەھىرى بولغانىدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۋەن» 1864 - بەت)

〔15〕 چوڭ سەنگۈن (大将军) — يىغىلىق دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. خەن خاقانلىقى دەۋرىدە داۋاملىق ئىشلىتىلگەن. سەنگۈنلەرنىڭ ئەڭ ئالىي ئۇنۋانى بولۇپ، ئەسكەرلەرگە ۋە خوتۇنلارغا قوماندانلىق قىلاتتى. ئىسلزا-

دىلەر ۋە خاقاننىڭ ئۇرۇغ ـ تۇققانلىرى چوڭ سەنگۈن بولاتتى.

(«سىخەي» 1443 ـ بەت)

[16] لىيۇ جاڭ(刘长) م. ب. 198 ـ 174 ـ يىللار) ــ خۇەيىنەن لىۋاڭ (历王). خەن گاۋزۇ لىيۇ باڭنىڭ ئوغلى. م. ب. 196 ـ يىلى بەگلىككە تەيىنلەنگەن. خاقان ۋېندى تەختكە چىققاندا، ئۇنىڭ كىبىرى ئېشىپ، زوراۋانلىق قىلىپ، قانۇنغا رىئايە قىلمىغان. يوشۇرۇن ھالدا ئىسيانغا ھازىرلانغان. م. ب. 174 ـ يىلى ئىسيان قىلماقچى بولغانلىقى بىلىنىپ قېلىپ، تۇتۇلغان. يەنداۋ، چيۇڭدۇغا ھەيدەلگەندە، يولدا ئاچلىق ئېلان قىلىپ ئۆلۈۋالغان.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن» 1834 ـ بەت)

[17] منىيۆلەر (闽越) ــ قەدىمكى قەۋم. قەدىمكى يۆلەرنىڭ بىر تارمىقى. چىن، خەن دەۋرىدە ھازىرقى فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمى. جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىدىكى قىسمەن رايونلارغا جايلاشقان. چىن دەۋرىدە ئۇلارنىڭ ماكانى مىنجۇڭ (闽中) ۋىلايىتىدە ئىدى. رەئىسى ئۇجۇ. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، يۆ بەگلىكىنىڭ بېگى گوۋجيەننىڭ (勾践) ئەۋلادى ئىكەن. خەن خاقانلىقىنىڭ باشلىرىدا، ئۇ مىنيۆ بەگلىكىگە تەيىنلەنگەن. دۇڭيېنى (بۇگۈنكى فۇجوۋنى) مەركەز قىلغان. كېيىن ياۋ (繇)ۋە دۇڭيۆ دەپ ئىككى قىسمغا ئايرىلغان. خەن خاقانلىقى خاقانى ۋۇدى دەۋرىدە م. ب. 111 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەندىڭنىڭ ئالتىنچى يىلى) دۇڭيۆ بېگى يۈ شەننىڭ خەن ھۆكۈمرانلىقىغا قارشىلىقى يېڭىلگەچكە، بىر قىسىم منىيۆلەر جياڭ، خۋەي رايونىغا مەجبۇرى كۆچۈرۈلگەن.

(«سىخەي» 2015 ـ بەت)

[18] شۇجۈن (蜀郡) ــ ۋىلايەت. قەدىمكى شۇ بەگلىكىنىڭ يېرى. يىغىلىق دەۋرىدە چىن بەگلىكى تەرىپىدىن قۇرۇلغان. مەركىزى چېڭدۇ (ھازىر سىچۈەنگە قارايدۇ). غەربىي خەن دەۋرىدىكى تېررىتورىيىسى سىچۈەن سۇڭپەننىڭ جەنۇبى، بېيچۈەن، پېڭشەن، خۇڭيانىڭ غەربى، ئېبىيەن، شىمىيەننىڭ شىمالى، چيۇڭلەي تىغى، دادۇخې دەرياسىنىڭ شەرقى ھەمدە دادۇخې دەرياسى، يالۇڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى كاڭ دىڭنىڭ جەنۇبى، مىيەنىڭنىڭ شىمالىدىكى يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، كېيىن بارا ـ بارا كىچىكلىتىلگەن.

(«سىخەي» 3859 ـ بەت)

www.uyghurkitap.com

[19] يەنداۋ (严道) — خەن خاقانلىقى تەسىس قىلغان كونا ناھىيە. ھازىرقى سىچۈەن ئۆلكىسى شىڭجىڭ ناھىيىسى. چىن شىخۇاڭ چۇ بەگلىكىنى مۇنقەرز قىلىپ، چۇ بېگى يەنجۇاڭنىڭ پەرزەنتلىرىنى مۇشۇ يەرگە كۆچۈرگەچكە، شۇنىڭغا نىسبەت قىلىپ يەنداۋ دېيىلگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 427 ـ بەت)

[20] چيۇڭدۇ (邛都) — بەگلىك. خەن خاقانلىقى دەۋرىدە ناھىيە تەسىس قىلىنغان. بۈگۈنكى سىچۈەن ئۆلكىسى شىچاڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 427 ـ بەت)

[21] خۇەينەن بېگى (谁南王) ليۇئەن. ئەسلىدە فۇلىڭ بېگى ئىدى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 427 ـ بەت)

[22] خېڭشەن بېگى (衡山王) — ليۇبۇ. ئەسلىدە ئەنياڭ بېگى ئىدى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 427 ـ بەت

[23] لۇجياڭ بېگى (卢江王) — ليۇسى. ئەسلىدە جوۋياڭ بېگى ئىدى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 427 ـ بەت)

[24] جۇنا (朝那) — قەدىمكى ناھىيە. غەربىي خەن دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. م. ب. 166 ـ يىلى (خەن ۋېندىنىڭ 14 ـ يىلى) 160,000 ھۇن ئاتلىق قوشۇنى جۇنا، شياۋگۇەن ئۆتكىلىگە باستۇرۇپ كىرگەن.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن» 1489 ـ بەت)

[25] تۇتۇق بەگ (都尉) ئەمەل. خەن خاقانلىقى دەۋرىدە تۇتۇق بەگ ئەمىلى بەك كۆپەيگەن بولۇپ، ۋەزىپىلىرىگە قاراپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنگەن. a) مەھرەم بەگلەر ـــ مەسىلەن: ھارۋىلىق كۆتكۈچى تۇتۇق بەگ، داماد (كۈيوغۇل) تۇتۇق بەگ، ئاتلىقلار تۇتۇق بېگى؛ b) ئىش بېجىرگۈچى ئەمەلدارلار ـــ مەسىلەن: ئوردا، غەزنە تۇتۇق بېگى، ئۈنۋان تۇتۇق بېگى، تەمىنات تۇتۇق بېگى؛ c) ۋىلايەت ـ بەگلىكلەرنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى سىپاھ ـ بەگلەر ـــ مەسىلەن: ۋىلايەت تۇتۇق بېگى، بېقىندى ئەللەر تۇتۇق بېگى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

(«سىخەي» 1032 ـ بەت)

[26] لۇڭشى (陇西) — ۋىلايەت. ھازىرقى گەنسۇ (كەڭسۇ) ئۆلكىسى لىڭتاۋنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. لۇڭشەن تېغىنىڭ غەربىدە بولغاچقا، بۇ ئىسىم

www.uyghurkitap.com

قويۇلغان. م. ب. 280 ـ يىلى تەسىس قىلىنغان.

(«سىخەي» 979 ـ بەت)

[27] ئىشىك ئاغاسى (郎中令) ــ چىن خاقانلىقى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان توققۇز ۋەزىرلىكىنىڭ بىرى. ئاساسەن، ئوردا ـ ساراي دەرۋازىلىرىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىكىنى قىلاتتى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 431 ـ بەت)

[28] هارۋا ـ ئاتلىقلار سەنگۈنى (车骑将军) ــ قەدىمكى زاماندا، جەڭ هارۋىلىرى ۋە ئاتلىق قوشۇنغا قوماندانلىق قىلغۇچى سەنگۈن.*

[29] دىۋان بېگى (内史) ــ ئەمەل. غەربىي جوۋ دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان، دەپتەردار دىۋان بېگى، يارلىق دىۋان بېگى دېيىلەتتى. دەپتەردارلىقنى، بەگ ـ ۋەزىرلەرگە بېرىلىدىغان يارلىقلارنى ھەمدە ئۇنۋان تەيىنلەش ۋە مۇئاش بەلگىلەش، ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئىشلىرىنى بېجىرەتتى. چىن دەۋرىنىڭ باشلىرىدا قويۇلغان دىۋان بېگى پايتەختنى ئەتراپىدىكى جايلارنى ئىدارە قىلاتتى. شەھەر باشلىقى دەرىجىلىك بىرمەنسەپ ئىدى. خەن دەۋرىنىڭ باشلىرىدا، خاقان بەگ ـ خانلارنى تەيىنلىگەن ۋاقىتتا، ئىچكى ئىشلارنى ئىدارە قىلىشقا دىۋان بېگى قويۇلۇپ، خەلق ئىشلىرى باشقۇرۇلغان ئىدى.

(«سىخەي» 439 ـ بەت)

[30] لۈەن بۇ (栾布) ــ غەربىي خەن دەۋرىدە ياشىغان. لياڭ (梁) بەگلىكىدىن (بۈگۈنكى خېنەن شاڭچيۇدىن). پېڭ يۆ نىڭ قەدىناس دوستى. پېڭ يۆ لياڭ بەگلىكىگە بەگ بولغاندا، لۈەن بۇنى تۆرە قىلغان. خەن گاۋزۇ ليۇ باڭ پېڭ يۆنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، لۈەن بۇ ئەلچىلەر بىلەن بىرگە چى ئېلىدىن قايتىپ كەلگەن ۋە پېڭ يۆگە هازا تۇتۇپ يىغلىغانلىقى ئۈچۈن مەمۇرلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ليۇ باڭ ئەپۇ قىلىپ، تۇتۇق بەگ قىلغان. خاقان ۋېندى دەۋرىدە يەن بەگلىكى ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەنگەن. ۋۇ (吴)، چۇ (楚) يەتتە بەگلىك يىغىلىقى ۋاقتىدا، چى بەگلىكىگە قارشى ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، شۇ (鄃) ناھىيىسى تۆرىلىكى بېرىلگەن.

(«سىخەي» 4379 ـ بەت)

[31] خوۋيۈەن (后元) ــ غەربىي خەن خاقانى ۋېندى (ليۇ خېڭ) م.

ب. 177 ـ يىلىدىن م. ب. 157 ـ يىلىغىچە جەمئى 21 يىل خاقانلىق تەختىدە ئولتۇرغان. خاقان ۋېندى ئۆز سەلتەنىتىنىڭ كېيىنكى يەتتە يىلىنى خوۋ يۈەن سەلتەنەت يىلى دەپ ئاتىغان.

(«سىخەي» 4767 ـ بەت)

[32] تۆت دالا (四荒) ـ تۆت ئەتراپى بوزدالىدىن ئىبارەت يەرلەر بولۇپ، «ئەريا. يەرنامىلىرى ئىزاھاتى» دېگەن ئەسەردە: "رىشىيا (日下)، شۋاڭمۇ (西王母)، بېيخۇ (北户)، گۇجۇ (孤竹) دېگەن يەرلەر تۆت دالا دەپ ئاتىلىدۇ" دېيىلگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1توم 431 ـ بەت)

[33] پايتەخت ئەتراپى (封畿) ـ خاقانلار ئۆزى بىۋاستە باشقۇرىدىغان يەرلەرجى (畿)دەپ ئاتىلىدۇ. فېڭجى پايتەخت ئەتراپىدىكى جايلاردىن ئىبارەت.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن» 869 ـ بەت)

[34] تەڭرىقۇت (单于) ـ ھۇنلاردا ئەڭ ئالى ھۆكۈمدار تەڭرىقۇت دېيىلىدۇ. تەڭرىقۇت ـ تەڭرى ئوغلى مەنىسىدە بولۇپ، ئۇلۇغ، بۈيۈك مەنىسىدە.

(«سىخەي» 660 ـ بەت)

[35] يۈنجۇڭ(云中) ـ ۋىلايەت. يېغىلىق دەۋرىدە جاۋ بەگلىكى ۋۇلىڭ-ۋاڭ تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان. ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى تۇمەن خوشۇنىنىڭ شەرقىي، داچىڭ تېغىنىڭ جەنۇبى، جۇزى ناھىيىسىنىڭ غەربى، خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىي ساھىلى ۋە سەددىچىنىنىڭ شىمالىدىكى يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(«سىخەي» 1083 ـ بەت)

[36] دانىش بەگ (中大夫) ـ ئەمەل ئىسمى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 432 ـ بەت)

[37] فېيخۇ (飞狐) ـ ئۆتكەل، ئېغىزنىڭ نامى. خېبېي لەيىيۈەن ناھىيىسىنىڭ شىمالى، ۋېيشيەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى. ئىككى تەرىپى تىك يار، 100 چاقىرىمدىن ئۇزۇن، تار يول بولۇپ، قەدىمدىن بېرى خېبېي تۈزلەڭلىكى بىلەن شىمالىي چېگرا ۋىلايەتلەر ئارىسىدىكى قاتناشنىڭ مۇھىم

ئاغزىدۇر.

(«سىخەي» 252 ـ بەت)

[38] گوۋجۇ (勾注) تاغ. يەنمېنشەنمۇ دېيىلىدۇ. قەدىمكى توققۇز قورۇلدىن بىرى. ئورنى هازىرقى سەنشى-دەيشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 432 ـ بەت)

[39] خېنېي (河内) ـ ۋىلايەت. م. ب. 205 ـ يىلى (خەن گاۋزۇ لىيۇ باڭنىڭ ئىككىنچى يىلى) قۇرۇلغان. خۇاڭخې دەرياسىنىڭ بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسىدىكى جەنۇپ ۋە شىمال ئىككى قىرغىقىدىكى جايلاردىن ئىبارەت.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن» 1753 ـ بەت)

[40] جوۋ يافۇ (周亚夫، م. ب. ? ـ 143 ـ يىللار) ـ غەربىي خەن دەۋرىدىكى ئاتاقلىق سەركەردە. پېي (هازىرقى جياڭسۇدا) ناھىيىسىدىن. جوۋبو (周勃)مۇ دېيىلىدۇ. باشتا تياۋ (条)تۆرىلىكى بېرىلگەن. خاقان ۋېندى دەۋرىدە، هۇنلار هۇجۇم قىلىپ كەلگەندە، ئۇ خېنېي مۇھاپىزەتچىلىكىدىن سەنگونلىككە كۆتۈرۈلۈپ، شىلىۇ (细柳)نى مۇداپىئە قىلغان. جوۋ يافۇ ھەربىي ئىنتىزام ۋە بۇيرۇقلارنى چىڭ تۇتاتتى. خاقان جىڭدى دەۋرىدە چىرىكچى بەگ بولۇپ، ۋۇ (吴)، چۇ (楚)لاردىن ئىبارەت يەتتە بەگلىك يېغىلىقىنى باستۇرۇپ، باش ۋەزىر بولغان. كېيىن ئوغلى شەخسى قورال سودىسى قىلغاچقا، جوۋيافۇ قاماققا ئېلىنىپ، تۈرمىدە ئاچلىق ئېلان قىلىپ ئۆلگەن.

(«سىخەي» 459 ـ بەت)

[41] شىلىۇ (细柳) ـ قەدىمكى يەرنىسى بولۇپ، هازىرقى شەنشى ئۆلكىسى شيەنياڭ شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبى، ۋېيخې دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى جايلاردىن ئىبارەت.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 432 ـ بەت)

[42] خاندان بەگ (宗正) ـ چىن خاقانلىقى تەسىس قىلغان، غەربىي خەن خاقانلىقى ۋاقتىدا داۋاملىق ئىشلىتىلگەن ئەمەل. كۆپىنچە، بۇ خان جەمەتلىرى ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مەمۇر بولۇپ، توققۇز ۋەزىرنىڭ بىرى هېسابلىناتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن» 343 ـ بەت)

[43] باشاڭ(霸上) ــ قەدىمكى يەرنىسمى، باتوۋ (霸头)مۇدىيىلىدۇ. ئۇرنى باشۇنىڭ غەربىدىكى ئىگىزلىكتە بولغىنى ئۈچۈن، بۇ ئىسىم بېرىلگەن. ئۇرنى بۈگۈنكى شەنشى شىئەن شەھىرىنىڭ شەرقىدە. شيەنياڭ، چاڭئەنلەرگە يېقىن يەرلەر ئىچىدە. ھەربى جەھەتتىن بەك مۇھىم جاي ھېسابلىنىدۇ.

(«سىخەي» 4582 ـ بەت)

[44] جىمېن (棘门) ــ قەدىمكى يەرنىسمى. ئەسلىدە چىن بەگلىكى ئوردا دەرۋازىسى ئىدى. ئورنى بۈگۈنكى شەنشى شيەنياڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1 ـ توم 432 ـ بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## تارىخىي خاتىرىلەر 11 ـ جىلد

# خەن خاقانى جىڭدى (汉景帝) ① تەزكىرىسى

**خەن** خاقانلىقى خاقانى جىڭدى ــ خاقان ۋېندىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى. ئۇنىڭ ئانىسى دوۋخان ئانا. خاقان ۋېندى دەي بەگلىكىدىكى ۋاقتىدا، ئاۋالقى بەگ ئاغىچىدىن ئۈچ ئوغۇل كۆرگەن بولۇپ، خانىش ئەتىۋارلىق ئورۇنغا چىققان چاغدا، ئاۋالقى بەگ ئاغىچا ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان ھېلىقى ئۈچ ئوغۇلمۇ ئىلگىرى ـ ئاخىر ئۆلۈپ كەتكەچكە، جىڭدى ۋەلىئەھد بولۇپ، خاقانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان.

م. ب. 156 ـ يىلى (خەن جىڭدىنىڭ بىرىنچى يىلى) تۆتىنچى ئايدا، مەملىكەت بويىچە پۇقرالارنىڭ ئورنى بىر دەرىجە كۆتۈرۈلۈپ، ئومۇمى كېچىرىم ئېلان قىلىندى. بەشىنچى ئايدا مەملىكەت بويىچە، يەر ئىجارىسى 50 پىرسەنت كېمەيتىلدى. خاقان ۋېندى ئۈچۈن خان جەمەتلىرى ئىبادەتخانىسى سېلىپ بېرىلىپ، ۋەزىرلەرگە ئوردىنى تەبرىكلىمەسلىك توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈلدى. ھۇنلار دەي ۋىلايىتىگە باستۇرۇپ كىرگەندە، ئەلچى ئەۋەتىلىپ، ھۇنلار بىلەن ياخشىلىشىش توغرىسىدا ئەھد تۈزۈلدى...

(ئەسلى كىتاب 439 ـ بەت)

* * *

م. ب. 148 ـ يىلى (خەن جىڭدى جۇڭيۈەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ ئىككىنچى يىلى) ئىككىنچى ئايدا، ھۇنلار يەن دىيارىغا باستۇرۇپ

كىرگەنلىكتىن، ياخشىلىشىش ئىشىغا ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكتىن، ياخشىلىشىش ئەمەلىي بىكار قىلىندى...

(ئەسلى كىتاب 444 ـ بەت)

*　　*　　*

م. ب. 147 ـ يىلى (خاقان جىڭدى سەلتەنەت دەۋرى جۇڭيۈەندىنىڭ ئۈچىنچى يىلى)، ھۇنلارنىڭ ئىككى خانى ئۆز توپىلىرى بىلەن تەسلىم بولغاچقا، ئۇلارغا چوڭ تۆرە[2] مەرتىۋىسى بېرىلدى...

(ئەسلى كىتاب 445 ـ بەت)

*　　*　　*

م. ب. 144 ـ يىلى (خاقان جىڭدى سەلتەنەت دەۋرى جۇڭيۈەندىنىڭ ئالتىنچى يىلى) سەككىزىنچى ئايدا، ھۇنلار شاڭجۈن ۋىلايىتىگە باستۇرۇپ كىردى.

(ئەسلى كىتاب 446 ـ بەت)

*　　*　　*

م. ب. 142 ـ يىلى (خاقان جىڭدى سەلتەنەت دەۋرى خوۋيۈەندىنىڭ ئىككىنچى يىلى) بىرىنچى ئايدا، بىر كۈندە ئۈچ قېتىم يەر تەۋرىدى. جىرسەنگۈن ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلدى... ئۈچىنچى ئايدا، ھۇنلار يەنمېن[3] ۋىلايىتىگە باستۇرۇپ كىردى.

(ئەسلى كىتاب 448 ـ بەت)

---

〔1〕 خەن خاقانى جىڭدى (汉景帝)، يەنى ليۇچى (刘启)، م.ب. 188 ــ 141 ـ يىللار) ـ غەربىي خەن خاقانلىرىدىن بولۇپ، م.ب. 157 ــ 141 ـ يىللاردا سەلتەنەت سۈرگەن. «خەلققە ئاسايىشلىق بېرىش سىياسىتى»نى داۋاملىق يۈرگۈزۈپ، $\frac{1}{15}$ ھەسسە ئېلىنىدىغان غەلە ـ پاراقنى $\frac{1}{30}$ ھەسسىگە چۈشۈرگەن. بەگلىكلەرنى «ئاجىزلىتىش تەدبىرى»نى قوللىنىپ، ۋۇ (吴)، چۇ (楚)لاردىن ئىبارەت يەتتە بەگلىك قالايمىقانچىلىقىنى تىنچىتقان. بەگلەر، ئەمەلدارلارنى خىزمەتكە تەيىنلەش ۋە خىزمەتتىن قالدۇرۇش ھوقۇقىنى مەركەزگە تاپشۇرۇپ ئېلىپ، بەگلىكلەرنىڭ مەمۇرىيىتى مەركەزدىن تەيىنلەنگەن

www.uyghurkitap.com

ئەمەلدارلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇپ، ھوقۇقنى مەركەزلەشتۇرۇش مۇستەھكەم-لەنگەن. ئۆتكەن تارىخچىلار خەن خاقانى جىڭدىنى خاقان ۋىندىنىڭ دەۋر سەلتەنىتى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇشاتتى.

(«سىخەي» 2029 ــ بەت)

〔2〕 چوڭ تۆرە (列侯) ــ چىن خاقانلىقى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان 20 دەرىجىلىك ئۇنۋان (رۇتبە)نىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى. تۇڭخو (通侯)، چې خوۋ (彻侯)مۇ دېيىلىدۇ. خەن خاقانى ۋۇدىنىڭ نامى(彻) بولغاچقا، چې خوۋ ئىستىمالدىن قالغان.

(«سىخەي» 3054 ــ بەت)

〔3〕 يەنمېن (雁门) ــ يېغىلىق دەۋرىدە جاۋ بەگلىكى ۋۇلىڭۋاڭ تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان. چىن ۋە غەربىي خەن خاقانلىقى دەۋرلىرىدە ۋىلايەت مەر-كىزى شەنۋۇ (بۈگۈنكى سەنشى يۈۋيۈنىڭ جەنۇبى)دا ئىدى. ھازىرقى سەنشى، خېبېي، ۋۇسەي، نىڭۋۇ قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ شىمالى، خېڭشەنىنىڭ غەربى، ئىچكى موڭغۇلنىڭ خۇاڭچىخەي، دەيخەينىڭ جەنۇبىدىكى يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

(«سىخەي» 351 ــ 352 ــ بەت)

# تارىخىي خاتىرىلەر 12 ـ جىلد

## خەن خاقانى ۋۇدى(汉武帝)[1] تەزكىرىسى

**يازدا** خەن خاقانلىقى سەلتەنەت دەۋرىنى ئۆزگەرتىپ، بىرىنچى ئاينى يىل بېشى قىلدى. سېرىق رەڭنى ئۈستۈن ئورۇنغا قويدى (قەدىرلىدى). ئەمەل ئىسمىلىرىنى ئۆزگەرتىپ، بەش خەتلىك مۆھۈر ئويدۇردى. بۇيىلىنى تەيچۇ[2] (太初)نىڭ بىرىنچى يىلى (م. ب. 104 ـ يىلى) قىلىپ ئۆزگەرتتى. شۇيىلى خاقان ۋۇدى ئېرشى سەنگۈننى غەربكە ماڭدۇرۇپ، پەرغانىغا[3] جازا يۈرۈشى قىلدى. ھەممە ياقتا چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەردى. دىڭ فۇرىن[4] لوۋياڭ، يۈچۈلار ھۇنلار ۋە پەرغانىلىقلارنى ئەپسۇن ئوقۇپ قاغىدى.

(ئەسلى كىتاب 483 ـ بەت)

---

[1] خەن خاقانى ۋۇدى (汉武帝)، م.ب. 156 ــ 87 ـ يىللار) ــ ئىسمى لىۋچې (刘彻)، خەن خاقانى جىڭدىنىڭ ئوغلى بولۇپ، غەربىي خەن خاقانلىقىنىڭ خاقانى. م.ب. 140 ــ 87 ـ يىللار ئارىلىقىدا 54 يىل ھۆكۈمدار بولدى. ئۇ كۈڭزىچىلىق تەلىماتىنىڭ ھامىيسى ئىدى. ۋۇەي دەۋرىدە سودا، مېتالچىلىق، تۇزچىلىق، دېھقانچىلىق راۋاجلاندى. سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلدى. پۇل قۇيۇلدى. غەربىي شىمالغا خەلق كۆچۈرۈلدى. جاڭ چيەننى غەربىي ئەلگە ئىككى قېتىم ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، غەربىي ئەلگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ئالاقىنى كۈچەيتتى. غەربىي جەنۇپتىكى يى قەۋملىرى ئىچىدە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، يەتتە ۋىلايەت تەسىس قىلىندى. ۋېي چىڭ، خوچۈبىڭ سەنگۈنلەر ئارقىلىق ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ھۇنلارنىڭ

شمالدىكى ئەمەدىنى يوقاتتى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە دىنىي پائالىيەتلەر، نەزىر-چىراقلار كۆپ ئۆتكۈزۈلۈپ، ھەددىدىن زىيادە ئىسراپچىلىق قىلىنغانلىقى، ئالۋان-سېلىقلارنىڭ ئېغىر بولغانلىقى تۈپەيلى، دېھقانلار زور كۆلەمدە ۋەيران بولدى. م.ب. 99-يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى تيەنخەننىڭ ئىككىنچى يىلى) چى (齐)، چۇ (楚)، يەن(燕)، جاۋ (赵) ھەم نەنياڭ (南阳) قاتارلىق جايلاردا دېھقانلار قوزغىلىڭى بولدى.

(«سىخەي» 2029-بەت)

〔2〕 تەيچۇ (太初) — خەن خاقانى ۋۇدىنىڭ سەلتەنەت يىلى. م.ب. 104 — 101-يىللار.

(«سىخەي» 1463-بەت)

〔3〕 پەرغانە (大宛) — غەربىي ئەلنىڭ قەدىمكى خانلىقلىرىدىن بىرى. ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پەرغانە ئويمانلىقىغا جايلاشقان. مەركىزى كوشان شەھىرى بولۇپ، چوڭ-كىچىك 70 تىن ئارتۇق شەھىرى بار ئىدى. ئاھالىسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قىلاتتى. ئۈزۈم، بېدە ۋە ئاتلىرى مەشھۇر ئىدى.

(«سىيۈەن» 1429-بەت)

〔4〕 دىڭ فۇرېن (丁夫人) — بۇ يەردىكى «丁» فامىلە، «夫人» ئىسىم بولۇپ، يىغىلىق، چىن ۋە خەن سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە ئەرلەرنىڭ (夫人) سۆزىنى ئۆزلىرىگە ئىسىم قىلىۋېلىش ئادىتى بار ئىدى.*

# تارىخى خاتىرىلەر 14-جىلد

## 12 بەگلىك يىلنامىسى[1]

**جېڭ** (郑) م. ب. 806-يىلى جوۋ (周) خانى شۇەنۋاڭنىڭ 22-يىلى)، شۇەنۋاڭ ئانا بىر ئىنىسى يوۋ (友) غا جېڭ دېگەن يەرنى سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن. جېڭ خۇەنگۇڭ مانا شۇ ئىدى. ئۇ 36 يىل (م. ب. 806-يىلدىن م. ب. 771-يىلغىچە) تەختتە ئولتۇردى. جوۋخانلىقى خانى يوۋۋاڭ بىلەن بىرلىكتە چۈەنرۇڭلارنىڭ قولىدا ئۆلدى.

(ئەسلى كىتاب 523-بەت)

**جوۋ** (周) م. ب. 771-يىلى (جوۋيوۋۋاڭنىڭ 11-يىلى)، جوۋ يوۋۋاڭ چۈەنرۇڭلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

**جېڭ** (郑) م. ب. 771-يىلى (جېڭ بېگى خۇەنگۇڭنىڭ 36-يىلى) جېڭ خۇەنگۇڭ جوۋيوۋۋاڭنى قۇتقۇلدۇرۇش يولىدا چۈەنرۇڭلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

(ئەسلى كىتاب 532-بەت)

**چىن** (秦) م. ب766-يىلى (جوۋپىڭۋاڭنىڭ بەشىنچى يىلى، يەنى چىن بېگى شياڭگۇڭنىڭ 12-يىلى)، چىن بېگى شياڭگۇڭ رۇڭلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، چىشەن تېغىغا بارغاندا ئۆلگەنىدى.

(ئەسلى كىتاب 534-بەت)

**چى** (齐) م. ب. 706-يىلى (جوۋخانى خۇەنۋاڭنىڭ 14-يىلى

**يەنى چى بېگى لىگۇڭنىڭ 25 ـ يىلى)، تاغ رۇڭلىرى چى بەگلىكىگە تاجاۋۇز قىلدى.**

(ئەسلى كىتاب 558 ـ بەت)

**جىن** (晋) م. ب. 672 ـ يىلى (جوۋخانى خۇيۋاڭنىڭ بەشىنچى يىلى، يەنى جىن بېگى شيەنگۇڭنىڭ بەشىنچى يىلى)، جىن بەگلىكى لەشكەر تارتىپ، لى رۇڭلىرىغا[2] جازا يۈرۈشى قىلدى ۋە لى رۇڭلىرى خانىنىڭ ئاغىچىسىنى قولغا چۈشۈردى.

(ئەسلى كىتاب 575 ـ بەت)

**چى** (齐) م. ب. 663 ـ يىلى (جوۋخانى خۇيۋاڭنىڭ 14 ـ يىلى يەنى چى بېگى خۇەنگۇڭنىڭ 23 ـ يىلى)، چى بەگلىكى يەن بەگلىكىنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن لەشكەر تارتىپ، تاغ رۇڭلىرىغا جازا يۈرۈشى قىلدى.

(ئەسلى كىتاب 578 ـ بەت)

**ۋېي** (卫) م. ب. 660 ـ يىلى (جوۋخانى خۇيۋاڭنىڭ 17 ـ يىلى يەنى ۋېي بېگى يىگۇڭنىڭ توققۇزىنچى يىلى)، دىلار (翟人) ۋېي بەگلىكىگە جازا يۈرۈشى قىلدى. يىگۇڭ بەگلىكنىڭ ئىشلىرى بىلەن كارى بولماي، دائىم تۇرنا بېقىپ يۈرگەچكە، سىپاھ ـ بەگلەر خاپا بولۇپ، ئۇرۇش قىلىشتىن باش تارتتى. دىلار ۋېي بەگلىكىنى يوقاتتى. ۋېي بەگلىكى ئاھالىسى يىگۇڭنىڭ ئاتىسى خۇيگۇڭنىڭ ئىچكى يېغىلىق پەيدا قىلغانلىقىدىن نارازى ئىدى. شۇڭلاشقا، يىگۇڭ دىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، باش ۋەزىر ۋە ئاھالىلەر خۇيگۇڭنىڭ[3] كېيىنكى ئەۋلادىنى يوقىتىپ، چيەن مۇنىڭ ئىنىسى، جاۋبوۋەنىڭ ئوغلى شېن (申) نى بەگ قىلىپ تىكلەشتى. دەيگۇڭ مانا شۇ ئىدى. شۇ سەۋەپتىن، ۋېي بېگى يىگۇڭنىڭ توققۇزىنچى يىلى ۋېي بېگى دەيگۇڭنىڭ بىرىنچى يىلى (م. ب. 660 ـ يىلى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

(ئەسلى كىتاب 581 ـ بەت)

**چي** (齐) م. ب. 658 ـ يىلى (جوۋخانى خۇيشاڭنىڭ 19 ـ يىلى، يەنى چى بېگى خۇەنگوڭنىڭ 28 ـ يىلى)، چى بەگلىكى ۋېي بەگلىكىگە چۇچيۇ شەھىرىنى يېڭىدىن قۇرۇپ بېرىپ، رۇڭ، دىلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان ۋېي بەگلىكىگە ياردەم قىلدى.

(ئەسلى كىتاب 582 ـ بەت)

**جوۋ** (周) م. ب. 649 ـ يىلى (جوۋخانى شياڭۋاڭنىڭ ئۇچىنچى يىلى)، رۇڭ، دىلارنىڭ جوۋخانىدانىغا تاجاۋۇز قىلىشى شۇدەيىنىڭ تەكلىۋى بىلەن بولغانىدى. شياڭۋاڭ شۇدەيىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، شۇدەي چى بەگلىكىگە قېچىپ كەتتى.

(ئەسلى كىتاب 587 ـ بەت)

**چىن** (秦) م. ب. 649 ـ يىلى (چىن بېگى مۇگوڭنىڭ 11 ـ يىلى)، جوۋ خانى شياڭۋاڭ خانلىقتا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن رۇڭـ دىلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى. رۇڭ ـ دىلار چېكىنىپ كەتتى.

(ئەسلى كىتاب 587 ـ بەت)

**چي** (齐) م. ب. 648 ـ يىلى (جوۋخانى شياڭۋاڭنىڭ تۆتىنچى يىلى يەنى چى بېگى خۇەنگوڭنىڭ 38 ـ يىلى)، خۇەنگوڭ گۇەن جوڭ باشچىلىقىدا قوشۇن ئەۋەتىپ، جوۋخانىدانىغا تاجاۋۇز قىلغان دىلارنى چېكىندۈرگەچكە، شياڭۋاڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىكلەرگە خاس ھۆرمەت بىلەن گۇەن جوڭنى كۈتۈۋالماقچى بولدى. گۇەن جوڭ قايتا ـ قايتا تەكەللۇپ قىلىپ تۆرۈۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىرى تۆۋەن مەرتىۋىلىك ئەمەلدارلار قاتارىدا كۈتۈۋېلىندى.

(ئەسلى كىتاب 587 ـ بەت)

**چي** (齐) م. ب. 644 ـ يىلى (جوۋخانى شياڭۋاڭنىڭ سەككىزىنچى يىلى يەنى چى بېگى خۇەنگوڭنىڭ 42 ـ يىلى) رۇڭلار جوۋ خانىدانىغا تاجاۋۇز قىلغانلىقتىن، جوۋشياڭۋاڭ چى بېگى خۇەنگوڭغا جىددى ياردەم بېرىش ھەققىدە مۇراجىئەت قىلدى. شۇڭا، خۇەنگوڭ

بەگلەرنىڭ قوشۇنلىرىنى تۇپلاپ، چېڭجوۋ (成周) شەھىرىنى قوغدىدى.

(ئەسلى كىتاب 590-بەت)

**چى** (齐) م. ب. 627-يىلى (جوۋخانى شياڭۋاڭنىڭ 25-يىلى، يەنى چى بېگى جاۋگۇڭنىڭ ئالتىنچى يىلى) دىلار (狄) چى بەگلىكىگە بېسىپ كىردى.

(ئەسلى كىتاب 598-بەت)

**لۇ** (鲁) م. ب. 616-يىلى (جوۋخانى چىڭ ۋاڭنىڭ (项) ئۈچىنچى يىلى يەنى لۇ بېگى ۋېنگۇڭنىڭ 11-يىلى)، لۇ بەگلىكى قوشۇنلىرى شيەن (咸) شەندۇڭ ئۆلكىسى چۇفۇغا يېقىن جاي) دېگەن يەردە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ئىگىزدىلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئىگىز دىلاردىن چاۋرۇنى ئەسىر ئالدى.

(ئەسلى كىتاب 607-بەت)

**سۇڭ** (宋) م. ب. 616-يىلى (جوۋخانى چىڭۋاڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى يەنى سۇڭ بېگى جاۋگۇڭنىڭ تۆتىنچى يىلى) سۇڭ بەگلىكى قوشۇنلىرى چاڭچيۇدا (دۇيۇ ئىزاھاتى: "چاڭچيۇ سۇڭ بەگلىكىنىڭ يېرى") تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ئىگىز دىلارنى مەغلۇپ قىلدى.

(ئەسلى كىتاب 607-بەت)

**چۇ** (楚) م. ب. 606-يىلى (جوۋخانى دىڭۋاڭنىڭ بىرىنچى يىلى يەنى چۇ بېگى جۇاڭۋاڭنىڭ سەككىزىنچى يىلى)، جۇاڭۋاڭ لەشكەر تارتىپ بېرىپ، لۇخۇندىكى[4] رۇڭلارنى مەغلۇپ قىلدى. ئۇ لويى شەھىرىگە بارغاندىن كېيىن، جوۋخانلىقى ئىسرىقدانىنىڭ ئېغىرلىقىنى سورىدى.

(ئەسلى كىتاب 613-بەت)

**جىن** (晋) م. ب. 569-يىلى (جوۋخانى لىڭۋاڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى، يەنى جىن بېگى داۋگۇڭنىڭ تۆتىنچى يىلى)، ۋېي جياڭنىڭ

ئەسھەتى ئارقىسىدا جىن بەگلىكى رۇڭ ـ دىلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئىناق ئۆتكەنلىكتىن، رۇڭ ـ دىلار داۋگۇگغا ئەلچى ئەۋەتكەن ئىدى.

(ئەسلى كىتاب 631 ـ بەت)

**ۋېي** (卫) م. ب. 478 ـ يىلى (جوۋخانى جىڭۋاڭنىڭ 42 ـ يىلى، يەنى ۋېي بېگى جۋاڭگۇڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى)، جۋاڭگۇڭ رۇڭجوۋ (رۇڭلارنىڭ ئولتۇراقلاشقان جايى)لىقلارنى ھاقارەتلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار جاۋجيەنزى ۋە جىن بەگلىكىنىڭ باش ۋەزىرى جاۋياڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ، جۋاڭگۇڭغا ھۇجۇم قىلدى، جۋاڭگۇڭ قېچىپ كەتتى.

(ئەسلى كىتاب 682 ـ بەت)

---

[1] 12 بەگلىك يىلنامىسى (十二诸侯年表) ـ «تارىخىي خاتىرىلەر» دىكى 12 بەگلىك يىلنامىسى. م. ب. 841 ـ يىلدىن م. ب. 476 ـ يىلغىچە ئۈچ يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق داۋام قىلدى. چۇنچيۇ دەۋرىدە جوۋخانلىقىنى ئاساس قىلغان ھالدا، جوۋ (周)، لۇ(鲁)، چى(齐)، جىن (晋)، چىن (秦)، چۇ (楚)، سۇڭ (宋)، ۋېي (卫)، چېن (陈)، سەي (蔡)، ساۋ (曹)، جېڭ (郑)، يەن (燕)، ۋۇ (吴) قاتارلىق بەگلىكلەردە يۈز بەرگەن زور ۋەقە ـ ھادىسىلەرنىڭ خرونولوگىيىسىدۇر. ۋۇ بەگلىكى چۇنچيۇ دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا قۇرۇلغاچقا، 12 بەگلىك ئىچىگە كىرگۈزۈلمىگەن ئىدى.

(بىر توملۇق «سىيۋەن» 226 ـ بەت)

[2] لى رۇڭلىرى (骊戎) ـ قەدىمكى قەۋم بولۇپ، قەدىمكى رۇڭلارنىڭ بىر تارمىقى. ھازىرقى شەنشى لىنتۇڭ ناھىيىسى ئەتراپلىرىدا. خانىنىڭ فامىلىسى جى (姬) بولۇپ، چىن (秦)نىڭ ئەجداتلىرى بىلەن قۇدىلىق مۇناسىۋەتتە بولغان. («سىيۋەن» 2616 ـ بەت)

[3] ۋېي خۇيگۇڭ (卫惠公) ـ چۇنچيۇ دەۋرىدىكى ۋېي بەگلىكىنىڭ بېگى شۋەنگۇڭنىڭ ئوغلى. ئىسمى شو (朔)، 31 يىل سەلتەنەت سۈرگەن.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى» 1605 ـ بەت)

[4] لۇخۇن 陆浑 — قەدىمكى ناھىيە. ئەسلىدە چۇنچيۇ دەۋرىدە لۇخۇن رۇڭلىرىنىڭ يېرى بولۇپ، خەن خاقانلىقى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. ناھىيە شەھىرى ھازىرقى خېنەن سۇڭشيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا ئىدى. («تارىخىي خاتىرىلەر» 2 ـ توم 613 ـ بەت)



www.uyghurkitap.com

## تارىخي خاتىرىلەر 15 ـ جىلد

# ئالتە بەگلىك يىلنامىسى

چۆەنرۇڭلارنىڭ لەشكەر تارتىپ، جوۋخانى يوۋۋاڭنى مەغلۇپ
قىلغانلىقى، جوۋپىڭۋاڭنىڭ شەرققە كۆچۈپ لويى شەھرىگە ئورۇن-
لاشقانلىقى، چىن شياڭگۇڭنىڭ پىڭۋاڭ تەرىپىدىن بەگ بولۇپ
تەيىنلەنگەنلىكى، ئىبادەتخانا سالدۇرۇپ، تەڭرىگە نەزىر-چىراق
ئۆتكۈزگەنلىكى، بۇ جەھەتلەردە، ئەدەپ-قائىدىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلى-
كلىرىدىن ئىبارەت «چىن خاتىرىلىرى» («چىن بەگلىكى تارىخى
خاتىرىلىرى»)نى مۇئەررىخ ئوقۇپ چىققان. «ئەدەپنامە»[2] دە:
«تەڭرى خانلار ئاسمان ۋە يەر ئىلاھىغا نەزىر-چىراق قىلىدۇ.
بەگلەر ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان جايلاردىكى مەشھۇر تاغ-دەرىيالارغا
نەزىرچىراق قىلىدۇ» دېيىلگەن.

ئەمما چىن بەگلىكى رۇڭلار ۋەدىلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ئەمەل
قىلىپ، ياۋۇزلۇق ھەرىكەتلىرىگە بېرىلىپ كېتىپ، ۋاپادارلىق پەزىلىتىگە
سەل قارىدى. بەگلىك ئورنىدا تۇرسىمۇ، خانلارچە قائىدە-يوسۇن-
لارنى ئىجرا قىلدى. بۇ باشقا بەگلىكلەر ئۈچۈن ۋەھىمە بولدى.
كېيىن چىن ۋېنگۇڭ لەشكەر تارتىپ، لۇڭشەن تېغىدىن[3] ئۆتۈپ،
دىلارنىڭ يېرىنى بېسىۋالدى. ئەۋلىيا چېن باۋغا ئىخلاس قىلىپ،
چىشەن[4] بىلەن يۇڭشەن[5] تاغلىرى ئارىسىدىكى يەرگە پايتەخت
بىنا قىلدى. چىن بېگى مۇگۇڭنىڭ سىياسىتى ئادىل بولغاچقا،
بەگلىك كۈچىيىپ، بەگلىكنىڭ شەرقىي چېگرىسى خۇاڭخې دەرياسى-

غىچەكېڭەيدى. ئوتتۇرا جۇڭگودىكى بەگلىكلەرنىڭ بەگلىرىدىن چى خۇەنگوڭ، جىن ۋېنگوڭلاردىن ئىبارەت ئىككى ھۆكۈمدار بىلەن تەڭلىشىپ، غەرب تەرەپكە ھۆكۈمدار بولدى.

(ئەسلى كىتاب 685 ـ بەت)

بەزىلەر: «شەرق پۇتكۇل شەيئىلەرنىڭ ئاپرىدە بولىدىغان جايى. غەرب بولسا، پۇتكۇل شەيئىنىڭ ۋايىغا يېتىدىغان ئورنى»دەيدۇ. ئومۇمەن بىرەر ئىشنى باشلىغۇچىلار چوقۇم شەرقىي جەنۇبتىن، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلار دائىم غەربىي شىمالدىن چىقىدۇ. شۇڭلاشقا، يۈ[5] غەربىي چياڭلار ئىچىدە روناق تاپتى. تاڭ بولسا، بو[7] دېگەن جايدىن باش كۆتىرىپ چىقتى. جوۋ بولسا، فېڭيى، خاۋ شەھەرلىرىدىن[8] يىن خانلىقىغا يۈرۈش قىلىپ، ئەلنى قولغا كەلتۈردى. چىن بەگلىكى يوڭجوۋ ئايمىقىدا روناق تېپىپ، ئەلنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ خاقان ئاتالدى. بۈيۈك خەن خاقانلىقىمۇ شۇخەن (蜀汉) دېگەن جايلاردا خاقانلىقنىڭ ئاساسىنى ياراتتى.

(ئەسلى كىتاب 686 ـ بەت)

**چىن** (秦) م. ب. 471 ـ يىلى (جوۋخانلىقى خانى يۈەنۋاڭنىڭ بەشىنچى يىلى يەنى چىن بېگى لىگوڭگوڭنىڭ ئالتىنچى يىلى) يىچۇ رۇڭلىرى خانى چىن بەگلىكىگە ئادەم ئەۋەتىپ، مال ـ بايلىق يوللىدى. مىيەن جۇ ياردەم تەلەپ قىلىپ كىشى ئەۋەتتى.

(ئەسلى كىتاب 689 ـ بەت)

**چىن** (秦) م. ب. 461 ـ يىلى (جوۋخانلىقى خانى دىڭۋاڭنىڭ سەككىزىنچى يىلى، يەنى چىن بېگى لىگوڭگوڭنىڭ 16 ـ يىلى) لىگوڭگوڭ ئادەم ئەۋەتىپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ بويىدا خەندەك كولاتتى ۋە لەشكەر ئەۋەتىپ، دالى[9] رۇڭلىرىغا جازا يۈرۈشى قىلدى. پاڭشىچېڭ شەھىرىنى كېڭەيتىپ ئىسلاھ قىلدۇردى.

(ئەسلى كىتاب 693 ـ بەت)



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى — ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

چىن (秦) م. ب. 457 ـ يىلى (جوۋخانى دىڭۋاڭنىڭ 12 ـ يىلى يەنى چىن بېگى لىگوڭگوڭنىڭ 20 ـ يىلى)، چىن بېگى لىگوڭگوڭ لەشكەر تارتىپ، ميەن جۇ بىلەن ئۇرۇش قىلدى.

(ئەسلى كىتاب 693 ـ بەت)

چىن (秦) م. ب. 444 ـ يىلى (جوۋخانى دىڭۋاڭنىڭ 25 ـ يىلى يەنى چىن بېگى لىگوڭگوڭنىڭ 33 ـ يىلى)، لىگوڭگوڭ لەشكەر تارتىپ يىچۇ رۇڭلىرىنى مەغلۇپ قىلدى ۋە رۇڭ خانىنى ئەسىر ئالدى.

(ئەسلى كىتاب 700 ـ بەت)

چىن (秦) م. ب. 430 ـ يىلى (جوۋخانى كاۋۋاڭنىڭ 11 ـ يىلى يەنى چىن بېگى زاۋگوڭنىڭ 13 ـ يىلى)، يىچۇ خانى لەشكەر تارتىپ، چىن بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىپ، ۋېيياڭغىچە بېسىپ كىردى.

(ئەسلى كىتاب 702 ـ بەت)

ۋېي (魏) م. ب. 408 ـ يىلى (جوۋخانى ۋېيلىۋاڭنىڭ 18 ـ يىلى يەنى ۋېي بېگى ۋېنخوۋنىڭ 17 ـ يىلى)، ۋېنخوۋ ۋەلىئەھدى جى باشچىلىقىدا لەشكەر ئەۋەتىپ جۇڭشەننى[10] مەغلۇپ قىلدى.

(ئەسلى كىتاب 708 ـ بەت)

جاۋ (赵) م. ب. 408 ـ يىلى (جوۋخانى ۋېيلىۋاڭنىڭ 18 ـ يىلى يەنى جاۋ بېگى لىيخوۋنىڭ بىرىنچى يىلى)، ۋېي بېگى ۋېنخوۋ ۋەلىئەھدىنى ئەۋەتىپ جۇڭشەن بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلدى.

(ئەسلى كىتاب 708 ـ بەت)

چىن (秦) م. ب. 395 ـ يىلى (جوۋخانى ئەنۋاڭنىڭ يەتتىنچى يىلى يەنى چىن بېگى خۇيگوڭنىڭ بەشىنچى يىلى)، خۇيگوڭ لەشكەر تارتىپ، ميەن جۇغا ھۇجۇم قىلدى.

(ئەسلى كىتاب 712 ـ بەت)

ۋېي (魏) م. ب. 378 ـ يىلى (جوۋخانى ئەنۋاڭنىڭ 24 ـ يىلى

يەنى ۋېي بېگى ۋۇخوۋنىڭ توققۇزىنچى يىلى)، دىيلار كۆۋەي[11] دەرياسى بويىدا ۋېي بەگلىكى لەشكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلدى.

(ئەسلى كىتاب 715 ـ بەت)

**چىن** (秦) م. ب. 338 ـ يىلى (جوۋخانى شيەنۋاڭنىڭ 31 ـ يىلى يەنى چىن بېگى شياۋگۇڭنىڭ 24 ـ يىلى)، دالى رۇڭلىرى چىن بەگلىكىنىڭ خېياڭ[12] دېگەن جايىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. شياۋگۇڭ ئۆلدى.

(ئەسلى كىتاب 726 ـ بەت)

**چىن** (秦) م. ب. 331 ـ يىلى (جوۋخانى شيەنۋاڭنىڭ 38 ـ يىلى يەنى چىن بېگى خۇيۋېنۋاڭنىڭ يەتتىنچى يىلى)، يىچۈ رۇڭلىرى ئېلىدە ئىچكى قالايمىقانچىلىق چىققاچقا، خۇيۋېنۋاڭ تۆرە ساۋ باشچىلىقىدا لەشكەر ئەۋەتىپ تىنچلاندۇردى.

(ئەسلى كىتاب 728 ـ بەت)

**چىن** (秦) م. ب. 327 ـ يىلى (جوۋخانى شيەنۋاڭنىڭ 42 ـ يىلى يەنى چىن بېگى خۇيۋېنۋاڭنىڭ 11 ـ يىلى)، يىچۈ ھۆكۈمدارى چىن بەگلىكىگە ۋەزىر بولدى.

(ئەسلى كىتاب 729 ـ بەت)

**چىن** (秦) م. ب. 320 ـ يىلى (جوۋخانى شېنجىڭۋاڭنىڭ تۇنجى يىلى يەنى چىن بېگى خۇيۋېنۋاڭ خوۋيۈەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ بەشىنچى يىلى) خۇيۋېنۋاڭ شىمالدا رۇڭلارنىڭ يەرلىرىنى سەيلە قىلىپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ يوقىرىسىغىچە باردى.

(ئەسلى كىتاب 731 ـ بەت)

**چىن** (秦) م. ب. 314 ـ يىلى (جوۋخانى نەنۋاڭنىڭ بىرىنچى يىلى يەنى چىن بېگى خۇيۋېنۋاڭ خوۋيۈەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 11 ـ يىلى)، خۇيۋېنۋاڭ لەشكەر ئەۋەتىپ، يىچۈ رۇڭلىرى ئېلىگە ھۇجۇم قىلىپ، 25 شەھرىنى تارتىپ ئالدى.

(ئەسلى كىتاب 732 ـ بەت)

www.uyghurkitap.com

**جاۋ** (赵) م. ب. 307 ـ يىلى (**جوۋخانى نەنۋاڭنىڭ سەككىزىنچى يىلى يەنى جاۋ بېگى ۋۇلىڭۋاڭنىڭ 19 ـ يىلى**)، **جاۋ بەگلىكى** **هۇنچە كىيىنىپ، ئاتقا مىنىش ۋە ئوقيا ئېتىشنى ئۆگىنىشقا ئاشۇرۇشقا باشلىدى.**
(**ئەسلى** كىتاب 735 ـ بەت)
**جاۋ** (赵) م. ب. 301 ـ يىلى (**جوۋخانى نەنۋاڭنىڭ** 14 ـ يىلى يەنى جاۋ بېگى ۋۇلىڭۋاڭنىڭ 25 ـ يىلى)، جاۋ بەگلىكى لەشكەر ئەۋەتىپ، جۇڭشەن بەگلىكىگە هۇجۇم قىلدى. خۇي خانىش ئۆلدى.
(**ئەسلى** كىتاب 736 ـ بەت)
**جاۋ** (赵) م. ب. 295 ـ يىلى (**جوۋخانى نەنۋاڭنىڭ** 20 ـ يىلى يەنى جاۋ بېگى خۇيۋېنۋاڭنىڭ تۆتىنچى يىلى)، جاۋ بەگلىكى چى، يەن بەگلىكلىرى بىلەن بىرلىشىپ، جۇڭشەن بەگلىكىگە هۇجۇم قىلىپ، ئۇنى يوقاتتى.
(**ئەسلى** كىتاب 738 ـ بەت)
**چى** (齐) م. ب. 295 ـ يىلى (جوۋخانى نەنۋاڭنىڭ 20 ـ يىلى يەنى چى بېگى مىنۋاڭنىڭ 29 ـ يىلى)، چى بەگلىكى جاۋ بەگلىكىگە ياردەم قىلىپ، جۇڭشەن بەگلىكىنى يوقاتتى.
(**ئەسلى** كىتاب 738 ـ بەت)
**چىن** (秦) م. ب. 214 ـ يىلى (چىن شىخۇاڭنىڭ 33 ـ يىلى) لەشكەر ئەۋەتىلىپ، غەربىي شىمالدىكى رۇڭلارنىڭ يېرى تارتىۋېلىنىپ، ئۇ جايلاردا 34 ناهىيە شەهىرى بىنا قىلىندى. مىڭ تيەن 300,000 لەشكەر بىلەن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ بويىغا سېپىل سوقتى.
(**ئەسلى** كىتاب 757 ـ بەت)
**چىن** (秦) م. ب. 213 ـ يىلى (چىن شىخۇاڭنىڭ 34 ـ يىلى)، دەۋا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئادالەتسىزلىك قىلغان ئەمەلدارلار سېپىل سوقۇشقا ئەۋەتىلدى.
(**ئەسلى** كىتاب 758 ـ بەت)

[1] ئالته بەگلىك يىلنامىسى (六国纪年表) — يىغىلىش يىلنامىسى (战国纪年表) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. م.ب. 475 ـ يىلى (جوۋ خانى يۈەنۋاڭنىڭ بىرىنچى يىلى) دىن باشلىنىپ، م.ب. 221 ـ يىلغىچىلىك بولغان دەۋردىكى چۇ (楚)، چى (齐)، يەن (燕)، خەن (韩)، ۋېي (魏)، جاۋ (赵) قاتارلىق 6 بەگ-لىكنىڭ چىن (秦) بەگلىكى بىلەن پاراللېل ھالدىكى ۋەقەلىرىنىڭ خرونولو-گىيىسىدۇر.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» ئىككىنچى توم 685 — 687 ـ بەتلەر)

[2] «ئەدەپنامە» (礼经) — ئەدەپ ـ قائىدىلەر ھەققىدىكى كىتابمۇ دېيىلىدۇ. «جوۋ ئەدەبنامىسى» (周礼) دېگۈچىلەرمۇ بار.

(«سىخەي» 3609 ـ بەت)

[3] لۇڭشەن (陇山) — لىۈپەنشەن تېغىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنىڭ يەنە بىر خىل ئېيتىلىشى. قەدىمكى زامانلاردا لۇڭبەن (陇板) دېيىلەتتى. شەنشى ئۆلكىسى لۇڭشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، شەنشى، گەنسۇ ئۆلكىلىرىنىڭ چېگرىلىرىغىچە سوزۇلۇپ بارىدۇ.

(«سىخەي» 979 ـ بەت)

[4] چىشەن تېغى (岐山) — شەنشى ئۆلكىسى چىشەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.

(بىر توملۇق «سىيۈەن» 490 ـ بەت)

[5] يۇڭشەن (雍山) — شەنشى ئۆلكىسى فېڭشياڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.

(«سىخەي» 824 ـ بەت)

[6] يۇ (禹) — رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، قەدىمكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقى-نىڭ ئاقساقىلى. فامىلىسى سى (姒) بولۇپ، دايۇ (大禹)، شيايۇ (夏禹) رۇڭيۇ (戎禹) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە، ئىسمى ۋېنمىڭ (文命) گۇن (鲧) نىڭ ئوغلى. ئەسلىدە، شياخوۋشى (夏后氏) قەبىلىسىنىڭ ئاقسا-قىلى. چوڭ ئاقساقال شۈن (舜) ئۇنى كەلكۈن سۈيىنى تىزگىنلەشكە بۇي-رۇيدۇ. ئۇ ئېرىق ـ ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ، دەريا سۇلىرىنى راۋانلاشتۇرىدۇ، دېھقانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. 13 يىل سۇ تىزگىنلەش جەريانىدا ئىشىكى ئالدىدىن ئۈچ قېتىم ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۆيىگە كىرمەيدۇ. كۆرسەتكەن خىزمىتى

ئۇچـۇن شۇن ئۆلگەنـدىن كېيىن، قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ چوڭ ئاقساقىلى بولىدۇ.

(«سىخەي» 200 ـ بەت)

[7] تاڭ ئاقساقال، بو دېگەن يەردە باش كۆتۈرۈپ چىققان (汤起于亳) ـــ «شەرھىلەر توپلىمى» دا، شۇ گۇاڭ: "جىڭجاۋ ۋىلايىتىنىڭ دۇشيەن ناھىيىسىدە بوتىڭ دېگەن يەر بار" دەيدۇ. دۇشيەن ناھىيىسى جىن خانلىقى تەرىپىدىن قۇرۇلغان. قەدىمدە دوبو بەگلىكى بولۇپ، ھازىرقى شەنشى شىئەن شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» ئىككىنچى توم 686 ـ بەت)

[8] فېڭ، خاۋ (丰, 镐) ـــ فېڭ، خاۋ ئىككى شەھەرنىڭ ئىسمى. فېڭ ـ فېڭجىڭ (丰京) بولۇپ، جوۋ خانلىقىنىڭ خانى جوۋېنۋاڭ بىنا قىلغان. ھازىر شەنشى ئۆلكىسى چاڭئەن فېڭخې دەرياسىنىڭ غەربىدە. خاۋ ـ خاۋجىڭ (镐京) بولۇپ، جوۋ خانى ۋۇۋاڭ بىنا قىلدۇرغان. ھازىرقى فېڭخې دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى كۇنمىڭ كۆلىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا. («سىخەي» 64 ـ بەت)

[9] دالى رۇڭلىرى (大荔戎人) ـــ غەربىي رۇڭلاردىن بولغان قەدىمكى قەۋم. چىشەن، لياڭشەن تاغلىرى بىلەن جىڭشۈي، چىشۈي دەريالىرىنىڭ شىمالى، بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسى دالى ناھىيىسى ئەتراپلىرىدا ياشايتتى. چۇنچيۇ دەۋرىدە كۆچىيىپ، خانلىق بولۇۋالغان. شەھىرلىرى بار. م.ب. 461 ـ يىلى چىن بەگلىكى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، نامىنى لىنجىن (临晋) گە ئۆزگەرتكەن.

(«سىخەي» 1429 ـ بەت)

[10] كۇەي (浍) كۇەيخې دەرياسى بولۇپ، ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدا.

(«سىخەي» 2130 ـ بەت)

[11] خېياڭ (合阳) ـــ قەدىمكى جاي. يېغىلىق دەۋرىدىكى ۋېي بەگلىكىنىڭ زېمىنى. ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ خېياڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.

(«سىخەي» 726 ـ بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## تارىخىي خاتىرىلەر 16 ـ جىلد

# چىن، چۇ بەگلىكلىرى ئارىلىقىدىكى ئاينامە

**يۇڭ بېگى جاڭ خەن** (章邯) م. ب. 205 ـ يىلى (خەن گاۋزۇنىڭ ئىككىنچى يىلى) ئۈنىنچى ئايدا، خەن قوشۇنلىرى يۇڭ بەگلىكىنىڭ لۇگشى دېگەن جايىغا، 12 ـ ئايدا بېيدى دېگەن جايىغا ھۇجۇم قىلىپ بېسىۋالغان.

(ئەسلى كىتاب 784 ـ 785 ـ بەت)

**خەن** (汉) م. ب. 205 ـ يىلى (خەن گاۋزۇنىڭ ئىككىنچى يىلى) يەتتىنچى ئايدا خەن قوشۇنلىرى جاڭ خەننى فېيچيۇدا [1] ئۆلتۈردى. يۇڭ بەگلىكىگە قاراشلىق جايلارنىڭ ھەممىسى خەن بەگلىكىگە تەۋە بولۇپ، بۇ يەرلەردە لۇگشى، بېيدى، جۇڭدىدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت تەسىس قىلىندى.

(ئەسلى كىتاب 787 ـ 788 ـ بەت)

---

[1] فېيچيۇ (废丘) ياكى چۇەنلى (犬立) ـــ يەر ئىسمى. قەدىمكى ئورنى شەنشىنىڭ شىڭپىڭ ناھىيىسى تېرىتورىيىسىدە.

(بىر توملۇق «سيۇەن» 533 ـ بەت)

# خەن خاقانلىقى قۇرۇلغاندىن بۇرۇنقى بەگلەر يىلنامىسى

**دەي** (代) م . ب . 205 ـ يىلى (خەن گاۋزۇنىڭ ئىككىنچى يىلى) 11 ـ ئايدا، مەرھۇم خەنۋاڭنىڭ نەۋرىسى خەن (韩) بېگى خەن شىن (信) [1] دەي بەگلىكىنىڭ بەگلىكىگە تەيىنلىنىپ، مايى شەھىرى بەگلىكىنىڭ مەركىزى قىلىندى.

(ئەسلى كىتاب 805 ـ بەت)

**دەي** (代) م . ب . 202 ـ يىلى (خەن گاۋزۇنىڭ بەشىنچى يىلى)، دەي بېگى خەن (韩) شىن (信) ھۇنلارغا تەسلىم بولدى. خەن خاقانلىقى دەي بەگلىكىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، دەي ۋىلايىتىگە ئۆزگەرتتى.

(ئەسلى كىتاب 807 ـ بەت)

**يەن** (燕) م . ب . 202 ـ يىلى (خەن گاۋزۇنىڭ بەشىنچى يىلى) توققۇزىنچى ئايدا، لۇۋەن يەن بەگلىكىگە بەگ بولۇپ تەيىنلەندى.

(ئەسلى كىتاب 807 ـ بەت)

**يەن** (燕) م . ب . 196 ـ يىلى (خەن گاۋزۇنىڭ 11 ـ يىلى) ئونىنچى ئايدا، يەن بەگلىكى بېگى لۇۋەن ھۇنلار ئېلىگە قېچىپ كەتتى.

(ئەسلى كىتاب 811 ـ بەت)

〔1〕 خەن بېگى شىن (韩王信) ــ مەرھۇم خەن (韩) شىياڭۋاڭنىڭ كىچىك خوتۇنىدىن بولغان ئوغلىنىڭ ئەۋلاتلىرىدىن. جاڭ لياڭ خەن (韩) دىيارىغا بارغىنىدا خەن شىننى يولۇقتۇرۇپ، خەن (韩) سەنگۈنى قىلدى. ۋۇگۇەن (武关)گە كىرگەندىن كېيىن، ھەربى ئىشلار ۋەزىرى بولدى. خەن (韩)دىيارىغا لەشكەر باشلاپ بېرىپ، ئون نەچچە شەھەرنى ئالدى ۋە خەن (韩)بېگى بولدى. شياڭ يۈنى يوقىتىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، خەن گاۋزۇ-نىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. كېيىن ھۇنلارنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قېلىپ، ھۇنلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ سۈلھ تەلەپ قىلدى. گاۋزۇ گۇمانلىنىپ مەكتۇپ يوللاپ ئەيىبلىدى. ۋەھىمىگە چۈشكەن خەن شىن ھۇنلارغا ئۆتۈپ كەتتى. خەن گاۋزۇ سەي سەنگۈننى لەشكەر بىلەن ئەۋەتىپ، ئاخىرى خەن شىننى ئۆلتۈردى. بۇ خەن شىننىڭ فامىلىسى، ئىسمى خەن خاقانلىقىنىڭ ئاتاقلىق سەركەردىسى خەن شىن بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، ئايرىم ئىككى شەخستىن ئىبارەت.

(«جۇڭگو مەشھۇر شەخسلىرى قامۇسى» 1693 ـ بەت)

# خەن گاۋزۇنىڭ خىزمەت كۆرسەتكەن تۆرىلىرى يىلنامىسى

**خېياڭ** (合阳)خېياڭ تۆرىسى گاۋزۇنىڭ ئاكىسى ليۇجۇڭ ئىدى. خەن گاۋزۇ قوزغىلاڭ كۆتەرگەن چاغدا، ليۇجۇڭ خان ھۆۋىسىغا قاراش ئۈچۈن فېڭيى شەھىرىدە[1] قالدى. ئەل تىنچىغاندىن كېيىن، م. ب. 201 ـ يىلى (خەن گاۋزۇنىڭ ئالتىنچى يىلى) بىرىنچى ئايدا، ليۇجۇڭ دەي بەگلىكىنىڭ بېگى بولۇپ تەيىنلەندى. م. ب. 199 ـ يىلى (خەن خاقانى گاۋزۇنىڭ سەككىزىنچى يىلى) ھۇنلار دەي بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلغاندا، دەي بېگى ليۇجۇڭ بەگلىكىنى تاشلاپ قاچتى. گاۋزۇ ليۇجۇڭنىڭ بەگلىك ئۇنۋانىنى ئېلىپ تاشلاپ، خېياڭ تۆرىلىكىگە چۈشۈرۈپ قويدى.

(ئەسلى كىتاب 946 ـ 947 ـ بەت)

---

[1] فېڭيى (丰邑) ـ ھازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسى فېڭشيەن ناھىيىسى.
(«سىنخەي» 63 ـ بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# خەن خاقانى خۇيدى بىلەن خەن خاقانى جىڭدى ئارىلىقىدىكى تۆرىلەر يىلنامىسى

**پىڭ** (缾) [1] ھۇنلار بېيدى ۋىلايىتىگە بېسىپ كىرگەندە، بېيدى تۇتۇق بېگى سۇن ئاڭ ھۇنلارغا قارشى جەسۇرلۇق بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئوغلى پىڭ تۆرىسى بولغانىدى.

(ئەسلى كىتاب 1005 - بەت)

**گۇڭگاۋ** (弓高) [2] خەن (韓) بېگى خەن شىنىنىڭ بۇرۇنقى كىچىك ئاغىچىسىدىن بولغان ئوغلى جۇاڭ تۆرىسى تۇيداڭ، م. ب. 163 - يىلى (خەن خاقانى ۋېندىنىڭ 16 - يىلى) ھۇنلارنىڭ باش ۋەزىرى سالاھىيىتى بىلەن خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولغاچقا، گۇڭگاۋ تۆرىلىكىگە تەيىنلەندى. 1237 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىندى.

(ئەسلى كىتاب 1005 - بەت)

**پىڭچۇ** (平曲) [3] گۇڭسۇن خۇنشيې («خەننامە»دە «خۇن» دەپ يېزىلغان) سەنگۇنلىك ئۇنۋانى بىلەن ۋۇ [4]، چۇ [5] قاتارلىق يەتتە بەگلىكنىڭ ئاسىي قوشۇنلىرىغا جازا يۈرۈشى قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، لۇڭشى قۇشبېگى بولۇپ تەيىنلەندى. م. ب. 151 - يىلى (خەن خاقانى جىڭدىنىڭ ئالتىنچى يىلى) تۆتىنچى

ئايدا، پىڭچۇ تۆرىلىكىگە تەيىنلەندى. 3220 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىندى.

(ئەسلى كىتاب 1015 ـ بەت)

**ئەنلىڭ** (安陵) [6] هۇن خانى زەجەن خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولدى. م. ب. 147 ـ يىلى (خەن خاقانى جىڭدى سەلتەنەت دەۋرى جۇڭيۈەننىڭ ئۈچىنچى يىلى) 11 ـ ئايدا، ئەنلىڭ تۆرىلىكىگە تەيىنلەندى. 1517 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىندى.

(ئەسلى كىتاب 1018 ـ بەت)

**يۈەن** (垣) [7] خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولغان هۇن خانى سى م. ب. 147 ـ يىلى (خەن خاقانى جىڭدى سەلتەنەت دەۋرى جۇڭيۈەننىڭ ئۈچىنچى يىلى) 12 ـ ئايدا، يۈەن تۆرىسى بولدى.

(ئەسلى كىتاب 1019 ـ بەت)

**چيۇ** (遒) [8] لۇگجان هۇن خانى سالاهىيىتى بىلەن خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولدى. م. ب. 147 ـ يىلى (خەن خاقانى جىڭدى سەلتەنەت دەۋرى جۇڭيۈەننىڭ ئۈچىنچى يىلى) 12 ـ ئايدا، چيۇ تۆرىلىكىگە تەيىنلەندى. 5569 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىندى.

**رۇڭچېڭ** (容城) [9] ۋەيسەل (唯徐卢) خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولدى. م. ب. 147 ـ يىلى (خاقان جىڭدى سەلتەنەت دەۋرى جۇڭيۈەننىڭ ئۈچىنچى يىلى) 12 ـ ئايدا، رۇڭچېڭ تۆرىلىكىگە تەيىنلەندى. 700 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىندى.

**يى** (易) [10] هۇن خانى پەرچىن (仆黥) خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولدى. م. ب. 147 ـ يىلى (خەن خاقانى جىڭدى سەلتەنەت دەۋرى جۇڭيۈەننىڭ ئۈچىنچى يىلى) 12 ـ ئايدا، يى تۆرىلىكىگە تەيىنلەندى.

**فەنياڭ** (范阳) [11] هۇن خانى دايې خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولدى. م. ب. 147 ـ يىلى (خەن خاقانى جىڭدى سەلتەنەت

دەۋرى جۇڭيۈەننىڭ ئۈچىنچى يىلى)، فەنيالڭ تۆرىلىككە تەيىن-لەندى. 1197 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىندى.

(ئەسلى كىتاب 1020 ـ بەت)

**شى خۇن** خانى خاندان (邯鄲) خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولدى. م. ب. 147 ـ يىلى (خەن خاقانى جىڭدى سەلتەنەت دەۋرى جۇڭيۈەننىڭ ئۈچىنچى يىلى) 12 ـ ئايدا، خەندەن تۆرىلىككە تەيىنلەندى.

**ياگۇ** (亚谷)[12] بۇرۇنقى يەن بېگى لۇۋەننىڭ نەۋرىسى جىيەن تۆرىسى تافۇ خۇنلارنىڭ تۇڭگۇسلار خانى سۈپىتى بىلەن خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولۇپ، م. ب. 145 ـ يىلى (خاقان جىڭدى سەلتەنەت دەۋرى جۇڭيۈەننىڭ ئالتىنچى يىلى)، ياگۇ تۆرىلىككە تەيىنلەندى. 1500 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىندى.

(ئەسلى كىتاب 1021 ـ بەت)

---

〔1〕 پىلڭ (缾) — ناھىيە. لاڭيا (琅玡)غا قاراشلىق.

(«سىخەي» 2781 ـ بەت)

〔2〕 گۇڭگاۋ (弓高) — «شەرھىلەر توپلىمى»دا: «خېجىيەندە گۇڭگاۋ ناھىيىسى بار» — دېيىلگەن. «ھەققى شەرھ»دە: «ساڭجۇ ناھىيىسى» دېيىلگەن. ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى فۇچېڭ (阜城) ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا. بىر تومۇق

(«سىيۈەن» 540 ـ بەت)

〔3〕 گۇڭسۇن كۇن (خۇن) شىيې (邪 (浑) 公孙昆) — خەن دەۋرىدە ياشىغان كىشى، بېيجۇلۇك. خاقان جىڭدى ۋاقتىدا لۇڭشى قوشبېگى بولغان. سەنگۇن بولۇپ، ۋۇ (吴)، چۇ (楚) بەگلىكلىرىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەردە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، پىڭچۇ تۆرىلىككە تەيىنلەنگەن.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى» 36 ـ بەت)

〔4〕 ۋۇ (吴) ۋۇ، بۇ بەگلىكى چۇنچيۇ، يىغىلىق دەۋرىدىكى ۋۇ بىلەن بەرىلىقتۇر. م.ب. 196 ـ يىلى خەن خاقانى ليۇ باڭ ئۆز سەلتەنەت دەۋرىنىڭ

11 ـ يىلى جىيەنى لىۇبىنى ۋۇ (吴)دىيارىغا بەگ تەيىنلىگەن ئىدى.
(تارىخىي خاتىرىلەر 804 ـ بەت)
[5] چۇ (楚) بۇ، چۇنچيۇ، يېغىلىق دەۋرىدىكى چۇ بەگلىكى بىلەن پەرقلە-
نىدۇ. م.ب. 201 ـ يىلى خەن خاقانى سەلتەنەت دەۋرىنىڭ ئالتىنچى يىلى
ئىنىسى لىۇجياۋنى چۇ (楚) دىيارىغا بەگ قىلىپ تەيىنلىدى
(«تارىخىي خاتىرىلەر» 804 ـ بەت).
[6] ئەنلىڭ (安陵) — قەدىمكى ناھىيە. غەربىي خەن دەۋرىدىكى بەش
خانلىق قەۋرىستانلىقىنىڭ بىرى. ئەسلىدە غەربىي جوۋخانلىقىنىڭ شەھىرلىرى-
دىن بولۇپ، خەن خاقانى خۇيدى دەۋرىدە بۇ يەرگە قەۋرىستانلىق قۇرغان
ھەم ناھىيە تەسىس قىلغان. ناھىيە مەركىزى بۇگۈنكى شەنشى ئۆلكىسى
شيەنياڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا. خاقان خۇيدى ۋاپات بولغاندىن
كېيىن، مۇشۇ قەۋرىستانلىققا كۆمۈلگەن. ئۈچ خانلىق دەۋرىدىكى ۋېي خان-
لىقى ئەمەلدىن قالدۇرغان.
(«سىخەي» 2291 ـ بەت)
[7] يۈەن (垣) — ناھىيە. خېدۇڭغا قارايتتى. بۈگۈنكى سەنشى يۈەنچۈ
ناھىيىسى.
(«سىخەي» 1219 ـ بەت)
[8] چيۇ (遒) — خەن خاقانلىقى تەسىس قىلغان بولۇپ، ھازىرقى
خېبېي ئۆلكىسى لەيشۇي ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا.
(«سىخەي» 2410 ـ بەت)
[9] رۇڭچېڭ (容城) — ناھىيە. جوجۈن (涿郡) ۋىلايىتىگە قاراشلىق.
ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى رۇڭچېڭ ناھىيىسى.
(«سىخەي» 4112 ـ بەت)
[10] يى (易) — بۈگۈنكى خېبېي ئۆلكىسىدىكى بىر ناھىيە.
(«سىخەي» 3183 ـ بەت)
[11] فەنياڭ (范阳) — خەن خاقانلىقى تەسىس قىلغان ناھىيە. ھازىرقى
خېبېي ئۆلكىسى دىڭشىڭ ناھىيىسىدە.
(«سىخەي» 1312 ـ بەت)
[12] ياگۇ (亚谷) — يەر ئىسمى. ئورنى خېبېيدە.
(«جۇڭگو قەدىمكى، ھازىرقى زامان يەر ناملىرى لۇغىتى» 424 ـ بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

## تارىخي خاتىرىلەر 20 ـ جىلد

# جيەنيۈەن[1] سەلتەنەت دەۋرىدىن بۇيانقى تۆرىلەر يىلنامىسى

مۇئەررىخ دەيدۇكى: «هۇنلار ياخشىلىشىش ئەهدىسىنى بۇزۇپ، بىزنىڭ يول ئۈستىدىكى مۇهىم قورۇلىرىمىزغا هۇجۇم قىلدى. مىن يۆلىرى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن لەشكەر تارتىپ دۇڭئۇۋغا[2] هۇجۇم قىلغاچقا، دۇڭئۇۋ خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولۇشنى تەلەپ قىلدى. مىن يۆلىرى جەنۇب ۋە شىمالىي تەرەپتىن خەن خاقانلىقىغا قىستاپ بېسىپ كىردى. ئەمما بۇ خەن خاقانلىقىنىڭ قۇدرەت تېپىپ كۈچلىنىۋاتقان مەزگىلى ئىدى. بۇنىڭدىن بىلىۋېلىشكە مۇمكىنكى، خىزمەت كۆرسەتكەن ۋەزىرلەر ئىنئامغا مۇيەسسەر بولۇپ، ئاتا ـ بوۋىلىرى بىلەن تەڭلىشىپ قالغان. نىمە ئۈچۈن مۇنداق دېيىلىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، «شېئىرنامە»[3]، «نەسىرنامە»[4] دىن ئىبارەت بۇكلاسسىك كىتابلاردا، شيا ئاقساقاللىرىنىڭ، شاڭ، جوۋ خانلىرىنىڭ «شىمالدىكى رۇڭ ۋە دىلارغا زەربە بېرىشى، جەنۇبتىكى جىڭ (荆) ۋە تۇ(荼) خانلىقلىرىنى جازالاش كېرەكلىكى تەرغىب قىلىنغان». شۇڭا، چى بېگى خۇەنگۇڭ يەن بەگلىكىدىن ئۆتۈپ، تاغ رۇڭلىرىغا جازا يۈرۈشى قىلدى. ۋۇ بېگى لىڭۋاڭ كىچىككىنە جاۋ بەگلىكىگە تايىنىپ، تەڭرىقۇتنى بويسۇندۇردى. چىن بېگى مۇگۇڭ بەيلى شىنىڭ تەدبىرىنى قوللىنىپ،

غەربي رۇڭلارغا هۆكۈمرانلىق قىلدى. ۋۇ بەگلىكى، چۇ بەگلىكى بەگ تۇرۇقلۇق بەيىۆگە هۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، هازىر بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. ئۈستىمىزدە دانا خاقان بار، قەلەممۇ، ئەلەممۇ تەييار بولدى. تۆت ئەتراپتىكى پۈتكۈل يەر-زېمىن ئىشغال قىلىندى. ئەل ئىچىدىكى مىليونلىغان خەلق ئۈيۈشتى. ئەجىبا، ئەل ئەمىن تاپسىلا، چېگرانى قالايمىقان قىلىۋاتقان دۈشمەنگە قارشى يۈرۈش قىلىنمامدۇ؟! شۇندىن كېيىن لەشكەر تارتىپ، شىمالدىكى قۇدرەتلىك هۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلىندى. جەنۇپقا يۈرۈش قىلىپ، كۈچلۈك مىن يۆلىرى قىرىپ تاشلاندى. شۇنىڭ بىلەن، نۇرغۇنلىغان سىپاھ-بەگلەر تەرتىپ بويىچە ئىنئامغا ئېرىشتى».

(ئەسلى كىتاب 1027-بەت)

* * *

**شى** (翕) خەنگە تەسلىم بولغان هۇنلارنىڭ ۋەزىرى جاۋسۇن م. ب. 131-يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنگۇاڭنىڭ تۆتىنچى يىلى) يەتتىنچى ئايدا، شى دېگەن يەرگە تۆرە قىلىندى. م. ب. 127-يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ ئىككىنچى يىلى) هارۋا-ئاتلىقلار سەنگۈنى ۋېي چىڭ هۇنلارغا هۇجۇم قىلىپ، خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن ئۈستىلەپ ئىنئام ئالدى. م. ب. 123-يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ ئالتىنچى يىلى) شى تۆرىسى جاۋسۇن ئالدىنچى سەنگۈن بولۇپ، هۇنلارغا هۇجۇم قىلىپ، تەگرىقۇت قوماندانلىقىدىكى زور قوشۇن بىلەن ئۇچراشتى ۋە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، هۇنلارغا تەسلىم بولدى. خەن خاقانلىقى ئۇنىڭغا بېرىلگەن سۇيۇرغاللىقنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

(ئەسلى كىتاب 1027-1028-بەت)

**چىجۋاڭ** (持装)[5] خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولغان ھۇن تۇتۇق بېگى يۆ م. ب. 129 ـ يىلى (خەن خاقانى ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنگۇاڭنىڭ ئالتىنچى يىلى) توققۇزىنچى ئايدا، چىجۋاڭ تۆرىسى بولدى.

(ئەسلى كىتاب 1028 ـ بەت)

**چىنياڭ** (亲阳) خەنگە تەسلىم بولغان ھۇنلارنىڭ ۋەزىرى ياۋچى م. ب. 127 ـ يىلى (خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ ئىككىنچى يىلى) ئونىنچى ئايدا، چىنياڭ تۆرىسى بولدى.

(ئەسلى كىتاب 1028 ـ بەت)

**روياڭ** (若阳) خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولغان ھۇنلارنىڭ ۋەزىرى مېڭ م. ب. 127 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ ئىككىنچى يىلى) ئونىنچى ئايدا، روياڭ تۆرىلىكىگە تەيىنلەنگەن.

(ئەسلى كىتاب 1029 ـ بەت)

**چاڭپىڭ** (长平)[6] قەھرىمان تۆرە ۋېي چىڭ م. ب. 127 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ ئىككىنچى يىلى)، يەنە بىر قېتىم ھارۋا ـ ئاتلىقلار سەنگۇنى بولۇپ، ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلدى ۋە شوفاڭ، خېنەن (خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبى)نى ئېلىپ، خىزمەت كۆرسەتتى. يۈەنشو سەلتەنەت دەۋرىنىڭ ئىككىنچى يىلى ئۈچىنچى ئايدا چاڭپىڭ تۆرىلىكىگە تەيىنلەندى. م. ب. 124 ـ يىلى (يۈەنشو سەلتەنەت دەۋرىنىڭ بەشىنچى يىلى) ئۇ يەنە ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئوڭ تۇغ قانىنى مەغلۇپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇستىلەپ 3000 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال بېرىلدى.

(ئەسلى كىتاب 1029 ـ بەت)

**پىڭلىڭ** (平陵)[7] تۇتۇق بەگ سۇجيەن ھارۋا ـ ئاتلىقلار سەنگۇنى ۋېي چىڭ بىلەن بىرلىكتە ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ خىزمەت

كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، م. ب. 127 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ ئىككىنچى يىلى) ئۈچىنچى ئايدا، پىڭلىڭ تۆرىلىكىگە تەيىنلەندى. يۈەنشو سەلتەنەت دەۋرىنىڭ بەشىنچى يىلى ھەرىكەتچان قوشۇنلار سەنگۈنى بولۇپ، چوڭ سەنگۈن ۋېي چىڭ بىلەن يۇرۇشتە بىللە بولغاچقا، ئۇستىلەپ سۇيۇرغال بېرىلدى. م. ب. 123 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ ئالتىنچى يىلى) سۇجىيەن ئوڭ سەنگۈن بولدى. شى تۆرىسى جاۋسۇن بىلەن بىرلىكتە جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ، ئۆزى يالغۇز قېچىپ كەلگەچكە، ھەربىي قانۇن بويىچە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. پۇل تۆلەپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا بېرىلگەن سۇيۇرغال ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

(ئەسلى كىتاب 1030 ـ بەت)

**ئەنتوۋ** (岸头) تۇتۇق بەگ جاڭ سىگۇڭ خارۋا ـ ئاتلىقلار چوڭ سەنگۈنى ۋېي چىڭ بىلەن بىرلىكتە ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، م. ب. 127 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ ئىككىنچى يىلى) ئالتىنچى ئايدا، ئەنتوۋ تۆرىلىكىگە تەيىنلەندى. يۈەنشو سەلتەنەت دەۋرىنىڭ ئالتىنچى يىلى چوڭ سەنگۈن ۋېي چىڭ بىلەن بىرلىكتە ھۇنلارغا زەربە بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇستىلەپ سۇيۇرغال بېرىلدى.

(ئەسلى كىتاب 1030 ـ بەت)

**شېئەن** (涉安) ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ۋەلىئەھدى يۇدۇم قېچىپ كېلىپ، خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولدى. م. ب. 126 ـ يىلى (خەن خاقانى ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ ئۈچىنچى يىلى) تۆتىنچى ئايدا، يۇدۇم شېئەن تۆرىلىكىگە تەيىنلەندى. بەشىنچى ئايدا ئۆلدى. كېيىنكى ئەۋلادى بولمىغانلىقتىن، سۇيۇرغاللىق بىكار قىلىندى.

(ئەسلى كىتاب 1031 ـ بەت)

**چاڭۋۇ** (昌武) خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولغان ھۇن خانى جان ئايىقىن م. ب. 125 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ تۆتىنچى يىلى) ئۇنىنچى ئايدا، چاڭۋۇ تۆرىسى بولدى. كېيىن قىران چەۋەنداز سەنگۈن خوچۈبىڭ بىلەن بىرلىكتە، ھۇنلارنىڭ سول تۇغ قانىتىغا ھۇجۇم قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن، ئۆستىلەپ سۇيۇرغال بېرىلدى.

(ئەسلى كىتاب 1031 ـ بەت)

**شياڭچېڭ**(襄城) [8] خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولغان ھۇنلارنىڭ ۋەزىرى ئۇلۇن م. ب. 125 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ تۆتىنچى يىلى) ئونىنچى ئايدا، شياڭچېڭ تۆرىسى بولدى. م. ب. 103 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى تەيچۇنىڭ ئىككىنچى يىلى) ئۇلۇن جويې تۆرىسى جاۋپونۇ بىلەن بىرلىكتە ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، جەڭدە ئۆلدى.

(ئەسلى كىتاب 1032 ـ بەت)

**نەنجياۋ** (南夼)چەۋەندازلار سەنگۈنى بولغان گۇڭسۇن خې چوڭ سەنگۈن ۋېي چىڭ بىلەن بىرلىكتە ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ ھۇن خانىنى ئەسىرگە ئېلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، م. ب. 124 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ بەشىنچى يىلى) تۆتىنچى ئايدا، نەنجياۋ تۆرىلىكىگە تەيىنلەندى. م. ب. 112 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەندىڭنىڭ بەشىنچى يىلى)، گۇڭسۇن خې نەزىر ـ چىراق ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئالتۇننى ساپ بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، سۇيۇرغاللىق ۋە ئۇنۋانىدىن مەھرۇم قىلىندى. م. ب. 103 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى تەيچۇنىڭ ئىككىنچى يىلى)غا كەلگەندە، ۋەزىر ۋە كېيىن تۆرىسى بولدى.

(ئەسلى كىتاب 1032 ـ 1033 ـ بەت)

**ھەمدەملەشكۈچى تۆرە** (合骑) باشقۇرغۇچى تۇتۇقبەگ
گۇڭسۇن ئاۋ چوڭ سەنگۈن ۋېي چىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۈچ قېتىم
ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئوڭ تۇغ قان بارگاھىغا قەدەر ئىچكىرىلەپ
كىرىپ، ھۇن خانىنى ئەسىر ئېلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن،
م. ب. 124 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ
بەشىنچى يىلى) تۆتىنچى ئايدا، گۇڭسۇن ئاۋغا ھەمدەملەشكۈچى
تۆرە دېگەن نام بېرىلگەنىدى. م. ب. 121 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى
سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشوۋنىڭ ئىككىنچى يىلى) گۇڭسۇن
ئاۋ لەشكەر تارتىپ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا چىققاندا، خوچۇبىڭ بىلەن
ۋاقتى ـ قەرەلىدە قوشۇلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما قورقۇپ ئىلگىرىلە-
يەلمەي كېچىكىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى.
پۇل تۆلەپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاددى پۇقراغا ئايلاند-
دۇرۇلۇپ، بېرىلگەن سۇيۇرغاللىق بىكار قىلىندى.

(ئەسلى كىتاب 1034 ـ بەت)

**لېئەن** (乐安) [9] يېنىك ھارۋىلىقلار سەنگۈنى لى سەي، چوڭ
سەنگۈن ۋېي چىڭ بىلەن بىرلىكتە ئىككى قېتىم ھۇنلارغا ھۇجۇم
قىلىپ، ھۇن خانىنى ئەسىر ئېلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى
ئۈچۈن، خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ بەشىنچى يىلى
تۆتىنچى ئايدا، لېئەن تۆرىسى بولدى. م. ب. 118 ـ يىلى
(خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ بەشىنچى يىلى) لى
سەي ۋەزىر بولۇپ تەيىنلەندى. خاقان جىڭدىنىڭ قەۋرىستانلىقى-
دىكى بوش يەرنى ئىگەللەپ ئالغان جىنايىتى بىلەن ئۆزىنى
ئۆلتۈرۈۋالدى. ئۇنىڭغا بېرىلگەن سۇيۇرغاللىق بىكار قىلىندى.

(ئەسلى كىتاب 1034 ـ بەت)

**لۇڭئې** (龙额) [10] تۇتۇق بەگ خەن يۆ چوڭ سەنگۈن
ۋېي چىڭ بىلەن بىرلىكتە ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ھۇن خانىنى

www.uyghurkitap.com

ئەسىر ئېلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ بەشىنچى يىلى تۆتىنچى ئايدا، لۇڭتى تۆرىسى بولدى. م. ب. 112 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەندىڭنىڭ بەشىنچى يىلى) خەن يۈ نەزىر ـ چىراق ئۈچۈن تاپشۇرۇلىدىغان ئالتۇننى ساپ بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بېرىلگەن سۈيۈرغاللىق بىكار قىلىندى. م. ب. 111 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەندىڭنىڭ ئالتىنچى يىلى) خەن يۈ دېڭىزدىن ئۆتكۈچى سەنگۈن بولۇپ، شەرقىي يۈلەرگە جازا يۈرۈشى قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، م. ب. 110 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنفېڭنىڭ بىرىنچى يىلى) بەشىنچى ئايدا، ئەنداۋ تۆرىسى بولدى.

**سۈيچېڭ** (随成) [11] ئىلگىرى ـ كېيىن ئۈچ قېتىم چوڭ سەنگۈن بىلەن ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلغان چېرىكچى بەگ جاۋبۇيۇ، نۇكۇۋغا ھۇجۇم قىلغاندا، بىرىنچى بولۇپ، شىلىيى (مۇھىم ئورۇن ـ ت) دۆڭلۈككە چىقىپ، ھۇن خانىنى ئەسىر ئېلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، م. ب. 124 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ بەشىنچى يىلى) تۆتىنچى ئايدا، سۈيچېڭ تۆرىسى بولۇپ تەيىنلەندى. م. ب. 120 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشۇونىڭ ئۈچىنچى يىلى) دىڭشياڭ ۋىلايىتىگە تۇتۇق بەگ بولغان جاۋبۇيۇ قوشىنىدىكى ھۇنلاردىن مەغلۇپ بولۇپ قالغانلىق توغرىسىدىكى ئەھۋالنى يۇقىرىغا توغرا مەلۇم قىلماي، خاقاننى ئالدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بېرىلگەن سۈيۈرغاللىق بىكار قىلىندى.

(ئەسلى كىتاب 1035 ـ بەت)

**سۇڭپىڭ** (从平) چېرىكچى بەگ گۇڭسۇن رۇڭنۇ ئۈچ قېتىم چوڭ سەنگۈن ۋېيچىڭ بىلەن بىرلىكتە ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇڭ تۇغ

قان بارىگاھىغا قەدەر بارغان. كۆپ قېتىم ئالدىچى سەنگۈن بولۇپ، شىشەن تېغىغا ھەممىدىن بۇرۇن چىقىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، يۈەنشو سەلتەنەت دەۋرىنىڭ بەشىنچى يىلى تۆتىنچى ئايدا، سۇگېيلىك تۆرىلىككە تەيىنلەندى. م. ب. 121 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشۇۋنىڭ ئىككىنچى يىلى) گۇڭگسۇن رۇگنۇ شاگجۇن ۋىلايىتىنىڭ قۇشبېگى بولدى. ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلغانلىقىنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلماي، ئالدامچىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بېرىلگەن سۇيۇرغاللىق بىكار قىلىندى.

(ئەسلى كىتاب 1036 ـ بەت)

**شېجژ** (涉轵) چېرىكچى بەگ لى شو ئۈچ قېتىم چوڭ سەنگۈن ۋېي چىڭ بىلەن بىرلىكتە ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلۇغ قان بارىگاھىغا قەدەر بېرىپ، ھۇن خانى ۋە ئۇنىڭ ئاغىچىسىنى ئەسىر ئېلىپ، خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، م. ب. 124 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ بەشىنچى يىلى) تۆتىنچى ئايدا، شېجژ تۆرىسى بولدى. م. ب. 122 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشۇۋنىڭ بىرىنچى يىلى)، لى شو جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكتىن، ئۇنىڭغا بېرىلگەن سۇيۇرغاللىق بىكار قىلىندى.

(ئەسلى كىتاب 1036 ـ بەت)

**يىچۈن** (宜春) چوڭ سەنگۈن ۋېي چىڭ ھۇن ئۇلۇغ قاننى مەغلۇپ قىلغاندا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئوغلى ۋېي-كاڭ يىچۈن تۆرىلىككە تەيىنلەنگەنىدى. م. ب. 116 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەندىڭنىڭ بىرىنچى يىلى) ۋېي كاڭ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، ئوردا نامىدىن يارلىق چۈشۈرگەن، لېكىن ھېچقانداق زىيان-زەخمەت كۆرۈلمىگەن

بولسىمۇ، ئۇنىڭغا بېرىلگەن سۈيۈرغاللىق بىكار قىلىنغان.

(ئەسلى كىتاب 1037 ـ بەت)

**يىنئەن** (阴安)[13] چوڭ سەنگۈن ۋېي چىڭ ھۇن ئوك تۇغ قاننى مەغلۇپ قىلغاندا، چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن. م. ب. 124 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشو[14] نىڭ بەشىنچى يىلى) تۆتىنچى ئايدا، ئوغلى ۋېي بۇيى يىنئەن تۆرىلىكىگە تەيىنلەندى. م. ب. 112 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەندىڭنىڭ بەشىنچى يىلى) نەزىر چىراق ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئالتۇننى ساپ بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بېرىلگەن سۈيۈرغاللىق بىكار قىلىندى.

(ئەسلى كىتاب 1037 ـ بەت)

**فاگەن** (发干)[15] چوڭ سەنگۈن ۋېي چىڭ ھۇن ئوك تۇغ قاننى مەغلۇپ قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، م. ب. 124 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ بەشىنچى يىلى) ئوغلى ۋېي دېڭ فاگەن تۆرىلىكىگە تەيىنلەندى. م. ب. 112 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەندىڭنىڭ بەشىنچى يىلى) نەزىر ـ چىراق ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئالتۇننى ساپ بەرمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭغا بېرىلگەن سۈيۈرغاللىق ۋە ئۇنۋان بىكار قىلىندى.

(ئەسلى كىتاب 1037 ـ بەت)

**بىلگە تۆرە** (博望)[16] چېرىكچى بەگ جاڭ چيەن م. ب. 123 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ ئالتىنچى يىلى) چوڭ سەنگۈن ۋېي چىڭ بىلەن بىرلىكتە ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلغانلىقى، ئوت ـ چۆپ ۋە سۇيى بار يولنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، شۇ يىلى ئۈچىنچى ئايدا بىلگە تۆرە بولدى. م. ب. 121 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشوۋ[17] نىڭ ئىككىنچى يىلى) سەنگۈن بولۇپ، ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشتا قورقۇنچاقلىق قىلىپ يولدا تۇرۇپ

قالغانلىقى ئۈچۈن، ھەربىي قانۇن بويىچە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. پۇل تۆلەپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بېرىلگەن سۈيۇرغال ۋە ئۇنۋان بىكار قىلىندى.

(ئەسلى كىتاب 1037 ـ 1038بەت)

**ئوزغان تۆرە** (冠军候)[18] قىران چېرىكچى بەگ خوچۇبىڭ ئىككى قېتىم چوڭ سەنگۇن ۋېي چىڭ بىلەن بىرلىكتە يۇرۇشكە چىققان. م. ب. 124 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ بەشىنچى يىلى) يەنە چوڭ سەنگۇن ۋېي چىڭ بىلەن بىرلىكتە ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ھۇنلارنىڭ باش ۋەزىرىنى ئۆلتۈرۈپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، شۇ يىلى تۆتىنچى ئايدا ئوزغان تۆرە بولدى. م. ب. 121 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشوۋنىڭ ئىككىنچى يىلى) قىران چەۋەنداز سەنگۇن[19] خوچۇبىڭ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، چىلىيەنشەن تېغىغا بارغانلىقى ئۈچۈن، سۈيۇرغال شەھەر كۆپەيتىپ بېرىلدى: خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولغان ھۇن خانى قۇنشار قانىنى[20] قوبۇل قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، يەنە سۈيۇرغال شەھەر كۆپەيتىپ بېرىلدى: ھۇنلارنىڭ سول ۋە ئوڭ تۇغ قانىلىرىنى مەغلۇپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۈستىلەپ يەنە سۈيۇرغال شەھەر كۆپەيتىپ بېرىلدى.

(ئەسلى كىتاب 1038 ـ بەت)

**جۇڭلى** (众利)[21] شاڭگۇ ۋىلايىتى قۇشبېگى خاۋشيەن چوڭ سەنگۇن ۋېي چىڭ بىلەن بىرلىكتە، ئىلگىرى ـ كېيىن تۆت قېتىم يۇرۇشكە چىققان. م. ب. 123 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ ئالتىنچى يىلى) ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، 1000 دىن ئارتۇق دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ ۋە ئەسىر ئېلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، شۇ يىلى بەشىنچى ئايدا جۇڭلى تۆرىسى بولدى. م. ب. 121 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى

يۋەنشوۋنىڭ ئىككىنچى يىلى) خاۋشيەن شاڭگو قوشۇنىغا بولۇپ تۇرغان ۋاقتىدا، چېگرانى قوغداۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىگە خىيانەت قىلىپ، يىل ئاخىرىدا بەرگەن مەلۇماتىدا ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بېرىلگەن سۇيۇرغال ۋە ئۇنۋان بىكار قىلىندى.

(ئەسلى كىتاب 1039 ـ بەت)

**لىياۋ**(潦) **ھۇن جاۋخان خازىم (援訾) خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولۇپ، م. ب. 122 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۋەنشوۋنىڭ بىرىنچى يىلى) يەتتىنچى ئايدا، لىياۋ تۆرىلىككە تەيىنلەندى.

(ئەسلى كىتاب 1039 ـ بەت)

**ماسلاشقۇچى تۆرە** (宜冠) ھۇن گاۋبۇش[22] خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولغاندىن كېيىن، چېرىكچى بەگ بولدى ۋە قىسران چەۋەنداز سەنگۈن خوچۇبىڭ بىلەن بىرلىكتە م. ب. 121 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۋەنشوۋنىڭ ئىككىنچى يىلى) ئىككى قېتىم ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، شۇ يىلى بىرىنچى ئايدا ماسلاشقۇچى تۆرە بولۇپ تەيىنلەندى. م. ب. 119 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۋەنشوۋنىڭ تۆتىنچى يىلى) گاۋبۇش ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ كۆرسەتكەن خىزمىتىنى ئەينى بويىچە مەلۇم قىلمىغان. ئۆلتۈرۈلگەن دۈشمەن سانىنى خالىغانچە ئاشۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. پۇل تۆلەپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بېرىلگەن سۇيۇرغاللىق ۋە ئۇنۋان بىكار قىلىندى.

(ئەسلى كىتاب 1039 ـ 1040 ـ بەت)

**خۇيچۇ** (辉渠) ھۇن خانى پودۇر[23] خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولغاندىن كېيىن، چېرىكچى بەگ بولغانىدى. قىسران چەۋەنداز



www.uyghurkitap.com

سەنگۈن خوچۈبىڭ بىلەن بىرلىكتە م. ب. 121 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشوۋنىڭ ئىككىنچى يىلى) ئىككى قېتىم ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ھۇن خانىنى ئەسىر ئېلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، شۇ يىلى ئىككىنچى ئايدا، خۇيچۇ تۆرىسى بولدى. يەنە چېرىكچى بەگ ئۇنۋاندا شۇ يىلى قىران چەۋەنداز سەنگۈن بىلەن بىرلىكتە ھۇنلارنىڭ بەش خانىنى ئەسىر ئېلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، سۇيۇرغال شەھەر كۆپەيتىپ بېرىلدى.
(ئەسلى كىتاب 1040 ـ بەت)

**ئەگەشكۈچى تۆرە** (从骠) لەشكەر بېگى جاۋپونۇ ئىككى قېتىم قىران چەۋەنداز سەنگۈن خوچۈبىڭ بىلەن بىرلىكتە، ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلدى.ۋە كۆپ قېتىم ھۇنلارنىڭ زېمىنىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ھۇنلارنىڭ ئىككى تەگرىقۇتزادىسى ۋە ئاتلىقلار سەركەردىسىنى ئەسىر ئېلىپ، ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، م. ب. 121 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشوۋنىڭ ئىككىنچى يىلى) بەشىنچى ئايدا، ئەگەشكۈچى تۆرە بولدى. م. ب. 112 ـ يىلى )خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەندىڭنىڭ بەشىنچى يىلى)، جاۋپونۇ نەزىر ـ چىراقتا بېرىلىدىغان ئالتۇننى ساپ بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، بېرىلگەن سۇيۇرغال ۋە ئۇنۋان بىكار قىلىندى. م. ب. 108 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنفېڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى) شيۇگىخې سەنگۈنى بولۇپ، روران خانىنى ئەسىر ئېلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن، يەنە جويې تۆرىلىكىگە تەيىنلەندى. م. ب. 103 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى تەيچۇنىڭ ئىككىنچى يىلى) جۈنجى[24] سەنگۈنى بولدى، ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلغاندا، قوشۇنى تار ـ مار بولۇپ، ئۆزىمۇ ئەسىر چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن، بېرىلگەن سۇيۇرغاللىق ۋە ئۇنۋان بىكار قىلىندى.
(ئەسلى كىتاب 1041 ـ بەت)

**شياخۇي** (下曈)[25] ھۇن خانى قۇدۇن قۇنشارقان بىلەن خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولۇپ، م. ب. 121 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشوۇنىڭ ئىككىنچى يىلى)، شياخۇي تۆرىسى بولدى.

(ئەسلى كىتاب 1041 ـ بەت)

**تايىن** (漯阴)[26] ھۇن خانى قۇنشارقان 100.000 ئادەم بىلەن خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولۇپ، م. ب. 121 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشۇۋنىڭ ئىككىنچى يىلى) يەتتىنچى ئايدا، تايىن تۆرىسى بولدى. 10.000 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال بېرىلدى.

(ئەسلى كىتاب 1041 ـ بەت)

**خۇيچۇ** (煇渠) ھۇن خانى بىسىنز قۇنشارقان بىلەن بىللە خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولۇپ، م. ب. 120 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشۇۋنىڭ ئۈچىنچى يىلى) خۇيچۇ تۆرىسى بولدى.

(ئەسلى كىتاب 1043 ـ بەت)

**خېچى** (河綦)[27] قۇنشارقان بىلەن بىرلىكتە خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولغان ھۇن ئۇلۇغ خانى م. ب. 120 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشۇۋنىڭ ئۈچىنچى يىلى) يەتتىنچى ئايدا، خېچى تۆرىسى بولدى.

(ئەسلى كىتاب 1043 ـ بەت)

**چاڭلې** (常乐)[28] قۇنشارقان بىلەن بىرلىكتە خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولغان ھۇنلارنىڭ چوڭ تۇتۇنبېگى چاۋداز م. ب. 120 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشۇۋنىڭ ئۈچىنچى يىلى) يەتتىنچى ئايدا، چاڭلې تۆرىسى بولدى.

(ئەسلى كىتاب 1043 ـ بەت)

**فۇلى** (符离)[29] لۇبودې يۇۋبېيىپىڭ قوشبېگى مەنسۇۋىدە

قىبيان چەۋەنداز سەنگۈن خوچۇبىڭ بىلەن بىرلىكتە م. ب. 100 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشوۋنىڭ تۆتىنچى يىلى) ھۇنلارنىڭ ئوك قانىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىككى قېتىم ۋاقتى- ھەرىلدە قوشۇلدى. 2700 دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ ۋە ئەسىر ئېلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن، شۇ يىلى ئالتىنچى ئايدا فۇلى تۆرىسى بولدى. م. ب. 104 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى تەيچۇنىڭ بىرىنچى يىلى) لۇبۇدى جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكتىن، بېرىلگەن سۈيۈرغاللىق ۋە ئۇنۋان بىكار قىلىندى.

(ئەسلى كىتاب 1043 ـ بەت)

**جۇاڭ** (壮)[80] خەن خاقانلىقىغا ئۆتكەن ھۇن خانلىرىدىن ئىنچۇن خان فۇرۇز (因淳王复陆支) قىران چەۋەنداز سەنگۈن خوچۇبىڭ بىلەن بىرلىكتە م. ب. 119 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشوۋنىڭ تۆتىنچى يىلى)، ھۇن سول قانىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئاز كۈچ بىلەن كۆپ كۈچ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقى، 2100 ئادەمنى ئەسىر ئېلىپ، خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، شۇ يىلى ئالتىنچى ئايدا جۇاڭ تۆرىسى بولدى.

(ئەسلى كىتاب 1044 ـ بەت)

**جۇڭلى** (众利) خەن خاقانلىقىغا ئۆتكەن ھۇن خانى روشانقان قىران چەۋەنداز سەنگۈن بىلەن بىرلىكتە م. ب. 119 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشوۋنىڭ تۆتىنچى يىلى)، ھۇنلارنىڭ ئوك قانىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۆز قولى بىلەن خاننى ئۆلتۈرگەنلىكى، كىرەلەشمە جەڭ قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، شۇ يىلى ئالتىنچى ئايدا جۇڭلى تۆرىسى بولدى.

(ئەسلى كىتاب 1044 ـ بەت)

**شياڭچېڭ** (湘成)[81] خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولغان ھۇن فۇرى خانى چانتۇرۇ (敞屠洛) م. ب. 119 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت

دەۋرى يۈەنشوۋنىڭ تۆتىنچى يىلى)، شياگىيېك تۆرىسى بولدى.
م. ب. 111 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەندىڭنىڭ ئالتىنچى يىلى) نەزىرچىراق ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئالتۇننى ساپ بەرمىگەنلىكتىن، بېرىلگەن سوۋۇرغاللىق ۋە ئۇنۋان بىكار قىلىندى.
(ئەسلى كىتاب 1045 ـ بەت)
**يىياڭ** (义阳)[32] بېيدى تۇتۇق بېگى ۋېي شەن قىران چەۋەنداز سەنگۇن خوچۇبىڭ بىلەن بىرلىكتە م. ب. 119 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشوۋنىڭ تۆتىنچى يىلى) هۇنلارنىڭ سول قانىتىغا هۇجۇم قىلىپ، هۇن خاننى ئەسىر ئېلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن، شۇ يىلى ئالتىنچى ئايدا يىياڭ تۆرىسى بولدى.
(ئەسلى كىتاب 1045 ـ بەت)
**سەن** (散)[33] خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولغان هۇن تۇتۇق بېگى دۇن يۇۋۇ م. ب. 119 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشوۋنىڭ تۆتىنچى يىلى) ئالتىنچى ئايدا، سەن تۆرىسى بولدى.
(ئەسلى كىتاب 1045 ـ بەت)
**زاڭما** (臧马)[34] خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولغان هۇن خانى يانان م. ب. 119 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشوۋنىڭ تۆتىنچى يىلى ئالتىنچى ئايدا، زاڭما تۆرىسى بولدى.
(ئەسلى كىتاب 1046 ـ بەت)
**لياۋ** (瞭)[35] خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولۇپ، ھەقسەقتكە قايتىقان هۇن خانى سىگۇن م. ب. 113 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەندىڭنىڭ تۆتىنچى يىلى) ئالتىنچى ئايدا، لياۋ تۆرىسى بولدى. م. ب. 112 ـ يىلى (يۈەندىڭنىڭ بەشىنچى يىلى نەزىر ـ چىراق ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئالتۇننى ساپ بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، بېرىلگەن سوۋۇرغاللىق ۋە ئۇنۋان بىكار قىلىندى.
(ئەسلى كىتاب 1047 ـ بەت)



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

**كۈن** (昆)[36] بىقىنىدى ئەل چوك قۇتقۇسى چۇفۇر تۆرە هۇنلارغا هۇجۇم قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، م. ب. 112 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەندىڭنىڭ بەشىنچى يىلى) بەشىنچى ئايدا، كۈن تۆرىسى بولدى.

(ئەسلى كىتاب 1048 ـ بەت)

**چى** (骐)[37] بىقىنىدى ئەل چەۋەنداز سەركەردىسى جۇجى هۇنلارغا هۇجۇم قىلىپ، تەگىرىقۇتنىڭ ئاكىسىنى ئەسىر ئېلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن، م. ب. 112 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەندىڭنىڭ بەشىنچى يىلى)، چى تۆرىسى بولدى.

(ئەسلى كىتاب 1049 ـ بەت)

**لياڭچى** (梁期)[38] بىقىنىدى ئەل تۇتۇق بېگى رىن پوخۇر م. ب. 112 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەندىڭنىڭ[39] بەشىنچى يىلى)، دۈشمەننىڭ تەييارلىقسىز تۇرغان پەيتىدىن پايدىلىنىپ هۇجۇم قىلدى ۋە هۇن پۇرهىمان[40] قاتارلىقلارنى ئەسىر ئېلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، شۇ يىلى يەتتىنچى ئايدا لياڭچى تۆرىسى بولدى.

(ئەسلى كىتاب 1049 ـ بەت)

**تىسى** (骒兹)[41] كىچىك ياۋچىلاردىن[42] روجۇخان (若苴)، جىماگۇ (稽谷姑)قول ئاستىدىكى ئادەملىرى بىلەن خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولدى. م. ب. 107 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنفېڭنىڭ[43] تۆتىنچى يىلى) 11 ـ ئايدا، تىسى تۆرىلىككە تەيىنلەندى.

(ئەسلى كىتاب 1055 ـ بەت)

**سەلتەنەتلىك تۆرە** (浩侯)[44] ئىلگىرىكى نۆكەر بېشى ۋاڭ ـ خۇي[45] لەشكەر تارتىپ، قوس[46] خانىنى ئەسىر ئېلىپ خىزمەت

كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، م. ب. 107 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنفېڭنىڭ تۆتىنچى يىلى) سەلتەنەتلىك تۆرە بولدى. شۇ يىلى تۆتىنچى ئايدا، ۋاڭ خۇي جيۇچۈەن[47] قوشبېگىنىڭ ئوردا نامىدىن ساختا پەرمان چىقىرىپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا زىيان يەتكۈزۈشكە يول قويغانلىقى ئۈچۈن، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. پۇل تۆلەپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بېرىلگەن سۇيۇرغاللىق ۋە ئۇنۋان بىكار قىلىندى.

(ئەسلى كىتاب 1056 ـ بەت)

**خۇجې** (瓡讘)[48] كىچىك ياۋچىلار خانى ئۆگە[49] 1000 نەپەر چەۋەنداز بىلەن خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولدى. م. ب. 107 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنفېڭنىڭ تۆتىنچى يىلى) بىرىنچى ئايدا، خۇجې تۆرىسى بولدى.

(ئەسلى كىتاب 1056 ـ بەت)

**ئېل بايشات تۆرە** (富民候) م. ب. 89 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى جېڭخېنىڭ تۆتىنچى يىلى)... تيەن چيەنچيۇ باش ۋەزىرلىككە تەيىنلىنىپ، ئېل بايشات تۆرە دەپ ئۇنۋان بېرىلدى. خاقان جاۋدى ۋاقتىغا كەلگەندە، كېسەل بولۇپ ئۆلدى. ئوغلى تيەن شۇن ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىس بولۇپ، بارس سەنگۈن بولدى ۋە لەشكەر تارتىپ، ھۇنلارغا قارشى ئۇرۇشقا چىقتى. لېكىن بەلگىلەنگەن يەرگە ۋاقتىدا يېتىپ بارالمىغاچقا، قانۇن بويىچە، ئەمەل ـ ئۇنۋانلىرى بىكار قىلىنىپ، ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىندى

(ئەسلى كىتاب 1058 ـ بەت)

**دۇ** (秺)[50] ھۇن خانى شۇتۇق خانىنىڭ ۋەلىئەھدى كىن ئوكچور (يەنە بىر ئىسمى كىن مىدى) قوشنارقان بىلەن بىرلىكتە 50،000 لەشكەر بىلەن خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولدى ۋە مەھرەمبەگلىككە تەيىنلىنىپ، خاقان ۋۇدىنىڭ خىزمىتىنى قىلدى. مەھرەمبېگى

ماخېلو قاتارلىقلارنىڭ ئىسيان قىلماقچى بولغانلىقىنى پاش قىلىپ ۋە ئۇنى قولغا ئېلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، دۇتۈرىسى بولدى. 3000 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلدى. كېيىن خاقان جاۋدىنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، سەممىي-ساداقەتلىك قىلغاچقا، يەنە 3000 ئۆيلۈك يەر ئۇستىلەپ سۇيۇرغال بېرىلدى. ئۇنىڭ ئۇنۋان-مەرتىۋىسىگە كېيىن ئوغلى خوڭ ۋارىسلىق قىلىپ، هارۋىلىقلار تۇتۇق بېگى بولدى ۋە خاقان شۋەندىنىڭ خىزمىتىنى قىلدى.

(ئەسلى كىتاب 1059-بەت)

**يىياڭ** (义阳) فۇجېزىنىڭ ئائىلىسى بېيدى ۋىلايىتىدە بولۇپ، ئۇ ئەسكەرلىككە قاتنىشىپ، نۆكەر بەگ بولغان ئىدى. كېيىنچە، پىڭلى قەسرى نازارەتچىلىكىگە كۆتىرىلدى. جاۋدى زامانىسىدا، م. ب. 77-يىلى فۇجېزى بىر ياقا ئەل خانىنى ئۆلتۈرگەنىدى. خاقان جاۋدى: «پىڭلى قەسرىنىڭ نازارەتچىسى فۇجېزى ياقا ئەلگە ئەلچى بولۇپ بېرىپ، روران خانىنى ئۆلتۈرۈپ قىساس ئالدى، قوشۇنىنى ئاۋارە قىلمايلا تۆھپە ياراتتى. شۇڭا، ئۇنىڭغا 1300 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلدىم ۋە يىياڭ تۆرىلىكىگە تەيىنلىدىم»دەپ يارلىق چۈشۈردى. فۇجېزى ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى فۇلى ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى. لېكىن ئاكا-ئۇكىلار مال-مۈلۈك تالىشىپ، ئۆز ئارا شىكايەت قىلىشىپ، جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنۋان-مەرتىۋىسى بىكار قىلىنغانىدى.

(ئەسلى كىتاب 1060-1061-بەت)

**پىڭلىڭ** (平陵) فەن مىڭيوۋ لۇگشىلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى بىر نەچچە ئەۋلات كىشى يات ئەللەرنىڭ ئەھۋالىنى ناهايىتى پىششىق بىلگەچكە، غەربىي چياڭلارنى نازارەت قىلىش هەم قوغداشقا ئەۋەتىلدى. ئۇ جاۋدى خاقانىنىڭ خىزمىتىدە بولدى ۋە لياۋشۈي دەرياسىدىن ئۆتكۈچى سەنگۈن بولۇپ تەيىنلەندى. ئۇغانلارغا

www.uyghurkitap.com

قىلىنغانجازا يۇرۇشىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن، يىڭلىك تۆرىسى بولدى ۋە 2000 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىندى. فەن مىڭيوۋ چوڭ سەنگۇن خوگۇاڭنىڭ قىزىغا ئۆيلەندى. م. ب. 66-يىلى (خاقان شۈەندى سەلتەنەت دەۋرى دىجىيىنىڭ تۆتىنچى يىلى) فەن مىڭيوۋ خوگۇاڭنىڭ ئوغلى خويۈن بىلەن بىرلىكتە سۇيىقەست پىلانلىغاچقا، ئۇرۇغ- جەمەتى بىلەن يوقىتىش جازاسىغا ئۇچراپ، ئۇنۋان- مەرتىۋىسى بىكار قىلىندى.

(ئەسلى كىتاب 1063-بەت)

**يىڭپىڭ** (营平) جاۋچۇڭگو[51] لۇڭشى چەۋەندازى سۇيپىتىدە قوشۇنغا قاتناشتى. كېيىن مەھرەمبەگلىككە كۆتىرىلىپ، ۋۇدى خاقاننىڭ خىزمىتىدە بولدى. ئۇ كۆپ قېتىم ئەسكەر باشلاپ، ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن، باشقۇرغۇچى ئۇتۇقبەگ، مەھرەم بەگلىك ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەپ، خاقان جاۋدىنىڭ خىزمىتىدە بولغاندى. جاۋدى ئۆلگەندىن كېيىن، جاۋچۇڭگو شۈەندىنى خاقان قىلىشنى تەشەببۇس قىلغانلىقى، ئۇكۇشسىزلىقلارنى ھەل قىلىپ، خاقان بەلگىلەش پىلانىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكى ۋە بۇ ئارقىلىق خانىدانلىقنى، دۆلەتنى ئەمىنلەشتۈرۈش ئىشىدا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، يىڭپىڭ تۆرىسى بولدى ۋە 2500 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال بېرىلدى.

**ئوزغان تۆرە** (冠军候) خويۈن چوڭ سەنگۇن خوگۇاڭنىڭ ئاكىسى، قىران چەۋەنداز سەنگۇن خوچۇبىڭنىڭ نەۋرىسى بولغاچقا، ئوزغان تۆرە بولۇپ تەيىنلەندى. م. ب. 67-يىلى (خاقان شۈەندى سەلتەنەت دەۋرى دىجىيىنىڭ ئۈچىنچى يىلى) خاقان شۈەندى: «قىران چەۋەنداز سەنگۇن خوچۇبىڭ ھۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئوزغان تۆرە بولۇپ تەيىنلەنگەندى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى خوزىخوۋ

ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى. خوزىخوۋ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلدىغان ئادەم بولمىغاچقا («يىلنامە» ناملىق كىتابتا: «گۈزەل پەزىلەتلىك كىشلەرنى مەدھىيىلىگەندە، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئىتتىۋارسىز قالدۇرماسلىق كېرەك» دېگەن گەپ بار)، خويۇنگە 300 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلدىم ۋە ئوزغان تۆرە قىلىپ تەيىنلىدىم» دەپ يارلىق چۈشۈردى. كېيىن خويۇن ئىسيان پىلانلىغانلىقتىن، ئۇرۇغ-جەمەتى بىلەن قىرىپ تاشلاندى ۋە ئۇنۋان-مەرتىۋىسى، سۇيۇرغاللىرى بىكار قىلىندى.

(ئەسلى كىتاب 1064-بەت)

**چاڭشۇي** (昌水)[52] تىيەن گۇاڭمىڭ دەسلەپ نۆكەربەگ بولغان. كېيىن لەشكەر بېگى بولۇپ، تەدرىجى كۆتىرىلىپ، نەنجۇن ۋىلايىتى تۇتۇق بېگى، خۇەيياڭ قۇشبېگى، مۇراسىم بېگى، سول قانات رايون بېگى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولدى. ئۇ خاقان جاۋدى ئۆلگەندىن كېيىن، چاڭيى بېگىنى خاقانلىقتىن قالدۇرۇپ، شۈەندىنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇشنى قوللىدى. ئەنە شۇنداق ئۇتۇقسىزلىقلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا، خاقان تىكلەش پىلانىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە، شۇ ئارقىلىق خانىدان ۋە دۆلەتنى ئەمىنلەش-تۈرۈشتە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، م. ب. 71-يىلى (خاقان شۈەندى سەلتەنەت دەۋرى بېنشىنىڭ ئۈچىنچى يىلى) چاڭشۇي تۆرىسى بولدى ۋە 3000 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىنىپ، ئوردا باش تەپتىش بەگلىكىگە تەيىنلەندى. كېيىن چىلىيەن سەنگۈنى بولۇپ هۇنلارغا يۈرۈش قىلغاندا، بەلگىلەنگەن جايغا قوشۇنلىرى بىلەن ئۆز ۋاقتىدا يېتىپ بارالمىغانلىقى ئۈچۈن، ھەربىي قانۇن بويىچە ئۆلۈمگە مەھكۇم بولدى، لېكىن ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنۋان-مەرتىۋىسى بىكار قىلىنغاندى.

(ئەسلى كىتاب 1065-بەت)

www.uyghurkitap.com

**لىپىڭ** (乐平) [53] شۇۋېكسۇن پىكىنىن تۆرىسى شۇ گۇاڭخەننىڭ كەنجى ئىنىسى بولغاچقا، لىپىڭ تۆرىسى بولدى. 2000 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىنىپ، كۆچلۈك ئوقيالىقلار سەنگۈنلىكىگە تەيىنلەندى. غەربىي چياڭلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن، باش لەشكەر بېشى، دانىش بەگ قاتارلىق ئەمەللەردە بولدى. ئۇنىڭ ئۆتمۈشتە خاقان شۇەندى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، تۆرە مەرتىۋىسىگە ئىگە بولدى. ئۇ هاراق-شاراپ، هاۋايى-هەۋەسكە بېرىلىپ، بالدۇرلا كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەچكە، ئوردىغا ئوغلى شۇتاڭ ۋارىسلىق قىلغانىدى.

(ئەسلى كىتاب 1065-بەت)

**دۇچېڭ** (都成) [54] كىنارسان ئەسلى هۇن بولۇپ، مەرهۇم چوڭ سەنگۈن خوگۇاڭنىڭ ئوغلى خويۇ قاتارلىقلارنىڭ ئىسيان كۆتەرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىۋېلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، دۇچېڭ تۆرىسى بولدى ۋە 2800 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال بېرىلدى. كىنارسان هارۋىلىقلار ئۆتۈۋېلىگى ۋە دۇ تۆرىسى كىنىمدىنىڭ جىيەنى بولۇپ، ناهايىتى ئېهتىياتچان، سادىق، كەمتەر كىشى ئىدى. باشقىلارغا يول قويۇشنى ئۆزىنىڭ مۇئامىلە ئۆلچىمى قىلاتتى. ئۇ ئۆز ئەۋلادىغا شان-شۆهرەت قالدۇرۇشقا تىرىشاتتى.

(ئەسلى كىتاب 1066-بەت)

**يىراقنى تىنچلاندۇرغۇچى تۆرە** (安远候) **جىڭ** جى (郑吉) كۈەيجى (会稽) لىق بولۇپ، ئەسكەرلىككە كىرگەندىن كېيىن، نۆكەر بەگلىككە كۆتىرىلدى ۋە كىشەندىن ئازات قىلىنغان گۇناهكارلار، چېرىكلەرگە نازارەتچى ۋە باش بولۇپ، تېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن چېدىر غائەۋەتلىدى. بۇ هۇن تەگرىقۇتى قۇلسغۇ ئۆلۈپ، ئەل ئىچىدە قالايمىقانچىلىق چىقىپ، قىرغىنچىلىق يۈز

بېرىۋاتقان ۋاقىت ئىدى. باتىسقان چىچەن (禅袪) ئۆز توپى بىلەن خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولماقچى بولۇپ، ئالدىن ئادەم ئەۋەتىپ جېڭ جىغا خەۋەر قىلغانىدى. جېڭ جى بىر قانچە يۈز ئەمەلدار ۋە چېرىكلىرى بىلەن كېلىپ، ئۇلارنى قارشى ئالدۇ. باتىسقاننىڭ توپىدىكى بەزى كىشىلەر قايتىپ كېتىش كويىدا بولغاندا، جېڭ جى ئۇلارنىڭ ئاقسا قاللىرىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، باتىسقان بىلەن بىللە خەن خاقانلىقىغا قايتىپ باردۇ. مۇشۇ تۆھپىسى ئۈچۈن، جېڭ جى يىراقنى تىنچلاندۇرغۇچى تۆرە بولدۇ ۋە 2000 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىندۇ.

(ئەسلى كىتاب 1068 ـ بەت)

---

〔1〕 جيەنيۈەن يىلى (建元) ــ خەن ۋۇدىنىڭ سەلتەنەت يىلى. (م.ب. 140 ـ يىلدىن 135 ـ يىلغىچە).

(«سىخەي» 1142 ـ بەت)

〔2〕 دۇڭئوۋ (东瓯) ــ قەدىمكى يۆ قەۋملىرىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، ئوۋيۆ (瓯越) دەپمۇ ئاتىلاتتى. چىن خاندانلىقى ۋە خەن خاندانلىقى دەۋرىدە هازىرقى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ ئوۋجياڭ، لىڭجياڭ دەريالىرى ۋادىلىرىدا ياشايتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلار يۆ خانى گوۋجيەننىڭ ئەۋلادلىرى ئىمىش. ئۇلارنىڭ ئاقساقلى ياۋ، خەن خاقانلىقىنىڭ شياڭ يۈنى يوقىتىشىغا ياردەملەشكەن. خاقان خۇيدى دەۋرىدە دۇڭخەي خانى بولغان. پايتەختى دۇڭئوۋ (هازىرقى ۋېنجوۋ شەھىرى) بولغاچقا، دۇڭئوۋ خانى دەپ ئاتىلاتتى. خاقان ۋۇدىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە مىن يۆلىرىنىڭ هۇجۇمىغا ئۇچراپ، جياڭسۇ ۋە خۇەيخې ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ كەتكەن.

(«سىخەي» 106 ـ بەت)

〔3〕 شېئىرنامە» (诗经) ــ جۇڭگونىڭ ئەڭ دەسلەپكى شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، چۇنچيۇ دەۋرىدە تۈزۈلگەن. جەمئىي 3000 پارچە شېئىر بولسىمۇ، كۆڭزى 315 پارچىغا قىسقارتقان.

(بىر توملۇق «سىيۇەن» 1378 ـ بەت)

〔4〕 «جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان قىسسىلىرى» («尚书») ــ كۇڭزىچىلار كىتابلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخىي ھۆججەتلىرى ۋە بىر قىسىم قەدىمكى ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن ئەسەرلەر توپلىمى.

(«سىخەي» 2554 ـ بەت. بىر توملۇق «سىيۋەن» 476 ـ بەت)

〔5〕 چىجۇاڭ (持装) ــ ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى نەنياڭدىكى بىر يەر.

(«سىخەي» 307 ـ بەت)

〔6〕 چاڭپىڭ (长平) ــ قەدىمكى ناھىيە. غەربىي خەن خاقانلىقى تەسىس قىلغان. ناھىيە مەركىزى بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسى شىخۇانىڭ شەرقىي شىمالىدا.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 3 ـ توم 1029 ـ بەت)

〔7〕 پىڭلىڭ (平陵) ــ قەدىمكى ناھىيە. غەربىي خەن بەش قەۋرىستانلىقىنىڭ بىرى. بۇ يەردە خاقان جاۋدى قەۋرىستانلىق ياسىتىپ، ناھىيە تەسىس قىلغان. ناھىيە مەركىزى ھازىرقى شيەنياڭ شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا. خەن جاۋدى ئۆلگەندىن كېيىن، شۇ يەرگە كۆمۈلگەن.

(«سىخەي» 95 ـ بەت)

〔8〕 شياڭچېڭ (襄城) ــ ناھىيە. خېنەن ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ غەربىدىرەك بولۇپ، يىغىلىق دەۋرىدە ۋېي بەگلىكىنىڭ شياڭچېڭ شەھىرى ئىدى. چىن خاقانلىقى دەۋرىدە ناھىيە تەسىس قىلىنغان.

(«سىخەي» 827 ـ بەت)

〔9〕 لېئەن (乐安) ــ ناھىيە. خەن خاقانلىقى تەسىس قىلغان. قەدىمكى ئورنى ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى بوشىڭشيەن (博兴县) ناھىيىسىدە.

(«سىخەي» 180 ـ بەت)

〔10〕 لۇڭئې (龙额) ــ ناھىيە. خەن خاقانلىقى تەسىس قىلغان. قەدىمكى ئورنى بۈگۈنكى جىڭشيەن (景县) ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 3 ـ توم 1034 ــ 1035 ـ بەت)

〔11〕 سۈيچېڭ (随城) ــ قەدىمكى ناھىيە. غەربىي خەن خاقانلىقى تەسىس قىلغان. ئورنى ھازىرقى شەندۇڭ گاۋچىڭ (高青) گاۋيۈەن بازىرىنىڭ شىمالىدا. لىيشۈي دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا، شىمال، جەنۇپ ئىككى شەھەرگە بۆلۈنگەن.

(«سىخەي» 1007 ـ بەت)

[12] يىچۇن (宜春) — ناھىيە. جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. خۇنەن ئۆلكىسىگە چېگرىداش. خەن خاقانلىقى دەۋرىدە يىچۇن ناھىيىسى تەسىس قىلىنىدى. جىن خاقانلىقى دەۋرىدە يىچۇن ناھىيىسى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

(«سىخەي» 2320 ـ بەت)

[13] يىنئەن (阴安) — ناھىيە. ۋېي (魏) ۋىلايىتىگە قاراشلىق.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 3 ـ توم 1037 ـ بەت)

[14] يۈەنشو (元朔) — خەن خاقانى ۋۇدىنىڭ سەلتەنەت يىلى (م.ب. 128 — 123 ـ يىللار).

(«سىخەي» 1496 ـ بەت)

[15] فاگەن (发干) — ناھىيە. دۇڭجۈن (东郡) ۋىلايىتىگە قاراشلىق.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 3 ـ توم 1037 ـ بەت)

[16] بوۋاڭ (博望) — (1) ناھىيە. غەربىي خەن خاقانلىقى قۇرغان. قەدىمكى ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى نەنياڭ (南阳) شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا. (2) بىلگە تۈرە ـ بىلىملىك، نەزەر دائىرىسى كەڭ مەنىسىدە.

(«سىخەي» 330 ـ بەت، «تارىخىي خاتىرىلەر» 3 ـ توم 1037 — 1038 ـ بەتلەر)

[17] يۈەنشۇ (元狩) — خاقان ۋۇدىنىڭ سەلتەنەت يىلى (م.ب. 122 — 117 ـ يىللار).

(«سىخەي» 1496 ـ بەت)

[18] ئوزغان تۈرە (冠军侯) — قىران چېرىكچى بەگ خو چۈبىڭنىڭ ھۇنلارغا قارشى ئۇرۇشلاردا كۆرسەتكەن خىزمىتى باشقا سەنگۈنلەردىن چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، خەن خاقانى ۋۇدى ئۇنىڭغا ئوزغان تۈرە دەپ نام بەرگەن.

(«سىخەي» 861 ـ ـ بەت)

[19] قىران چەۋەنداز سەنگۈن (骠骑将军) — خەن خاقانلىقى دەۋرىدە سەنگۈنلەر ئۇنۋانى. «خەننامە»دە: «خو چۈبىڭ ھۇنلارغا قارشى ئۇرۇشتا پەۋقۇلئاددە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا قىران چەۋەنداز سەنگۈن ئۇنۋانى بېرىلدى» دېيىلگەن. بۇ ئۇنىڭ چوڭ سەنگۈنلۈك ۋەزىپىسى بىلەن تەڭ ئىدى.

(«سىخەي» 2620 ـ بەت)

〔20〕 قۇنشارقان (浑邪王) ــ هۇن خانلىرىدىن بىرى. خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولغان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 3 ـ توم 1041 ـ بەت)

〔21〕 جۇڭلى (众利) ــ ناهىيە. چىن خاقانلىقى تەسىس قىلغان. ناھىيە شەھىرى هازىرقى خېبېي ئۆلكىسى، خۇەيلەي (怀来) ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1038 ــ 1039 ـ بەتلەر)

〔22〕 گاۋبۇش (高不识) ــ خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولغان هۇن بېگى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 3 ـ توم 1040 ـ بەت)

〔23〕 خۇيچۈ (浑渠) ــ يېزا. هازىرقى خېنەن ئۆلكىسى لۇشەن (鲁山) ناھىيىسىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 3 ـ توم 1040 ـ بەت)

〔24〕 جۈنجى (浚稽) ــ تاغ. هازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى گوبى ئالتاي تاغلىرى تىزمىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا. م.ب. ئىككىنچى ئەسىردىن مىلادى بەشىنچى ئەسىرگىچە بولغان مەنبەلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ.

(«سىخەي» 2188 ـ بەت)

〔25〕 شياخۇي (下麾) ــ يەر ئىسمى. سەنشى ئۆلكىسىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 3 ـ توم 1041 ـ بەت)

〔26〕 لويىن (漯阴) ــ يەر ئىسمى. هازىرقى پىڭيۈەن ناھىيىسىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 3 ـ توم 1041 ـ بەت)

〔27〕 خېچى (河綦) ــ يەر ئىسمى. جىنەن ۋىلايىتىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 3 ـ توم 1043 ـ بەت)

〔28〕 چاڭلې (常乐) ــ يەر ئىسمى. جىنەن ۋىلايىتىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 3 ـ توم 1043 ـ بەت)

〔29〕 فۇلى (符离) ــ ناھىيە. پېيجۈن (沛郡) ۋىلايىتىگە قاراشلىق. هازىر ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ سۇشيەن (宿县) ناھىيىسىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 3 ـ توم 1043 ـ بەت)

〔30〕 جۇاڭ (壮) ــ يەر ئىسمى. دۇڭپىڭدا دەپ كۆرسىتىلگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 3 ـ توم 1044 ـ بەت)

〔31〕 شياڭچېڭ (湘成) ــ يەر ئىسمى. «سويىن» ناملىق كىتابتا:

www.uyghurkitap.com

«ياڭچېك (阳城)» دېيىلگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 3 ـ توم 1045 ـ بەت)

〔32〕 يىياڭ (义阳) ــ قەدىمكى ناھىيە. پىڭجۇ ناھىيىسىنىڭ يىياڭ يېزىسىغا قۇرۇلغان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 3 ـ توم 1045 ـ بەت

〔33〕 سەن (散) ــ يەر ئىسمى. «سوپىـن»دا: «ياڭـچېڭ شەھـرىدە» دېيىلگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 3 ـ توم 1045 ـ بەت)

〔34〕 زاڭما (藏马) ــ يەر ئىسمى. ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ لىنـجۇ ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە.

(«سىخەي» 183 ـ بەت)

〔35〕 لياۋ (瞭) ــ دەريا. ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى ۋۇياڭ ناھىيىسىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 3 ـ توم 1047 ـ بەت)

〔36〕 كـۇن (昆) ــ يەر ئىسـمى. ھازىرقـى خېبېي ئۆلكـسى پىڭـشاڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 3 ـ توم 1048 ــ 1049 ـ بەتلەر)

〔37〕 چـى (骐) ــ يەر ئىسمى. خېنەنگە قاراشلىق. بىيچۇ دە دېيىلگەن. سەنشى جىشيەن ناھىيىسىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 3 ـ توم 1049 ـ بەت)

〔38〕 لياڭچى (梁期) ــ يەر ئىسمى، ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى ۋېيشيەن (魏县) ناھىيىسى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 3 ـ توم 1049 ـ بەت)

〔39〕 يۈەندىڭ (元鼎) خەن خاقانى ۋۇدىنىڭ سەلـتەنەت يىلى (م.ب. 116 ــ 111 ـ يىللار).

(«سىخەي» 1496 ـ بەت)

〔40〕 پۇرھىمان (复累绨缦) ــ ھۇن بەگلىرىدىن بىرى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 3 ـ توم 1049 ـ بەت)

〔41〕 تىسى (骒兹) ــ يەر ئىسمى. ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى جۇچېڭ (诸城) ئەتراپلىرى.

(«سىخەي» 1055 ـ بەت)

〔42〕 ياۋچىلار (月氏) ــ ياۋچى، يۇرتچى، قەدىمكى خەلقلەردىن بىرى. مىلاددىن بۇرۇن 3 ــ 2 ـ ئەسىرلەردە دۈڭخۇاڭ (دۇخان) بىلەن چىلىيەنشەن تاغلىرى ئارىلىقىدا ياشىغان چارۋىچى خەلق. م.ب. 177 ــ 176 ـ يىللىرى ھۇنلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، كۆپ قىسمى ئىلى دەرياۋادىسىغا كۆچكەن. بۇلار «چوڭ ياۋچىلار» دەپ ئاتىلىدۇ. كۆچمەستىن، چىلىيەنشەن تېغىغا كىرىۋېلىپ، چياڭلارغا ئارىلىشىپ كەتكەن ئاز بىر قىسىم ياۋچىلار «كىچىك ياۋچىلار» دەپ ئاتىلىدۇ.

(«سىخەي» 3425 ـ بەت)

〔43〕 يۈەنفېڭ (元封) ــ خەن خاقانى ۋۇدىنىڭ سەلتەنەت يىلى (م.ب. 110 ــ 105 ـ يىللار)

(«سىخەي» 1496 ـ بەت)

〔44〕 سەلتەنەتلىك تۆرە (浩) ــ (1) يەر ئىسمى. (2) ئۇنۋان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 3 ـ توم 1056 ـ بەت)

〔45〕 ۋاڭ خۇي (王恢) ــ خەن خاقانى ۋۇدى دەۋرىدە (م.ب. 108 ـ يىلى) روراندا قارشى يۈرۈشتە كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن، سەلتەنەت بەگ قىلىپ تەيىنلەنگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 3 ـ توم 1056 ـ بەت)

〔46〕 قوس، قوش (车师) ــ بۇ ئىسىم «كۆلتېگىن مەڭگۈتېشى» دە: قوشۇ، قوسۇ شەكلىدە يېزىلغان. كېيىن خەنزۇچە (车师) دەپ ئۆزگەرتىلگەن. بۇ شۇ دەۋردە كووشى، گووشى (姑师) دەپمۇ ئوقۇلغان. مىلاددىن بۇرۇن 70 ـ يىلى خاقان شۈەندى (م.ب. 73 ــ 49 ـ يىللار) دەۋرىدە قوس ـ ئالدى قوس، ئارقا قوس دەپ ئىككىگە ئايرىلغان. ئالدى قوس بۈگۈنكى تۇرپاندىكى يارغول خارابىسى بولۇپ، ئارقا قوس ئۈتۈساي (جىمسارنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ) دا ئىدى.

(«سىخەي» 3061 ـ بەت)

〔47〕 جيۇچۈەن، سۇجوۋ، (酒泉) ــ ۋىلايەت. م. ب. 121 ـ يىلى ھۇن خانى قۇنشارقان تۇرغان يەرنى جيۇچۈەن ۋىلايىتى قىلغان.

(«سىخەي» 2143 ـ بەت)

〔48〕 خۇجى (瓠摄) ــ يەر ئىسمى. خېدۇڭدا.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 3 ـ توم 1056 ــ 1057 ـ بەت)



www.uyghurkitap.com

〔49〕 ئۇگە (扞者) ــ كىچىك ياۋچىلارنىڭ خانى
(«تارىخىي خاتىرىلەر» 3 ـ توم 1056 ـ بەت)
〔50〕 دۇ (秺) ــ يەر ئىسمى. ئورنى بۈگۈنكى شەندۇڭ ئۆلكىسى زىخې رايونى ئەتراپىدا.
(«سىخەي» 4001 ـ بەت)
〔51〕 يىڭپىڭ (营平) ــ يەر ئىسمى. شەندۇڭ ئۆلكىسى جىنەندە.
(«تارىخىي خاتىرىلەر» 3 ـ توم 1063 ـ بەت)
〔52〕 چاڭشۈي (昌水) ــ شەندۇڭ ئۆلكىسى يۈلىڭ (陵) دە.
(«تارىخىي خاتىرىلەر» 3 ـ توم 1065 ـ بەت)
(«سىخەي» 3543 ــ 3544 ـ بەت)
〔53〕 لېپىڭ (乐平) ــ قەدىمكى ناھىيە. ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى شىياڭ.
(«سىخەي 179 ـ بەت)
〔54〕 دۇچېڭ (都成) ــ قەدىمكى ۋىلايەت. م.ب. 230 ـ يىلى چىن بەگلىگى تەسىس قىلغان. ۋىلايەت شەھىرى ياڭدى (阳翟)ھازىرقى يۈشيەن (禹县) ناھىيىسىدە.
(«سىخەي» 4233 ـ بەت)

تارىخىي خاتىرىلەر 22 ـ جىلد

# خەن خاقانلىقى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئاتاقلىق سەنگون ـ ۋەزىرلەر يىلنامىسى

**م. ب.** 200 ـ يىلى (خەن خاقانى گاۋدىنىڭ يەتتىنچى يىلى) چاڭلې ئوردىسى (长乐宫) سېلىنىپ، پايتەخت يۈياڭدىن چاڭئەنگە يۆتكەلگەندىن كېيىن، ھۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلىندى. ھۇنلار خەن قوشۇنلىرىنى پىڭچېڭ شەھىرىدە مۇھاسىرىگە ئالدى.

م. ب. 199 ـ يىلى (گاۋدىنىڭ سەككىزىنچى يىلى) جاۋچېڭ شەھىرىدە خەن (韩) بېگى خەن شىنىنىڭ ئاسىي قوشۇنلىرىغا جازا يۈرۈشى قىلىندى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، گۇەن گاۋ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئىسيان كۆتىرىش قەستىدە بولۇۋاتقانلىقى سېزىلىپ، ئۇلار ئۆلتۈرۈلدى. ھۇنلار دەي بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندە، دەي بەگلىكىنىڭ بېگى ليۇ جۇڭ ھۇنلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي، بەگلىكنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەنلىكتىن، گاۋدى ئۇنىڭ بەگلىك مەرتىۋىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، خېياڭ تۆرىسى قىلىپ قويدى.

(ئەسلى كىتاب 1121 ـ بەت)

**خاقان ۋېندى** (文帝) م. ب. 177 ـ يىلى (خەن ۋېندىنىڭ ئۈچىنچى يىلى) دەي بېگى ليۇ ۋۇ خۇەيياڭ بەگلىكىگە تەيىنلەندى. ۋېندى چارلاشقا چىقىپ، تەييۈەنگە باردى. جىبېي بېگى ليۇ شىڭجۇ

قوزغىلىپ ئىسيان كۆتىرىپ، ھۇنلار شاجۇن ۋىلايىتىگە زۆر كۆلەمدە بېسىپ كىرگەچكە، دەي بەگلىكىنىڭ زىمىنى تەيىۋەنگە قوشۇۋېتىلىپ، تەيىۋەن دەيجۇن ۋىلايىتى دەپ ئۆزگەرتىلدى.

(ئەسلى كىتاب 1126 ـ بەت)

م. ب. 166 ـ يىلى (خەن ۋېندىنىڭ 14 ـ يىلى) ھۇنلار شياۋگۇەن ئۆتكىلىگە كەڭ كۆلەمدە بېسىپ كىرگەچكە، خەن قوشۇنلىرى ھۇنلارغا قارشى جەڭ قىلدى ھەمدە چاڭئەن ئەتراپىدا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، مۇداپىئە كۆردى.

چېڭ (成) تۆرىسى دۇڭ چى، دىۋان بېگى لۇەن بۇ، چاڭ (昌) تۆرىسى لۇچىڭ، لۇڭلۇ (隆虑) تۆرىسى جوۋزاۋ، نىڭ (宁) تۆرىسى ۋېي سۇلار سەنگۇن، دۇڭياڭ (东阳) تۆرىسى جاڭ شياڭرۇ چوڭ سەنگۇن بولۇپ، لەشكەر تارتىپ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلدى. قارۇغ بەگ جوۋشې ۋە ئىشىك ئاغىسى جاڭ ۋۇ سەنگۇن بولۇپ، قوشۇنلىرى بىلەن چاڭئەن ئەتراپىدا مۇداپىئەدە تۇردى.

(ئەسلى كىتاب 1128 ـ بەت)

م. ب. 162 ـ يىلى (ۋېندى خوۋيۇەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ ئالتىنچى يىلى) ھۇنلار 30,000 ئادەم بىلەن شاجۇن ۋىلايىتىگە، 20,000 ئادەم بىلەن يۈنجۇڭ ۋىلايىتىگە بېسىپ كىردى.

ھۇنلارنىڭ بېسىپ كىرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، خاقان ۋېندى ئوتتۇرانچى تۆرە لىڭ ميەننى خارۋا ـ ئاتلىقلار سەنگۇنى بولۇپ، قوشۇن بىلەن فېيخۇ تېغىدا، چۇ بەگلىكى سابىق ۋەزىرى سۇيىنى سەنگۇن بولۇپ، قوشۇن بىلەن گوۋجۇ تېغىدا، سەنگۇن جاڭ ۋۇنى قوشۇن بىلەن بېيدى ۋىلايىتىدە، خېنېي قۇشبېگى جوۋيافۇنى سەنگۇن بولۇپ، قوشۇن بىلەن شىليۇدا، خانىدان بەگ ليۇلىنى قوشۇن بىلەن باشاڭدا، جۇسى تۆرىسى شۇلىنى قوشۇن بىلەن جىمېندا تۇرۇشقا ئەۋەتكەنىدى. بىر نەچچە ئايدىن كېيىن ھۇنلار چېكىنىپ كەتكەچكە،

خەن خاقانلىقى ھەربى ھەركەتنى توختاتتى.

(ئەسلى كىتاب 1129 ـ بەت)

**خاقان ۋۇدى** (武帝) م. ب. 133 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنگۇاڭنىڭ ئىككىنچى يىلى) يازدا، باش ئەپتىش بەگ خەن ئەنگو قوشۇن مۇھاپىزەتچى سەنگۈنى، ياساۋۇل بەگ لى گۇاڭ ئالىپ چەۋەنداز سەنگۈن، مىراخۇر گۇڭسۇن خې يىنىڭ ھارۋىلىقلار سەنگۈنى، سورۇن بېگى ۋاڭ خۈي تۇراقلىق قوشۇن سەنگۈنى، كېڭەش بېگى لى شى مەشقاۋۇل بولۇپ تەيىنلىنىپ، چوڭ قوشۇن بىلەن مايى شەھىرى ئەتراپىدا بۆكتۈرمىدە يېتىپ، ھۇن تەڭرىقۇتىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى قولغا چۈشۈرۈشكە ئەۋەتىلگەنىدى. بىراق، ئۇرۇشتىن بۇرۇن سىر ئېچىلىپ قېلىپ، پىلان ئەمەلگە ئاشمىغاچقا، بۇ پىلاننى ئوتتۇرىغا قويغۇچى ۋاڭ خۈي ئۆلتۈرۈلگەنىدى.

(ئەسلى كىتاب 1135 ـ 1134 ـ بەت)

م. ب. 129 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنگۇاڭنىڭ ئالتىنچى يىلى) كېڭەش بېگى ۋېي چىڭ ھارۋا ـ ئاتلىقلار سەنگۈنى بولۇپ، لەشكەر تارتىپ شاڭگۇ ۋىلايىتىدىن؛ ياساۋۇل بەگ لى گۇاڭ ئالىپ چەۋەنداز سەنگۈن بولۇپ يەنمېن ۋىلايىتىدىن؛ كېڭەش بېگى گۇڭسۇن ئاۋ ئاتلىقلار سەنگۈنى بولۇپ دەيجۈن ۋىلايىتىدىن؛ مىراخۇر گۇڭسۇن خې يىنىڭ ھارۋىلىقلار سەنگۈنى بولۇپ يۈنجۇڭ ۋىلايىتىدىن لەشكەر تارتىپ چىقىپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن ھۇنلارغا تەڭلا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىلدى. (ئەسلى كىتاب 1135 ـ بەت)

م. ب. 128 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ بىرىنچى يىلى) ھارۋا ـ ئاتلىقلار سەنگۈنى ۋېي چىڭ يەنمېن قوۋۇقىدىن لەشكەر تارتىپ چىقىپ، ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىلدى؛ ياساۋۇل بەگ خەن ئەنگو تۇراقلىق قوشۇن سەنگۈنى بولۇپ قوشۇن بىلەن دەيجۈن ۋىلايىتىدە تۇرۇشقا ئەۋەتىلدى. يۈەنشونىڭ ئىككىنچى

يىلى يۇياڭدا تۇردى ۋە شۇ يەردە ئۆلدى.

(ئەسلى كىتاب 1136 ـ بەت)

م. ب. 127 ـ يىلى (يۈەنشونىڭ ئىككىنچى يىلى) ئەتىيازدا، هارۋا ـ ئاتلىقلار سەنگۈنى ۋېي چىڭ لەشكەر تارتىپ يۈنجۇڭدىن گاۋچۇگە قەدەر باردى ۋە هۇنلاردىن خېنەن (خېتاۋنىڭ جەنۇبى) رايونىنى تارتىۋالدى.

م. ب. 126 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ ئۈچىنچى يىلى) هۇنلار دەيجۈن ۋىلايىتىگە بېسىپ كىرىپ، قوشبېگى گۇڭ يوۋنى ئۆلتۈردى.

م. ب. 125 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ تۆتىنچى يىلى) هۇنلار دىڭشياڭ ۋىلايىتى، دەيجۈن ۋىلايىتى ۋە شاڭجۈن ۋىلايەتلىرىگە بېسىپ كىردى.

(ئەسلى كىتاب 1136 ـ بەت)

م. ب. 124 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ بەشىنچى يىلى) هۇنلار دەيجۈن ۋىلايىتىگە هۇجۇم قىلىپ، دەيجۈن تۇتۇق بېگى جۇيىڭنى ئۆلتۈردى.

شۇ يىلى ئەتىيازدا، خاقان ۋۇدى چاكچىلىك تۆرىسى ۋېي چىڭنى چوڭ سەنگۈنلىككە تەيىنلەپ، هۇن ئوڭ تۇغ قانىتىغا جازا يۈرۈشى قىلدى. ياساۋۇل بەگ سۇجيەننى هەرىكەتچان قوشۇن سەنگۈنلىككە تەيىنلەپ، چوڭ سەنگۈن ۋېي چىڭنىڭ قارىمىقىغا ئۆتكۈزدى. سول دىۋان بېگى لى جۇ كۈچلۈك ئوقيالىقلار سەنگۈنى، مىراخۇر گۇڭسۈن خې هارۋا ـ ئاتلىقلار سەنگۈنى، دەي بەگلىكى ۋەزىرى لى سەي يېنىك هارۋىلىقلار سەنگۈنى، ئەنتوۋ تۆرىسى جاڭ سىگۇڭ ۋە سورۇن بېگى لى شى سەنگۈن بولۇپ تەيىنلەندى ۋە بۇلارنىڭ هەممىسى چوڭ سەنگۈننىڭ باشچىلىقىدا هۇنلارغا هۇجۇم قىلدى.

(ئەسلى كىتاب 1137 ـ بەت)

www.uyghurkitap.com

م. ب. 123 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ ئالتىنچى يىلى) چوڭ سەنگۈن ۋېي چىڭ يەنە دىڭشياڭ ۋىلايىتىدىن چىقىپ، ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلدى. ھەمدەمەلەشكۈچى تۆرە، گۇڭسۇن ئاۋ ئوتتۇرىدىكى سەنگۈن، مىراخور گۇڭسۇن خې سول سەنگۈن، ئىشىك ئاغىسى لى گۇاڭ ئارقىدىكى سەنگۈن، يابغۇ جاۋ سۇن ئالدىدىكى سەنگۈن بولۇپ تەيىنلەندى. لېكىن جاۋ سۇن ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، ھۇنلارغا تەسلىم بولۇپ كەتتى. ئوڭ سەنگۈنلىككە تەيىنلەنگەن ياساۋۇل بەگ سۇ جيەن ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، ئۆزى يالغۇز قېچىپ قۇتۇلدى. سول دىۋان بېگى لى جۇ كۈچلۈك ئوقيالىقلار سەنگۈنلىكىگە تەيىنلەنگەنىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى چوڭ سەنگۈن ۋېي چىڭنىڭ قارىمىقىدا بولدى.

(ئەسلى كىتاب 1137 ـ بەت)

م. ب. 121 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشوۋنىڭ ئىككىنچى يىلى) ھۇنلار يەنمېن قوۋۇقى ۋە دەيجۈن ۋىلايىتىگىچە بېسىپ كىردى.

خاقان ۋۇدى ئوزغان تۆرە خوچۇبىڭنى قىران چەۋەنداز سەنگۈنلىككە تەيىنلەپ، ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، چىلىيەنشەن تېغىغا قەدەر بېرىشقا؛ ھەمدەملەشكۈچى تۆرە گۇڭسۇن ئاۋنى سەنگۈن قىلىپ، بېيدى ۋىلايىتىدىن ھۇجۇم قىلىشقا؛ بىلگە تۆرە جاڭ چيەن ۋە ئىشىك ئاغىسى لى گۇاڭنى سەنگۈنلىككە تەيىنلەپ، يوۋ بېيپىڭدىن ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى.

م. ب. 120 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشوۋنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ھۇنلار يوۋ بېيپىڭ، دىڭشياڭ ۋىلايەتلىرىگە بېسىپ كىردى.

م. ب. 119 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشوۋنىڭ تۆتىنچى يىلى) چوڭ سەنگۈن ۋېي چىڭ دىڭشياڭدىن لەشكەر

تارتىپ چىقتى. ئىشىك ئاغىسى لى گۇاڭ ئالدىنقى سەنگۈن، مىراخۇر گۇڭسۇن خې سول سەنگۈن، ئۇنۇۋان بېگى جاۋيىجى ئوڭ سەنگۈن، پىيادە تۆرىسى ساۋ شياڭ ئارقىچى سەنگۈن بولۇپ، چوڭ سەنگۈننىڭ باشچىلىقىدا ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلدى.

(ئەسلى كىتاب 1138 ـ بەت)

م. ب. 97 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى تيەنخەننىڭ تۆتىنچى يىلى) ئەتىيازدا، ئېرشى سەنگۈن لى گۇاڭلى شۇ فاڭ ۋىلايىتىدىن لەشكەر تارتىپ چىقىپ، يۈۋۇ دەرياسى بويىغا باردى. ھەرىكەتچان قوشۇن سەنگۈنى خەن يۆ ۋۇيۈەن ۋىلايىتىدىن، يىنيۇ سەنگۈنى گۇڭسۇن ئاۋ يەنمېن قوۋۇقىدىن لەشكەر تارتىپ چىقىپ، ئايرىم ـ ئايرىم يوللار بىلەن ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلدى.

(ئەسلى كىتاب 1142 ـ بەت)

م. ب. 90 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى جىڭخېنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ئەتىيازدا، ئېرشى سەنگۈن لى گۇاڭلى شو فاڭ ۋىلايىتىدىن يولغا چىقىپ، قوشۇنلىرى بىلەن ھۇنلارغا تەسلىم بولدى. چۇڭخې تۆرىسى ماڭ تۇڭ جيۇچۇەندىن، باش تەپتىش بېگى شاڭ چيۇچېڭ خېشىدىن قوشۇن تارتىپ، ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلدى.

(ئەسلى كىتاب 1144 ـ بەت)

م. ب. 87 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى خوۋيۈەننىڭ ئىككىنچى يىلى) ئىككىنچى ئايدا، خاقان ۋۇدى دانىش بەگ خوگۇاڭنى چوڭ سەنگۈن ۋە بولۇ تۆرىسى، تۇتۇق بېگى كىن مىدىنى ھارۋا ـ ئاتلىقلار سەنگۈنى ۋە دۇ تۆرىسى، مىراخۇر ئەنياڭ تۆرىسى شاڭ گۇەنجېنى چوڭ سەنگۈن قىلىپ تەيىنلىدى.

(ئەسلى كىتاب 1144 ـ بەت)

**خاقان جاۋدى** (昭帝) م. ب. 86 ـ يىلى (خاقان جاۋدى سەلـ

تەنەت دەۋرى شيۋەننىڭ بىرنچى يىلى) توققۇزنچى ئايىدا، كىن
مدى ئۆلدى.

(ئەسلى كىتاب 1145 ـ بەت)

م. ب. 78 ـ يىلى (خاقان جاۋدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنفېڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى) 12 ـ ئايىدا، نۆكەر بېگى فەن مىڭيوۋ لياۋشۇي دەرياسىدىن ئۆتكۈچى سەنگۈن بولۇپ تەيىنلىنىپ، ئۇغانلارغا ھۇجۇم قىلدى.

م. ب. 75 ـ يىلى (خاقان جاۋدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنفېڭنىڭ ئالتىنچى يىلى) توققۇزىنچى ئايىدا، ياساۋۇل بەگ، پىڭلىك تۆرىسى فەن مىڭيوۋ لياۋشۇي دەرياسىدىن ئۆتكۈچى سەنگۈن بولۇپ تەيىنلىنىپ، ئۇغانلارغا ھۇجۇم قىلدى.

(ئەسلى كىتاب 1146 ـ بەت)

**خاقان شۈەندى** (宣帝) م. ب. 72 ـ يىلى (خاقان شۈەندى سەلتەنەت دەۋرى بېنشىنىڭ ئىككىنچى يىلى) يەتتىنچى ئايىدا، باش تەپتىش بەگ تيەن گۇاڭمىڭ چېلىيەن سەنگۈن، لۇڭئې (龙额) تۆرىسى خەن زىڭ ئارقىچى سەنگۈن، يىڭپىڭ تۆرىسى جاۋ چۇڭگو پارىكۆل (蒲类) سەنگۈنى، لياۋشۇي دەرياسىدىن ئۆتكۈچى سەنگۈن پىڭلىك تۆرىسى فەن مىڭيوۋ يۈنجۇڭ قوشبېگى، ئىل بايشات تۆرە تيەن شۈن بارىس سەنگۈن بولۇپ تەيىنلىنىپ، ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلدى.

م. ب. 71 ـ يىلى (خاقان شۈەندى سەلتەنەت دەۋرى بېنشىنىڭ ئۈچىنچى يىلى) تيەن گۇاڭمىڭ ۋە تيەن شۈن ھۇنلارغا قارشى ئۇرۇشتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھەر ئىككىسى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى («خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»دە خاتىرىلىنىشىچە، تيەن شۈن بەلگىلەنگەن جايغا بارالماي ھەم ئولجا ـ غەنىمەتلەرنىڭ سانىنى يالغان ئېيتقان؛ تيەن گۇاڭمىڭ ئالدى تەرەپتە دۈشمەن بارلىقىنى ئۇقۇپ، ھۇجۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي تۇرۇۋالغانلىق-

تىن، خاقان شۆەندى ھەر ئىككىسىنى ئەدلىيە مەھكىمىسىگە تاپشۇر-
غان. ئۇلار جىنايىتىدىن قورقۇپ، ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرگەن). جاۋ
چۇڭگوغا سەنگۇنلىك تامغىسىنى تارتۇۋېلىش جازاسى بېرىلگەن.
(ئەسلى كىتاب 1147-بەت)

م. ب. 61-يىلى (خاقان شۆەندى سەلتەنەت دەۋرى شېنجۇنىڭ
بىرىنچى يىلى) تۆتىنچى ئايدا، لېچېڭ تۆرىسى شۇ يەنشۇۋ
كۇچلۇك ئوقيالىقلار سەنگۇنى بولۇپ تەيىنلەندى. ئارقىچى سەنگۇن
جاۋ چۇڭگو چياڭلارغا ھۇجۇم قىلدى. جيۇچۇەن قوشبېگى شىن
ۋۇشيەن چياڭلارنى يوقىتىش سەنگۇنى، خەن زىڭ باش لەشكەر
بېشى ۋە ھارۋا-ئاتلىقلار سەنگۇنى بولۇپ تەيىنلەندى.
(ئەسلى كىتاب 1149-بەت)

**خاقان يۈەندى** م. ب. 42-يىلى (خاقان يۈەندى
سەلتەنەت دەۋرى يۇڭگۇاڭنىڭ ئىككىنچى يىلى) يەتتىنچى ئايدا،
دىنىي مۇراسىم بېگى (太常) رېن چيەنچيۇ جەسۇر سەنگۇن بولۇپ
تەيىنلىنىپ، غەربىي چياڭلارغا؛ يۇنجۇڭ قوشبېگى خەن سىجۇن
ھەيۋەتلىك سەنگۇن بولۇپ تەيىنلىنىپ، چياڭلارغا ھۇجۇم قىلماقچى
بولسىمۇ، كېيىن ئىشقا ئاشۇرۇلمىدى.
(ئەسلى كىتاب 1152-بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## تارىخىي خاتىرىلەر 28 ـ جىلد

## نەزىرنامە (封禅书)

يىن خانلىقىنى يىمىرىپ، خانلىق تەسىس قىلغان جوۋ خانلىقى 14 ئەۋلاد دەۋر سۈرگەندىن كېيىن، سەلتەنىتى تەدرىجى زەئىپلىشىپ، ئەدەپ ـ ئەخلاق بۇزۇلۇپ، بەگلەر باش ـ باشتاقلىق قىلىشىپ، قانۇن ـ تۈزۈملەرگە رىئايە قىلىشمىغانلىقتىن، چۇەنرۇڭلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، جوۋ يوۋ ۋاڭ لىشەن تېغى ئېتىكىدە ئۆلتۈرۈلگەندى. جوۋپىڭۋاڭ خانلىق پايتەختىنى شەرققە ـ لويى شەھىرىگە كۆچۈردى. چىن شياڭگۇڭ[1] لەشكەر تارتىپ رۇڭلارغا ھۇجۇم قىلىپ، جوۋ خانلىقى خانىغا ياردەم قىلغاچقا، بەگ بولۇپ تەيىنلىنىپ، شىچۇدە[2] ئولتۇراقلىشىپ قالغانىدى.

(ئەسلى كىتاب 1358 ـ بەت)

* * *

...چى خۇەنگۇڭ: «مەن ئىلگىرى شىمالغا ـ تاغ رۇڭلىرى ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ، گۇجۇ بەگلىكى چېگرىسىدىن ئۆتتۇم؛ غەربكە ـ داشياغا[3] يۈرۈش قىلىپ، (لىيۇشادىن ئاشتىم؛ ئاتلارنى يېتىلەپ، ھارۋىلارنى كۆتىرىپ، بېيئېر[4] تېغىغا چىقتىم؛ جەنۇپقا يۈرۈش قىلىپ، شاۋلىڭغا باردىم؛ شيۇڭئېر تېغىغا چىقىپ، جاڭجياڭ، خەنشۈي دەريالىرىغا نەزەر سالدىم. مەن ئۈچ قېتىم ھەربىي يىغىن چاقىرىپ، ئالتە قېتىم بەگلەر ئارىسىدا كېڭەش ئۆت-

كۆزدۇم. جەمئى توققۇز قېتىم بەگلەر بىلەن باش قوشۇپ كېڭەش ئېلىپ بېرىپ، ئەلنىڭ ئىشىنى توغرا يولغا سالدىم. بەگلەر ئىچىدە ماڭا قارشى چىقىشقا پېتىنغۇچىلار بولمىدى. ئىلگىرىكى شىيا، شاڭ، جوۋ خانلىقلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ دەۋرنىڭ تۇنجى خانلىرى تەڭرىنىڭ ئەمرى بىلەن خان بولغان، ئۇلارنىڭ مەندىن نىمە پەرقى بار؟» دېيەلەيدى.

(ئەسلى كىتاب 1361 ـ بەت)

* * *

م. ب. 164 ـ يىلى (خاقان ۋېندىنىڭ 16 ـ يىلى) هۇنلار بىر قانچە قېتىم چېگرىغا بېسىپ كىرگەچكە، خەن خاقانلىقى ئەسكەر چىقىرىپ مۇداپىئە كۆردى. كېيىنكى يىلى سەل كەم هۇسۇل ئېلىندى.

(ئەسلى كىتاب 1384 ـ بەت)

* * *

خاقان ۋۇدى يۇڭ دېگەن يەرگە بېرىپ، ئىلاهقا نەزىر ـ چىراق قىلىپ، ئاندىن لۇڭشى ۋىلايىتىگە كەلدى. غەربدە كۇڭتۇڭ تېغىغا بېرىپ قايتقاندىن كېيىن، گەنچۈەن قەسرىدە تۇردى.

(ئەسلى كىتاب 1394 ـ بەت)

يازدا خەن خاقانلىقى كالىندارى ئۆزگەرتىلىپ، بىرىنچى ئاي يىل بېشى قىلىندى. سېرىق رەڭ قەدىرلەندى، ئەمەل تامغىلىرى بەش خەتلىك قىلىنىپ، يىل نامى تەيچۇ بىرىنچى يىلغا ئۆزگەرتىلدى (م. ب. 104 ـ يىلى). شۇ يىلى، غەربدە پەرغانىغا يۈرۈش قىلىندى. هەممىلا يەردە چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەردى. دىڭ فۇرىن، لوياڭ[5]، يۈچۈلار ئەپسۇن ئوقۇپ، هۇنلار ۋە پەرغانىلىقلارنى قاغىدى.

(ئەسلى كىتاب 1402 ـ بەت)

[1] چىن شياڭگوڭ (秦襄公) — چىن بەگلىكىنىڭ قۇرغۇچىسى چىن جۇاڭگوڭنىڭ ئوغلى.

(«سىخەي» 3691 ـ بەت)

[2] شىچۇي (西垂) — قەدىمكى يەر ئىسمى. ئورنى هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى تيەنشۈي شەهىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ.

(بىر توملۇق «سىيۇەن» 1356 ـ بەت)

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 3 ـ توم 1358 ـ بەت)

[3] داشيا (大夏) — بىگجوۋ ئايمىقىغا قاراشلىق جىنياڭ شەهىرى. ئورنى هازىرقى سەنشى ئۆلكىسى تەييۇەن شەهىرى ئەتراپىدا.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 1491 ـ بەت)

[4] بىئېر شەن (辟耳山) ياكى (阜耳山) — هازىرقى سەنشى ئۆلكىسى پىڭلۇ ناهىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.

(«سىخەي» 4543 ـ بەت)

[5] لوياڭ (雒阳) — خەن خاقانلىقى دەۋرىدە ياشىغان ئەپسۇنچىلاردىن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 3 ـ توم 1402 ـ بەت)



www.uyghurkitap.com

## بازارنامە (平准书) توغرىسىدا①

ھۇنلار بىر قانچە قېتىم شىمالىي چېگرىدىكى ئاھالىلارغا ھۇجۇم قىلىپ، بۇلاڭ-تالاڭ قىلغانلىقتىن، چېگرا مۇداپىئەسىدىكى قوشۇنلار كۆپەيتىلگەچكە، ئاشلىق يەتمەس بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، ئوردىدىن يارلىق چۈشۈرۈپ، چېگرا رايونلارغا ئاشلىق ئىئانە قىلىدىغان ۋە ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ھەمدە يىغىدىغان كىشىلەرگە مۇكاپات ئۇنۋانى بېرىلىدىغان بولۇپ، مۇكاپات ئۇنۋانى ئالىي تۆرە دەرىجىسىگە قەدەر كۆتۈرۈلگەنىدى.

(ئەسلى كىتاب 1419-بەت)

*　　　*　　　*

ۋاڭ خۇيىنىڭ مايىدا تەگرىقۇتقا يوشۇرۇنۇپ زەربە بېرىش پىلانىنى ھۇنلار ئۇقۇپ قالغاندىن كېيىن، ھۇنلار ئىناقلىقنى بۇزۇپ، چېگرىغا بېسىپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك سالىدىغان بولدى. ئۇرۇش ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ تۇرغاچقا، پۈتكۈل خەلق ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىدىن بىزار بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇرۇش كۈندىن-كۈنگە كېڭەيگەنلىكتىن، يولۇچىلار ئوزۇق-تۈلۈك، كىيىم-كېچەكلىرىنى ئېلىپ يۈرەتتى. ئاھالىلار ھۆكۈمەتكە ئاشلىق توشاتتى. كىشىلەر ئىچكىي ۋە تاشقىي ئالۋاڭ-ياساق، پاراكەندىچىلىك دەردىدە ئەمىن تاپالماي، ئاھالىلار نامراتلىشىپ، ھېرىپ-چارچاپ، قۇۋلۇق بىلەن تاقابىل تۇرۇشقا

مەجبۇر بولۇشقانىدى. مال-بايلىق كۆندىن-كۈنگە خوراپ، يېتىشمەيدىغان بولۇپ قالغاچقا، مال-بايلىق ئىگىنە قىلغانلار ئەمەل تۇتۇپ، پۇلى بارلار جىنايىتىدىن كېچىرىم قىلىناتتى. سايلام تۈزۈمى ئەمەلدىن قېلىپ، ئار-نومۇسلۇق ئادەملەر كۆرەلمەسلىككە ئۇچرىغان، ھەربىلەر ئەتىۋالىنىپ، ئەمىر-پەرمانلار قاتتىق ۋە كۆپ بولۇپ كەتكەنىدى. ئىگىلىك يارىتالايدىغان ۋەزىرلەر مانا شۇندىن باشلاپ ئەتىۋالانغانىدى.

شۇندىن كېيىن، خەن سەركەردىلىرى ھەر يىلى ئون مىڭلىغان چەۋەنداز بىلەن چىقىپ، ھۇنلارغا زەربە بېرىپ تۇردى. ھارۋا-ئاتلىقلار سەنگۈنى ۋېي چىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، خېنەن (خۇاڭخېنىڭ جەنۇبى) دىكى جايلار ھۇنلاردىن تارتىۋېلىنىپ، شو فاڭ شەھىرى بىنا قىلىندى. بۇ ۋاقىتتا خەن خاقانلىقى غەربىي جەنۇبىدىكى يى قەۋملىرىگە بارىدىغان يولنى ئېچىۋاتاتتى. ئەمگەككە قاتنىشىۋاتقان بىر نەچچە ئون مىڭلىغان ئادەم ئاشلىقلىرىنى مىڭ چاقىرىمدىن يىراق يەرلەرگە كۆتىرىشىپ باراتتى. ئون نەچچە جۇڭ (钟)[2] ئاشلىقتىن ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ بارغىچە ئاران بىر دەن ئاشلىق قالاتتى. شۇڭا، چيۇڭ (邛)[3]. بو (僰)[4] قەۋملىرى يۇرتىدىن پۇلغا ئاشلىق سېتىۋېلىناتتى. بىر قانچە يىللار ئۆتكەن بولسىمۇ، قاتناش تېخىچە باشلانمىغاچقا، بەدۆۋي يى قەۋملىرى ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى. مەسئۇل ئەمەلدارلار ئەسكەر چىقىرىپ، ئۇلارنى قىراتتى. با (巴)[5]، شۇ (蜀)[6] ۋىلايەتلىرىنىڭ پۈتكۈل باج-سېلىق كىرىمى چىقىمغا يەتمىگەنلىكتىن، بايلار جەنۇبىي يى قەۋملىرى رايونىدا يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا، ھۆكۈمەتكە ئاشلىق تاپشۇرۇپ، ھۆكۈمەت خەزىنىسىدىن ئاشلىق پۇلى ئېلىشقا چاقىرىلغانىدى. شەرقتە، ساڭخەي[7] ۋىلايىتىگىچە كېڭەيتىشتە دىنىڭ ئىش-خىراجىتى جەنۇبىدىكى يى قەۋملىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالغانىدى. يەنە

يۈز نەچچە مىڭ ئادەمنى سەپەرۋەر قىلىپ، قورغان سېلىپ، شوفاڭ[8] ۋىلايىتى قوغدالغانىدى. سۇ ۋە قۇرۇقلۇق يوللىرى ناھايىتى يىراق بولغانلىقتىن، ياۋشەن[9] تېغىنىڭ شەرقىدىكى كىشىلەر مانا شۇنداق ھاشارنىڭ ئازاۋىنى تارتقانىدى. نەچچە مىليونلىغان بايلىق خوراپ، ھۆكۈمەت خەزىنىسى تېخىمۇ قۇرۇقدالدى. شۇڭا، قۇل ئىئانە قىلغان كىشىلەر ئۆمۈر بويى باج-سېلىق ۋە ھاشاردىن ئازات بولۇش مۇكاپاتىغا ئىگە بولىدى. ئەگەر شۇ كىشى نۆكەر بېگى بولسا، ئۇنىڭ دەرىجىسى كۆتىرىلەتتى. شۇنىڭدەك، پادىلاپ قوي ئىئانە قىلغان بولسا، نۆكەر بېگى بولاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مانا مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

تۆت يىلدىن كېيىن، م. ب. 124-يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ بەشىنچى يىلى) خاقان ۋۇدى چوڭ سەنگۇن ۋېي چىڭنى ئالتە سەنگۇن يۈز نەچچە مىڭ قوشۇن بىلەن ھۇنلارنىڭ ئوڭ تۇغ قانىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەنىدى. چوڭ سەنگۇن دۈشمەننىڭ 15,000 ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى. ئىككىنچى يىلى (م. ب. 123-يىلى، يەنى خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ ئالتىنچى يىلى) چوڭ سەنگۇن ئالتە سەنگۇننى باشلاپ، يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، 19,000 ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالدى ۋە تۇتقۇن قىلدى. دۈشمەننى تۇتقۇن قىلغان ۋە ئۆلتۈرگەن جەڭچىلەر 20 نەچچە تۈمەن جىڭ ئالتۇن ئىنئام ئالغانىدى. بۇ بىر نەچچە ئون مىڭ ئەسىرلەرمۇ كۆپ ئىنئامغا ئېرىشتى. ئوزۇق-تۈلۈك كىيىم-كېچەكلەر ئوردىدىن بېرىلەتتى. ئەمما خەن قوشۇنلىرىدىن ئۆلگەن ئەسكەر ۋە ئات يۈزمىڭدىن ئوشۇق ئىدى، قورال-ياراق، دۇبۇلغا-ساۋۇت ئىشلەش ئۈچۈن كەتكەن پۇل، سۇ ۋە قۇرۇقلۇق يوللىرى ئارقىلىق توشۇلغان ئوزۇق-تۈلۈككە كەتكەن خىراجەت بۇنىڭ سىرتىدا ئىدى. مالىيە-ئىقتىسات ۋەزىرى باشقۇ-

رۇشدىكى كۆپ يىللىق جۇغلانما خوراپ تۈگەپ، يىغىپ ئېلىنغان باج-سېلىقلار تامامەن ئىشلىتىلىپ بولغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەسكەرلەرنى تەمىنلەشكە يەتمەي قالغاندى، مالىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدارلار خاقانغا مەسلىھەت بېرىپ: «ئاتىلىرى چۈشۈرگەن يارلىقلىرىدا، ئاڭلىشىمىزچە، بەش چوڭ ئاقساقالنىڭ يارلىقى بىر بىرىگە ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن ئەلنى ناھايىتى ياخشى باشقۇرغانىكەن. شىيا خانى يۈ ۋە شاڭ خانى تاڭ قاتارلىقلارنىڭ يۈرگۈزگەن قانۇنى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەلنى سورىغانىكەن. ئۇلارنىڭ قوللانغان سىياسەت-يۆنۈلۈشلىرىنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى بولسىمۇ، لېكىن كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئوخشاش ئىدى. شىمالىي تەرەپ تىنچلانمىدى، بۇنىڭدىن ئىنتايىن ئەنسىرەيمىز. يېقىندا، چوڭ سەنگۈن ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ 19,000 ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە تۇتقۇن قىلدى. چوڭ قوشۇن بولسا، قورۇلنىڭ سىرتىدا ئاشلىقسىز تۇرۇپ قالدى. سىلەر كېڭىشىپ بېقىڭلار، پۇقرالار ئاشلىقنى ئۇنۋانغا ۋە جىنايىتىنى يۇيۇشقا تېگىشەمدۇ-يوق؟ دېگەن ئىدىلە. شۇنىڭغا بىنائەن، بىز ئىنئام ئەمىلى تەسىس قىلىشنى ۋە ئۇنىڭغا «ھەربى تۆھپە ئۇنۋانى» دەپ نام قويۇشنى تەكلىپ قىلىمىز. شۇنداق بولغاندا، ھەر دەرىجىگە 170,000 ياماق، ئومۇمى قىممىتى 300,000 ئاقچىغا توغرا كېلىدىكەن. ھەممىدىن ئاۋال ھەربى تۆھپە ئۇنۋانى سېتىۋالغان شۇ دەرىجىلىك ئادەملەر بىلەن ئەمەلدارلارنى تولۇقلاپ ئىشلىتىپ تۇرۇش كېرەك؛ چيەنفۇلۇق[10] دەرىجىسى ۋۇدافۇ[11] (五大夫)غا ئوخشاش بولىدۇ؛ ئەگەر جىنايىتى بولسا، ئىككى دەرىجە چۈشۈرۈلىدۇ؛ ھەربى تۆھپە ئۇنۋانىغا يۆچىڭ[12] دەرىجىسىنى سېتىۋېلىپ، شۇ ئارقىلىق ھەربى تۆھپىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ» دېيىشكەن. لېكىن ھەربى تۆھپە ياراتقان كىشىلەر كۆپىنچە دەرىجىدىن تاشقىرى ئىشلىتىلىدۇ.

تۆھپىسى چوڭلىرى بەگ ياكى ۋەزىر، تۆرە قىلىنىدۇ. تۆھپىسى كىچىكلىرى نۆكەر، ئەمەلدار بولىدۇ. ئەمەلدار بولۇشنىڭ يوللىرى مۇرەككەپ، تۈرى ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، ئەمەل-ۋەزىپىلەردە قالايمىقانچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلغانىدى.

---

〔1〕 بازارنامە (平準书) — «تارىخىي خاتىرىلەر»نىڭ بىر جىلدى. بۇ جىلددا خەن خاقانلىقىنىڭ باشلىرىدىن خەن خاقانى ۋۇدىغىچە بولغان بىر ئەسىردىن ئارتۇقراق ۋاقىتنىڭ مالىيە ئىقتىسادى تەرەققىيات جەريانلىرى، مۇھىمى تاۋار ۋە پۇل مۇئامىلىسىنىڭ تەرەققىياتى بايان قىلىنىدۇ. ئىلىمىز تارىخىدا، ئەڭ بۇرۇنقى مەخسۇس ئىقتىسات تارىخى ھەققىدىكى ئەسەر بولۇپ، ئاساسىي مەزمۇنى مالىيە-ئىقتىسادى سىياسىتىنىڭ پەيدا-زىيانلىرى، ئۆزگىرىش ئەھۋاللىرى بايان قىلىپ بېرىلىپ، خاقان ۋۇدى يۈرگۈزگەن ئىقتىسادىي سىياسەتكە تەنقىتمۇ بېرىلگەن. پۇل تۈزۈمىنىڭ ئۆزگىرىشى ھەمدە تاۋارنىڭ ئابوروت بولۇپ تۇرۇشى بىلەن مال باھاسىنى تەكشىلەش قاتارلىق سىياسەتلەر كونترول قىلىنغاچقا، «تەڭشەش توغرىسىدا» دېگەن نام بېرىلگەن.

(«سىخەي» 99-بەت)

〔2〕 جۇڭ (钟) — چۇنچيۇ دەۋرىدىكى ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، تۆت شېڭ بىر دوۋ، تۆت دوۋ بىر چۇ (区) ياكى ئوۋ (瓯)، تۆت چۇ بىر فۇ (釜)، ئون فۇ بىر جۇڭ بولاتتى.

(«سىخەي» 3893-بەت)

〔3〕 چيۇڭ (邛) — قەدىمكى مىللەت. چيۇڭدۇ يىللىرى (邛都夷) ھازىرقى سىچۈەن شىچاڭ رايونىغا جايلاشقان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» ئۈچىنچى توم 1422-بەت)

〔4〕 بو (僰) — قەدىمكى قەۋم. ھازىرقى سىچۈەننىڭ يىبىڭ ۋە دىيەن (يۈننەن) رايونىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» ئۈچىنچى توم 1422-بەت)

〔5〕 با (巴) — قەدىمكى قەۋم ۋە خانلىق ئىسمى. ئاساسەن ھازىرقى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ شەرقى، گۇيجوۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىدە ياشايتتى. كېيىن

بەگلىك بولۇپ، با بەگلىكى دەپ ئاتالغان. م.ب. 316 ـ يىلى چىن بەگلىكى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، ئۇ يەردە ۋىلايەت تەسىس قىلغان.

(«سىخەي» 221 ـ بەت)

[6] شۇ (蜀) — قەدىمكى قەۋم ۋە خانلىق ئىسمى. ھازىرقى سىچۈەنىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ غەربىگىرەك جايلاشقان. چىن خاقانلىقى ئۇ يەرگە شۇ ۋىلايىتى تەسىس قىلغان.

(«سىخەي» 3859 ـ بەت)

[7] ساڭخەي ۋىلايىتى (沧海郡) — ساڭخەي بولسا، ھازىرقى دۇڭخەي (شەرقىي دېڭىز)نىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى. ساڭخەي ۋىلايىتى يەنى دۇڭخەي ۋىلايىتى ھازىرقى شەندۇڭنىڭ تەنچىڭ شەھىرى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ.

(ئۆزىتىلگەن «سىيۈەن» 1527 ـ بەت)

[8] شوفاڭ (朔方) — 1) قەدىمكى ناھىيە. م.ب. 127 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ ئىككىنچى يىلى) تەسىس قىلىنىپ، كاڭجىن خوشۇنى (杭锦旗) نىڭ شىمالىغا جايلاشقان. شەرقىي خەن دەۋرىدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. 2) قەدىمكى ۋىلايەت. م.ب. 127 ـ يىلى تەسىس قىلىنغان... ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل خېتاۋنىڭ غەربىي شىمالى ۋە خېتاۋ رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. شەرقىي خەن دەۋرىدە جەنۇبىي ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ بىر قىسىم قوشۇنلىرى مۇشۇ يەردە ئەسكەر تۇرغۇزغان.

(«سىخەي» 3467 ـ يىلى)

[9] ياۋشەن (崤山) تېغى — خېنەن ئۆلكىسىنىڭ غەربىي قىسمىدا.

(«سىخەي» 1815 ـ بەت)

[10] چيەنفۇ (千夫) — ھەربىي تۆھپە ئۇنۋانى. خەن خاقانى ۋۇدى دەۋرىدە ھەربىي لاۋازىمات ۋە تەمىناتقىس بولۇپ قېلىپ، خەلقتىن پۇل ۋە ئاشلىق ئېلىش ھېسابىغا بېرىلگەن ئۇنۋان. ۋۇدافۇلىقا ئوخشاش.

(بىر توملۇق «سىيۈەن» 227 ـ بەت)

[11] ۋۇدافۇلۇق (五大夫) — ئۇنۋان. چىن دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە بېرىلەتتى. خەن دەۋرىدە داۋاملاشتۇرۇلۇپ، 20 دەرىجىلىك ئۇنۋاننىڭ توققۇزىنچىسى بولغانىدى.

(بىر توملۇق «سىيۈەن» 76 ـ بەت)

[12] يۆچىڭ (乐卿) ــ خەلقنىڭ سېتىۋالغان ئۇنۋانى ھەمــدە گۇناھى ئۈچۈن تۆلەنگەن پۇل ـ نەرسىلەر ھېسابىغا ئالغان ئۇنۋان بولۇپ، 20 دەرىـ جىلىك ئۇنۋاننىڭ سەككىزىنچىسىگە تەڭ كېلەتتى.

(بىر توملۇق «سىيۇەن» 786 ـ بەت)

# ۋۇ (吴) بەگلىكى ① بېگى يۈجى تەزكىرىسى

م.ب. 544 ـ يىلى ۋۇبېگى (يۈجىنىڭ تۆتىنچى يىلى) جىزانى[2] لۇ بەگلىكىگە ئەۋەتىپ هال سورىدى (جىزا لۇ بەگلىكىدىن)، جوۋ نەغمىلىرى[3] چېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. نەغمە ـ ناۋانى ئاڭلاپ چىن قوشاقلىرىغا[4] كەلگەندە جىزا: "بۇ شيا[5] نەغمىلىرى" دەپ ئاتىلىدۇ. شيالار مەدىنىيىتىنى قوبۇل قىلالىساق، كۆللەپ ـ ياشناپ، قۇدرەت تېپىپ كېتىمىز. ئاخىرى بېرىپ، جوۋخاندانىنىڭ كونا ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىمىز» دېگەنىدى.

(ئەسلى كىتاب 1452 ـ بەت)

---

〔1〕 ۋۇ ئاتا بېگى (吴太伯) ـــ ۋۇ ئاتا بېگى جوۋ خانلىقىنى قۇرغۇچى جى دەنفۇنىڭ چوڭ ئوغلى. جى دەنفۇ خانلىق تەختىنى كىچىك ئوغلى جى جىلىگە قالدۇرماقچى بولغانلىقتىن، ۋۇ بەگلىكىنىڭ ئاتا بېگى ئۆز ئىنىسى جى يۈجۇڭ بىلەن جەنۇپتىكى بىر يات مىللەت جايلاشقان جىڭ دېگەن يەرگە قېچىپ بېرىپ، شۇ يەرنى بەگلىك قىلغانىدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن» 277 ـ بەت)

〔2〕 جىزا (季扎) ـــ ۋۇ بەگلىكىنىڭ بەگزادىسى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن» 3989 ـ بەت)

〔3〕 جوۋ نەغمىلىرى (周乐) ـــ جوۋخانلىقىنىڭ نەغمە ـ ناۋالىرى.*

〔4〕 چىن قوشاقلىرى (秦风) ـــ چىن بەگلىكىنىڭ خەلق قوشاقلىرى.*

〔5〕 شيا نەغمىلىرى (夏声) ـــ قەدىمكى زاماندا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى خەلق نەغمىلىرى. ئىزاھچى دۈيۈ: «چىن ئاتا بېگى يىلى

چىنجۇڭ دەۋرىگە كەلگەندە، ئات ـ هارۋا، ئەدەپ ـ قائىدە ۋە نەغمە ـ ناۋالار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، رۇڭ ـ دىلارنىڭ نەغمە ـ ناۋالىرى تاشلىنىپ قېلىپ، شيا نەغمە ـ ناۋالىرى ئۆزلەشكەن» دەيدۇ.

(تۈزىتىلگەن «سىيۋەن» 1107 ـ بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## تارىخىي خاتىرىلەر 32 ـ جىلد

# چى (齐) نەيگۇڭ بەگلىك تەزكىرىسى

م.ب. 771 ـ يىلى (چى جۇاڭگۇڭنىڭ[1] 24 ـ يىلى) چۇەنرۇڭلار جوۋ (周) خانى يوۋۋاڭنى ئۆلتۈردى. جوۋخانى پىڭۋاڭ شەرققە ـــ لويى شەھىرىگە كۆچتى. چىن بەگلىكى بولسا، بەگلىكلەر قاتارىغا ئۆتتى. م. ب. 739 ـ يىلى (چى جۇاڭگۇڭنىڭ 56 ـ يىلى) جىن (晋) بەگلىكىنىڭ ۋەزىرى پەن فۇ جىن بېگى جاۋخۇنى ئۆلتۈردى.

م. ب. 731 ـ يىلى (چى جۇاڭگۇڭنىڭ 64 ـ يىلى) جۇاڭگۇڭ ئۆلۈپ، ئوغلى لىگۇڭ لۈپۇ تەختكە چىقتى...

م. ب. 706 ـ يىلى (لىگۇڭنىڭ 25 ـ يىلى) شىمالىي رۇڭلار چى (齐) بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلغانلىقتىن، جېڭ جۇاڭگۇڭ ۋەلىئەھد خۇ (忽) نى لەشكەر بىلەن چى بەگلىكىگە ياردەمگە ئەۋەتتى. چى بېگى لىگۇڭ قىزىنى ۋەلىئەھد خۇغا ياتلىق قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ۋەلىئەھد: «جېڭ بەگلىكى كىچىك بەگلىك. چى بەگلىكى بولسا، چوڭ بەگلىك. مەن سىلەر بىلەن تەڭ بولالمايمەن» دەپ تەكەللۇپ بىلەن تەكلىپنى رەت قىلدى.

(ئەسلى كىتاب 1483 ـ بەت)

* * *

**چى خۇەنگۇڭ** (齐桓公) م. ب. 663 ـ يىلى (چى خۇەنگۇڭنىڭ 23 ـ يىلى) تاغ رۇڭلىرى يەن بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلغاچقا، يەن

بەگلىكى چى بەگلىكىدىن ياردەم سورىغانىدى. چى بېگى خۇەنگۇڭ يەن بەگلىكىگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن، ئەسكەر چىقىرىپ، تاغ رۇڭلىرىغا جازا يۈرۈشى قىلدى ۋە تاكى گۇجۇغىچە[2] قوغلاپ بېرىپ، ئاندىن قوشۇننى قايتۇرۇپ كەلدى. ئىنتايىن مىننەتدار بولغان يەن بېگى جۇاڭگۇڭ چى بېگىنى تاكى چى بەگلىكىنىڭ چېگرىسى ئىچىگىچە ئۇزىتىپ كەلگەچكە، چى بېگى خۇەنگۇڭ: «خاقانلار بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئادەتتە، بەگلەرمۇ بىر-بىرىسىنى ئۇزىتىپ چېگرىدىن ئۆتمەيدۇ. يەن بېگىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلماسلىقىم كېرەك»دەپ، چېگرا ئايرىپ، يەن بېگى ئۇزىتىپ بارغان يەرنى يەن بەگلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ ۋە يەن بېگى جۇاڭگۇڭنى يەن بېگى جاۋگۇڭنىڭ[3] ئادالەتپەرۋەرلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، جوۋ (周) خانى چېڭۋاڭ، كاڭۋاڭ دەۋرلىرىدىكىدەك جوۋخانى ئوردىسىغا ۋاقتىدا باج-خىراج بېرىپ تۇرۇشنى تاپىلايدۇ. بۇنى ئاڭلىغان بەگلەرنىڭ ھەممىسى چى بەگلىكىگە ئەگىشىدۇ.

* * *

م. ب. 658-يىلى (چى خۇەنگۇڭنىڭ 28-يىلى) ۋېي بېگى ۋېنگۇڭ دىلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراپ، چى بەگلىكىدىن جىددىي ياردەم سورىغاچقا، چى بېگى خۇەنگۇڭ بەگلەرنىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ، دىلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى ۋە ۋېي بەگلىكىگە چۇچيۇ[4] شەھىرىنى سېلىپ بېرىپ، ۋېنگۇڭنى ۋېي بەگلىكىگە بەگ قىلىپ قويدى.

(ئەسلى كىتاب 1488-بەت)

بۇ ۋاقىتتا جوۋخانىدانى ئاجىزلاپ، چى، چۇ، چىن، جىن بەگلىكلىرى ئىنتايىن كۈچەيگەن، جىن بەگلىكى بولسا، بەگلەر ئىتتىپاقىغا كىرگەنىدى. لېكىن جىن بېگى شيەنگۇڭ ئۆلگەندىن كېيىن، بەگلىك ئىچىدە سىياسىي ۋەزىيەت قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

چىن بېگى مۇڭكۇڭ يىراقتا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوتتۇرا جۇڭگودىكى بەگلىكلەر ئىتتىپاقىغا قاتناشمىدى. چۇ بېگى چېڭۋاڭ جىن (荆) بەدىۋىلىرى ئىشغال قىلىپ تۇرغان يەرلەرنى ئەمدىلا قايتۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنى يات قەبىلىلەر (دىلار) ئورنىغا قويۇۋالغانىدى. يالغۇز چى بەگلىكى ئوتتۇرا جۇڭگودىكى بەگلىكلەر ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە چى بېگى خۇەنگۇڭ ئۆزىنىڭ ئادالىتىنى تەنتەنىلىك ئېلان قىلغانلىقتىن، بەگلەر خۇشال كېلىپ، بەگلەر ئىتتىپاقىغا قاتناشقانىدى. چى بېگى خۇەنگۇڭ بۇنىڭدىن مەمنۇن بولۇپ: «مەن جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ شاۋلىڭغا[5] باردىم، شيۇڭئېرشەن تېغىنى كۆردۈم؛ شىمالدا تاغ رۇڭلىرى، لىجىز، گۇجۇلارغا يۈرۈش قىلدىم. غەربتە داشىياغا يۈرۈش قىلىپ، ليۇشا (流沙)غا باردىم. ئاتلارنى يېتىلەپ، هارۋىلارنى كۆتىرىپ، خەتەرلىك تەيخاڭشەن[6] تېغىغا چىقىپ، بېيئېر تېغىغا بېرىپ قايتتىم. بەگلەر ئىچىدە ماڭا قارشى چىقىشقا پېتىنغۇچىلار بولمىدى. مەن ئۈچ قېتىم هەربىي يىغىن چاقىرىپ، ئالتە قېتىم بەگلەر ئارىسىدا كېڭەش ئۆتكۈزدۈم. ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، جەمئىي توققۇز قېتىم بەگلەر بىلەن كېڭەش قىلىپ، پىكىرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئەلنىڭ ئىشىنى توغرا يولغا سالدىم. بەگلەرگە هۆرمەت قىلىپ، ياتلارنى ئىگەللىدىم. ئىلگىرى شيا، شاڭ، جوۋخانلىقلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ دەۋرنىڭ ئاتاخانلىرى تەڭرىنىڭ ئەمرى بىلەن خان بولغانىدى. بۇلارنىڭ مەندىن نىمە پەرقى بار؟ مەن تەيشەن، لياڭفۇشەن[7] تاغلىرىغا چىقىپ، يەر-ئاسمان ئىلاھلىرى بىلەن جىن-ئەرۋاھلارنىڭ ياردەملىرى ئۈچۈن نەزىر-چىراق ئۆتكۈزۈپ، كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىم بىلەن جاۋاپ قايتۇردۇم» دەپ مەغرۇرلاندى. ئاخىرى گۇەن جۇڭ قايتا-قايتا نەسىهەت قىلسىمۇ، خۇەنگۇڭ ئاڭلىمىدى. پەقەت گۇەن جۇڭ: «ئۇنداق بولسا، يىراق يەرلەردىن سوغا ئۈچۈن كېلىدىغان قىممەتباهالىق بۇيۇملار يېتىپ

كەلگەندە، ئاندىن مۇنداق تەنتەنىلىك نەزىر-چىراق مۇراسىمىنى ئۆتكۈزسەك» دەپ نەسىھەت قىلىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىنلا، ماقۇل بولدى.

(ئەسلى كىتاب 1491-بەت)

م. ب. 648-يىلى (چى خۇەنگۇڭنىڭ 38-يىلى) جوۋ (周) شياڭۋاڭنىڭ ئىنىسى دەي (带) رۇڭلار، دىلار ئېلىنىڭ خانلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، لەشكەرلىرى بىلەن چېڭجوۋ[8] غا ھۇجۇم قىلدى. چى خۇەنگۇڭ گۈەن جۇڭ قوماندانلىقىدا قوشۇن ئەۋەتىپ، جوۋخانىدانىغا تاجاۋۇز قىلغان رۇڭلارنى چېكىندۈردى. جوۋ-شياڭۋاڭ[9] ئالى دەرىجىلىك ۋەزىرلەرگە قىلىنىدىغان قائىدە-يوسۇن بىلەن گۈەن جۇڭنى كۈتۈۋالغاندى. گۈەن جۇڭ باش قويۇپ: «كەمىنىلىرى بەگلىك ۋەزىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن مۇنداق زور قائىدە-يوسۇنلۇق ئىلتىپاتنى قوبۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايمەن» دەپ ئۈچ قېتىم تەكەللۇپ قىلغان، ئاخىرى تۆۋەن دەرىجىلىك ۋەزىرلەرنى كۈتۈۋالىدىغان قائىدە-يوسۇنلار بويىچە شياڭۋاڭ بىلەن كۆرۈشكەن.
م. ب. 647-يىلى (چى خۇەنگۇڭنىڭ 39-يىلى) جوۋ شياڭۋاڭنىڭ ئىنىسى دەي، چى بەگلىكىگە پانا ئىزدەپ باردى. چى خۇەنگۇڭ جۇڭ سۈنچيۇ (仲孙湫) نى شياڭۋاڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىپ، دەينىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈشنى ئىلتىماس قىلدى. ناھايىتى خاپا بولغان شياڭۋاڭ چى خۇەنگۇڭنىڭ ئىلتىماسىغا قۇلاق سالمىدى...

م. ب. 644-يىلى (چى خۇەنگۇڭنىڭ 42-يىلى) رۇڭلار جوۋخانىدانىغا ھۇجۇم قىلدى. جوۋخانى شياڭۋاڭ چاپارمەن ئارقىلىق چى خۇەنگۇڭغا جىددى خەۋەر يەتكۈزۈپ، ياردەم تەلەپ قىلغاچقا، چى خۇەنگۇڭ بەگلىكلەرنىڭ قوشۇن چىقىرىپ، چېڭجوۋنى مۇداپىئە قىلىشلىرى ھەققىدە بۇيرۇق چىقاردى. شۇ يىلى جىن بەگلىكى بەگزادىسى چۇڭئېر چى بەگلىكىگە قەدەم تەشرىپ قىلغاندا، چى

www.uyghurkitap.com

بېكى خۇەنگۇڭلا ئۇنىڭغا قىزىنى بەردى،

(ئەسلى كىتاب 1492 ـــ 1493 ـ بەتلەر)

**جاۋگۇڭ** (昭公) م. ب. 627 ـ يىلى (چى بېگى جاۋگۇڭنىڭ ئالتىنچى يىلى) دىلار چى بەگلىكىگە بېسىپ كىردى.

(ئەسلى كىتاب 1495 ـ بەت)

م. ب. 607 ـ يىلى (چى بېگى خۇيگۇڭنىڭ ئىككىنچى يىلى) ئىگىز دىلار چى بەگلىكىگە تاجاۋۇز قىلدى. چى بەگلىكى تۆردىلىرىدىن ۋاڭزى چېڭفۇ (王子城父) ئىگىز دىلارغا ھۇجۇم قىلىپ ۋە ئۇلارنى قىرىپ، جەسەتلىرىنى شىمالىي دەرۋازا سىرتىغا كۆمدۈردى.

(ئەسلى كىتاب 1496 ـ بەت)

---

[1] چى جۋاڭگۇڭ (齐庄公) ـــ ئىسمى گوۋ (购) بولۇپ، چېڭگۇڭنىڭ ئوغلى. 64 يىل (م.ب. 794 ـــ 731 ـ يىللار) ھۆكۈم سۈرگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 1482 ـ بەت)

[2] گۇجۇ (孤竹) ـــ قەدىمكى بەگلىك. «ھەققى شەرھ» دە، «ئومۇمى جۇغراپىي مەلۇمات»تىن نەقىل كەلتۈرۈپ: «گۇجۇ قەدىمكى شەھىرى بىگجوۋ ئايمىقى لۇلۇڭ ناھىيىسىنىڭ 12 چاقىرىم جەنۇبىدا. يىن (شاڭ) خانلىقى دەۋرىدىكى بەگلىكلەردىن بىرى» دېيىلگەن. ئىلاۋە: ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى لۇلۇڭ ناھىيىسىدە.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن» 787 ـ بەت)

[3] شاۋگۇڭ (邵公)، م.ب. ? ـــ 613) ـــ ئىسمى پەن (潘)، خۇەنگۇڭنىڭ ئوغلى. تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتى 19 يىل (م.ب. 632 ـــ 613 ـ يىللار).

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 1495 ـ بەت)

[4] چۇچيۇ (楚丘) ـــ چۈنچيۇ دەۋرىدە ۋېي (卫) بەگلىكىنىڭ مەركىزى. بۈگۈنكى خېنەن خۋاشيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 1601 ـ بەت)

[5] شاۋلىڭ (召陵) ـــ چۈنچيۇ دەۋرىدىكى چۇ بەگلىكى يېرى. بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسى يەنچېڭ (郾城) نىڭ شەرقىدە.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن» 467 ـ بەت)

[6] تەيخاڭشەن (太行山) — سەنشى، خېبېي، خېنەن ئۆلكىلىرى چېگرى-
سىغا قەدەر تۇتاش سوزۇلغان چوڭ تاغ.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 6 ـ جىلد، «چى تارىخى» 84 ـ بەت)

[7] لياڭفۇشەن (梁父山) — قەدىمكى تاغ ئىسمى. ھازىرقى شەندۇڭ
تەيئەننىڭ شەرقىي جەنۇبى. غەربى سۇلەيشەن تېغى بىلەن تۇتىشىدۇ. م.ب.
219 ـ يىلى (چىن شىخۇاڭنىڭ 28 ـ يىلى)، م.ب. 56 ـ يىلى (شەرقىي خەن
سۇلالىسى جيەنۇۋنىڭ تۇنجى يىلى) مۇشۇ يەردە لياڭفۇغا نەزىر ـ چىراق
ئۆتكۈزۈلگەن. كېيىنكىلەر سۇلەيشەن دەپ ئاتاشقان.

(«سىخەي» 2997 ـ بەت)

[8] چېڭجوۋ (城周) — قەدىمكى شەھەر. بۇرۇنقى ئورنى رىۋايەتلەرگە
قارىغاندا، ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى لوياڭ شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى بەيما
بۇتخانىسىنىڭ شەرقىدە بولۇپ، خەن (汉)، ۋېي (魏) خانلىقلىرى دەۋرىدىكى
لوياڭ شەھىرىنىڭ قەدىمكى ئورنى ئەتراپلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

(«سىخەي» 3785 ـ بەت)

[9] جوۋ خانى شياڭۋاڭ (周襄王) — جوۋخانى خۇيىۋاڭنىڭ ئوغلى.
ئىسمى جېڭ (郑). ئاتا بىر ئىنىسى شۇدەي رۇڭلار، دىلار بىلەن بىرلىشىپ
شياڭۋاڭغا قارشى چىقماقچى بولغىنىدا، خان شۇدەينى ئۆلتۈرۈشكە قارار
قىلىدۇ. شۇدەي چى ئېلىگە قېچىپ كېتىدۇ. چى خۇەنگۇڭ رۇڭلارنى باستۇ-
رۇشقا گۇەن جۇڭ قوماندانلىقىدا قوشۇن ئەۋەتىدۇ. شياڭۋاڭ دىلاردىن
ئالغان رەپىقىسىنى خانىش قىلىدۇ. دىلار جوۋخانلىقىغا بېسىپ كىرگەندە،
شياڭۋاڭ جېڭ بەگلىكىگە قاچىدۇ. شۇدەي خان بولۇپ، شياڭۋاڭنىڭ خانىش-
لىقتىن قالدۇرغان دىلىق خانىمنى ئالىدۇ. جېڭ ۋېنگۇڭ شياڭۋاڭغا ياردەم
بېرىپ، شۇدەينى ئۆلتۈرىدۇ. شياڭۋاڭ 32 يىل ھۆكۈم سۈرىدۇ.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى چوڭ قامۇسى» 546 ـ بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى



# لۇ (*) بېگى جوۋگۇڭ خاندانى تەزكىرىسى

616 ـ يىلى (ۋېنگۇڭنىڭ[1] 11 ـ يىلى) ئونىنچى ئايدا، لۇ بەگلىكى لەشكەرلىرى شيەن[2] دېگەن جايغا بېسىپ كىرگەن دىلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئىگىز دىلاردىن چياۋرۇنى[3] تۇتقۇن قىلدى. لۇ بەگلىكى تۆرىسى فۇفۇجوۇڭشېڭ چياۋرۇنىڭ بوغمىزىغا نەيزە تىقىپ ئۆلتۈردى، كاللىسىنى زىجۇمېن دەرۋازىسىنىڭ ئاستىغا كۆمدى. بۇ قېتىمقى جەڭدە لۇ بەگلىكى سەركەردىسى شۇسۇن دېچېن ئۆزىنىڭ جەڭدە كۆرسەتكەن خىزمىتىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، ئوغلى شۇەنبوغا چياۋرۇ دەپ ئىسىم قويدى.

دەسلەپ سۇڭ بېگى ۋۇگۇڭ[4] بەگ ۋاقتىدا، سۇرمەن[5] قەبىلىلىرى سۇڭ بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلغانىدى. ئاقارتىش بېگى خۋاڭفۇچۇڭشى لەشكەر تارتىپ ئۇلارغا زەربە بەردى ۋە چاڭچيۇدا[6]دى قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئىگىزدىلاردىن بولغان يۇەنسىنى تۇتقۇن قىلدى. جىن بەگلىكى لۇ[7] بەگلىكىنى يوقاتقان چاغدا، چياۋرۇنىڭ ئىنىسى فېنرۇ ئەسىر چۈشتى. م. ب. 607 ـ يىلى (چى بېگى خۇيگۇڭنىڭ ئىككىنچى يىلى) سۇرمەنلەر چى بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلدى. چى بەگلىكى تۆرىلىرىدىن ۋاڭزى چېڭفۇ چياۋرۇنىڭ ئىنىسى رۇڭرۇنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى شىمالىي دەرۋازا تېگىگە كۆمدى. ۋېي[8] بەگلىكىنىڭ لەشكەرلىرى يەنە ئۇنىڭ ئەڭ كىچىك ئىنىسى جيەنرۇنى تۇتۇۋالدى. سۇرمەن دەپ ئاتالغان بۇ

بىر تارماق ئىگىزدىلار شۇندىن باشلاپ يوقاپ كەتتى.
(ئەسلى كىتاب 1535 ـ بەت)

---

〔1〕 ۋېنگوڭ (文公) م.ب. ? ـــ 609 ـ يىلى) ـــ ئىسمى شىڭ (兴) بولۇپ، شىگوڭ (僖公)نىڭ ئوغلى. 18 يىل ھۆكۈم سۈرگەن (م.ب. 626 ـــ 609 ـ يىللار).

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 1534 ـ بەت)

〔2〕 شيەن (咸〈卤咸〉) ـــ بۇ نامدا ئىككى جاي بار: بىرى خېنەننىڭ خەنياڭ دائىرىسى ئىچىدە، يەنە بىرى شەندۇڭنىڭ چۇفۇ ئەتراپىدا.
(«تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 1535 ـ بەت)

〔3〕 چياۋرۇ (乔如) ـــ ئەسىرگە چۈشكەن ئىگىزدىلارنىڭ مۇھىم ئادەملىرىدىن بىرى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم، 1535 ـ بەت)

〔4〕 سۇڭ بېكى ۋۇگوڭ (宋武公)، م.ب. ? ـــ 748) ـــ ئىسمى سىكوڭ (司空) بولۇپ، دەيگوڭنىڭ ئوغلى. 18 يىل ھۆكۈم سۈرگەن (م.ب. 765 ـ 748 ـ يىللار).

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 1622 ـ بەت)

〔5〕 سۇرمەن (鄋瞒) ـــ قەدىمكى قەۋم، سۇر (鄋) دەپمۇ ئاتالغان. چۇنچيۇ دەۋرىدىكى ئىگىزدىلارنىڭ بىر تارمىقى. ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىلىرى، جىنەن شەھىرىنىڭ شىمالىدا ياشىغان. بەزى ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى گاۋيۈەن (高宛) دائىرىسىلىرىدە ياشىغانىكەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 1535 ـ بەت)

〔6〕 چاڭچيۇ (长丘) ـــ يەر ئىسمى. سۇڭ بەگلىكىگە قارايتتى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 1535 ـ بەت)

〔7〕 لۇخانلىقى (路国) ـــ چۇنچيۇ دەۋرىدىكى خانلىق بولۇپ، لۇشى (潞氏) خانلىقى. لۇزى (潞子) خانلىقى دەپمۇ ئاتىلاتتى. بۇلار ئەسلى قىزىل دىلارنىڭ يەنە بىر تارمىقى ئىدى. م.ب. 594 ـ يىلى جىن بەگلىكى تەرىپىدىن يوقىتىلغان. خەن بەگلىكى ئۇلارنىڭ زىمىنىدا لۇشيەن (潞县) ناھىيە-

سىنى تەسىس قىلغان. قەدىمكى شەھەر ئورنى ھازىرقى سەنشى لۇچېڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن» 1890 ـ بەت)

[8] ۋېي بەگلىكى (卫国) ــ قەدىمكى بەگلىك. م ب. 11 ـ ئەسىردە چوڭ بەگلىك بولۇپ، پايتەختى چاۋگې (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ چىشىەن ناھىيىسى) دا ئىدى؛ م.ب. 660 ـ يىلى دىلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى ۋە چې بەگلىكىنىڭ ياردىمى بىلەن پايتەختىنى چۇچيۇ (ھازىرقى خېنەننىڭ خۋاشيەن ناھىيىسى)غا يۆتكىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ كىچىك بەگلىك بولۇپ قالدى... م.ب. 209 ـ يىلى چىن بەگلىكى تەرىپىدىن يوقىتىلدى.

(«سىخەي» 923 ـ بەت)

## تارىخي خاتىرىلەر 34 ـ جىلد

# يەن (燕) بېگى جۇاڭگۇڭ خاندانى تەزكىرىسى

م.ب. 664 ـ يىلى (جۇاڭگۇڭنىڭ[1] 27 ـ يىلى)، تاغ رۇڭلىرى يەن بەگلىكىگە تاجاۋۇز قىلغاندا، چى بېگى خۇەنگۇڭ لەشكەر چىقىرىپ، يەن بەگلىكىگە ياردەم قىلغان ۋە غەلىبە قازىنىپ قايتىپ كەلگەندى. يەن بېگى جۇاڭگۇڭ چى بېگى خۇەنگۇڭنى ئۇز چېگرىسىنىڭ سىرتىغىچە ئۇزىتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، چى بېگى خۇەنگۇڭ يەن بېگى ئۇزىتىپ بارغان يەرنى ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈپ بەردى ۋە ئۇنىڭدىن جوۋخانى چېڭۋاڭ، كاڭۋاڭ ۋاقتىدىكىدەك باج ـ خىراج بېرىپ تۇ-رۇشنى، جاۋگۇڭنىڭ تۈزۈم ۋە ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى قايتىدىن ئەس-لىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. م. ب. 658 ـ يىلى (جۇاڭگۇڭنىڭ 33 ـ يىلى) جۇاڭگۇڭ ئۆلۈپ، ئورنىغا ئوغلى شياڭگۇڭ ئولتۇردى.

(ئەسلى كىتاب 1552 ـ بەت)

[1] يەن جۇاڭگۇڭ (燕庄公) ــ چۈنچيۇ دەۋرىدىكى يەن بەگلىكىنىڭ بېگى. جاۋگۇڭنىڭ 17 ـ ئەۋلادى. 33 يىل ھۆكۈم سۈرگەن.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى چوڭ قامۇسى» 1586 ـ بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## تارىخىي خاتىرىلەر 37 ـ جىلد

# ۋېي (卫) بېگى كاڭشۇ خاندانى تەزكىرىسى

ۋۇگۇك[1] تەختكە چىقىپ، ۋېي بېگى كاڭشۇنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى قايتىدىن ئىجرا قىلغانلىقى ئۈچۈن، پۇقرالار ئىناقلىشىپ ھەرقايسىسى ئۆزكەسپلىرى بىلەن مەشغۇل بولدى. م. ب. 771 ـ يىلى (ۋۇگۇكنىڭ 42 ـ يىلى) چۈەنرۇڭلار جوۋخانى يوۋۋاڭنى ئۆلتۈرگەندە، ۋۇگۇك لەشكەر تارتىپ جوۋخانىدانىغا ياردەم قىلدى. ئۇ چۈەنرۇڭلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىنى باستۇرۇپ چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن، جوۋخانى پىڭۋاڭ ۋۇگۇكقا خوجىلىق (گۇڭلىق ـــ 公) مەرتىۋىسى بەردى. م. ب. 758 ـ يىلى (ۋۇگۇكنىڭ 55 ـ يىلى) ۋۇگۇك ئۆلۈپ، ئورنىغا ئوغلى جى ياڭ بەگ بولۇپ، جۇاڭگۇك دەپ ئاتالدى.

(ئەسلى كىتاب 1591 ـ بەت)

* * *

يىگۇك[2] تەختكە چىقىپ، تۇرنا بېقىش، ئەيشى ـ ئىشرەت، كەيپى ـ ساپاغا بېرىلىپ كەتتى. م. ب. 660 ـ يىلى (يىگۇكنىڭ توققۇزىنچى يىلى) دىلار ۋېي بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلغاندا، ۋېي بېگى يىگۇك لەشكەر چىقىرىپ مۇداپىئە كۆرمەكچى بولدى. لېكىن بەزى ئەسكەرلەر ئاسىيلىق قىلىپ، قويىدى. ۋەزىرلەر: «بېگىمىز تۇرنىغا ئامراق، تۇرنىلارنى ئەۋەتىپ، دىلارغا قارشى تۇرسا

بولامدۇ؟» دېيىشتى. دىلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بېسىپ كىرىپ، يىگۇڭنى ئۆلتۈردى...

يىگۇڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن، پۇقرالار بىلەن ۋەزىرلەر ئۇنىڭ بەگ بولۇشىغا رازى بولمىغانىدى. يىگۇڭنىڭ ئاتىسى ۋېي بېگى خۇيگۇڭ جى شوۋ، ۋەلىئەھد جى نىڭ ئۇستىدىن پىتنە-ئىغۋا تارقىتىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تەختكە چىقىۋالدى. يىگۇڭغا كەلگەندە، پۇقرا ۋە ۋەزىرلەر ھەمىشە ئۇنى يوقىتىش كويىدا بولدى. يىگۇڭ دىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ۋەزىرلەر ئاخىرى خۇيگۇڭ-نىڭ ئەۋلادلىرىنى يوقىتىپ، چيەن موۋنىڭ[3] ئىنىسى، ۋەن بېگىمنىڭ ئوغلى شېننى بەگ قىلدى. دەيگۇڭ ماناشۇ ئىدى.

م. ب. 660-يىلى (دەيگۇڭ شېننىڭ بىرىنچى يىلى) ۋېي بەگلىكىدە ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى كۆپ بولغانلىقتىن، چى خۇەنگۇڭ بەگلەرنىڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ دىلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى ۋە ۋېي بەگلىكىگە چۇچيۇ شەھىرىنى سېلىپ بەردى. دەيگۇڭنىڭ ئىنىسى خۇينى ۋېي بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. ۋېنگۇڭ مانا شۇ ئىدى. ۋېنگۇڭ ئىلگىرى ئەل ئىچىدە پاراكەندىچىلىك تۇغۇلغانلىقتىن، چى بەگلىكىگە قېچىپ كەتكەن، بۇ قېتىم چى بەگلىكى ئۇنى قوغداپ ئۆز ئېلىگە قايتۇرغانىدى.

(ئەسلى كىتاب 1594-بەت)

* * *

م. ب. 478-يىلى (جۇاڭگۇڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى (جۇاڭگۇڭنىڭ سېپىلگە چىقىپ رۇڭجوۋ[4] شەھىرىنى كۆرۈپ: «رۇڭ قۇللار نىمە ئۈچۈن بۇ يەردە تۇرىدۇ؟» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان رۇڭجوۋلۇقلار ناھايىتى خاپا بولۇپ، ئونىنچى ئايدا بۇ ئەھۋالنى جاۋجيەنزىگە[4] ئېيتتى. جاۋجيەنزى لەشكەر باشلاپ بېرىپ، ۋېي بەگلىكىنىڭ مەركىزىنى قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. 11-ئايدا جۇاڭگۇڭ قېچىپ

كەتتى. ۋېي بەگلىكىنىڭ خەلقى بەگزادە بەنشىنى[6] ۋېي بېگى قىلدى. 12 ـ ئايدا چى بەگلىكىنىڭ لەشكەرلىرى ۋېي بەگلىكىدىگە هۇجۇم قىلىپ، بەگزادە بەنشىنى ئەسىرگە ئالدى. بەگزادە چېنى[7] ۋېي بېگى قىلىپ تىكلەشتى.

(ئەسلى كىتاب 1602 ـ بەت)

www.uyghurkitap.com

---

[1] ۋۇگۇڭ (武公)، م.ب. ? ـ 758 ـ يىللار) — ئىسمى خې. لىگۇڭنىڭ ئوغلى. 55 يىل (م.ب. 812 ـ 758 ـ يىللار) هۆكۈم سۈرگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 1591 ـ بەت)

[2] يىگۇڭ (懿公)، م.ب. ? — 661 ـ يىللار) — ئىسمى چىژ. خۇيگۇڭنىڭ ئوغلى. توققۇز يىل (م.ب. 668 — 660 ـ يىللار) هۆكۈم سۈرگەن. دىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنىدى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 1594 ـ بەت)

[3] چيەن موۋ (黔牟) — ۋېي بېگى شۈەنگۇڭنىڭ ئوغلى. سەككىز يىل بەگ بولغان. چى بېگى شياڭگۇڭ ئەسكەر ئەۋەتىپ تەختتىن چۈشۈرۈپ، خۇيگۇڭنى قوغداپ ئاپىرىپ قايتا بەگلىككە ئولتۇرغۇزغاچقا، چيەن موۋ قېچىپ بېرىپ، جوۋ خانىدانىدىن پانا تىلىگەنىدى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 1594 ـ بەت)

[4] رۇڭجوۋ (戎州) — رۇڭلار ئولتۇراقلاشقان شەھەر. دۇيۇ: «جىياڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا رۇڭلارنىڭ شەھىرى بار. جىياڭ ۋېيشياڭغا يېقىن بولغاچقا، جۇاڭگۇڭ سېپىل راۋىقىغا چىقىپ رۇڭجوۋنى كۆرگەن» دەيدۇ.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 1602 ـ بەت)

[5] جاۋجيەنزى (赵简子)، م.ب. ? — 458 ـ يىللار) — جاۋچېڭنىڭ ئوغلى، جاۋۋۇنىڭ نەۋرىسىنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، جىن بەگلىكىنىڭ ۋەزىرى بولغانىدى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 1786 ـ بەت)

[6] بەنشى (班师) — بەگزادە بەنشى ۋېي بېگى شياڭگۇڭنىڭ نەۋرىسى.
(«تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 1603 ـ بەت)

[7] چى (起) — بەگزادە چى. ۋېي بېگى لىڭگۇڭنىڭ ئوغلى. جۇاڭگۇڭنىڭ ئىنىسى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 1603 ـ بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# سۇڭ(宋)بېگى خاندانى تەزكىرىسى

م.ب. 616 ـ يىلى (جاۋگوۇڭنىڭ تۆتىنچى يىلى) سۇڭ بەگلىكى لەشكەرلىرى چاڭچىيۇدا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ئىگىزدىلاردىن يۇەنسىنى مەغلۇپ قىلدى.

(ئەسلى كىتاب 1628 ـ بەت)

## تارىخىي خاتىرىلەر 39-جىلد

# جىن (晋) بېگى خاندانى تەزكىرىسى

م.ب. 672-يىلى (شيەنگوڭنىڭ[1] بەشىنچى يىلى) شيەنگوڭ لەشكەرلىرى لى رۇڭلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، لى رۇڭلار خانىنىڭ قىزى بىلەن سىڭلىسىنى تۇتقۇن قىلدى، ئەمما ئۇلارنى ھۆرمەتلىدى...

م. ب. 665-يىلى (شيەنگوڭنىڭ 12-يىلى) لى رۇڭلىق ئاغىچا شىچى ئىسىملىك بىر ئوغۇل تۇغدى. شيەنگوڭنىڭ شېن شېڭنى ۋەلىئەھدلىكتىن قالدۇرۇش نىيىتى بولغاچقا، باھانە كۆرسىتىپ: «چۇۋو[2] ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىبادەتخانىسى جايلاشقان يەر، پۇيى[3] شەھىرى چىن بەگلىكى بىلەن، چۈيى[4] شەھىرى دىلار ئېلى بىلەن چېگرىداش. بۇ يەرلەرنى ساقلاشقا مۇشۇ بالىلارنى ئەۋەتمىسەم، تازا خاتىرجەم بولالمايمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن شېن شېڭنى چۇۋو شەھىرىگە، بەگزادە چۇڭئېرنى پۇيى شەھىرىگە، بەگزادە يىۋۇنى چۈيى شەھىرىگە تۇرغۇزۇپ، شيەنگوڭ ئۆزى لى رۇڭلۇق ئاغىچىدىن بولغان ئوغلى شىچى بىلەن پايتەخت جياڭيى[5] شەھىرىدە تۇردى. شۇڭلاشقا، جىن بەگلىكى خەلقى ۋەلىئەھدنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. چى بېگى خۇەنگوڭنىڭ قىزى چى جياڭ ۋەلىئەھد شېن شېڭنىڭ ئانىسى بولۇپ، ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەنىدى. شېن شېڭنىڭ ئانا بىر سىڭلىسى چىن بېگى مۇگوڭنىڭ رەپىقىسى بولاتتى. چۇڭئېرنىڭ ئانىسى دى ئېلىدىن خۇسىنىڭ قىزى بولۇپ، يىۋۇنىڭ ئانىسى بولسا، چۇڭئېرنىڭ ئانىسىنىڭ سىڭ-

www.uyghurkitap.com

لىسى ئىدى. شيەنگۇڭنىڭ سەككىز ئوغلى ئىچىدە ۋەلىئەھد شىن
شىلىڭ، چۇڭئېر، يىۋۇلار ئىنتايىن ئەخلاقلىق سانىلاتتى. لېكىن
شيەنگۇڭ لى رۇڭلۇق قىزنى ئاغىچىلىققا ئالغاندىن كېيىن، بۇ ئۈچ
ئوغلىنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرغانىدى.

(ئەسلى كىتاب 1460 — 1461 ـ بەتلەر)

* * *

م. ب. 660 ـ يىلى (شيەنگۇڭنىڭ 17 ـ يىلى) جىن بېگى شيەنگۇڭ
ۋەلىئەھد شىن شېڭنى دۈشمەندىكى قىزىل دىلارغا[6] قارشى
ئۇرۇش قىلىشقا تەيىنلىگەچكە، ۋەلىئەھد شىن شىلىڭ لەشكەر تارتىپ
دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشقا ماڭغان.

(ئەسلى كىتاب 1640 ـ بەت)

* * *

م. ب. 656 ـ يىلى (جىن شيەنگۇڭنىڭ 12 ـ يىلى) 12 ـ ئايدا
شىن شىلىڭ شىنچېڭ شەھرىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. بۇ ۋاقىتتا
چۇڭئېر ۋە يىۋۇلار كېلىپ شيەنگۇڭ بىلەن كۆرۈشكەنىدى. بەزىلەر
لى رۇڭلۇق ئاغىچىغا: «بۇ ئىككى بەگزادە، سىلى ئاغىچىنى
ۋەلىئەھد (شىن شىلىڭ) ئۈستىدىن غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىپ، ئۇنى
ئۆلتۈرگۈزگەن، دەپ سىلىگە ئاداۋەت قىلماقتا» دەيدۇ. قورقۇپ
كەتكەن ئاغىچا بۇ ئىككى بەگزادىنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ: «شىن
شېڭنىڭ نەزىر گۆشىگە زەھەر سالغانلىقىنى ئىككى بەگزادە بىلەتتى»
دەپ تۆھمەت چاپلىغان. بۇ بوھتاننى ئاڭلىغان ئىككى بەگزادە
ئىنتايىن قورقۇپ، چۇڭئېر پۇيى شەھرىگە، يىۋۇ بولسا چۈيى
شەھرىگە قايتىپ بېرىپ، ئۆز شەھەرلىرىنى ساقلاش ئۈچۈن،
مۇداپىئە ئىشلىرىنى كۈچەيتىشكە كىرىشكەن.

م. ب. 655 ـ يىلى (جىن شيەنگۇڭنىڭ 22 ـ يىلى) شيەنگۇڭ
ئىككى بەگزادىنىڭ خوشلاشماي كېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلار

شىن شىڭ بىلەن بىرلىكتە سۈيىقەست پىلانلاپ، ماگا زىيانكەشلىك قىلماقچى ئوخشايدۇ، دەپ ئىنتايىن خاپا بولدۇ ۋە چۈيى شەھىرىگە لەشكەر ماگدۇرۇپ ھۇجۇم قىلدۇ. ئاغۋات مەھرەملەردىن چۈيلىق بودي دېگەن ئادەم چۈگىيرغا دەرھال ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق بىردۇ، چۈگىير تامدىن ئارتىلىپ قېچىپ كېتىدۇ. ئاغۋات مەھرەم ئۇنى قوغلاپ بېرىپ، ئۇنىڭ يېگىنى كېسىۋالىدۇ. چۈگىير بولسا، دىلار ئېلىگە قېچىپ كېتىدۇ. شيەنگۈڭ لەشكەر ئەۋەتىپ چۈيى شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، چۈيى شەھىرىنىڭ مۇداپىئەسى ناھايىتى پۇختا بولغاچقا، ھۇجۇم قىلىپ ئالالمايدۇ.

(ئەسلى كىتاب 1646 ـ بەت)

م. ب. 654 ـ يىلى (شيەنگۈگنىڭ 23 ـ يىلى) جىن شيەنگۈڭ جياخۋا تۆرە قاتارلىقلارنى لەشكەر تارتىپ چۈيى شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. چۈيىلىقلار تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ كېتىدۇ. يىۋۇ دىلار ئېلىگە قېچىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، جىرۆي[7] «بولمايدۇ، چۈگىير ھازىر شۇ يەردە، ئەمدى بىزمۇ ئۇ يەرگە بارساق، جىن بەگلىكى چوقۇم لەشكەر ئەۋەتىپ، دىلار ئېلىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. دىلار ئېلى جىن بەگلىكىنىڭ قۇدرەتلىك ھەربى كۈچىدىن قورقىدۇ. بالا ـ قازا بىزنىڭ بېشىمىزغىلا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن لياڭ[8] بەگلىكىگە كەتكەن ياخشى. لياڭ بەگلىكى جىن بەگلىكىگە ياندىشىپ تۇرىدۇ. جىن بەگلىكى قۇدرەتلىك بەگلىك. بىگىمىز ۋاپات بولغاندىن كېيىن، سىزنى جىن بەگلىكىنىڭ قوغداپ ئاپىرىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلىمىز» دەپ مەسلىھەت بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يىۋۇ لياڭ بەگلىكىگە كېتىدۇ. م. ب. 652 ـ يىلى (جىن شيەنگۈگنىڭ 25 ـ يىلى) جىن بېگى شيەنگۈڭ لەشكەر چىقىرىپ، دى ئېلىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. دى بېگى چۈگىيرنى قوغداش ئۈچۈن نېيساگدا[9] جىن بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. جىن لەشكەرلىرى قورشاۋنى تاشلاپ

www.uyghurkitap.com

كېتىپ قالدۇ.

مۇشۇ مەزگىللەردە جىن بەگلىكى ئىنتايىن قۇدرەت تاپقانىدى. ئۇ چىن بەگلىكىگە تۇتۇشۇپ، غەربدە خېشى، شىمالدا دى ئېلى بىلەن چېگرىلىناتتى. شەرقتىكى زېمىنى خېنېيغا يېتىپ باراتتى.

(ئەسلى كىتاب 1648 ـ بەت)

لى رۇڭلاردىن بولغان ئاغىچىنىڭ سىڭلىسى داۋزى[10] ئىسىملىك بىر ئوغۇل تۇققان. م. ب. 651 ـ يىلى (جىن بېگى شيەنگۇڭنىڭ 26 ـ يىلى) توققۇزىنچى ئاي كۈزدە، شيەنگۇڭ ئۆلدۇ. ئونىنچى ئايدا لىكې(里克) مېيىتخانىدا شىچىنى ئۆلتۈردۇ. بۇ چاغدا شيەنگۇڭنىڭ جەسىدى تېخى دەپنە قىلىنمىغانىدى. بەگلىكنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇۋاتقان تۆرە شۈنشى ئۆزىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، بەزىلەر ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ: «شىچىنىڭ ئىنىسى داۋزىنى بەگ قىلايلى، ئۇنىڭ بەگلىكنى باشقۇرۇشىغا ياردەم بېرەيلى» دېگەچكە، شۈنشى داۋزىنى بەگ قىلىپ، شيەنگۇڭنىڭ جەسىدىنى دەپنە قىلدۇ. 11 ـ ئايدا لىكې يەنە ئوردىدا داۋزىنى ئۆلتۈردۇ. شۈنشىمۇ ئۆلۈۋالدۇ... شۇيىلى شيەنگۇڭ لى رۇڭلارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغاندا، پالانىمىدىن: «غەيۋەتچىلەر زىيانكەشلىك قىلدۇ» دېگەن پال چىققانىدى. جىن بېگى شيەنگۇڭ لى رۇڭلارنى يوقىتىپ، ئۇلاردىن قىز ئېلىپ، ئۇنى ئىنتايىن قەدىرلىگەچكە، جىن بەگلىكى ئېغىر بالا ـ قازاغا ئۇچرىغانىدى.

لىكې قاتارلىقلار شىچى ۋە داۋزىلارنى ئۆلتۈرۈپ، دى ئېلىدىكى بەگزادە چۇڭئېرنى بەگ قىلماقچى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئادەم ئەۋەتكەن بولسىمۇ، چۇڭئېر رەت قىلىپ: «ئاتامنىڭ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلىپ سىرتقا قاچتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاتام ئۆلگەندە جەسىدىنى دەپنە قىلمىدىم. بالىلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلالمىدىم. پېقىرنىڭ گۇناھىم ئېغىر، بەگلىككە قانداق قايتىپ بارىمەن! تۆرىلەرنىڭ

باشقا بەگزادىلەرنى بەگ قىلىۋېلىشىنى ئۈمىت قىلىمەن»دېگەن.
ئەلچى بولۇپ بارغان كىشىلەر قايتىپ كېلىپ لىكېغا مەلۇم قىلىدۇ.
لىكي لياڭ بەگلىكىگە ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭ ئورنىغا يېۋۈنى تەكلىپ
قىلىدۇ... يېۋۈ جىرۇيىنى كۆپ سوغا ـ سالامىلار بىلەن چىن بېگى
مۇگۇڭغا ئەۋەتىپ: «ئەگەر ئەلگە قايتىپ كېتەلىسەم، جىن بەگلىكى ـ
نىڭ يېرى خېشىنى چىن بەگلىكىگە ئۆتۈنۈپ بېرىشىمگە رۇخسەت
قىلغايلا!» دەپ ۋەدە بېرىدۇ ھەمدە لىكېغا: «ئەگەر نېسىپ بولۇپ
تەختكە ئولتۇرالىسام، فېنىياڭدىكى[11] شەھەرنى سىزگە سۇيۇرغال
قىلىمەن» دەپ خەت يازىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چىن بېگى مۇگۇڭ
لەشكەر چىقىرىپ، ئۇنى جىن بەگلىكىگە قوغداپ ئاپىرىپ قويىدۇ. چى
بېگى خۇەنگۇڭمۇ جىن بەگلىكىدە ئىچكي پاراكەندىچىلىك يۈز
بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغاچقا، بەگلەرنىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ جىن
بەگلىكىگە كېلىدۇ. بۇۋاقىتتا چىن بەگلىكى قوشۇنلىرى بىلەن
يېۋۈمۇ جىن بەگلىكىگە يېتىپ كەلگەنىدى. چى بېگى خۇەنگۇڭ
شى پىڭ تۆرىنى ئەۋەتىپ، چىن سەركەردىلىرى بىلەن بىرلىكتە
يېۋۈنى قوغداپ، جىن بەگلىكى پايتەختىگە ئاپىرىپ بەگ قىلىپ
قويىدۇ. جىن بېگى خۇيگۇڭ مانا شۇ ئىدى. چى بېگى خۇەنگۇڭ
جىن بەگلىكىنىڭ گاۋلياڭ[12] دېگەن جايىغىچە بېرىپ، ئاندىن قايتىپ
كېتىدۇ.

(ئەسلى كىتاب 1649 ــ 1650 ـ بەت)

* * *

جىن بېگى ۋېنگۇڭ چۇڭئېر، جىن بېگى شيەنگۇڭنىڭ ئوغلى.
ئۇ كىچىكىدىنلا ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر بىلەن ئارىلىششىنى ياخشى
كۆرەتتى. 17 ياش ۋاقتىدىلا بەش نەپەر دانىشمەننى بولۇپ، ئۇلار:
جاۋسۇي[13]، خۇيەنجيۇفەن، ۋېنگۇڭنىڭ ئانا تەرەپ تاغىسى
جياتو، شيەنجېن[14]، ۋېي ۋۇزىلاردىن ئىبارەت ئىدى. شيەنگۇڭ

تېخى ۋەلىئەھد ۋاقتىدىلا، چۇڭئېر چوڭ بولۇپ قالغان. شيەنگۇڭ تەختكە چىققان يىلى چۇڭئېر 21 ياشقا كىرگەنىدى. م. ب. 664 - (شيەنگۇڭنىڭ 13 -) يىلى لى رۇڭلۇق ئاغىچىسىنىڭ غەيۋەت - شىكايىتى تۈپەيلى، چىن بەگلىكىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن، چۇڭئېر پۇچېڭ شەھىرىگە ئەۋەتىلدى. م. ب. 656 - يىلى (شيەنگۇڭنىڭ 21 - يىلى) جىن شيەنگۇڭ ۋەلىئەھد شېن شېڭنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئاغىچا يەنە غەيۋەت - شىكايەت قىلىپ، چۇڭئېرگە زىيانكەشلىك قىلغاچقا، چۇڭئېر قورققىنىدىن شيەنگۇڭ بىلەن خوشلاشمايلا، پۇچېڭ شەھىرىنى ساقلاشقا كېتىپ قالغانىدى. م. ب. 655 - يىلى (جىن شيەنگۇڭنىڭ 22 - يىلى) شيەنگۇڭ ئاغۋات مەھرەم لۈدىنى چۇڭئېرنى ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتكەندە، چۇڭئېر تامدىن ئارتىلىپ قېچىپ كەتكەن، مەھرەم قوغلاپ بېرىپ، ئۇنىڭ يېڭنى كېسىۋالغان. چۇڭئېر دىلار ئېلىگە قاچقان، چۈنكى، دى ئېلى ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ يۇرتى بولۇپ، بۇۋاقىتتا چۇڭئېر 43 ياش ئىدى. ئۇ مۇشۇ بەش نەپەر دانىشمەنى ۋە ئىسمى ئاتالمىغان يەنە باشقا بىرنەچچە ئۇنلىغان ئادەمنى ئېلىپ، دىلار ئېلىگە قېچىپ كەتكەن.

دى خانى لەشكەر چىقىرىپ، گاۋرۇ قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ ئىككى قىزىنى ئەسىر ئالغانىدى. چۇڭئېر ئاقسا- قالنىڭ چوڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ، بەي تياۋ (伯鲦)، شۇليۇ (叔刘) ئىسىملىك ئىككى ئوغۇل كۆردى. كىچىك قىزىغا ئۆيلەنگەن جاۋسۈي، جاۋدۈن (盾) ناملىق بىر ئوغۇل كۆردى. چۇڭئېر دى ئېلىدە بەش يىل تۇرغاندىن كېيىن، شيەنگۇڭ ئۆلگەن. لى رۇڭلۇق ئاغىچا ۋە شىچى، داۋزى- لارنى ئۆلتۈرگەن لىكې چۇڭئېرنى بەگ قىلماقچى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئادەم ئەۋەتكەندە، چۇڭئېر «ئۆلتۈرۈۋېتەمدىكىن» دەپ قورقۇپ، قايتا - قايتا ئۆزرە بايان قىلىپ، ئېلىگە قايتىپ بېرىشقا جۈرئەت

قىلالمىغان. ئۇزۇن ئۆتمەي، جىن بەگلىكى ۋەزىرى يەنە چۇكىيېرنىڭ ئىنىسى يەۋۇنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇنى بەگ قىلغان. جىن بېگى خۇيگۇڭ ماناشۇ ئىدى. م. ب. 644 ـ يىلى (خۇيگۇڭنىڭ يەتتىنچى يىلى)جىن خۇيگۇڭ چۇكىيېرنىڭ قايتىپ كېلىشىدىن قورقۇپ، ئاغۋات مەھرەم لۈدېنى بىرنەچچە ئەزىمەتلەر بىلەن بىللە چۇكىيېرنى ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتكەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان چۇكىيېر جاۋسۈي قاتارلىقلار بىلەن كېڭىشىپ: «مەن دەسلەپ دى ئېلىگە قېچىپ كېلىشتە، دى ئېلىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ باش كۆتىرەي دېگەن ئەمەس. ئارىلىق يېقىنراق، قاتناش قۇلاي بولغانلىقتىن، ۋاقتىنچە مۇشۇ يەردە ئارام ئېلىپ تۇرغانىدىم، ھازىر ئارام ئالغىلى ئۇزۇن بولدى. باشقا بىر چوڭ ئەلگە يۆتكىلىشنى ئويلايمەن. چى بېگى خۇەنگۇڭ خەيرلىك ئىشلارنى قىلىشقا ئامراق ئادەم، باش ھۆكۈمدار بولۇشتەك چوڭ ئىشقا ئىرادە باغلىغان. ئۇ قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان بەگلەرگە پانا بولۇپ ياردەم بېرىۋاتىدۇ. ھازىر گۈەن جۇڭ، شى پېڭلار ئۆلۈپتۇ. ئۇمۇ دانىشمەنلەرنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج. بىز نېمە ئۈچۈن شۇ ياققا بارمايمىز؟» دېيىشكەن. شۇنىڭ بىلەن چۇكىيېر خوتۇنىغا: «مېنى 25 يىل كۈتۈڭ، شۇنىڭغىچە قايتىپ كەلمىسەم، باشقا ئەرگە تەگسىڭىز بولىدۇ» دېگەنىدە، خوتۇنى كۈلۈپ: «25 يىلدا قەۋرەمدە ئارچىلارمۇ ئۆسۈپ يېتىلىپ كېتەر، لېكىن مەن سىلىنى قايتىپ كەلگىچە كۈتۈمەن» دېگەن. چۇكىيېر دى ئېلىدە جەمئىي 12 يىل تۇرۇپ، ئاندىن كەتكەن.

(ئەسلى كىتاب 1656 ـــ 1657 ـ بەتلەر)

* * *

م. ب. 621 ـ يىلى (جىن شياڭگۇڭنىڭ[15] يەتتىنچى يىلى) سەككىزىنچى ئايدا، جىن بېگى شياڭگۇڭ ئۆلىدۇ... جاۋدۇن جياجىنى مەنسۇپدىن قالدۇرىدۇ... ئونىنچى ئايدا، جىن بېگى

www.uyghurkitap.com

شياڭگۇك دەپنە قىلىندۇ. 11 ـ ئايدا جياجى دى ئۆلگە قاچىدۇ.

(ئەسلى كىتاب 1671 ـ بەت)

* * *

**جىڭگۇك**(景公) م. ب. 596 ـ يىلى (جىڭگۇكنىڭ تۆتىنچى يىلى)شيەنخۇ ھەممىدىن ئاۋال ئۆزى ئۇرۇش قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، جىن بەگلىكى لەشكەرلىرىنى خۋاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ قويغاچقا، ئۆلۈم جازاسىدىن قورقۇپ، دى ئېلىگە قېچىپ كەتكەن ۋە دىلار بىلەن بىرلىكتە جىن بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغانىدى. جىن بەگلىكى شيەنخۇنىڭ سۇيىقەستلىك ھەرىكىتىنى سېزىپ قېلىپ، شيەنخۇنى پۈتكۈل ئائىلە جەمەتى بىلەن قىرىپ تاشلايدۇ. شيەنجېننىڭ ئوغلى ئىدى.

(ئەسلى كىتاب 1677 ـ بەت)

**جىڭگۇك**(景公) م. ب. 593 ـ يىلى (جىڭگۇكنىڭ يەتتىنچى يىلى)جىن بەگلىكى تۆرە سۈيخۈينى[16] لەشكەر تارتىپ قىزىل دىلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى.

(ئەسلى كىتاب 1677 ـ بەت)

م. ب. 580 ـ يىلى (لىگۇڭنىڭ[17] بىرىنچى يىلى)، لىگۇڭ تەختكە يېڭى ئولتۇرغانلىقتىن، بەگلەر بىلەن ياخشى ئۆتۈشنى ئويلاپ، چىن خۇەنگۇڭ بىلەن خۋاڭخې دەرياسىنى پاسىل قىلىپ ئىتتىپاق تۈزگەنىدى. قايتقاندىن كېيىن، چىن خۇەنگۇڭ ئىتتىپاقلىق ئەھدىگە خىلاپلىق قىلىپ، دىلار بىلەن بىرلىكتە جىن بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى تۈزەيدۇ، م. ب. 578 ـ يىلى (لىگۇڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى)، لىگۇڭ تۆرە لۈشياڭنى ئەۋەتىپ، چىن بەگلىكىنىڭ ئادالەتسىزلىكىنى ئەيىبلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بەگلەرنىڭ لەشكەرلىرىنى يىغىپ ـ توپلاپ، چىن بەگلىكىگە ھۇجۇم

قىلىپ، جىڭشۈي دەرياسىغا باردۇ. ماسۇيدە[18] چىن لەشكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، چىن سەركەردىسى چېڭچانى ئەسىر ئالدۇ.

(ئەسلى كىتاب 1679 ـ بەت)

**داۋگۇڭ** (悼公)[19] م. ب. 570 ـ يىلى (داۋگۇڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى) جىن بېگى داۋگۇڭ جىزېدا[20] بەگلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ئىتتىپاق تۈزەيدۇ... دەل بەگلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن چاغدا، داۋگۇڭنىڭ ئىنىسى ياڭگەن ئولتۇرغان هارۋا قاتارىنى بۇزغانىدى. ۋېي جياڭ[21] هەربىي يارلىق بويىچە ياڭگەننىڭ هارۋىكىشىنى ئۆلتۈردۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن داۋگۇڭ ۋېي جياڭنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، بىرسى ئۇنىڭغا نەسىهەت قىلىپ تورۇۋالدۇ. داۋگۇڭ ئاخىرى ۋېي جياڭنىڭ ئىقتىدارىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى بەگلىك ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلەپ، روڭلار بىلەن دوست بولۇشقا، ئىتتىپاق تۈزۈپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، روڭلار بىلەن جىن بەگلىكىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن يېقىن بولۇپ كېتىدۇ. م. ب. 562 ـ يىلى (داۋگۇڭنىڭ 11 ـ يىلى)، داۋگۇڭ: «مەن ۋېي ـ جياڭنى ئىشقا تەيىنلىگەندىن بۇيان، بەگلەر بىلەن توققۇز قېتىم باش قوشتۇم، روڭ ۋە دىلار بىلەن ياخشى ئىناق ئۆتتۈم. مانا بۇنىڭ هەممىسى ۋېي جياڭنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى» دېگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭغا ئالتۇن، قاشتېشى چالغۇ ئەسۋاپلىرى ۋە ئايال سازچىلارنى ئىنئام قىلغانىدى. ۋېي جياڭ بولسا، ئۈچ قېتىم تەكەللۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن داۋگۇڭنىڭ ئىنئامىنى قوبۇل قىلىپ ئالغانىدى.

(ئەسلى كىتاب 1682 ـ بەت)

---

〔1〕 شيەنگۇڭ (献公) (مىلادىيەدىن بۇرۇن؟ ـ 651 ـ يىللار) ـ ئىسمى گۇيجۇ، ۋۇگۇڭنىڭ ئوغلى. 26 يىل (م. ب. 676 ـ 651 ـ يىللار) سەلتەنەت سۈرگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 1640 ـ بەت)

[2] چۈۋو (曲沃) ـــ چۈنچيۇ دەۋرىدە جىن بەگلىكىنىڭ يېرى ئىدى. جىن بېگى ۋېنخوۋ بۇ يەرنى ئىنىسى چېن شىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن. چېن شىنىڭ نەۋرىسى ۋۇگۇڭ جىن بېگى بولغاندا، چۈۋونى پايتەخت قىلغان. قەدىمكى شەھەرنىڭ ئورنى بۈگۈنكى سەنشى ئۆلكىسى ۋېنشى ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.

(تۈزىتىلگەن «سىيۋەن» 1455 ـ بەت)

[3] پۇيى (蒲邑) ـــ قەدىمكى شەھەر ئىسمى بولۇپ، چۈنچيۇ دەۋرىدە جىن بەگلىكىنىڭ يېرى ئىدى. ئورنى بۈگۈنكى سەنشى ئۆلكىسى يۇڭجى ناھىيىسىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1641 ـ بەت)

[4] چۈيى (屈邑) ـــ قەدىمكى شەھەر. چۈنچيۇ دەۋرىدە جىن بەگلىكىنىڭ يېرى ئىدى. شىمالىي چۈ دەپمۇ ئاتىلاتتى. ئورنى سەنشى جىشيەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا.

(تۈزىتىلگەن «سىيۋەن» 908 ـ بەت)

[5] جياڭيى شەھىرى (绛邑) ـــ قەدىمكى شەھەر بولۇپ، چۈنچيۇ دەۋرىدىكى جىن بەگلىكىنىڭ يېرى. ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى جىچېڭنىڭ غەربىدە. جىن بېگى مۇخوۋ پايتەختىنى چۈۋودىن مۇشۇ يەرگە يۆتكىگەن، شياۋگۇڭ ئۇنىڭ نامىنى جى شەھىرى دەپ ئۆزگەرتكەن ۋە شيەنگۇڭ بۇ يەردە ئۇزۇنلۇقى ئىككى چاقىرىم پايتەخت سېپىلى سالدۇرغانىدى.

(«سىخەي» 2684 ـ بەت)

[6] قىزىل دىلار (赤狄) ـــ دۇڭشەندىكى قىزىل دىلار ـ دىلارنىڭ بىر تارمىقى.

(«سىخەي» 4468 ـ بەت)

[7] جىرۇي (冀芮) ـــ جىن بەگلىكىنىڭ تۆرىسى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 1648 ـ بەت)

[8] لياڭ بەگلىكى (梁) ـــ جوۋخانلىقى مەزگىلىدىكى بەگلىك. ئۇنىڭ زېمىنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى خەنچېڭ ۋە خېياڭ ئەتراپلىرىدا بولغان.

(تۈزىتىلگەن «سىيۋەن» 1575 ـ بەت)

[9] نيېساڭ (啮桑) ـــ بۇ سەيساڭ (采桑) بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى جىشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.

(تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 1648 ـ بەت)

**〔10〕 داۋزى (悼子) — «زوچيۇملك يىلنامىسى»، «بەگلىكلەر تارىخى»دا: "جوزى (卓子)" — دېيىلگەن ۋە لى رۇگلار خانىكىسىنىڭ سىڭلىسىدىن تۇغۇلغان دەپ قارالغان. بۇ «تارىخىي خاتىرىلەر» بىلەن ئوخشاش.**

(تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 1649 ـ بەت)

〔11〕 فېنياڭ (汾阳) — يەر ئىسمى. چۇنچيۇ دەۋرىدىكى جىن بەگلىكىنىڭ يېرى. قەدىمكى ئورنى هازىرقى سەنشى ياڭچۇنىڭ غەربىي شىمالىدا.

«تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 1650 ـ بەت)

〔12〕 گاۋلياڭ (高梁) — يەر ئىسمى. چۇنچيۇ دەۋرىدىكى جىن بەگلىكىنىڭ يېرى. قەدىمكى ئورنى هازىرقى سەنشى ئۆلكىسى لىنفېن شەهىرىدە.

(«13 كىتابقا ئىزاهات»تىن «چۇنچيۇ يىلنامىسى. زوچيۇملىڭ تەزكىرىسى» 1817 ـ بەت)

〔13〕 جاۋسۇي (赵衰)، م. ب. ? ـ 627 ـ يىللار) — يەنى جاۋچېڭزى، چۇنچيۇ دەۋرىدىكى جىن بەگلىكى تۆرىسى. ئۇ، بەگ چۇڭئېرگە ئەگىشىپ، چەتتە 19 يىل سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن چۇڭئېرنىڭ بەگلىككە قايتىپ، تەختكە چىقىشىغا ياردەملەشكەن.

(«سىخەي» 4452 ـ بەت)

〔14〕 شيەنجېن (先轸)، م.ب. ? — 627 ـ يىللار) — چۇنچيۇ دەۋرىدىكى جىن بەگلىكى هۆكۈمدارى جىژجېڭ (执政)بولغان.

(«سىخەي» 771 ـ بەت)

〔15〕 جىن بېگى شياڭگۇڭ (晋襄公)، م.ب. ? — 621 ـ يىللار)، ئىسمى خۇەن، ۋېنگۇڭنىڭ ئوغلى. يەتتە يىل (م.ب. 627 ـ 621) تەختتە ئولتۇرغان.

(تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 1669 ـ بەت)

〔16〕 سۇيخۇي (随会) — يەنى شىخۇي بولۇپ، چۇنچيۇ دەۋرىدىكى جىن بەگلىكى تۆرىسى. ئۇ جىن ۋېنگۇڭ، جىن شياڭگۇڭ، جىن چېڭگۇڭ، جىن جىڭگۇڭغا نائىب بولۇپ، بەگلىكنىڭ مەمۇرى ئىشلىرىنى باشقۇرغان ۋە قانۇن تۈزگەن.

(«سىخەي» 1178 ـ بەت)

〔17〕 لىگۇڭ (历公)م.ب. ? — 580 ـ يىللار) — ئىسمى شۇۋمەن. جىن جىڭگۇڭنىڭ ئوغلى. 8 يىل (م.ب. 580 ـ يىلدىن، م.ب. 573 ـ يىلغىچە) تەختتە ئولتۇرغان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 1679 ـ بەت)

〔18〕 ماسۇي (麻遂) — چۇنچيۇ دەۋرىدىكى يەر ئىسمى. قەدىمكى ئورنى

ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى جىڭيالى ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا.

(بىر توملۇق «سىيۇەن» 1710 ـ بەت)

(«13 كىتابقا ئىزاھات»، «چۇنچيۇ يىلنامىسى. زوچيۇمىڭ تەزكىرىسى» 1910 ـ بەت)

[19] داۋگوڭ (悼公)، م.ب. 585 ــ 558 ـ يىللار) ــ ئىسمى جوۋ، چىن شىياڭگوڭنىڭ چەۋرىسى. 15 يىل تەختتە ئولتۇرغان (م.ب. 572 ــ 558 ـ يىللار).

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 1681 ـ بەت)

[20] جىزې (鸡泽) ــ ھازىر خىبېي ئۆلكىسى جىزې ناھىيىسى دائىرىسىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 1682 ـ بەت)

[21] ۋېي جياڭ (魏绛) ــ جىن بەگلىكىنىڭ تۆرىسى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 1686 ـ بەت)

# چۇ(楚)بېگى خاندانى تەزكىرىسى

**جۇاڭۋاڭ**(庄王)[1] م. ب. 606 ـ يىلى (جۇاڭۋاڭنىڭ سەككىزىنچى يىلى)، جۇاڭۋاڭ چۇ بەگلىكى لەشكەرلىرىنى باشلاپ، لۇخۇن رۇڭلىرىغا[2] ھۇجۇم قىلىپ، لويى شەھىرىگىچە چېڭجوۋ شەھىرى ئەتراپىدا ھەربى كۆرەك ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچىنى نامايان قىلدى...

(ئەسلى كىتاب 1700 ـ بەت)

**لىڭۋاڭ**(灵王)[3] م. ب. 538 ـ يىلى (لىڭۋاڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ئالتىنچى ئايدا، چۇ بەگلىكى جىن بەگلىكىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، بەگلەرنىڭ ئۇچرىشىدىغانلىقىنى ئېيتقان ۋە بەگلەر شېن[4] دېگەن يەردە چۇ بېگى لىڭۋاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئىتتىپاق تۈزۈشكەنىدى... لىڭۋاڭ ئىتتىپاق باشلىقى بولغاندىن كېيىن، چىرايىدىن تەكەببۇرلۇق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغاچقا، تۆرە ۋۇجۇ (伍举) نەسىھەت قىلىپ: «شيا خانى جې، بەگلەرنى يوۋرېڭ (有仍)[5] بەگلىكىگە چاقىرىپ يىغىن ئاچقاندا، يوۋمىن[6] بەگلىكى ئاسىيلىق قىلدى؛ يىن خانى جوۋ (纣) بەگلەرنى لىشەن (黎山)تېغىغا چاقىرىپ يىغىن ئاچقاندا، شەرقىي يىلار[7] ئاسىيلىق قىلدى. جوۋ خانى يوۋۋاڭ تەيشى تېغىدا بەگلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەنىدى. نەتىجىدە، رۇڭلار، دىلار ئاسىيلىق قىلدى. بىگىم ئېھتىيات قىلىشلىرى كېرەك!...» دېگەنىدى. (ئەسلى كىتاب 1704 ـ بەت)

〔1〕 جۇاڭۋاڭ (庄王) — «جوۋخانى تەزكىرىسى» 60 ـ ئىزاھتا قارالسۇن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 1700 ـ بەت)

〔2〕 لۇخۇن رۇڭلىرى (陆浑戎) — جوۋخانى تەزكىرىسى» 61 ـ ئىزاھتا قارالسۇن.

تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 1700 ـ بەت)

〔3〕 لىڭۋاڭ (灵王)، م.ب. ? ـ 529 ـ يىل) — ئىسمى ۋېي (围)، گۇڭـ ۋاڭنىڭ ئوغلى، كاڭۋاڭنىڭ ئىنىسى. تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتى 12 يىل (م.ب. 640 ـ 529 ـ يىللار).

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 1703 ـ بەت)

〔4〕 شېن (申) — جوۋ خانلىقى دەۋرىدىكى بەگلىك. فەملىسى جياڭ (姜)چۇ بەگلىكى تەرىپىدىن يوقىتىلغان. قەدىمكى ئورنى ھازىرقى خېنەن نەنياڭ شەھىرىنىڭ شىمالىدا.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن» 2107 ـ بەت)

〔5〕 يوۋرېڭ (有仍) — قەدىمكى بەگلىك. قەدىمكى ئورنى ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى جىنىڭ ناھىيىسىدە.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن» 1476 ـ بەت)

〔6〕 يوۋمىن (有婚) — قەدىمكى بەگلىك. ئورنى ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلـ كىسى جىنشياڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن» 1477 ـ بەت)

〔7〕 شەرقىي يىلار (东夷) — قەدىمكى زاماندا، شەرقتىكى قەۋملەر (夷) دەپ ئاتىلاتتى. «شەرقىي يى» دەپمۇ ئاتىلاتتى.

(«سىخەي» 1475 ـ بەت)



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

# جېڭ (郑) بەگلىرى خاندانى تەزكىرىسى

**جېڭ**[1] بېگى خۇەنگۇڭ يوۋ (友) بولسا، جوۋلىۋاڭنىڭ كىچىك ئوغلى، جوۋ شۇەنۋاڭنىڭ ئانا باشقا ئىنىسى ئىدى. جوۋشۇەنۋاڭ تەختكە چىقىپ 22-يىلى (م. ب. 806-يىلى)، جېڭ خۇەنگۇڭ[2] يوۋغا دەسلەپ جېڭ دېگەن يەر سۇيۇرغال قىلىندى. شۇندىن كېيىن، پۇقرالار ئۇنى 33 يىل ھىمايە قىلدى. جوۋ خانى يوۋۋاڭ ئۇنى ئاقارتىش بېگى[3] قىلىپ تەيىنلىگەندىن كېيىن، جوۋ خاندانى پۇقرالىرى بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىپ كۆڭلىنى ئالدى. جوۋ جەمەتى خەلقى بۇنىڭدىن ئىنتايىن خوشال بولدى. خۇاڭخې دەرياسى بىلەن لوشۇي دەرياسى ئارىلىقىدىكى خەلقنىڭ ھەممىسى ئۇنى سېغىناتتى. ئۇنىڭ ئاقارتىش بېگى بولغىنىغا بىر يىل بولغاندا، جوۋ خانى يوۋۋاڭ باۋ (褒) ئېلىدىن بولغان سى (姒) خانىشنى بەك ئەتىۋارلىغانلىقى ئۈچۈن، ئوردىنىڭ سىياسىي تەدبىرلىرى كۆپ جەھەتتە توغرا بولماي، بەزى بەگلەر ئاسىيلىق قىلدى. جېڭ بېگى خۇەنگۇڭ جوۋخانى يوۋۋاڭدىن، ئۆز ئاھالىسىنى شەرقتە-لويى (雒邑) شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى رايونلارغا كۆچۈرۈشنى ئىلتىماس قىلدى.... گو (虢)، كۇەي (郐) بەگلىكلىرى كېيىن ئۇنىڭغا ئون شەھەر[4] بەردى. جېڭ خۇەنگۇڭ مانا شۇ يەردە بەگلىك تەسىس قىلدى.

ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، م. ب. 771 ـ يىلى (جوۋ خانى يوۋۋاڭنىڭ 11 ـ يىلى) لىشەن تېغىنىڭ ئېتىكىدە جوۋ يوۋ ۋاڭ بىلەن جېڭ خۇەنگوڭنى چۇەنرۇڭلار ئۆلتۈرۈۋەتتى. جېڭ بەگلىكى ئاھالىسى جېڭ خۇەنگوڭنىڭ ئوغلى جىجۇتۇنى بىردەك ھىمايە قىلىپ، بەگ قىلىپ تىكلەشتى. ۋۇگوڭ مانا شۇ ئىدى.

(ئەسلى كىتاب 1757 ـ 1758 ـ بەت)

*　　　*　　　*

**جۇاڭگوڭ** (庄公)[5] م. ب. 706 ـ يىلى (جۇاڭگوڭنىڭ 38 ـ يىلى) شىمالىي رۇڭلار چى بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلدى. چى بەگلىكى ئەلچى ئەۋەتىپ جېڭ بەگلىكىدىن ياردەم سورىغاندا، جېڭ بېگى جۇاڭگوڭ ۋەلىئەھد جى خۇ (忽)نى لەشكەر تارتىپ چى بەگلىكىگە ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتى. چى بېگى لىگوڭ ۋەلىئەھد جى خۇغا قىزىنى بەرمەكچى بولغاندا، جى خۇ تەكەللۇپ بىلەن:«بىزنىڭ جېڭ بەگلىكىمىز كىچىك بەگلىك. چى بەگلىكى بىلەن تەڭ بولالمايمىز» دېدى. بۇ ۋاقىتتا جېڭ بەگلىكى تۆرىسى سەي جوڭ (祭仲) ۋەلىئەھد جى خۇ بىلەن بىللە ئىدى. ئۇ جى خۇنى چى بېگى لىگوڭنىڭ قىزىنى ئېلىشقا ئۈندەپ:«كىچىك خوتۇننىڭ بالىلىرىدىن ئەتەۋالىق بولغانلار ناھايىتى كۆپ. ۋەلىئەھد، ئەگەر چوڭ بەگلىكنىڭ ياردىمى بولمىسا، كەلگۈسىدە تەختكە چىقالماي قېلىشلىرى مۇمكىن. ئۈچ بەگزادىنىڭ ھەممىسى بەگ بولۇشى ئېھتىمال» دېدى. ئاتالمىش «ئۈچ بەگزادە»[6] بولسا، ۋەلىئەھد جى خۇ ۋە ئۇنىڭ چوڭ ئىنىسى جى تۇ، كىچىك ئىنىسى جى زىۋېيلەر ئىدى.

(ئەسلى كىتاب 1761 ـ بەت)

*　　　*　　　*

**جېڭ ۋېنگوڭ** (郑文公)[7] م. ب. 636 ـ يىلى (جېڭ بېگى ۋېنگوڭنىڭ 37 ـ يىلى) باھاردا، جىن بەگلىكى بەگزا-

دىسى چۇڭئېر ئېلىگە قايتىپ كېلىپ بەگ بولدى. جىن ۋېنگۇڭ مانا
شۇ ئىدى. شۇ يىلى كۈزدە، جېڭ بەگلىكى خۋا بەگلىكىگە بېسىپ
كىرگەچكە، خۋا بەگلىكىنىڭ بېگى جېڭ بەگلىكىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى
قوبۇل قىلدى. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي، يۈز ئۆرۈپ ۋېي بەگلىكىنىڭ
ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنغاچقا، جېڭ بەگلىكى لەشكەر چىقىرىپ، خۋا
بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلدى. جوۋخانى شياڭۋاڭ تۆرە بەي فۇ (伯服)
نى ئەۋەتىپ، جېڭ بەگلىكىنىڭ خۋا بەگلىكى بىلەن ياخشى بولۇپ
قېلىشىنى ئۆتۈندى. جوۋ خانى خۈيۋاڭ لى[8] دېگەن جايغا
قېچىپ بارغان چاغدا، جېڭ بېگى ۋېنگۇڭنىڭ ئاتىسى لىۋاڭ لەش-
كەر چىقىرىپ، خۈيۋاڭنى چېڭجوۋغا يەتكۈزۈپ قويغان بولسىمۇ،
لېكىن خۈيۋاڭنىڭ قاشتېشى قەدەھنى لىگۇڭغا تەقدىم قىلمىغانلىقىغا
غەزەپلەنگەنلىكتىن، يەنە شياڭۋاڭنىڭ خۋا بەگلىكىنى ۋېي بەگلىكىگە
بېرىۋەتكەنلىكىگە ئاغرىنغانلىقتىن، شياڭۋاڭنىڭ تەلىۋىنى قوبۇل قىل-
ماي، بەي فۇنى تۇتۇپ قالغاندى. بۇنىڭغا غەزەپلەنگەن جوۋ شياڭ-
ۋاڭ دىلار بىلەن بىرلىكتە جېڭ بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلسىمۇ، لېكىن
غەلىبە قازىنالمىدى. شۇ يىلى قىشتا، دىلار ئۆرۈلۈپلا شياڭۋاڭغا
ھۇجۇم قىلدى. شياڭۋاڭ جېڭ بەگلىكىگە قېچىپ بېرىپ پانا تىلىدى.
جېڭ بېگى ۋېنگۇڭ شياڭۋاڭنى فەنيى[9] شەھرىدە تۇرۇشقا تەكلىپ
قىلدى. م. ب. 635 ـ يىلى (ۋېنگۇڭنىڭ 38 ـ يىلى) جىن ۋېنگۇڭ
لەشكەر بىلەن شياڭۋاڭنى قوغداپ، چېڭجوۋغا ئاپىرىپ قويدى.

(ئەسلى كىتاب 1765 ـ بەت)

---

[1] جېڭ (郑) ـ بەگلىك. ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ خۋاش-
يەن ناھىيىسى دائىرىسىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 1758 ـ بەت)

[2] جېڭ خۇەنگۇڭ (郑桓公)، م. ب. ? ـ 771 ـ يىللار) ـــ چۇنچيۇ

دەۋرىدىكى جېڭ بەگلىكىنىڭ قورغۇچىسى. ئىسمى يوۋ (友) بولۇپ، جوۋ شۆەنۋاڭنىڭ ئىنىسى. م.ب. 806 ـ 771 ـ يىللار ھۆكۈم سۈرگەن.

(«سىخەي» 1027 ـ بەت)

〔3〕 ئاقارتىش بېگى (司徒) ـــ ئەمەل ئىسمى. غەربىي جوۋ دەۋرىدىن باشلاپ ئىشلىتىلگەن. (司士)دەپمۇ يېزىلىدۇ. چۈنچيۇ دەۋرىدىمۇ ئىشلىتىلگەن. بەگلىكنىڭ يەرلىرىنى خەلقنى باشقۇرۇپ، دەۋا ـ دەستۇر، ئالۋاڭ ـ ياساق لارغا مەسئۇل بولاتتى.

(«سىخەي» 242 ـ بەت)

〔4〕ئون شەھەر (十邑) ـــ بۇ ئون شەھەر: گو (虢)، كۆەي (郐)، يەن (鄢)، بى (蔽)، بۇ (補)، دەن (丹)، يى (依)، دوۋ (畴)، لى (歷)، شىن (莘)شەھەرلىرىدىن ئىبارەت ئون شەھەرگە قارىتىلغان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 1758 ـ بەت)

〔5〕 جۇاڭگۇڭ (庄公)، م.ب. 757 ـ 701 ـ يىللار) ـــ ئىسمى ۋۇشېڭ (寤生)ۋۇگۇڭنىڭ ئوغلى. 43 يىل (م.ب. 743 ـ 701 ـ يىللار) تەختتە ئولتۇرغان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 1759 ـ بەت)

〔6〕 ئۈچ بەگزادە (三公子) ـــ زى تۇ(子突)، زى ۋېي (子亹)، زى يى (子仪) لاردىن ئىبارەت.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 1761 ـ بەت)

〔7〕 جېڭ ۋېنگۇڭ (郑文公 م.ب. ? ـ 628 ـ يىللار) ـــ ئىسمى جې 45 يىل (م.ب. 672 ـ 628 ـ يىللار) تەختتە ئولتۇرغان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 1764 ـ بەت)

〔8〕 لى (栎) ـــ قەدىمكى جاي، ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ يۈشيەن ناھىيىسى دائىرىسىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 1766 ـ بەت)

〔9〕 فەنيى (氾邑) شەھىرى ـــ شەرقىي فەن، جەنۇبىي فەن دەرياسى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. شەرقىي فەن دەرياسى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ جۇڭمۇ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا. جوۋشياڭۋاڭ جەنۇبىي فەن دەرياسى رايونىدا تۇرغان، بۇ ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى شياڭۋاڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن» 1718 ـ بەت)

## تارىخي خاتىرىلەر 43 ـ جىلد

# جاۋ (赵) بېگى خاندانى تەزكىرىسى ①

جاۋ فامىلىلىكلەر چىن بەگلىكى بىلەن بىر ئەجداد. جوڭ يەنگە كەلگەندە، جوڭ يەن شاڭ خانلىقىنىڭ خانى داۋۇغا⁽²⁾ هارۋىكەش بولدى. جوڭ يەنىنىڭ ئەۋلادى فېي ليەننىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى. بىرسىنىڭ ئىسمى ئې لەي بولۇپ، ئۇ شاڭ (يىن) خانى جوۋغا خىزمەت قىلدى ۋە جوۋخانى ۋۇۋاڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئەنە شۇنىڭ ئەۋلادلىرى چىن بەگلىكىنى قۇردى. ئې لەينىڭ ئىنىسى جى شېڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئەۋلادى جاۋ بەگلىكىنى قۇردى. جى شېڭ ئوغلى مېڭ زېڭ جوۋخانى چېڭۋاڭنىڭ ئەتىۋارلىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ، جەيگاۋلاڭ (宅皋狼) دەپ ئاتالدى. جەي گاۋلاڭنىڭ ئوغلى خېڭ فۇ، ئۇنىڭ ئوغلى زاۋفۇ جوۋخانى مۇ ۋاڭنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشتى. زاۋفۇ سەككىز تۇلپار (ئات) بېقىپ ۋە ئۆگىتىپ، ئۇنى تاۋلىن⁽³⁾ (ناھىيىسى) دىن چىقىدىغان داۋلى (盗骊)، خۋاليۇ (骅骝)، لۈيئېر (绿耳) قاتارلىق داڭلىق ئاتلار بىلەن بىرلىكتە مۇۋاڭغا تەقدىم قىلدى. مۇ ۋاڭ زاۋفۇغا هارۋا هەيدىتىپ، غەربنى كۆزدىن كەچۈرۈپ كېلىشكە چىقتى. شىۋاڭمۇ (غەربي خان ئانا) بىلەن كۆرۈشۈپ، خوشاللىقىدىن قايتقۇسى كەلمىگەنىدى. لېكىن شۇ بېگى يەنۋاڭ ئىسيان كۆتەرگەنلىكتىن، مۇۋاڭ تۇلپارنى كۈنىبويى چاپتۇرغۇزۇپ قايتىپ كەلدى ۋە شۇ يەنۋاڭغا هۇجۇم قىلىپ، ئۇنى

بەگدى. شۇنىڭ بىلەن مۇۋاڭ جاۋچېڭنىڭ شەھىرىنى زاۋفۇغا ھەدىيە قىلدى. شۇندىن باشلاپ ئۇلار جاۋ جەمەتىگە ئۆزگەرتىلدى.

زاۋفۇدىن كېيىن ئالتە ئەۋلات ئۆتۈپ، يەنفۇ (ئىسمى گۇڭ جۇڭ) جوۋخانى شۈەنۋاڭ زۇڭلارغا جازا يۈرۈشى قىلغانىدا، ئۇ شۈەنۋاڭغا ھارۋىكەشلىك قىلغانىدى. چيەنمۇدا[4] بولغان ئۇرۇشتا شۈەنۋاڭ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىدى. خەتەرلىك پەيتتە يەنفۇ شۈەنۋاڭنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. يەنفۇنىڭ ئوغلى شۇدەي بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاقتىدا، جوۋ يوۋ ۋاڭ ئادالەتسىزلىك قىلغانلىقتىن، ئۇ جوۋ خانىدانىدىن ئايرىلىپ، جىن بەگلىكىگە كەتتى ۋە جىن بېگى ۋېنخوۋغا خىزمەت قىلىپ، جىن بەگلىكىدە جاۋ فامىلىلىك جەمەتنى بەرپا قىلىشقا باشلىدى. شۇ دەيدىن كېيىن، جاۋ فەمىلىلىك جەمەت تېخىمۇ روناق تېپىپ، بەش ئەۋلاد ئۆتۈپ، جاۋسۇغا يېتىپ كەلگەنىدى...

جاۋ سۇنىڭ ئوغلى گۇڭ مىڭ بولۇپ، بۇ دەل م. ب. 661-يىلى (لۇ بېگى مىنگۇڭنىڭ بىرىنچى يىلى)[5]غا توغرا كېلىدۇ. گۇڭ مېڭنىڭ ئوغلى جاۋسۇي، يەنە بىر ئىسمى زىيۇ.

جاۋسۇي جىن بېگى شيەنگۇڭغا خىزمەت قىلغان ياخشىمۇ، ياكى باشقا بەگزادىلەرگە خىزمەت قىلغان ياخشىمۇ دەپ رەم سالدۇرغانىدى، رەمدە:«ياخشى ئەمەس، لېكىن بەگزادە چۇڭئېرغا خىزمەت قىلسا، چوڭ ياخشىلىق بولىدۇ» دەپ چىقتى. شۇڭا، ئۇ چۇڭئېرغا خىزمەت قىلدى. چۇڭئېر لى زۇڭلاردىن بولغان ئاغىچىنىڭ پاراكەندىچىلىكى تۈپەيلى دى ئېلىگە قاچقاندا، جاۋسۇيمۇ بىللە باردى. دىلار لەشكەر چىقىرىپ، چياڭ جيۇرۇ (廧咎如) قەۋملىرىگە ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇلارنىڭ بېگىنىڭ ئىككى قىزى ئەسىر ئېلىندى. دى خانى ئەسىر قىزلارنىڭ كىچىكىنى چۇڭئېرغا، چوڭىنى جاۋسۇيگە ياتلىق قىلدى. جاۋسۇيدىن جاۋدۇن تۇغۇلدى. بۇرۇن چۇڭئېر جىن بەگلىكىدىكى

ۋاقتىدا، جاۋسۇيىڭنىڭ ئوغۇلى جاۋتوۋاڭ، جاۋگو، جاۋيەن قاتارلىق ئۈچ ئوغۇل تۇغقانىدى. جاۋسۇي چوڭقۇر ھايجان بىلەن جەمئىي 19 يىل دىلار ئېلىدە سەرگەردان بولۇپ، ئاندىن ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. چوڭئېر تەختكە چىقىپ، جىن ۋېنگوڭ بولغاندىن كېيىن، جاۋسۇينى يۈەن[6] دېگەن يەرگە تۆرە قىلىپ بەلگىلىدى. ئۇ يۈەن شەھىرىدە تۇرۇپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. ۋېنگوڭ شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمرانلىق ئورنىتالىدىكى، جاۋ سۇي ئۇنىڭغا ناھايىتى دانا تەدبىرلەرنى كۆرسەتكەنىدى. «جىن بەگ (خاندان) لىرى تەزكىرىسى» دە، بۇ ئەھۋال تەپسىلى بايان قىلىنغان.

جاۋ سۇي جىن بەگلىكىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جىن بەگلىكىدە قالغان ئاۋۋالقى خوتۇنى ئۇنىڭ دىلار ئېلىدە ئالغان خوتۇننى ئالدۇرۇپ كېلىشنى ھەمدە دىلار ئېلىدىكى خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ئوغلى جاۋدۇننى چوڭ خوتۇندىن بولغان ئوغۇل دەپ ئېتىراپ قىلىشنى قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلدى ۋە جىن بەگلىكىدىكى خوتۇندىن تۇغۇلغان ئۈچ ئوغۇلنىڭ ھەممىسى ئۇنى ھۆرمەتلىدى.

م. ب. 622 ـ يىلى (جىن شياڭگوڭنىڭ ئالتىنچى يىلى) جاۋ سۇي ئۆلدى. شياڭگوڭ ئۇنىڭغا «چېڭ جى» دەپ شەرەپ نامى بەرگەنىدى.

(ئەسلى كىتاب 1779 ـ 1782 ـ بەت)

* * *

**جاۋ بېگى ۋۇلىڭۋاڭ[7]** م. ب. 307 ـ يىلى (ۋۇلىڭۋاڭنىڭ 19 ـ يىلى) باھار بىرىنچى ئايدا، شىنگوڭ ئوردىسىدا[8] چوڭ ئۇچرىشىش يىغىنى بولدى. جاۋ بېگى ۋۇلىڭۋاڭ بۇ يەردە فېي يى[9] بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەلنىڭ چوڭ ئىشلىرى توغرىسىدا مەسلىھەت ئېلىپ باردى. مەسلىھەت بەش كۈن داۋاملاشتى. ۋۇلىڭۋاڭ شىمالدا جۇڭشەن بەگلىكىنىڭ زېمىننى تارتىۋېلىپ، تاكى فاڭزى[10]

ئامىسسكىچە باردى. شۇنىڭ بىلەن دەي دىيارىنا كەلدى. شىمالدا ۋۇچيۇگىغىچە[11]، غەربتە خۇاڭخې دەرياسىغىچە بېرىپ، خۇاڭخۇا-تېغىغا[12] چىقتى. لۇخۇەن[13] بىلەن كۆرۈشۈپ، مەسلىھەتلىشىپ: «مەرھۇم ۋاڭىمىز ۋەزىيەت ئۆزگىرىشىدىن پايدىلىنىپ، جەنۇبى چېگرىدىكى دىيارلارنى ئىگەللەپ، جاڭ[14]، فو[15] دەريالىرىنىڭ مۇھىم، ئەپلىك يەرلىرىدىن پايدىلىنىپ، سېپىل سالدى. يەنە لىن[16]، گولاڭ[17] قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ، رېن[18] دېگەن يەردە لىنخۇلارنى مەغلۇپ قىلغانىدى. لېكىن ئىشلار تامام ئورۇنلىنىپ بولغىنى يوق. ھازىر جۇڭشەن بەگلىكى مېنىڭ مەركىزىي دىيارىمدا تۇرىدۇ. شىمالدا يەن بەگلىكى، شەرقتە ھۇنلار (胡)[19] بار؛ غەربتە لىنخۇلار[20] لۇفەنلەر[21]، چىن بەگلىكى، خەن بەگ-لىكى چېگرىداش. ئەگەر قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچ بىلەن ئۆزىمىزنى قوغدىمىساق، بەگلىكىمىزنىڭ يوقىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان بولىمىز. قانداق قىلىش كېرەك؟ يۈكسەك نام قازىنىشتا، كونا ئۆرپ-ئادەتلەر چوقۇم توسالغۇ بولىدۇ. مەن كىيىملىرىمىزنى ئۆزگەرتىپ، ھۇنچە كىيىنىشنى تەشەببۇس قىلىمەن» دېگەنىدە، لۇخۇەن: «خوپ» دېدى. لېكىن ۋەزىرلەر ئۇناشمىدى. شۇنىڭ بىلەن ھۇنچە كىيىنىش تەرەپدارى بولغان فېي يى (肥义)نى ئۆز يېنىدا تۇتقان جاۋ بېگى: «مەن جاۋجيەن، جاۋشياڭزى دېگەن ئىككى بەگنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى ئەسلەيمەن. ھۇنلار ۋە دىلارنى بېقىندۇرۇشنىڭ پايدى-سىنى كۆزدە تۇتىمەن، ۋەزىر بولغۇچىلار نامرات ۋاقتىدا ئۆزىنىڭلا ياخشى نامىنى ساقلاش، ئاتا-ئانىلارغا ۋاپادار بولۇش، قېرىلارغا ھۆرمەت قىلىش، قېرىنداشلىرىنى، كىچىكلەرنى ئاسراش، ئادىل ۋە توغرا بولۇشتەك پەزىلەتنى ساقلىشى كېرەك. ئۇلۇغلاشقان چاغدا كەمتەر بولۇپ، ئەلگە ۋە خان-بەگلەرگە پايدىلىق ئىش قىلىشى لازىم. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ۋەزىرلەرنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك

www.uyghurkitap.com

ئىشى. ھازىر مەن جاۋ بېگى شياڭزىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلماق-
چىمەن. ھۇنلار ۋە دىلارنىڭ دىيارىدا يەر ئېچىپ، زېمىن كېڭەيتمەك-
چىمەن. لېكىن ئەلدە خەلققە پايدا ۋە بەككە ياردەم كۆرسىتىدىغان
سادىق ۋەزىر ئۇچراتمىدىم. ئەگەر مەن ھەممىگە كىيىمنى ئۆزگەر-
تىپ ھۇنچە كىيىندۈرسەم، دۈشمەن مۇقەررەر ھالدا ئاجىزلايدۇ.
شۇنداق قىلغاندىلا، ئاز كۈچ ئىشلىتىپ، كۆپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىش-
كىلى بولىدۇ ھەمدە پۇقرالارنىڭ مۇشەققەتلىرىنى يېنىكلىتىپ، جاۋ-
جيەنزى، جاۋشياڭزى قاتارلىق ئىككى بەككە ئوخشاش تۆھپەياراتقىلى
بولىدۇ. ئەلدە باشقىلاردىن ئۈستۈن تۆھپە ياراتقۇچى ئادەملەر
چوقۇم كونا ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ توسالغۇسىغا ئۇچرايدۇ. پەۋقۇلئاددە
ئەقىل-پاراسەتكە ئىگە، يىراقنى كۆرەر ئادەملەر چوقۇم مۇتەئەس-
سىپ، تەكەببۇر ئادەملەرنىڭ ئۆچمەنلىكىگە دۇچ كېلىدۇ. ھازىر مەن
پۇقرالارنى ھۇنچە كىيىنىپ، ئاتقا مىنىش، ئوقيا ئېتىشقا تەربىيىلىد-
مەكچىمەن. لېكىن ئەلدە بەزى ئادەملەر مېنى چوقۇم ئەيىبلىشى
مۇمكىن. قانداق قىلىش كېرەك؟» دېگەندە، فېي يى: «پېقىر،
ئاڭلىشىمچە، ئىشنى ئىككىلىنىپ قىلسا ۋۇجۇتقا چىقماسمىش،
ھەركەتتە قەتئىيەت بولمىسا، شۆھرەت قازىنالماسمىش، ئۇلۇغ
بىگىم، كونا ئادەتكە خىلاپلىق قىلىش قارارىغا كەلگەن ئىكەنلا،
ئەلدىكى كىشىلەرنىڭ سۆز-چۆچەك قىلىشىدىن ئەنسىرىمەسلىكلىرى
كېرەك. ئەڭ يۈكسەك ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلغۇچى ئادەملەر چاكىن-
نىلار بىلەن بىر ئېرىقتا ئاقماسلىقى، چوڭ يېڭىلىقنى ياراتقۇچى
ئادەملەر چاكىنىلار بىلەن بىر ئېرىقتا ئاقماسلىقى، چوڭ يېڭىلىقنى
ياراتقۇچى ئادەملەر ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ گەپ-سۆزلىرى بىلەن
ھېسابلاشماسلىقى لازىم. ئۆتمۈشتە، چوڭ ئاقساقال شۈن ئۇسسۇل
بىلەن سەنمياۋلارنى تەسىرلەندۈرگەنىكەن. يۇمۇ يالىڭاچلار ئېلىگە
(裸国) يالىڭاچ كىرگەنىكەن. بۇ ھەرگىز ئارزۇ-ھەۋەسكە بېرىلىش،

ئۆگۈل ئىچىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پاراۋانلىقتا ئىرىشىش ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن بولغان. نادان ئادەملەر ئۆۋجۇتقا چىققان ئىشلارنىمۇ چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ. ئەقىللىق ئادەملەر بولسا، بولمىغان ئىشلارنىمۇ ئالدىن بىلىۋالىدۇ. ئۇنداق بولسا، ئۇلۇغ بېگىم، يەنە نېمە ئۈچۈن ئارىسالدى بولىدىلا؟» دېگەنىدى. ۋۇلىڭ-ۋاڭ: «مەن كىيىملىرىمىزنى ئۆزگەرتىپ ھۇنچە كىيىنىش توغرىسىدا ھەرگىز ئىككىلەنمەيمەن. ئەلدىكى كىشىلەرنىڭ زاڭلىق قىلىشىدىن قورقمايمەن. ساراڭ ئادەملەر خۇشاللىق دەپ ھېس قىلغاننى، ئەقىل-لىق ئادەملەر قايغۇلۇق دەپ ھېسابلايدۇ؛ نادان ئادەملەر زاڭلىق قىلغاننى، دانىشمەنلەر تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىدۇ. ئەگەر ئادەملەر ماڭا بېقىنسا، ھۇن كىيىمىنىڭ ئۈنۈمىنى تۆۋەن چاغلىغىلى بولمايدۇ. كىشىلەر مېنى زاڭلىق قىلغان تەقدىردىمۇ، چوقۇم ھۇنلارنىڭ زېمى-نىنى ۋە جۇڭشەن بەگلىكىنى ئىشغال قىلىمەن» دېگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن كىيىمنى ئۆزگەرتىپ ھۇنچە كىيىنگەنىدى.

ۋۇلىڭۋاڭ ۋاڭ شىيىنى گۇڭزى چېڭغا[22] ئەۋەتىپ: «مەن ھۇنچە كىيىنىپ، ئوردىغا چىقىپ ۋەزىرلەر بىلەن كۆرۈشمەن، تاغامنىڭمۇ ھۇنچە كىيىنىشنى ئۈمىت قىلىمەن. بىر ئائىلىدىكى ئادەملەر ئائىلە باشلىقىغا ئىتائەت قىلىشى، بىر بەگلىكتىكى ئادەملەر بەككە ئىتائەت قىلىشى لازىم. بۇ قەدىمدىن ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئومۇمى پەزىلەت؛ بالا ئاتا-ئانىغا قارشى چىقماسلىقى، ۋەزىر بەككە، پادىشاغا قارشىلىق قىلماسلىقى كېرەك. بۇ مەرھۇم بېگىمىز تۈزۈپ بەرگەن ئادەتتىكى قائىدە-يوسۇن. ھازىر مەن كىيىمنى ئۆزگەرتىشكە پەرمان چۈشۈردۈم. تاغام ھۇنچە كىيىنمىسە، كىشىلەر سۆز-چۆچەك قىلارمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلىمەن. ئەلنى باشقۇرۇشتا بىر ئومۇمى قائىدە بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، خەلققە پايدا يەتكۈزۈشنى ئاساس قىلىش-تۇر. ھاكىمىيەت تۇتۇشنىڭ بىر پرىنسىپى بار، ئۇ بولسىمۇ، ئەمر-

پەرمانىنىڭ چاقماقتەك تېز ئىجرا قىلىنىشىدىن ئىبارەت. گۈزەل ئەخلاقلىق ئادەملەرنى ئاۋال ئاۋام خەلق ئىچىدىن تاللاش كېرەك. ئەمىر-پەرمانغا ئالدى بىلەن ۋەزىر-بەگلەر ئىتائەت قىلىشى كېرەك. بۈگۈن ھۆنچە كىيىنىشتىن مەقسەت-ھەرگىز كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن ئەمەس. ھەر قانداق ئىشنى قىلىدىغان ۋە توختىتىدىغان پەيتى بولىدۇ. شۇ بويىچە ئىشلىگەندىلا، ئىش ۋۇجۇتقا چىقىدۇ. ئىش ۋۇجۇتقا چىقىپ، تۆھپە يارىتىلغاندىلا، ئاندىن غايىۋى مەنزىلگە تولۇق يەتكىلى بولىدۇ. ھازىر مەن تاغامنى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پرىنسىپلىرىغا خىلاپلىق قىلىپ قويارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. شۇڭا، تاغامنىڭ ئويلىنىپ بېقىشى ئۈچۈن بۇ سۆزلەرنى قىلدىم. ئاڭلىشىمچە، بەگلىككە پايدىلىق ئىش بولسىلا، ئۇ يۈرگۈزۈلسە، خاتا بولماسمىش؛ قەدىرلىك تۇغقانلارغا تايىنىپ ئىش كۆرسە، نام-ئابرويىغا زىيان يەتمەسمىش. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن تاغامنىڭ نام ئابرويىغا تايىنىپ، ھۆنچە كىيىنىشنىڭ غەلىبىگە ئېرىشىشىنى ئۈمىت قىلىمەن. ۋاڭ شېينى ھۇزۇرىڭىزغا ئەۋەتتىم. ھۆنچە كىيىم ئالماشتۇرۇۋېلىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن» دېگەن. گوڭزى چېڭ قايتا-قايتا تازىم قىلىپ باش قويغان ھالدا: «كەمىنىلىرى ئۇلۇغ بېگىمنىڭ كىيىمنى ئۆزگەرتىپ، ھۆنچە كىيىنگەنلىكلىرىنى ئاڭلىغاندىم. پېقىر ئىقتىدارسىزمەن، ئاغرىپ يېتىپ قالدىم. دەرھال ئالدىلىرىغا بېرىپ تەكلىپ بېرەلمىدىم. ھازىر بەگ ئالىيلىرى كەمىنىلىرىگە ھۆنچە كىيىنىشنى بۇيرۇپتىلا، پېقىرلىرى نادانلارچە بەرگەن جاۋابىم بىلەن ساداقىتىمنى بىلدۈردۈم. ئاڭلىشىمچە، ئوتتۇرا جۇڭگو پاراسەتلىك ئادەملەرنىڭ ماكانى بولۇپ، بۇ يەردە خىلمۇ-خىل بايلىقلار توپلانغانىكەن. ئەۋلىيالار بۇ يەردە تەلىم بەرگەچكە، مېھرىۋانلىق، ۋاپادارلىق بۇ يەردە ئەمەلگە ئاشقانىكەن. «شېئىرنامە»، «ئەدەپنامە»، «نەغمە نامە» لەر بۇ يەردە ئادەتكە ئايلىنىپ، ئاجايىپ-غارايىپ

چۈەرماھارەتلەر مۇشۇ يەردە كۆرستىلىپ، يىراق يۇرتلاردىن كەلگەن كىشلەر زىيارەت قىلىدىغان، يات قەۋملەر نەمۇنە قىلىدىغان دۆلەت ئىكەن. ھازىر ئۇلۇغ بېگىم بۇ ياخشى ئەنئەنىنى تاشلاپ، يىراق يۇرتلاردىكى يات قەۋملەرچە كىيىنىپ، قەدىمكى كىشىلەرنىڭ تەلىمنى ئۆزگەرتىۋەتتىلە. ئەنئەنىۋى قائىدە-يوسۇنلارنى ئالماشتۇردىلا. بۇ خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدۇ. ئۆلىمالارنىڭ تەلىملىرىگە خىلاپ كېلىدۇ. بۇ ئوتتۇرا جۇڭگونىڭ ئەزەلدىن كېلىۋاتقان ئۆرپ-ئادەتلىرىدىن ئايرىلغانلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پېقىرلىرى بەگ ئالىلىرىنىڭ بۇ ئىشلارنى ئويلىنىپ بېقىشىنى ئۈمىت قىلىمەن» دېگەن.

ۋۇلىڭۋاڭ گوڭزى چېڭنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۆزى بىۋاستە ئۆتۈنۈش قىلىپ: «كىيىم ئىشقا، ئەدەپ-قائىدە ئىش باشقۇرۇشقا ئەپلىك بولۇشى كېرەك. دانىشمەنلەر ئوخشاشمىغان يۇرتلارنى كۆزدىتىپ، ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا، ئىشلارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ، ئەدەپ-قائىدىلەرنى بېكىتىپتىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈش، دۆلەتنى بېيىتىش ئۈچۈن بولغانىدى. چاچلىرىنى كېسىپ، بەدەنلىرىگە رەڭلىك گۈللەرنى چېكىپ، بىلەكلىرىگە رەڭلىك رەسىملەرنى سىزىپ، ئىزمىسى سول تەرەپكە كېلىدىغان كىيىملەرنى — كىيگۈچىلەر ئۇۋيۈلىكلەر،[23] قېشىنى قارا بوياپ، پېشانىسىگە گۈل چېكىپ، بېشىغا بېلىق تېرىسى بۆك كىيىپ، ئۈچىسىغا قوپال تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيگۈچىلەر داۋۇ بەگلىكى ئاھالىلىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، جايلارنىڭ ئەدەپ-قائىدە ۋە كىيىم-كېچەكلىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئىش قىلىش جەھەتتىكى رولى ئوخشاشتۇر. يەر ئوخشاشمىسا، كىيىمدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ، ئىش ئوخشاشمىسا، ئەدەپ-قائىدىدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دانىشمەنلەرنىڭ قارىشىچە، ئەگەر ئەلگە مەنپەئەتلىك بولىدىكەن، كىشىلەر-

نىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى بىر خىل قىلىش ھاجەتسىز. ئەگەر ئىش قىلىشقا ئوڭايلىق بولىدىكەن، ئەدەپ-قائىدىنى ئوخشاش قىلىش ھاجەتسىز. كۇڭزىچى ئۆلىمالارنىڭ ئېتىقادى ئوخشاش، لېكىن ئادەتلىرى ئوخشاش ئەمەس. ئوتتۇراجۇڭگونىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى ئوخشاش، لېكىن سىياسەت ۋە ئاقارتىش ئىشلىرى ئوخشاش ئەمەس. شۇ ھالدا تاغ دىياردا ئىش قىلىشقا ئوڭايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئوخشاشمىغان قائىدىلەرنى قوللانسا، كىيىملەرنى كىيسە بولمامدىكەن؟ شۇنىڭ ئۈچۈن كېيىش ياكى تۇرۇش ئىشلىرىنى ئاقىل كىشىلەر بىرلىككە كەلتۈرەلمەيدۇ؛ يىراق ياكى يېقىن يەردىكى كىيىملەرنى ئەۋلىيالار ئوخشاش قىلىۋېتەلمەيدۇ. قاقاس نامرات يەرلەردە ئاجايىپ نەرسىلەر كۆپ بولىدۇ. كۆرگەن-بىلگەنلىرى ئاز ئادەملەر مۇنازىرىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇقمايدىغان نەرسىلەر ئۈستىدە گۇمانلانمايدۇ. ئۆزلىرىنىڭكىگە ئوخشاشمايدىغان سۆز-ھەرىكەتلەرنى خاتا دېمەيدۇ. بۇ ئاممىغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئەڭ مۇكەممەل ئۇسۇل-چارە ئىزدەشتىن ئىبارەتتۇر. تاغامنىڭ بۈگۈنكى سۆزلىرى چاكىنا كۆز قاراش بولۇپ، مېنىڭ ئېيتقانلىرىم، چاكىنا مۇھاكىملەرنى چەكلەيدىغان پاكىت ۋە قائىدىلەردۇر. بەگلىكىمىزنىڭ شەرقىدە خۇاڭخې، باۋلۇ دەريالىرى بولۇپ، چى ۋە جۇڭشەن بەگلىكلىرى بىلەن بۇ ئىككى دەريادىن تەڭ پايدىلىنىدۇ، لېكىن كېمە ئىشلەتمەيدۇ. چاڭشەن[24] تېغىدىن تاكى دەي بەگلىكى[25] ۋە شاڭداڭ[26] دېگەن يەرگىچە، شەرقتە يەن بەگلىكى ۋە تۇڭگۇسلار بىلەن چېگرىداشمىز؛ غەربتە لۇفەن (楼烦)، چىن (秦) بەگلىكى، خەن (韩) بەگلىكى بىلەن چېگرىداشمىز. تاھازىرغىچە ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىش تەييارلىقىمىز يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن كېمە توپلاپ تەييارلىق قىلىمەن، سۇنىڭ خۇسۇسىيىتى بىلەن تونۇشىدىغان ئادەملەرنى تېپىپ، خۇاڭخې بىلەن باۋلۇ دەريالىرىنى مۇداپىئە قىلىمەن.

www.uyghurkitap.com

كىيىمنى ئۆزگەرتىپ، ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىشنى مەشق قىلدۇرىمەن. شۇ ئارقىلىق يەن بەگلىكى، ئۇچ خۇ (ھۇن)[27]، چىن بەگلىكى، خەن بەگلىكى بىلەن تۇتاشقان چېگرانى مۇداپىئە قىلىمەن. بىكىنىز جاۋجيەنزى جىنياڭ ۋە شاڭداڭلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، سىرتقا قاراپ كېڭەيگەنىدى. بېگىمىز جاۋشياڭزى غەربىي رۇڭلارنى يوقۇتۇۋېلىپ، دەي بەگلىكىنى ئىشغال قىلىپ، ھۇنلاردىن مۇداپىئە كۆردى. بۇ پاكىتلارنى نادانلارمۇ، پاراسەتلىكلەرمۇ بىلىدۇ. ئالدىنقى بىر مەزگىلدە، جۇڭشەن بەگلىكى چى بەگلىكىنىڭ قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچىگە تايىنىپ، بىزنىڭ زېمىنىمىزغا تاجاۋۇز قىلىپ، خەلقىمىزنى تۇتقۇن قىلغانىدى. سۇ قۇيۇپ بېرىپ، خاۋيى[28] شەھىرىمىزنى قورشىدى. ئەگەر زېمىن ئىلاھىنىڭ روھى قوغدىمىغان بولسا، خاۋيى شەھىرى قولدىن كېتىپ قېلىشقا تاس قالغانىدى. مەرھۇم بەگلەر بۇنى چوڭ نومۇس دەپ قارىدى. بۇ ئىنتىقام تېخى ئېلىنمىغان ئەمەس. ھازىر ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىشتەك ھەربىي ماھارەتكە ئىگە بولدۇق. بۇنىڭ، يېقىندىن ئېيتقاندا، شاڭداڭنىڭ ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىشكە، ئۇزۇننى كۆزلىگەندە، جۇڭشەن بەگلىكىدىن ئىنتىقام ئېلىشقا پايدىسى بولىدۇ. لېكىن تاغا! ئۆزلىرى ئوتتۇرا جۇڭگونىڭ ئادەتلىرىگە رىئايە قىلىش ئارقىلىق جاۋجيەنزى، جاۋشياڭزى قاتارلىق بەگلەرنىڭ مۇددىئالىرىغا قارشى تۇرۇپ، كىيىمنى ئۆزگەرتىشتىن بىزار بولدۇم، دېگەن سۆزلىرى بىلەن خاۋيى ۋەقەسىدىكى نومۇسنى ئەسلىرىدىن چىقىرىپ قويدىلا. تاغا! ئۆزلىرىدىن بۇنى ئۈمىت قىلمىغان ئىدىم» دېگەندە، گۇڭزى چېڭ: «پېقىر، ھەقىقەتەن نادان ئىكەنمەن، بەگ ئالىيلىرىنىڭ كىيىم ئۆزگەرتىشلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتىنى چۈشەنمەپتىمەن. چاكىنا، يۇزە قاراش بويىچە بىلجىراپتىمەن. بۇ پېقىرنىڭ جىنايىتى. ھازىر بەگ ئالىيلىرى جاۋجيەنزى، جاۋشياڭزى قاتارلىق بەگلەرنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ،

مەرھۇم بەگلەرنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولسىلا، پېقىرلىرى ئەمر-پەرمانىغا ئىتائەت قىلماسلىقتا قانداقمۇ جۈرئەت قىلالايمەن؟» دەپ يەنە باش قويۇپ تازىم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ۋۇلىڭۋاڭ ئۇنىڭغا ھۇنچە كىيىم تەقدىم قىلدى. ئىككىنچى كۈنى گۇڭزى چېڭ ھۇنچە كىيىپ ۋۇلىڭۋاڭ بىلەن كۆرۈشتى. شۇنداق قىلىپ، ۋۇلىڭۋاڭ كىيىمنى ئۆزگەرتىپ، ھۇنچە كىيىنىش توغرىسىدا پەرمان چىقاردى.

جاۋۋېن، جاۋزاۋ، جوۋ شاۋ، جاۋجۇنلەر ۋۇلىڭۋاڭغا ھۇنچە كىيىنمەسلىك، ئەسلىدىكى مىزان بويىچە كىيىنىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىپ ئۇنى توسقان بولسىمۇ، لېكىن ۋۇلىڭۋاڭ: «ئالدىنقى بەگلەرنىڭ ئادەتلىرى بىر بىرىسىگە ئوخشىمىسا، قايسى كونا ئادەتنى ئۇدۇم قىلىمىز؟ ئاقساقال خانلار بىر بىرىسىنىڭ تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلىشمىغان تۇرسا، يەنە نېمە دەپ ئۇ كونا قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىمىز؟ لۇشى (虑戏)، شېننۇڭ (神农) لار خەلققە تەلىم-تەربىيە بەرگەن، ئەيىبلىمىگەن؛ خۇاڭدى، ياۋ، شۇنلەر ئەيىبلىگەن، لېكىن غەزەپلەنمىگەن. شۇ دەۋرگە لايىق ئەمر-پەرمانلار ئۆز ۋاقتىدا تۈزۈلگەن. ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ، مۇۋاپىق قائىدە-يوسۇنلار بەلگىلەنگەن. مىزان ۋە پەرمانلار ئەمەلىي ئىشقا مۇۋاپىق بولۇشى، كىيىم-كېچەك، قورال-سايمان ئىشلىتىشكە ئەپلىك بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەلنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئوخشاش ئۇسۇلنى قوللىنىش ھاجەتسىز؛ دۆلەتنى باشقۇرۇشتا ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن، قەدىمكى تەجرىبىلەرگە رىئايە قىلىش ھاجەتسىز. دانىشمەنلەر باش كۆتەرگەندە، ئۆز ئارا بىرىسىگە ۋارىسلىق قىلماستىنلا، ئەلنىڭ ئىشىنى ۋۇجۇتقا چىقارغانىدى. شيا (夏)، يىن (殷) لار ئاجىزلىغاندا، ئەدەپ-قائىدىلەرنى ئۆزگەرتمىگەن بولسىمۇ ھالاك بولدى. دېمەك، كونا ئەدەپ-قائىدىلەرگە خىلاپلىق قىلىشنى ئەيىب-

www.uyghurkitap.com

لەشنىڭ، كونا قائىدىلەرگە رىئايە قىلىشنى مەدھىيىلەشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەگەر غەلىتە، يات كىيىملەرنى كىيگەن ئادەمنىڭ ئىدىيىسى يامان بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا زوۋ (邹)، لۇ (鲁) بەگلىكلىرىدىكى قەدىمكى ئەدەپ-قائىدىلەرگە شۇنچە رىئايە قىلىغان بەگلىكلەردە ئەدەپ-قائىدىلەر بىلەن كېلىشەلمەيدىغان ئادەم بولمىغان بولاتتى. ئەگەر ئۆرپ-ئادەتنى ناچار يەردىكى خەلقلەر يولسىز بولىدۇ دېيىلسە، ئۇ چاغدا، ۋۇ (吴)، يۆ (越) قاتارلىق غەلىتە ئادەتلىك يەرلەردە ياخشى ئادەملەر بولمىغان بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، دانىش-مەنلەر بەدەننى يېپىپ تۇرىدىغان نەرسىنى كىيىم، ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان تەدبىرلەرنى ئەدەپ-قائىدە دەپ ئاتاشقانىدى. كىشىلەر ئارىسىدىكى بېرىش-كېلىش قائىدىسى، كىيىم-كېچەك تۈزۈمى ئاددى خەلقنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە پايدىلىق، لېكىن ئۇ ئارقىلىق دانىشمەنلەرنى باھالىغىلى بولمايدۇ. ئاددى خەلق ئۆرپ-ئادەت بىلەن بىللە ماڭغان؛ دانىشمەنلەر شەيئىلەرنىڭ ئۆز گىرىشىگە ماسلاشقان. شۇڭا، تەمسىللەردە: «كىتابتا كۆرسىتىلگەن چارىلەر بويىچە ھارۋا ھەيدىگەن ئادەملەر ئاتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى تولۇق بىلمەيدۇ؛ قەدىمكى قائىدىلەر بىلەن دۆلەت باشقۇرغان ئادەملەر ئىشنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەپسىلى چۈشەنمەيدۇ» دېيىلگەن. «كونا قائىدىلەرگە ئاساسەن كۆرۈلگەن نەتىجە يەنىلا چاكىنىلىقتىن ئېشىپ كېتەلمەيدۇ؛ قەدىمكى زامان ئىلمى بىلەن ھازىرقى ئەلنى باشقۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. سىلەر ھەرگىز كونىنى تىرىلدۈرۈشنى ئىككىنچى ئوتتۇرىغا قويغۇچى بولماڭلار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھۇنچە كىيىنىشنى يولغا قويۇپ، ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىش ماھىرلىرىنى چاقىرىشقا باشلىدى.

م. ب. 306-يىلى (ۋۇلىڭۋاڭنىڭ 20-يىلى)، ۋۇلىڭۋاڭ لەشكەر **تارتىپ، جۇڭشەن بەگلىكى زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىپ، نىڭجيا غىچە**

بىرىپ، غەربدە ھۇنلارنىڭ يېرىنى بېسۋېلىپ، يۇجۇڭغىچە[29] يېتىپ باردى. لىنخۇ (林胡) لارنىڭ خانى ئادەم ئەۋەتىپ ئات تەقدىم قىلدى. ۋۇلڭۋاڭ ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن، لوخۇەننى چىن (秦) بەگلىكىگە، چيۇيىنى خەن (韓) بەگلىكىگە، ۋاڭ بېننى چۇ (楚) بەگلىكىگە، فۇدىڭنى ۋېي (魏) بەگلىكىگە، جاۋجۆنى چى (齐) بەگلىكىگە ئەۋەتتى. دەي بەگلىكى ۋەزىرى جاۋگۇ، خۇ (ھۇن) لارنى باشقۇردى ۋە ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئالدى.

م. ب. 305-يىلى (ۋۇلڭۋاڭنىڭ 21-يىلى)، ۋۇلڭۋاڭ جۇڭشەن بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. جاۋشاۋ (赵袑) ئوڭ قانات قوشۇن سەركەردىسى، شۇجۇن (许钧) سول قانات قوشۇن سەركەردىسى، بەگزادە جاڭ ئوتتۇرا قوشۇن سەركەردىسى، ۋۇلڭۋاڭ پۈتكۈل قوشۇننىڭ سەركەردىسى بولدى. نيۇجيەن (牛翦) ھارۋىلىق-ئاتلىق قوشۇنلارغا، جاۋشى (赵希) ھۇن (胡) ۋە دەي بەگلىكى قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلدى. جاۋشىنىڭ قوشۇنلىرى جىڭشىڭغا[30] بېرىپ، ھۇن ۋە دەي بەگلىكى قوشۇنلىرى بىلەن چۈياڭدا[31] قوشۇلۇپ، دەنچيۇ،[32] خۇاياڭ[33] ۋە خۇڭشاڭ[34] ئۆتكىلىنى ئىشغال قىلدى. ۋۇلڭۋاڭ باشچىلىقىدىكى قوشۇنلار خاۋيى شەھىرى، شىيى شەھىرى،[35] فېڭلۇڭ[36] ۋە دۇڭيۈەنلەرنى[37] ئىگىلىدى. جۇڭشەن بەگلىكى تۆت شەھەرنى تەقدىم قىلىپ، سۈلھ تەلەپ قىلغاچقا، ۋۇلڭۋاڭ ماقۇل بولۇپ، لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كەتتى.

م. ب. 303-يىلى (ۋۇلڭۋاڭنىڭ 23-يىلى)، ۋۇلڭۋاڭ يەنە جۇڭشەنگە ھۇجۇم قىلدى. م. ب. 301-يىلى (ۋۇلڭۋاڭنىڭ 25-يىلى)، بەگ ئاغىچا خۇيخۇۋ[38] ئۆلدى. ۋۇلڭۋاڭ جوۋشاۋنى ھۇنچە كىيندۈرۈپ، ئۇنى بەگزادە جاۋخېغا ئۇستاز قىلىپ ئەۋەتتى.

م. ب. 300-يىلى (ۋۇلڭۋاڭنىڭ 26-يىلى)، يەنە جۇڭشەن

www.uyghurkitap.com

بەگلىكگە ھۇجۇم قىلىپ، شىمال تەرەپتىن يەن، دەي بەگلىكلىرد-
گىچە، غەرب تەرەپتىن يۇنجۇك، جيۇيۋەنلەرگىچە بېسىۋالدى.
م. ب. 299-يىلى (ۋۇلىڭۋاڭنىڭ 27-يىلى) بەشىنچى ئايدا،
ۋۇلىڭۋاڭ شەرقىي ئوردىدا تەنتەنىلىك ئوردا يىغىنى ئاچتى. شۇنىڭ
بىلەن بىللە بەگلىكنى ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان داغدۇغىلىق مۇراسىم
ئۆتكۈزۈپ، شاھزادە جاۋخېنى بەگ قىلىپ تەيىنلىدى. يېڭى بەگ
زىيارەتگاھقا بېرىپ، ئىبادەت قىلغاندىن كېيىن، بەگلىكنىڭ ئىشلىرىنى
باشقۇرۇشقا كىرىشتى، ئىلگىرىكى تۆرىلەرنىڭ ھەممىسى يېڭى بەگنىڭ
ۋەزىرلىرى بولۇشتى. فېيى يى ۋەزىرلىككە تەيىنلىنىپ ھەمدە يېڭى
بەگنىڭ ئۇستازى بولدى. خۇيۋېنۋاڭ مانا شۇ ئىدى. خۇيۋېنۋاڭ
خۇي بەگ ئانا ۋۇۋا (惠后吴娃)نىڭ ئوغلى. ۋۇلىڭۋاڭ بولسا،
ئۆزىنى بەگ ئاتا (主父) دەپ ئاتايتتى.
بەگ ئاتا ئوغلىغا ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرغۇزۇپ، ئۆزى
ھۇنچە كىيىنىپ، سىپاھ-بەگ، تۆرىلەرنى باشلاپ، غەربىي شىمال-
دىكى ھۇنلارنىڭ زېمىنىنى بېسىۋالدى ھەمدە يۇنجۇڭ-جيۇيۋەندىن
ئۇدۇل جەنۇبقا چۈشۈپ، چىن بەگلىكىگە تۇيۇقسىز زەربە بېرىشنى
ئويلىغاچقا، ئۆزىنى جاۋ بەگلىكىنىڭ ئەلچىسى قىلىپ كۆرسىتىپ،
چىن بەگلىكىگە باردى. چىن بېگى جاۋۋاڭ[39] ئۇقماي قالدى.
لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ ئەلچىنىڭ چىراي-شەكلىنىڭ ئۇلۇغۋار-
لىقى، ئادەتتىكى ۋەزىرلەرنىڭ سالاپىتىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى
سېزىپ، ئىنتايىن ھەيران بولدى ۋە ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىشكە بۇيۇ-
رۇق چۈشۈرۈپ كىشى ئەۋەتتى. بەگ ئاتا بۇ ۋاقىتتا ئىتىنى چاپتۇ-
رۇپ، ئاللىقاچان خەنگۇگۇەن قوۋۇقىدىن چىقىپ كەتكەن ئىدى.
ئەستايىدىل سۈرۈشتە قىلىش ئارقىسىدا، بۇ ئەلچى قىياپىتىگە
كىرىۋالغان كىشىنىڭ بەگ ئاتا ئىكەنلىكى بىلىنىپ، چىنلىقلار ئىنتا-
يىن ھەيران بولدى. بەگ ئاتىنىڭ چىن بەگلىكىگە كىرىشى، ئۆزى

بۋاستە يەرشارائىتنى چارلاش ھەمدە چىن بېگى جاۋۋاڭنىڭ ئادىمگەرچىلىكىنى كۆزىتىش ئۈچۈن ئىدى.

م. ب. 297 ـ يىلى (خۇيۋېنۋاڭنىڭ ئىككىنچى يىلى) بەگ ئاتا يېڭى ئىشغال قىلىنغان يەرلەرنى تەكشۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن، دەي بەگلىكىدىن چىقىپ غەربكە مېڭىپ، شىخېدا لۇفەن خاننى ئۇچرىتىپ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ئۆز ئەسكەرلىرىگە قوشقانىدى.

م. ب. 296 ـ يىلى (خۇيۋېنۋاڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى)، جۇڭشەن بەگلىكى يوقىتىلىپ، جۇڭشەن ھۆكۈمدارى فۇشىغا[40] كۆچۈرۈلدى. شۇڭا، لىڭشوۋچېڭ[41] شەھىرى بىنا قىلىنىپ، شىمالىي تەرەپتىكى يەرلەر بويسۇندۇرۇلغاچقا، دەي بەگلىكىگە بارىدىغان يول راۋانلاشقانىدى.

(ئەسلى كىتاب 1805 ـ 1813 ـ بەتلەر)

* * *

م. ب. 272 ـ يىلى (خۇيۋېنۋاڭنىڭ 26 ـ يىلى) جاۋ بەگلىكى شەرقىي خۇلارنى دەي بەگلىكى زېمىنىدىن قوغلاپ چىقاردى (جاۋ بەگلىكىگە قارشى ئىسيان كۆتەرگەچكە، خۇيۋېنۋاڭ لەشكەر چىقىرىپ، بۇ جايلارنى قايتۇرۇپ ئالدى).

(ئەسلى كىتاب 1821 ـ بەت)

---

[1] جاۋ (赵) ــ قەدىمكى بەگلىك. يېغىلىق دەۋرىدىكى يەتتە كۈچلۈك بەگلىكنىڭ بىرى.

(«سىخەي» 4451 ـ بەت)

[2] داۋۇ (帝大戊) ـ شاڭ خانلىقىنىڭ ئونىنچى خانى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۋەن» 701 ـ بەت)

[3] تاۋلىن (桃林) ــ ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى لىڭ باۋشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربى. شەنشى ئۆلكىسى تۇڭگۇەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى

رايونلارغا توغرا كېلىدۇ.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» تۆتىنچى توم 1780 ـ بەت)

〔4〕 چيەنمۇ (千亩) قەدىمكى يەر ئىسمى. هازىرقى سەنشى ئۆلكىسى جېشۇشيەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى. (تۈزىتىلگەن «سيۇەن» 407 ـ بەت)

〔5〕 لۇمىنگۇڭ (鲁闵公) م.ب. ? ـــ 660) ـــ ئىسمى كەي (开). جۇاڭ ـ گۇڭنىڭ ئوغلى. ئىككى يىل (م.ب. 661 ـ 660) تەختتە ئولتۇرغان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» تۆتىنچى توم 1533 ـ بەت)

〔6〕 يۈەن (原) ـــ قەدىمكى بەگلىك. فامىلىسى جى. ئورنى هازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىنشۈي دېگەن يېرىدە. كېيىن شەرقىقە كۆچۈپ، هازىرقى خېنەندىكى جيۈەننىڭ غەربىگە ئورۇنلاشقان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» تۆتىنچى توم 1781 ـ 1782 ـ بەتلەر)

〔7〕 ‹جاۋ› ۋۇلىنگۋاڭ (赵武灵王) م.ب. ? ـ 295 ـ يىللار) ـــ ئىسمى يۇڭ (雍)، سۇخۇ (肃侯) نىڭ ئوغلى. 27 يىل (م.ب. 325 ـ 299 ـ يىللار) تەختتە ئولتۇرغان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» تۆتىنچى ـ توم 1083 ـ بەت)

〔8〕 شىنگۇڭ ئوردىسى (信宫) ـــ جاۋ بەگلىكى ئوردىسى. ئورنى هازىرقى خېبېي ئۆلكىسى يۇڭنيەن ناھىيىسىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» تۆتىنچى ـ توم 1803 ـ بەت)

〔9〕 فېي يى (肥义) ـــ سۇخۇ دەۋرىدىكى تۆرىلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ (جاۋ) ۋۇلىنگۋاڭنىڭ هۇنچە كىيىنىپ، ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىش ئىشىنى پائال قوللىغۇچى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» تۆتىنچى ـ توم 1803 ـ بەت)

〔10〕 فاڭزى (房子) ـــ «ھەقىقى شەرھ» دە: بۇ «جاۋجۇ ناھىيىسى» دېيىلگەن. ئىلاۋە: بۇ سۆز «防子» دەپمۇ يېزىلغان. ئورنى هازىرقى خېبېي ئۆلكىسى گاۋيى ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» تۆتىنچى ـ توم 1806 ـ بەت)

〔11〕 ۋۇچيۇڭ (无穷) ـــ يەر ئىسمى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» تۆتىنچى ـ توم 1806 ـ بەت)

〔12〕 خۇاڭخۇا (黄华) ـــ «ھەقىقى شەرھ» دە: «خۇاڭخۇا شىخېنىڭ يان

تەرىپىدىكى تاغنىڭ ئىسمى» دېيىلگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» تۆتىنچى ـ توم 1806 ـ بەت)

[13] لۇخۇەن (楼缓) ــ يىغىلىق دەۋرىدىكى مەسلىھەتچى. ئىلگىرى ئۇ، چىن بەگلىكىنىڭ ۋەزىرى بولغان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» تۆتىنچى ـ توم 1806 ـ بەت)

[14] جاڭ (漳) ــ دەريا. سەنشى ئۆلكىسىنىڭ شەرقىدىكى چىڭجياڭ، جۇجياڭ دەريالىرى شەرقىي جەنۇپقا قاراپ ئېقىپ، هازىرقى خېبېي، خېنەن ئۆلكىلىرى چېگرىسىدا جاڭخې دەرياسى بىلەن قوشۇلىدۇ ۋە يەنە شەرققە قاراپ ئېقىپ، دامىن ناھىيىسىدە ۋېيخې دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن» 1865 ـ بەت)

[15] فۇ (滏) ــ دەريا. بۇ هازىرقى فۇياڭ دەرياسى بولۇپ، خېبېي ئۆلكىسى سىشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى فۇشەن تېغىدىن باشلىنىدۇ.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن» 1863 ـ بەت)

[16] لىن (蔺) ــ يەر ئىسمى. هازىرقى سەنشى ئۆلكىسى لىشى ناھىيىسىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» تۆتىنچى ـ توم 1806 ـ بەت)

[17] گولاڭ (郭狼) ــ يەر ئىسمى. ئورنى نامەلۇم.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» تۆتىنچى ـ توم 1806 ـ بەت

[18] رېن (茬) ــ يەر ئىسمى. ئورنى نامەلۇم.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» تۆتىنچى ـ توم 1806 ـ بەت)

[19] لىنخۇلار (林胡) هۇنلارنىڭ بىر تارمىقى. هازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمال قىسىملىرى ۋە هازىرقى ئىچكىي موڭغۇلىنىڭ ئىكجاۋ ئايمىقىنىڭ شەرقىي شىمال رايونلىرىدا ياشىغان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» تۆتىنچى ـ توم 1806 ـ بەت)

[20] شەرقتە خۇلار بار (东有胡人) ــ بۇ يەردە تۇڭگۇسلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» تۆتىنچى ـ توم 1806 ـ بەت)

[21] لۇفەنلەر (楼烦) ــ چۇنچيۇ ۋە يىغىلىق دەۋرىدىكى خانلىق. كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىشقا ماھىر. شەرقتە جاۋ بەگلىكى بىلەن خوشنا بولغان. چىن (秦) بەگلىكىنىڭ

ئاخىرلىرىدا خۇنلارغا تەۋە بولۇپ، خىنەنگە كۆچكەن. قەدىمكى ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى شىكچى، ئۇجەي ناھىيلىرى دائىرىسىدە.

(تۈزىتىلگەن «سىۋەن» 1624 ــ بەت)

[22] گۇڭزى چېڭ (公子成) ــ سۇخۇۋنىڭ ئىنىسى. ۋۇلىڭۋاڭنىڭ تاغىسى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» تۈتىنچى ــ توم 1807 ــ بەت)

[23] ئۇۋيۈ (瓯越) ــ قەدىمكى قەۋم ۋە رايون ئىسمى. گۇاڭدۇڭ، خەيىنەن ئارىلى رايونلىرىنىڭ قەدىمكى نامى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» تۈتىنچى ــ توم 1809 ــ بەت)

[24] چاڭشەن تېغى (常山) ــ يەنى خېڭشەن تېغى (恒山) ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى خۇيىۋەن ناھىيسىنىڭ شەرقىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» تۈتىنچى ــ توم 1810 ــ بەت)

[25] دەي بەگلىكى (代) ــ يېغىلىق دەۋرىدىكى بەگلىك. جاۋشياڭزى تەرىپىدىن يوقىتىلغان. ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى ۋېيشيەن ناھىيىسى ئەتراپىدا.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» تۈتىنچى ــ توم 1810 ــ بەت)

[26] شاڭداڭ (上党) ــ يەر ئىسمى. يېغىلىق دەۋرىدە خەن (韩) بەگلىكى زېمىنى بولۇپ، كېيىن جاۋ بەگلىكىگە تەۋە بولغان. يەنە بىر ئىسمى شاڭدى (上地). چىن دەۋرىدە شاڭداڭ ۋىلايىتى تەسىس قىلىنغان. ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى چاڭجىز شەھىرىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ــ توم 1810 ــ بەت)

[27] ئۈچ خۇ ‹ھۇن› (三胡) ــ «سويىسىن»دا: «لىنخۇلار، لۇفەنلەر، تۇڭگۇسلار ئۈچ خۇ (ھۇن) دېيىلگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» تۈتىنچى ــ توم 1810 ــ بەت)

[28] خاۋيى (鄗邑) شەھىرى ــ چۇنچيۇ دەۋرىدە جىن بەگلىكى شەھىرى ئىدى. يېغىلىق دەۋرىدە جاۋ بەگلىكىگە تەۋە بولغان. ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى بوشياڭ ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا.

(«سىخەي» 4695 ــ بەت)

[29] يۈجۇڭ (榆中) ــ قورۇل ئىسمى. يەنى يۈلىن قورۇلى. يۇشىمۇ

www.uyghurkitap.com

دېيىلىدۇ. قەدىمكى ئۇرنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل جۇڭگىر خوشۇنىدا.

(تۈزىتىلگەن «سىيۋەن» 1608 ـ بەت)

[30] جىڭشىڭ (井陉) تېغى ــ ئۇرنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى جىڭشىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» تۆتىنچى ـ توم 1811 ـ بەت)

[31] چۈياڭ (曲阳) ــ يەر ئىسمى. يېغىلىق دەۋرىدە جاۋ بەگلىكىنىڭ يېرى ئىدى. ئۇرنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ چۈياڭ ناھىيىسى دائىرىسىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» تۆتىنچى توم 1812 ـ بەت)

[32] دەنچيۇ (丹丘) ــ «ھەققىي شەرھ» دە: «بۇشىگجۇ ئايىمىقى دەنچيۇ ناھىيىسى» دېيىلگەن. ئۇرنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى شىگتەي شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى نېيچيۇ ناھىيىسى دائىرىسىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» تۆتىنچى ـ توم 1812 ـ بەت)

[33] خۋاياڭ (华阳) ــ قەدىمكى رايون نامى. خۋاشەن تېغىنىڭ كۈنگەي تەرىپىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. ئۇرنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى چىڭلىن تېغىنىڭ جەنۇبى، سىچۈەن ۋە يۈننەن، گۈيجوۋ ئۆلكىسى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ.

(«سىخەي» 281 ـ بەت)

[34] خۇڭشاڭ (鸿上) ــ «ھەققىي شەرھ» دە: «鸥» ياكى «鸿» يېزىلغان. خۇڭشاڭگۇەن ھازىرقى رۇڭچېڭ شەھىرى بولۇپ، دىڭجوۋ ئايىمىقى تاڭشەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 60 چاقىرىم يىراقلىقتا جايلاشقان. ئەسلى جىن بەگلىكىدىكى خۇڭشاڭگۇەن شەھىرى مانا شۇ.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» تۆتىنچى ـ توم 1812 ـ بەت)

[35] شى يى (石邑) ــ شەھەر. ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىجياجۋاڭ شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» تۆتىنچى ـ توم 1812 ـ بەت)

[36] فېڭلۇڭ (封龙) ــ شەھەر. فېڭلۇڭ تېغى نامى بىلەن ئاتالغان. ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى لۇەنچېڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» تۆتىنچى ـ توم 1812 ـ بەت)

[37] دۇڭيۈەن (东垣) ــ شەھەر. قەدىمكى ئۇرنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى جېڭدىڭ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا.

(تۈزىتىلگەن «سىيۋەن» 1526 ـ بەت)

〔38〕 خۇيخوۋ (惠后) — ۋۇلىگۇاڭنىڭ خوتۇنى، مىڭ ياۋ. بۇ، ۋۇۋا دەپمۇ ئاتالغان بولۇپ، خۇيۋېنۋاڭنىڭ ئانىسى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» تۆتىنچى توم 1812 ـ بەت)

〔39〕 چىن جاۋۋاڭ (秦昭王) — يەنى چىن بەگلىكى بېگى جاۋشياڭۋاڭ (秦昭襄王). ئىسمى زې (则)، يەنە بىر ئىسمى جى (稷). ئۇ چىن بېگى خۇيۋېنۋاڭنىڭ ئوغلى، ۋۇۋاڭنىڭ ئاتا باشقا ئىنىسى بولۇپ، 56 يىل (م. ب. 306 ـ 251 ـ يىللار) تەختتە ئولتۇرغان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» تۆتىنچى توم 1813 ـ بەت)

〔40〕 فۇشى (膚施) — هازىرقى شەنشى ئۆلكىسى يەنئەن شەھىرى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» تۆتىنچى توم 1813 ـ بەت)

〔41〕 لىڭشوۋ چېڭ شەھىرى (灵寿城) — ئورنى هازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ لىڭشوۋ ناھىيىسىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» تۆتىنچى توم 1813 ـ بەت)

تارىخىي خاتىرىلەر 44 ـ جىلد

# ۋېي (魏) بەگلىكى خانىدانى تەزكىرىسى

ۋېي بەگلىكى بەگلىرىنىڭ ئەجداتلىرى بىگوڭ گاۋ (毕公高) نىڭ ئەۋلاتلىرى بولۇپ، جوۋ خانلىقىنىڭ خانلىرى بىلەن ئوخشاش جى (姬) فامىلىلىكتۇر. جوۋ خانى ۋۇۋاڭ جوۋ (纣)نى يوقاتقاندىن كېيىن، بىگوڭ ـ جىگاۋغا بى شەھىرى[1] سۇيۇرغال قىلىنغاچقا، ئۇ فەمىلىسىنى «بى» گە ئۆزگەرتكەنىدى. كېيىن ئەۋلاتلىرى سۇيۇرغالدىن مەھرۇم بولۇپ ئاددى پۇقراغا ئايلانىدى. بەزىلىرى ئوتتۇرا جۇڭگودا تۇرۇپ قالدى. بەزىلىرى بولسا، يات دى قەۋملىرى دىيارىغا ئولتۇراقلاشتى. ئۇنىڭ ئىچىدە بى ۋەن ئىسىملىك بىر ئەۋلادى جىن شيەنگوڭغا خىزمەت قىلدى، م.ب. 661 ـ يىلى (جىن شيەنگوڭنىڭ 16 ـ يىلى) جاۋسۇ جەڭ ھارۋىلىرى ھارۋىكىشى، بى ۋەن جەڭ ھارۋىلىرىنىڭ ئوڭ تەرەپ قوغدىغۇچىسى بولۇپ، شيەنگوڭ قوزغىغان خو[2]، گېڭ[3]، ۋېي بەگلىكلىرىنى يوقىتىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، شيەنگوڭنى قوغدىغاچقا، شيەنگوڭ گېڭ بەگلىكى يەرلىرىنى جاۋسۇغا، ۋېي بەگلىكى يەرلىرىنى بى ۋەنگە سۇيۇرغال قىلىپ، ئىككىسىنى تۆرىلىككە (大夫) تەيىنلىدى...

بى ۋەن سۇيۇرغال ئېلىپ 11 يىلدىن كېيىن، جىن بېگى شيەنگوڭنىڭ ئۆلۈمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنىڭ تۆت ئوغلى ھۆكۈمدارلىق تالىشىپ، جىن بەگلىكىدە ئىچكىي قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى. ئەمما

بى ۋەنىنىڭ ئائىلە جەمەتى تېخىمۇ روناق تېپىپ، ئۆزىگە سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن يەرنىڭ نامى بويىچە، فامىلىسىنى ۋېي دەپ ئۆز-گەرتتى. بى ۋەنىنىڭ ئوغلى ۋوزى...، ئۇنىڭ ئوغلى داۋزى...، ئۇنىڭ ئوغلى ۋېي جياڭ ئىدى.

ۋېي جياڭ جىن داۋگۇڭغا خىزمەت قىلدى. م.ب. 570-يىلى (داۋگۇڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى) بەگلەر ئۇچراشقاندا، داۋگۇڭنىڭ ئىنىسى ياڭگەن تولتۇرغان هارۋا قاتارنى بۇزغاچقا، ۋېي جياڭ ياڭگەنىنىڭ هارۋىكېشىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ. قاتتىق غەزەپلەنگەن داۋگۇڭ: «بەگلەر بىلەن ئۇچرىشىش ئەلنىڭ شەرىپى. بۇگۈنكى كۈندە بولسا، چوڭ يىغىندا ئىنىم هاقارەتلەندى!» دەپ ۋېي جياڭنى ئۆلتۈرمەكچى بولدۇ. بىرسى داۋگۇڭغا نەسىهەت قىلغاچقا، داۋگۇڭ ئاچچىقىدىن يانىدۇ. ئاخىرى ۋېي جياڭنى بەگلىك هاكىمىيە-تىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلەپ، تىنچلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاش توغرى-سىدا ئۇنى رۇڭلار، دىلار بىلەن ئالا قىلىشىشقا ئەۋەتىدۇ. رۇڭ، دى قەۋملىرى شۇنىڭ بىلەن جىن بەگلىكىگە بېقىنىدۇ. م.ب. 562-يىلى (داۋگۇڭنىڭ 11-يىلى) داۋگۇڭ: «مەن سىز ۋېي جياڭنى بەگلىك هاكىمىيىتىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىگەنىدىن تارتىپ سەككىز يىل ئىچىدە توققۇز قېتىم بەگلەر بىلەن ئۇچراشتىم. رۇڭ، دى قەۋمە-لىرىمۇ ياخشىلىنىشىپ بېقىندى. بۇنىڭ هەممىسى ۋېي جياڭ، سىزنىڭ تۆهپىڭىز» دەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا چالغۇ ئەسۋابى ئىنئام قىلىدۇ. ۋېي جياڭ ئۈچ قېتىم تەكەللۇپ بىلەن رەت قىلىپ، ئاندىن قوبۇل قىلىدۇ.

(ئەسلى كىتاب، 1835-1836-بەت)

**ۋېي بېگى ۋۇخوۋ** (魏武侯)[5] م.ب. 388-يىلى (ۋۇخوۋنىڭ توققۇزىنچى يىلى) دىلار كۇەيشۇي[6] دەرياسىدا بىزنىڭ قوشۇنىمىزنى مەغلۇپ قىلدى... (ئەسلى كىتاب 1842-بەت)

خۇيۋاڭ (惠王)[7] م.ب. 352-يىلى (خۇيۋاڭنىڭ 19-يىلى)... سەددىچىن سوقۇلدى، گۇياڭدا[8] قورغان سېلىندى.

(ئەسلى كىتاب 1845-بەت)

---

[1] بىبى (毕邑) — بىبى شەھىرى بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسىدىكى ۋەنئەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىن-سەككىز چاقىرىم كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان. («تارىخىي خاتىرىلەر» تۆتىنچى توم 1835-بەت)

[2] خو بەگلىكى (霍) — قەدىمكى ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى خو شيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» تۆتىنچى توم 1831-بەت)

[3] گېڭ بەگلىكى (耿) — قەدىمكى ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى جىجىڭ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى فېن دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغاقلىرىدا.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» تۆتىنچى-توم 1831-بەت)

[4] ۋېي بەگلىكى (魏) — قەدىمكى ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى رۇيچېڭ ناھىيىسىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» تۆتىنچى توم 1831-بەت)

[5] ۋېي ۋۇخوۋ (魏武侯) — ئىسمى جى (م. ب ؟ — 371-يىللار). ۋېنخوۋنىڭ ئوغلى بولۇپ، 26 يىل (م. ب. 396 — 371-يىللار) تەختتە ئولتۇرغان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» تۆتىنچى توم 1841-بەت)

[6] كۋەيشۇي دەرياسى (浍水) — ھازىرقى نامى كۋەيخې دەرياسى بولۇپ، سەنشى ئۆلكىسى جىجىڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىن باشلىنىپ، غەربىي جەنۇبقا قاراپ ئاقىدۇ ۋە چۈۋۇ، خۇما شەھەرلىرىدىن ئۆتۈپ، فېنخې دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. (تۈزىتىلگەن «سىيۋەن» 1892-بەت)

[7] ۋېي بېگى خۇيۋاڭ (惠王)، م. ب. ؟ — 319-يىللار) — ۋۇخوۋنىڭ ئوغلى. 52 يىل (م.ب. 370 — 319-يىللار) تەختتە ئولتۇرغان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» تۆتىنچى توم 1845-بەت)

[8] گۇياڭ (固阳) — قەدىمكى ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى شىمۇ ناھىيىسى دائىرىسىدە. («تارىخىي خاتىرىلەر» تۆتىنچى توم 1845-بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# تارىخىي خاتىرىلەر 48 ـ جىلد

## چېن شې[1] تەزكىرىسى

**جيايى:** «... چىن خاقانى شىخۇاڭ ئالتە دەۋر بەگلىرى[2] قالدۇرۇپ كەتكەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە كېڭەيتىپ، قامچىسنى ئوينىتىپ ئەلنى قولىغا ئالدى ھەمدە غەربىي جوۋ، شەرقىي جوۋدىن ئىبارەت ئىككى خانلىقنى مۇنقەرز قىلىپ، بەگلىكلەرنى يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن خاقانلىق تەختىگە چىقىپ، ئەلنى تىزگىنلەپ، خەلقنى قاتتىق جازا ـ قانۇنلار بىلەن باستۇرغاچقا، ھەيۋىسى ھەممە ياقنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. ئۇ جەنۇبقا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، بەييۇ قەبىلىلىرىنىڭ يېرىنى بېسىۋېلىپ، گۈيلىن ۋە شياڭجۈن ۋىلايەتلىرىنى تەسىس قىلدى. بەييۇ قەبىلىلىرىنىڭ باش ئاقساقىلى بوينىغا ئارغامچا سېلىپ، ئۆزتەقدىرىنى چىن خانىدانىنىڭ كىچىك ئەمەلدارلىرىغا تاپشۇردى. (چىن شىخۇاڭ) مېڭ تيەننى شىمالغا ئەۋەتىپ، سەددىچىننى سالدۇرۇپ، چېگرا رايونلارنى مۇداپىئە قىلىپ، (مېڭ تيەن) ھۇنلارنى 700 چاقىرىمدىن ئارتۇق يەرگىچە چېكىندۈردى. ھۇنلار جەنۇبقا كېلىپ ئات يايلىتىشقا پېتىنالمايدىغان، لەشكەرلىرىمۇ قورال كۆتىرىپ ئۆچ ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن چىن خاقانى شىخۇاڭ ئۆتكەن بەگلەرنىڭ پەزىلىتىدىن ۋاز كېچىپ، ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆيدۈرۈپ، خەلقنى نادانلىقتا قالدۇردى. ئۇ مەشھۇر شەھەرلەرنى

ۋەيران قىلىپ، تەسىرى بار ئەزىمەتلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئەلدىكى بارلىق قورال-ياراقلارنى يىغىپ ۋە ئۇنى شيەنياڭ شەھىرىدە ئېرىتىپ، تۆمۈردىن 12 ئادەم ھەيكىلى ياساتتى. شۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇردى. ئاندىن خۋاشەن تېغىنى سېپىل، خۋاڭخې دەرياسىنى خەندەك قىلىپ، ئاسمان پەلەك سېپىل، ئىنتايىن چوڭقۇر دەريانى مەزمۇت قورغانغا ئايلاندۇردى. تالانتلىق سەنگۈن-سەركەردىلەرنى كۈچلۈك ئوقيالار بىلەن مۇھىم جايلارنى مۇداپىئە قىلىشقا ئەۋەتىپ، سادىق ئەمەلدارلار ۋە خىل ئەسكەرلەرنى ياخشى قورال-ياراقلار بىلەن قوراللاندۇرۇپ يولۇچىلارنى تەكشۈرۈشكە قويدى» دېگەن.

(ئەسلى كىتاب 1963-بەت)

---

〔1〕 چېن شې (陈涉)، م.ب ?— 208-يىللار) — ياڭچېڭلىق (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى دىڭخۇڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا). چىن خاقانلىقىنىڭ ئاخىرلىرىدا بولغان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى.

(«سىخەي» 981-بەت)

〔2〕 ئالتە دەۋر بەگلىرى (六世) — ئالتە دەۋر بەگلىرى چىن بەگلىردىن شياۋۋاڭ، ۋۇۋاڭ، جاۋشياڭۋاڭ، شياۋۋېنۋاڭ، جۋاڭشياڭۋاڭلاردىن ئىبارەت.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» تۆتىنچى توم 1962-بەت)

〔3〕 بەييۆ (白越) — بەييۆ، يۆ قەبىلىلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى ھەمدە يەرئىسمى. ھازىرقى جياڭسۇ، جېجياڭ، فۇجيەن ۋە گۋاڭدۇڭ قاتارلىق ئۆلكىلەر قەدىمكى زاماندا يۆ قەبىلىلىرى ئولتۇراقلاشقان جايلار ئىدى.

(تۈزىتىلگەن «سىۋەن» 1041-بەت)

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

## تارىخىي خاتىرىلەر 49 ـ جىلد

# شىرەم تۇققانلار تەزكىرىسى

ۋېي زىفۇ[1] خانىشلىققا كۆتىرىلگەندە، ۋېي جاڭجۈن[2] بولسا. ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەنىدى. خاقان ۋۇدى تەرىپىدىن سەنگۈنلىككە تەيىنلەنگەن ۋېي چىڭ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، چاڭپىڭ تۆرىسى مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن. ئۇنىڭ ئۈچ بالىسىغا بوۋاق ۋاقتىدىلا چوڭ تۆرە مەرتىۋىسى بېرىلگەنىدى. خانىش ۋېي زىفۇنىڭ ئاچىسى ۋېي شاۋئېرنىڭ ئوغلى خوچۈبىڭ ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇزغان تۆرە مەرتىۋىسى بېرىلىپ، قىران چەۋەنداز سەنگۈن دەپ نام ئالغانىدى. ۋېي چىڭ بولساچوڭ سەنگۈن دەپ ئاتالدى. ۋېي خانىشنىڭ ئوغلى لىيۇجۈ ۋەلىئەھد بولۇپ، ۋېي جەمەتى كۆرسەتكەن ھەربىي خىزمەتلىرى بىلەن روناق تاپتى. ئۇلاردىن بەش نەپەر ئادەم چوڭ تۆرە مەرتىۋىسىنى ئالدى.

* * *

بالدۇر ئۆلۈپ كەتكەن لى كىچىك خانىشنىڭ ئاكىسى لى يەنىيەن ئەسلىدە ئۇسسۇل سەنئەتچىسى بولۇپ، نەغمە ـ ناۋاغا ئۇستا بولغاچقا، خاقان ۋۇدىنىڭ دىققەت ـ ئېتىۋارىغا ئىگە بولۇپ، نەغمىچى ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. كېيىن ئىنىسى لى جى ئىككىسى خاقاننىڭ كىچىك خوتۇنلىرى بىلەن شەھۋانى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، پۈتۈن جەمەتى قىرىپ تاشلاندى. شۇ چاغدا لى كىچىك

**خانىشىنىڭ ئاكىسى لى گۇاڭلى ئېرشى سەنگۈن بولۇپ، پەرغانە خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىۋاتقانلىقتىن، ئۆلتۈرۈلمەي قالدى. ئېرشى** سەنگۈن پەرغانىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، پايتەختكە قايتتى. خاقان ۋۇدى لى يەننيەننى پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن ئۆلتۈرۈپ تاشلىغانلىقىغا ئېچىنىپ، لى گۇاڭلىنى خەيشى[3] تۆرىلىكىگە تەيىنلىگەنىدى.

(ئەسلى كىتاب 1978 ـ بەت)

---

[1] ۋېي زىفۇ (卫子夫) — ۋېي چىڭنىڭ ئانا بىر سىڭلىسى. خاقان ۋۇدى، پىڭياڭ تۆرىسىنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قېلىپ، ئوردىغا ئېلىپ كىرگەن ۋە كېيىن خانىش قىلغانىدى.

(تۈزىتىلگەن «سىۋەن» 93 ـ بەت)

[2] ۋېي جاڭجۈن (卫长君) — ۋېي چىڭ بىلەن ۋېي ـ زىفۇنىڭ ئانا بىر ئاكىسى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 1979 ـ بەت)

[3] خەيشى تۆرىسى (海西侯) — لى گۇاڭلى خاقان ۋۇدىنىڭ يارلىقى بىلەن پەرغانىگە يۈرۈش قىلغان. پەرغانە غەربىي دېڭىزغا يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن، لى گۇاڭلىغا خەيشى تۆرىسى دېگەن مەرتىۋە بېرىلگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر ئىزاھلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات» 2987 ـ بەت)

## تارىخىي خاتىرىلەر 50 جىلد

# چۇ بېگى يۈەنۋاڭ[1] تەزكىرىسى

لىيۇسۈي 26 يىل جاۋ بەگلىكىنىڭ بېگى بولدى. خاقان جىڭدىغا كەلگەندە، چاۋسو[2] ئۇنىڭ سەۋەنلىكىنى دەستەك قىلىپ، جاۋبەگلىكىنىڭ سۇيۇرغال يېرى چاڭشەن ۋىلايىتىنى سۇيۇرغاللىقتىن ئېلىپ تاشلىدى. ۋۇ ۋە چۇ بەگلىكلىرى ئاسىيلىق قىلماقچى بولغاندا[3]، جاۋبېگى ئۇلار بىلەن بىرلىكتە قوزغالماقچى بولدى. جاۋ بېگى ۋەزىرى جيەندې بىلەن دىۋان بېگى ۋاڭ خەن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىسمۇ، قۇلاق سالماي، بەلكى جيەندې بىلەن ۋاڭ خەننى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈردى ۋە بەگلىكىنىڭ غەربىي چېگرىسىغا ئەسكەر قويۇپ، ۋۇ بەگلىكى قوشۇنلىرى كېلىشى بىلەنلا، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە غەربكە ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. ئۇ يەنە شىمالدىكى ھۇنلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، خەنگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىش ئۈستىدە تەگرىقۇت بىلەن مەسلىھەتلىشىدۇ. خەن خاقانى جىڭدى چۇجوۋ[4] تۆرىسى لى جىنى لەشكەر تارتىپ جاۋ بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، جاۋ بېگى لىيۇسۈي لەشكەرلىرىنى غەربىي چېگرىدىن ياندۇرۇپ كېلىپ، خەندەن شەھىرىدە مۇداپىئە كۆرۈپ، ئىككى تەرەپ يەتتە ئاي تىركىشىپ تۇرىدۇ. بۇ چاغدا ۋۇ بەگلىكى بىلەن چۇبەگلىكىنىڭ ئاسىي قوشۇنلىرى لياڭ بەگلىكىدە پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، غەربكە ئىلگىرىلىيەلمەي قالىدۇ. ھۇنلار ۋۇ،

چۇ بەگلىكلىرىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ھەربىي ھەرىكىتىنى توختىتىپ، خەن خاقانلىقىنىڭ چېگرا قورۇللىرىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشكە پېتىنالمايدۇ.

(ئەسلى كىتاب 1990 - بەت)

---

[1] چۇ بېگى يۈەنۋاڭ (楚元王) — چۇ بېگى ليۇ جياۋ. ئۇ خاقان ليۇباڭنىڭ ئىنىسى ليۇ جاۋنىڭ نەۋرىسى.

(«سىخەي» 4141 - بەت)

[2] چاۋسو (晁错، م.ب. ? — 154 - يىللار) — يىڭچۈەنلىك، خاقان جىڭدى دەۋرىدە ئوردا باش تەپتىش بېگى بولغان. ئۇ بەگلىكلەرنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، مەركەزنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىشنى دەۋەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، بەگلىكلەرنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىغان. بەگلىكلەر خاقان جىڭدىدىن چاۋسونى ئۆلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغاچقا، خاقان جىڭدى بەگلىكلەرنىڭ بېسىم كۈچى ئاستىدا چاۋسونى ئۆلتۈرگەن. چاۋسو ئۆلتۈرۈلۈپ ئون نەچچە كۈندىن كېيىن، ۋۇ، چۇدىن ئىبارەت يەتتە بەگلىك قوزغىلىپ ئاسىيلىق قىلغان.

(«سىخەي» 3194 - بەت)

[3] ۋۇ، چۇ بەگلىكلىرىنىڭ ئاسىيلىق قىلىشى (吴楚谋反) — م.ب. 154 - يىلى (خاقان جىڭدىنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ۋۇبېگى ليۇبى چۇ، جاۋشى، جاۋدۇڭ، زىچۈەن، جاۋدىن ئىبارەت ئالتە بەگلىك بىلەن بىرلىشىپ، چاۋسونى ئۆلتۈرىمىز دېگەن بانا بىلەن ئاسىيلىق قىلغان. كېيىن سەنگون جوۋ يافۇ تەرىپىدىن باستۇرۇلغان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» تۆتىنچى توم 1990 - بەت)

[4] چۈجوۋ (曲周) — ناھىيە، ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىدە.

(«سىخەي» 3162 - بەت)

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# چى (齐) بېگى داۋخۇيىۋاڭ تەزكىرىسى

م. ب. 178 - يىلى (خاقان ۋېندىسنىڭ ئىككىنچى يىلى) چى بەگلىكىنىڭ جىبېي ۋىلايىتى ئايرىم بەگلىك قىلىنىپ، ليۇشىنجۇ جىبېي بېگى، ئەينى ۋاقىتتا ليۇجاڭ[1] چېڭياڭ بەگلىكىگە تەيىنلەنىدۇ. جىبېي بېگى بەگ بولۇپ ئىككىنچى يىلى ئاسىيلىق قىلىدۇ. بۇرۇن خەن خاقانلىقىنىڭ ۋەزىر-بەگلىرى لۈ خانىش جەمەتلىرىنى قىرغاندا، جۇشۈي[2] تۆرىسى ليۇجاڭ ناھايىتى چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەچكە، شۇ ۋاقىتتىلا جاۋ بەگلىكىنىڭ پۈتكۈل يەر-زېمىنىنى جۇشۈ تۆرىسى ليۇجاڭغا، لياڭ بەگلىكىنىڭ پۈتكۈل يەر-زېمىنىنى دۇڭمۇ[3] تۆرىسى ليۇشىنجۇگە سۇيۇرغال قىلىپ، ئىككىسىنى ئىككى بەگلىكنىڭ بېگى قىلىپ تەيىنلەشكە ۋەدە قىلىنغانىدى. ۋېندى تەختكە چىققاندىن كېيىن، جۇشۈ تۆرىسى ليۇجاڭ بىلەن دۇڭمۇ تۆرىسى ليۇشىنجۇنىڭ باشتا چى بېگى (ليۇفى)نى خاقانلىققا تىكلەمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. م.ب. 178 - يىلى (ۋېندىسنىڭ ئىككىنچى يىلى) خاقان ئۆز جەمەتلىرىنى بەگ قىلىپ تەيىنلىمەكچى بولۇپ، چى بەگلىكىدىن ئىككى ۋىلايەتنى ئايرىپ چىقىپ، ليۇجاڭ بىلەن ليۇشىنجۇنى شۇنىڭغا بەگ قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ليۇجاڭ بىلەن ليۇشىنجۇمۇ، ۋەزىپىمىزنى ئادا قىلالمىدۇق، كۆرسەتكەن خىزمىتىمىزنى تۆۋەنلە-

تىشكە تېگىشلىك دەپ قارايدۇ. ليۇجاڭ بەگلىك تەختىگە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كېتىدۇ. هۇنلارنىڭ خەن خاقانلىقى چېگرىدىسىغا زور كۆلەمدە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكىنى، خەن ئوردىسى نۇرغۇن قوشۇن يۆتكەپ، باش ۋەزىر گۇەن يىڭنى هۇنلارغا قارشى يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتكەنلىكىنى ۋە خاقان ۋېندىنىڭ تەيىۋەنگە بارغانلىقىنى ئاڭلىغان ليۇشىنجۇ ۋېندى ئۆزى بىۋاسىتە هۇنلارغا هۇجۇم قىلىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ قاراپ، جىبېيدە قوزغىلىپ ئاسىيلىق قىلىدۇ، ۋېندى جىبېي بېگىنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرهال باش ۋەزىر ۋە قوشۇننى يۈرۈشتىن توختىتىپ، چاڭئەنگە قايتىدۇ ۋە جىپۇ[4] تۆرىسى سەنكۇن سەي ۋۇنى ئەۋەتىپ، جىبېي بېگىنى مەغلۇپ قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئەسىر ئالىدۇ. جىبېي بېگى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. ئۇنىڭغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن بەگلىك قايتۇرۇۋېلىنىپ، ۋىلايەتكە ئايلاندۇرۇلىدۇ.

(ئەسلى كىتاب 2010 ـ بەت)

---

[1] ليۇجاڭ (刘章) ـــ چى بېگى داۋخۇيۋاڭ ليۇفېينىڭ ئوغلى. ليۇشىنجۇ بىلەن قېرىنداش.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى چوڭ قامۇسى» 1466 ـ بەت)

[2] جۇشۇي (朱水) ـــ ناهىيە. ئورنى هازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى لىنچۇ ناهىيىسىنىڭ شەرقىگە توغرا كېلىدۇ.

(تۈزىتىلگەن «سىيۋەن» 1051 ـ بەت)

[3] دۇڭمۇ (东牟) ـــ ناهىيە، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. ئورنى هازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى ۋېندىڭ ناهىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.

(«سىخەي» 106 ـ بەت)

[4] جىپۇ (棘蒲) ـــ يەر ئىسمى. چى بەگلىكىنىڭ چاڭشەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق بولۇپ، سەنكۇن سەي ۋۇ جىپۇ بېگى بولغانىدى.

(«سىخەي» 4451 ـ بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## تارىخي خاتىرىلەر 55 ـ جىلد

# لىيۇخۇ تۆرىسى[1] تەزكىرىسى

**لىيۇ جىڭ** خاقان گاۋدىغا مەسلىھەت بېرىپ: «ئەڭ ياخشىسى، گۇەنجۇڭنى[2] پايتەخت قىلساق» دېگەنىدى، گاۋدى ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمىدى. ۋەزىر- ۋۇزرالارنىڭ ھەممىسى خۇاشەن تېغىنىڭ شەرقىدىكى رايونلاردىن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى گاۋدىغا لوياڭنى پايتەخت قىلىش ھەققىدە مەسلىھەت بېرىپ: «لوياڭنىڭ شەرقىدە چېڭگاۋ[3]، غەربىدە ياۋشەن تېغى[4] ۋە مىڭچى[5] كۆلى بار. كەينى خۇاڭخې دەرياسىغا تاقىشىپ، ئالدى يىشۇي[6] ۋە لوشۇي[7] دەريالىرىغا يۈزلىنىپ تۇرىدۇ. يەرشارائىتى ناھايىتى ئەپلىك ۋە ئىنتايىن ئىشەنچىلىك» دېيىشتى. لىيۇخۇ تۆرىسى جاڭ لياڭ: «لوياڭ مۇنداق ئەپلىك يەر شارائىتىغا ئىگە بولسىمۇ، بىراق، ئۇنىڭ يەر كۆلىمى كىچىكرەك، ئەتراپى ئارانلا نەچچە يۈز چاقىرىم كېلىدۇ. يېرى ئۈنۈمسىز، ھەممە تەرەپتىن دۈشمەننىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ ئۇرۇش قىلىشقا ئەپسىز يەر. گۇەنجۇڭ رايونىنىڭ سول تەرىپىدە ياۋشەن تېغى ۋە خەنگۇ قوۋۇقى، ئوڭ تەرىپىدە لۇڭشەن تېغى ۋە شۇ ۋىلايىتىدىكى مىنشەن تېغى بار. ئوتتۇرىسىدا يەرمەيدانى مىڭلارچە چاقىرىم كېلىدىغان مۇنبەت يېرى بولۇپ، جەنۇبىي تەرىپىدە باجۇن ۋە شۇجۇن ۋىلايەتلىرىدىن چىقىدىغان مول ماددى بايلىقلار بار، شىمالىي تەرىپىدە ھۇن ئاتلىرى يايلاپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچ تەرىپىدىكى

ئەپلىك يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، مۇداپىئە كۆرگىلى، شەرقىي
تەرىپىدىن پايدىلىنىپ، بەگلىكلەرنى تىزگىنلىگىلى بولىدۇ. بەگلىك-
لەر تىنچ بولسا، ئۇلار خۇاڭخې، ۋېيخې دەريالىرىنىڭ ھاۋزىلىرىدىكى
سۇ يوللىرى ئارقىلىق پۈتكۈل ئەلنىڭ ئاشلىقىنى غەربكە توشۇپ،
پايتەختنى تەمىنلەيدۇ؛ مۇبادا، بەگلىكلەردە ئىسيان يۈز بېرىپ
قالسا، ئېقىن بويلاپ مېڭىپ، ئۇلارغا قارشى ئادەم ۋە بايلىق
توشۇشقا بولىدۇ. كونىلار ئېيتقاندەك: ’ئېلىمىز باي، باياشات ۋە
ئەتراپى قورغان بىلەن ئورالغان ئەپلىك جاي دېيىلىدى‘ ليۇجىڭنىڭ
گېپى دۇرۇست» دېدى. شۇنىڭ بىلەن خاقان گاۋدى شۇكۈنىلا
گۇەنجۇڭنى پايتەخت قىلىش ئۈچۈن غەربكە قاراپ ئاتلاندى.
(ئەسلى كىتاب 2043 ــ 2044 ـ بەت)

* * *

لىيۇخوۋ تۆرىسى جاڭ لياڭ گاۋدى لىيۇباڭ بىلەن بىرلىكتە ئاسىي
دەي بېگى چېن شىغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، مايى شەھىرىدە ئاجا-
يىپ ئەقىل كۆرسەتتى. كېيىن يەنە شياۋخېنى باش ۋەزىرلىككە
تەيىنلەش ھەققىدە گاۋدىغا مەسلىھەت بەردى. ئۇ، ئەلنىڭ ئىش-
لىرى توغرىسىدا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، كۆپ قېتىم گاۋدى بىلەن
سەمىمى سۆھبەتلەشتى. بۇ سۆھبەتلەرنىڭ بەزىلىرى دۆلەتنىڭ
مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ـ تۇرماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغانلىقى
ئۈچۈن، تەزكىرىگە كىرگۈزۈلمىدى. شۇ سەۋەپتىن، لىيۇخۇ تۆرىسى
جاڭ لياڭ: «مېنىڭ بىر قانچە ئەجدادىم خەن (韩) بەگلىكىگە
ۋەزىر بولۇپ ئۆتكەن، خەن بەگلىكى چىن بەگلىكى تەرىپىدىن يوقى-
تىلغاندا، نۇرغۇن ئالتۇن قىممىتىگە تەڭ كېلىدىغان بايلىقلىرىمىزنىڭ
چىقىم بولۇشىغا قارىماي، چىن خاقانلىقىنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى
تۇرغان ۋە خەن (韩) بەگلىكى ئۈچۈن قىساس ئېلىپ، پۈتكۈل
ئەلنى ھەيران قالدۇرغان. مانا مەن ھازىر سۆزمەنلىكىم بىلەن

خاقان ھوزۇرىدا ئۇستازلاردىن بولدۇم. 10,000 ئۆيلۈك يەر سۈيۈرغال ئېلىپ، چوڭ تۆرىلىككە كۆتىرىلدىم. بۇ پۇقرالار ئېرىشەلىيدىغان مەرتىۋىلەر ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋە. بۇنىڭدىن بەك مەمنۇنمەن. ئەمدىلىكتە، پانى دۇنيانىڭ ھەممە ئىشلىرىنى تەرك ئېتىپ، چى سۇڭزىنى[8] دوست تۇتىمەن» دېگەن. شۇندىن باشلاپ، ئۇ ئاش-تائام يېمەي، بەدەننى چېنىقتۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىغان. گاۋدى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، لۈخوۋ خان ئانا ليۇخوۋ تۆرىسى جاڭ لياڭدىن بەك مىننەتدار[9] بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى غىزا يېيىشكە ئۈندەپ: «كىشىنىڭ ئۆمرى ئاتقان ئوقتەك تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۆزىنى بۇنچىۋالا قىيناشنىڭ ھاجىتى نېمە؟» دەپ تۇرۇۋالغان. ليۇخوۋ تۆرىسى جاڭ لياڭ ئىلاجىسىز زومۇ-زو تاماقتا ئىلتىپات قىلغانىدى.

(ئەسلى كىتاب 2047 — 2048-بەتلەر)

---

[1] ليۇخوۋ تۆرىسى (留侯) — ليۇخوۋ بەگ جاڭ لياڭ (م.ب ? — 186-يىللار)، چېڭفۇلۇق. بوۋىسى بىلەن دادىسى خەن (韩) بەگلىكىنىڭ ۋەزىرى ئىدى. چىن شىخۇاڭ خەن بەگلىكىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئۇ بىرنەچچە پىدائىلار بىلەن بولاڭسا دېگەن يەردە چىن شىخۇاڭغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانىدى. لېكىن مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان. كېيىن ليۇباڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ، كۆپ خىزمەت كۆرسەتكەن. خەن (汉) خاقانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ليۇخوۋ تۆرىسى قىلىپ تەيىنلەنگەن. ليۇ-يەر ئىسمى، ئورنى ھازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسى پېڭشيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.

(«سىخەي» 2481-بەت)

[2] گۇەنجۇڭ (关中) — رايون ئىسمى. خەنگۇ قوۋۇقىنىڭ غەربى. خەنگۇ قوۋۇقى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى لىڭباۋ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا.

(«سىخەي» 648-بەت)

[3] چېڭگاۋ (成皋) - يەر ئىسمى. ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى

يېڭياڭ ناھىيىسىدىكى سىشۈي بازىرىنىڭغەربىدە.

(«سىخەي» 3784 ـ بەت)

〔4〕 ياۋشەن تېغى (崤山) ـــ ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى شىئەن ناھىيە-سىدىن شەنشى ئۆلكىسى تۇڭگۇەن قوۋۇقىغىچە بولغان جايلاردا.

(«سىخەي» 3508 ـ بەت)

〔5〕 ميەنچى (渑池) ـــ شەھەر ئىسمى. ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى ميەنچى ناھىيىسىنىڭ غەربىدە. شەھەرنىڭ جەنۇبىدا ميەنچى كۆلى بار.

(«سىخەي» 2205 ـ بەت)

〔6〕 يىشۈي (伊水) ـــ دەريا ئىسمى. ئۇ خېنەن ئۆلكىسى لۇشى ناھىيە-سىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن باشلانغان بولۇپ، سۇشيەن، يىچۇەن، لوياڭ قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ، يەنشى دېگەن يەردە لوخې دەرياسىغا قوشۇلىدۇ.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن» 182 ـ بەت)

〔7〕 لوشۈي (雒水) ـــ دەريا ئىسمى. ئۇ شەنشى ئۆلكىسى لونەن ناھە-يىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىن باشلانغان بولۇپ، شەرققە قاراپ ئېقىپ، خېنەن ئۆلكىسىدىكى لونىن، يىياڭ، لوياڭ قاتارلىق جايلاردىن ئۆتىدۇ. ئاخىرى خۇاڭخې دەرياسىغا قوشۇلىدۇ.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن» 182 ـ بەت)

〔8〕 چىسۇڭزى (赤松子) ـــ رىۋايەتلەردىكى بىر پەرىزات.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» تۈزىتىلگەن توم 2048 ـ بەت)

〔9〕 گاۋدى ليۇباڭ لۇ خانىشنىڭ بالىسى ليۇيىڭنى ۋەلىئەھدلىكتىن قالدۇرۇپ، چى كىچىك خانىشنىڭ ئوغلى جاۋ بېگى ليۇرۇينى ۋەلىئەھدلىككە تەيىنلىمەكچى بولغاندا، جاڭ لياڭ خەن گاۋدىغا خىزمەت ئىشلەپ، بۇيىكرە-دىن ياندۇرغان. شۇڭا، لۇ خان ئانا جاڭ لياڭدىن ئىنتايىن مىننەتدار بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## تارىخىي خاتىرىلەر 56 ـ جىلد

# باش ۋەزىر چېن پىڭ تەزكىرىسى

م. ب. 200 ـ يىلى (خەن گاۋدىنىڭ يەتتىنچى يىلى) چېن پىڭ[1] مۇھاپىزەت قوشۇنى قارۇقچى بەگ ئۇنۋانىدا گاۋدى بىلەن بىللە، دەي بەگلىكىدە ئاسىيلىق قىلغان خەن (韩) بېگى خەن شىنگە ھۇجۇم قىلدى. ئاخىرى پىڭچېڭ شەھىرىگە بارغاندا، ھۇنلارنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قېلىپ، يەتتە كۈن ئاچ قالدى. گاۋدى چېن پىڭنىڭ ئەپچىل تەدبىرىنى قوللىنىپ، تەڭرىقۇتنىڭ ئالچىسىدىن پايدىلىنىپ مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدى. گاۋدى مۇھاسىرىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ، بۇ مەخپىي پىلان بولغاچقا، ئادەتتىكى كىشىلەر ئۇقماي قالغانىدى.

(ئەسلى كىتاب 2057 ـ بەت)

---

[1] چېن پىڭ (陈平)، م. ب. ? — 178 ـ يىللار) — ياڭۇۇلۇق. ئاۋۋال جۇبېگى شياڭ يۈ بىلەن خەنگۇ قوۋۇقىدىن ئۆتۈپ، تۇتۇقبەگ بولۇپ تەيىنلەندى ۋە ليۇباڭغا خېلى كۆپ ياخشى مەسلىھەتلەرنى بەردى. خەن خاقانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، چۇنى تۆرىسى دېگەن مەرتىۋىگە ئېرىشتى. خاقان خۇيدى ۋە لۈ خان ئانا دەۋرلىرىدە باش ۋەزىر بولغان بولسىمۇ، لۈ خان ئانا ھاكىم مۇتلەقلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئەلنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشمىدى. لۈ خان ئانا ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ جوۋبو بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، لۈ جەمەتىدىن لۈسەن، لۈلۇ قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرۈپ، ۋېندىنى خاقانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا باش ۋەزىر بولدى.

(«سىخەي» 980 ـ بەت)

# جىياڭ تۆرىسى جوۋ بوخاندانى تەزكىرىسى

جىياڭ[1] تۆرىسى جوۋبو پېيشيەن (沛县) ناھىيىسىدىن... سەدگۈنلىك نامى ئاستىدا گاۋدى بىلەن دەي ۋىلايىتىدە خەن (韩) بېگى ئاسىي خەن شىن (韩信)گە جازا يۈرۈشى قىلىپ، خورېن[2] ناھىيىسىنى ئېلىپ، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ۋۇچۈەن[3] شەھىرىگە باردى ۋە ھۇن چەۋەندازلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ۋۇچۈەننىڭ شىمالىدا مەغلۇپ قىلدى. ئۇ يەنە بۇرۇلۇپلا، تۇڭدى[4] دېگەن يەردە، خەن شىننىڭ ئاسىي قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، قايتىش ۋاقتىدا تەيیۈەن قاتارلىق ئالتە شەھەرنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلدى. جىنياڭ شەھىرىنىڭ بوسۇغىسىدا، خەن (韩) بېگى خەن شىن باشلاپ كەلگەن ھۇن ئاتلىقلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى ۋە جىنياڭنى ئالدى. ئاندىن شاشى[5] دېگەن يەردە خەن شىننىڭ ئاسىي قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، يەنە مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى ۋە 80 چاقىرىم يەرگىچە قوغلاپ زەربە بەردى. قوشۇننى قايتۇرۇپ كېلىپ، لۇفەن خانلىقىنىڭ ئۈچ شەھىرىگە ھەمدە پىڭچېڭ شەھىرىنىڭ بوسۇغىسىدا ھۇن چەۋەندازلىرىغا ھۇجۇم قىلدى. جوۋبو قوماندانلىقىدىكى قوشۇن سەپەردە خاقان گاۋدىنى قوغداپ ماڭغانلىقى ئۈچۈن، تۆھپىسى ئەڭ كۆپ بولغاچقا، جوۋبو لەشكەر بەگلىكىگە كۆتۈرۈلدى.

(ئەسلى كىتاب 2065 ـــ 2069 ـ بەتلەر)

[1] جياڭ (绛) ــ ناھىيە، خەن خاقانلىقى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئورنى بۈگۈنكى سەنشى ئۆلكىسىدىكى خۇما شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.

(«سىخەي» 2684 ـ بەت)

[2] خورېن (霍人) ــ خەن دەۋرىدىكى ناھىيە. قەدىمكى ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى دەيشيەن ناھىيىسى دائىرىسىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 2069 ـ بەت)

[3] ۋۇچۈەن (武泉) ــ شەھەر. «ھەقىقىي شەرھ»دە: «ئومۇمىي جۇغراپىيە مەلۇمات» ناملىق كىتابتا ئېيتىلىشىچە: «ۋۇچۈەننىڭ قەدىمكى شەھەر ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى شۇشيەن ناھىيىسىنىڭ 220 چاقىرىم شىمالىدا» دېيىلگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 2069 ـ بەت)

[4] تۇڭدى (铜鞮) ــ يەر ئىسمى. سەنشى ئۆلكىسى شىنشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 2070 ـ بەت)

[5] شاشى (砦石) ــ يەر ئىسمى. ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى ئىنئۇ ناھىيىسىنىڭ ئەتراپىدا.

(«سىخەي» 3016 ـ بەت)

# ئۈچ بەگ[1] تەزكىرىسى

باش ۋەزىر يەن چىڭدى، باش تەپتىش بېگى جاڭ تاڭلار خەن خاقانى ۋۇدىغا شاھزادىلەردىن ليۇخۇڭ، ليۇدەن، ليۇشۇ لەرنى بەگ قىلىش ھەققىدە يازغان بىرمەلۇماتىدا: «ئالىيلىرى ئۆزى باش بولۇپ، خەير ـ ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلىپ، دانالىق بىلەن ئادالەت يۈرگۈزەتتى. ئەل ئىچىدە مەدەنىيەت ـ ئاقارتىش ئىش ـ لىرىنى يولغا قويۇپ، سىرتقا نىسبەتەن ھەربىي كۈچ ئىشلىتەتتى. ۋاپادارلارنى تەقدىرلەپ، دانىشمەنلەرنى تاللاپ ئىشلىتىش يولىنى كەڭ ـ ئاچقانىدى. يەنە ئەخلاقلىق ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ۋە پۇقرالارنى مۇكاپاتلاپ، زوراۋان ئەلەرگە جازا يۈرۈشلىرى قىلاتتى. خەن خاقانلىقىنىڭ قوشۇنلىرى شىمالدا بايقالغىچە، غەربدە ياۋچى ئېلى، ھۇنلار ئېلى ۋە غەربىي (قۇرىقار) رايونىغىچە يېتىپ بېرىپ، شۇنىڭ بىلەن خەن قوشۇنلىرى پۈتۈن ئەلنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەنىدى. ئات ـ ھارۋا ۋە قورال ـ ياراقلارغا كەتكەن چىقىم ۋە بەگ ـ سىپاھلارغا بېرىلىدىغان ئىنئام خەلقتىن ئېلىنىدىغان باج ـ سېلىق ھېسابىغا بولماي، پادىشالىق خەزىنىسىدىن بېرىلەتتى. ئوردا ئامبارلىرىدىن بېرىلەتتى. ئوردا ئامبارلىرىدىن ئاشلىق چىقىرىپ، كەمبەغەللەرگە ياردەم قىلاتتى، چېگرا مۇداپىئەسىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ يېرىمىنى قىسقارتقانىدى. يات قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك

www.uyghurkitap.com

قايىل بولغان ۋە بويسۇنغانىدى. ئۇلار (خەن خاقانلىقىنىڭ) ئۆز-لىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ ئۆزگەرتىشنى خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلاتتى. ئۆرپ-ئادەتلىرى بىز بىلەن ئوخشىمايدىغان يىراق ئەللەر بىرقانچە خىل تىل تەرجىملىرى ئارقىلىق بىزنى زىيارەت قىلاتتى ۋە باج-خىراج تۆلەيتتى. ئاللىرىنىڭ شان-شەۋكىتى ۋە مېھرىۋان-لىقى چەت-يىراق جايلارغىچە كېڭەيگەن، شۇڭا، ئاجايىپ-غارايىپ هايۋانلار ئېلىپ كېلىنگەن، كۆپ باشاقلىق زىرائەتلەر پەيدا بولغان تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئەل ئارزۇسىنىڭ بىر يەردىن چىققان-لىقى ئىنتايىن روشەن كۆرۈنگەنىدى» دېگەن...

(ئەسلى كىتاب 2108 — 2109-بەت)

* * *

م. ب. 117-يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشوۋ-نىڭ ئالتىنچى يىلى) تۆتىنچى ئاينىڭ بىر كۈنى خاقان ۋۇدى ئوردا باش تەپتىش بېگى جاڭ تاڭنى ئەۋەتىپ، ئىبادەتخانىدا شاھزادە لىيۇدەننى يەن بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن ۋە ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ: «ھە! كىچىك ئوغلۇم لىيۇدەن! بۇ قارا توپىنى(2) قوبۇل قىلغايسەن! مەن ئاتا-بوۋىمىزغا ۋارىسلىق قىلدىم. قەدىمكى قائىدە-يوسۇنغا ئەمەل قىلىپ، بەگلىك قۇرۇش ئۈچۈن، شىمالدا بىر بەگلىكنى ساڭا سۇيۇرغال قىلدىم. خەن خاقانلىقىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادغا مۇھاپىزەت قىلغايسەن. ھۇنلار قېرىلارنى خارلايتتى. نىيىتى قارا، يىرتقۇچ هايۋانلاردەك ياۋۇز ئىدى. ئۇلار چېگرا رايونلاردا ئەسكەلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، چېگرا رايونىمىزغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى. مەن سەنگۈن-سەركەردىلەرنى ئۇلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا بۇيرۇدۇم. ھۇنلاردىن تۈمەن بېگى، مىڭ بېگى ۋە 32 ئاقساقال بايرىقىنى چۈشۈرۈپ، داقا-دۇمباقلىرىنى توختىتىپ، بىزگە تەسلىم بولدى. ھۇنلار شەرققە كۆچكەندىن كېيىنلا، شىمال-

دىكى ئايماق - ۋىلايەتلەر ئاندىن تىنچىدى. سەن جان - دىلىڭ بىلەن ئىشلىشىڭ، يامان ئىشلارنى قىلماسلىقىڭ، ئەخلاقتىن ۋازكەچمەسلىكىڭ ۋە ھەربىي ھازىرلىقنى بوشاشتۇرۇپ قويماسلىقىڭ، ھەربىي تەلىم - تەربىيە كۆرمىگەن ئەسكەرلەرنى قوشۇن بىلەن يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتمەسلىكىڭ كېرەك. ئەلنى قوغداش ۋە خەلقنى ياشىتىشتا ئېھتىياتچان بولمىسا بولمايدۇ! بەگ بولغان ئادەم دائىم ھوشيار تۇرۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە!» — دەپ پەند - نەسىھەت قىلغانىدى.

(ئەسلى كىتاب 2112 - بەت)

* * *

يەن بەگلىكىنىڭ يېرى ئۈنۈمسىز. شىمالىي تەرىپى ھونلارغا تۇتاش. ئۇ يەرنىڭ خەلقى باتۇر بولسىمۇ، ئەمما ئىشنى ئويلىنىپ قىلمايتتى، شۇڭا، خاقان ۋۇدى يەن بېگىنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «ھونلار ۋاپاسىز، ھايۋاندەك قارا نىيەتلىك كېلىدۇ. ئۇلار چېگرا رايونلارغا تاجاۋۇز قىلىپ، خەلقنى تالان - تاراج قىلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىغا جازا يۈرۈشى قىلىش ھەققىدە سەنگۇنگە يارلىق چۈشۈر گەنىدىم. ھونلارنىڭ تۇمەن بېگى، مىڭ بېگى ۋە 32 ئاقساقاللىرىنىڭ ھەممىسى بايراقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، قوشۇنىمىزغا تەسلىم بولدى. ھازىر ھونلار يىراق جايلارغا كۆچۈپ كەتكەچكە، شىمالدىكى ئايماق - ۋىلايەتلەر تىنچىپ قالدى» دېگەن.

(ئەسلى كىتاب 2117 — 2118 - بەت)

---

〔1〕 ئۈچ بەگ(三王) — چى بېگى ليۇخۇڭ، يەن بېگى ليۇدەن ۋە گۇاڭلىڭ بېگى ليۇشۇ.

(«تارىخىي خاتىرىلەر، ئىزاھلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات» 3200 - بەت)

〔2〕 قارا توپا(黑土) — بەگلەرگە سۇيۇرغال بېرىلگەندە، پادىشاھلىق يەر ئىلاھى ئىبادەتخانىسىدا سۇيۇرغال قوبۇل قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلەتتى. سۇيۇرغال يەر شەرقتە بولسا، كۆك توپىنى؛ جەنۇپتا بولسا، قىزىل توپىنى؛

غەربدە بولسا، ئاق توپىنى؛ شىمالدا بولسا، قارا توپىنى؛ يۇقىرى تەرەپتە بولسا، سېرىق توپىنى ئېلىپ، چالاۋ ئوتى بىلەن ئوراپ قوياتتى ۋە يەر ئىلاھى ئىبادەتخانىسىغا قويۇپ قوياتتى. يەن بېگى ليۇدەنىڭ سۆيۈرغال يېرى شىمالدا بولغاچقا، ئۇ قارا توپىنى ئالغان.

(تۈزىتىلگەن «سىۋەن» 2019 ـ بەت)

## تارىخي خاتىرىلەر 62 ـ جىلد

# گۇەن، يەن[1] تەزكىرىسى

چى بېگى خۇەنگۇڭ شىمالدىكى تاغ رۇڭلىرىغا يۇرۇش قىلدى. بۇ ۋاقىتتا گۇەن جۇڭ يەن بېگى جۇاڭگۇڭدىن، يەن بەگلىرىدىن جاۋگۇڭنىڭ سىياسەت، تەلىمات ۋە قانۇن ـ پەرمانلىرىنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى.

(ئەسلى كىتاب 2133 ـ بەت)

---

[1] گۇەن، يەن (管晏) ـــ گۇەن جۇڭ بىلەن يەن ـ يىڭنى دېمەكچى. بۇ ئىككى زات چۈنچيۇ دەۋرىدە چى بەگلىكىنىڭ ئاتاقلىق ۋەزىرلىرىدىن ئىدى.

(«سىخەي» 3195 ـ 4325 ـ بەتلەر)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## تارىخي خاتىرىلەر 68 ـ جىلد

# شاڭ جۈن[1] تەزكىرىسى

**شاڭ جۈن:** «بۇرۇن چىن بەگلىكى رۇڭ ـ دىلار ئۆرپ ـ ئادەت-لىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، بوغۇن پەرقىگە قارىماي، ئاتا ـ بالا بىر ئۆيدە يېتىشاتتى. ھازىر مەن مۇنداق ئۆرپ ـ ئادەتنى ئۆزگەرتىپ، ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى چەك ـ چېگرىسىنى بېكىتتىم ھەمدە ئىلان راۋقىنى لۇ، ۋېي بەگلىرىنىڭكىدەك چوڭ ياساتتىم. سىلىچە، چىن بەگلىكىنى ئىدارە قىلىشتا مەن ۋۇگۇ[2] تۆرىسى بىلەن سېلىشتۇرۇلسام قايسىمىز داناراق ھېسابلىنىمىز؟» دېگەنىدى. جاۋلياڭ: «1000 قوي تېرىسىدىن بىر تۈلكە تېرىسى ئەلا؛ 1000 كىشىنىڭ خۇش ـ خۇشىدىن بىر كىشىنىڭ توغرا ئاشكارا سۆزى ئەلا. جوۇ خانى ۋۇۋاڭ ئاشكارا، توغرا سۆزلۈك ۋەزىر-ۋۇزرالارغا ھۆرمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئەل روناق تاپقان؛ يىن خانى جوۋۋاڭ جىمغۇر، خۇشامەتچى ۋەزىر-ۋۇزرالارنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئەل مۇنقەرز بولۇپ كەتكەن. ئەگەر ئۆزلىرى ۋۇۋاڭنىڭ قىلغىنىنى توغرا دەپ قارايدىغان بولسىلا، كۈن بويى ئاشكارا، توغرا سۆزلىشىمگە يول قويۇپ، مېنى جازالىمىسىلا قانداق؟» دەپ جاۋاپ بەرگەن. شاڭجۈن: «بۇرۇن، يالغان گەپ گۈل كۆرۈنەر، راست گەپ مېۋە بېرەر؛ قۇلاققا ياقمىغان گەپ داۋا، خۇشامەت سۆز بەلا، دېگەن ماقالىلار بار، ئەگەر سىلى ھەقىقەتەن

كۆن بويى توغرا سۆزلەپ تەكلىپ بېرىدىغان بولسىلا، كەمىنە شاڭ ياڭلىرىنىڭ كېسىلىنى ساقايتىدىغان شىپالىق دورا بەرگەن بولىدىلا! ئۆزلىرىنى كۆتمەكچىمەن، ئىمانچىلا تەكەللۇپ قىلىدىلا!» دېگەن. جاۋلياڭ: «ۋۇگۇ تۆرىسى ئەسلىدە، چۇ بەگلىكىدىكى بىر سەھرالىق ئىدى. ئۇ چىن بېگى مۇگۇڭنىڭ ناھايىتى دانىشمەن ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنى زىيارەت قىلغۇسى بولسىمۇ، يول راسخودى بولمىغاچقا، ئۇ چىن بەگلىكىنىڭ سودىگەرلىرىگە يالللىنىپ، قوپال رەختلەردىن قىسقا چاپان كىيىپ، كالا باقىقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان چىن بېگى مۇگۇڭ ئۇنى كالا قوتىنىدىن چاقىرتىۋېلىپ، كىشىلەردىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويغان. مۇنداق پەۋقۇلئاددە مۇئامىلىگە چىن بەگلىكىدە ھېچكىم نارازىلىق بىلدۈرەلمىگەن. ۋۇگۇ تۆرىسى چىن بەگلىكىدە ئالتە-يەتتە يىلچە ۋەزىر بولۇپ، شەرقتىكى جىڭ بەگلىكىگە يۈرۈش قىلغان. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، جىن بەگلىكىگە ئۈچ قېتىم بەگ[3] تىكلەپ، چۇ بەگلىكىنى بالايى-ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرغان. ئۇ ئەل ئىچىدە تەربىيە بىلەن ئاقارتىشنى يولغا قويغاچقا، با(巴) بەگلىكى كىشىلىرى بۇنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، زىيارەتكە كېلىپ، خىراج تۆلىگەن. ئۇ باشقا بەگلىكلەرگە قارىتا ئادالەتپەرۋەرلىكىنى يۈرگۈز-گەچكە، بۇنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا رۇڭلارنىڭ سەككىز خانلىقى (چىن بەگلىكىگە) بەيئەت قىلغان. غەربىي رۇڭلار خانلىقىنىڭ دانىشمەن ۋەزىرى يۇيۇك بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆتكەل-دىن كىرىپ (ۋۇگۇ تۆرىسى بىلەن) كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغان. ۋۇگۇ تۆرىسى چىن بەگلىكىنىڭ ۋەزىرى بولغان مەزگىل ئىچىدە، ھېرىپ-چارچىغاندىمۇ ھارۋىغا چىقمايتتى. تومۇز كۈنلىرىدىمۇ كۈنلۈك كۆتەرگۈزمەيتتى. جايلارنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە، ئات-ھارۋا ۋە خىزمەتچىلەر ئالمايتتى. ئۆزى قورال-ياراق تۇتمايتتى.

www.uyghurkitap.com

شۇ سەۋەپتىن، ئۇنىڭ نامى تارىختا يېزىلىپ، بەگلىك ئارخىپخانىسىدا ساقلانغان؛ ئۇنىڭ ئەخلاقى ۋە پەزىلىتى بولسا، كېيىنكى ئەۋلادلارغا تارقالغان. ۋۇگۇ تۆرىسى ۋاپات بولغاندا، چىن بەگلىكىدىكى ئەر-ئاياللارنىڭ ھەممىسى قاتتىق يىغا-زارە قىلىشقان؛ بالىلار ناخشىلىرىنى، شال ئاقلا ۋاتقانلار ھە-ھۇلىرىنى توختىتىپ قويغانىدى. مانا بۇ، چىن بەگلىكى خەلقىنىڭ ۋۇگۇ تۆرىسىنىڭ مېھرى-شەپقىتىگە بولغان مىننەتدارلىقى ۋە ھۆرمىتىنىڭ ئىپادىسىدۇر!» دېگەنىدى.

(ئەسلى كىتاب 2334-بەت)

---

〔1〕 شاڭ جۈن (商君) — شاڭ ياڭغا بېرىلگەن نام. شاڭ ياڭ (م. ب. 390-338-يىللار) ۋېي بەگلىكىدىن. فامىلىسى گۇڭسۇن، ئىسمى ياڭ. دەسلەپ ۋېي بەگلىكىنىڭ ۋەزىرى گۇڭسۇن زۇ نىڭ ئۆيىدە خىزمەت قىلىپ، كېيىن چىن بېگى شياگوڭغا مەسلىھەتچى بولغان. م. ب. 356-يىلى (چىن شياگوڭنىڭ ئالتىنچى يىلى)، ئۇ سول تۆرە بولۇپ، قانۇن ئۆزگەرتتى. م. ب. 350-يىلى (چىن شياگوڭنىڭ 12-يىلى) ئىككىنچى قېتىم قانۇن ئۆزگەرتتى. كېيىن ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمىتىگە شاڭ دېگەن يەر سۇيۇرغال قىلىنغاچقا، شاڭ جۈن دېگەن نامنى ئېلىپ، شاڭ ياڭ دەپ ئاتالدى. چىن شياگوڭ ئۆلگەندىن كېيىن، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، ھارۋىغا سۆرىتىلىپ، پارچە-پارچە قىلىپ تاشلانغانىدى.

(«سىخەي» 818-بەت)

〔2〕 ۋۇگۇ (五羖) — چىن بەگلىكىنىڭ تۆرىسى بەيلى شىنىڭ لەقىمى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۋەن» 145-بەت)

〔3〕 جىن بەگلىكىگە ئۈچ قېتىم بەگ تىكلەش — بۇنىڭدا چىن بەگلىكىنىڭ م. ب. 637-يىلى جىن بېگى خۇيگوڭنى، م. ب. 636-يىلى جىن بېگى ۋېنگوڭنى، م. ب. 650-يىلى جىن بېگى خۇيگوڭنى تەختكە يۆلەپ چىقارغانلىقى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.*

# سۇچىن[1] تەزكىرىسى

**سۇچىن** غەربىدىكى چىن بەگلىكىگە بارغاندا، چىن بېگى شياۋگۇڭ ۋاپات بولۇپ، چىن بېگى خۇيۋاڭ ئەمدىلا تەختكە چىققان ئىدى. سۇچىن چىن بېگى خۇيۋاڭغا: «چىن بەگلىكى ئەتراپىدا مۇداپىئە ئۈچۈن پايدىلانغىلى بولىدىغان ئەپلىك جايلىرى بار بىر بەگلىك. چوڭ تاغ بىلەن ۋېيشۇي دەرياسى چىن بەگلىكىنى ئوراپ تۇرىدۇ. شەرقىدە دەريا ۋە ئۆتكەللەر[2]، غەربىدە خەنجۇڭ، جەنۇبىدا با (巴) ۋە شۇ (蜀) ۋىلايەتلىرى، شىمالىدا دەي ۋىلايىتى ۋە ئۇ يەردە خۇن ئاتلىرى بار[3]. بۇ يېرى مۇنبەت، يەر شارائىتى ئەپلىك، بايلىقى مول بىر جاي. چىن بەگلىكىنىڭ شۇنچە كۆپ قوشۇن ۋە ئادىمىگە، شۇنچە پىششىق ھەربىي تېخنىكىسىغا تايىنىپ، پۈتۈن ئەلنى ئىگەللەپ، خاقان بولۇپ، پۇقرالارنى ئىدارە قىلغىلى بولىدۇ» دەپ تەكلىپ بەرگەنىدى. چىن بېگى خۇيۋاڭ: «قانات ـ قۇيرۇق يېتىلمىگىچە ئىگىز ئۇچقىلى بولمايدۇ؛ ئەدەپ ـ قائىدىنى بىلمىگىچە (بەگلىكلەرنى ئۆزىگە قارىتىۋالغىلى بولمايدۇ» دەپ جاۋاپ بەرگەن. بۇ ۋاقىت خۇيۋاڭ دەل شاڭ ياڭنى ئۆلتۈرگەن، كەپىدان كىشىلەرنى يامان كۆرىۋاتقان ۋاقىتى بولغاچقا، سۇچىننى ئىشلەتمىگەن.

(ئەسلى كىتاب 2242 ـ بەت)

* * *

سۇ چىن يەنە ۋائىزلىق قىلغىلى يەن بەگلىكىگە بېرىپ، بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت تۇرغاندىن كېيىن، ئۇ يەن بېگى ۋېنخوۋنىڭ قوبۇل قىلىشىغا سازاۋەر بولدۇ. سۇچىن يەنە يەن بېگى ۋېنخوۋغا تەكلىپ بېرىپ: «بەگلىكىنىڭ شەرقىدە چاۋشيەن بىلەن لياۋدۇڭ خانلىقلىرى، شىمالىدا لىن خۇ بىلەن لۇ فەن (هۇن) خانلىقلىرى، غەربىدە يۈنجۇڭ بىلەن جيۈيۈەن ۋىلايەتلىرى، جەنۇبىدا خوتۇ[4] بىلەن يىشۇي[5] دەريالىرى بولۇپ، ئەتراپى 2000 كۋادىرات چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدۇ. يەن بەگلىكىنىڭ بىر نەچچە 100,000 ساۋۇتلۇق سىپاھ ـ بەگلىرى، 600 جەڭ هارۋىسى ۋە 6000 جەڭ ئېتى بولۇپ، بىر نەچچە يىلغا يېتەرلىك ئوزۇقى بار. بەگلىكنىڭ جەنۇبىدا جېشى، يەنمېن دېگەن جايلارنىڭ مول بايلىقى، شىمالىدا بولسا، چىلان ۋە كەستانە دەرەخلىرى بولۇپ، پۇقرالار تېرىقچىلىق قىلمىسىمۇ، چىلان ۋە كەستانە بىلەنلا جان بېقىۋېرىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن ئەپلىك ۋە باياشات جايدۇر!» دېگەن.

(ئەسلى كىتاب 2243 ـ بەت)

* * *

سۇدەيىنىڭ[6] يەن بېگى جاۋۋاڭغا سۇنغان مەكتۇبىدا: «يەن بەگلىكى 10,000 جەڭ هارۋىسىغا ئىگە چوڭ بىر بەگلىك تۇرۇغلۇق، ئۆز بەگزادىسىنى چى بەگلىكىگە تۇرغاق قىلىپ بەرگەچكە، ئابرويى چۈشۈپ، هوقۇقىمۇ كىچىكلەپ كەتتى. 10,000 جەڭ هارۋىسى چىقىرىپ، چى بەگلىكىنىڭ سۇڭ بەگلىكىگە هۇجۇم قىلىشىغا ياردەم بەرگەنلىكتىن، خەلق چارچاپ هالىدىن كەتتى. بايلىقىمۇ خوراپ تۈگىدى؛ سۇڭ بەگلىكىنى مەغلۇپ قىلىپ، چۇ بەگلىكىنىڭ خۇەيبېي رايونى ۋەيران قىلىنغاچقا، ئۆزىگە دۈشمەن بولغان چى بەگلىكى كۈچىيىپ كېتىۋالدى. يەن بەگلىكى بولسا، زىيان تارتتى. مانا بۇ



www.uyghurkitap.com

ئۈچ ئىش يەن بەگلىكىنىڭ زور مەغلۇبىيىتى. ئۈزلىرىنىڭ مۇنداق قىلىشلىرى چى بېگىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىدى. ئىراق چى بېگى بولسا، سىلىگە ئېخىمۇ ئىشەنمەيدىغان بولۇپ، يەن بەگلىكىگە تېخىمۇ ئۆچمەنلىك قىلماقتا. بۇ سىلىنىڭ پىلانلىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. سۇڭ بەگلىكى بىلەن خۇەيبېي قوشۇلغاندا، 10,000 جەڭ ھارۋىسىغا ئىگە كۈچلۈك بىر بەگلىك بولىدۇ. ھالبۇكى، چى بەگلىكى ئۇنى يۇتۇۋەتتى. بۇ يەنە بىر چى بەگلىكى قوشۇلدى دېگەنلىكتۇر؛ شىمالدىكى يات مىللەت خانلىقىنىڭ يەر مەيدانى 700 كۋادىرات چاقىرىم بولۇپ، ئۇ، لۇ بەگلىكى ۋە ۋېي بەگلىكى بىلەن بىرلەشكەندە، 10,000 جەڭ ھارۋىسىغا ئىگە كۈچلۈك بىر بەگلىككە تەڭ بولىدۇ. ۋاھالەنكى، چى بەگلىكى ئۇنىمۇ يۇتۇۋالدى. دېمەك، بىر چى بەگلىكىگە ئىككى چى بەگلىكى قوشۇلدى دېگەن سۆز؛ بىر كۈچلۈك چى بەگلىكىدىن شۇنچىلىك قورقۇپ، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالمىغان يەن بەگلىكىگە ئەمدىلىكتە ئۈچ چى بەگلىكى ھۇجۇم قىلسا (يەن بەگلىكىنىڭ)، بېشىغا بالايى-ئاپەت كېلىپلا قالدى، دېگەن سۆز» دېيىلگەنىدى.

(ئەسلى كىتاب 2269 - بەت)

---

[1] سۇچىن (苏秦) — لوياڭلىق. ئۇ يەن بېگى جاۋۋاڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن چى بەگلىكىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىشقا بېرىپ، چى بېگى مىنۋاڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا، چى بەگلىكىنىڭ ۋەزىرى بولۇۋالغانىدى. كېيىن بەش بەگلىك بىرلىشىپ، چى بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇ ئاشكارىلىنىپ، ئۆلتۈرۈلگەن.

(«سىخەي» 1286 - بەت)

[2] دەريا ۋە ئۆتكەللەر (关河) — بۇ يەردە خەنگۇ قوۋۇقى، پۇجىن قوۋۇقى، لۇڭمېن قوۋۇقى، ياڭگۇەن قوۋۇقى ۋە خۇاڭخې دەرياسى، ۋېيشۇي دەرياسى قاتارلىقلار نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 5 - توم 2242 - بەت)

〔3〕 ھۇن ئاتلىرى بار (北有代马) — دەي ۋىلايىتى ھۇنلار ئېلى بىلەن تۇتاشقانلىقى ئۈچۈن، شۇ يەردە ھۇن ئاتلىرى بار؛ (ئۇرۇش يۈز بېرىپ قالسا، ھۇن ئاتلىرىدىن پايدىلانغىلى بولىدۇ، دېمەكچى)

(«تارىخىي خاتىرىلەر» بەشىنچى توم 2243 ـ بەت)

〔4〕 خۇتو (滹沱) — دەريا. سەنشى ئۆلكىسى فەنچى ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى تەيشى تېغىدىن باشلانغان بولۇپ، شەرققە ئېقىپ، تيەنجىنگە بارغاندا دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» بەشىنچى توم 2243 ـ 2244 ـ بەت)

〔5〕 يىشۈي (易水) — دەريا. خېبېي ئۆلكىسى يىشيەن ناھىيىسىدىن باشلانغان بولۇپ، ئاخىرى بېرىپ جۈما دەرياسىغا قوشۇلىدۇ.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» بەشىنچى توم 2243 ـ 2244 ـ بەت)

〔6〕 سۇدەي (苏代) — يىغىلىق دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق دانىشمەنلىرىدىن بولۇپ، سۇچىننىڭ ئىنىسى. يەن بەگلىكىگە خىزمەت قىلغان.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى چوڭ قامۇسى» 1776 ـ بەت)

# جاڭ يى[1] تەزكىرىسى

يىچۇ[2] ھۆكۈمدارى ۋېي بېگى بىلەن كۆرۈشىدۇ. جاڭ يىنىڭ يەنە چىن بەگلىكى ۋەزىرى بولغانلىقىنى ئاڭلىغان كەركىدان سەركەردە گۇڭسۇن يەن ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولۇپ، يىچۇ ھۆكۈمدارىغا: «سىلەر ناھايىتى يىراقتا، ئىككىنچى كۆرۈ-شەلمەيمىز. مەن سىلىگە بەزى ئەھۋاللارنى ئېيتىپ قوياي» دەيدۇ ۋە «ئەگەر ئوتتۇرا جۇڭگودىكى باشقا بەگلىكلەر بىلەن چىن بەگلىكى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولمىسا، چىن بەگلىكى ئوت قويۇپ كۆيدۈ-رۈپ، ئەللىرىنى ئاياق ئاستى قىلىدۇ ۋە ئۆزىگە باغلىۋالىدۇ؛ ئەگەر ئوتتۇرا جۇڭگودىكى باشقا بەگلىكلەر بىلەن چىن بەگلىكى ئوتتۇرى-سىدا ئۇرۇش بولسا، چىن بەگلىكى كۆپ سوغا ـ سالاملار بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىنىڭ بەگلىكلىرىدىن ياردەم سورايدۇ» دەيدۇ. كېيىن چۇ، ۋېي، چى، خەن، جاۋ بەگلىكلىرىدىن ئىبارەت بەش بەگلىكنىڭ بىرلەشمە قوشۇنلىرى چىن بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلغانىدى. بۇ چاغدا چېن جېن[3] چىن بېگى خۇيۋاڭغا: «يىچۇ ھۆكۈمدارى بەدەۋى قەۋملەرنىڭ دانىشمەن ھۆكۈمدارى. ئۇلۇغ بېگىم! قىممەتلىك سوغا ـ سالاملار بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالغانلىرى ياخشى بولارمىكىن» دېگەندە، چىن خۇيۋاڭ ماقۇل بولۇپ، يىچۇ ھۆكۈمدارىغا 1000 توپ گۈللۈك ئىپەك رەخت، تاللانغان 100

نەپەر گۈزەل قىز تەقدىم قىلدۇ. يىچۇ ھۆكۈمدارى ۋەزىرلەرنى يىغىپ كېڭەشىپ: «بۇ دەل گۈگسۈن يەنىنىڭ ئېيتقىنى ئەمەسمۇ؟» دەيدۇ. شۈنىڭ بىلەن لەشكەر تارتىپ چىن بەگلىكىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، لىبو شەھىرى بوسۇغىسىدا چىنلىقلارنى مەغلۇپ قىلدۇ.

(ئەسلى كىتاب 2303 ـ بەت)

---

[1] جاڭ يى (张仪)، م. ب. ? ـــ 309 ـ يىللار) ـــ يېغىلىق دەۋرىدىكى ۋېي بەگلىكىدىن. بىرلىشىشنى تەشەببۇس قىلغۇچى ئادەم. چىن بېگى خۇيۋاڭغا ۋەزىر بولغان. بىرلىشىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئالتە بەگلىكنى قايىل قىلىپ، ئالتە بەگلىكنى شەرتنامىنى بۇزۇپ، چىن بەگلىكىگە خىزمەت قىلىشقا كۆندۈرگەن. چىن بېگى خۇيۋاڭ ئۆلگەندىن كېيىن ۋۇۋاڭ تەختكە چىقىدۇ. ئالتە بەگلىكنىڭ بەگلىرى ۋۇۋاڭنىڭ جاڭ يىغا ئىشەنمەيدىـ غانلىقىنى بىلىپ، يەنە قايتا بىرلىشىپ چىن بەگلىكىگە قارشى تۇرىدۇ. جاڭ يى چىن بەگلىكنى تاشلاپ ۋېي بەگلىكىگە كېتىدۇ. بىر يىل ۋېي بەگلىكىنىڭ ۋەزىرى بولغاندىن كېيىن ئۆلىدۇ.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 2279 ـ بەت)

[2] يىچۇ (义渠) ـــ چۇنچيۇ دەۋرىدە بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ چىنياڭ، جىنچۈەن قاتارلىق جايلىرىدا ياشىغان كۆچلۈك بىر مىللەت بولۇپ، يىچۇ خانلىقىنى قۇرغان. يېرى چىن بەگلىكى بىلەن تۇتاش ئىدى.

(«سىخەي» 751 ـ بەت)

[3] چېن جېن (陈珍) ـــ يېغىلىق دەۋرىدىكى مەسلىھەتچى. چى، چىن قاتارـ لىق بەگلىكلەردە مەنسەپدار بولغان.

(«جۇڭگو كىشى ئىسملىرى چوڭ قامۇسى» 1092 ـ بەت)



www.uyghurkitap.com

# چۇلىزى[1]، گەن ماۋ[2] تەزكىرىلىرى

چىن بېگى خۇيۋاڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ۋەلىئەھد يىڭ داڭ تەختكە چىقىپ ۋۇۋاڭ[3] بولىدۇ ۋە جاڭيى، ۋېيجاڭ[4] لارنى قوغلاپ چىقىرىپ، چۇلىزى بىلەن گەن ماۋلارنى سول قول ۋەزىر، ئوڭ قول ۋەزىر قىلىپ تەيىنلەيدۇ. چىن بېگى ۋۇۋاڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن گەن ماۋ خەن (韩) بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىپ، يىياڭنى بېسىۋالىدۇ؛ چۇلىزى بولسا، 100 جەڭ ھارۋىسى بىلەن جوۋ خانلىقىغا بارىدۇ. جوۋ خانى نەنۋاڭ[5] ئالدىغا ئەسكەر چىقىرىپ، ئۇنى ھۆرمەت بىلەن قارشى ئالىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان چۇ بېگى خۇيۋاڭ بەك خاپا بولۇپ، چىن بەگلىكىدىن بارغان مېھمانلارنى بەك ھۆرمەتلەپ كەتتى، دەپ جوۋ خانىنى ئەيىبلەيدۇ. يوۋتېڭ جوۋ خانىنى ئاقلاپ، چۇ بېگىگە تەسەللى بېرىپ: «بۇرۇن جىبو[6] چوۋ يوۋ[7] خانلىقىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغاندا، ئاۋال چوۋ يوۋ خانىغا ھارۋا سوغا قىلىپ، ئارقىدىنلا قوشۇن بىلەن ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى. چوۋ يوۋ خانلىقى شۇنىڭ بىلەن مۇنقەرز بولغانىدى. جىبو نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلدى؟ چۈنكى، ئۇ چوۋ يوۋ خانلىقىنىڭ مۇداپىئەسىز ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق غەلىبە قىلىشنى مەقسەت قىلغان. چى بېگى خۋەنگۇڭ سەي بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىش ۋاقتىدا، كۆرۈنۈشتە چۇ بەگلىكىگە جازا يۈرۈشى قىلىمىز دەپ، ئەمەلىيەتتە سەي بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلدى.

بۈگۈن ئىنتايىن ياۋۇز، ۋەھشى ھېسابلانغان چىن بەگلىكىنىڭ چۇلىزىنى 100 ھارۋىسى بىلەن جوۋ خانىدانىغا ئەۋەتكەنلىكى، جوۋ خانىدانىغا چوۋ يوۋ خانلىقى بىلەن سەي بەگلىكىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلغانلىقىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن جوۋ خانى ئۇزۇن نەيزىلىك ئەسكەرلەرنى ئالدىدا، ئوستا ئوقياچىلارنى كەينىدە تۇرغۇزغان. نامدا چۇلىزىنى قوغداۋاتقان، ئەمەلىيەتتە، ئۇنى نەزەر بەنت قىلغانىدى. دېمەك، ئۆز ئېلىنىڭ ئىستىقبالىدىن نىمە دەپ ئەنسىرىمەيدۇ؟ جوۋ خانى مۇبادا، ئېلىم مۇنقەرز بولۇپ كەتسە، چۇ بېگى غەمكىنلىكىدە چۈشۈپ قالىدۇ، دەپ «ئەندىشە قىلغان» دەيدۇ. چۇ بېگى بۇنى ئاڭلاپ خوشال بولۇپ كەتكەنىدى.

(ئەسلى كىتاب 2308 ـ بەت)

* * *

ۋېي بېگى ۋېيخوۋ[8] يۆ ياڭنى[9] قوشۇن بىلەن جۇڭشەن خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. (يۆياڭ) ئۈچ يىل ھۇجۇم قىلىپ، ئاندىن جۇڭشەن خانلىقىنى بېسىۋالدى.

(ئەسلى كىتاب 2312 ـ بەت)

---

〔1〕 چۇلىزى (樗里子) م. ب. ؟ ـ 300 ـ يىللار) ــ چىن بېگى خۈيۋاڭنىڭ ئاتا بىر ئىنىسى. فامىلىسى يىڭ، ئىسمى جى، چۇلى دېگەن يەردە تۇرغانلىقى ئۈچۈن، چۇلىزى دەپ ئاتالغان.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن» 1620 ـ 2092 ـ بەتلەر)

〔2〕 گەن ماۋ (甘茂) ــ شياسەي دېگەن يەردىن. چىن بەگلىكىنىڭ ۋەزىرى بولۇپ ئىشلىگەن.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن» 1620 ـ 2092 ـ بەتلەر)

〔3〕 چىن بېگى ۋۇۋاڭ (秦武王) ــ خۈيۋېنجۇننىڭ ئوغلى. ئىسمى داڭ (荡) بەگ بولغىنىدىن كېيىن، چۇلىزى بىلەن گەن ماۋ سول قول ۋە ئوڭ قول ۋەزىرلىرى بولغان. ھۆكۈمدارلىق دەۋرىدە قوشۇن بىلەن گەن

ماۋنى ئەۋەتىپ يىياڭنى ئالغان. پالۋان بولغىنى ئۈچۈن، پالۋان مىڭ يۈ بىلەن كۆچ سىنىشىپ ئىسرىقدان كۆتەرگەندە، لىپىگى چىقىپ كېيىن ئۆلگەن. جەمئى تۆت يىل سەلتەنەت سۈرگەنىدى.

[4] ۋېي جاڭ (魏章) — ئاۋال ۋېي بەگلىكىنىڭ سەركەردىسى ئىدى. كېيىن چىن بەگلىكىنىڭ ۋەزىرى بولۇپ خىزمەت قىلغان.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن» 1050 ـ بەت)

[5] جوۋ خانى نەنۋاڭ 周赧王 م. ب. ? ـ 256 ـ يىللار) — ئىسمى جى يەن. 259 ـ يىلى خان بولغان. م. ب. 256 ـ يىلى چىن بەگلىكى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن» 508 ـ بەت»

[6] جىزبو (知伯)، م. ب. ? ـ 453 ـ يىللار) — دادىسىنىڭ تۈنجى بالىسى بولغانلىقتىن، جىزبو دەپ ئاتالدى. چۈنچيۇ دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا جىن بەگلىكىنىڭ چوڭ ئەمەلدارى بولۇپ، كېيىن جاۋ، خەن، ۋېي بەگلىكلىرىنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى تەرىپىدىن يېڭىلىپ ئۆلتۈرۈلگەنىدى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 4 ـ توم 1685 ـ بەت)

[7] چوۋيوۋ (仇犹) — «شەرھىلەر توپلىمى» دا شۇي شىن: «چوۋ يوۋ ـ دىلارنىڭ خانلىقى»دېگەن. «ھەقىقى شەرھ» «جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دىن نەقىل كەلتۈرۈپ: «بىڭجوۋ ئايمىقىدىكى يۇشيەن ناھىيىسى (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى ياڭچۇەن شەھىرى) نىڭ ئەتراپى يۈەنچوۋشەن دەپ ئاتىلاتتى. يەنە بىر ئىسمى چوۋيوۋ بولۇپ، يات مىللەت — دىلارنىڭ خانلىقى ئىدى»دەيدۇ. «خەن فېيزى. لىنشا ھەققىدە» دېگەن كىتابتا: «جىزبو چوۋ يوۋ خانلىقىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولسىمۇ، لېكىن يولى خەتەرلىك قىيىن بولغاچقا، جىزبو چوڭ بىر قوڭغۇراق قۇيدۇرۇپ، چوڭ ھارۋىغا سېلىپ، چوۋ يوۋ خانلىقىغا سوغا قىلىپ ئەۋەتىدۇ (بۇنى ئاڭلىغان)، چوۋ يوۋ خانى ئىنتايىن خوشال بولۇپ، جىزبونىڭ سوغىسىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن، ئادەملىرىگە يول ياستىدۇ. چوۋيوۋ خانلىقىنىڭ ۋەزىرى چىجاڭمەنجى (赤章曼支) تەكلىپ بېرىپ: 'بۇنى ئېلىشقا بولمايدۇ. كىچىك ئەل چوڭ ئەلگە سوغا قىلىشى كېرەك ئىدى. ھازىر بولسا، چوڭ ئەل كىچىك ئەلگە سوغا قىلماقتا. سوغىسىنىڭ كەينىدىن چوقۇم قوشۇن كېلىدۇ. شۇڭا بۇنى ئالماسلىقىمىز كېرەك، دېسىمۇ، چوۋيوۋ خانى ئاڭلىماي، چوڭ قوڭغۇراق بىلەن چوڭ

هارۋنى قوبۇل قىلدۇ. چىجاڭمەنجى هارۋنىڭ چاقىنى سۇندۇرۇۋېتىپ، ئاندىن ئاتلىنىپ قاچىدۇ. 19 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، جوۋيۇ خانلىقى جىن بەگلىكى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنىدۇ» دەپ يېزىلغاندى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» بەشىنچى توم 2309 ـ بەت)

[8] ۋېي ۋېنخوۇ 魏文侯، م. ب. ؟ ـ 387 ـ يىللار) ـــ ئىسمى سى (斯) بولۇپ، ۋېي خۇەنزى (魏桓子) نىڭ نەۋرىسى (بىر رىۋايەتتە ئوغلى). 38 يىل (م. ب. 424 ـ 387 ـ يىللار) سەلتەنەت سۈرگەن.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى چوڭ قامۇسى» 1733 ـ بەت)

[9] يۆياڭ (乐阳) ـــ يېغىلىق دەۋرىدىكى ۋېي بەگلىكىنىڭ چوڭ سەركەردىسى.

(تۈزگۈچىلەردىن «سىيۈەن» 1627 ـ بەت)

## تارىخي خاتىرىلەر 80-جىلد

# يۆ يى تەزكىرىسى

يۆ يىنىڭ بوۋىسى يۆياڭ بولۇپ، يۆياڭ ۋېي بېگى ۋېنخوۋنىڭ چوڭ سەركەردىسى بولغاندا، قوشۇن بىلەن جۇڭشەن خانلىقىنى بېسۋېلىپ، چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەنىدى. شۇڭا ۋېي بېگى ۋېنخوۋ لىڭشوۋ[1] ناھىيىسىنى يۆ ياڭغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن. يۆياڭ ئۆلگەندىن كېيىن شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. شۇندىن ئېتىۋارەن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بۇ يەرگە ئورۇنلىشىپ قالغانىدى. جۇڭشەنلىكلەر ئۆزۈن ئۆتمەي ئۆز خانلىقىنى يەنە ئەسلىگە كەلتۈردى. جاۋ بېگى ۋۇلىڭۋاڭ دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇ يەنە قوشۇن ئەۋەتىپ، جۇڭشەن خانلىقىنى قايتىدىن يوقاتتى. يۆ ياڭ جەمەتىدىن يۆيىدەك ئىختىساسلىق كىشى چىققانىدى.

(ئەسلى كىتاب 2427-بەت)

*　　　*　　　*

«ھەقىقى شەرھ»نىڭ: «خاتىرىلىرى» دە مۇنداق يېزىلغان: «يەن بېگى جاۋۋاڭ[2] گوۋېيدىن[3]: «بەگلىكىمىزنىڭ يەر مەيدانى كىچىك، نوپۇسى ئاز، چى بەگلىكى جى[4] قاتارلىق 8 شەھەرنى تارتىۋالدى. خۇن ئاتلىق ئەسكەرلىرى لۇفەن خانلىقىنىڭ شەھىرى سىرتىدا ئات چاپتۇرۇپ يۈرمەكتە. مەندەك قابىلىيەتسىز ۋە ئەخلاقسىز بىر كىشى بەگلىك ئورۇنىنى ئىگەللەپ كېتىۋەرسە، بەگلىكىمىز

خەۋپكە ئۇچراپ قالارمىكىن. ئۆزلىرىنىڭ يەن بەگلىكىنى مۇھاپىزەت قىلغۇدەك بىرەر ئامالىلىرى بارمىكىن؟» دەپ سورىغانىدى. گوۋبى: «خاقانلىق قۇرىدىغان خاننىڭ ۋەزىرلىرى نامدا ۋەزىر بولىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە خاننىڭ دانىشمەنلىرى بولىدۇ؛ خانلىق قۇرىدىغان بەگنىڭ ۋەزىرلىرى نامدا ۋەزىر بولىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بەگنىڭ دوستى بولىدۇ؛ ھۆكۈمدارنىڭ ۋەزىرلىرى نامدا ۋەزىر بولىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمدارنىڭ مالىيى بولىدۇ؛ قىيىن-خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بەگلىكنىڭ ۋەزىرلىرى نامدا ۋەزىر بولىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بەگلىكنىڭ ئەسىرلىرى بولىدۇ. جانابلىرى ھازىر شەرقتە يۈزلىنىپ ۋەزىر ئىزدەش مەقسىتىدە كۆز ئىشارىتى قىلىدىغان بولسىلا، ئۇ ھالدا، مالاي بولۇشقا لايىق كىشىلەر كېلىدۇ؛ ئەگەر تەختتە جەنۇبقا قاراپ ئولتۇرۇپ، ساھىپخانىنىڭ مېھمانلار بىلەن كۆرۈشۈش يولىدىكى ئەدەپ-قائىدىلەر بويىچە ۋەزىر ئىزدەيدىغان بولسىلا، ئۇ ھالدا ۋەزىر بولۇشقا لايىق كىشىلەر ئۆزلىرىگە كېلىدۇ. ئەگەر شىمالغا يۈزلىنىپ، ئۆز ھوقۇقلىرى، ھەيۋىلىرىگە تايانماي، باراۋەر بولۇشتەك قائىدە-يوسۇن بىلەن ۋەزىر ئىزدەيدىغان بولسىلا، ئۇ ھالدا ئۆزلىرى بىلەن دوست بولۇش كويىدا بولغان كىشىلەر كېلىدۇ؛ غەربكە يۈزلىنىپ كەمتەر ۋە ھۆرمەتچان پوزىتسىيە بىلەن ۋەزىر ئىزدەيدىغان بولسىلا، ئۇ ھالدا دانىشمەنلىك سالاھىيىتى بار كىشىلەر ئۆزلىرىگە كېلىدۇ. جانابلىرى راستىن خانلىق، ھۆكۈمدارلىق يارىتىدىغان خان، بەگلەر بىلەن بىر يولدا مېڭىشنى خالىسىلا، گوۋبىينى ئىلىمىزدىكى بىلىم ئەھلىلىرى ئۈچۈن يول ئېچىپ بىرىشكە قويۇڭلار“ دېدى. شۇندىن باشلاپ، يەن بېگى جاۋۋاڭ گوۋبىينى ئەزىز مېھمانلار قاتارىغا قويغانىدى».

(ئەسلى كىتاب 2428-بەت)



www.uyghurkitap.com

〔1〕 لىڭشوۋ (灵寿) — «خەننامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى»دە: «چاڭشەن ۋىلايىتىدە لىڭشوۋ ناھىيىسى بار، ئۇ جۇڭشەن خانلىقىنىڭ پايتەختى» دەپ يېزىلغان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» بەشىنچى توم 2427 ـ بەت)

〔2〕 يەن جاۋ ۋاڭ (燕昭王)، م. ب. ? — 279 ـ يىللار) — يېغىلىق دەۋرىدىكى يەن بەگلىكىنىڭ بېگى كۈەي (哙)نىڭ ئوغلى. ئىسمى پىڭ (平) 33 يىل (م. ب. 311 ـ 279 ـ يىللار) سەلتەنەت سۈرگەن.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن» 1957 ـ بەت)

〔3〕 گو ۋېي (郭隗) — يېغىلىق دەۋرىدە ياشىغان كىشى. يەن بەگلىكىدىن بولۇپ، تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان تارىخى ئېنىق ئەمەس.

(«سىخەي» 1034 ـ بەت)

〔4〕 جى (蓟) — قەدىمكى يەر ئىسمى. جوۋ خانلىقى ياۋ (尧)نىڭ ئەۋلادلىرىغا بۇ يەرنى سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەنىدى. كېيىن بەگلىكىنىڭ مەركىزى بولدى. ئورنى ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبىي بۇرجىكىدە.

(«سىخەي» 1385 ـ بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# لىيەن پو، لىن شىياڭرۇ[1] تەزكىرىلىرى

لى مۇ[2] جاۋ بەگلىكىنىڭ شىمالىي چېگرىسىنى قوغدىغان ئاتاقلىق سەنگۈن. ھۇنلارنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ دائىم دىگۇدەك دەي ۋىلايىتىدىكى يەنمېن قوۋۇقىدا مۇداپىئەدە تۇراتتى. ئەمەلىي ئېھتىياجغا ئاساسەن، ئەمەلدارلارنى قوياتتى: مال باجلىرىنىڭ ھەممىسىنى بارگاھقا تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ھەربىي خىرا- جەتكە ئىشلىتەتتى. لەشكەرلەرگە ھەركۈنى دىگۇدەك بىر نەچچە كالا سويۇپ بېرەتتى. ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىشنى مەشىق قىلدۇراتتى. تۇرلارنى مۇستەھكەملەپ، كۆپلەپ ئايغاقچىلارنى ئەۋەتىپ، دۈشمەن ئەھۋالىنى چارلاپ تۇراتتى. قول ئاستىدىكى سىپاھ ـ بەگلەرنى ئوبدان كۈتەتتى. لى مۇ: «ئەگەر ھۇنلار تاجاۋۇز قىلىپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلسا، ھەممەيلەن دەرھال قورغانلارغا كىرىۋېلىپ، نەرسە ـ كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ ئوبدان ساقلاڭلار، ئەگەر كىمدە ـ كىم ھۇنلارنى تۇتقۇن قىلىشقا ئۇرۇنسا، دەرھال كاللىسى ئېلىنىدۇ!» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەنىدى. ھۇنلار ھەر قېتىم تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە، جاۋ بەگلىكى لەشكەرلىرى قورغانلارغا كىرىۋېلىپ، تۇرلارنى كۈچەيتىپ، ئۆزلىرىنى قوغدايتتى، ئۇرۇش قىلىشقا جۈرئەت قىلمايتتى. شۇ ھالدا بىر نەچچە ييللار ئۆتكەن. ھېچقانداق چىقىممۇ بولمىغان. لېكىن ھۇنلار لى مۇنى قورقۇنچاق دەپ قارايتتى. جاۋ بەگلىكى لەشكەرلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ سەنگۈنىنى يۈرەكسىز دەپ

ھېسابلايتتى. جاۋ بېگى شياۋ چېڭۋاڭ لى مۇنى ئەيىپلىگەن بولسمۇ، لى مۇ يەنىلا ئاۋالقىدەكلا كېتىۋەرگەندى. غەزەپلەنگەن جاۋ بېگى شياۋ چېڭۋاڭ ئۇنى ئوردىغا قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا ئادەمنى سەنگۇن قىلىپ ئەۋەتتى.

بىر يىلدىن ئۇشۇق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ھۇنلار ھەر قېتىم تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە، جاۋ بەگلىكى لەشكەرلىرى جەڭگە چىقتى. لېكىن كۆپ قېتىم مەغلۇپ بولۇپ، ئۆلگەنلەر، يارىدار بولغانلار كۆپ بولۇپ كەتكەچكە، چېگرىدىكى خەلقلەر يەر تېرىيالماي، چارۋا باقالماي قالغانىدى. جاۋ بېگى شياۋ چېڭۋاڭ يەنە لى مۇنى لەشكەر تۇتۇشقا تەكلىپ قىلغانىدى، لى مۇ ئۇنىماي، ئاغرىپ قالدىم، دەپ تۇرۇۋالدى. جاۋ بېگى شياۋ چېڭۋاڭ ئۇنى يەنىلا لەشكەر تۇتۇشقا زورلاپ تۇرۇۋالغانلىقتىن، لى مۇ: «بەگ ئالىيلىرى، پېقىرنى چوقۇم ئىشلەتمەك بولسىلا، يەنە شۇ بۇرۇنقىدەك ئىشلەيمەن» دېدى. جاۋ بېگى شياۋ چېڭۋاڭ ئۇنىڭ تەلىپىنى ماقۇل كۆردى. لى مۇ شىمالىي چېگرىغا بارغاندىن كېيىن، ھۇنلارغا يەنىلا بۇرۇنقى ئۇسۇل بويىچە تاقابىل تۇردى. ھۇنلار بىر نەچچە يىل جەريانىدا ھېچنەرسىگە ئېگە بولالمىدى. لېكىن لى مۇنى ھامان يۈرەكسىز، ئۇرۇشتىن قورقىدۇ، دەپ قارىدى. چېگرا سىپاھ-بەگلىرى ھەركۈنى ئىنئامغا ئېگە بولۇپ تۇراتتى، لېكىن ئىشقا سېلىنمايتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھۇنلار بىلەن بىر مەيدان ھايات-مامات جېڭى قىلىشنى ئويلايتتى. شۇڭا لى مۇ پۇتكۈل قوشۇن ئىچىدىن 1300 جەڭ ھارۋىسى، 13,000 جەڭ ئېتى، دۈشمەننى تارمار قىلىپ، سەركەردىلىرىنى تۇتقۇن قىلىپ، قاتمۇ-قات ئىنئامغا ئېرىشەلەيدىغان باتۇر لەشكەرلەردىن 50,000 ئادەم، ئۇستا كاماندازلاردىن 100,000 ئادەم تاللىدى ۋە ئۇلاردىن قىسىم تۈزۈپ، جەڭ مەشقى ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن كەڭ كۆلەمدە چارۋا باقاچقا، پۈتكۈل دالا چوپانلار بىلەن تولغا-

نىدى. ھۇنلار ئازغىنا ئەسكەر بىلەن تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە، جاۋ بەگلىكى لەشكەرلىرى بىر نەچچە مىڭلا ئادىمىنى قالدۇرۇپ، يالغاندىن يېڭىلگەن بولۇپ قاچتى. جاۋ بەگلىكى لەشكەرلىرىنىڭ چېكىنگەنلىكىنى ئاڭلىغان تەڭرىقۇت چوڭ قوشۇن بىلەن چېگراغا باستۇرۇپ كىردى. لى مۇ توسۇپ زەربە بېرىدىغان ۋە تۇيۇقسىز زەربە بېرىدىغان جەڭگىۋارسەپ تۈزۈپ قويغان ئىدى. دۈشمەننى ئوڭ، سول ئىككى قاناتتىن قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ تارمار كەلتۈردى ۋە 100,000دىن ئوشۇق ھۇن ئاتلىقلىرىنى ئۆلتۈردى. قىسقا چاپانلىق ھۇنلارنى يوقىتىپ، تۇڭگۇسلارنى يېڭىپ، لىنخۇ قەۋملىرىنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلدى. تەڭرىقۇت ئالدىراپ-تېنەپ قاچتى. شۇندىن باشلاپ 10 نەچچە يىل ھۇنلار جاۋ بەگلىكىنىڭ چېگرا شەھەرلىرىگە يېقىن كېلەلمىگەندى.

(ئەسلى كىتاب 2449-2450-بەتلەر)

---

[1] لېيەن پو (廉颇) — يېغىلىق دەۋرىدىكى جاۋ بەگلىكىنىڭ ئاتاقلىق سەنگۈنى.

(«سىخەي» 1968-بەت)

[2] لىن شياڭرۇ (蔺相如) — يېغىلىق دەۋرىدىكى جاۋ بەگلىكىنىڭ ئاتاقلىق ۋەزىرى.

[3] لى مۇ (李牧)، م. ب. ?—229-يىللار) — يېغىلىق دەۋرىدىكى جاۋ بەگلىكىدىن بولۇپ، جاۋ بەگلىكىنىڭ شىمالىي چېگرىسىنى ساقلىغاچقا، ھۇنلار تاجاۋۇز قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان ئىدى. م. ب. 233-يىلى (جاۋ بېگى چيەننىڭ ئۈچىنچى يىلى) چىن بەگلىكى قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ خىزمەت كۆرسەتتى. شۇڭا، ۋۇئەن بېگى بولۇپ تەيىنلەندى. م. ب. 229-يىلى (جاۋ بېگى چيەننىڭ يەتتىنچى يىلى) چىن بەگلىكى ۋاڭ جيەننى ئەۋەتىپ، جاۋ بەگلىكىگە يۈرۈش قىلدى. جاۋ بەگلىكى لى مۇ بىلەن سىما شاڭنى سەركەردە قىلىپ تەيىنلىدى. چىنلىقلار لى مۇ ئاسىيلىق قىلماقچى

دەپ سۆز تارقىتىپ، ئارىسىنى بۇزۇش ھىلىسىنى قوللانغاچقا، جاۋ بېگى لى مۇنىڭ ئورنىغا جاۋسۇڭ، يەن جۇلەرنى ئەۋەتتى. لى مۇ بۇنىڭغا بويسۇن- مىغانلىقتىن، ئۆلتۈرۈلدى. ئىككىنچى يىلى ۋاڭ جيەن جاۋ بەگلىكىنى يوقاتتى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» بەشىنچى توم 2449 ـ بەت)

www.uyghurkitap.com

## تارىخىي خاتىرىلەر 83 - جىلد

# لۇجۇڭلىيەن[1]، زوۋياڭ[2] تەزكىرىلىرى

بەزى كىشىلەر ياش چېغىدىنلا دوست بولۇشقان بولسىمۇ تاكى قېرىغانغا قەدەر بىر بىرى بىلەن قەدىناس بولالمايدۇ؛ بەزى كىشىلەر يولدا ئۇچرىشىپ قېلىپلا، تونۇشۇپ قەدىناس بولۇپ كېتىدۇ» دېگەن تەمسىل بار. نېمە ئۈچۈن مۇنداق بولىدۇ؟ بۇ بىر بىرىنى چۈشىنىش ياكى چۈشەنمەسلىكتىن بولىدۇ. ئۆتمۈشتە چىن بەگلىكىدىن يەن بەگلىكىگە قېچىپ بارغان فەن ۋۈچى[3] يەن بەگلىكىنىڭ ۋەلىئەھدى دەننىڭ (چىن بەگلىكىدىن) ئىنتىقام ئېلىپ، ئۆز بەگلىكىنى قوغداش ئىشىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەش يۈزىسىدىن، ئۆز بېشىنى كېسىپ، جىڭ كېغا[4] تەقدىم قىلىشقا رازى بولغانىدى. چى بەگلىكىدىن ۋېي بەگلىكىگە قېچىپ بارغان ۋاڭ شې[5] كېيىن چى بەگلىكىنىڭ قوشۇنى ۋېي بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلغاندا، سېپىلغا چىقىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈپ، چى بەگلىكىنىڭ قوشۇنىنى چېكىندۈرۈپ، ۋېي بەگلىكىنى ساقلاپ قالغانىدى. ۋاڭ شې، فەن ۋۈچىلار چى بېگى ۋە چىن بېگى بىلەن يېڭىدىن تونۇشقان ئەمەس. يەن بېگى ۋە ۋېي بېگى بىلەنمۇ قەدىناسلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ چى ۋە چىن بەگلىكلىرىدىن ئايرىلىپ، يەن ۋە ۋېي بەگلىكلىرى ئۈچۈن ئۆلۈپ بېرىشىنىڭ سەۋەبى، بەگلەرنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى ئۇلارنىڭ ئارزۇ-ئىستەكلىرىگە ئۇيغۇن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئادالەتكە نىسبەتەن مۇھەببەت-ھېسسىياتلىرىنىڭ چەكسىز چوڭقۇرلىقىدىن بولىدى. شۇڭلاشقا،

سۇچىن ئالتە بەگلىكنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولالمىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ يەن بەگلىكىدە تۇرغان ۋاقتىدا خۇددى ۋېي شىگىدەك[6] ئۆز ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ، يەن بېگىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى بولۇپ قالدى. بەي گۈي[7] جۇگشەن خانلىقىنىڭ سەركەردىسى بولغان چاغدا، ئۇرۇشتا يېڭىلىپ، ئالتە شەھەرنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، ۋېي بەگلىكىگە قېچىپ كەتتى، ۋېي بېگى ۋېنخوۋ غا جۇگشەن خانلىقىنى ئېلىپ بەردى. نېمە ئۈچۈن مۇنداق بولىدۇ؟ ئەمەلىيەتتە، بۇ بىر بىرىنى چۈشەنگەنلىكتىن بولغانىدى. سۇ چىن يەن بەگلىكىنىڭ ۋەزىرى بولغانىدا، بىراۋ يەن بېگى يىۋاڭنىڭ ھۇزۇرىدا ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلغانىكەن. يەن بېگى يىۋاڭ ھېلىقى كىشىگە شەمشىرىنى تۇتقان ھالدا ھۇمايىغان ۋە بىر ئارغىماقنى ئۆلتۈرۈپ، سۇچىننى زىياپەتكە تەكلىپ قىلغانىكەن. بەي گۈي جۇگشەن خانلىقىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئۇرنى تېخىمۇ كۆتىرىلىپ كەتكەن. جۇگشەندىكىلەر ۋېي بېگى ۋېنخوۋ نىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلغاندا، ۋېنخوۋ غەيۋەت-شىكايەتلەرنى ئاڭلىمىغان، ئەكسىچە، بەي گۈيگە كېچىنى يورىتىدىغان گۆھەر تاش ھەدىيە قىلغانىدى. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ دېگەندە، ئىككى بەگلىكنىڭ بېگى بىلەن بۇ ئىككى ۋەزىر ئارىسىدا سەمىمىيەتلىك بولۇپ، ئۆز ئارا ئىشەنچ بار ئىدى. بۇ سەمىمىيەتنى ھېچقانداق پىتنە-پاسات بۇزالمايتتى.

بىر ئايال مەيلى چىرايلىق ياكى سەت بولسۇن، ئۇ ئوردىغا كىرسىلا، كۈندەشلىككە ئۇچرىماي قالمايدۇ. بىر زىيالى مەيلى دانىشمەن، قابىلىيەتلىك بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ئۇ ئوردىغا كىرىپ ئەمەلدار بولۇشى بىلەنلا، كۆرەلمەسلىككە ئۇچرايدۇ. بۇرۇن سىماشى، سۇڭ بەگلىكىدە تۇرغاندا، لىپىگى ئېلىپ تاشلانغان بولسىمۇ، ئاخىرى جۇگشەن خانلىقىنىڭ ۋەزىرى بولغانىدى؛ فەن سۈي ۋېي بەگلىكىدە تۇرغاندا، قوۋۇرغىسى ۋە چىشلىرى سۇندۇرۇلغان بولسىمۇ، ئاخىرى

www.uyghurkitap.com

چىن بەگلىكىگە بېرىپ، يېنىخۇ تۆرىسى بولۇپ تەيىنلەنگەن. ھەر ئىككىسى ئۆز پىلانىنىڭ جەزمەن ئەمەلگە ئېشىشىغا ئىشەنگەچكە، نەپسانىيەتچىلىك ئۈچۈن گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرۇش نىيىتىدىن ۋاز كېچىپ، بىر نەچچە كىشى بىلەنلا قەدىناس دوست بولۇشقانىدى. شۇڭا ئۇلار باشقىلارنىڭ ھەسەتخورلۇقىدىن ساقلىنىپ قالالمىدى، شىيڭ تۇدىنىڭ[8] ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋېلىشى، شۇ يەنىنىڭ[9] تاش كۆتىرىپ دېڭىزغا سەكرىشى، چاكىنا ئادەتلەر بىلەن زادى چىقىشالمىغانلىقتىن، ھەققانى مەيداندا چىڭ تۇرۇپ، كۆز ئالدىدىكى شەخسى مەنپەئەتكە ئېسىلىۋالمىغانلىقتىن، ئوردىدا نەپسانىيەتچىلىك ئۈچۈن گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرۇپ، خان-بەگلەرنىڭ ئىرادىسىنى تەۋرەت- مەسلىكتىن بولغانىدى. بۇرۇن بەيلى شى يولدا تىلەمچىلىك قىلىۋاتقاندا، چىن بېگى مۇگۇك بەگلىك ئىشىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى؛ نىڭ چى ھارۋا يېنىدا كالا بېقىۋاتقاندا، چى بېگى خۇەنگۇك بەگلىكىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارتقانىدى. بۇ ئىككەيلەن ئوردىدا ئەمەلدار بولغان ۋاقتىدا، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ خۇشامىتىگە تايىنىپ، ئاندىن چىن، چى بەگلىرىنىڭ قەدىرلىشىگە سازاۋەر بولغان ئەمەسمىدى؟ بۇنىڭ سەۋەبى، بەگ بىلەن ۋەزىرنىڭ نىيىتى بىر بولۇپ، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، قېرىنداشتەك چىڭ بىرلىشىپ، بىر بىرىدىن ئايرىلالمىغانلىقتىن بولغانىدى. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، كىشىلەرنىڭ غەيۋىتى ئۇلارنىڭ ئارىسىنى بۇزالار- مىدى؟ بىر تەرەپنىڭ سۆزىنىلا ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئىشىنىلسە، رەزىل ۋە ئېپلاس ئىشلار كېلىپ چىقىدۇ. بىر كىشىگىلا ئىشىنىپ كەتسە، بالايى-ئاپەت يۈز بېرىدۇ. بۇرۇن لۇ بېگى دىڭگۇك جى سۇننىڭ گېپىگە كىرىپ، كۇڭ زى (مۇجۇڭنى) نى ھەيدەپ چىقارغان؛ سۇڭ بېگى جاۋگۇك زىخەننىڭ مەسلىھىتىگە ئىشىنىپ، مۇجەيىنى[10] قاماپ قويغانىدى. كۇڭ زى (مۇجۇڭنى)، مۇجەيي ئىككەيلەن بەھس-

مۇنازىرىگە ماھىر كىشىلەر بولغاچقا، غەيۋەت-شىكايەتچىلەرنىڭ تۆھمەتىدىن قۇتۇلالمىغان؛ لۇ بەگلىكى بىلەن سۇڭ بەگلىكىمۇ شۇنىڭ زىيىنىنى كۆرگەن. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولدى؟ چۈنكى، كىشىلەرنىڭ شىكايىتى تاشنىمۇ ئېرىتىۋېتىدۇ. ئۇزۇن زامان قارا چاپلىنىۋەرسە، كىشىنى ھالاكەت گىرداۋىغا تىقماي قويمايدۇ-دە! چىن بەگلىكى رۇڭلاردىن بولغان يۇيۇكنى مۇھىم ئىشقا قويغانلىقى ئۈچۈن، ئوتتۇرا جۇڭگودىكى بەگلىكلەرگە ھۆكۈمران بولدى؛ چى بەگلىكى يۆلىكلەردىن بولغان مېڭنى مۇھىم ئىشقا قويغانلىقى ئۈچۈن، ۋېيۋاڭ ۋە شۋەنۋاڭ دەۋرلىرىدە قۇدرەت تاپتى. چىن ۋە چى بەگلىكلىرىنىڭ بەگلىرى چاكىنا، ئاساسسىز ۋە بىر تەرەپلىمە سۆزلەر بىلەن چەكلىنىپ قالغان كىشىلەرمىدى؟ ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار ھەر تەرەپلىمە پىكىر ئالغانلىقى ۋە شەيئىلەرنى كۆزەتكەنلىكى ئۈچۈن، شۇ دەۋردىلا ئۇلارنىڭ شانلىق نامى ساقلىنىپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەقسەت ۋە نىيەت ئوخشاشلىقى يىراق كىشىلەرنىمۇ ئاكا-ئۇكا قىلىۋېتىشى مۇمكىن. رۇڭلاردىن بولغان يۇيۇك، يۆلەردىن بولغان مېڭ ئەنە شۇنداق ئىدى؛ مەقسەت-نىيەتلىرى ئوخشاشمىسا، جان-جىگەر قېرىنداشلارمۇ بىر بىرىنى چەتكە قاقىدۇ. دەن جۇ[11]، شياڭ[12]، گۋەنشۇ، سەيشۇ[13] قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق بولغان. ھازىر بەگلەر چىن بېگى مۇگوڭ ۋە چى بېگى خۋەنگوڭنىڭ توغرا تەدبىرلىرىنى قوللانماي، سۇڭ بېگى جاۋگوڭ ۋە لۇ بېگى دىڭگوڭدەك بىر تەرەپلىمە سۆزنى ئاڭلىسا، بەش ھۆكۈمدارنىڭ[14] ئۇلۇغ ئىشى ئاپىرىن ئوقۇشقا ئەرزىمەيدىغان ئىش بولۇپ قالاتتى. ئۈچ خاننىڭ[15] ئۇلۇغ ئىشىمۇ ئاسان ئەمەلگە ئاشاتتى.

(ئەسلى كىتاب 2471-2474-بەتلەر)

---

[1] لۇ جۇڭلىيەن (魯仲連) — يېغىلىق دەۋرىدە ياشىغان. كىشى، چى

بەگلىكىدىن. خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، چى بېگى ئۇنىڭغا سۇيۇرغال بەرمەكچى بولغاندا، ئۇ سۇيۇرغالنى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىماي قېچىپ كەتكەن.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى چوڭ قامۇسى» 1577 ـ بەت)

[2] زوۋ ياڭ (邹阳) ــ خەن خاقانلىقىنىڭ خاقانى جىڭدى دەۋرىدە ياشىغان كىشى بولۇپ، ۋۇبېگى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. كېيىن ئۇ ۋۇ بېگىنىڭ ئاسىيلىق قىلماقچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، نەسىھەت قىلىپ توسىسىمۇ، ۋۇ بېگى ئاڭلىماي، ئۇنى تۈرمىگە سولىغان.

(جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى چوڭ قامۇسى» 1342 ـ بەت)

[3] فەن يۇچى (樊于期) ــ ئەسلىدە چىن بەگلىكىنىڭ سەركەردىسى ئىدى. چىن بېگى يىڭ جېڭنىڭ قىلمىشىدىن نەپرەتلىنىپ، يەن بەگلىكىگە قاچقان. يەن بەگزادىسى يەن دەن چىن بېگىنى ئۆلتۈرۈشكە جىن كېنى ئەۋەتىدىغان چاغدا، فەن يۇچىدىن ئۆزكاللىسىنى كېسىپ بېرىشنى سورىغان. فەن يۇچى جىن كېنىڭ پىلانىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈپ بەرگەنىدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن» 1626 ـ بەت)

[4] جىن كې (荆轲)، م. ب. ? ـ 227 ـ يىللار) ــ جەنگو دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ياشىغان پىدائىيلاردىن بولۇپ، يۇرتى ۋېي (卫) بەگلىكى. يەن بەگلىكىنىڭ ۋەلىئەھدى دەن (丹)نىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. كېيىن جىن كې چىن شىخۋاڭنى ئۆلتۈرۈشكە پىدائىي بولۇپ چىققان بولسىمۇ، چىن شىخۋاڭغا ئۇرۇلغان خەنجەر ئەجەللىك يېرىگە تەگمەي قېلىپ، جىن كې ئۆلتۈرۈلگەنىدى.

(سىخەي «428 ـ بەت)

[5] ۋاڭ شې (王奢) ــ ئەسلىدە چى بەگلىكىدىن ئىدى. كېيىن ۋېي بەگلىكىگە قاچقان. چى بەگلىكىنىڭ قوشۇنى ۋېي بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە، ئۇ سېپىلغا چىقىپ، چى بەگلىكىنىڭ سەركەردىسىگە: «سىز بۈگۈن مېنى تۇتۇش ئۈچۈنلا كەلدىڭىز. مەن ئۆزەمنىلا كۆزلەپ، ۋېي بەگلىكىگە بالايى ـ ئاپەت كەلتۈرىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن» دەپلا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» بەشىنچى توم 2472 ـ بەت)

[6] ۋېي شېڭ (尾生) ــ رىۋايەتلەردىكى ئۆز ۋەدىسىدە چىڭ تۇرغان

بىرگىشى بولۇپ، ئۇ بىر قىز بىلەن كوۋرۇك تۇۋىدە كۆرۈشۈشكە ۋەدىلەشىدىـ كەن. قىز ئۆز ۋاقتىدا بارمايدىكەن. دەريا سۈيى بارا ـ بارا ئۆرلىسمۇ، ئۇ ۋەدىلەشكەن يەردىن قاچماي، ئاخىرى سۇدا ئۆلۈپ كېتىدىكەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» بەشىنچى توم 2472 ـ بەت)

[7] بەي گۇي (白圭) ــ ئەسلى جۇڭشەن بەگلىكىنىڭ سەركەردىلىرىـ دىن. ئالتە شەھەرنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، جۇڭشەن بېگى ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، ۋېي (魏) بەگلىكىگە قېچىپ كەتكەنىدى. ۋېي بېگى ۋېنخوۋ ئۇنى ئوبدان قارشى ئېلىپ، ھۆرمەتلەپ كۆتكەنلىكى ئۈچۈن مىننەتدار بولغان بەي گۇي جۇڭشەن بەگلىكىنى يوقىتىپ بەرگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» بەشىنچى توم 2472 ـ بەت)

[8] شېن تۇدى (申徒狄) ــ يىنى خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان ئادەم ئىمىش. ئۇ يىنى خانلىقىنىڭ زالىم خانى جوۋ ۋاڭغا نەسىھەت قىلغىنىدا، جوۋ ۋاڭ ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلمىغاچقا، خاپا بولۇپ، ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالغانىكەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» بەشىنچى توم 2474 ـ بەت)

[9] شۈيەن (徐衍) ــ جوۋ خانلىقىنىڭ ئاخىرىدا ياشىغان كىشى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» بەشىنچى توم 2474 ـ بەت)

[10] مۇجەي (墨翟) ــ «مۇجەينىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى»دا بېرىلىشچە: «مۇ جەي سۇڭ بېگى جاۋ گۇڭ دەۋرىدە تۆرە بولغان. جاۋ گۇڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا شەھەر باشلىقى خۇاڭ شى (يەنى زى خەن) ھاكىمىيەتنى تارتىـ ۋېلىپ، سۇڭ بېگىنى تۇتقۇن قىلىپ، مۇجەينى بولسا قاماپ قويغان».

(«تارىخىي خاتىرىلەر» بەشىنچى توم 2474 ـ بەت)

[11] دەن جۇ (丹朱) ــ باش ئاقساقال ياۋنىڭ بالىسى. دەن جۇ توغرا يولدا ماڭمىغانلىقى ئۈچۈن، ياۋ باش ئاقساقاللىق ئورنىنى شۈنگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. («جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى چوڭ قامۇسى» 23 ـ بەت)

[12] شياڭ (象) ــ باش ئاقساقال شۈننىڭ ئۆگەي ئىنىسى بولۇپ، شۈننى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ يۈرگەن. شۈن باش ئاقساقال بولغاندىن كېيىن، يۇبى (ھازىرقى خۇنەن ئۆلكىسى داۋشيەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا)نى شياڭغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى چوڭ قامۇسى» قوشۇمچە قىسمى 18 ـ بەت)

[13] گۆەنشۇ، سەيشۇ (管叔 蔡叔) — جوۋ خانلىقىنىڭ خانى ۋېنۋاڭنىڭ باللىرى، جوۋۋاڭنىڭ ئىنىلىرى. ۋۇ ۋاڭ ئۆلگەندىن كېيىن، گۆەنشۇ، سەيشۇ يىڭ خانلىقىنىڭ زالىم خانى جيۇ ۋاڭنىڭ بالىسى ۋۇگېڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئاسىيلىق قىلغانىدى. جوۋ خانى جى دەن قوشۇن ئەۋەتىپ، ۋۇگېڭ بىلەن گۆەنشۇنى ئۆلتۈرگۈزگەن. سەيشۇنى سۈرگۈن قىلغان. شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭنى باستۇرغانىدى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» بەشىنچى توم 2473 ـ بەت)

[14] بەش ھۆكۈمران (五霸) — چۇنچيۇ دەۋرىدىكى چى بېگى خۇەنگۇڭ، جىن بېگى ۋېنگۇڭ، چىن بېگى مۇگۇڭ، سۇڭ بېگى شياڭگۇڭ ۋە چۇ بېگى شياڭۋاڭلار نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

(تۈزىتىلگەن «سىيۋەن» 140 ـ بەت)

[15] ئۈچ خان (三王) — ئۈچ خان شيا خانلىقىنىڭ تۇنجى خانى يۈ، شاڭ خانلىقىنىڭ تۇنجى خانى تاڭ ۋە جوۋ خانلىقىنىڭ خانى ۋېنۋاڭلار نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

(تۈزىتىلگەن «سىيۋەن» 26 ـ بەت)

## تارىخىي خاتىرىلەر 86- جىلد

# پىدائىلار تەزكىرىسى

مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، چىن بەگلىكى سەنگۇنى فەن- يۈچى چىن بېگىنى خاپا قىلىپ قويۇپ، يەن بەگلىكىگە قېچىپ بارغاندا، ۋەلىئەھد دەن[1] ئۇنىڭغا باشپانالىق بېرىپ، ئورۇنلاش- تۇرۇپ قويغانىدى. جۈ ۋۇ[2] تەكلىپ بېرىپ: «بولماسمىكىن! چىن بېگىنىڭ زوراۋانلىقى، ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى يەن بەگلىكىگە ئۆچمەنلىك قىلىپ كېلىشى بىزنى تولىمۇ يۈرەكزادە قىلىۋەتتى. ئەگەر ئۇ فەن سەنگۇنىنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ قالسا قانداق بولىدۇ؟ بۇ ‹قوينى بۆرىگە ئامانەت قويۇش› تەك بىر ئىش. بۇنىڭدا بىز جەزمەن ساقلانغىلى بولمايدىغان چوڭ بالا-قازاغا ئۇچرايمىز. گۇەن جۇڭ، يەن يىڭلەرگە ئوخشاش ئىقتىدارلىق ئادەملەرمۇ بۇنىڭغا ئامال قىلالمايدۇ. ۋەلىئەھد جانابلىرى، فەن سەنگۇننى دەرھال ھۇنلارنىڭ ئىچىگە قاچۇرۇۋېتەيلى، شۇ ئارقىلىق چىن بەگلىكىنىڭ باھانىلىرىنى يوققا چىقىرىۋېتەيلى. مۇندىن باشقا، جانابلىرىنى غەربتە خەن (韩)، جاۋ، ۋېي بەگلىكى بىلەن ھەمكار- لىق ئەھدى تۈزۈشكە، جەنۇبتا چى، چۇ بەگلىكى بىلەن بىرلىششكە، شىمالدا ھۇن تەڭرىقۇتى بىلەن ياخشى بولۇشقا تەكلىپ قىلىمەن. شۇنداق قىلغاندىلا، بىر ئىلاجى قىلىپ چىن بەگلىكىگە تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ» دېگەندە، ۋەلىئەھد دەن: «ئۇستاز بېگىمنىڭ

پىلانى بويىچە بولغاندا، ۋاقىت تولىمۇ سوزۇلۇپ كېتىدىكەن. مېنىڭ كۆڭلۈم ئىنتايىن پاراكەندە. ئېھتىمال بىردەممۇ سەۋر ـ تاقەت قىلالمايمەن. بۇنىڭ ئۈچۈنلا ئەمەس، فەن سەنگۈن ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقى تۈپەيلى، ھاياتىنى ماڭا تاپشۇردى. مەن ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا، زوراۋان چىن بەگلىكىنىڭ مەجبۇرلىشى بويىچە، ئۆزەم ھېسداشلىق قىلىۋاتقان دوستۇمدىن كېچىپ، ئۇنى ھۇنلار دىيارىغا ئورۇنلاشتۇرالمايمەن. بۇ مېنىڭ جان پىدا قىلىدىغان ۋاقتىم. ئۇستاز بىگىمنىڭ ئويلىنىپ بېقىشىنى ئۈمىت قىلىمەن» دېدى.

(ئەسلى كىتاب 2529 ـ بەت)

---

[1] ۋەلىئەھد دەن (太子丹 ، م. ب.? ـ 226 ـ يىللار) ــ يەن دەن دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يىغىلىق دەۋرىدە يەن بېگى شىنىڭ ۋەلىئەھدى ئىدى. ئىلگىرى چىن بەگلىكىدە تۇرغاق بولغان. ئۇ چىن بېگى يىڭ جىڭ بىلەن ئۆچ بولغاچقا، كېيىن يەن بەگلىكىگە قېچىپ كەلدى. م. ب. 227 ـ يىلى (يەن بېگى شىنىڭ 28 ـ يىلى) يەن دەن جىن كېنى چىن بەگلىكىگە كىرگۈزۈپ، چىن بېگىگە سۇيىقەست قىلدى. سۇيىقەست ئەمەلگە ئاشمىدى. چىن لەشكەر چىقىرىپ يەن بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلدى. يەن بېگى شى، دەننى ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭدىن بەش يىل كېيىن، چىن بەگلىكى يەن بەگلىكىنى يوقاتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۋەن» 1955 ـ بەت)

[2] جۇۋۇ: (鞠武) ــ ۋەلىئەھد دەننىڭ ئۇستازى. شۇڭا، ئاتا بەگ دەپ ئاتالغان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» بەشىنچى توم 2528 ـ بەت)

## تارىخىي خاتىرىلەر 87-جىلد

# لى سى[1] تەزكىرىسى

پىقىر ئاڭلىشىمچە: ۋەزىرلەر مۇساپىر ئەمەلدارلارنى قوغلاپ چىقىرىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىپتىمىش، بۇ توغرا بولماپتۇ. ئۆتمۈشتە چىن بېگى مۇگۇڭ دانىشمەنلەرنى ئىزدەپ، غەربتە رۇڭ ئېلىدىن يۇيۇكنى ئالدۇردى؛ شەرقتە ۋەندى دېگەن يەردىن بەيلى شىنى تاپتى؛ سۇڭ بەگلىكىدىن جيەن شۇ (蹇叔)نى ئېلىپ كەلدى؛ جىن بەگلىكىدىن پېي باۋ[2]، گۇڭسۇن جىر[3]نى چاقىرىپ كەلدى. بۇ بەش دانىشمەننىڭ ھېچقايسىسى چىن بەگلىكىدىن ئەمەس ئىدى. لېكىن مۇگۇڭ ئۇلارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەچكە، ئۇلار ئارقىلىق 20 ئەلنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىپ، غەربىي رۇڭ ئەللىرىگە خوجا بولدى. شياۋگۇڭ شاڭ ياڭنىڭ چارە-تەدبىرىنى قوللىنىپ، ئۆرپ-ئادەتنى ئۆزگەرتكەنلىكتىن، ئاھالىلار بېيىپ، روناق تېپىپ، بەگلىك كۈچەيدى. پۇقرالار بەگ ئۈچۈن ئىشلەشكە رازى بولدى. باشقا بەگلەرمۇ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى ۋە بېقىندى. چۇ، ۋېي بەگلىكلىرىنىڭ قوشۇنلىرىنى يېڭىپ، 1000 چاقىرىمدىن ئوشۇق يەرنى بېسىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن چىن بەگلىكى تىنچ-ئەمىن بولۇپ، قۇدرەت تاپقانىدى. خۇيۋاڭ جاڭ يىنىڭ پىلانى بويىچە ئۈچ دەريا رايونىنى[4] بېسىۋېلىپ، غەربتە با، شۇ خانلىقلىرىنى قارىتىۋېلىپ، شىمالدا شاڭجۈن ۋىلايىتىنى ئالدى. جەنۇبدا خەنجۇڭنى بېسىۋېلىپ، شەرقتىكى يات قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرۇپ، پۈتكۈل يەن[5] ۋە يىڭ[6] دېگەن

جايلارنى كونترول قىلدى. شەرقتە چېڭگاۋنىڭ ئەپلىك يەر ۋەزىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنۇملۇك يەرلەرنى قولغا كىرگۈزدى. شۇنىداق قىلىپ، ئالتە بەگلىكنىڭ بىرلەشمە ئىتتىپاقىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇلارنى چىن بەگلىكىگە خىزمەت قىلدۇردى. خۇيۋاڭنىڭ تۆھپىسى تا بۈگۈنگىچە داۋاملاشماقتا. جاۋۋاڭ فەن سۈيگە(7) ئىگە بولۇپ، راڭ تۆرىسىنى(8) ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، خۇاياڭ تۆرىسىنى(9) ھەيدىۋەتتى. بەگ جەمەتىنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىپ، بايلارنىڭ تەسىر كۈچىنى كونترول قىلىپ، بەگلىكلەرنى پەيدىن-پەي بويسۇندۇرۇپ، ئاخىرى چىن بەگلىكى خاقانلىقىنىڭ ئاساسىنى قۇردى. بۇ تۆت ھۆكۈمدارنىڭ ھەممىسى مۇساپىر ئەمەلدارلارنىڭ تۆھپىسىگە تايانغاندى. بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، مۇساپىر ئەمەلدارلارنىڭ چىن بەگلىكى ئالدىدا ھېچقانداق تىل قىسىنچىلىقى يوق! ئەگەر بۇ تۆت ھۆكۈمدار مۇساپىر ئەمەلدارلارنى قوبۇل قىلماي، ئۇلىمالارنى چەتكە قېقىپ، ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئىشىنىپ ئىشلەتمىگەن بولسا، چىن بەگلىكى باي-پاراۋان بولالمىغان ھەم قۇدرەتلىك شانۇ-شەۋكەتكە ئىگە بولالمىغان بولاتتى. ھازىر جانابلىرى قاراقۇرۇم قاش تېشىغا ئىگە بولدىلا، سۈي تۆرىسى مارجىنى(10)، خېشىبىيىدەك(11) ئېسىل گۆھەر تاشلىرىمۇ بار. ئۈنچە-مەرۋايىتلار خۇددى تولۇن ئايدەك نۇرچېچىپ تۇرماقتا. بەللىرىدە ئېسىل شەمشەر، ئاستىلىرىدا تۇلپار، يېشىل قۇش پەيلىرى بىلەن بېزەلگەن كىمخاپ تۇغلار بار. تىمساھ تېرىسىدە ئىشلەنگەن دۇمباقلار تىزىلىپ تۇرماقتا. بۇ قىممەتلىك نەرسىلەرنىڭ بىرسىمۇ چىن بەگلىكىدىن چىقمايدۇ. لېكىن ئالىيلىرى، ئەكسىچە، يەنە شۇلارغا ئامراق. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ ئەگەر چوقۇم چىن بەگلىكىدىن چىققان نەرسە بولسىلا ئىشلىتىدىغان ئىش بولسا، ئۇ چاغدا كېچىسى نۇرچاقناپ تۇرىدىغان گۆھەرلەرنى ئوردىنى زىننەت-

لەشكە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ؛ كەركىدان مۈڭگۈزى ۋە پىل چىشىدىن
ئىشلەنگەن ئەسۋاپلارنىمۇ كۆرۈپ ھۇزۇرلانغىلى بولمايدۇ؛ جېڭ
(郑)، ۋېي (卫) بەگلىكلىرىنىڭ ساھىپجاماللىرىمۇ ئىچ ئوردىنى
تولدۇرالمايدۇ؛ ئېسىل تۇلپارلارمۇ ئات قورونى تولدۇرالمايدۇ؛
جياڭنەننىڭ ئالتۇن ۋە قەلەيلىرىنىمۇ ئىشلەتكىلى بولمايدۇ؛ غەربىي
شۇ (西蜀)نىڭ رەڭلىرى بىلەن رەسىم سىزغىلى بولمايدۇ. ئەگەر
ئىچ ئوردىنى زىننەتلەش، خەزىنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىـ
دىغان بايلىقلار، كىچىك ئاغىچىنىڭ كۆڭلىنى ئالىدىغان زىبۇ-زىننەت
بۇيۇملىرىنىڭمۇ ھەممىسى چوقۇم چىن بەگلىكىدىن چىققان بولۇشى
كېرەك بولسا، ئۇ چاغدا، ۋەن دېگەن يەردىن چىققان مەرۋايىتـ
لاردىن ئىشلەنگەن چاچ سانچىغۇچلار، ئۈنچە كۆزلۈك ھالقىلار،
دۇڭئا ناھىيىسىنىڭ دۇردۇن-تاۋارلىرىدىن تىكىلگەن كىيىم-كېچەكـ
لەر، كىمخاپ ۋە گۈللۈك ئىپەك بۇيۇملىرىدىن ئىشلەنگەن كىيىم
بېزەكلىرىمۇ كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ، لېكىن ئىجتىمائىي ئادەتلەرگە
ئەگىشىپ، نازاكەتلىك، كۆركەم، گۈزەل ياسىنىۋالغان جاۋ بەگلىكى
ساھىپجامالىرىمۇ يانلىرىدا تۇرالمايدۇ. ۋېن (瓮)، فوۋ (缶)،
بالمان (筝) نامىلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنى تەڭكەش قىلىپ، قولاقنى
يارغىدەك ۋارقىراپ ئېيتىلىدىغان ناخشىلار نەق چىن بەگلىكىنىڭ
ناخشا-مۇزىكىلىرى؛ «جېڭ مۇزىكىسى»، «ۋېي مۇزىكىسى»،
« ساڭجيەن مۇقامى »، « جاۋ مۇزىكىسى »، « يۈ مۇزىكىسى »، «ۋۇ
مۇزىكىسى »، « شياڭ مۇزىكىسى» غا ئوخشاش مۇزىكىلارنىڭ ھەممىسى
سىرتنىڭ مۇزىكىلىرى. بۈگۈنكى كۈندە ۋېن چالغۇ ئەسۋابى
ئەمەلدىن قېلىپ، «جېڭ مۇزىكىسى»، «ۋېي مۇزىكىسى» ئاڭلانماقتا.
زىڭ نامىلىق چالغۇ ئەسۋابىنى چېلىشنى توختىتىپ، «جاۋ مۇزىـ
كىسى»، «يۈ مۇزىكىسى» قوللىنىلماقتا. نىمە ئۈچۈن مۇنداق
قىلىنىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى، بۇلار كۆڭۈلگە ئارام بېرىدۇ، خالاس.

www.uyghurkitap.com

ئەمما ھازىرقى ئادەم ئىشلىتىش مۇنداق ئەمەس. ئۇنىڭ مۇۋاپىق ياكى مۇۋاپىق ئەمەسلىكى سۈرۈشتە قىلىنمىدى. ئۇ ياخشى ياكى ناچار ئادەم بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئىش قىلىپ، چىن بەگلىكىدىن بولمىسىلا، كەتكۈزۈۋېتىلدى. ئومۇمەن، چەتتىن كەلگەن مۇساپىر ئەمەلدارلار بولسىلا ھەيدىۋېتىلدى. مانا بۇ، چىرايلىق ئۈنچە - مەرۋايىتلارنىڭ قەدىرلىنىپ، ئادەملەرنىڭ قەدىرسىزلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ، ئەلنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ، بەگلىكلەرنى بويسۇندۇرۇشنىڭ چارىسى ئەمەس.

(ئەسلى كىتاب 2541 ـ 2544 ـ بەت)

---

① لى سى (李斯)، م. ب. ? — 208 ـ يىللار) — چۇ بەگلىكىدىكى شياڭسەي (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىكى شياڭسەي ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا)لىك. چىن خاقانلىقىنىڭ ۋەزىرى، سىياسىيون. ئۇ چىن شىخۇاڭنىڭ ئالتە بەگلىكنى يوقىتىپ، ئەلنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ۋە سۈيۈرغاللىق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇپ، ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشتە چوڭ رول ئوينىدى. چىن شىخۇاڭ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ جاۋ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، يالغان پەرمان چىقىرىپ، ۋە لىئەھد خۇسۇنى ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى ۋە چىن شىخۇاڭ - نىڭ كىچىك ئوغلى خۇخەينى خاقان قىلىپ تىكلىدى. ئاخىرى جاۋ گاۋ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندى.

(« سىخەي » 2892 ـ بەت)

② پى باۋ (丕豹) — جىن بەگلىكىدىن بولۇپ، دادىسى جىن بېگى خۇيگۇڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇ چىن بەگلىكىگە قېچىپ بېرىپ، چىن بەگلىكىنىڭ جىن بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىشىغا ياردەم بەرگەن.

(« زوچيۇمىڭ يىلنامىسى، شىگۇڭنىڭ ئونىنچى يىلى »دىن)

〔3〕 گۇڭسۇن جىژ (公孙支) — جىجوۋ ئايمىقى (بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا)دىن. چىن بەگلىكىگە ساياھەت قىلغىلى بېرىپ، كېيىن چىن بەگلىكىگە ئۆتكەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر، ئىزاھلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» 3836 ـ بەت)

[4] ئۈچ دەريا رايونى (三河之地) — يىشۈي، لوشۈي ۋە خۇاڭخېدىن ئىبارەت ئۈچ دەريانىڭ قوشۇلغان يېرى ئۈچ دەريا رايونى دەپ ئاتىلاتتى. ئۇرنى بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسىدىكى لوياڭ شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن» 26 ـ بەت)

[5] يەن (鄢) — يەر ئىسمى. ئۇرنى بۈگۈنكى خۇبېي ئۆلكىسىدىكى يىچېڭ شەھىرىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» ئىزاھلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» 1937 ـ بەت)

[6] يىڭ (郢) چۈنچيۇ ۋە يېغىلىق دەۋرلىرىدە چۇ بەگلىكىنىڭ پايتەختى. ئۇرنى بۈگۈنكى خۇبېي ئۆلكىسىدىكى جياڭلىن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن» 1029 ـ بەت)

[7] فەن سۈي (范雎)، م. ب. ? — 255 ـ يىللار) — يېغىلىق دەۋرىدىكى ۋېي بەگلىكىدىن. ئۇ ۋېي بەگلىكىدە تۇرغاندا، بۆھتان چاپلانغانلىقى ئۈچۈن، چىن بەگلىكىگە قېچىپ بېرىپ، چىن بېگى جاۋۋاڭنىڭ 41 ـ يىلى (م.ب. 266 ـ يىلى) چىن بەگلىكىنىڭ ۋەزىرى بولغانىدى.

(«سىخەي» 1313 ـ بەت)

[8] راڭ تۆرىسى (穰侯) — چىن بېگى جاۋۋاڭنىڭ ئانىسى بەگ ئانا شۈەن تەيخوۋنىڭ ئانا بىر ئىنىسى، چىن بەگلىكىنىڭ ۋەزىرى ۋېي رەن ئىدى. راڭ دېگەن يەر (بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسىدىكى دىڭشەن ناھىيىسىدە) ئۇنىڭغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، راڭ تۆرىسى دەپ ئاتالغان.

(بىر توملۇق «سىيۈەن» 1115 ـ بەت)

[9] سۈي تۆرىسى مارجىنى (随侯珠) — سۈي (بۈگۈنكى خۇبېي ئۆلكىسىدىكى سۈيشيەن ناھىيىسىدە) تۆرىسى ساياھەت قىلغاندا بىر زەخىملەنگەن ئىلاننى كۆرۈپ قالغانىكەن. ئۇ ئىلاننى ئۆيىگە ئاپىرىپ داۋالاپتۇ. كېيىن ئىلان ساقىيىپتۇ. ئىلان ئۇنىڭ شەپقىتىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن يوغان بىر مارجاننى ئەكىلىپ بېرىپتۇ. شۇڭا، بۇ مارجان سۈي تۆرىسى مارجىنى دەپ ئاتالغان.

(«سىيۈەن» ۋۇ (戊) قىسمى 75 ـ بەت)

[10] خېشىبىي (和氏璧) — چۈنچيۇ دەۋرىدە چۇ بەگلىكىدىن بولغان خې ئىسىملىك تاغدىن تېپىپ ئالغان گۆھەر تېشى.

(«سىخەي» 3985 ـ بەت)

www.uyghurkitap.com

# تارىخي خاتىرىلەر 88 ـ جىلد

## مېڭ تيەن تەزكىرىسى

م. ب. 221 ـ يىلى (چىن شىخۇاڭنىڭ 26 ـ يىلى) مېڭ تيەن ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ۋە ئائىلىسىنىڭ دۆلەتمەن بولۇشى تۈپەيلى، چىن بەگلىكىنىڭ[1] سەركەردىسى بولۇپ، چى بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇنى يەڭدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، دىۋان بېگى بولۇپ تەيىنلەندى. چىن شىخۇاڭ پۈتۈن ئەلنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، مېڭ تيەننى 300,000 كىشىلىك زور قوشۇن بىلەن شىمالغا ئەۋەتىپ، ھۇنلارنى قوغلاپ چىقاردى. مېڭ تيەن خېنەن رايونىنى (خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىنى) قايتۇرۇۋېلىپ، يەر تۈزۈلۈشىگە قاراپ، مۇھىم جايلاردىن پايدىلىنىپ، لىنتاۋدىن[2] باشلاپ تاكى لياۋدۇڭغا[3] قەدەر ئۇزۇنلۇقى ئونمىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق سەددىچىن سېپىلىنى رېمونت قىلىپ تۇتاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ياڭشەن تېغىنى[4] ئىگەللەپ، ئەگرى ـ توقاي يوللارنى بېسىپ، شىمالغا ئىلگىرىلىدى. مېڭ تيەن لەشكەرلىرى بىلەن سىرتتا ئون نەچچە يىل يۈرۈپ، نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇق ۋە بوران ـ چاپقۇننى بېشىدىن كەچۈردى. ئاخىرى ۋىلايەتلەرنى مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن شاڭجۈن ۋىلايىتىدە تۇردى. مانا شۇ چاغلاردا، مېڭ تيەننىڭ شۆھرىتى ھۇنلارنى تەشۋىشكە سالغانىدى. چىن شىخۇاڭ مېڭ تيەن جەمەتىدىكىلەرنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيتتى،

ئۇلارنىڭ قابىلىيىتىگە ئىشىنەتتى ۋە ئاپىرىن ئوقۇيتتى. بولۇپمۇ، ئۇ مىڭ تيەننىڭ ئىنىسى مىڭ يىنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئورنىنى ئالى تۆرىلىككە كۆتەردى. چىن شىخۇاڭ ئوردىدىن سىرتقا چىقسا، مىڭ يى ئۇنىڭدىن نېرى كەتمەيتتى؛ ئوردا ئىچىدە بولسا، ئۇنىڭ يېنىدا خىزمەت قىلاتتى. مىڭ تيەن ھەربى ئىشلارنى باشقۇراتتى، مىڭ يى بولسا، ئوردىدا دانىشلىق قىلاتتى. ئاكا-ئىنى ئىككىلىسى سادىق، ئىشەنچلىك دېگەن ئاتاققا ئېرىشكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، سەنگۇن، سەركەردە ۋە ۋەزىر-ۋۇزرالار ئىچىدە ئۇلار بىلەن بوي تالىشىشقا جۈرئەت قىلغۇچىلار يوق ئىدى.

(ئەسلى كىتاب 2565 ـ 2566 ـ بەتلەر)

مۇئەررىخ (سىماچيەن) مۇنداق دېگەنىدى: «مەن شىمالغا بېرىپ قايتىشىمدا، ئۇدۇل يول[5] بىلەن كەلدىم. يول ئۈستىدە مىڭتيەن چىن خاقانلىقى ئۈچۈن سالدۇرغان سەددىچىن ۋە قورغانلارنى، تاغلارنى چېپىپ، جىلغىلارنى تىندۇرۇپ ياسىغان ئۇدۇل يوللارنى كۆردۈم. بۇ خەلقنىڭ ئەمگەك كۈچىنى ئورۇنسىز سەرپ قىلغانىدى. چىن خاقانلىقى ئالتە بەگلىكنى ئەمدىلا يوقاتقان، خەلقنىڭ كۆڭلى تېخى ئەمىن تاپمىغان، ياردارلارنىڭ جاراھىتى تېخى ساقايمىغان ئەھۋال ئاستىدا، مىڭتيەن ئۆزىنىڭ ئاتاقلىق سەنگۇنلۇكىدىن پايدىلىنىپ، خاقانغا نەسىھەت قىلىپ، پۇقرالارنى ئېغىر چىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، پاناسىز قېرى-چۆرى ۋە يېتىم-يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاپ، زور كۈچ بىلەن خەلققە تىنچ-ئەمىنلىك يارىتىپ بەرمەستىن، ئەكسىچە، چىن شىخۇاڭنىڭ رايى بويىچە سەددىچىن سېپىلىنى سوقتۇرغان. كېيىن بۇ ئىككى ئاكا-ئۇكا ئۆلتۈرۈلگەن. بۇمۇ ئەقىلگە سىغمىدىغان ئىشقۇ! بۇنى قانداقتۇ، يەرنىڭ تومۇرىنى ئۈزۈۋەتكەنلىكىدىن بولغان[6] دېگىلى بولسۇن؟»

(ئەسلى كىتاب 2570 ـ بەت)

〔1〕 چىن بەگلىكى (秦国) ــ م. ب. 246 ــ يىلى چىن بەگلىكىنىڭ بېگى جۇاڭشياڭۇاڭنىڭ بالىسى يىڭ جىڭ بەگلىك تەختىگە چىقتى. ئۇ م. ب. 230 ــ يىلدىن 222 ــ يىلغىچە ئىلگىرى ــ ئاخىر بولۇپ، خەن (韩)، جاۋ (赵)، ۋېي (魏)، چۇ (楚)، يەن (燕)دىن ئىبارەت بەش بەگلىكنى يوقاتتى. م. ب. 221 ــ يىلى چى بەگلىكىنى يوقىتىپ، پۈتۈن ئەلنى بىرلىككە كەلتۈردى. شۇ يىلى چىن خاقانلىقىنى قۇرۇپ، چىن شىخۇاڭ دەپ ئاتالغاندى.

(«سىخەي» 3693 ــ بەت)

〔2〕 لىنتاۋ (临洮) ــ ناھىيە. چىن خاقانلىقى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، لوڭشى ۋىلايىتىگە قارايتتى. ئورنى بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى مىنشيەن ناھىيىسىدە.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن» 3693 ــ بەت)

〔3〕 لياۋدۇڭ (辽东) ــ ۋىلايەت. يىغىلىق دەۋرىدە يەن بەگلىكى تەسىس قىلغان بولۇپ، مەركىزى شياڭپىڭ. ئورنى بۈگۈنكى لياۋنىڭ ئۆلكىسىدىكى لياۋخې دەرياسىنىڭ شەرق تەرىپىدە.

(«سىخەي» 2368 ــ بەت)

〔4〕 ياڭشەن تېغى (阳山) ــ چىن، خەن دەۋرلىرىدە چۇغاي تېغىنىڭ ئەڭ شەرقىي قىسمى ياڭشەن تېغى دەپ ئاتالغان. يەنى بۈگۈنكى ئىچكىي موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى لاڭشەن تېغى.

(«سىخەي» 936 ــ بەت)

〔5〕 ئۇدۇل يول (直道) ــ م.ب. 212 ــ يىلى (چىن شىخۇاڭنىڭ 35 ــ يىلى) سەنگۈن مىڭ تيەننىڭ باشقۇرۇشىدا ياسالغان يول بولۇپ، شىمالدىكى جيۈيۈەندىن (بۈگۈنكى ئىچكىي موڭغۇل باۋتۇ شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىن) تارتىپ، جەنۇبدىكى يۈنياڭ (بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسى چۇنخۇا ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا) غىچە 1800 چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، ئۇ گۈەنجۇڭ تۈزلەڭلىكىدىن خېتاۋ (بۈگۈنكى ئىچكىي موڭغۇل ۋە نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىدىكى خېلەنشەن تېغىنىڭ شەرقىي قىسمى، لاڭشەن ۋە چىڭشەن تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ھەم خۇاڭخې دەريا بويلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) رايونىغا ماڭىدىغان ئەڭ مۇھىم يول ئىدى. بۇ يول بىر قەدەر ئۇدۇل بولغانلىقى ئۈچۈن، خەنزۇچىدا جىژداۋ (直道) دەپ ئاتالغان.

(«سىخەي» 299 ــ بەت)

[6] يەرنىڭ تومۇرىنى ئۈزۈۋەتكەنلىكىمدىن بولغان- مېڭ تىيەن ئۆلۈۋېلىشتىن ئىلگىرى: "سەددىچىن سېپىلىنى سوققاندا، يەرنىڭ تومۇرىنى ئۈزۈۋەتكەنلىكىم ئۈچۈن، تەڭرىنى خاپا قىلىپ قويغانىمەن، شۇڭا، جىنايىتىم ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇمەن" - دېگەنىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تارىخىي خاتىرىلەر 93 - جىلد

# خەن (بېگى) خەن شىن، لۇۋەن تەزكىرىلىرى

**خەن** (韩) بېگى خەن شىن (韩信) مەرھۇم خەن بېگى شياڭۋاڭنىڭ نەۋرىسى. بويى سەككىزچى بەش سۇڭ. شياڭلياڭ[1] چۇ بەگلىكىنىڭ بېگى خۇەيۋاڭنىڭ[2] نەۋرىسى شيۇڭ شىنىنى[3] خۇەيۋاڭ قىلىپ كۆتەرگەن ۋاقىتىدا، يەن، چى، جاۋ، ۋېي بەگلىكلىرى ئالىلىقاچان بەگلىرىنى ئولتۇرغۇزۇپ بولغانىدى. خەن بېگى (韩) نىڭ ئەۋلادى بولمىغاچقا، كىچىك ئاغىچىدىن بولغان خېڭياڭ[4] تۆرىسى بەگزادە خەن چېڭ(韩成)نى خەن (韩) بەگلىكىنىڭ بېگى قىلىپ ئولتۇرغۇزۇپ، شۇ ئارقىلىق خەن بەگلىكىنىڭ ئەسلىدىكى زېمىنىنى تىنچىتماقچى بولغانىدى. شياڭلياڭ چىن سەركەردىسى جاڭ خەن تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ، دىڭتاۋدا ئۆلگەچكە، خەن (韩) بېگى خەن چېڭ خۇەيۋاڭ تەرەپكە قېچىپ كەتكەن. كېيىن پېي (沛) بېگى ليۇباڭ قوشۇن تارتىپ ياڭچېڭغا[5] ھۇجۇم قىلغاندا، جاڭ لياڭنى خەن (韩) بەگلىكىنىڭ ئاقارتىش بېگى سالاھىيىتى بىلەن خەن (韩) بەگلىكى زېمىنىدىكى ئەسكەر ۋە خەلقنى بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتتى. جاڭ لياڭ خەن (韩) شىننى قولغا كەلتۈرۈپ ۋە ئۇنى خەن (韩) بەگلىكىنىڭ سەركەردىلىكىگە تەيىنلىدى. خەن (韩) شىن ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ، پېي بېگى ليۇباڭ بىلەن ۋۇگۇەن قوۋۇقىغا[6] كىردى.

پېي بېگى ليۇباڭ شياڭ يۈ تەرىپىدىن خەن (汉) بېگى قىلىپ تەيىنلەنگەنلىكتىن، خەن (韩) شىن خەن (汉) بېگى بىلەن خەنجۇڭغا كەلدى. ئۇ خەن (汉) بېگىنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «بەگلەر بېگى شياڭ يۈ ھەممە سەركەردىلىرىنى بەگ قىلىپ تەيىنلەپ، يېقىن يەرلەرگە ئورۇنلاشتۇردى. ئەمما ئۇلۇغ بېگىمىز يەككە-يىگانە ھالدا يىراق، چەت رايوندا تۇرۇپ قالدىلا. بۇ مەرتىۋىلىرىنى تۆۋەنلەتكەنلىك ئەمەسمۇ! ئۇلۇغ بېگىمىزنىڭ قول ئاستىدىكى سىپاھ-بەگلەر ھەممىسى، خۇاشەن تېغىنىڭ شەرقىدىن كەلگەن. ئۇلار ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىشنى ئۈمىت قىلىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق كۈچلۈك ھېسسىياتتىن پايدىلىنىپ، قوشۇننى قايتۇرۇپ شەرققە يۈرۈش قىلساق، بەگلەر بېگى شياڭ يۈ بىلەن ئەلنى تالاشقىلى بولىدۇ» دەپ مەسلىھەت بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن خەن (汉) بېگى قوشۇننى قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۈچ چىننى[7] قايتۇرۇۋالدى. خەن شىننى خەن (韩) بەگلىكىنىڭ بېگى قىلىپ تەيىنلەشكە ۋەدە بېرىپ، ئالدى بىلەن ئۇنى خەن (韩) بەگلىكىنىڭ لەشكەر بېگى قىلدى ۋە قوشۇن تارتىپ خەن (韩) بەگلىكىنىڭ زېمىنىنى قولغا كىرگۈزۈشكە ئەۋەتتى. شياڭ جى بەگلەرنى بەلگىلەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ئۆز سۈيۈرغال يەرلىرىگە قايتۇردى. خەن (韩) بېگى خەن چېڭ شياڭ جى بىلەن بىرلىكتە خەنگۇ قوۋۇقىغا كىرمىدى. جەڭ تۆھپىسى بولمىغانلىقتىن، شياڭجى ئۇنى ئۆز سۈيۈرغال يېرىگە قايتۇرماي، بەگلىك ئورنىدىن تۆرىلىك ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويىدى. ئەمدى شياڭ جى خەن (汉) بېگىنىڭ خەن شىننى خەن (韩) بەگلىكىنىڭ يەرلىرىنى ئېلىشقا ئەۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، بۇرۇن ئۆزى ۋۇجۇڭدا سەيلە-تاماشا قىلىپ يۈرگەندە تونۇشۇپ قالغان دوستى ۋۇشيەن ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى جېڭ چاڭنى خەن (韩) بەگلىكىگە تەيىنلەپ، ئۇ ئارقىلىق خەن (汉) قوشۇنىغا تاقابىل تۇرماقچى بولدى. م. ب. 205-يىلى

(گاۋدىنىڭ ئىككىنچى يىلى) خەن شىن ھۇجۇم قىلىپ، خەن (韩) بەگلىكىنىڭ ئون نەچچە شەھىرىنى ئالدى. خەن (汉) بېگى خېنەنگە كەلگەندە، خەن (韩) بېگى خەن شىن ياڭچېڭ شەھىرىدە خەن (韩) بەگلىكىنىڭ بېگى جېڭ چاڭغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىۋاتاتتى. جېڭ-چاڭ تەسلىم بولغاندىن كېيىن، خەن (汉) بېگى خەن (韩) شىننى خەن (韩) بەگلىكىنىڭ بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. خەن (韩) بەگلىكى دائىم دىگۇدەك قوشۇنلىرىنى باشلاپ، خەن (汉) بېگى بىلەن بىرلىكتە جەڭ قىلدى. م. ب. 204-يىلى (گاۋدىنىڭ ئۈچىنچى يىلى) خەن (韩) بېگى شىڭياڭدىن كەتكەچكە، خەن (韩) بېگى خەن شىن ۋە جوۋكېلارنى شىڭياڭنى ساقلاشقا ئەۋەتكەندى. كېيىن، چۇ بەگلىكى قوشۇنى شىڭياڭنى بېسىۋالغاندا، خەن بېگى خەن شىن شياڭ جىغا تەسلىم بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، پۇرسەت تېپىپ قېچىپ، خەن (汉) بېگىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىۋالدى. خەن (汉) بېگى ئۇنى يەنىلا خەن (韩) بەگلىكىنىڭ بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. خەن (韩) شىن خەن (汉) بېگى بىلەن بىرلىكتە ئاخىرى شياڭجىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئەلنى تىنچىتتى. م. ب. 202-يىلى (گاۋدىنىڭ بەشىنچى يىلى) باھاردا، خەن (汉) بېگى خەن شىنگە يارلىق دەستىگى[8] بېرىپ، ئۇنى خەن (韩) بەگلىكىنىڭ بېگى قىلدى. بەگلىك يىڭچۇەن[9] ۋىلايىتىدە تەسىس قىلىندى.

م. ب. 201-يىلى (گاۋدىنىڭ ئالتىنچى يىلى) خەن (韩) شىننى قابىلىيەتلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە پالۋان، ئۇنىڭغا تەۋە يەرلەر شىمالدا گۇڭشيەن ناھىيىسى، لوياڭغا يېقىن، جەنۇبدا ۋەن[10]، يېشيەن[11] ناھىيىلىرىگە چېگرىداش، شەرق تەرەپتە خۇەيياڭ[12] بار. بۇ ئورۇنلارنى مەملىكەت بويىچە قاۋۇل، ئەزىمەتلەر چىقىدىغان يەرلەر دەپ قاراپ، خەن (韩) بېگى خەن شىننى تەييۈەننىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا بەگلىك تەسىس قىلىشقا، ھۇنلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇدا-

www.uyghurkitap.com

پىشە كۆرۈشكە، جىنياڭنى بەگلىكنىڭ باش شەھىرى قىلىشقا يارلىق چۈشۈردى. خەن شىن مەكتۇپ سۇنۇپ: «مىنىڭ بەگلىكىمنىڭ ئەتراپى پۈتۈنلەي چېگرا قورغانلىرى، ھۇنلار كۆپ قېتىم تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. جىنياڭ چېگرا قورغانلىرىدىن يىراق، شۇنىڭ ئۈچۈن، بەگلىكنىڭ مەركىزىنى مايىغا كۆچۈرسەك» دەپ ئىلتىماس قىلغانىدى. خاقان گاۋدى ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى ماقۇل كۆردى. شۇڭا، خەنشىن مەركەزنى مايى شەھىرىگە كۆچۈردى. شۇ يىلى كۈزدە، ھۇن تەڭرىقۇتى باتۇر خەن شىنگە كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلغانلىقتىن، خەن شىن ھۇنلارغا كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ، ياخشىلىشىشنى تەلەپ قىلدى. خەن خاقانلىقى قوشۇن ئەۋەتىپ، خەن شىننى قۇتقۇزۇۋالماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن خەن شىننىڭ ھۇنلارغا ئۆز ئالدىغا يوشۇرۇن ئەلچى ئەۋەتكەنلىكىگە قاراپ، ئۇنى ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىۋاتامدىكىن، دەپ گۇمانلاندى. ھەمدە كىشى ئەۋەتىپ خەن شىننى ئەيىبلىدى. خەن شىن كاللىسى كېتىشتىن قورقۇپ، خەن (汉) قوشۇنىغا بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا ھۇنلار بىلەن كېلىشتى. شۇڭا، خەن (汉)گە قارشى ئىسيان كۆتەردى ھەمدە ھۇنلارغا مايى شەھىرىنى بېرىپ تەسلىم بولۇپ، تەيىۋەنگە ھۇجۇم قىلدى. م. ب. 200 ـ يىلى (خەن خاقانلىقىنىڭ يەتتىنچى يىلى) قىشتا، خەن گاۋدى ئۆزى بىۋاسىتە قوشۇن باشلاپ جازا يۈرۈشى قىلدى. تۇڭدىدا خەن شىن قوشۇنىنى تارمار قىلىپ، خەن شىننىڭ سەركەردىسى ۋاڭ شىنى ئۆلتۈردى. خەن شىن ھۇنلار تەرەپكە قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردىلىرىدىن بەيتۇلۇق[13] مەن چيۇچېڭ، ۋاڭ خۇاڭ قاتارلىقلار جاۋ بەگلىكىنىڭ ئەۋلادى جاۋلىنى جاۋ بەگلىكىگە بەگ قىلىپ، خەن شىننىڭ يېڭىلىپ، پېتىراپ كەتكەن ئەسكەرلىرىنى يىغىپ ـ توپلاپ، خەن شىن ۋە باتۇر تەڭرىقۇت بىلەن بىرلىكتە خەن (汉) قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىشنى

پىلانلاشتى. ھۇنلارنىڭ سول ۋە ئوڭ تۇغ قانىلىرى ئون مىڭدىن ئارتۇق چەۋەندازنى باشلاپ، ۋاڭ خۇاڭ قاتارلىقلار بىلەن بىللە گۇاڭگۇۋ[14] ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىن تاكى جىنياڭ ناھىيىسىگىچە بولغان يەرلەردە تۇرۇپ، خەن (汉) قوشۇنى بىلەن ئۇرۇشتى. خەن (汉) قوشۇنى ئۇلارنى تارمار قىلىپ، تاكى لىشى[15] ناھىيىسى ئىچىگە قەدەر قوغلاپ باردى ۋە ئۇ يەردە ئۇلارنى يەنە مەغلۇپ قىلدى. ھۇنلار لۇفەننىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە قوشۇنلىرىنى قايتا توپلىغان بولسىمۇ، خەن خاقانلىقى جەڭ ھارۋىسى ۋە چەۋەندازلارنى ئەۋەتىپ ھۇنلارنى مەغلۇپ قىلدى. مەغلۇپ بولغان ھۇنلار چېكىنىشۋەردى. خەن (汉) قوشۇنى غەلىبىدىن پايدىلىنىپ، قوغلاپ زەربە بېرىۋەردى. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ دەيگۇدا[16] تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، جىنياڭدا تۇرغان گاۋدى چارلىغۇچىلارنى ئەۋەتىپ، باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىنى كۆزەتتى. چارلىغۇچىلار قايتىپ كېلىپ: «ھۇجۇم قىلىشقا بولىدۇ» دەپ مەلۇمات بەردى. شۇنىڭ بىلەن گاۋدى پىڭچېڭ شەھرىگە كېلىپ، پىڭچېڭ شەھرىدىن بەيدېڭگە بارغاندا، ھۇن ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالدى. گاۋدى تەڭرىقۇتنىڭ ئالچىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، نۇرغۇن سوغا-سالام يوللىدى. ئالچى باتۇر تەڭرىقۇتقا: «بۈگۈن خەنلىكلەرنىڭ زېمىنىنى ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ يەردە تۇرالمايمىز؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىككى ئەلنىڭ ھۆكۈمدارى بىر بىرىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماسلىقى كېرەك» دەپ مەسلىھەت بەرگەچكە، يەتتە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ھۇن ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئاستا-ئاستا چېكىنىپ كېتىشتى. شۇ كۈنلەردە ھاۋا ناھايىتى تۇمانلىق بولغاچقا، خەن ئەلچىلىرىنىڭ كېلىپ-كېتىپ تۇرغانلىقىنى ھۇنلار سەزمەي قالغانىدى. مۇھاپىزەتچى قوشۇن قارۇقچى بېگى چېن پىڭ گاۋدىغا: «ھۇن قوشۇنلىرى پۈتۈنلەي ئوقيا ۋە نەيزە ئىشلىتىدۇ. ماھىر ئوق-



www.uyghurkitap.com

ياچىلارنى تەيىنلەپ، ئىككىسىدىن ئۇلارنى دۈشمەنگە بەتلەپ، مۇھاسىرە-
دىن ئاستا چىقىپ كېتىش كېرەك » دەپ تەكلىپ بەردى. گاۋدى
بۇ تەدبىرنى قوللىنىپ، بەيدېڭدىن چىقىپ پىڭچېڭ شەھىرىگە كىرد-
ۋالدى. بۇ چاغدا، خەن خاقانلىقىنىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرى يېتىپ
كەلگەنىدى. ھۇن قوشۇنلىرى مۇھاسىرىسىنى بوشىتىپ چېكىنىپ
كەتتى. خەن خاقانلىقىمۇ قوشۇننى يىغىپ قايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن،
خەن (韩) بېگى خەن شىن ھۇن قوشۇنلىرىنى باشلاپ، خەن خاقان-
لىقى چېگرا قورۇللىرىغا ھۇجۇم قىلىپ تۇردى. م. ب. 197 ـ يىلى
(خەن گاۋزۇنىڭ ئونىنچى يىلى) خەن (韩) بېگى خەن شىن، ۋاڭ
خۇاڭ قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ، چېن شىگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىپ،
ئۇنى قايىل قىلىپ تۇردى. م. ب. 196 ـ يىلى (گاۋدىنىڭ 11 ـ يىلى)
باھاردا، ئىلگىرىكى خەن (韩) بېگى خەن شىن يەنە ھۇنلارنىڭ
ئاتلىق قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە سەنخېغا[17] بېسىپ كىرىپ، خەن
(汉) قوشۇنىغا قارشى تۇرغان بولسىمۇ، خەن خاقانلىقى سەي ۋۇ سەن-
گون باشچىلىقىدا قوشۇن ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا قارشى ئاتلاندى. ھەمدە
خەن (汉) بېگى خەن شىنگە نەسىھەت قىلىپ: «خاقان ئالىيلىرى كەڭ
قوساق، مېھىر ـ شەپقەتلىك ئادەم. ئۇ بەگلەردىن ئاسىيلىق قىلىپ،
قېچىپ كەتكەنلەر بولسىمۇ، ئۇلار قايتىپ كەلسىلا، بۇرۇنقى نام-
ئەمەللىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، زادىلا ئۆلتۈرمىدى. ئۇلۇغ بەگ
جانابلىرى بۇنى بىلىدىلا. ھازىر بەگ جانابلىرى ئۇرۇشتا مەغلۇپ
بولۇپ، ھۇنلار تەرەپكە قېچىپ بېرىۋالدىلا، ھېچقانچە چوڭ جىنايەت-
لىرى يوق، تېز قايتىپ كېلىۋرلا!» دەپ مەكتۇپ يوللىغانىدى، خەن
(韩) بېگى خەن شىن: «خاقان ئالىيلىرى مېنى كوچىدىكى ئاددى
پۇقرا ئىچىدىن ئۆستۈرگەنىدى. بەگلىك ـ تۆرىلىك دەرىجىسىگە
كۆتىرىلدىم. بۇ مېنىڭ بەختى ـ تەلىيىم. لېكىن شىڭياڭدىكى جەڭدە
مەن ئەل ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتەلمەي، شياڭ جىگە ئەسىر

www.uyghurkitap.com

چۈشتۇم، بۇ بىر جىنايىتىم. كېيىن ھۇنلار مايى شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغاندا، مەن بۇ يەرنى قاتتىق مۇداپىئە قىلالماي، شەھەرنى بېرىپ تەسلىم بولدۇم، بۇ ئىككىنچى جىنايىتىم. مانا ئەمدى، ھۇنلار ئۇچۇن قوشۇن باشلاپ، سەنگۈن جانابلىرى بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش ئالدىدا تۇرماقتىمەن بۇ ئۈچىنچى جىنايىتىم. ئىلگىرى ۋېن جۇڭ فەن لىلەر[18] ناھايىتى زور خىزمەت كۆرسەتكەنىكەن. ئۇلارنىڭ ھېچقانداق گۇناھىمۇ يوق ئىدى؛ كېيىن بىرى ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، بىرى قېچىپتۇ. ھازىر مەن خاقان ئالىلىرى ئالدىدا ئۈچ چوڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولسامۇ، يەنىلا دۇنيادا ياشىغۇم بار. ۋۇزىشۇنىڭ[19] ۋۇ بەگلىكىدە ئۆلتۈرۈلۈشىنىڭ سەۋەبىمۇ مانا شۇ ئىدى. ھازىر مەن تاغ-جىلغىلاردا قېچىپ يۈرىمەن. ھەركۈنى بەدۆۋى ياتلار ئارىسىدا مۇھتاجلىقتا يۈرۈپتىمەن؛ قايتىپ كېتىشنى ئويلايمەن. بۇ خۇددى پالەچ كىشى مېڭىشنى، قارىغۇ كىشى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغاندەك بىر ئىش. لېكىن ئەمەلىيەتتە، بۇنى ئورۇندىيالمايمەن» دەپ جاۋاپ يازدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ خەن قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلدى. سەي ۋۇ سەنگۈن سەنخېنى ئېلىپ، پۈتۈن شەھەردىكى ھەربى ۋە پۇقرالارنى قەتلىئام قىلىپ، خەن (韩) بېگى خەن شىننى ئۆلتۈردى.

خەن (韩) بېگى خەن شىن ھۇنلار تەرەپكە قېچىپ بارغاندا، ئۆز ۋەلىئەھدى بىلەن بىللە بارغانىدى. تۇيداڭ شەھىرىگە بارغاندا، بىر ئوغلى دۇنياغا كەلگەچكە، ئۇنىڭ ئىسمىنى تۇيداڭ دەپ قويىدى. خەن (韩) بېگى خەن شىننىڭ ۋەلىئەھدىمۇ بىر ئوغۇل تېپىپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى يىڭ قويغانىدى. م. ب. 166 - يىلى (خەن ۋېندىنىڭ 14 - يىلى) تۇيداڭ ۋە خەن يىڭلەر قوشۇنلىرى بىلەن خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولغانلىقتىن، خەن خاقانلىقى خەن تۇيداڭنى گۇڭگاۋ تۆرىسى، خەن يىڭنى شياڭچېڭ تۆرىسى قىلىپ تەيىنلىگەنىدى.

ۋۇ، چۇ قاتارلىق يەتتە بەگلىك قوشۇن تارتىپ توپىلاڭ كۆتەرگەندە، گۇڭگاۋ تۆرىسى توپىلاڭنى تىنچىتىش جېڭىدە بارلىق سەركەردىلەر ئىچىدە بىرىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئۇنۋانى ئوغلىغا، نەۋرىسىگە مىراس قالدى؛ نەۋرىسىدىن ئەۋلاد قالمىغاچقا، تۆرىلىك ئۇنۋانى كېيىن ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. خەن - يىڭنىڭ نەۋ-رىسى ھۆرمەتسىزلىك جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، تۆرىلىك ئۇنۋانىدىن مەھرۇم قىلىنىدى. تۇيداڭنىڭ كىچىك خوتۇنىدىن بولغان نەۋرىسى خەن يەننى خاقان ۋۇدى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇ ھۆر-مەتكە سازاۋەر بولغانىدى. شۇ تۇپەيلى، ئۇ نام - شۆھرىتى ۋە بايلىقى بىلەن ئۆز زامانىسىدا داڭ چىقاردى. ئۇنىڭ ئىنىسى خەن يۆ ئىككى قېتىم ئۇنۋان ئېلىپ، كۆپ قېتىم سەنگۇن بولۇپ، ئاخىرىدا ئەنداۋ تۆرىسى بولدى. خەن يۆ ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى خەن جاڭجۇن (长君) تۆرىلىك ئۇنۋانىغا ۋارىسلىق قىلىپ، بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغىنى ئۈچۈن ئۆلتۈ-رۈلدى. يەنە بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن، خەن يۆنىڭ نەۋرىسى خەن زىڭ لۇڭكې تۆرىسى بولۇپ تەيىنلەندى. تۆرىلىك خەن يۆنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلىرىغا مىراس بولۇپ قالدى.

*   *   *

لۇۋەن فېڭيى شەھىرىدىن بولۇپ، خەن گاۋدى بىلەن بىر يۇرتلۇق ئىدى. لۇۋەننىڭ ئاتىسى بولسا، گاۋزۇنىڭ ئاتىسى خان ئاتا[20] بىلەن دوست ئىكەن؛ گاۋزۇ بىلەن لۇۋەن ئىككىسى بىر كۈندە تۇغۇلغاچقا، يۇرتتىكى ئەل - ئاغىنىلىرى قوي ۋە هاراق ئېلىپ كېلىپ، ليۇ ئائىلىسى بىلەن لۇ ئائىلىسىنى مۇبارەكلەشكەنىكەن؛ گاۋزۇ بىلەن لۇۋەن چوڭ بولغاندا، ئىككىسى بىللە ئوقۇغان، بىر بىرى بىلەن دوست بولغان. يۇرتتىكىلەر بۇ ئىككى ئائىلىنىڭ ئاتىلىرى دوست ئۆتكەن، باللىرى بىركۈندە تۇغۇلغانىدى، چوڭ

بولغاندا ئۇلارمۇ دوست بولدى. بۇ ھەقىقەتەن ناھايىتى ئاز ئۇچ-رايدىغان ئەھۋال دېيىشكەن ۋە بۇ ئىككى ئائىلىنى يەنە قوي ۋە ھاراقلار بىلەن مۇبارەكلىگەن. گاۋزۇ ئاددى پۇقرا ۋاقتىدا، دەۋا ئىشى دەستىدىن يوشۇرۇنۇشقا توغرا كەلگەندە، لۇۋەن ھەمىشە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان، بىر قەدەممۇ ئايرىلمىغان. گاۋزۇ پېيشيەن ناھىيىسىدىن قوزغىلاڭ كۆتىرىپ چىققاندا، لۇۋەن ئۇنىڭغا قاتناشقان؛ خەنجۇڭغا بارغاندا، سەنگۈن بولۇپ، گاۋزۇنىڭ يېنىدا خىزمەت قىلغانىدى. كېيىن گاۋزۇ بىلەن بىرلىكتە شەرقتىكى شياڭ جىغا ھۇجۇم قىلىپ، لەشكەر بېگى نامى بىلەن گاۋزۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، گاۋزۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ-چىقىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئىن-ئام ئالغان يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەكلىرىنى ئادەتتىكى ۋەزىرلەر خىيالىغىمۇ كەلتۈرەلمەيتتى. ھەتتا شياۋخې، ساۋسەن قاتارلىقلار قولىدىن ئىش كېلىدىغان بولغاچقا، گاۋزۇنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولسىمۇ، يېقىنلىق، ئەتىۋارلىق جەھەتتە لۇۋەنگە يېتەل-مەيتتى. لۇۋەن چاڭئەن تۆرىسى بولۇپ تەيىنلەندى، چاڭئەن ئەس-لىدىكى شيەنياڭ ئىدى.

م. ب. 202-يىلى (گاۋزۇنىڭ بەشىنچى يىلى) قىشتا، شياڭ جى يوقىتىلدى. لۇۋەن يەنە باشقا بىر قوشۇننى باشلاپ، ليۇجيا بىلەن بىرلىكتە لىنجياڭ بېگى گۇڭ ۋېيغا[21] ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىلدى ۋە ئۇنى مەغلۇپ قىلدى. يەتتىنچى ئايدا چاڭئەنگە قايتىپ كېلىپ، يەنە گاۋزۇ بىلەن بىرلىكتە يەن بېگى زاڭ تۇغا جازا يۈرۈشى قىلدى. زاڭ تۇ تەسلىم بولدى. گاۋزۇ ئەلنى تىنچىتقان بولسىمۇ، لېكىن بەگلەر ئىچىدە فامىلىسى ليۇ بولمىغان يەتتە بەگ بولغانلىقتىن، لۇۋەننى بەگلىككە تەيىنلەشتە، ۋەزىرلەرنىڭ نارازى بولۇشىدىن ئەن-سىرەيتتى. زاڭ تۇنى ئەسىر ئالغاندىن كېيىن، سەركەردە، تۆرە ۋە ۋەزىرلەر ئارىسىدىن ئەڭ زور خىزمەت كۆرسەتكەن بىرىنى تاللاپ

يەن بەگلىكىنىڭ بېگى قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. ۋەزىرلەر گاۋزۇنىڭ لۇۋەننى بەگ قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ: «لەشكەر بېگى چاڭئەن تۆرىسى لۇۋەن خاقان ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە ئەلنى تىنچىتىشتا كۆپ خىزمەت كۆرسەتتى. ئۇنى يەن بېگى قىلىپ تىكلەشكە بولىدۇ» دېيىشتى. بۇنى ماقۇل كۆرگەن گاۋزۇ يارلىق چۈشۈرۈپ، لۇۋەننى بەگلىككە تەستىقلىدى. م. ب. 202-يىلى (گاۋزۇنىڭ بەشىنچى يىلى) سەككىزىنچى ئايدا، لۇۋەن يەن بېگى بولدى. ھېچكىم يەن بېگىدەك ئەتىۋارلىق بولمىغانىدى.

م. ب. 196-يىلى (خەن گاۋزۇنىڭ 11-يىلى) كۈزدە، گاۋزۇ دەي دىيارىدا ئىسيان كۆتەرگەن چېن شىگە قارشى جازا يۈرۈشىگە شەخسەن ئۆزى بىۋاسىتە باشچىلىق قىلىپ خەندەنگە كەلدى. يەن بېگى لۇۋەنمۇ ئۆز قوشۇنى بىلەن شەرقىي-شىمال تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. بۇ چاغدا چېن شى ياردەم سوراپ، ۋاڭ خۇاڭنى ھۇنلار تەرەپكە ئەۋەتتى. يەن بېگى لۇۋەنمۇ قول ئاستىدىكى جاڭ شېڭنى ھۇنلار تەرەپكە ئەۋەتىپ، چېن شى باشلىق ئاسىي قوشۇنلارنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى خەۋەر قىلماقچى بولدى. جاڭ شېڭ ھۇنلار تەرەپكە بارسا، سابىق يەن بېگى زاڭ تۇنىڭ ئوغلى زاڭ يەن ھۇنلار تەرەپكە قېچىپ بېرىۋالغانىكەن. ئۇ جاڭ شېڭنى كۆرۈپ: «سىزنىڭ يەن بېگىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇشىڭىز، ھۇنلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلگەنلىكىڭىزدىن. يەن بېگىنىڭ ئۇزاق ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرالىشىنىڭ سەۋەبى، بەگلەر ئۆزلۈكسىز ئىسيان كۆتىرىپ، ئۇرۇشنىڭ داۋاملىق بولۇپ تۇرغانلىقىدىن بولغان. ھازىر سىز يەن بېگى ئۈچۈن چېن شى قاتارلىقلارنى تېزلا يوقاتماقچىسىز. چېن شى قاتارلىقلار يوقىتىلغاندىن كېيىن، رەت بويىچە نۆۋەت يەن بەگلىكىگە كېلىدۇ. سىلەرمۇ ئەسىر بولىسىلەر. سىز نېمە ئۈچۈن يەن بېگىنى چېن شىغا قىلىنىدىغان ھۇجۇمنى ۋاقىتىنچە بوشاشتۇرۇپ، ھۇنلار

بىلەن ياخشىلىششقا ئۈندىمەيسىز؟ ئىش كەينىسىگە سوزۇلسا، يەن بېگى ئۇزۇن مۇددەت ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرالايدۇ؛ ئەگەر خەن قوشۇنى ھۇجۇم قىلىشتەك بىر جىددى ئەھۋال يۈز بېرىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ھۇنلارنىڭ ياردىمى بىلەنمۇ بەگلىكنى ئامان ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ» دېدى. جاڭ شىڭ بۇ گەپنى مۇۋاپىق تېپىپ، ئاستىرتتىن ھۇنلارنى چېن شى قاتارلىقلارغا ياردەم قىلىپ، يەن بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئۈندىگەن. يەن بېگى لۇۋەن جاڭ شىڭنى ھۇنلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئاسىيلىق قىلدى، دەپ گۇمانلىنىپ، جاڭ شىڭنى پۈتكۈل ئۇرۇق جەمەتى بىلەن يوقىتىش توغرىسىدا يۇقىرىغا مەلۇمات يوللىغان. جاڭ شىڭ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، لۇۋەنگە ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى تەپسىلى سۆزلەپ بەرگەن. بۇنى چۈشەنگەن يەن بېگى باشقىلارنىڭ جىنايىتى ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقارغان بولۇپ، جاڭ شىڭ جەمەتىنى ئازات قىلىۋەتكەن ۋە ئۇلارنىڭ ھۇنلار بىلەن ئاستىرتتىن بېرىش-كېلىش قىلىشىغا يول قويغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، فەن چىنى يوشۇرۇن ھالدا چېن شى تەرەپكە ئەۋەتىپ، ئۇزاق ۋاقىت ئىسيان قىلىش، قوشۇننى توختاتماي داۋاملىق ئىشقا سېلىشقا دەۋەت قىلغان.

م. ب. 195-يىلى (گاۋزۇنىڭ 12-يىلى)، گاۋزۇ ئۆزى بىۋاستە ئەسكەر باشلاپ، شەرقتە چىڭبۇ ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. چېن شى قوشۇن بىلەن ھەمىشە دەي دىيارىدا تۇراتتى. گاۋزۇ قوشۇن بىلەن ئەۋەتكەن فەن كۇەي (樊哙) چېن شىگە ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇنى ئۆلتۈردى. خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولغان چېن شىنىڭ ياردەمچى سەنگۇنى، يەن بېگى لۇۋەننىڭ فەن چىنى چېن شى قارارگاھىغا ئەۋەتىپ، ئىسيان كۆتۈرۈشنى پىلانلىغانلىقىنى پاش قىلدۇ. گاۋزۇ ئەلچى ئەۋەتىپ لۇۋەننى چاقىرتقان بولسىمۇ، لۇۋەن ئاغرىپ قالدىم، دەپ كەلمەيدۇ. گاۋزۇ يەنە بىياڭ تۆرىسى شېن يىجىنى ۋە باش

تەپتىش بېگى جاۋياۋنى يەن بېگىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىدۇ ھەمدە يەن بېگىنىڭ ئەتراپىدىكى يېقىن ۋەزىرلىرىنى سوراققا تارتىدۇ. تېخىمۇ قورققان لۇۋەن مۆكۈنۈۋېلىپ چىقماي قويىدۇ. ئۆزىنىڭ يېقىن ۋەزىرلىرىگە: «لىيۇ فەمىلىلىك بولمىغان بەگلەردىن يالغۇز مەن بىلەن چاڭشا(22) بېگىلا قالدۇق. ئۇزاقى يىلى باھاردا، خەن خاقانلىقى خۇەييىن تۆرىسى خەن شىننى پۈتكۈل جەمەتى بىلەن جازالاپ ئۆلتۈردى. يازدا، لياڭ بېگى پېڭ يۆنى ئۆلتۈردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى خانىش لۈ خوۋنىڭ گېپى بىلەن بولدى. ھازىر خاقان ئاغرىق، دۆلەت ئىشلىرى خانىش لۈ خوۋنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلدى. خانىش لۈ خوۋ ئايال كىشى. بانا تېپىپ، بەرىبىر يات فەمىلىلىك بەگلەرنى ۋە خىزمەت كۆرسەتكەن ۋەزىرلەرنى يوقىتىدۇ» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاغرىقلىقىنى ئېيتىپ، بارمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەتراپىدىكى ۋەزىرلىرىمۇ ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشىدۇ. لۇۋەننىڭ يېقىن ۋەزىرلىرىگە قىلغان گەپ-سۆزلىرى ئاستا-ئاستا ئاشكارا بولۇپ قالىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان بىياڭ تۆرىسى چاڭئەنگە بېرىپ، گاۋزۇغا ئەھۋالىنى تەپسىلى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، گاۋزۇ تېخىمۇ خاپا بولىدۇ. بۇ چاغدا، ھۇنلاردىن تەسلىم بولغان كىشىلەر بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ھۇنلار تەرەپكە قېچىپ بارغان جاڭ شېڭ يەن بېگىنىڭ ئەلچىسى ئىكەن. گاۋزۇ: «لۇۋەن ئاسىيلىق قىپتۇ!» دەيدۇ ۋە فەن كۇەيىنى يەن بېگىگە جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. يەن بېگى لۇۋەن بارلىق ئوردا خادىملىرى، ئائىلە تەۋەسى ھەم نەچچە مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنى بىلەن سەددىچىننىڭ تۈۋىدە پۇرسەت كۈتۈپ تۇراتتى. گاۋزۇ ساقايغاندىن كېيىن، ئۆزى بىۋاستە ئوردىغا بېرىپ كەچۈرۈم سورىماقچى ئىدى. شۇ يىلى تۆتىنچى ئايدا گاۋزۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، لۇۋەن قوشۇنلىرى بىلەن ھۇنلار تەرەپكە قېچىپ كەتتى.

ھۇنلار ئۇنى تۇڭگۇسلار ئېلىگە خان قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. لۇۋەن ھۇن قەبىلىلىرىنىڭ بۆلەك-تالاڭچىلىرىغا ئۇچراپ تۇرغانلىقتىن، دائىم خەن تەرەپكە قايتىپ كېتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن شۇ ياقتا ئۆلۈپ كەتتى.

خانىش لۈخوۋ ھاكىمىيەت باشقۇرۇپ تۇرغان مەزگىللەردە، لۇۋەننىڭ خوتۇنى قېچىپ كېلىپ، خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولغانىدى. بۇ ۋاقىتتا خانىش لۈخوۋ ئاغرىق سەۋەبىدىن ئۇنى قوبۇل قىلالماي، يەن بېگى دەرگاھىغا (سارىيىغا) ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدى. ساقايغاندىن كېيىن، زىياپەت بېرىپ كۆرۈشمەكچى بولغان بولسىمۇ، كۆتۈلمىگەندە ئۆلۈپ كېتىپ، كۆرۈشەلمەي قالغان، كېيىن لۇۋەننىڭ خوتۇنىمۇ ئاغرىپ ئۆلۈپ كەتكەنىدى.

م. ب. 144-يىلى (خاقان جىڭدىنىڭ ئالتىنچى يىلى) لۇتاجىز تۇڭگۇسلار بېگى نامى بىلەن خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولۇپ، ياگۇ تۆرىلىكىگە تەيىنلەنگەنىدى.

* * *

چېن شى يۈەنچۇ[24] نامىيىسىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ دەسلەپتە قانداق قىلىپ گاۋزۇنىڭ خىزمىتىگە كىرىپ قالغانلىقى مەلۇم ئەمەس. م. ب. 200-يىلى (گاۋزۇنىڭ بەشىنچى يىلى) قىشتا، خەن(韩) بېگى خەن شىن ئاسىيلىق قىلىپ ھۇنلار تەرەپكە قاچقاندا، گاۋزۇ پىڭچېڭغا بېرىپ، چاڭئەنگە قايتتى. شۇنىڭ بىلەن چېن شى تۆرىلىككە تەيىنلىنىپ، دەي بەگلىكىنىڭ باش ۋەزىرى سۈپىتى بىلەن جاۋ، دەي ئىككى بەگلىكنىڭ چېگرا مۇداپىئە قوشۇنىغا قوماندانلىق ھەم نازارەتچىلىك قىلدى. چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىمۇ ئۇنىڭ قارىمىقىدا بولدى. چېن شى رۇخسەت سوراپ ئۆيىگە قايتقاندا، جاۋ بەگلىكىنى بېسىپ ئۆتكەچكە، جاۋ بەگلىكى ۋەزىرى جوۋچاڭ چېن شى بىلەن كېتىۋاتقان مۇساپىر ئەمەلدارلارنىڭ مىڭ ھارۋىدىن ئۇشۇق ئىكەنلىكىنى،

خەقدەندىكى ھۆكۈمەت مېھمانخانىلىرىنىڭ تۇشۇپ كەتكەنلىكىنى، چىن شىنىڭ ئۆز مۇساپىر ئەمەلدارلىرى ۋە كەمبەغەل دوستلىرىغا نىسبەتەن ناھايىتى ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلغانلىقىنى كۆرگەنىدى. چىن شى دەي بەگلىكىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جوۋچاڭ پايتەختكە بېرىپ، خاقان بىلەن كۆرۈشۈشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. گاۋزۇ بىلەن كۆرۈشۈپ، چىن شىنىڭ مۇساپىر ئەمەلدارلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكىنى، سىرتتا بىر نەچچە يىل ئۆز ئالدىغا ھوقۇق تۇتقان ئادەمنىڭ ئاسىيلىق قىلىش ئېھتىمالى بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن گاۋزۇ كىشى ئەۋەتىپ، چىن شىنىڭ مۇساپىر ئەمەلدارلىرى بىلەن دەي بەگلىكىدە ئۆتكۈزگەن مال-بايلىق جەھەتتىكى قانۇنسىز ئىشلىرىنى تەكشۈرگەن؛ بۇ ئىشلارنىڭ بىر مۇنچىسى چىن شىغا باغلىنىپ قالغان. بۇنىڭدىن قاتتىق تەشۋىشلەنگەن چىن شى ۋاڭ خۇاڭ، مەن چيۇچېڭلەرگە يوشۇرۇن ئادەم ئەۋەتىپ ئالاقە باغلىغان. م. ب. 197-يىلى (گاۋزۇنىڭ ئونىنچى يىلى) يەتتىنچى ئايدا، خان ئاتا ئۆلىدۇ. گاۋزۇ چىن شىغا كىشى ئەۋەتىپ ئۇنى چاقىرتقان بولسىمۇ، لېكىن چىن شى ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ كۆرۈشكىلى بارمايدۇ. توققۇزىنچى ئايدا، ۋاڭ خۇاڭ قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە ئىسيان كۆتۈرۈپ ۋە ئۆزىنى دەي بېگى ئېلان قىلىپ، جاۋ، دەي بەگلىكىدىكى پۇقرالارنى تالان-تاراج قىلىدۇ.

گاۋزۇ چىن شىنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئومۇمەن، جاۋ، دەي بەگلىكلىرىدىكى چىن شىلار تەرىپىدىن چېتىۋېلىنغانلار، مەجبۇر قىلىنغانلار ھەممىسى كەچۈرۈم قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا يارلىق چىقارغان ۋە گاۋزۇ ئۆزى بىۋاستە يۈرۈش قىلىپ، خەندەنگە بارغاندا خۇشال بولۇپ: «چىن شى جەنۇبدا جاڭشۇي دەرياسىنى ئىگەللىيەلمىگەن، شىمالدا خەندەننى مۇھاپىزەت قىلماپتۇ. بۇ ئۇنىڭ

ئىقتىدارسىز ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ» دېگەن. جاۋ بەگلىكىنىڭ ۋەزىرى جوۋچاڭ: «چاڭشەن ۋىلايىتىگە 25 شەھەر قارايتتى. چېن شىنىڭ ئىسيانى بىلەن 20 شەھەر قولدىن كەتكەنىدى. شۇڭا، چاڭشەن ۋالىسى (قۇشبېگى) بىلەن تۇتۇق بېگى ئۆلتۈرۈلۈشى كېرەك» دەپ مەلۇمات سۇندۇ. گاۋزۇ: «ۋالى (قۇشبېگى) بىلەن تۇتۇق بەگ ئاسىيلىق قىلىپتىمۇ؟» دەپ سورىغاندا، جوۋچاڭ: «ياق» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. گاۋزۇ: «بۇ كۈچىنىڭ يېتىشمەسلىكىدىن بولغان» دەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىپ، يەنىلا چاڭشەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى (قۇشبېگى)، تۇتۇق بېگى بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ. گاۋزۇ جوۋچاڭدىن: «جاۋ بەگلىكىدىمۇ سەركەردە بولالىغۇدەك ئەزىمەتلەر بارمۇ؟» دەپ سورىغاندا، جوۋچاڭ: «مۇنداق كىشىدىن تۆتى بار» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. بۇ تۆت كىشى چاقىرىپ كېلىنىدۇ. گاۋزۇ تىللاپ: «سەن بىر نىمىلەر سەركەردە بولۇشالامسەن؟» دەيدۇ. تۆتەيلەن خىجالەتچىلىكتە تىزلىنىپ تازىم قىلىدۇ. گاۋزۇ ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسىغا مىڭ ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىدۇ ۋە سەركەردە قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ئەتراپىدىكى ۋەزىرلەر مەسلىھەت بېرىپ: «ئالىلىرى بىلەن بىللە شۇ ۋە خەنجۇڭ بەگلىكىگە بارغان، جۇڭبېگى شياڭيۇگە جازا يۈرۈشى قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەن كىشىلەر تېخى ئومۇميۈزلۈك مۇكاپاتلانماي تۇرۇپ، بۈگۈن بۇ بىر نەچچەيلەن قايسى كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن مۇنچىۋالا سۇيۇرغالىغا ئىگە بولىدۇ؟» دېگەندە، گاۋزۇ: «بۇنى سىلەر چۈشىنەلمەيسىلەر! چېن شى ئاسىيلىق قىلدى. خەندەنىڭ شىمالىدىكى رايونلار چېن شىنىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدا، مەن ئەلنىڭ ھەممە يېرىدىكى ئەسكەرلەرنى جىددى يىغدىم. يالغۇز خەندەن شەھىرىدىكى مۇشۇ ئازغىنا ئەسكەرلەرلا كەلمىدى. مەن بۇ تۆت كىشىدىن 4000 ئۆيلۈك سۇيۇرغال يەرنى نېمىشقا ئايايمەن؟ جاۋ بەگلىكى پەرزەنتلىرىنى

مۇشۇنىڭ بىلەن خاتىرجەم قىلىپ قويمايمەنمۇ!» دەيدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ۋەزىرلەر: «بارىكاللا» دېيىشىدۇ. گاۋزۇ: «چېن شىنىڭ سەركەردىسى كىم؟» دەپ سورىغاندا، «ۋاڭ خۇاڭ بىلەن مەن چيۇچېڭ، بۇلار ھەر ئىككىسى ئەسلى سودىگەر» دەپ جاۋاپ بېرىشىدۇ. گاۋزۇ: «خوپ، چۈشەندىم» دەيدۇ ۋە ۋاڭ خۇاڭ بىلەن مەن چيۇچېڭلارغا مىڭ جىڭدىن ئالتۇن بېرىپ، ئۇلارنى سېتىۋالماقچى بولىدۇ.

م. ب. 196 - يىلى (گاۋزۇنىڭ 11 - يىلى) قىشتا، خەن قوشۇنى چۈينى[24] شەھىرى يېنىدا چېن شىنىڭ سەركەردىسى خوۋچاڭ، ۋاڭ خۇاڭلار ئۆلتۈرۈلىدۇ. لياۋ چېڭ شەھىرىدە[25] يەنە چېن شىنىڭ سەركەردىسى جاڭ چۈن مەغلۇپ قىلىنىپ ئون مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ. ھەربىي ئىشلار ۋەزىرى جوۋبو تەيۋەن بىلەن دەي دىيارىنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. 12 - ئايدا، گاۋزۇ ئۆزى بىۋاستە دۇڭيۈەنگە يۈرۈش قىلىپ، دۇڭيۈەننى ئالالمايدۇ. ئۇ يەرنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان ئەسكەرلەر گاۋزۇنى ھاقارەتلەپ تىللايدۇ. دۇڭيۈەن تەسلىم بولغاندىن كېيىن، تىللىغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ. تىللىمىغانلارنىڭ پېشانىسىگە خەت چېكىش جازاسى بېرىلىدۇ. دۇڭيۈەننىڭ ئىسمى جېندىڭغا ئۆزگەرتىلىدۇ. ۋاڭ خۇاڭ، مەن چيۇچېڭنىڭ قول ئاستىدىكىلەر گاۋزۇنىڭ سېتىۋېلىشى ۋە ئىنئاملىشى بىلەن تەسلىم بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چېن شى قوشۇنى پارچىلىنىپ تارمار بولىدۇ.

گاۋزۇ لوياڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن: «دەي بەگلىكى چاڭشەن تېغىنىڭ شىمالىدا، جاۋ بەگلىكى بولسا، تاغنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە، ئارىلىغى بەك يىراق» دەپ، ئوغلى خېڭ (恒)نى دەي بەگلىكىگە بەگ قىلىپ تەيىنلەپ، جۇڭدۇنى بەگلىكنىڭ مەركىزى قىلغان، شۇنىڭ بىلەن دەيجۈن، يەنمېن ۋىلايەتلىرى دەي بەگلىكىگە تەۋە

بولغانىدى.

م. ب. 195 ـ يىلى (گاۋزۇنىڭ 12 ـ يىلى) قىشتا، خەن گۈەيىنىڭ قوشۇنى چېن شىنى ئاخىرى لىڭچيۇ[26] ناھىيىسىدە ئۆلتۈردى.

مۇئەررىخنىڭ سۆزى: «خەن (韩) بېگى خەن شىن، لۇۋەنلەر ئادەتتىكى ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق ئائىلىدىن كېلىپ چىققان ئەمەس، بەلكى ۋاقىتلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قۇۋلۇق ـ شۇملۇق بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلاردىن ئىدى. ئۇلار خەن خاقانلىقىنىڭ ئەمدىلا قۇرۇلغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، سۇيۇرغاللىغا ئىگە بولۇۋېلىپ، جەنۇب تەرەپتە ئۆزى بەگ ـ ئۆزى خان بولۇۋالدى. لېكىن ئۇلار ئىچكىي جەھەتتە، كۈچ ـ قۇدرىتى ئۈستۈن بولغاچقا، گاۋزۇنى گۇمانلاندۇرۇپ قويغانلىقى، تاشقى جەھەتتە، ھۇنلارنىڭ ياردىمىگە تايانغانلىقى ئۈچۈن، خەن خاقانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بارا ـ بارا يىراقلاشتى. شۇڭا، ئۆزلىرى خەۋپسىرەپ، ۋەزىيەت جىددىيلىشىپ، ئامال قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئاخىرى ھۇنلارغا تەسلىم بولۇپ كەتكەنىدى. بۇ ئېچىنارلىق ئىش ئەمەسمۇ؟ چېن شى لياڭ بەگلىكىدىن بولۇپ، ياش ۋاقتىدا شىنلىڭ[27] تۆرىسى ۋېي بەگزادىسىگە قايىل ئىكەنلىكىنى كۆپ قېتىم ئىزھار قىلغانىدى. سەنگۈن بولۇپ، چېگرا رايوننى قوغدىغاندا، مۇساپىر ئەمەلدارلارنى تەكلىپ قىلىپ، بىلىم ئەھلىرىگە ھۆرمەت قىلدى. نام ـ شۆھرىتى ئەمىلىيىتىدىن ئېشىپ كەتكەچكە، جوۋ چاڭ[28] ئۇنىڭدىن گۇمانلاندى. ئۇنىڭ بىر مۇنچە خاتالىق ۋە يېتەرسىزلىكلىرى ئاشكارىلاندى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆز بېشىغا بالا ـ قازا كېلىشۋاتقانلىقىدىن قورقۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن، يامان كىشىلەرنىڭ گېپىگە كىرىپ ئاسىيلىق قىلىشتەك جىنايى يولغا ماڭدى. ئىست، نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق! پىلان ـ تەدبىرلەرنىڭ پىششىق بولۇش ـ بولماسلىقى خەلق ئىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش ـ بولماسلىقى بىلەن ھەقىقەتەن ئىنتايىن زىچ مۇناس ـ

ۋەتلىك ئىكەن ـ دە!»

(ئەسلى كىتاب 2631 ـ 2639 ـ بەتلەر)

---

〔1〕 شياڭ لياڭ (项梁، م. ب. ؟ ـ 208 ـ يىللار) ـــ شاشيالىق (بۈگۈنكى جياڭسۇ ئۆلكىسىدىكى شۇچيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا). چىن خاقانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ داھىسى. بەگلەربېگى شياڭ يۈنىڭ تاغىسى.

(«سىخەي» 1167 ـ بەت)

〔2〕 چۇ بەگلىكى بېگى خۋەيۋاڭ (楚怀王، م. ب. ؟ ـ 296 ـ يىللار) ـ ئىسمى شيۇڭ خۋەي. م. ب. 328 ـ 299 ـ يىللىغىچە تەختتە ئولتۇرغان.

(«سىخەي» 4141 ـ بەت)

〔3〕 شيۇڭ شىن (熊心، م. ب. ؟ ـ 205 ـ يىللار) ـــ يىغلىق دەۋرىدىكى چۇ بېگى خۋەيۋاڭنىڭ نەۋرىسى. چىن خاقانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە شياڭ لياڭ قوزغىلاڭ كۆتەرگەندىن كېيىن، ئۇنى چۇ بەگلىكىنىڭ بېگى قىلىپ تىكلىگەن ۋە خۋەيۋاڭ دەپ ئاتىغان.

(«سىخەي» 4141 ـ بەت)

〔4〕 خېڭياڭ (横阳) ـ يەر ئىسمى. ئورنى بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسىدىكى شياڭچيۇ ناھىيىسىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر، ئىزاھلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» 4092 ـ بەت)

〔5〕 ياڭچېڭ شەھىرى (阳城) ـ خەن خاقانلىقى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. ئورنى بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسى دېڭفېڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.

(«تارىخىي خاتىرىلەر، ئىزاھلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» 4092 ـ بەت)

〔6〕 ۋۇگۋەن (武关) ـ ئۆتكەل. يىغلىق دەۋرىدە چىن بەگلىكى قۇرغان. ئورنى بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسىدىكى دەنفىن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.

(«سىخەي» 1642 ـ بەت)

〔7〕 ئۈچ چىن(三秦) ـ شياڭ يۈ چىن دېگەن يەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، چىننىڭ گۋەنجۇڭ رايونىنى ئۈچ بۆلەككە بۆلۈۋەتكەن. چىندىن تەسلىم بولغان سەركەردە جاڭ خەنىنى يۇڭ بېگى قىلىپ شيەنياڭنىڭ غەربىنى باشقۇرۇشقا، سىماشىنىنى سەي بېگى قىلىپ

شيەنياڭنىڭ شەرقىدىكى خۋاڭخې دەرياسىنىڭ قىدىر بولغان يەرلىرى باشقۇرۇشقا، دۆلەت يىنى دىلار بېگى قىلىپ، شياڭجۇننى باشقۇرۇشقا تەيىنلىگەن. م. ب 205 ــ يىلى لىيۇ باڭ خەن شىنىنىڭ ھىلىسى بىلەن ئۈچ چىننى تارتىۋالغان.

(تۈزىتىلگەن «سىۋەن» 33 ــ بەت)

〔8〕 يارلىق دەستىگى (剖符) ــ قەدىمدە خان ــ بەگلەر، ۋەزىر ــ ۋۇزرالار ۋە سەنگۇن ــ سەركەردىلەرگە بېرىدىغان بىر خىل گۇۋانامە. ئۇ بامبۇكتىن قوشماق قىلىپ ياسىلىپ، بىرى خان ياكى بەگنىڭ قولىدا، يەنە بىرى ئالغۇچىنىڭ قولىدا ساقلىناتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىۋەن» 359 ــ بەت)

〔9〕 يىڭچۈەن (颍川) ــ ۋىلايەت. م. ب. 230 ــ يىلى. (چىن شىخۇاڭنىڭ 17 ــ يىلى) تەسىس قىلىنغان. ئورنى بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە سەل جەنۇبىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.

(«سىخەي» 4233 ــ بەت)

〔10〕 يۈەنشيەن ناھىيىسى (宛县) ــ قەدىمكى ناھىيە. ئورنى بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسىدىكى نەنياڭ ناھىيىسىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر، ئىزاھلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» 4094 ــ بەت)

〔11〕 يېشيەن (叶县) ــ ناھىيە. ئورنى بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسى ئوتتۇرا قىسمىنىڭ سەل جەنۇبىي تەرىپىدە. («سىخەي» 1652 ــ بەت)

〔12〕 خۋەيياڭ (淮阳) ــ يەر ئىسمى. ئورنى بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسى خۋەيياڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر، ئىزاھلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» 4094 ــ بەت)

〔13〕 بەيتۇ (白土) ــ ناھىيە. خەن خاقانلىقى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. شياڭجۇن ۋىلايىتىگە قارايتتى. ئورنى بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇل ئىگجاۋ ئايمىقى ۋە كونا ئوردۇستىكى سول قانات ئوتتۇرا خوشۇنىنىڭ (ناھىيىسىنىڭ) جەنۇبىدا («خەننامە، جۇغراپىيە تەزكىرىسى»)

〔14〕 گۇاڭۋۇ (广武) ــ ناھىيە، خەن خاقانلىقى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى دەيشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.

(«سىخەي» 1942 ــ بەت)

〔15〕 لىشى (离石) ــ ناھىيە. خەن خاقانلىقى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان.

ئورنى بۇگۈنكى سەنشى ئۆلكىسى لىشى ناھىيىسىدە.

(«سىخەي» 810 ـ بەت)

[16] دەيگۇ (代谷) ـ يەر ئىسمى. ئورنى بۇگۈنكى سەنشى فەنجۈ ناھىيىسى ۋە جيۇچۇەن ناھىيىسى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ.

(«تارىخىي خاتىرىلەر، ئىزاھلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» 4097 ـ بەت)

[17] سەنخې (参合) ـ ناھىيە. خەن خاقانلىقى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. ئورنى بۇگۈنكى سەنشى ئۆلكىسى ياڭگاۋ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا.

(«سىخەي» 1094 ـ بەت)

[18] ۋېن جۇڭ (文中) ـ فەن لى (范蠡) ـ يۆ بەگلىكىنىڭ بېگى گوۋجيەننىڭ تۆرىلىرى، ئۇلار يۆ بېگى گوۋجيەننىڭ ۋۇبەگلىكىنى يوقىتىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىپ، يۆ بەگلىكىنىڭ نومۇسىنى ئاقلىغان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر. يۆ بېگى گوۋجيەن خانىدانى تەزكىرىسى»)

[19] ۋۇزىشۇ (伍子胥، م. ب. ؟ ـ 484 ـ يىللار) ـــ چۇبەگلىكىدىن. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ۋۇ بەگلىكىنىڭ بەگلىرىدىن خېلۇ ۋە فۇسەيلەرگە خىزمەت قىلغان. كېيىن ۋۇ بېگى فۇسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

(«سىخەي» 2002 ـ بەت)

[20] خان ئاتا (太上皇) ـ خاقاننىڭ دادىسى خان ئاتا دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يەردە گاۋدى ليۇباڭنىڭ دادىسى تەيگۇڭ (太公) كۆزدە تۇتۇلىدۇ.*

[21] گۇڭ ۋېي (共尉) ـ سابىق لىنجياڭ (بۇگۈنكى سىچۇەن ئۆلكىسى جۇڭشيەن ناھىيىسىدە) بېگى گۇڭ ئاۋنىڭ بالىسى.

(«سىخەي» 139 ـ بەت)

[22] چاڭشا بېگى (长沙王)، م. ب. ؟ ـ 202 ـ يىللار) ـــ چاڭشا بېگى ۋۇرۇي دەسلەپ چىن خاقانلىقىنىڭ فەنياڭ (بۇگۈنكى جياڭشى ئۆلكىسى پۇياڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا) قۇشبېگى بولغان. چىن خاقانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئەسكەر چىقىرىپ، قوزغىلاڭغا قاتناشقان. شۇڭا، بەگلەر بېگى شياڭ يۈ ئۇنى خېڭشەن بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. خەن خاقانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ چاڭشا بېگى بولۇپ تەيىنلەنگەندى.

(«سىخەي» 1671 ـ بەت)

[23] يۈەنچۇ (宛朐) ـــ ناھىيە، خەن خاقانلىقى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. ئورنى بۇگۈنكى شەندۇڭ ئۆلكىسى خېزى ناھىيىسىنىڭ غەربىي

شىمالىدا.

(بىر توملۇق «سىيۇەن» 25 ـ بەت)

[24] چۈنى (曲逆) ـ يەر ئىسمى. ئورنى بۈگۈنكى خېبېي ئۆلكىسى ۋەنشيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» ئىزاھلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» 4107 ـ بەت)

[25] لياۋچېڭ (聊城) ـ ناھىيە. چىن خاقانلىقى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. ئورنى بۈگۈنكى شەندۇڭ ئۆلكىسى لياۋچېڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.

(«سىخەي» 4162 ـ بەت)

[26] لىڭچيۇ (灵丘) ـ ناھىيە. خەن خاقانلىقى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. ئورنى بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسى لىڭچيۇ ناھىيىسىدە.

(«سىخەي» 2440 ـ بەت)

[27] شىنلىڭ تۆرىسى (信陵君، م. ب. ? ـ 243 ـ يىللار) ـ ۋېي ۋۇجى. ۋېي بېگى ئەنلىۋاڭنىڭ ئىنىسى.

(«سىخەي» 566 ـ بەت)

[28] جوۋچاڭ (周昌)، م. ب. ? ـ 192 ـ يىللار) ـ پېيشيەن (جياڭسۇ ئۆلكىسىدە) ناھىيىسىدىن بولۇپ، ليۇباڭ خەن بېگى بولغاندا، ليۇباڭغا ئەگىشىپ قارۇقچى بەگ بولغان. خەن خاقانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ باش مۇپەتتىش ۋە فېڭيىڭ تۆرىسى بولۇپ تەيىنلەنگەن.

(«سىخەي» 457 ـ بەت)

# تارىخىي خاتىرىلەر 94 ـ جىلد

## تىيەن دەن تەزكىرىسى

تىيەن دەن دىلار ئولتۇراقلاشقان ناھىيىدىكى كىشى ئىدى[1]. ئىلگىرىكى تىيەن فەمىلىلىكلەردىن بولۇپ، چى بېگى خانىدانىغا مەنسۇپ ئىدى. تىيەن دەننىڭ بىرنەۋرە ئىنىسى تىيەن رۇڭ، تىيەن رۇڭنىڭ ئىنىسى تىيەن ـ خېڭلار ھەممىسى مەردانە ئادەملەر بولۇپ، ئۇرۇقلىرى قۇدرەت تېپىپ، كۆپچىلىك ئادەملەرنىڭ ھېسداشلىقى ۋە ھىمايىسىگە ئىگە بولغانىدى.

چېن شې دەسلەپ چىن خاقانلىقىغا قارشى ئاتلىنىپ، ئۆزىنى چۇ بېگى دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، جوۋشىنى[2] ئەۋەتىپ، سابىق ۋېي بەگلىكىنىڭ زېمىنىنى ئىشغال قىلدى ۋە شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، دىشيەن ناھىيىسىگە باردى. دىشيەن ناھىيىسى ھاكىمى قوشۇن بىلەن شەھەردە مۇداپىئەدە تۇراتتى. تىيەن دەن يالغاندىن ئۆي قۇلىنى باغلاپ، بىر توپ بالىلارنى ئەگەشتۈرۈپ ناھىيە ياMۇلىغا باردى ۋە ھاكىمغا ئۆي قۇلىنى ئۆلتۈرۈش سەۋەبىلىرىنى ئېيتماقچى بولدى. لېكىن ھاكىمنى كۆرۈش بىلەنلا، ئەكسىچە ھاكىمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى ۋە نا ھىيىدىكى ئىناۋەتلىك ئەمەلدارلارنى، ياشلارنى يىغىپ: «ھازىر بەگلەرنىڭ ھەممىسى چىن خاقانلىقىغا قارشى ئاتلىنىپ، ئۆزلىرىنى بەگ قىلىپ تىكلىمەكتە. چى بەگلىكى ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغان. پېقىر تىيەن دەن چى بېگى تىيەن جەمەتىنىڭ نەۋرىسى بولىمەن. بەگ بولۇشقا مۇنا-

سىپەن» دەپ تەشۋىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى چى بېگى دەپ ئېلان قىلىپ، جوۋشىغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى. جوۋشى لەشكەرلىرىنى ئېلىپ چېكىنىپ كەتتى. تىيەن دەن لەشكەر باشلاپ شەرققە ھۇجۇم قىلىپ، سابىق چى بەگلىكى زېمىنىنى ئىشغال قىلدى.

(ئەسلى كىتاب 2643 ـ بەت)

---

① دى ناھىيىسى (狄县) ــ ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى بوشىن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى گاۋيۈەنزىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 5 ـ توم 2643 ـ بەت)

② جوۋشى (周市) ــ چىن خاقانلىقى دەۋرىدىكى ۋېي بەگلىكىدىن بولۇپ، كېيىن جاڭ خەن (章邯) ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، ئۇ ئۆز ـ ئۆزىنى ئۆلتۈرۋالغان.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى چوڭ قامۇسى» 526 ـ بەت)

# تارىخىي خاتىرىلەر 95 ـ جىلد

## فەن كۇەي، لى شاڭ، شىيا خوۋيىڭ، گۇەن يىن تەزكىرىلىرى

**...فەن كۇەي**— چى ۋۇئاڭ، يىن پەنلەرنىڭ قوشۇننى ۋۇجۇڭ ۋە گۇاڭچاڭدا مەغلۇپ قىلدى ۋە ئەسىر ئالدى. يەنە چىن شىنىڭ خۇن سەركەردىسى ۋاڭ خۇاڭ (黄王)نىڭ قوشۇنىنى دەي بەگلىكىنىڭ جەنۇبىدا مەغلۇپ قىلىپ، سەنخېدا خەن (韩) بېگى خەن شىننىڭ قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلدى. فەن كۇەينىڭ ئەسكەرلىرى خەن (韩) بېگى خەن شىننى ئۆلتۈردى ھەمدە خېگيۇدە چىن شىنىڭ خۇن چەۋەندازلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، چىن شىنىڭ سەركەردىسى جاۋجى (赵既)نى ئۆلتۈردى. دەي بەگلىكى باش ۋەزىرى فېڭ لىياڭنى، ۋىلايەت قوشبېگى سۇن فېڭ، چوڭ سەركەردە ۋاڭ خۇاڭ، سەنگۇن مىراخور شې فۇ قاتارلىق ئون ئادەمنى ئەسىر ئالدى. سەركەردىلەر بىلەن بىرلىكتە دەي بەگلىكىنىڭ جەمئىي 73 شەھەر ۋە كەنتلىرىنى قايتۇرۇۋالدى.

(ئەسلى كىتاب 2665 ـ بەت)

خەن (汉) بېگى لىيۇ باڭ خاقان بولغان شۇ يىلى كۈزدە، يەن بېگى زاڭ تۇ ئىسيان كۆتەرگەچكە، شىيا خوۋيىڭ ئوردا مىراخورى سۈپىتىدە گاۋدى بىلەن بىرلىكتە زاڭ تۇغا جازا يۈرۈشى قىلدى.

م. ب. 206 ـ يىلى (خەن گاۋدىنىڭ بىرىنچى يىلى)، شىياخوۋېيلىك[1]
گاۋدى بىلەن بىرلىكتە چېن[2] دېگەن يەرگە بېرىپ، چۇ بېگى
خەن شىننى تۇتقۇن قىلغاچقا، رۇيىن دېگەن جاي شىياخوۋېيگە
سۇيۇرغال قىلىندى. يارلىق دەستىگى كېسىپ بېرىلىپ، ئەۋلادتىن-
ئەۋلادقا ۋارىسلىق قىلىش بەلگىلەندى. شىياخوۋېيلىك يەنە ئوردا
مىراخورى مەنسۇپىدە خاقان گاۋدى بىلەن بىرلىكتە دەي بەگلىكىگە
ھۇجۇم قىلىپ، ۋۇچۇەن، يۈنجۇڭغا قەدەر بارغانلىقى ئۈچۈن، 1000
ئۆيلۈك يەر ئۈستىلەپ سۇيۇرغال قىلىندى. شۇنداق قىلىپ، گاۋدى
بىلەن بىرلىكتە جىنياڭ ئەتراپىدا، خەن (韩) بېگى خەن شىن
ئىسيانچى قوشۇنلىرىنىڭ ھۇن ئاتلىق قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلىپ،
ئۇلارنى يەڭدى. لېكىن شىمالدا پىڭچېڭ شەھىرىگىچە قوغلاپ
بارغاندا، ھۇنلار تەرىپىدىن مۇھاسىرىگە ئېلىنىپ، يەتتە كېچە-
كۈندۈز ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالدى. گاۋدى ئەلچى ئەۋەتىپ،
تەڭرىقۇتنىڭ ئالچىسىغا كۆپ سوغا-سالام يوللىدى. شۇنىڭ بىلەن
باتۇر تەڭرىقۇت مۇھاسىرىنىڭ بىر بۇرجىكىنى ئېچىۋەتتى. گاۋدى
مۇھاسىرىدىن چىقىپلا، ئاتنى قامچىلاپ چاپتۇرۇپ كەتمەكچى
بولغاندا، شىياخوۋېيلىك قەتئىي تۈردە ئاستا مېڭىشنى تەشەببۇس
قىلىپ، سەركەردە ۋە ئەسكەرلەرگە ئوقيانى تاشقىرىغا بەتلەپ،
جەڭگىۋار ھالەتتە مېڭىشنى بۇيرۇغان ۋە ئاخىرى ئامان-ئېسەن
قۇتۇلۇپ كەتكەن. شۇڭا، گاۋدى شىياخوۋېيگە يەنە شىياگىدىن 1000
ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلدى. ئۇ يەنە ئوردا مىراخورى مەنسۇپىدە
گاۋدى بىلەن بىللە گوۋجۇ تېغىنىڭ شىمالىدا، ھۇن چەۋەندازلىرىغا
ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننى مەغلۇپ قىلدى. يەنىلا ئوردا مىراخورى
مەنسۇپىدە پىڭچېڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا ھۇن چەۋەندازلىرى
بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۈچ قېتىم ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئەڭ كۆپ تۆھپە
ياراتقاچقا، گاۋدى يەنە جىنايەت ئۆتكۈزگەن چوڭ تۆرىلەردىن جەر-

مانە تەرىقىسدە قايتۇرۇپ ئېلىنغان يەرلەردىن 500 ئۆيلۈك يەرنى شياخوۋىيگغا سۇيۇرغال قىلدى.

(ئەسلى كىتاب 2666 ـ بەت)

گۆەن يىڭ جىيچىڭ (柘城) ھاكىمى ۋاڭ ۋۇ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، يەن بەگلىكىنىڭ غەربىدە تۇردى. ئۇنىڭ قوشۇنلىرى لۇفەن ھۇنلىرى سەركەردىلىرىدىن بەشنى، تۆرلەردىن بىرنى ئۆلتۈرگەندى.

(ئەسلى كىتاب 2668 ـ بەت)

گۆەن يىڭ (灌婴) — خەن (汉) بېگى ليۇ باڭ بىلەن يىشياگدا قوشۇلۇپ، بىرلىكتە چېن دېگەن يەردە شياڭ جى قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلدى. قول ئاستىدىكى ئەسكەرلىرى لۇفەن ھۇنلىرىنىڭ ئىككى ئەمەلدارىنى ئۆلتۈرۈپ، سەككىز چەۋەنداز سەركەردىسىنى ئەسىر ئالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا 2500 ئۆيلۈك يەر ئۇستىلەپ ئىنئام قىلىندى.

(ئەسلى كىتاب 2670 ـ بەت)

گۆەن يىڭ ھارۋا ـ ئاتلىقلار سەنگۈنى ئۇنۋانىدا، گاۋدى بىلەن بىرلىكتە، دەي دېگەن يەردە، ئاسىي خەن (韩) بېگى خەن شىنگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، مايى شەھىرىگىچە باردى. گاۋدىنىڭ يارلىقى بويىچە، لۇفەننىڭ شىمالىدىكى ئالتە ناھىيىنى تەسلىم قىلدۇرۇپ، دەي بېگىنىڭ سول قول ۋەزىرىنى ئۆلتۈردى. ۋۇچۈەننىڭ شىمالىدا ھۇن چەۋەندازلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، يەنە گاۋدى بىلەن بىرلىكتە جىنياڭ شەھىرى تۈۋىدە خەن (韩) بېگى خەن شىننىڭ ئاتلىق ھۇن قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەر ھۇنلارنىڭ ئاق ماگلاي سەركەردىسىدىن بىرنى ئۆلتۈردى. يەنە گاۋدىنىڭ يارلىقى بىلەن يەن، جاۋ، چى، لياڭ، چۇ دىن ئىبارەت بەش بەگلىكنىڭ جەڭ ھارۋا ۋە چەۋەندازلىرىغا باش بولۇپ، ساشى

(碧石) دېگەن يەردە ھۇن چەۋەندازلىرىنى يەڭدى. يۇرۇش قىلىپ پىڭچېلىك شەھىرىگە بارغاندا، ھۇنلار تەرىپىدىن مۇھاسىرىگە ئېلىندى. كېيىن گاۋدى بىلەن بىرلىكتە قوشۇننى چېكىندۈرۈپ، دۇگيۈەنگە[3] كەلدى.

(ئەسلى كىتاب 2671 ـ بەت)

م. ب. 177 ـ يىلى (ۋېندىنىڭ ئۈچىنچى يىلى) جىياڭ تۆرىسى جوۋبو ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغاچقا، ئۆزىنىڭ سۇيۇرغال يېرىگە قايتىپ كەلدى. گۇەن يىڭ باش ۋەزىرلىككە تەيىنلەندى. لەشكەر بېگى قويۇش ئىشى توختىتىلدى. شۇ يىلى ھۇنلار بېيدى، شاڭجۈن ۋىلايەتلىرىگە كەلدى، كۆلەمدە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. خاقان ۋېندى يارلىق چۈشۈرۈپ، گۇەن يىڭنى 85000 چەۋەنداز بىلەن ھۇنلارغا زەربە بېرىشكە ئەۋەتتى. ھۇنلار بولسا، چېكىنىپ كەتتى.① جىبېي بېگى ليۇشىڭجۇ ئاسىيلىق قىلغانلىقتىن، ۋېندى يارلىق چۈشۈرۈپ، گۇەن يىڭنى چاڭئەنگە قايتۇرۇپ كەلدى.

(ئەسلى كىتاب 2673 ـ بەت)

---

① شياخوۋيىڭ (夏侯婴)، م.ب. ؟ ـ 172 ـ يىللار ـ غەربىي خەن خاقانلىقىدىكى پېي ناھىيىسىدىن (بۇ گۈنكى جياڭسۇ ئۆلكىسىدە) بولۇپ، خەن گاۋزۇ بىلەن بىللە قوزغىلاڭ كۆتىرىپ جەڭ قىلغان ۋە ئوردا مىراخورى بولغان. كېيىن رۇيىن تۆرىسى بولۇپ تەيىنلەنگەن.

(«سىخەي» 1917 ـ بەت)

② چېن (陈) ـ بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسى خۋەيياڭ ناھىيىسى، يەنى چۇنچيۇ دەۋرىدىكى چېن بەگلىكىنىڭ پايتەختى ۋەنچيۇ.

(بىر توملۇق «سيۈەن» 1574 ـ بەت)

## تارىخىي خاتىرىلەر 97 - جىلد

# ئالىم لى يىجى، لۇجيالار تەزكىرىلىرى

**خاقان** ۋېندى تەختتىكى ۋاقىتىدا، خۇەينەن بېگى لىۋاڭ پىياڭ تۆرىسى شىياڭ يىجىنى ئۆلتۈردى. بۇ ئۇنىڭ لۈ (吕) جەمەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ناھايىتى قويۇقلىقىدىن بولغانىدى. ۋېندى بۇنى پىياڭ تۆرىسىنىڭ مۇساپىر ئەمەلدارى پىڭيۈەن تۆرىسى جۇجيەنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشىدىن بولغان دەپ ئاڭلاپ، پىڭيۈەن تۆرىسىنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن ئەمەلدار ئەۋەتتى ۋە ئۇنى جازالىماقچى بولدى. پىڭيۈەن تۆرىسى ئەمەلدارنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانىدا، ئوغۇللىرى ۋە ھېلىقى ئەمەلدار ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ: «بۇ ئىشنىڭ قانداق بىر تەرەپ قىلىنىشىنى تېخى ئۇقماي تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن ھېلىتىن ئۆزىڭىزنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولسىز؟» دېگەندە، پىڭيۈەن تۆرىسى: «مەن ئۆلسەم بالا - قازا تۈگەيدۇ، سىلەرمۇ ئاۋارىچىلىق تارتمايسىلەر» دېگەن ۋە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. بۇنى ئاڭلىغان ۋېندى ئىنتايىن ئېچىنغان ھالدا: «مېنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىم يوق ئىدى» دەپ ئۇنىڭ ئوغلىنى چاقىرتقان ۋە ئۇنى كېگەش بەگلىكىگە تەيىنلەپ، ھۇنلارغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن، تەگرىقۇت ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلمىغانلىقتىن، تەگرىقۇتنى تىللىغان، شۇنىڭ بىلەن ھۇنلارنىڭ قولىدا ئۆلگەنىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى



## لىيۇجىڭ، شۇ سۇن تۇڭ تەزكىرىلىرى

لىيۇجىڭ چى بەگلىكىدىن بولۇپ، م. ب. 202 ـ يىلى (گاۋدىنىڭ بەشىنچى يىلى) مۇھاپىزەت ۋەزىپىسى بىلەن لۇڭشىغا كېتىۋېتىپ، لوياڭغا كەلدى. بۇ چاغدا گاۋدى لوياڭدا ئىدى. لىيۇجىڭ قول ھارۋىسىنى قويۇپ، جۇۋىسىنى كىيىپ، چى بەگلىكىدىن بولغان يۈ (虞) سەنگۈن بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا: «كەمىنىلىرى ئېلىمىزنىڭ ئىشلىرىغا پايدىلىق مەسلىھەت بېرىش ئۈچۈن، خاقان بىلەن كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىمەن» دەيدۇ. يۈ سەنگۈن ئۇنىڭغا ئېسىل كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ، ئاندىن كۆرۈشتۈرمەكچى بولغاندا، لىيۇجىڭ: «كەمىنىلىرى تاۋار ـ دۇردۇن كىيگەن بولسام شۇ پېتى كىرەي؛ ماتا ـ چەكمەن كىيگەن بولساممۇ، شۇپېتى كىرەي؛ كىيىمىمنى يۆتكەپ يۈرمەي» دەيدۇ. يۈ سەنگۈن ئوردىغا كىرىپ خاقان گاۋدىغا مەلۇم قىلغاندا، گاۋدى لىيۇجىڭنى قوبۇل قىلىپ، ھاراق ـ شاراپ، تائاملار بىلەن كۈتۈۋالغان.

بىر ئازدىن كېيىن، گاۋدى ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى سورىغاندا، لىيۇجىڭ: «جانابى ئالىلىرىنىڭ لوياڭنى پايتەخت قىلىشتىكى مەقسەتلىرى جوۋخاندانلىقىغا نىسبەتەن كىمنىڭ تېخىمۇ راۋاج تاپقانلىقىنى سېلىشتۇرۇپ بېقىشمۇ؟» دەيدۇ. گاۋدى: «ھە، شۇنداق» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. لىيۇجىڭ: «جانابى ئالىلىرىنىڭ يۇرت ئېلىش ئەھۋالى جوۋخاندانىغا ئوخشىمايدۇ. جوۋ ئەجدادىغا

خۇۋجىدىن باشلاپلا قەدىمكى باش ئاقساقال ياۋ تەرىپىدىن تەي[1] دېگەن يەر سۇيۇرغال قىلىنغانىدى. كېيىن جوۋ خانىدانى ئۇن نەچچە ئەۋلاد نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىشتى. گۇڭلىيۇ شىيا خاند-لىقىنىڭ زالىم خانى جېيىنىڭ زوراۋانلىقىدىن خالى تۇرۇش ئۈچۈن بىن شەھىرىگە كۆچكەن ئىدى. خان ئاتا(太王) بۇ يەردە دائىم دىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇرغانلىقتىن، بىن شەھىرىدىن ئاتلىنىپ، چى[2] دېگەن يەرگە كۆچۈپ كەتتى. ئەلدىكى پۈتكۈل خەلق ئۇنىڭغا بەس-بەس بىلەن ئەگىشىپ بىللە ماڭدى. كېيىن ۋېنۋاڭ غەرب تەرەپ بەگلەر بېگى[3] بولۇپ، يۈ (虞)، رۇي (芮) بەگلىكلىرىنىڭ ئەرز-شىكايەتلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىپ، مۇقەددەس بۇرچىنى ئادا قىلىشقا كىرىشتى. لۈ ۋاڭ[4]، بويىلار[5] دېڭىز ياقىسىدىن قايتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئەل بولۇشتى. ۋۇۋاڭ يىن خانى جوۋ (纣)غا قارشى قوشۇن باشلاپ ماڭغانىدى، 800 بەگ ئالدىن مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك، مېڭجىن[6] كېچىكىدە ئۇچرىشىپ قېلىپ، بەگلەرنىڭ ھەممىسى يىن خانى جوۋ (纣)غا ھۇجۇم قىلىشقا بولىدۇ، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن يىن خانلىقى يوق قىلىندى. چېڭۋاڭ (成王) تەختكە چىقتى. جوۋگۇڭغا ئوخشاش زات چېڭۋاڭنىڭ ئۇستازى، ۋەزىرى بولدى. شۇنىڭ بىلەن چېڭجوۋ، لويى شەھەرلىرى بىنا قىلىندى. چۈنكى، بۇ يەر پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىسى بولۇپ، سوغا-سالام ئەۋەتىش، باج-سېلىق تاپشۇرۇشتا ھەممە بەگلەر ئۈچۈن بۇ يەرنىڭ ئارىلىقى تەڭ ئىدى. ئەگەر خان پەزىلەتلىك بولىدىغانلا بولسا، مۇشۇ يەردە خانلىقنى گۈللەندۈرەلەيتتى. پەزىلەتسىز بولسا، مۇشۇ يەردە ھالاك بولاتتى. بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشتىن مەقسەت ئېھتىمال، ئۆز ئەتراپىدىكىلەرگە ئادىل سىياسەت يۈرگۈزۈش ئارقىلىق يىراقتىكىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بولۇپ، ئەپلىك يەر شارائىتىغا تايىنىپ،

www.uyghurkitap.com

كېيىنكى ئەۋلادلارنى ئەيشى-ئىشرەت ۋە زوراۋانلىق بىلەن خەلققە زۇلۇم قىلدۇرۇش ئۈچۈن بولمىسا كېرەك. جوۋ خانلىقى گۈللەنگەن مەزگىلدە پۈتۈن مەملىكەت تىنچ-ئىناق ئۆتۈپ، ئەتراپتىكى ھەممە قەۋملەر خانلىققا ئىنتىلدى، توغرا يولنى ئارزۇ قىلدى. شەپقەت-ئىلتىپاتنى قەدىرلەپ، ھەممە جوۋ خانلىقىغا بويسۇنۇپ، خىزمەت قىلدى. بىرمۇ ئەسكەر تۇرغۇزۇلمىغان ۋە بىرمۇ ئەسكەر ئۇرۇشقا سېلىنمىغان بولسىمۇ، ئەتراپتىكى يات ئەللەرنىڭ ھەممىسى ۋاقتىدا سوغا-ھەدىيەلىرىنى يوللاپ، ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىپ تۇرۇشتى. كېيىن جوۋخانلىقى زەئىپلىشىپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى[7]. ھەر قايسى بەگلىكلەر زىيارەت قىلىشقا ۋە سوغا-ھەدىيە بېرىشكە كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. جوۋ خانلىقىمۇ ئۇلارنى باشقۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ھال جوۋ خانلىقىنىڭ ئادالەتسىزلىكىدىن ئەمەس، بەلكى لۇياڭ يەر ۋەزىيىتىنىڭ ناچارلىقى سەۋەبىدىن بولغانىدى. ئالىلىرى فېڭشىيەن ۋە پېيشيەن ناھىيىلىرىدىن قوزغىلىپ، 3000 ئەسكەر بىلەن ئىلگىرىلەپ، شۇ ۋە خەننى ئىشغال قىلدىلا، ئۈچ چىننى تارتىۋالدىلا. شىياڭ يۇ بىلەن شىنياڭدا ئۇرۇش قىلىپ، چېڭگاۋدىن ئىبارەت بۇ خەتەرلىك ئېغىزنى تالاشتىلا. 70 قېتىم چوڭ جەڭ، 40 مەيدان كىچىك جەڭ قىلدىلا. ئەلدىكى خەلق دەھشەتلىك ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچراپ، دالىلار ئاتا-بالىلارنىڭ جەسىدى بىلەن تولدى. بۇنداق ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. يىغا-زارە ئاۋازلىرى تېخى تۈگىمىدى. مەجرۇھلارنىڭ جاراھىتى تېخى ساقايمىدى. مۇشۇنداق بىر ئەھۋالدا راۋاج تاپقانلىق جەھەتتە، جوۋخانى چېڭۋاڭ ۋە جوۋخانى كاڭۋاڭ[8] دەۋرى بىلەن بەسلەشمەن دېسىلە، كەمىنىلىرىنىڭ پىكرىچە، تەڭلەشكىلى بولماي قالارمىكىن. چىن بەگلىكى يېرىگە كەلسەك، بۇيەر تاغ-دەريالار بىلەن ئورىلىپ تۇرىدۇ. ئەتراپىدا

مۇداپىئەگە ئەپلىك مۇھىم ئورۇنلار بار. توساتتىن جىددىي ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسىمۇ، 1،000،000 كىشىلىك قوشۇننى دەرھال جەڭگە ھازىرلىغىلى بولىدۇ. چىن بەگلىكىنىڭ ئەسلىدىكى مول بايلىقلىرى ۋە مۇنبەت يەرلىرىدىن پايدىلانغىلى بولىدۇ. مانا بۇ «بايلىق كانى» دۇر[9]. جانابلىرى خەنگۇگۇەن قوۋۇقىغا كىرىۋېلىپ، گۇەنجۇڭنى پايتەخت قىلىۋالسىلا، ياۋشەن بىلەن خۇاشەن تاغلىرىنىڭ شەرقىدە ئىسيان چىقىپ قالغان تەقدىردىمۇ، چىن بەگلىكىنىڭ بۇرۇنقى يېرىنى ئامان ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. ئەگەر باشقىلار بىلەن ئېلىشقاندا، ئۇنىڭ كانىيىدىن ئالمىسا، ئارقا تەرىپىدىن قاتتىق زەربە بەرمىسە، تولۇق غەلىبىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئەمدى ئالىيلىرىنىڭ گۇەنجۇڭغا كىرىپ، ئۇ يەردە پايتەخت تەسىس قىلىشلىرى، چىن بەگلىكىنىڭ ئەسلى زېمىنىدە خاتىرجەم تۇرۇشلىرىمۇ، ئەلنىڭ گېلىدىن ئالغانلىق، ئارقا تەرىپىدىن قاتتىق زەربە بەرگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دەيدۇ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان خاقان گاۋدى ۋەزىرلىرىدىن مەسلىھەت سورىغاندا، ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسى ياۋشەن، خۇاشەن تاغلىرىنىڭ شەرقىدىن بولغاچقا، ئۇلار: «جوۋ خانلىقى بۇ ئەلگە نەچچە يۈز يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. چىن خانىدانلىقى بولسا، ئىككى ئەۋلادلا ھۆكۈم سۈرۈپ ھالاك بولدى. پايتەختنى چېڭجوۋدا قۇرغىنىمىز ياخشى» دېيىشتى. گاۋدى قانداق قىلارىنى بىلمەي ئىككىلىنىپ قالغانىدى، لىيۇخۇ تۆرىسى جاڭ لياڭ گۇەنجۇڭغا كىرىشنىڭ پايدىسىنى ئېنىق چۈشەندۈرگەندىن كېيىنلا، گاۋدى ئەقلىنى تېپىپ، شۇ كۈنىلا پايتەختنى گۇەنجۇڭدا قۇرۇشقا پەرمان چۈشۈرۈپ، ھارۋىلارنى قوشتۇرۇپ غەربكە ئاتلاندى.

شۇنىڭ بىلەن گاۋدى: «چىن دىيارىدا پايتەخت قۇرۇشنى دەسلەپ تەشەببۇس قىلغۇچى لوۋجىڭ (娄敬)، لوۋ (娄) — ليۇ (刘) دېمەك-

تۇر» دەپ، ئۇنىڭغا لىيۇ فەمىلىسىنى ئىنئام قىلىپ كىچىك ئىشىك ئاغىسى قىلىپ تەيىنلىدى ۋە نەۋباھار تۆرە[10] دەپ نام بەردى.

م. ب. 200-يىلى (خەن گاۋدىنىڭ يەتتىنچى يىلى)، خەن (韩) بېگى خەن شىن ئاسىيلىق قىلغاچقا، گاۋدى شەخسەن ئۆزى لەشكەر تارتىپ جازا يۈرۈشى قىلدى. جىنياڭغا كەلگەندە، خەن (韩) بېگى خەن شىننىڭ ھۇنلار بىلەن بىرلىشىپ، خەن قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن غەزەپلەنگەن گاۋدى ھۇنلارغا ئەلچىلەرنى ئەۋەتتى. ھۇنلار ئۆزلىرىنىڭ پالۋانلىرى ۋە قاۋۇل-سەمىز ئات-ئۆكۈزلىرىنى يوشۇرۇپ قويغاچقا، خەن ئەلچىلىرى ھۇنلارنىڭ قېرى-ئاجىز ئەسكەر ۋە ئاھالىلىرى ھەمدە ئورۇق-ئۆلەرمەن ئات-ئۇلاقلىرىنىلا كۆرۈشكەنىدى. ئىلگىرى-ئاخىر ھۇنلارغا بېرىپ قايتقان ئون نەچچە تۈركۈم خەن ئەلچىلىرىنىڭ ھەممىسى: «ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا بولىدىكەن» دېيىشتى. گاۋدى ئاخىرى لىيۇجىڭنىمۇ ئەلچىلىككە ئەۋەتكەنىدى، ئۇ قايتىپ كېلىپ: «بىر بىرىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغان ئىككى ئەل جەزمەن ھەر قايسىسى ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆپتۈرۈپ، قارشى تەرەپنى چۆچۈتەتتى. بۇ قېتىم كەمىنىلىرى بارغىنىمدا ساپلا ئاغرىق-سىلاق، ئورۇق-ئاجىز قېرىلارنىلا كۆردۈم. بۇ چوقۇم ئۆزىنى ئەتەيگە ئاجىز كۆرسىتىپ، ئاساسىي كۈچىنى يوشۇرۇپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم ئارقىلىق غەلىبىگە ئېرىشىش غەرىزىدىن ئىبارەت. كەمىنىلىرىنىڭ ئاجىزانە پىكرىم شۇكى، ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا بولمايدۇ» دېدى. بۇ چاغدا خەن قوشۇنى گوۋجۇ تېغىدىن ئېشىپ بولغان، 200000 كىشىدىن ئارتۇق قوشۇن ھۇنلار رايونىغا قاراپ ئىلگىرىلەپ كەتكەنىدى. غەزەپلەنگەن گاۋدى لىيۇجىڭگە تىللاپ: «ھوي، چى بەگلىكىدىن كەلگەن قۇل! سەن گەپدانلىق بىلەن ئەمەلگە ئېرىشىپسەن! يوقىلاڭ گەپلەر بىلەن قوشۇنۇمنىڭ ئالدىنى

تۇسىغىدەك بولۇپ قالدىڭمۇ!» دېدى ۋە لىيۇجىڭنىڭ پۇت-قوللىرىنى بەنت قىلىپ، گۇاڭگۇۋ(11) ناھىيىسىدە قاماپ قويىدى. گاۋدى لەشكەرلىرىنى باشلاپ پىڭچېڭ شەھىرىگە يېتىپ بارغاندا، دېگەندەك ھۇنلار ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمچى قوشۇننى ئىشقا سېلىپ، گاۋدىنى بەيدېڭ تېغىدا مۇھاسىرىگە ئالدى. يەتتە كۈندىن كېيىن مۇھاسىرىدىن قۇتۇلغان گاۋدى گۇاڭگۇۋغا كېلىپ، لىيۇجىڭنى كەچۈرۈم قىلدى ۋە: «مەن سىزنىڭ گېپىڭىزگە كىرمەي، پىڭچېڭ شەھىرىدە مۇھاسىرىدە قالدىم. ئىلگىرى ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلغىلى بولىدۇ، دەپ كەلگەن ئون تۆركۈم ئەلچىنىڭ ھەممىسىنىڭ كاللىسىنى ئالدىم» دېدى. شۇنىڭ بىلەن لىيۇجىڭغا 2000 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىندى ۋە قوۋۇق ئىچى بەگلىكىگە تەيىنلىنىپ، جيەنشىن تۆرىسى دەپ ئاتالدى.

گاۋدى قوشۇننى ياندۇرۇپ پىڭچېڭ شەھىرىدىن پايتەختكە قايتىپ كەلدى. خەن (韩) بېگى شىن بولسا، ھۇنلارغا قېچىپ كەتتى. بۇ چاغدا باتۇر (بودۇ) تەڭرىقۇت ئىدى. ھەربىي كۈچ جەھەتتە، قۇدرەت تېپىپ، 300000 كىشىلىك ماھىر كاماندار قوشۇنغا ئىگە بولغاچقا، شىمالىي چېگرىغا دائىم ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن ئەنسىرىگەن گاۋدى ھۇنلارغا زادى قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا لىيۇجىڭدىن مەسلىھەت سورىغاندا، لىيۇجىڭ: «پۈتۈن مەملىكەت ئەمدىلا تىنچىدى. لەشكەرلەر ئۇزۇن مۇددەت جەڭ قىلغاچقا، بەك ھالسىراپ كەتتى. ھۇنلارنى ھەربىي كۈچكە تايىنىپ بويسۇندۇرغىلى بولمايدۇ. ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ تەختكە چىققان باتۇر تەڭرىقۇت ئۆگەي ئانىسىنىمۇ خوتۇنلۇققا ئالدى. ئۇ ھاكىمىيەتنى ھەربىي كۈچكە تايىنىپ يۈرگۈزمەكتە. مۇنداق ئادەمنى ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن كۆندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. مېنىڭچە، ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ، ئۇنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادلىرىنى

مەڭگۈ خەن خاقانلىقىنىڭ ۋەزىرى بولۇپ ئۆتىدىغان قىلىۋېلىش كېرەك. ئەمما، ئالىلىرى بۇنداق قىلىشنى ماقۇل كۆرمەسلىمىكىن» دېدى. گاۋدى: «ئىمىشقا ماقۇل كۆرمەيمەن! ليكىن بۇنى زادى قانداق ئىشلەش كېرەك؟» دېۋىدى. ليۇجىڭ: «جانابى ئالىلىرى ئەگەر چوڭ خانىشتىن بولغان خانىكە (قونچۇي)نى باتۇرغا خوتۇنلۇققا بەرسىلە، ئۇنىڭغا يەنە كۆپ سوغا ـ سالام يوللاپ تۇرسىلا، ئۇ بۇ خانىكىنىڭ بۈيۈك خەن خاقانىنىڭ چوڭ خانىشىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ھەمدە سوغا ـ سالامنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ، چوقۇم ئۇنى ئالچى (خانىش) قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان ئوغۇل چوقۇم خان تېگىن بولىدۇ. چوڭ بولغاندا، تەگرىقۇت بولۇپ تەختكە ئولتۇرىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ بۇنىڭ سەۋەبى، ھۇنلار خەن خاقانلىقىنىڭ سوغا ـ سالاملىرىغا قىزىقىدۇ. ئالىلىرى خەن خاقانلىقىنىڭ ھەر يىلى ئېشىپ قالغان نەرسىلىرىدىن ھۇنلاردا كەمچىل بولۇپ تۇرغانلىرىنى ئۇلارغا سوغا قىلىپ تۇرسىلا ھەمدە سۆزمەن، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەملەرنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئەدەپ ـ ئەخلاق بىلەن تەربىيىلىسىلە، باتۇر (بودۇ) ھايات ۋاقتىدا سىلىگە كۈيئوغۇل بولىدۇ. ئۆلگەندىن كېيىن، قىزلىرىدىن بولغان نەۋرىلىرى تەگرىقۇت بولىدۇ. نەۋرىسى بوۋىسى بىلەن تەڭ تۇرغان نەدە بار؟! مۇشۇنداق قىلىپ، ئۇرۇش قىلمايلا، ھۇنلارنى ئاستا ـ ئاستا بويسۇندۇرۇۋالغىلى بولىدۇ. ئالىلىرى مۇبادا، چوڭ خانىكىنى بەرمەي، ئۇنىڭ ئورنىغا خان جەمەتى قىزلىرىنى ياكى ئوردا كېنىزەكلىرىنى يالغاندىن خانىكە دەپ بەرسىلە، باتۇر تەگرىقۇت بۇنىمۇ بىلىۋالىدۇ ـ دە، ياخشىلاشقۇسى كەلمەي قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىش بۇزۇلىدۇ» دەپ جاۋاپ بەردى. گاۋدى ماقۇل بولۇپ، چوڭ خانىكىنى بەرمەكچى بولغاندا، خانىش لۈخۇ: «مېنىڭ پەقەت بىرلا ۋەلىئەھد ئوغلۇم، بىرلا قىزىم تۇرسا، نېمىشقا بۇ بىر تال قىزىمنى ھۇنلارغا تاشلاپ

بېرىمەن؟!» دەپ كېچە-كۈندۈز زار-زار يىغلىغانلىقتىن، گاۋدى ئاخىرى چوڭ خانىكىنى ئەۋەتەلمەي، ئوردىدا نامى چىقمىغان بىر كېنىزەكنى چوڭ خانىسكە دەپ تەگرىقۇتقا خوتۇنلۇققا بەرمەكچى بولىدۇ. ليۇجىگنى قۇدىلىق ئەھدى[12] تۈزۈشكە ئەۋەتىدۇ.

ليۇجىڭ ھۇنلار ئېلىدىن قايتىپ كېلىپ، خاقانغا: «ھۇنلارنىڭ خېنەندىكى بەيان[13] ۋە لۇفەن خانلىرى ئەڭ يېقىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ چاڭئەن بىلەن ئارىلىقى 700 چاقىرىم كېلىدىكەن. يېنىك چەۋەندازلار بىر كېچە-كۈندۈز ئىچىدىلا چىنجۇڭغا[14] يېتىپ كېلىدىكەن. چىنجۇڭ يېقىندىلا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، ئاھالىسى ئىنتايىن ئاز، يېرى مۇنبەت. بۇ يەرگە ئاھالە يۆتكەشكە بولىدۇ. چىن خاندانلىقىنىڭ ئاخىرلىرى ئالتە بەگلىك قوزغالغان چاغدا، ئەگەر چى بەگلىكىدىكى تيەن، چۇ بەگلىكىدىكى جاۋ، چۇ، جىڭلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولمىغان بولسا، بىز راۋاج تاپالمىغان بولاتتۇق. ھازىر ئالىلىرى گۇەنجۇڭدا پايتەخت قۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە، ئادەم سانىمىز ئاز، شىمال تەرىپىمىز ھۇنلارغا چېگرىداش. شەرق تەرىپىمىزدە ئالتە بەگلىكنىڭ قۇدرەتلىك بەگ جەمەتلىرى ۋە ئېسىلزادىلىرى بار. موبادا، بىرەر ئۆز گىرىش بولۇپ قالسا، ئالىلىرى بەرىبىر خاتىر جەم تۇرالمايدىلا. شۇنىڭ ئۈچۈن كەمىنىلىرى ئالىلىرىنىڭ چى بەگلىكىدىكى تيەن؛ چۇ بەگلىكىدىكى جاۋ؛ چۇ، جىڭ ھەممىدە يەن، جاۋ، خەن، ۋېي قاتارلىق ئالتە بەگلىكنىڭ ئەۋلاتلىرىنى كۆچۈرۈپ، جايلاردىكى باتۇر-ئەزىمەت ۋە ئاتاقلىق ئۆلىمالار بىلەن بىرلىكتە گۇەنجۇڭدا ئولتۇراقلاشتۇرۇشلىرىنى ئۈمىت قىلىمەن. بۇنداقتا، تىنچ ۋاقىتلاردا ھۇنلاردىن ساقلانغىلى، بەگلىكلەردىن چاتاق چىقسا، شۇلارنى باشلاپ، شەرققە يۈرۈش قىلغىلى بولىدۇ. مانا بۇ غولنى كۈچەيتىپ، شاخنى ئاجىزلاشتۇرۇش چارىسىدۇر» دەپ مەلۇمات سۇندى. گاۋدى

بۇ مەلۇماتىنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، لىيۇجىڭنى ئەۋەتىپ، باي ۋە ئېسىلزادىلەردىن 100 نەچچە ملىڭ ئاھالىسىنى كۆچۈرۈپ، گۇەنجۇڭ ئاھالىسىنى كۆپەيتكەن.

(ئەسلى كىتاب 2715 . 2720 ـ بەتلەر)

---

〔1〕 تەي (邰) ــ قەدىمكى يەر ئىسمى. ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى ۋۇگۇڭ دېگەن يەرنىڭ غەربىي جەنۇبى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 5 ـ توم 2716 ـ بەت)

〔2〕 چى (岐) ــ قەدىمكى يەر ئىسمى. ھازىرقى چىشيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن» 926 ـ بەت)

〔3〕 غەرپ تەرەپ بېگى (西伯) ــ غەرپ تەرەپ بەگلەر بېگى. يىن (شاڭ) خانلىقىنىڭ خانى جوۋ مەخسۇس جازا يۈرۈشى قىلىش ئۈچۈن ۋېنۋاڭغا ئوقيا ۋە ئايپالتا تەقدىم قىلىپ، ئۇنى غەرپ تەرەپ بېگىلىكىگە تەيىنلىگەن («جوۋ تەزكىرىسى»گە قارالسۇن).

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 5 ـ توم 2715 ـ بەت)

④ لۇ ۋاڭ (吕望) ــ جوۋ بەگلىكىنىڭ ئەڭ ئاخىرلىرىدا ياشىغان كىشى. فامىلىسى جياڭ، ئىسمى شاڭ. جوۋ بېگى ۋېنۋاڭ شىكارغا چىققاندا ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئىككىسى خوشال پاراڭلىشىپ بىللە قايتىشقان. ئۇنىڭ ھەققىدە ۋېيخې دەرياسىغا قاماق تاشلاش دېگەن رىۋايەت بار. ئۇ تەيگۇڭ ۋاڭ (太公王) مۇ دېيىلىدۇ.

(بىر توملۇق «سىيۇەن» 280 ـ بەت)

〔5〕 بويى (伯夷) ــ شاڭ (يىن) خانلىقى ۋاقتىدىكى گۇجۇ بەگلىكى ھۆكۈمدارىنىڭ ئوغلى («تارىخىي خاتىرىلەر» «بويىلار تەزكىرىسى»گە قارالسۇن).

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 5 ـ توم 2715 ـ بەت)

〔6〕 مېڭجىن كېچىكى (孟津) ــ ھازىرقى مېڭشيەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا. ئېيتىلىشىچە، جوۋ (周) بېگى ۋۇۋاڭ جوۋ (纣) خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىشتا 800 بەگ بىلەن مانا مۇشۇ يەردە ئىتتىپاق تۈزگەنىكەن. شۇڭا،



www.uyghurkitap.com

ئىتتىپاقلىق كېچىكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە فۇپىڭجىن دېگەن نامىمۇ بار.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن» 785 ـ بەت)

[7] ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن (三分之二) ــ جوۋ خانلىقى زەئىپلەشكەندىن كېيىن، شەرقىي جوۋ، غەربىي جوۋ دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ، چېڭجوۋ شەرقىي جوۋ، ۋاڭچېڭ (پايتەخت) غەربىي جوۋ بولۇپ قالغان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 5 ـ توم 2717 ـ بەت)

[8] چېڭ ـ كاڭ دەۋرى (成康之时) ــ جوۋ (周) خانلىرىدىن چېڭۋاڭ جى سۇڭ ۋە كاڭۋاڭ جى جەنلەر ۋاقتىدا، جوۋگوڭ، جاۋگوڭ، يىڭگوڭ قاتارلىق ۋەزىرلەر خانغا ياردەملىشىپ ئەلنى تىنچىتقان. جازا، قاماق ئىشلىرى قوللىنىلمىغان. تارىختا بۇ چېڭ ـ كاڭ ئىدارىچىلىقى دەپ ئاتىلىدۇ.

(«سىخەي» 3787 ـ بەت)

[9] بايلىق كانى (天府) ــ يېرى مۇنبەت، يەر ۋەزىيىتى خەتەرلىك، بايلىقى مول يەرلەرنى كۆرسىتىدۇ («جەنگو دەۋرىدىكى ۋەز ـ نەسىھەتچىلەر ئۇتۇق توپلىمى»غا قاراڭ).

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 5 ـ توم 2717 ـ بەت)

[10] نەۋباھار تۆرە (奉春君) ــ «سويىن» دېگەن كىتاپتا: «جاڭ يەن: يىلنىڭ بېشى باھار، لۇجىڭ پايتەختنى گۇەنجۇڭدا قۇرۇشنى ھەممىدىن ئاۋال تەۋسىيە قىلغاچقا، ئۇ نەۋباھار تۆرە دەپ ئاتالغان، دېگەن» دېيىلگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 5 ـ توم 2718 ـ بەت)

[11] گۇاڭۋۇ (广武) ــ ناھىيە. خەن خاقانلىقى تەسىس قىلغان. «ھەقىقى شەرھ»دە: «قەدىمكى گۇاڭۋۇ ناھىيىسى كۇجۇ تېغىنىڭ جەنۇبىدا» دېيىلگەن. بىزنىڭچە، بۇنىڭ خارابىسى ھازىرقى سەنشى دەيشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىدە بولسا كېرەك.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن» 1018 ـ بەت)

[21] قۇدىلىق ئەھدى (和亲) ــ خەن دەۋرىدە فېئودال خانلار ئاز سانلىق مىللەت باشلىقلىرى بىلەن ياخشىلىشىپ قۇدىلاشقان. بۇنداق قۇدىلىق مۇئامىلىسى سىياسىي مەقسەتكە ئىگە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قۇدىلىشىش سىياسىتى دەپ ئاتالغان. لىۋجىڭ ئېلىمىز تارىخىدىكى قۇدىلىق سىياسىتىنىڭ ئىجاتچىسىدۇر.

(«سىخەي» 3984 ـ بەت)

[3] بەيان (白羊) — ھۇن خانلىقىنىڭ نامى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 5 ـ توم 2720 ـ بەت)

[4] چىنجۇڭ (秦中) — ھازىرقى شەنشى، قەدىمكى چىن بەگلىكىنىڭ يېرى ئىدى. شۇڭا، چىنجۇڭ دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە گۇەنجۇڭ دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

(تولۇقلانغان «سىيۇەن» 2301 ـ بەت)

# جى بۇ، لىۋەن بۇ تەزكىرىلىرى

جى بۇ چۇ بەگلىكىدىن بولۇپ، ئۇ ئادىللىقى بىلەن چۇ بەگلىكىدە ناھايىتى داڭلىق ئىدى... خاقان خۇيدى زامانىدا نۆكەر بېشى بولدى. تەڭرىقۇت خانىش لۇ خۇغا خەت يېزىپ ھاقارەتلىگەچكە، قاتتىق غەزەپلەنگەن خانىش لۇ خۇ سەركەردىلەرنى يىغىپ، ھۇنلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى. چوڭ سەنگۈن فەن كۇەي: «كەمىنىلىرى يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن بېرىپ، ھۇنلارنى تىرە-پىرەن قىلىۋەتسەم دەيمەن»- دېگەندە، باشقا سەنگۈنلەرنىڭ ھەممىسى خانىشنىڭ رايىغا قاراپ: «توغرا» دېيىشكەندى. جى بۇ: «فەن كۇەي ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىشى كېرەك! ئىلگىرى گاۋدى 400000 دىن ئوشۇق قوشۇن بىلەن چىقىپ، پىڭچېڭ شەھىرىدە مۇھاسىرىدە قالدى. بۈگۈنكى كۈندە فەن كۇەي قانداق قىلىپ يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ھۇنلارنى تىرە-پىرەن قىلىۋېتەلەيدۇ؟ بۇ قاراپ تۇرۇپ يالغان گەپ قىلغانلىق ئەمەسمۇ؟ چىن خانىدانلىقى ھۇنلاردىن مۇداپىئەلىنىش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقاندا، چېن شېڭ[1] قاتارلىقلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، چىن خاقانلىقىغا قارشى توپىلاڭ كۆتەردى. تاھازىرغىچە، بۇ ئۇرۇش جاراھەتلىرى تېخى ساقىيىپ بولمىغان تۇرسا، فەن كۇەي خان ئانىمىزنىڭ ئالدىدا خوشامەتچىلىك قىلىپ، ئەلنى پاراكەندىچىلىككە سالماقچى بولۇۋاتىدۇ» دېدى. شۇ چاغدا، ئوردى-

دىكى كىشىلەر ئىنتايىن قاتتىق تەشۋىش ئىچىدە قېلىشقانىدى. شىۋ
سەۋەپلىك خان ئانا ئوردا يىغىنىنى توختاتتى، ھۇنلارغا ھۇجۇم
قىلىش توغرىسىدىكى مەسلىھەتمۇ شۇنىڭ بىلەن ئۈزۈلۈپ قالدى
(ئەسلى كىتاب 2729 ـــ 2731 ـ بەتلەر)

---

〔1〕چېن شېڭ (陈胜)ـــ م. ب. ؟ ـــ 208 يىللار. چىن خاقانلىقى دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ياشىغان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ يولباشچىسى.

## تارىخي خاتىرىلەر 102 ـ جىلد

# جاڭ شىجۇ، فېڭ تاڭ تەزكىرىلىرى

فېڭ تاڭنىڭ بوۋىسى جاۋ بەگلىكىدىن بولۇپ، ئاتىسى دەي بەگ-لىكىگە كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقانىدى. خەن خاقانلىقى قۇرۇل-غاندىن كېيىن، دەي بەگلىكىدىن ئەنلىڭگە[1] كۆچۈپ كەلدى. فېڭ تاڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ئىتائەت ـ ھۆرمەت قىلىش بىلەن مەشھۇر بولۇپ، ئۇ خەن خاقانى ۋېندىغا نۆكەرلەر مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى[2] بولغانىدى. بىر قېتىم خاقان ۋېندى قول مەپىسىگە ئولتۇرۇپ، نۆكەر بېشى مەھكىمىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، فېڭ تاڭدىن: «بوۋا! قانداقىسىگە نۆكەر بەگ بولۇپ قالغان ئىدىڭىز؟ ئۆيىڭىز قەيەردە؟» دەپ سورىدى. فېڭ تاڭ تەپسىلى قىلىپ راست جاۋاپ بەردى. خاقان ۋېندى: «مەن دەي بەگلىكىدە تۇرغان چېغىمدا، داستۇرخان بېگىم گاۋچۇ ماڭا جاۋ بەگلىكىنىڭ سەركەردىسى لى چىنىڭ ئاقىل ئادەم ئىكەنلىكىنى، جۇلۇ[3] شەھىرى تۈۋىدە چوڭ جەڭلەر قىلغانلىقىنى كۆپ قېتىم سۆزلەپ بەرگەنىدى. ھازىرمەن ھەرقېتىم تاماق يېگەن چېغىمدا، گاۋچۇ سۆزلەپ بەرگەن لى چىنىڭ جۇلۇ جېڭىدىكى باتۇرلۇقلىرىنى ئەسلەپ تۇرىمەن. بوۋا، بۇ ئىشتىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟ دەپ سورىغانىدى. فېڭ تاڭ: «لى چى ليەن پو، لى مۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدۇ» دەپ جاۋاپ بەردى. ۋېندى: «نېمە ئۈچۈن؟» دەپ سورىغاندا، فېڭ تاڭ: «كەمىنىلىرىنىڭ بوۋىسى جاۋ بەگلىكىدىكى ۋاقتىدا، تۆۋەن دەرىجە-

لىنىڭ ھەربىي ئەمەلدار بولۇپ، لى مۇ بىلەن دوست ئىكەن. كەمىنىد-
لىرىنىڭ ئاتىسى دەي بەگلىكىدە ۋەزىر بولۇپ تۇرغاندا، چاۋ بەگلى-
كىنىڭ سەركەردىسى لى چى بىلەن دوست ئىكەن. شۇڭا، مېنىڭ
ئۇلارنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتىدىن خەۋىرىم بار» دېدى. ليەن پو، لى
مۇلارنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ناھايىتى
خۇرسەن بولغان خاقان ۋېيندى يوتىسىغا بىرنى ئۇرۇپ ئېچىنغان
ھالدا: «ھەي، ئىست! مەن ليەن پو، لى چىلەرگە ئوخشاش
ئىستىداتلىق سەركەردىلەرگە ئىگە بولالمىدىم. ئەگەر شۇنداق
سەركەردىلەرگە ئېرىشكەن بولسام، مەن ھۇنلاردىن ئەنسىرەيت-
تىممۇ؟» دېدى. فېڭ تاڭ: «كەچۈرگەيلا، ئالىيلىرى! سىلى ليەن
پو، لى مۇلارغا ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنى ئەتىۋارلاپ
ئىشلەتمەيتتىلە!» دېگەنىدى، قاتتىق غەزەپلەنگەن ۋېيندى شۇئان
ئورنىدىن قوپۇپ ئوردىسىغا قايتىپ كەتتى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆت-
كەندىن كېيىن فېڭ تاڭنى چاقىرتىپ: «نېمە ئۈچۈن شۇنچە
خەقنىڭ ئالدىدا مېنى ھاقارەتلەيسىز؟ ئەجەبا، بىرەر خالىراق جاي
تېپىلمىدىمۇ؟» دەپ ئەيىبلىگىنىدە، فېڭ تاڭ يەنىلا كەچۈرۈم سوراپ:
«يوشۇرۇن سۆزلەشنى بىلمەيدىكەنمەن» دېدى.

بۇ چاغدا، ھۇنلار جونا ناھىيىسىگە[4] تېخى ئەمدىلا كەڭ
كۆلەمدە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، بېيدى ۋىلايىتىنىڭ تۇتۇق بېگى
سۈن ئاڭنى ئۆلتۈرگەنىدى. ھۇنلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى
ۋېيندىنىڭ خىيالىنى بەنت قىلىۋالغاچقا، ئۇ يەنىلا فېڭ تاڭدىن:
«سىز مېنىڭ ليەن پو، لى مۇلارنى ئۇنداق ئىشلەتمەيدىغانلىقىمنى
قانداق بىلىسىز؟» دەپ سورىدى. فېڭ تاڭ: «كەمىنىلىرىنىڭ
ئاڭلىشىچە، قەدىمكى زامانلاردا خان-بەگلەر سەركەردىلەرنى
ھەربىي يۈرۈشكە ئەۋەتسە، تىزلىنىپ تۇرۇپ، سەركەردىلەرنىڭ
ھارۋىسىنى ئىتتىرىدىكەن ھەمدە: «بوسۇغىنىڭ ئىچىدىكى ئىشلارغا

ئۆزۈم مەسئۇل». يۇسۇفنىڭ سىرتىدىكى ئىشلارغا سەنكۇن مەسئۇل.
ھەربىي خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە مەرتىۋە ۋە ئىنئام بېرىش ئىش-
لىرىنى سەنكۇن ئۆزى سىرتتا بىر تەرەپ قىلىپ، ئوردىغا قايتىپ
كەلگەندىن كېيىن، مەلۇمات بېرىپ قويسىلا بولدى» دەيدىكەن. بۇ
ھەرگىز يالغان گەپ ئەمەس. بوۋام ھەمىشە، لى مۇ جاۋ بەگلىكىنىڭ
سەرگەردىسى بولۇپ چېگرىدا تۇرغىنىدا، ھەربىي بازاردىن ئېلىنغان
بارلىق باج-سېلىقلارنى تامامەن ھەربىلەرگە مائاش قىلىپ بېرىدى-
كەن، ئىنئاملارنى سىرتتا ئۆزىلا بىر تەرەپ قىلىدىكەن. جاۋ بېگى
بۇنى سۈرۈشتۈرۈپ كەتمەيدىكەن. ئۇنى ئىشقا بۇيرۇغاندا، مۇۋەپپەقى-
يەت قازىنىشنىلا تەلەپ قىلىدىكەن. شۇنداق بولغاچقا، لى مۇ ئۆزى-
نىڭ بارلىق ئەقىل-پاراستى ۋە قابىلىيىتىنى تولۇق ئىشقا سالالىغان.
ئۇ تاللىغان 1300 جەڭ ھارۋىسى، 13000 ئاتلىق كاماندار ۋە يۈز
سەر ئالتۇن مۇكاپات بېرىشكە تېگىشلىك جەڭچىلەردىن يۈزمىڭ
جەڭچىنى ئەۋەتىپ، شىمال تەرەپتە تەگرىقۇتنى قوغلاپ چىقىرىپ،
شەرقىي خۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، دەنلىن (دىڭلىن)لارنى يوقاتقان؛
غەربتە قۇدرەتلىك چىن بەگلىكىنى بېسىقتۇرۇپ، جەنۇبتا بولسا،
خەن، ۋېي بەگلىكلىرىگە مەدەت بەرگەنىدى. جاۋ بېگى مانا شۇ
مەزگىل ئىچىدە بەگلەر بېگى بولۇشقا ئازقالغانىدى. كېيىن، چيەن
جاۋ بېگى بوپتۇ، ئۇنىڭ ئانىسى غەزەلخانىكەن. چيەن تەختكە چىق-
قاندىن كېيىن، گوكەينىڭ غەيۋەت-شىكايەتلىرىگە ئىشىنىپ، لى
مۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئورنىغا يەن جۇ (颜聚)نى قويۇپتۇ. شۇنىڭ
بىلەن قوشۇن تارمار بولغانىكەن. ئۆزى چىن بەگلىكىنىڭ
سەرگەردىسى ۋاڭ جيەن تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ، ئائىلىسى
خانىۋەيران، ئېلى مۇنقەرز بولغان ئىكەن. كەمىنىلىرى تۆۋەندە
ئاڭلاپ قالدىم. ۋېي شاڭ يۈنجۇڭ ۋىلايىتىنىڭ قۇشبېگى ئىكەن. ئۇ
ئۆزى تۇرغان-شەھەردىن ئېلىنغان باج-سېلىقنىڭ ھەممىسىنى

ئەسكەرلەرنى كۈتۈشكە ئىشلىتىدىكەن، ئۆزكىرىمىدىن پۇل ئاجرىتىپ، بەش كۈندە بىر كالا سويۇپ، مېھمانلار، ھەربىي ئەمەلدارلار ۋە يېقىن نۆكەرلىرىنى مېھمان قىلىدىكەن. شۇنداق بولغاچقا، ھۇنلار بۇ يەرگە يېقىن كېلەلمىگەن، يۈنجۈك ۋىلايىتىنىڭ چېگرىسىغا تېگەلمىگەن. ھۇنلار بىر قېتىم تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە، ۋېي شاڭ ھارۋىلىق ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ چىقىپ، ھۇجۇم قىلىپ، ناھايىتى نۇرغۇن دۈشمەننى ئۆلتۈرگەن. بۇ چېگرا مۇداپىئە جەڭچىلىرى ئاددىي پۇقرالارنىڭ پەرزەنتلىرى بولۇپ، ئېتىزدىن چىقىپلا ئەسكەر بولغانلار ئىدى. ئۇلار كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى خاتىرىلەپ قويۇش، بىر بىرىسىگە كېپىل بولۇشتەك ھەربىي قائىدىلەرنى نەدىن بىلسۇن؟ ئۇلار پەقەت كۈنلەپ-كۈنلەپ جەڭ قىلىپ، دۈشمەننى يوقىتاتتى ۋە ئەسىر ئالاتتى. كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى بارگاھقا مەلۇم قىلغاندا، بىرەر رەقەمدە خاتالىق بولۇپ قالسا، مۇنشىلار ئۇلارنى قانۇنسىي يول بىلەن جازالايتتى، ئەسكەرلەرگە بېرىلىدىغان مۇكاپات ئىجرا قىلىنماي قالسىمۇ، ئەمما قانۇن بويىچە ئىش قىلغان ئەمەلدارلار يەنىلا قەدىرلەپ ئىشلىتىلەتتى. كەمىنىلىرى كەم ئەقىل. مېنىڭ قارىشىمچە، ئالىيلىرىنىڭ قانۇن-پەرمانلىرى بەك قاتتىق، ئىنئاملىرى ئاز، جازالىرى بەك ئېغىر. يۈنجۈك قوشبېگى ۋېي شاڭ جەڭ نەتىجىلىرىنى مەلۇم قىلغاندا، ئۆلتۈرۈلگەن دۈشمەندىن ئالتە كىشىنىلا ئوشۇق ئېيتىپ قويۇپ خاتالاشقانىدى. ئالىيلىرى ئادالەت مەھكىمىسىگە تاپشۇردىلا؛ ئەمىلىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئەمگەك بىلەن جازالىدىلا. شۇنىڭدىن قارىغاندا، ليەن پو بىلەن لى مۇلارغا ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنى ئىشقا سالالمايدىكەنلا. كەمىنىلىرى بەكمۇ كەم ئەقىلمەن. ئېغىز كۆيىدىغان گەپلەرنى قىلىپ قويدۇم، ئۆلۈمگە مەھكۇممەن!» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ۋېندى ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، شۇ كۈنى فېڭ تاڭغا يارلىق دەستىنكى

تۇتقۇزۇپ، ۋېيى شاڭنى ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىش ھەمدە ئۇنى يەنىلا يۇنجۇڭ ۋىلايىتىنىڭ قوشبېگى قىلىپ تەيىنلەش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈشكە ئەۋەتكەن. فېڭ تاڭنى بولسا، خان ھارۋىسى تۇتۇقبېگى قىلىپ تەيىنلىگەن. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى قارۇغ بەگلەرنى ۋە ۋىلايەت-بەگلىرىنىڭ-مەدىنى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش بولغانىدى.

(ئەسلى كىتاب 2757 — 2760 - بەتلەر)

---

[1] ئەنلىڭ (安陵) — ناھىيە ئىسمى. خەن خاقانلىقى تەسىس قىلغان. خارابىسى ھازىرقى شەنشى شيەنياڭ شەھىرىنىڭ شەرقىدە.

(تۈزىتىلگەن «سيۇەن» 805 - بەت)

[2] نۆكەر بېشى (中郎署长) — «سويۈەن»دا: «نۆكەرمەھكىمىسىنىڭ باشلىقى» دېيىلگەن. ئېلاۋە: نۆكەر — ئەمەل ئىسمى. چىن خاقانلىقى تەسىس قىلغان، خەن خاقانلىقى داۋاملىق قوللانغان. نۆكەربېشى ئوردىنىڭ مۇھاپىزەت ۋە مۇلازىمەت ئىشلىرىنى باشقۇراتتى، ئىشىك ئاغىسىغا قارايتتى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» ئالتىنچى توم 275 - بەت)

[3] جۇلۇ (钜鹿) — ناھىيە. چىن خاقانلىقى تەسىس قىلغان. جۇلۇ ۋىلايىتىگە قارايدۇ. خارابىسى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ جۇلۇ ناھىيىسىدە.

(«سىخەي» 381 - بەت)

[4] جۇنا (朝那) — ناھىيە. خەن خاقانلىقى تەسىس قىلغان. ئەندىڭ ۋىلايىتىگە قارايدۇ. خارابىسى ھازىرقى گەنسۇ پىڭلياڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.

(بىر توملۇق «سيۇەن» 728 - بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## تارىخىي خاتىرىلەر 103 ـ جىلد

# ۋەن دەن[1] جاڭ شۇلار تەزكىرىلىرى

م. ب. 112 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەندىڭنىڭ بەشىنچى يىلى)، ۋەزىر جاۋجوۋ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلانغان. خاقان ۋۇدى مۇپەتتىشكە يارلىق چۈشۈرۈپ: «ۋەن دەن ئىلگىرىكى خاقاننىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدى. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھەممىسى ۋاپادارلىق كۆرسەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن باش تەپتىش بېگى شى چىڭ ۋەزىرلىككە كۆتىرىلىپ، مۇچيۇ تۆرىلىكىگە تەيىنلەنسۇن» دېدى. بۇ دەل خەن خاقانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى ئىككى يۆ[2] قەۋملىرىگە يۈرۈش قىلىۋاتقان، شەرقتە چاۋشيەنگە ھۇجۇم قىلىپ، شىمالدا ھۇنلارنى قوغلاۋاتقان، غەربدە پەرغانىگە جازا يۈرۈشى قىلىۋاتقان ۋاقىت بولۇپ، خەن خاقانلىقى ئىنتايىن ئالدىراش ئىدى.

(ئەسلى كىتاب 2767 ـ بەت)

---

[1] ۋەن دەن (万石) ــ خەن خاقانلىقىنىڭ ۋەزىرى شى فېن (石奋) تۆت بالىسى بىلەن ھەرقايسىسى 2000 دادەن ئاشلىق مائاش ئالىدىغان ئەمەلدار بولغانلىقى ئۈچۈن، خاقان جىڭدى ئۇنىڭغا ئالىجاناب ۋەن دەن دەپ نام بەرگەن. ۋەن دەن (تۈمەن دادەن ئاشلىق مائاش ئالغۇچى دەن) دېمەك ئاتىلاتتى.

(«سىيۋەن» 79 ـ بەت)

[2] ئىككى يۆ (两越) ــ جەنۇبىي يۆ بىلەن شەرقىي يۆدىن ئىبارەت ئىككى يۆ قەۋملىرىنى كۆرسىتىدۇ.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 6 توم 2975 ــ 2977 ـ بەت)

# تيەن شۇ تەزكىرىسى

ۋېندى خاقان بولغاندىن كېيىن، تيەن شۇنى چاقىرتىپ كۆرۈشكەن ۋە ئۇنىڭدىن: «سىز ئەلدىكى پېشقەدەم پەزىلەتلىك ئادەملەرنى بىلەمسىز؟» دەپ سورىغانىدى. تيەن شۇ: «پېقىرلىرى ھەممىنى قانداق بىلىپ كېتىمەن!» دەپ جاۋاپ بەردى. ۋېندى: «سىزسادىق پېشقەدەملەردىن بولىسىز، بىلىشىڭىز كېرەك» دېگەندە، تيەن شۇ باش قويۇپ: «سابىق يۈنجۇڭ قوشىبېگى مېڭ شۇ[1] سادىق پېشقەدەملەردىن» دېدى. بۇۋاقىتتا ھۇنلار چېگرا قورۇلىغا كەڭ كۆلەمدە بېسىپ كىرىپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، يۈنجۇڭنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتقانلىقتىن، مېڭ شۇ خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلانغانىدى. ۋېندى: «ئاۋۋالقى خاقان مېڭ شۇنى يۈنجۇڭغا ئەۋەتىپ، ئۇن نەچچە يىل مۇداپىئە قىلدۇرغان، ھۇنلار شۇ جەريانىدا ئاران بىر قېتىم بېسىپ كىرگەن بولسىمۇ، مېڭ شۇ مۇداپىئە قىلالماي، بىرنەچچە يۈز ئەسكەرنى سەۋەبسىز ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەردى. ئەجبا، سادىق پېشقەدەم شۇنداق قىلامدۇ؟ سىز نېمىگە ئاساسلىنىپ مېڭ شۇنى سادىق پېشقەدەم دەيسىز؟» دېگەنىدى، تيەن شۇ باش قويۇپ: «مېڭ شۇنىڭ سادىق پېشقەدەم بولۇشىنىڭ سەۋەبىمۇ دەل مانا مۇشۇ. ئەينى يىللاردا گۆەنگاۋ[2] قاتارلىقلار ئىسيان پىلانلىدى. گاۋدى: «جاۋ بەگلىكى پۇقرالىرى جاۋ بېگى جاڭ ئاۋغا ئەگىشىشكە جۈرئەت قىلسىكەن، ئۈچ جەمەتىنى ئۆلتۈرۈش جازاسى بېرىلىدۇ» دەپ

يارلىق چۈشۈردى: «لېكىن مېڭ شۇ چېچىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، بوينىنى زەنجىردە باغلاپ، جاۋ بېگى جاڭ ئاۋ (张敖) بىلەن بىرلىكتە بەلگىلەنگەن جايغا باردى ۋە جاڭ ئاۋ ئۈچۈن ئۆلمەكچى بولدى. ئۇ كەلگۈسىدە ئۆزىنىڭ يۈنجۇڭ قوشبېگى بولۇپ قېلىشىنى نەدىن بىلسۇن! خەن (汉) بەگلىكى بىلەن چۇ بەگلىكى رىقابەتلىشىپ يەرنى تالاشتى. لەشكەرلەر ئىنتايىن ھالىدىن كەتكەنىدى. مانا شۇنداق ئەھۋالدا ھۇن تەڭرىقۇتى باتۇر ئەمدىلا شىمالدىكى قەۋملەرنى بويسۇندۇرۇپ، غالىبانە كېلىپ، چېگرىدىكى ھەربى ۋە خەلقلەرنى پاراكەندە قىلدى. مېڭ شۇ ئەسكەرلەرنىڭ ھارغىنلىقىنى بىلگەچكە، ئۇرۇش قىلىش يارلىقى چۈشۈرۈشكە كۆڭلى ئۇنىمىغانىدى. لېكىن ئەسكەرلەر بەس-بەس بىلەن سېپىلغا چىقىپ، خۇددى بالا ئاتىسى يولىدا، ئىنى ئاكىسى يولىدا ئۇرۇشقاندەك، دۈشمەن بىلەن قاتتىق ئۇرۇش قىلدى. بىرنەچچە يۈز ئادەم ئۆلدى. بۇ مېڭ شۇنىڭ ئۇلارنى قەستەن ئۇرۇشقا سالغانلىقى ئەمەس! ئەكسىچە، بۇ دەل مېڭ شۇنىڭ سادىق پېشقەدەم ئاتلىقلىرىنىڭ سەۋەبى» دەپ جاۋاپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ۋېندى قايىل بولۇپ: «مېڭ شۇ يارايدۇ!» دېدى ۋە مېڭ شۇنى چاقىرتىپ، ئۇنى يۈنجۇڭ قوشبېگى قىلىپ تەيىنلىدى.

(ئەسلى كىتاب 2776 — 2777- بەتلەر)

تيەن رېن[3] قاۋۇل بولغانلىقى ئۈچۈن، سەنگۇن ۋېي چىڭنىڭ يېقىن خىزمەتكارى بولۇپ، بىر نەچچە قېتىم ۋېي چىڭ بىلەن بىرلىكتە ھۇنلارغا قارشى ئۇرۇشلارغا قاتناشتى. سەنگۇن ۋېي چىڭ ئۇنى خاقان ۋۇدىغا تونۇشتۇرغاچقا، ۋۇدى تيەن رېننى نۆكەرلىككە تەيىنلىدى. بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، 2000 دەن مائاش ئالىدىغان باش ۋەزىر دورغاپلىقىغا تەيىنلەنگەن بولسىمۇ، كېيىن ئەمەلدىن قالغانىدى.
(ئەسلى كىتاب 2778- بەت)

[1] مېڭ شۇ(孟舒) — خەن گاۋزۇ نىڭ كۈيئوغلى. جاۋ بېگى جاڭ ئاۋنىڭ مۇھىبلىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ ھەققىدىكى ۋەقەلەر بۇ تەزكىرىدە بايان قىلىنغان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 5 ـ توم 2584 ـ بەت)

[2] گۇەن گاۋ (贯高) — ئەسلىدە جاڭ ئاۋنىڭ دادىسى جاڭ ئېرنىڭ مۇھىبلىرىدىن ئىدى. جاڭ ئاۋ جاۋبەگلىكىگە بەگ بولغاندا، گۇەنگاۋ جاۋ بەگلىكىگە ۋەزىر بولغان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 5 ـ توم 2584 ـ بەت)

[3] تيەن رېن (田人) — تيەن شۇنىڭ كىچىك ئوغلى. سەنگۇن ۋېي چىڭنىڭ يېقىن خىزمەتكارى. يېغىلىق دەۋرىدىن خەن خاقانلىقىنىڭ باشلىنىشقى دەۋرلىرىگىچە تۆرە، خوجا قاتارلىق ئېسىلزادە ئەمەلدارلارنىڭ يېقىن خىزمەتچىلىرى ئىچكى مەھرەم(舍人) دېيىلەتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن» 2598 ـ بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ۋۇ بەگلىگى بېگى ليۇپى تەزكىرىسى

ۋۇ بېگى ليۇپى گاۋدىنىڭ ئاكىسى ليۇجۇڭنىڭ ئوغلى. گاۋدى ئەلنى تىنچىتىپ يەتتە يىلدىن كېيىن، ليۇجۇڭنى دەي بەگلىكى بېگى قىلىپ تەيىنلىگەندى. ھۇنلار دەي بەگلىكگە ھۇجۇم قىلغاندا، ليۇجۇڭ مۇداپىئە قىلالماي، بەگلىكنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەن ۋە خىلۋەت، كىچىك يول بىلەن ئودۇل لوياڭغا كېلىپ، گاۋدىدىن ئەپۇ سورىغان. گاۋدى قان قېرىنداشلىقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، قانۇن بويىچە جازالاشقا كۆڭلى قىيماي، بەگلىك ئورنىدىن قالدۇرۇپ، خېياڭ (郃阳) تۆرىلىكگە چۈشۈرۈپ قويغانىدى.

(ئەسلى كىتاب 2821 ـ بەت)

* *

جاۋ بەگلىكى بېگى ئاسىي ليۇسۈي ھۇنلارغا يوشۇرۇن ئادەم ئەۋەتىپ ئالاقىلىشىپ، بىرلىكتە خەن خاقانلىقىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى.

(ئەسلى كىتاب 2827 ـ بەت)

م. ب. 154 ـ يىلى (خاقان جىڭدىنىڭ ئۈچىنچى يىلى) بىرىنچى ئايدا، ۋۇ بەگلىكىنىڭ بېگى ليۇپى گۇاڭلىڭدا[2] رەسمى ئىسيان كۆتەردى... ئۇ ھەرقايسى بەگلىكلەرگە مەكتۇپ يوللاپ...يەن بېگى، جاۋبېگىنىڭ ئىلگىرى ھۇن تەڭرىقۇتى بىلەن ئىتتىپاقلىق ئەھدى بولغاچقا، يەن بېگى شىمالغا ھۇجۇم قىلىپ، دەي ۋىلايىتى بىلەن

يۈنجۇك ۋىلايىتىنى ئىشغال قىلغانىدىن كېيىن، ھۇن لەشكەرلىرىنى باشلاپ، شياۋگۇەن ئۆتكىلىگە[3] ھۇجۇم قىلىپ كىرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇدۇل چاڭئەنگە يۈزلىنىپ، خاقانىنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىشكە ياردەم قىلىش ۋە گاۋزۇنىڭ خان جەمەتى ئىبادەتخانىسىنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاپ قېلىش لازىم، دېگەنىدى.

(«ئەسلى كىتاب» 2828 ـ بەت)

---

〔1〕 ۋۇ بېگى پى (吴王濞) ــ خەن گاۋزۇنىڭ ئاكىسى ليۇ جۇڭنىڭ ئوغلى.
(«تارىخىي خاتىرىلەر» 6 ـ توم 2821 ـ بەت)

〔2〕 گۇاڭلىڭ (广陵) ــ ۋىلايەت. يېغىلىق دەۋرىدە چۇ بەگلىكىنىڭ شەھەرلىرىدىن بىرى. ئورنى ھازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسى ياڭجۇ شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن» 1019 ـ بەت)

〔3〕 شياۋگۇەن (肖关) ــ قوۋۇق ئىسمى. ئورنى ھازىرقى نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى گۇيۈەنىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا بولۇپ، قەدىمدە شىمالغا بارىدىغان مۇھىم جاي ئىدى.

(«سىخەي» 1357 ـ بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى ئادرېسى

## تارىخىي خاتىرىلەر 108-جىلد

# خەن چاڭرۇ تەزكىرىسى

ئورداباشى-تەپتىش بېگى خەن ئەنگو لياڭ-بەگلىكىنىڭ چېڭئەن[1] دېگەن يېرىدىن بولۇپ، كېيىن سۇيياڭغا كۆچۈپ بارغان. خەن ئەنگو زوۋشيەن ناھىيىسىدىكى تيەن شېڭنىڭ ئۆيىدە خەن فېيزى ۋە باشقا ئۆلىمالاردىن تەلىمات ئالدى. لياڭ بېگى شياۋۋاڭنىڭ ھۇزۇرىدا دانىش بەگ بولۇپ خىزمەت قىلدى. ۋۇ، چۇ بەگلىكلىرى ئاسىيلىق قىلغاندا، لياڭ بېگى شياۋۋاڭ خەن ئەنگو بىلەن جاڭ يۈنى سەركەردە قىلىپ، ئۇلارنى لياڭ بەگلىكىنىڭ شەرقىي چېگرىسىنى ۋۇ بەگلىكى قوشۇنلىرىدىن قوغداشقا بۇيرۇدى. جاڭ يۈ غەيرەت بىلەن ئۇرۇش قىلاتتى. خەن ئەنگو بولسا، ئېھتىيات بىلەن سالماق ئىش قىلاتتى. شۇڭا، ۋۇ قوشۇنلىرى لياڭ بەگلىكىگە بېسىپ كېلەلمىدى. ئاخىرى ۋۇ، چۇ بەگلىكلىرى مەغلۇپ بولۇپ، خەن ئەنگو، جاڭ يۈلەر شۆھرەت قازاندى.

لياڭ بېگى شياۋۋاڭ خەن خاقانى جىڭدىنىڭ ئانا بىر ئىنىسى بولۇپ، خان ئانا دۇ تەيخۇ ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ۋەزىر ھەم 2000 دادەنلىك مائاش ئالىدىغان مەنسەپدارلارنى ئۆز ئىختىيارىچە تەيىنلىشىگە يول قوياتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆزى ئوردىسىغا كىرىش-چىقىش قائىدىلىرى جەھەتتە ۋە مۇراسىملاردا خاقانىدەك بولۇۋالغانىدى. خاقان جىڭدى بۇنى ئاڭلاپ ئىچىدە نارازى بولدى. خان ئانا خاقان جىڭدىنىڭ نارازىلىقىنى ئۇقۇپ، لياڭ بەگلىكىنىڭ ئەلچى-

سىگە كايىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىمدى ۋە لياڭ بېگىنىڭ قىلمىشلىرىنى رەتلەپ چىقىشنى تاپشۇردى. بۇ چاغدا خەن ئەنگو لياڭ بەگلىكىنىڭ ئەلچىسى ئىدى. ئۇ چوڭ خانىكە داجاڭنى زىيارەت قىلىپ ۋە يىغلاپ تۇرۇپ: «لياڭ بېگى شياۋۋاڭ ۋاپادار پەرزەنتلەر ئىچىدىكى ئەڭ ۋاپادارى، خالايىق ئىچىدە ئەڭ سادىق ئادەم تۇرسا، خان ئانا نېمىشقا بۇنى ئويلىمايدۇ؟ ئىلگىرى ۋۇ، چۇ، چى، جاۋ قاتارلىق يەتتە بەگلىك ئىسيان كۆتەرگەندە، تۇڭگۇەن قوۋۇقىنىڭ شەرقىدىكى بەگلىكلەرنىڭ ھەممىسى بىرلىشىپ غەربكە ھۇجۇم قىلىشتى. مۇشۇنداق مۇشكۇل پەيتتە، پەقەت لياڭ بېگىلا ئوردا بىلەن ئەڭ يېقىن مۇناسىۋەتتە بولدى. لياڭ بېگى شياۋۋاڭ خان ئانا ۋە خاقانىنىڭ گۇەنجۇڭدا ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقارمىدى. باشقا بەگلىكلەر بولسا، پاراكەندىچىلىك سالدى. ئۇ يىغلاپ ۋە يۈكۈنۈپ تۇرۇپ، يېقىن قاتارلىق ئالتە كىشىنى لەشكەر تارتىپ ۋۇ، چۇ قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىشقا ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ۋۇ، چۇ قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ قوشۇنلىرى غەربكە كېلىشكە پېتىنالمىدى، ئاخىرى يوقالدى. بۇ لياڭ بېگىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئىدى. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، خان ئانا ئۇششاق-چۈششەك قائىدە-يوسۇنلار يۈزىسىدىن لياڭ بېگىنى قاتتىق ئەيىبكە بۇيرۇماقتا. لياڭ بېگىنىڭ دادىسى ۋە ئاكىسى خاقان بولۇپ ئۆتكەن . شۇڭا، ئۇمۇ چوڭ ئىشلارنى كۆرگەن... بۇنىڭ ئىشلىتىۋاتقان ئات-ھارۋا، تۇغ-ئەلەملىرىمۇ خاقانىنىڭ ئىنئاملىرى بولۇپ، لياڭ بېگى شۇ ئارقىلىق چەت رايونلاردا ئۆزىنى كۆز-كۆز قىلغانىدى. خان ئانا ۋە خاقانىنىڭ ئۆزىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۆز بەگلىكى ئىچىدە ھارۋىغا ئولتۇرۇپ، ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا ئۆتۈپ، باشقا بەگلىكلەرگە ئۆزىنى كۆرسەتكەنىدى. ئەمدىلىكتە، لياڭ بەگلىكى ئەلچىسى كېلىشى بىلەنلا،

ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى رەتلەش بۇيرۇلدى. لياك بېگى قورقۇپ، كېچە-كۈندۈز يىغا ۋە ھەسرەت ئىچىدە خان ئانىمىزنى ۋە خاقانىنى سېغىنىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي تەمتىرەپ قالدى. لياك بېگىدەك ۋاپادار پەرزەنت، سادىق پۇقرا نېمە ئۈچۈن خان ئانىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلمەيدۇ؟» دېدى. چوڭ خانىكە داجاڭ بۇ سۆزلەرنى خان ئانىغا مەلۇم قىلدى. خان ئانا خۇرسەن بولۇپ: «بۇنى مەن خاقانغا ئېيتاي» دېدى ۋە ئېيتتى. بۇنى ئاڭلاپ گۇماندىن خالاس بولغان خاقان تاجىسىنى قولىغا ئېلىپ، خان ئانا ئالدىدا خاتالىقىنى ئۈستىگە ئالدى ۋە: «مەن ئىنىمگە تەربىيە بېرەلمەي، خان ئانىمىزنى تەشۋىشتە قويۇپتىمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن لياك بەگلىكىنىڭ ئەلچىسىنى خاقان قوبۇل قىلىپ، ناھايىتى كۆپ ئىنئام بېرىدۇ. كېيىن لياك بېگى بىلەن تېخىمۇ يېقىن، تېخىمۇ ئىناق بولۇپ كېتىدۇ. خان ئانا چوڭ خانىكە (خانىكە دا جاڭ) مۇ خەن ئەنگوغا مىڭ سەر ئالتۇندىن كۆپرەك قىممەتكە ئىگە ئىنئام بېرىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، خەن ئەنگو تېخىمۇ شۆھرەت قازىنىدۇ ۋە ئوردا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تېخىمۇ يېقىنلىشىدۇ.

كېيىن، خەن ئەنگو قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىقتىن، جازاغا تارتىلىپ، مېڭشيەن ناھىيىسىدە زىندانغا تاشلىنىدۇ. زىندان بېگى تيەن جيا خەن ئەنگونى ھاقارەتلەيدۇ. خەن ئەنگو: «ئۆچكەن ئوت قايتىدىن يالقۇنجىماسمۇ؟» دېگەندە، تيەن جيا: «يالقۇنجىسا، ئۈستىگە سىيىپ ئۆچۈرۈش كېرەك» دەيدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، لياك بەگلىكىدە دىۋان بېگىنىڭ ئورنى بوشاپ قالىدۇ. ئوردا ئەلچى ئارقىلىق خەن ئەنگونى دىۋان بېگىلىكىگە تەيىنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بىردىنلا مەھبۇسلۇقتىن قۇتۇلۇپ، 2000 دادەن مائاشلىق ئەمەلدار بولۇپ قالىدۇ. تيەن جيا قورقۇپ قېچىپ كەتكەندە، خەن ئەنگو: «تيەن جيا قايتىپ كېلىپ ئۆز ئەملىنى تۇتمىسا، ئۇنىڭ

ئۇرۇق- جەمەتىنى قوزۇتۇۋېتىمەن» دېگەچكە، تيەنجىيا قايتىپ كېلىپ، بىر يېڭىنى چىقىرىۋېتىپ خاتالىقنى تەن ئالدۇ. خەن ئەنگو كۈلۈپ ئۇنىڭغا: «ئەمدى ئوتنى سىيىپ ئۆچۈرسىڭىز بولارمىكىن، سىزدەك ئادەمنى قانۇن بىلەن جازالاشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟» دەيدۇ. ئاقىۋەت خەن ئەنگو ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ.

ئەسلىدە، لياڭ بەگلىكىدە دۇۋان بېگىنىڭ ئورنى بوشاپ قالغاندا، لياڭ بېگى شياۋۋاڭ چى بەگلىكىدىن بولغان گۇڭسۇن گۈيگە ئېرىش-كەنلىكى ئۈچۈن خوشال بولۇپ، ئۇنى دۇۋان بېگى قىلىش توغرىسىدا ئىلتىماس قىلماقچى بولغانىدى. خان ئانا دۇتەيخۇۋ بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ قېلىپ، دەرھال لياڭ بېگى شياۋۋاڭغا خەن ئەنگونى دۇۋان بېگى قىلىپ تەيىنلەش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەنىدى.

گۇڭسۇن گۈي، ياڭ شېڭلار لياڭ بېگى شياۋۋاڭنى خاقاننىڭ ۋەلىئەھدى بولۇشنى ۋە ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى (زېمىنىنى) كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلىشقا كۈشكۈرتتى. بۇ ئىشقا ئوردىنىڭ ۋەزىر-لىرى يول قويماسىكەن دەپ، ئوردىنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان بىر نەچچە مەسلىھەتچى ۋەزىرنى ئۆلتۈرۈشكە ئوغرى-لىقچە ئادەم كىرگۈزۈپ، ۋۇ بەگلىكىنىڭ سابىق ۋەزىرى يۈەن ئاڭنى ئۆلتۈردى. خاقان جىڭدى گۇڭسۇن گۈي، ياڭ شېڭلارنىڭ بۇ سۇيىقەستلىرىنى بىلىپ قېلىپ، گۇڭسۇن گۈي، ياڭ شېڭلارنى قولغا ئېلىشقا ئادەم ئەۋەتىدۇ. ئوردىنىڭ لياڭ بەگلىكىگە قولغا ئېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئون نەپەر ئادىمى بەگلىك بويىچە چوڭ ئاختۇ-رۇش ئېلىپ بېرىپ، ۋەزىردىن تۆۋەن دەرىجىلىك ھەممە ئەمەلدار-لارنىڭ ئۆيلىرىنى قويماي، بىر ئايدىن ئوشۇق ئاختۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى تاپالمايدۇ. گۇڭسۇن گۈي، ياڭ شېڭلارنىڭ دەل شياۋۋاڭنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىنى دۇۋان بېگى خەن ئەنگو بىلىپ قېلىپ، شياۋۋاڭنىڭ ھۇزۇرىغا بارىدۇ ۋە يىغلاپ تۇرۇپ:

«خاقان ھاقارەتكە ئۇچرىسا، ۋەزىرلەر ئەلۋەتتە ئۆلۈشى لازىم. ئالىلىرىنىڭ قول ئاستىدا يارامىلىق ۋەزىر بولمىغانلىقتىن، كەينى-كەينىدىن پېشكەللىكلەر يۈز بەرمەكتە. بۈگۈن ئەگەر كۆكسۈن كۆي-ياك شىكلار تۇتۇلمايدىغان بولسا، ئالىلىرىنىڭ مېنى ئۆلۈمگە بۇيرۇش-لىرىنى تىلەيمەن» دەيدۇ. لياك بېگى شياۋۋاك: «بۇنىڭ سەۋۋى نېمە؟» دەپ سورىغاندا، خەن ئەنگو تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ: «سىلى ئۆزلىرى خاقان بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى خان ئاتىسى بىلەن گاۋزۇخاننىڭ مۇناسىۋىتىگە ۋە خاقان بىلەن لىنجياك بېگىنىڭ مۇناسىۋىتىگە سېلىشتۇرۇپ باقسىلا، بۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئەڭ يېقىن؟» دەيدۇ. شياۋۋاك: «مەن ئۇلارغا يېتەلمەيمەن» دەيدۇ. خەن ئەنگو: «شۇنداق، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسى-ۋەت — ئاتا-بالىلىق مۇناسىۋەت. لېكىن خاقان گاۋزۇ: ‹جاھاننى مەن قىلىچ بىلەن ئالغان› دېگەنىكەن. شۇڭا، خان ئاتىسى ئۆمۈر بويى دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرمىغان ئىكەن. ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرى لېياگدا ئۆتكەن. لىنجياك بېگىگە كەلسەك، ئۇ بۈگۈنكى خاقاننىڭ ۋەلىئەھدلىك ئورنىغا ئېرىشكەن چوڭ ئوغلى. ئاتىسى بىر ئېغىز خاتا سۆز قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ۋەلىئەھدلىكتىن مەھرۇم قىلىنىپ، لىنجياك بېگى بولۇپ قالغان. كېيىن ئوردا ئىبا-دەتخانىسىنىڭ يېرىنى ئىشلەتكەنلىكى سەۋەبىدىن، ئاخىرى قارۇغ بەگ مەھكىمىسىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانىدى. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا خۇسۇسى ئىشنى دەپ ئومۇمنىڭ ئىشىغا ھەرگىز دەخلى يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ. ئادەتتە: ‘ئۆز ئاتاڭ بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن يولۋاسلىق خۇيى يۈز بەرمەسلىكىنى كىم بىل-سۇن؟ ئۆز ئاكاڭ بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن بۆرىلىك خۇيى يۈز بەرمەس-لىكىنى كىم بىلسۇن؟’ دېگەن گەپ بار. ھالا بۈگۈنكى كۈندە بىگىم ئالىلىرى بەگلىك مەرتىۋىسىدە تۇرۇقلۇق ۋەسۋەسىگە كىرىپ،

www.uyghurkitap.com

ئوردىنىڭ چەكلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، قانۇنىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدىلا. خاقان بولسا، خان ئانىسىنىڭ ۋەجىدىن سىلىنى جازالاشقا كۆزى قىيمايۋاتىدۇ. خان ئانىسىمۇ كېچە-كۈندۈز يىغلاپ كۆز يېشى قۇرۇماي، سىلىنىڭ سەۋەنلىكنى تۈزىتىشلىرىنى كۈتمەكتە. ئەمما سىلى هامان غەپلەتتىن قۇتۇلالماي كېلىۋاتىدىلا. مۇبادا، خان ئانىمىز كۈنلەرنىڭ بىرىدە دۇنيادىن كېتىپ قالسا، ئۆزلىرى كىمگە تايىنىدىلا؟» دەيدۇ. ئۇنىڭ سۆزى ئاياقلاشماستىنلا، شياۋۋاڭ هۆكىرەپ يىغلاپ كېتىدۇ ۋە خەن ئەنگوغا: «مەن هازىرلا گۇگىسۇن گوي، ياڭ شېڭلارنى چىقىرىپ بېرەي» دەيدۇ. لېكىن گۇگىسۇن گوي، ياڭ شېڭلار ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. ئوردىنىڭ ئەلچىلىرى پايتەختكە قايتىپ، بۇ ئەهۋاللارنى خاقانغا مەلۇم قىلىپ، لياڭ بەگلىكىدىكى ئىشلار مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنغانلىقىنى، بۇ خەن ئەنگونىڭ كۈچى بىلەن بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ. خەن خاقانى جىڭدى ۋە خان ئانا شۇ سەۋەپتىن، خەن ئەنگونى تېخىمۇ قەدىرلەپ، لياڭ بېگى شياۋۋاڭ ئۆلگەندىن كېيىن، گۇڭۋاڭ بەگلىككە تەيىنلەيدۇ. كېيىن خەن ئەنگو (يەنە بىر قېتىم) قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىقتىن، ئەمەلدىن ئايرىلىپ ئۆيىدە بولۇپ قالىدۇ.

م. ب. 140-135-يىللار (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى جيەنيۈەن يىللىرى)، ۋۇئەن بېگى تيەن فېن خەن خاقانلىقىنىڭ لەشكەر بېگى[2] بولدى. ئۇ خان جەمەتىدىن بولغاچقا، ناهايىتى زور هوقۇققا ئىگە ئىدى. خەن ئەنگو ئۇنىڭغا 500 جىڭ ئالتۇن قىممىتىدە سوغا سۇنىدۇ. تيەن فېن خەن ئەنگونى خان ئانىغا تەۋسىيە قىلىدۇ. خاقانمۇ خەن ئەنگونىڭ زېرەك-ئىقتىدارلىق ئادەم ئىكەنلىكىنى بۇرۇندىن بىلگەچكە، ئۇنى دەرهال بېيدى تۇتۇقبەگلىكىگە تەيىنلەيدۇ. كېيىن ئۇ مالىيە-ئىقتىسات ۋەزىرى بولۇپ كۆتىرىلىدۇ.

مڭيۋ، شەرقىي يۋ دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش قوزغال-
غاندا، خەنئەنگو بىلەن سورۇن بېگى[3] ۋاڭ خۇي لەشكەر تارتىپ
يۈرۈش قىلىدۇ. بۇلار مڭيۋ، شەرقىي يۋ دۆلەتلىرىگە يېتىپ
بارغىچە، ئۇ يەردىكى خەلق ئۆزلىرىنىڭ خانلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، خەنگە
تەسلىم بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەن قوشۇنلىرى چېكىنىپ كېتىدۇ.
م. ب. 135-يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى جيەنيۋەنىنىڭ
ئالتىنچى يىلى) ۋۇئەن بېگى تيەن فېن باش ۋەزىر، خەنئەنگو
ئوردا باش تەپتىش بەگلىكىگە[4] تەيىنلىنىدۇ.

هۇنلار ئەلچى ئەۋەتىپ، قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلىغاچقا، خاقان
تۆۋەندىكىلەرگە بۇنى مۇزاكىرە قىلىپ بېقىش توغرىسىدا يارلىق
چۈشۈرىدۇ. سورۇن بېگى ۋاڭ خۇي يەن دىيارىدىن بولۇپ، چېگرا
رايونلاردا كۆپ قېتىم ئەلچى بولۇپ تۇرغاچقا، هۇنلارنىڭ ئەھۋالىنى
ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. ئۇ: «هۇنلار ھەر قېتىم خەن خاقانلىقى
بىلەن قۇدىلىشىپ، بىر نەچچە يىل ئۆتەر-ئۆتمەيلا، كېلىشىمگە
خىلاپلىق قىلىپ كەلدى. ئەڭ ياخشىسى، بۇ ئىشقا يول قويماسلىق،
قوشۇن چىقىرىپ قارشى ئۇرۇش قىلىش لازىم» دېدى. خەنئەنگو:
«مىڭ چاقىرىم يىراقلىققا بېرىپ ئۇرۇش قىلساق، ھەربىي جەھەتتىن
ھېچقانداق مەنپەئەت كۆرمەيمىز. هۇنلار ھازىر يېتەرلىك ھەربىي
كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ، ھايۋانىي نەپسى كېڭەيمەكتە.
قاغا-قۇزغۇندەك تىنماي كۆچۈپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنى
بويسۇندۇرۇش قىيىن. ئۇلارنىڭ يېرىنى ئالساق، زېمىنىمىزنىڭ
كېڭىيىپ كېتىشى ناتايىن. ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنى قولغا كىرگۈزسەك،
ئېغىمۇ قۇدرەت تېپىپ كېتىشىمىزمۇ ناتايىن. ئۇلار قەدىمدىن بۇيان
بىزگە بويسۇنۇپ باققان ئەمەس. نەچچە مىڭ چاقىرىم يەرگە قوشۇن
ئەۋەتىپ، ئۇلار بىلەن مەنپەئەت تالاشساق، ئادەم ۋە ئات-ئۇلاغلار
چارچاپ ھالىدىن كېتىدۇ. دۈشمەن تەرەپ بولسا، خەۋپسىز

مۇداپىئەدە تۇرۇپ، بىزنىڭ ھالسىزلانغان قوشۇنىمىزغا قارشى تۇرىدۇ. ئېتىلغان ئوقيا ھەر قانچە ئۆتكۈر بولغان بىلەنمۇ، ئاخىرى بېرىپ، ھىلھىلە ياغلىقنى تېشىپ ئۆتەلمەيدۇ. بوران ھەر قانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، ئاخىرى بېرىپ بىر تال ھاڭگىرت پېيىنى ئۇچۇرۇپ كېتەلمەيدۇ. بۇ يەردە گەپ ئوقيا بىلەن بوراننىڭ دەسلەپ كۈچسىز بولغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئاخىرى بېرىپ زەئىپلەشكەنلىكىدە. ھۇنلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش پايدىسىز، قۇدىلاشقانغا يەتمەيدۇ» دەيدۇ. ۋەزىرلەرنىڭ كۆپچىلىكى خەن ئەنگونىڭ تەشەببۇسىنى قوللايدۇ. شۇنىڭ بىلەن خاقان قۇدىلىشىشقا قوشۇلىدۇ.

ئىككىنچى يىلى يەنى م. ب. 134-يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنگۇاڭنىڭ بىرىنچى يىلى) يەنمېن ۋىلايىتى مايى شەھىرىدىكى كاتتىلاردىن نېي يى بوۋاينىڭ سۆزىنى سورۇن بېگى ۋاڭ خۈي خاقانغا يەتكۈزۈپ: «ھۇنلار يېقىندىلا قۇدىلاشقانلىقتىن، چېگرىغا ناھايىتى ئىشەنچلىك قارايدۇ. ئۇلارنى (ئانچە-مۇنچە) مەنپەئەتكە قىزىقتۇرۇپ قىلتاققا چۈشۈرۈشكە بولىدۇ» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن نېي يى بوۋاي ئايغاقچى (جاسۇس) قىلىنىپ، ئوغرىلىقچە ھۇنلار ئارىسىغا ئەۋەتىلىدۇ. ئۇ ھۇن تەڭرىقۇتىغا: «مايى شەھىرى ھاكىمى ۋە باشقا ئەمەلدارلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، مايى شەھىرىنى تەسلىم قىلدۇرساڭلار، پۈتۈن شەھەر بايلىقى سىلەرنىڭ بولىدۇ» دەيدۇ. تەڭرىقۇت ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، شۇنداق قىلىشنى توغرا تاپىدۇ ۋە ئۇنى شۇ ئىشقا بۇيرۇيدۇ. نېي يى بوۋاي مايىغا قايتىپ كېلىپ، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بىر نەچچە مەھبۇسنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ كاللىسىنى مايى شەھىرى سېپىلىغا ئېسىپ قويۇپ، تەڭرىقۇتنىڭ ئەلچىسىگە يالغاندىن ئۆزىنىڭ پىلان بويىچە ئىش قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ ھەمدە «مايى شەھىرىنىڭ ھاكىمى ۋە باشقا ئەمەلدارلىرى ئۆلتۈرۈلدى. چاپسانراق يېتىپ كېلىڭلار!»

دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭرىقۇت يۈزمىڭدىن ئۇشۇق ئاتلىق لەشكەر باشلاپ، چېگرا قورۇلىدىن ئۆتۈپ، يەنمىن ۋىلايىتىنىڭ غەربىگە يۈز چاقىرىم كېلىدىغان ۋۇجۇۋ ناھىيەسىنىڭ قورۇلىغا كىرىدۇ.

دەل شۇ پەيتتە، خەن خاقانلىقى مايى شەھرىنىڭ چېتىدىكى بىر جىلغىغا ئەسكەر يوشۇرۇپ قويغانىدى. ۋەزىرى ياساۋۇل بەگ لى گۇاڭ ئالىپ چەۋەنداز سەنگۈنلىكىگە، مىراخور[5] گۇڭسۇن خې يىنىڭ ھارۋىلىقلار سەنگۈنلىكىگە، سورۇن بېگى ۋاڭ خۇي تۇراقلىق قوشۇن سەنگۈنلىكىگە، كېڭەش بېگى لى شى مەشئاۋۇللۇققا تەيىنلە-نىدۇ. ئوردا باش تەپتىش بېگى خەن ئەنگو قوشۇن مۇھاپىزەتچى سەنگۈنلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. يۇقىرىدىكى سەنگۈنلەر قوشۇننى باشقۇ-رۇش سەنگۈنىگە قارايدۇ. ئۇلار ھۇن تەڭرىقۇتى مايى شەھرىگە كىرىشى بىلەنلا، ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا كېلىشىۋالىدۇ. بۇنىڭ سىرتىدا، ۋاڭ خۇي، لى شى، لى گۇاڭلار ئاساسەن ھۇنلارنىڭ ئاشلىق، ئوت-سامان توشۇپ ماڭغان ھارۋىلىرىغا دەيجۈن ۋىلايىتى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلماقچى بولىدۇ. بۇ چاغدا ھۇن تەڭرىقۇتى خەن خاقانلىقىنىڭ ۋۇجۇۋ قورۇلىغا كىرىپ، يول بويى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغانىدى. مايى شەھرىگە يېتىپ كېلىشكە يەنە يۈز نەچچە چاقىرىم قالغاندا، تاغ-داللاردا يېيىلىپ ئوتلاپ يۈرگەن چارۋا-ماللاردىن باشقا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيدۇ. ھەيران بولغاچ، تەڭرىقۇت خەن خاقانلىقىنىڭ تۇرلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ۋۇجۇۋ كۆزەتچى بېگىنى[6] قولغا چۈشۈرىدۇ ۋە ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ ئەھۋالىنى سورايدۇ. كۆزەتچى بەگ: «بىر نەچچە يۈزمىڭ كىشىلىك خەن قوشۇنى مايى شەھرىنىڭ يېنىدا مۆكۈپ ياتىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. تەڭرىقۇت يېنىدىكىلەرگە قاراپ قويۇپ: «خەنلەرنىڭ قىلتىقىغا چۈشكىلى تاس قاپتىمىز!» دەيدۇ ۋە لەشكەرلىرىنى ئېلىپ قايتىپ كېتىدۇ.

ئەگرىقۇت قورۇلدىن يىنىپ چىقىپ: «مىنىڭ مايى شەھىرى كۆزەتچى بىگىنى قولغا چۈشۈرگەنلىكىم، ھەقىقەتەن تەگرىنىڭ ئىرادىسى» دەيدۇ ۋە مايى شەھىرى كۆزەتچى بىگىنى «خۇدا بەردى بەگ» دەپ ئاتايدۇ. بۇ چاغدا قورۇلدا، ھۇن تەگرىقۇتى چېكىنىپ كېتىپتۇ، دېگەن گەپ تارقىلىپ، خەن قوشۇنى ھۇنلارنى چېگرا قورۇلغىچە قوغلاپ بارىدۇ ۋە يېتىشەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ چېكىنىپ كېتىدۇ. ۋاڭ خۇي قاتارلىقلار 30,000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن ماڭغانىدى. ھۇن تەگرىقۇتىنىڭ خەن قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلمىغانلىقىنى ئىشىتكەچ، ھۇنلارنىڭ ئاشلىق ۋە ئوت-سامان توشۇغۇچى ھارۋا كارۋىنىغا ھۇجۇم قىلساق، چوقۇم تەگرىقۇتنىڭ خىل لەشكەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىمىز، خەن قوشۇنى مەغلۇپ بولىدۇ، دەپ قاراپ، قوشۇننى چېكىندۈرىدۇ. شۇڭا، بۇ قېتىملىق ئەسكىرىي يۈرۈش نەتىجىسىز بولۇپ قالىدۇ.

تەگرىقۇتنىڭ قورال-ياراق، تەمىنات ھارۋىلىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماستىن، قوشۇننى ئۆز ئىختىيارىچە چېكىندۈرگەنلىكى ئۈچۈن، خاقان ۋاڭ خۇيغا ناھايىتى كايىغانىدا، ۋاڭ خۇي: «دەسلەپتە، ھۇنلار مايى شەھىرىگە كىرىپ، قوشۇنىمىز تەگرىقۇت بىلەن تۇتۇشۇپ قالغان پەيتتە، مەن ئۇلارنىڭ ئاشلىق، ئوت-سامان توشۇغۇچى كارۋىنىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلسام، شۇ چاغدىلا ئىشىمىز ئۇتۇقلۇق بولىدۇ، دەپ كېلىشىپ قويغانىدۇق. تەگرىقۇت-بولسا، ئەھۋالنى ئۇقۇپ قېلىپ، مايى شەھىرىگە يېتىپ بارماستىنلا چېكىنىپ كەتتى. مېنىڭ قارىشىمچە، بىز ئۆزىمىزنىڭ 30,000 كىشىلىك قوشۇنىمىز بىلەن تەگرىقۇتنىڭ قوشۇنىغا تەڭ كېلەلمەيتتۇق، ئۇرۇشقان بولساق مەغلۇپ بولاتتۇق. ئۆز ئىختىيارىمچە قوشۇننى چېكىندۈرسەم كاللام ئېلىنىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتىم. لېكىن شۇنداق قىلغاندىلا، خاقان ئاىلىرىنىڭ 30,000 لەشكىرىنى ساقلاپ قالغىلى

بولىدىكەن. شۇڭا، ئاخىرى قوشۇننى چېكىندۇردۇم» دېدى.
شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ خۇي يارغۇچىغا(7) تاپشۇرۇلدى. يارغۇچى بەگ بولسا: «ۋاڭ خۇي ۋاقتىنى كەينىگە سۈرۈپ ھۇجۇمغا ئۆتمىگەنلىكتىن، ئۆلۈمگە مەھكۇم» دەپ ھۆكۈم قىلدى. ۋاڭ خۇي ۋەزىر تيەن فېنگە ئاستىرتتىن مىڭ ئالتۇن پارا بەردى. تيەن فېن بۇ ھەقتە خاقانغا بىر نەرسە دېيىشكە پېتىنالماي، خان ئانىغا: «ۋاڭ خۇي تۇنجى قېتىم مايى ۋە قەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئادەم ئىدى. ئەمدىلىكتە مايى ۋەقەسى نەتىجىسىز بولۇپ چىققانلىقتىن، ۋاڭ خۇي ئۆلتۈرۈلمەكچى. بۇ ھۇنلار ئۈچۈن ئۆچ ئالغانلىق بولىدۇ» دەيدۇ. خاقان خان ئانىنى يوقلاپ كىرگەندە، خان ئانا باش ۋەزىر تيەن فېننىڭ سۆزلىرىنى خاقانغا دەيدۇ. خاقان: «بىرىنچى بولۇپ، مايى ۋەقەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئادەم ۋاڭ خۇي. بىز قوزغىغان بۇ ئىش شۇنىڭ سۆزى بىلەن بولغانىدى. نەچچە يۈزمىڭ لەشكەر تەگرىقۇتنى قولغا چۈشۈرەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ۋاڭ خۇينىڭ باشلاپ ماڭغان قوشۇنى ھۇنلارنىڭ قورال-ياراق تەمىناتىنى پۈتۈنلەي قولغا چۈشۈرەلەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ۋەزىر-ۋۇزرالارغا تەسەللى بەرگىلى بولاتتى. ۋاڭ خۇينى ئۆلتۈرمەي، مەملىكەت ۋە خەلقنى تىنچلاندۇرغىلى بولمايدۇ» دەيدۇ. ۋاڭ خۇي بۇنى ئاڭلاپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ.

خەن ئەنگو خېلى تەدبىرلىك بولۇپ، زېرەكلىكى ۋە قابىلىيىتى تۆپەيلى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشالايتتى. لېكىن سادىق ئەمەس، ئىنتايىن نەپسانىيەتچى ئىدى. ئۇ تەۋسىيە قىلغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى پاك ئادەملەر بولۇپ، ئۇنىڭدىن كۆپ ياخشى ئىدى. لياڭ بەگلىكىدە تەۋسىيە قىلغان خۇسۈي، زاڭ گۇ، جېڭتا قاتارلىقلار مەملىكەت بويىچە ئاتاقلىق ئادەملەر بولغاچقا، بىلىم ئەھلىلىرى ئۇلارنى ماختايتتى ۋە ئۇلارغا ھەۋەس قىلاتتى. خاقانمۇ ئۇلارنى

مەملىكەتنىڭ تۈۋرۈكى دەپ قارايتتى. خەن ئەنگو ئوردا باش تەپتىش بېگى بولۇپ تۆت يىلدىن ئاشقاندا، باش ۋەزىر تيەن فېن ۋاپات بولغانلىقتىن، مۇۋەققەت باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ خاقانغا يول باشلاپ كېتىۋاتقىنىدا، ھارۋىدىن يىقىلىپ ئاقساپ قالدۇ. خاقان خەن ئەنگونى رەسمىي باش ۋەزىر قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنى يوقلاشقا ئادەم ئەۋەتىدۇ، ئەمما ئۇ قاتتىق ئاقساپ قالغاچقا، پىڭجى بېگى شۇ زېنى باش ۋەزىرلىككە تەيىنلەيدۇ. خەن ئەنگو ئاغرىق سەۋەۋىدىن بىر نەچچە ئاي دەم ئېلىپ ياتقاندىن كېيىن، پۇتى ساقىيىدۇ. شۇڭا، خاقان خەن ئەنگونى يەنە قارۇغ بەگلىككە تەيىنلەيدۇ. بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ۋەزىرى ياساۋۇل بەگ بولىدۇ.

م. ب. 129 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنگۇاڭنىڭ ئالتىنچى يىلى)، ھارۋا ـ ئاتلىقلار سەنگۇنى ۋېي چىڭ شاڭگۇدىن ئاتلىنىپ، ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ھۇنلارنىڭ لۇڭچېڭ شەھىرىنى ئالدى. سەنگۇن لى گۇاڭ ھۇنلارغا ئەسىر چۈشتى، كېيىن قېچىپ كەتتى؛ گۇڭسۇن ئاۋ بولسا، نۇرغۇن ئەسكەر چىقىم تارتتى. بۇ ئىككەيلەن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىندى. لېكىن پۇل تۆلەپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، ئاددىي پۇقراغا ئايلاندۇرۇلدى. ئىككىنچى يىلى ھۇنلار چېگرىغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىپ، لياۋشى قۇشبېگىسىنى، يەنە يەنمېن قوۋۇقىغا كىرىپ، بىر نەچچە 1000 ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ ۋە تۇتۇپ كەتتى. ھارۋا ـ ئاتلىقلار سەنگۇنى ۋېي چىڭ يەنمېندىن لەشكەر تارتىپ چىقىپ، ئۇلارغا قارشى يۈرۈش قىلدى. ۋەزىرى ياساۋۇل بەگ خەن ئەنگو مەشقاۋۇل بولۇپ، يۈياڭغا جايلاشتى. خەن ئەنگو ھۇنلارنىڭ تىڭچىسىنى قولغا چۈشۈرۈپ، ھۇنلارنىڭ يىراققا قېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى ۋە دەرھال خاقانغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ھازىر تېرىقچىلىقنىڭ تازا ئالدىراش مەۋسۇمى بولغانلىقى

ئۇچۇن، ھەربى بازىلارنى ۋاقتىنچە ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇندىن بىر ئاي كېيىنلا، ھۇنلار شاڭگۇ، يۈياڭلارغا يەنە كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلدى. بۇ چاغدا خەن ئەنگونىڭ قورغىنىدا ئاران 700 نەچچە ئەسكەر بار ئىدى. ئۇلار ھۇنلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، غەلىبە قىلالماي، يەنىلا قورغانغا چېكىندى. ھۇنلار 1000 دىن ئوشۇق ئادەمنى ئەسىر قىلىپ، مال-چارۋىلارنى ئېلىپ كېتىپ قالدى. خاقان بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى غەزەپلەندى ۋە ئەلچى ئەۋەتىپ خەن ئەنگونى ئەيىبلىدى ھەمدە ئۇنى تېخىمۇ شەرقتە يۆتكەپ يۇۋ بېيپىڭغا جايلاشتۇردى. بۇ چاغدا ھۇنلاردىن چۈشكەن ئەسىرلەر، ھۇنلار شەرقتىن ھۇجۇم قىلىدۇ، دەپ يۇرۇشتى.

خەن ئەنگو دەسلەپ ئوردا باش تەپتىش بېگى ۋە قوشۇننى باشقۇرۇش سەنگۇنى بولدى. كېيىن بارا-بارا خاقانىنىڭ ئىشەنچىسىدىن يىراقلاشتى ۋە تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى. خاقانغا ياقىدىغان قاۋۇل سەنگۇن ۋېي چىڭ قاتارلىقلار خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن تېخىمۇ ئەتىۋارلاندى. خەن ئەنگو خاقانىنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن كۆزگە چېلىقمايتتى. ئۇ ئەمدىلا جايلاشقان قارارگاھقا ھۇنلار يەنە پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇرغاچقا، چىقىشى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۆزىمۇ ناھايىتى خىجالەتتە قالغانىدى. بەختكە يارىشا، ئۇ يەردىن يۆتكىلىپ كېلىپ، تېخىمۇ شەرقتە قارارگاھ قۇرۇشقا بۇيرۇلغاچقا، گاڭگىراپ كۆڭلى پەرىشان بولدى. بىر نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئاغرىپ، قان قۇسۇپ ئۆلدى. خەن ئەنگو م. ب. 127-يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ ئىككىنچى يىلى) ۋاپات بولغانىدى.

مۇئەررىختىن: «مەن خۇسۇي بىلەن بىرلىكتە نەغمە قائىدىسى ۋە كالىندار تۈزۈپ چىقتىم. خەن چاڭرۇنىڭ ئادالەتلىكلىكىنى، خۇسۈينىڭ پاك ۋە ساداقەتمەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

كىشىلەر لياڭ بەگلىكى تەۋەسىدە ساداقەتمەن پېشۋالار كۆپ دېيىشەتتى. بۇ قۇرۇق گەپ ئەمەس ئىكەن! خۇسۇي ئاخىرى ۋەلىئەھدنىڭ خوجىدارى بولدى. خاقان ئۇنى ئەتىۋارلاپ باش ۋەزىر قىلماقچى بولغاندا، ئۇ ئۆلگەنىدى. ئۇنداق بولمىغان بولسا، كۆڭلى پاك، ئادىل، توغرا بولغان خۇسۇيدەك ئادەم كىشىلەرنىڭ قەدىرلىك نەمۇنىسى بولۇشقا يارايتتى».

---

[1] چېڭئەن (成安) — ناھىيە. پېي يىن (裴骃)نىڭ «شەرھىلەر توپلىمى» (集解) دا، شۈ گۇاڭنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئاساسەن: «چېڭئەن ناھىيىسى رۇچۇەن بىلەن يىڭچۇەن ۋىلايەتلىرى ئارىلىقىدا بولسا كېرەك» دېيىلگەن. سىماجېن (司马贞) ئۆزىنىڭ «سويىن» ناملىق كىتابىدا «خەننامە. جۇغراپىيە بايان» غا ئاساسەن، چېڭئەن ناھىيىسى چېنلىيۇ ۋىلايىتىگە قارايدۇ، دەيدۇ. جاڭ شۇجىې ئۆزىنىڭ «ھەقىقى شەرھ» سىدە، «تەۋە يەرلەر بايانى» دىن نەقىل كەلتۈرۈپ: «چېڭئەننىڭ قەدىمكى شەھىرى رۇجۇ ۋىلايىتىدىكى لياڭشەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىن 23 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە» دەپ قارايدۇ. «جۇغراپىيە بايان» دا ئېيتىلىشىچە، چېڭئەن يىڭچۇەن ۋىلايىتىگە تەۋە ئىكەن. لېكىن چېنلىيۇ ناھىيىسىدىمۇ چېڭئەن دېگەن بىر جاي بولۇپ، ئۇ يەرمۇ لياڭ بەگلىكىگە قارايتتى. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان چېڭئەن ناھىيىسىنىڭ زادى قايسى ناھىيە ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن» 1185 ـ بەت)

[2] لەشكەر بېگى (太尉) — چىن خاقانلىقى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ھەربىي ئىشلارنى باشقۇراتتى، خەن دەۋرىدىمۇ داۋاملاشتۇرۇلدى. ئورنى ۋەزىرلەر بىلەن تەڭ بولۇپ، خاقان ۋۇدى چوڭ لەشكەر بېشى (大司马)غا ئۆزگەرتكەن. شەرقىي خەن دەۋرىدە خاقان گۇاڭ ۋۇ ھەربىي ئىشلار ۋەزىرى دېگەن نامنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۇ ئۈچ ۋەزىر ئىچىدە مەرتىۋىسى ئەڭ يۇقىرىسى ئىدى (ئۈچ ۋەزىر: ھەربىي ئىشلار ۋەزىرى، يېزا ئىگىلىك ۋەزىرى، ئاقارتىش ۋەزىرى). بۇ ئەمەل ھەر دەۋردە داۋام قىلىپ كېلىپ، مىڭ خاقانلىقى دەۋرىدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

(بىر توملۇق «سىيۇەن» 386 ـ بەت)

〔3〕 سورۇن بېگى (大行) — ئەمەل نامى. مېھمان كۈتۈش ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار.

(«سىخەي» 1426 ـ بەت)

〔4〕 تەپتىش بېگى (御中大夫) — خەن دەۋرىدە پايتەختىكى باش ۋەزىردىن قالسىلا، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان يۇقىرى ئەمەلدار بولۇپ، ئاساسەن تەپتىش قىلىش، قانۇننى ئىجرا قىلىش، قوشۇمچە مۇھىم خەت ـ ئالاقە ۋە مۇھىم كىتابلارنى باشقۇرۇش ئىشلىرىنى قىلاتتى.

(بىر تومluق «سىيۇەن» 558 ـ بەت)

〔5〕 مىراخۇر (太仆) — ئەمەل نامى. چۇنچيۇ دەۋرىدە تەسىس قىلىنىپ، چىن، خەن دەۋرىدە داۋاملىق قوللىنىلغان. توققۇز ۋەزىرنىڭ بىرى. خاقاننىڭ ئات ـ ھارۋىلىرى ۋە پۈتكۈل مەملىكەت ئاتلىرىنى باشقۇراتتى.

(«سىخەي» 1462 ـ بەت)

〔6〕 كۆزەتچى ئەمەلدار (尉史) — ئەمەل نامى. تۈرمىلەرنى باشقۇرۇش ۋە ئوغرى ـ قاراقچىلارنى تۇتۇش ئىشىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار.

(بىر توملۇق «سىيۇەن» 466 ـ بەت)

〔7〕 يارغۇچى بەگ (廷尉) — گۇناھكارلارنى سوراق قىلغۇچى ئەمەلدار. توققۇز ۋەزىرنىڭ بىرى.

(«سىخەي» 1138 ـ بەت)



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## تارىخىي خاتىرىلەر 109 ـ جىلد

# لى سەنگۇن تەزكىرىسى

**سەنگۇن** لى گۋاڭ[1] لوڭشى ۋىلايىتىنىڭ چېڭجى[2] ناھىيەسىدىن. يەن بەگلىكىنىڭ ۋەلىئەھدى دەننى قوغلاپ تۇتقان چىن بەگلىكىنىڭ مەشھۇر سەنگۇنى لى شىننىڭ ئەۋلادى. ئۇلارنىڭ ئەسلى يۇرتى خۋەيلى[3] بولۇپ، كېيىن چېڭجى (成纪) غا كۆچكەن. مەرگەنلىك لى گۋاڭلار ئائىلىسى ئۈچۈن ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئاتا مىراس ئىدى. م. ب. 166 ـ يىلى (خەن خاقانى ۋېندىنىڭ 14 ـ يىلى) ھۇنلار شياۋگۋەن قوۋۇقىغا بېسىپ كىرگەندە، لى گۋاڭ پاك ئائىلىنىڭ[4] پەرزەندى سۈپىتىدە قوشۇنغا قاتنىشىپ، ھۇنلارغا قارشى ئۇرۇشتى. ئۇ ماھىر چەۋەنداز ۋە مەرگەنىدى. كۆپ دۈشمەننى ئۆلتۈرگەن ۋە ئەسىر ئالغانلىقى ئۈچۈن، خەن ئوردىسىدا ياردەمچى نۆكەر بەگ بولدى. لى گۋاڭنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى لى سەيمۇ نۆكەر بەگ ئىدى. كېيىن ھەر ئىككىسى چەۋەنداز مەھرەمبېگى بولغانىدى. يىلىغا 20 مىڭ چارەك (ئاشلىق) مائاش ئالاتتى. خاقان شىكار سەيلىسىگە چىقسا، لى گۋاڭ ئۇنى قوغداپ بىللە چىقاتتى. شۇ جەرياندا بەزىدە دۈشمەن ئىچىگە باستۇرۇپ كىرەتتى، بەزىدە دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسايتتى. شەھەر، قورغانلارغا باتۇرلارچە ھۇجۇم قىلاتتى. بەزىدە يىرتقۇچ ھايۋانلار بىلەن ئېلىشاتتى. ۋېندى: «ۋاي ئىست، ئەجەپ تۇغۇلۇپ قاپتىكەنسەن!

گاۋدى زامانىدا تۇغۇلغان بولساڭ، تۈمەن بېگى بولمىقىڭ ھېچگەپ ئەمەس ئىكەن!» دەيتتى.

خاقان جىڭدىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا، لى گۇاڭ لۇڭشى ۋىلايىتىگە تۇتۇق بەگ بولۇپ تۇردى. كېيىن چەۋەندار نۆكەر بېشى بولغانىدى. ۋۇ-چۇ توپىلىڭى ۋاقتىدا، لى گۇاڭ ئالپ چەۋەندازلار تۇتۇق بېگى بولۇپ، لەشكەر بېگى جوۋيافۇ باشچىلىقىدا ۋۇ-چۇ ئىسيانچى قوشۇنى بىلەن ئۇرۇشۇپ، چاڭيى[5] ئۇرۇشىدا، ۋۇ چۇ قوشۇنىنىڭ بايرىقىنى قولغا چۈشۈرۈپ خىزمەت كۆرسەتكەن ۋە داڭ چىقارغانىدى. لېكىن ليالىڭ بېگى[6] تەقدىم قىلغان سەنگۇنلۇك تامغىسىنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئوردىغا قايتقاندا مۇكاپاتتىن مەھرۇم بولدى. شاڭگۇغا قوشبېگى قىلىپ ئەۋەتىلگەندە، ھۇنلار كۈندە دېگۈدەك ئۇنىڭ بىلەن توقۇنۇشۇپ تۇراتتى. قارام ئەللەر بېگى گۇڭسۇن خۇنيې[7] خاقانغا يىغلاپ تۇرۇپ: «لى گۇاڭ تەڭدىشى يوق پالۋان. ئۇ ئۆزىگە بەك تەمەننا قويىدۇ. ھۇنلار بىلەن كۆپ ئېلىشىدۇ. بۇ ئادەمدىن ئايرىلىپ قېلىشىمىز مۇمكىن» دەپ مەلۇم قىلغاچقا، لى گۇاڭ شاڭجۇن ۋىلايىتىنىڭ قوشبېگى بولۇپ يۆتكەلگەنىدى. ئۇ ئىلگىرى چېگرا ۋىلايەتلەرگە لۇڭشى، بېيدى، يەنمېن، دەيجۇن، يۈنجۇڭلارغا قوشبېگى بولۇپ، كېيىن شاڭجۇن ۋىلايىتىگە قوشبېگى بولدى. بۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ، داڭ چىقارغانىدى.

ھۇنلار شاڭجۇن ۋىلايىتىگە زور كۆلەمدە باستۇرۇپ كىرگەندە، خاقان بىر ھەرەم ئاغىسىنى لى گۇاڭدىن تەلىم-تەربىيە ئېلىپ، ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا چىقىرىدۇ. ھەرەم ئاغىسى نەچچە ئون نەپەر چەۋەندازنى باشلاپ، ھۇنلارغا ئات سالىدۇ ۋە ئۈچ نەپەر ھۇنغا دۇچكېلىپ ئۇرۇشىدۇ. ھۇنلار كەينىگە قارىتىپ ئوقيا ئېتىپ، ھەرەم ئاغىسىنى يارىدار قىلىدۇ ۋە چەۋەندازلىرىنىڭ ھەممىسىنى



www.uyghurkitap.com

ئۆلتۈرۈدۇ. ھەرەم ئاغىسى لى گۇاڭنىڭ يېنىغا قېچىپ بارىدۇ. لى گۇاڭ: «ئۇلار شۇڭقارنى ئېتىپ چۈشۈرىدىغان مەرگەنلەر ئىكەن-دە!» دەيدۇ ۋە شۇ ئان يۈز چەۋەندازنى باشلاپ، ھېلىقى ئۈچ ھۇننى قوغلاپ ئات سالىدۇ. ئۈچ ھۇن ئاتسىز، پىيادە بىر نەچچە ئون چاقىرىم يەرگە كېتىپ قالغانىدى. لى گۇاڭ ئۇلارغا يېتىشىپ، چەۋەندازلىرىغا ئوڭ-سولدىن قورشاشنى بۇيرۇپ، ئۈچ ھۇننىڭ ئىككىسىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈدۇ، بىرىنى تىرىك تۇتۇۋالىدۇ. بۇ ئۈچ ھۇن ھەقىقەتەن شۇڭقارنى ئېتىپ چۈشۈرىدىغان مەرگەنلەر ئىكەن. ھېلىقى ھۇننى ئات ئۈستىگە دۈم ياتقۇزۇپ باغلاپ بولغاندىن كېيىن، يىراقتىن نەچچە مىڭ ھۇن ئاتلىقلىرى چىقىپ كېلىدۇ. ھۇنلار لى گۇاڭنى كۆرۈپ تۇزاقچىلار[8] دەپ قىياس قىلىدۇ ۋە چۆچۈپ، دەرھال بىر تاغنى ئىگەللەپ سەپ تۈزۈشىدۇ. لى گۇاڭنىڭ چەۋەندازلىرى سەراسىمىگە چۈشۈپ قېچىشقا تەمشەلگەندە، لى گۇاڭ: «چوڭ قوشۇن بىزدىن نەچچە ئون چاقىرىم ئارقىدا. بىز يۈز نەچچىلا ئادەم، قاچساق ھۇنلار قوغلاپ كېلىپ، ھەممىمىزنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ. قاچماي تۇرساق، بىزنى ئۇلار چوقۇم ئۆزلىرىنى چوڭ قوشۇن ئىچىگە ئېلىپ كىرىشكە ھەرىكەت قىلىۋاتقان تۇزاقچىلار ھېسابلاپ تېگىش قىلالمايدۇ» دەيدۇ ۋە چەۋەندازلارغا: «ئالغا!»-دەپ بۇيرۇق بېرىدۇ. ئۇلار ئىلگىرىلەپ بېرىپ، ھۇنلارنىڭ سېپىگە ئىككى چاقىرىمچە قالغاندا توختايدۇ. لى گۇاڭ: «ھەممەڭ ئاتتىن چۈش، ئىگەرنى ئاتتىن ئال!» دەپ بۇيرۇق بېرىدۇ. ئەسكەرلەر: «دۈشمەن كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى يېقىن. ئەگەر جىددى ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا، قانداق قىلىمىز؟» دېيىشكەندە، لى گۇاڭ: «دۈشمەن بىزنى قاچىدۇ دەۋاتىدۇ. بىز بولساق، ئاتلىرىمىزنى كۆرسىتىپ، تۇزاقچى ئىكەنلىكىمىزگە ئۇلارنى ئىشەندۈرۈشىمىز كېرەك» دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھۇنلار ئۇلارغا ھەقىقەتەن

تېگەلمەيدۇ. ھۇنلارنىڭ ئاق ئاتلىق بىر سەركەردىسى سەپ ئالدىغا چىقىپ، ئۆز ئەسكەرلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقاندا، لى گۇاڭ ئاتلىنىپ، ئون نەچچە نەپەر چەۋەنداز بىلەن دۈشمەنگە ئوقۇل ئات سېلىپ بارىدۇ ۋە ئاق ئاتلىق ھۇن سەركەردىسىنى ئېتىپ چۈشۈرۈپ، ئاندىن ئۆز قىسمىغا قايتىپ كېلىدۇ. ئېتىنىڭ ئىگەرىنى ئېلىۋېتىپ، ئەسكەرلەرگە ئاتلارنى قويۇۋېتىش، ئازادە سوزۇلۇپ يېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ. كۈن پېتىپ گۇگۇم چۈشىدۇ. ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالغان ھۇنلار ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. ئۇلار، خەن قوشۇنى يېقىن ئەتراپتا پۆكۈنگەن، كېچىدە بىزگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىدۇ، دېگەن ئەندىشە بىلەن يېرىم كېچىدە لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ كېتىدۇ. ئەتىسى ئەتىگەن لى گۇاڭ چەۋەندازلىرىنى ئېلىپ بارگاھقا قايتىدۇ. چوڭ قوشۇن لى گۇاڭنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكتىن، ئۇنى كەينىدىن ئىزدىمىگەنىدى.

زامانلار ئۆتۈپ، خاقان جىڭدى ئۆلۈپ، ۋۇدى تەختكە چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېقىن ئەمەلدارلىرى لى گۇاڭنى مەشھۇر سەركەردە، ئۇنى ئېتىۋارغا ئېلىش كېرەك، دەپ ھېسابلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋۇدى لى گۇاڭنى شاڭجۈن ۋىلايىتىنىڭ قوشىبېگىلىكىدىن قايتۇرۇپ كېلىپ ۋېيياڭ ئوردىسىغا، چېڭ بۇشىنى چاڭلې ئوردىسىغا ياساۋۇلبەگ قىلىپ تەيىنلەيدۇ.

چېڭ بۇشى بۇرۇن لى گۇاڭ بىلەن بىر قاتاردا چېگرىدىكى قوشبېگى سۈپىتىدە چېگرا قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلاتتى. ۋاقتى كەلگەندە، ھەربىي يۈرۈشتە قوشۇننىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشلىرى ۋە سەپ تۈزۈلۈشلىرى بىلەن ھېسابلاشمايتتى. سۇيى، ئوتى ياخشى بولغان جايلاردا بارگاھ قۇراتتى. جەڭچىلەر توختىغان ۋە قونغان جاغلاردا، ئۆزلىرىگە قولايلىق بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. كېچىدە تاكتاك ئۇرغۇزمايتتى، سىگنال بېرىش، كۆزەتچىلىك قىلىش

ئىشلىرىنى قىلدۇرمايتتى. لى گۇاڭنىڭ بارگاھى ئالاقە-رەس-
مىيەتلەر، يوقلىما-خاتىرىلەرنى ئىخچام تۇتاتتى. چارلاش ئىشىنى
ئىنچىكە ئېلىپ باراتتى. ھېچقاچان تاسادىپىي خەتەرگە ئۇچرىمايتتى.
چېڭ بۇشى قوشۇنىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى، بارگاھ قۇرۇش،
ھەربىي سەپ تۈزۈش ئىشلىرىنى چىڭ تۇتاتتى. كېچىلىرى تاكتاك
ئۇرغۇزۇپ، كۆزەتچىلىك قىلدۇراتتى. ئەمەلدارلىرى ھەربىي
رەسمىيەت، خەت-ئالاقە ئىشلىرىنى ئېنىق تۇتاتتى. قىسمىغا نىسبەتەن
تەلەپچان بولغاچقا، قىسمىغا ئارام يوق ئىدى. لېكىن بۇلارمۇ
خەۋپكە ئۇچرىمىغانىدى. چېڭ بۇشى: «لى گۇاڭ قوشۇننى ئاددى-
ئىخچام باشقۇرىدۇ. لېكىن ھۇنلار تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن
تەقدىردە، ئۇنىڭغا ئۇنۇملۇك قارشى تۇرالمايدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ
لەشكەرلىرى ئەمىن-ئەركىن، خۇشال-خۇرام بولغانلىقتىن، لى
گۇاڭ ئۈچۈن ئۆلۈشكە رازى. مېنىڭ قوشۇنۇم ھامان ئاۋارىگەر-
چىلىك، قاتلاڭچىلىقتا ئۆتسىمۇ، ھۇنلار ماڭا تېگىشكە پېتىنال-
مايدۇ» دەيتتى. شۇ مەزگىللەردە لى گۇاڭ، چېڭ بۇشى ھەر
ئىككىلىسى خەن خاقانلىقىنىڭ چېگرا ۋىلايەتلىرىدىكى مەشھۇر
سەركەردىلىرى ئىدى. لېكىن ھۇنلار لى گۇاڭنىڭ تەدبىرىدىن
چۆچۈيتتى. جەڭچىلەرنىڭ كۆپچىلىكى لى گۇاڭنى سۆيەتتى، چېڭ
بۇشىدىن ئاغرىناتتى. چېڭ بۇشى خاقان جىڭدى زامانىدا، خاقانغا
بىر نەچچە قېتىم دادىل مەسلىھەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، كېڭەش
بېگى بولۇپ تەيىنلەنگەنىدى. ئۇ ساددا ئادەم بولۇپ، دۆلەتنىڭ
قائىدە-قانۇنلىرىغا ئېھتىيات ۋە ئىخلاس بىلەن ئەمەل قىلاتتى.

كېيىنكى چاغلاردا خەنلىكلەر مايى شەھىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى
چوڭ جىلغىغا ناھايىتى كۆپ ئەسكەر يوشۇرۇپ، تەڭرىقۇتنى
مايى شەھىرىگە ئالداپ ئەپكەلمەكچى بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا لى گۇاڭ
قىران چەۋەنداز سەنگۈن بولۇپ، قوشۇنلارنى باشقۇرۇش سەنگۈنىگە

قارايتتى. تەڭرىقۇت بولسا، خەنلىكلەرنىڭ ئۆزىگە تۇزاق قويغانلىقىنى سېزىپ قېلىپ، قايتىپ كەتكەچكە، خەن قوشۇنى ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەنىدى. شۇنىڭدىن تۆت يىل كېيىن(٥)، لى گۇاڭ ياساۋۇل بەگلىك مەنسۇۋىدىن يەنە سەنگۈنلۈككە يۆتكىلىدۇ ۋە يەنمېندىن يۇرۇشكە چىقىپ، ھۇنلار بىلەن ئۇرۇشىدۇ. ھۇنلار كۆپ بولغانلىقتىن، لى گۇاڭ قوشۇنى تارمار بولۇپ، ئۆزى ھۇنلارغا ئەسىر چۈشىدۇ. تەڭرىقۇت باشتىلا لى گۇاڭنىڭ دانىشمەنلىكىنى ئاڭلاپ، «لى گۇاڭنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈش» توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەنىدى. ھۇن چەۋەندازلىرى لى گۇاڭنى تۇتقان پەيتتە، لى گۇاڭ يارىلانغانىدى. ھۇنلار ئارقاندىن تور توقۇپ، ئىككى ئاتنىڭ ئارىلىقىغا تورنى بېكىتىدۇ ۋە لى گۇاڭنى تورغا ياتقۇزۇپ ئېلىپ ماڭىدۇ. ئون نەچچە چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن، لى گۇاڭ ئۆلگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، يېنىدا يۈگرۈك ئات ئۈستىدە كېتىۋاتقان ھۇن يىگىتكە ئاستىرتتىن نەزەر تاشلايدۇ ۋە بىردىن ئېتىلىپ ھۇن يىگىتنى ئاتتىن ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋېتىپ، ئۆزى ھۇن ئېتىغا مىنىۋالىدۇ ھەمدە ھۇن يىگىتنىڭ ئوقياسىنى ئېلىپ، ئاتنى جەنۇپقا بۇراپ قامچىلايدۇ. نەچچە ئون چاقىرىم يەرگە ئات چاپتۇرۇپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ قالدۇق قىسىملىرىغا كېلىپ قوشۇلىدۇ ۋە ئۇلارنى باشلاپ قورۇلغا كىرىۋالىدۇ. ھۇنلاردىن بىرنەچچە يۈز چاپارمەن ئاتلىقلار ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن قوغلىغاندا، لى گۇاڭ كېتىۋېتىپ، ھۇن يىگىتتىن تارتىۋالغان ئوقيا بىلەن قوغلاپ كېلىۋاتقان ئاتلىقلارنى ئۆلتۈرە-ئۆلتۈرە خەۋپتىن قۇتۇلىدۇ ۋە ئۆز ئېلىگە قايتىپ كېلىدۇ. خان ئوردىسى لى گۇاڭنى ئەدلىيەگە بېرىدۇ. لى گۇاڭنىڭ تەلاپىتى كۆپ بولغانلىقى ۋە تىرىك ئەسىر چۈشكەنلىكى ئۈچۈن ئۆلۈمگە بۇيرۇلۇپ، پۇل تۆلەپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاددى پۇقراغا ئايلاندۇرۇلىدۇ. ئاندىن بىر نەچچە يىل



www.uyghurkitap.com

ئاتلىسىدە بولىدۇ. لى گۇاڭ سابىق يېڭىسېن تۆرىسى[10] بىلەن لەنتيەندىكى[11] نەنشەن تېغىدا خالى ئارامگاھ قۇرۇپ، ئوۋ ئوۋلاپ تىرىكچىلىك قىلىدۇ. بىر ئاخشىمى لى گۇاڭ بىر نەپەر چەۋەنداز چېرىكچى بىلەن دالىدا سەيلە قىلىپ يۈرۈپ، بىرسى بىلەن هاراق ئىچىشىدۇ. قايتىپ بالىڭ زىيارەتگاھلىقىغا[12] كەلگەندە، مەست هالەتتىكى بالىڭ هاكىمى قاتتىق توۋلاپ ئۇنى توختىتىۋالىدۇ. لى گۇاڭنىڭ چەۋەندازى: «سابىق سەنگۈن لى گۇاڭ» دېگەندە، هاكىم: «هازىر ئىش ئۈستىدىكى سەنگۈنىڭمۇ كېچىدە بۇ يەر بىلەن يۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس، سابىق سەنگۈن بولسا نىمە بوپتۇ؟» دەپ لى گۇاڭنى زىيارەتگاھتا بىر كېچە تۇتۇپ قالىدۇ. شۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، هۇنلار لياۋشى[13] ۋىلايىتىگە باستۇرۇپ كىرىپ، لياۋشى قوشبېگىسىنى ئۆلتۈرۈپ، سەنگۈن خەن ئەنگونى مەغلۇپ قىلىدۇ. كېيىن خاقان تەرىپىدىن سەنگۈن خەن ئەنگو يوۋبېيپىڭغا يۆتكىۋېتىلىدۇ (ۋە شۇ يەردە ئۆلىدۇ). شۇنىڭ بىلەن خاقان يەنە لى گۇاڭنى هوزۇرىغا چاقىرىپ، ئۇنى يوۋبېيپىڭغا قوشبېگى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. لى گۇاڭ خاقاندىن بالىڭ هاكىمىنى بىللە ئېلىپ بېرىشىنى ئۆتۈنىدۇ. هاكىم قىسىمغا يېتىپ كەلگەن هامان، لى گۇاڭ ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ.

هۇنلار لى گۇاڭنىڭ يوۋبېيپىڭدا ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا «ئۇچار سەنگۈن» دەپ نام بېرىپ، بىر نەچچە يىل يوۋبېيپىڭدىن قولىنى تارتىپ، يوۋبېيپىڭغا هۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمايدۇ.

لى گۇاڭ ئوۋغا چىقىپ، ئوتلاق ئىچىدىكى بىر تاشنى كۆرۈپ، يولۋاس دەپ ئۇنىڭغا ئوق ئاتىدۇ. ئوق تاشقا سانچىلىدۇ. كېلىپ قاراپ باقسا، تاش ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن تاشقا قايتا ئوق ئېتىپ كۆرۈپ باقىدۇ. لېكىن هېچقانداق قىلىپ تاشقا ئوقنى كىرگۈزەلمەيدۇ. لى گۇاڭ بۇرۇن ئۆزى تۇرغان ۋىلايەتلەردە يولۋاس

بارلىقنى ئاڭلىسىلا بىرىپ ئاتاتتى. يوۋبىيىپىڭدا تۇرغان ۋاقتىدىمۇ يولۋاس ئاتقان. يولۋاس ئېتىلىپ كېلىپ لى گۇاڭنى يارىدار قىلغان. لېكىن، ئاقىۋەتتە، لى گۇاڭ يەنىلا يولۋاسنى ئۆلتۈرگەنىدى.

لى گۇاڭ پاك، ئىقتىسادچان كىشى ئىدى. ئۇ ھەر قاچان ئوردىدىن ئىنئام-مۇكاپات ئالغاندا، قول ئاستىدىكىلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرەتتى. يېمەك-ئىچمەكتە جەڭچىلەر بىلەن ھەمتاۋاق بولاتتى. لى گۇاڭ پۈتۈن ئۆمرىدە 40 نەچچە يىل ئەمەلدار بولۇپ، يىلىغا 50000 چارەك ئاشلىق مائاش ئالغان بولسىمۇ، ئائىلىسىدە ئارتۇقچە مال-مۈلۈك بولمىغانىدى. ئۆمرى بويىچە ئائىلە مال-مۈلكى ھەققىدە باشمۇ قاتۇرمايتتى. لى گۇاڭ بەستلىك، قوللىرى مايمۇنسىمان ئادەمنىڭكىدەك ئۇزۇن بولۇپ، مەرگەنلىكمۇ ئۇنىڭغا تۇغما تالانت ئىدى. ئۆز ئەۋلاتلىرى ۋە باشقا كىشىلەر مەرگەنلىكنى ئۇنىڭدىن ئۆگەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيتتى. لى گۇاڭنىڭ نۇتۇق قابىلىيىتى ئاجىز بولۇپ، ئۆزى كەم سۆز ئىدى. بوش ۋاقىتلىرىدا كىشىلەر بىلەن يەرگە ئۇرۇش مەيدانىنى سىزاتتى ۋە بەسلىشىپ ئوقيا ئېتىشاتتى. ئۇتتۇرغانلار ھاراق ئىچەتتى. لى گۇاڭنىڭ ئۆمۈر بويىچە بىردىنبىر ئېرمىكى ئوقيا ئېتىش ئىدى. لى گۇاڭ قوشۇن سۇ، ئوزۇق-تۈلۈك جەھەتتىن قىس ھالغا چۈشۈپ قالغاندا، ئەسكەرلەر سۇ ئىچىپ قانمىغىچە سۇغا يېقىن كەلمەيتتى. ئەسكەرلەر تاماقلىنىپ بولمىغىچە تاماق يېمەيتتى. لى گۇاڭ ئەسكەرلەرنى قورۇپ-قىسمايتتى. شۇڭلاشقا، ئەسكەرلەر ئۇنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇشال-خۇرام خىزمەت قىلاتتى. ئۇ دۈشمەن يېقىنلىشىپ بىر نەچچە ئون قەدەم قالمىغىچە ئوق ئاتمايتتى. ئاتقان ئوقى بىكارغا كەتمەيتتى. ئۇنىڭ قىسىملىرى بىلەن بىر نەچچە قېتىم مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قېلىشى، يىرتقۇچ

ھايۋانلارنى ئاتقاندىمۇ، جاراھەتلىنىشى مۇشۇ سەۋەپتىن ئىدى.

ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي، شى جيەن[14] ۋاپات بولدى، شۇنىڭ بىلەن خاقان شى جيەننىڭ ئورنىغا لى گۋاڭنى ئىشىك ئاغىسى قىلىپ تەيىنلىدى.

م. ب. 123-يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ ئالتىنچى يىلى) لى گۋاڭ قايتىدىن ئارقىچى سەنگۇن بولۇپ تەيىنلىنىپ، چوڭ سەنگۇن ۋېي چىڭنىڭ قول ئاستىدا دىڭ-شياڭدىن[15] يۈرۈش قىلىپ، ھۇنلار بىلەن ئۇرۇشىدۇ. ئۇرۇشتا سەركەردىلەرنىڭ كۆپچىلىگى ئۆزلىرى ئۆلتۈرگەن ۋە ئەسىر ئالغان دۈشمەننىڭ سانىغا قاراپ، بەگلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشىدۇ. لېكىن لى گۋاڭ قوشۇنى خىزمەت كۆرسىتەلمەيدۇ. شۇنىڭدىن ئىككى يىل كېيىن[16] لى گۋاڭ ئىشىك ئاغىسى سۈپىتى بىلەن 4000 ئاتلىقنى باشلاپ، يوۋبېيپىڭدىن قوزغىلىدۇ. بىللە تۆرە جاڭ چيەن[17] ئون مىڭ ئاتلىقنى باشلاپ، لى گۋاڭ بىلەن تەڭ يولغا چىقىدۇ. ئۇلار ئىككى يول بىلەن بىر نەچچە يۈز چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن، ھۇن سول تۇغ قانى 40000 چەۋەنداز بىلەن كېلىپ لى گۋاڭنى قورشىۋالىدۇ. لى گۋاڭنىڭ قوشۇنىدىكى جەڭچىلەر تامامەن ۋەھىمىگە چۈشىدۇ. لى گۋاڭ ئوغلى لى گەننى ئات سېلىپ بېرىپ، دۈشمەن قوشۇنىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. لى گەن نەچچە ئون نەپەر ئاتلىق ئەسكەر بىلەن دۈشمەن مۇھاسىرىسىنى يېرىپ چىقىپ، دۈشمەن سېپىنى ئوڭ-سولدىن يېرىپ قايتىپ كىرىدۇ ۋە لى گۋاڭغا «ھۇنلار تايىنلىق ئىكەن» دەپ مەلۇمات بەرگەندىن كېيىن، ئەسكەرلەرنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشىدۇ. لى گۋاڭ ئۆز قىسىملىرىنى دائىرە شەكلىدە (ھەممىنىڭ ئالدىنى سىرتقا قارىتىپ) سەپكە تۇرغۇزىدۇ. ھۇنلار ئۇلارغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، يامغۇردەك ئوق ياغدۇرىدۇ. خەن ئەسكەرلىرىنىڭ يېرىمىدىن

كۆپرەكى ئۆلۈپ، ئوقى تۇگەي دەپ قالغاندا، لى گۇاڭ ئەسكەرلەرگە ئوقيانى دۈشمەنگە چەنەپ تەق تارتىپ تۇرۇشنى، لېكىن ئاتماسلىقنى ئەمىر قىلىدۇ. ئۆزى داڭلىق داخۇاڭ ناملىق ئوقيا[18] بىلەن سول تۇغ قاننىڭ نائىبىنى ۋە يەنە بىر نەچچە كىشىنى ئېتىپ يىقىتىدۇ. هۇنلار شۇنىڭ بىلەن ئاستا-ئاستا بوشىشىدۇ. دەل شۇ چاغدا كەچ كىرىپ قالىدۇ. ئەمەلدارلار ۋە ئەسكەرلەر قورقۇشۇپ رەڭگىدە قان قالمايدۇ. لېكىن لى گۇاڭ روهى-هالىتىنى قىلچە ئۆزگەرتمەستىن، ئادەتتىكىدەك جاسارەت بىلەن ئۆز قىسىملىرىنى تېخىمۇ تەرتىپكە سالىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، قوشۇندىكىلەر ئۇنىڭ باتۇرلۇقىغا قايىل بولۇشىدۇ. ئەتىسى يەنە دەھشەتلىك ئۇرۇش بولىدۇ. بىلگە تۆرە-جاڭ چيەنىڭ قوشۇنلىرىمۇ يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، هۇن قوشۇنلىرى مۇهاسىرىنى بوشىتىدۇ ۋە قايتىدۇ. چارچاپ قالغان خەن قوشۇنىنىڭ هۇنلارنى قوغلاشقا ماغدۇرى يەتمەيدۇ. لى گۇاڭنىڭ قوشۇنى بولسا، پۈتۈنلەي يوقىلىشقا تاس قېلىپ، ئۇرۇشنى يىغىشتۇرۇپ قايتىپ كېلىدۇ. بىلگە تۆرە بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا يېتىپ بارالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمگە بۇيرۇلىدۇ، پۇل تۆلەپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاددى پۇقراغا ئايلاندۇرۇلىدۇ. لى گۇاڭنىڭ ئۇرۇش نەتىجىسى بىلەن تەلاپەتتى باراۋەر كېلىپ، مۇكاپات ئالالمايدۇ.

دەسلەۋدە، لى گۇاڭنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى لى سەي لى گۇاڭ بىلەن بىرلىكتە-خاقان ۋېندىغا خىزمەت قىلغانىدى. خاقان جىڭدى زاماندا، لى سەينىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى بەدىلىگە يىللىق مائاشى 50000 چارەك ئاشلىققا يېتىدۇ. خاقان ۋۇدى زاماندا دەي بەگلىكىنىڭ ۋەزىرى بولىدۇ. م. ب. 124-يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ بەشىنچى يىلى) يېنىك هارۋىلىقلار سەنگۈنى بولۇپ، چوڭ سەنگۈن ۋېي چىڭنىڭ-باشچىلىقىدا، ئوڭ

تۇغ قانغا ھۇجۇم قىلغان، ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمىتى دەرىجىسىگە يېتىپ، لېكەن تۆرىسى بولۇپ تەيىنلەنگەنىدى. م. ب. 121-يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشۇۋنىڭ ئىككىنچى يىلى) گۇڭسۇن خۇڭنىڭ ئورنىغا باش ۋەزىر بولدى. پەزىلەت ۋە قابىلىيەتتە ئوتتۇرا تۆۋەن[19] بولۇپ، نام-شۆھرەت جەھەتتە، لى گۇاڭدىن كۆپ تۆۋەن تۇراتتى. ئەمما لى گۇاڭ ئۇنۋان ۋە سۇيۇرغال ئالالمىغان ئىدى. ئۇنىڭ مەنسەپ دەرىجىسى «توققۇز ۋەزىرلىك» قاتارىدىلا بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئاشالمىغان ئىدى. ھالبۇكى، لى سەي بولسا، چوڭ تۆرە بولۇپ، «ۋەزىر»[20] دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ. لى گۇاڭنىڭ قارىمىقىدىكى سىپاھ-بەگلەرنىڭ كۆپچىلىكى بەگ ئۇنۋانىنى ئالىدۇ. لى گۇاڭ قىياپەتچى ۋاڭ شۇ بىلەن بولغان خۇسۇسى سۆھبەتتە: «خەن خاقانلىقى ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلغاندىن بۇيان، مەن لى گۇاڭ قاتناشمىغان ئۇرۇش يوق. مېنىڭ قارىمىقىمدىكى چىرىكچى بەگلەردىن تۆۋەن دەرىجىلىك، قابىلىيىتى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كىشىلەرگىمۇ يېتىشەلمەيدىغان بىر نەچچە ئۇنلىغان كىشى ھۇنلارغا قارشى ئۇرۇشتا نەتىجە كۆرسىتىپ، بەگلىك ئۇنۋانىنى ئالدى. مەن لى گۇاڭ ئۇلاردىن قېلىشمەنمۇ؟ لېكىن مەن ئەزەلدىن كىچىككىنە تۆھپەم ئۈچۈن سۇيۇرغال ئالغان ئەمەس. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ مېنىڭ قىياپىتىم بەگلىككە نالايىقمۇ ياكى ئەزەلدىن قىسمىتىم شۇنداقمۇ؟» دەيدۇ. ۋاڭ شۇ: «سەنگۈن! ئويلاپ كۆرۈڭا، ئۆمرىڭىزدە ئەپسۇسلىنارلىق بىرەر ئىش قىلمىغانمىدىڭىز؟» دەپ سورايدۇ. لى گۇاڭ: «لۇڭشىنى باشقۇرۇپ تۇرغان چېغىمدا، چياڭلار ئىسيان قىلدى. مەن ھىيلە-مىكىر بىلەن ئۇلارنى تەسلىم قىلدىم. تەسلىم بولغانلار 800 دىن ئوشۇق ئادەم ئىدى. مەن ئۇلارنى شۇ كۈنىلا قىرىپ تاشلىدىم. ھازىرغىچە بۇ قىلمىشىمدىن قاتتىق ئەپسۇسلىنىمەن» دەيدۇ. ۋاڭ شۇ: «باش

ئەگكەنلەرنى ئۆلتۈرۈشتىن ئارتۇق گۇناھ يوقتۇر. سەنگۈن، شۇنىڭ ئۇچۇن بەگ بولالمايۋېتىپسىز» دەيدۇ.

شۇنىڭدىن ئىككى يىل كېيىن[21] چوڭ سەنگۈن ۋېيى چىڭ بىلەن قىران چەۋەنداز سەنگۈن خوچۇبىڭ چوڭ قوشۇن تارتىپ، هۇنلار بىلەن جەڭ قىلدى. بۇ قېتىم لى گۋاڭ يۇرۇشكە قاتنىشىشنى خاقاندىن نەچچە قېتىم ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ، خاقان لى گۋاڭنى قېرى كۆرۈپ رۇخسەت قىلماي، تەسلىكتە ماقۇل بولىدۇ ۋە لى گۋاڭنى ئالدىنچى سەنگۈن[22] قىلىپ تەيىنلەيدۇ. بۇ م. ب. 119 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشوۋنىڭ تۆتىنچى يىلى) ئىدى. هۇنلارغا قارشى يۇرۇشكە لى گۋاڭ چوڭ سەنگۈن ۋېيى چىڭ باشچىلىقىدا قاتناشقانىدى. قورۇلدىن چىقىش بىلەنلا، ۋېيى چىڭ بىر هۇننى ئەسىر ئېلىپ، تەڭرىقۇتنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلىۋالدۇ ۋە ئۆزى مۇنتىزىم قىسىملارنى ئېلىپ تەڭرىقۇتنى قوغلاپ ماڭىدۇ. لى گۋاڭغا بولسا، ئوڭ سەنگۈن جاۋيىجىنىڭ قىسىملىرى بىلەن بىرلىكتە، شەرقتىكى يول بىلەن يۇرۇشنى بۇيرۇيدۇ. شەرقىي يول بولسا، ئايلانما، سەل يىراقراق ئىدى. چوڭ قوشۇن بولسا، سۇ، ئوت ـ چۆپى قىس يولغا چۈشۈۋالغاچقا، مۇقەررەركى، تېز سۈرئەت بىلەن توختىماي ماڭماي ئامال يوق ئىدى. لى گۋاڭ ئۆزلىگىدىن ۋېيى چىڭغا: «خىزمەتكارىڭىز ئالدىنچى سەنگۈن بولىمەن. چوڭ سەنگۈن، مېنى شەرقتىكى يول بىلەن يۇرۇشنى بۇيرۇدىڭىز. ھالبۇكى، مەن ياشلىقىمدىن هۇنلار بىلەن ئۇرۇشۇپ كەلدىم. مانا ئەمدى بىر قېتىم تەڭرىقۇت بىلەن روبىرو بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىۋاتىمەن. خىزمەتكارىڭىز، مەن ئالدىنقى سەپكە بېرىپ، تەڭرىقۇت بىلەن هايات ـ مامات كۈرىشى قىلىشنى خالايمەن» دەپ ئىلتىماس قىلىدۇ. ھالبۇكى، خاقان چوڭ سەنگۈن ۋېيى چىڭغا ئاستىرتتىن: «لى گۋاڭ قېرىپ قالدى، ئۇنىڭدىن ئامەت

قاچقان، ئۇنى تەگرىقۇتقا قارشى ئۇرۇشقا سالماسلىق كېرەك. ئۇ بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ» دەپ قويغانىدى. ئەمما بۇ قېتىم يىغىندا تۆرىلىك ئۇنۋانىدىن مەھرۇم قىلىنغان گۇگىسۇن ئاۋ ئۇتتۇرىچى سەنگۇن سۇپىتى بىلەن چوڭ سەنگۇن ۋېي چىڭ قارىمىقىدا يۈرۈشكە قاتناشقانىدى. چوڭ سەنگۇن بولسا، تەگرىقۇت بىلەن بولىدىغان ئۇرۇشتا، گۇگىسۇن ئاۋنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە بولۇشنى خالاپ، ئالدىنچى سەنگۇن لى گۇاڭنى ئۆزىدىن چەتلەشتۈرگەنىدى. ئەھۋالنى چۈشەنگەن لى گۇاڭ چوڭ سەنگۇننىڭ بۇيرۇقىنى قەتئىي رەت قىلغان بولسىمۇ، چوڭ سەنگۇن پەرۋا قىلمايدۇ ۋە دورغاپ (长史)قا دەرھال ئالاقە يېزىپ لى گۇاڭنىڭ بارگاھىغا تاپشۇرۇشنى بۇيرۇيدۇ. دورغاپ: «لى گۇاڭ تېزدىن ئۆز قىسمىغا قايتىپ، بۇيرۇقتىكىدەك ئىش قىلسۇن!» دەپ ئالاقە يازىدۇ. لى گۇاڭ چوڭ سەنگۇن بىلەن خوشلاشماي كېتىپ قالىدۇ ۋە غەش، ئەلەم، غەزەپ بىلەن قوشۇنغا يېتىپ كېلىپ، ئوڭ سەنگۇن جاۋيىجى بىلەن بىرلىكتە قىسىملارنى باشلاپ شەرقىي يولغا چۈشىدۇ. قوشۇندا يول باشلىغۇچى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، لى گۇاڭ بىلەن جاۋيىجى قىسىملىرى يولدا ئادىشىپ، چوڭ سەنگۇن بەلگىلىگەن يەرگە ۋاقتىدا بارالمايدۇ. چوڭ سەنگۇن تەگرىقۇتقا دۇچكېلىپ جەڭ قىلغان بولسىمۇ، تەگرىقۇت قېچىپ كېتىپ، ئۇنى قولغا چۈشۈرەلمەي ئارقىغا يانىدۇ ۋە چوڭ قۇملۇقنى توغرا كېسىپ كېلىپ، ئالدىنچى سەنگۇن، ئوڭ سەنگۇنلەر بىلەن ئۇچرىشىدۇ. لى گۇاڭ چوڭ سەنگۇن ھوزۇرىدىن ئۆز بارگاھىغا ياندىن كېيىن، چوڭ سەنگۇن هاراق-شاراپ ۋە يېمەكلىكلەر بىلەن دورغاپنى ئەۋەتىپ، لى گۇاڭ، جاۋيىجىلەرنىڭ يول ئېزىپ كېتىش ئەھۋاللىرىنى سۈرۈشتە قىلىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ھەربىي يۈرۈشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىغانلىقىنى خاقانغا مەلۇم قىلماقچى بولىدۇ.

لى گۋاڭ بۇنىڭغا پىسەنت قىلمايدۇ. چوڭ سەنگۈننىڭ دورغابى لى گۋاڭنىڭ بارىگاھىنى باشقۇرىدىغان چىرىكچى بەگلەرنى ئەدلىيەگە بىرىشقا ئالدىراتقاندا، لى گۋاڭ: «چىرىكچى بەگلەردە گۇناھ بولسا، يول ئىزىپ كەتكەن مەن ئۆزەم. بارىگاھقا سوراققا مەن ئۆزەم بارىمەن» دەپ جاۋاپ بىرىدۇ.

لى گۋاڭ (ۋىي چىڭ بارىگاھىغا بارغاندىن كىيىن) قول ئاستىدىكىلەرگە: «مەن ياشلىقىمدىن بۇيان، ھۇنلار بىلەن چوڭ-كىچىك 70 نەچچە قىتىم جەڭ قىلدىم. ئەمدىلا ئامىتىم كىلىپ، ئەگىرقوت قوشۇنى بىلەن بولىدىغان جەڭگە چوڭ سەنگۈن باشچىلىقىدا چىققان ئىدىم. لىكىن چوڭ سەنگۈن مىنىڭ قىسمىمنى يەنىلا ئەگرى يولغا سىلىپ قويىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قايمۇقۇپ يول ئادىشىپ كەتتىم. ناھاتىكى، تەگىرىنىڭ ئىرادىسى شۇنداقتۇر! ئەمدى 60 ياشتىن ئىشىپتىمەن، ئاخىرى مەيدە-چۆيدە قەلەمبازلارنىڭ سورىقىغا نىمە دەپ بارىمەن!» دەيدۇ ۋە قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئۆزىنى بوغۇزلىۋىتىدۇ. لى گۋاڭ قوشۇنىدىكى سىپاھ-بەگلەر تامام يىغلىشىدۇ. ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان ئاھالە، مەيلى لى گۋاڭنى تونۇيدىغان، تونۇمايدىغانلار بولسۇن، مەيلى قىرى ياكى ياش بولسۇن، ھەممىسى كۆز يىشى قىلىشىدۇ. جاۋاپكارلىققا يالغۇز ئۆزى سەنگۈن جاۋىيجىلا قىلىپ، ئۆلۈمگە بۇيرۇلىدۇ. پۇل تۆلەپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، لىكىن ئاددى پۇقراغا ئايلاندۇرۇلىدۇ.

لى گۋاڭنىڭ لى داڭخۇ، لى جىياۋ، لى گەن دەپ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، ئۈچىلىسى ئوردىدا نۆكەر بەگ ئىدى. خەن يەن[23] بىلەن خەن خاقانى ۋۇدى ھەزىللىشىپ، خەن يەن خاقانغا سەل ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ قويغانىدى. لى داڭخۇ خەن يەننى ئۇرىدۇ، خەن يەن قاچىدۇ. لى داڭخۇنىڭ باتۇرلۇقى خاقاننىڭ نەزىرىگە چۈشىدۇ. لىكىن لى داڭخۇ ياش ئۆلۈپ كىتىدۇ. خاقان ۋۇدى لى جىياۋغا

دەيجۇنىڭ قوشىپگىلىكىنى ئىھسان قىلىدۇ. لى جىياۋ ھەر ئىككىلىسى لى گۇاڭ ھايات چىغىدا ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، لى داڭخۇنىڭ لى لىڭ ئىسىملىك ئوغلى لى داڭخۇ ئۆلگەندە ئانىسىنىڭ قورسىقىدا قالغانىدى. لى گۇاڭ قوشۇندا ئۆلگەندە، لى گەن قىران چەۋەنداز سەنگۇن خوچۇبىڭنىڭ قىسمىدا ئىكەن. لى گۇاڭ ئۆلۈپ بىر يىلدىن كېيىن، لى سەي باش ۋەزىرلىك سۈپىتى بىلەن، خاقان جىڭدى مەقبەرىسىنىڭ ئەتراپىدىكى بوش يەرگە دەخلى-تەرۇز قىلغانلىقى ئۈچۈن، قانۇنسىي جاۋاپكارلىققا تارتىلىدۇ. لى سەي سوراققا تارتىلىشتىن قورقۇپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇنۋانلىرى بىكار قىلىنىدۇ. لى گەن چېرىكچى بەگ ئۇنۋانىدا، قىران چەۋەنداز سەنگۇن قارىمىقىدا تۇرۇپ، ھۇنلارنىڭ سول تۇغ قانى بىلەن ئۇرۇشۇپ غەيرەت كۆرسىتىدۇ. سول تۇغ قانىنىڭ تۇغ ۋە نەققارىلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ، نۇرغۇن ھۇنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ. خاقان ئۇنىڭغا قۇۋۇق ئىچى تۆرىسى[24] ئۇنۋانىنى بېرىپ، 200000 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىدۇ ۋە لى گۇاڭنىڭ ئورنىغا ئۇنى ئىشىك ئاغاسى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، لى گەن چوڭ سەنگۇن ۋېي چىڭنىڭ ئاتىسىغا قىلغان ئۆچمەنلىك-لىرىگە ئاداۋەت قىلىپ، چوڭ سەنگۇننى ئۇرۇپ ياردار قىلىپ قويىدۇ. چوڭ سەنگۇن ۋەقەنى يوشۇرۇپ سىر تۇتىدۇ. لى گەن خاقانغا ئەگىشىپ يۇڭشىيەن ناھىيىسىگە بارغاندا ۋە گەنچۈەن قەسرىگە چىقىپ شىكار قىلغاندا، قىران چەۋەنداز سەنگۇن خوچۇبىڭ ۋېي چىڭغا تۇققانچىلىق قىلىپ، شىكاردا لى گەننى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. بۇ خوچۇبىڭنىڭ ئامەتى كېلىپ، دەۋر سۈرۈۋاتقان پەيتلىرى بولغانلىقتىن، خاقان ئەھۋالنى يوشۇرۇپ، سىرتقا «لى گەننى بۇغا ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈپ قويدى» دەپ سۆز تارقىتىدۇ. بىر يىلدىن كېيىن خوچۇبىڭ ئۆلىدۇ.

لىگەننىڭ بىر قىزى خاننىڭ ۋەلىئەھدىگە[25] كېنىزەك بولۇپ، ئۇ ۋەلىئەھدىنىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولغاچقا، لىگەننىڭ ئوغلى لى يۈنىمۇ ۋەلىئەھد ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. ئەمما لى يۈئىنتايىن پۇلغا ئامراق بولۇپ، لى جەمەتى مانا شۇنداق تەدرىجى چۈشكۈنلىشىپ كەتكەنىدى.

لى لىڭ قورامىغا يېتىپ، جيەنجاڭ[26] قەسرىگە نازارەتچى ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەرگە سەركەردە بولغانىدى. ئۇ ئۇستا مەرگەن بولۇپ، جەڭچىلەرنى ئوبدان ئاسرايتتى. خاقان لى جەمەتىنىڭ زامانلاردىن سەركەردە بولۇپ كەلگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئىختىيارىغا 800 نەپەر ئاتلىق ئەسكەر بەرگەن. لى لىڭ ھۇن ئېلى ئىچىگە مىڭ چاقىرىمدىن ئوشۇق ئىچكىرىلەپ كىرىپ، جۈيەن[27] كۆلىدىن ئۆتۈپ، جايلارنىڭ تۈزۈلۈشىنى كۆزدىن كەچۈرگەن، لېكىن ھۇنلارغا يولۇقماستىن قايتىپ كەلگەچكە، ئاتلىقلار تۇتۇق بەگلىكىگە تەيىنلەنگەنىدى. دەنياڭدىكى[28] چۇلىقلاردىن 5000 نەپەر ئادەمنى، جيۇچۈەن، جاڭيېگە ئاپىرىپ تەربىيىلەپ، ھۇنلاردىن مۇداپىئە كۆرگەنىدى.

يىللار ئۆتۈپ، م. ب. 99- يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى تيەنخەننىڭ ئىككىنچى يىلى) كۈزلۈكى ئېرشى سەنگۈن لى گۇاڭلى 30000 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن بېرىپ، ھۇنلارنىڭ ئوڭ تۇغ قانى بىلەن چىلىيەن[29] تېغىدا ئۇرۇشتى. خاقان لى لىڭغا ئۆزىنىڭ 5000 پىيادە ئوقياچىلىرى بىلەن جۈيەن كۆلىنىڭ شىمالىغا 1000 چاقىرىمدىن ئوشۇق يۈرۈش قىلىشنى بۇيرۇدى. مەقسەت، ھۇن ئەسكەرلىرىنىڭ ئېرشى سەنگۈنگە يۈپۈرۈلۈپ كېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى پارچىلاپ تاشلاش ئىدى. لى لىڭ بەلگىلەنگەن ۋاقىت تولغان ھامان ئارقىسىغا ياندى. تەگرىقۇت 80000 ئەسكەر بىلەن لى لىڭ قوشۇنىنى قورشىۋالدى. لى لىڭنىڭ

5000 ئادىمىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئۆلۈپ، ئوق-ياراقلىرى تۈگەي دەپ قالغانىدى، ھۇنلارنىڭمۇ ئون مىڭدىن ئوشۇق ئادىمى ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغانىدى. لى لىڭ قىسىملىرىنى باشلاپ مۇھاسىرىدىن چىقىپ، چېكىنگەچ ئۇرۇشۇپ، ئۇدا سەككىز كۈن ئېلىشقاندىن كېيىن، جۈيەن كۆلگە يۈز نەچچە چاقىرىم قالغاندا، ھۇنلار تارقاپچىغايدا لى لىڭ قىسىملىرىنىڭ يولىنى توسۇۋالدۇ. لى لىڭنىڭ ئوزۇق-تۈلۈكى تۈگىگەن، ياردەمچى قوشۇنلار يېتىپ كېلەلمىگەنىدى. ھۇنلار جەڭنى جىددىيلەشتۈرۈپ، لى لىڭنى تەسلىم بولۇشقا قىستايدۇ. لى لىڭ: «خاقان ھەزرەتلىرىنىڭ دەرگاھىغا بېرىشقا ئەمدى يۈزۈم قالمىدى» دەپ ھۇنلارغا تەسلىم بولىدۇ. ئۇنىڭ ھەربىي كۈچلىرى تامامەن ھالاك بولۇپ، 400 دىن ئوشۇقراق ئادەم خەن خاقانلىقى تەرەپكە پېتىراپ قېچىپ كېلىدۇ.

تەگرىقۇت لى لىڭنى ئەسىر ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەجدادىنىڭ شان-شۆھرىتىدىن خەۋەردار بولدى. لى لىڭنىڭ جاسارىتى ۋە نەۋقىرانلىقىغا قاراپ قىزىنى بېرىپ، يۇقىرى مەرتىۋىگە كۆتەردى. بۇنى ئاڭلىغان خەن خاقانى لى لىڭنىڭ ئانىسى، خوتۇنى، ئوغلى ۋە پۈتكۈل ئۇرۇغ-ئەۋلادىنى ئۆلتۈردى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، لى جەمەتىنىڭ نامى بۇلغىنىپ كەتتى. لۇڭشىدىكى لى جەمەتى بىلەن باردى-كەلدى قىلغان زاتلار ئىزا-نومۇسقا قالغانىدى.

مۇئەررىختىن: «زوچيۇ مىڭ تەزكىرىلىرى» دە: «ھۆكۈمدار ئۆزى توغرا بولسا، بۇيرۇق قىلمايمۇ ئىشنى ئاققۇزالايدۇ؛ ھۆكۈمدار ئۆزى توغرا بولمىسا، بۇيرۇق قىلسىمۇ ئاقمايدۇ» دېيىلگەن. بۇ سۆز لى گۇاڭ سەنگۈننى كۆزدە تۇتۇپ ئېيتىلغانمىكىن؟ مەن كۆرگەن لى گۇاڭ سەنگۈن ساپ كۆڭۈللۈكلۈكى بىلەن سەھرالىققا ئوخشايتتى. ناتىق ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆلگەن كۈنى ئەلدە ئۇنى تونۇيدىغان، تونۇمايدىغانلارنىڭ ھەممىسى ھازا تۇتقان. ئۇ ئۆزىنىڭ ساداقىتى

ۋە سەممىيىتى بىلەن سىپاھ-بەگلەرنى ئۆزىگە ئىشەندۈرگەن ئەمەسمىدى؟ بىر ماقال باركى: «شاپتۇل بىلەن نەشپۈت ئۆزىنى جاكالىمىسمۇ، ئۇنىڭ تۈۋى يولۇچىلار ئۆچۈن يول». بۇگەپ ئاددى بولغىنى بىلەن ئۇنىڭ مەنىسى ناھايىتى چوڭقۇردۇر.

[1] لى گۇاڭ (李广) — خەن خاقانلىقىنىڭ سەنگونى ئىدى، ئۇ لياك بەگلىكىنىڭ يېرىدە ئۇرۇش قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن لياك بېگى ليۇۋۇ ئۇنىڭغا سەنگونلىك تامغىسى تەقدىم قىلدى. لى گۇاڭ شەخسەن ئۆزى قوبۇل قىلىپ ئالدى. بۇھادىسە خەن خاقانلىقىنىڭ قانۇنىغا خىلاپ ئىدى. شۇ سەۋەپتىن ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن ئۇ سۇيۇرغال ۋە مۇكاپاتتىن مەھرۇم قىلىنغانىدى.

(«ئىككى خەن ئەدەبىيات تارىخى ئۈچۈن پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» 354 ـ بەت)

[2] چېڭجى (成纪) — ناھىيە. خەن خاقانلىقى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. ئۇرنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى چىنئەن ناھىيىسىنىڭ 30 چاقىرىم شىمالىدا. دەسلەپ لۇڭشى ۋىلايىتىگە قارىغان. م. ب. 134 ـ 129 ـ يىللار (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرىنىڭ يۈەنگۇاڭ يىللىرى) دىن كېيىن تيەنشۈي ۋىلايىتىنىڭ قارىمىقىغا ئۆتكەن.

(يۇقىرىقى «پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» 353 ـ بەت)

[3] خۇەيلى (槐里) — ناھىيە. خەن خاقانلىقى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى شىڭپىڭ ناھىيىسىنىڭ ئون چاقىرىم شەرقىي جەنۇبىدا.

(يۇقىرىقى «پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» 353 ـ بەت)

[4] پاك ئائىلە پەرزەنتلىرى (良家子) — خەن خاقانلىقى دەۋرىدە ھەربىي قوشۇن ئىككى خىل كىشىلەردىن تەركىپ تاپاتتى. بىرى پاك ئائىلە دەپ ئاتالغان ئادەتتىكى ئائىلە (تېۋىپلار، باخشىلار، سودىگەرلەر، ھۈنەرۋەنلەر بۇنىڭ سىرتىدا) نىڭ پەرزەنتلىرى. يەنە بىرى جىنا يەتچىلەر.

(يۇقىرىقى «پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» 353 ـ بەت)

[5] چاڭيى (昌邑) — شەھەر. لياك بەگلىكىنىڭ مۇھىم شەھىرى. ئورنى

ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى جىنشياڭ ناھىيىسىنىڭ 40 چاقىرىم غەربىي شىمالىدا.

(يۇقىرىقى «پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» 354 ـ بەت)

[6] لياڭ بېگى (梁王) خەن خاقانى ۋېندىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى. خەن خاقانى جىڭدىنىڭ ئانا بىر ئىنىسى. ئىسمى ليۇۋۇ (刘武).

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى چوڭ قامۇسى» 1450 ـ بەت)

[7] گۇڭسۇن خۈنيې (公孙昆邪) ــ خەن خاقانلىقىنىڭ مەشھۇر قوماندانلىرىدىن گۇڭسۇن خېنىڭ بوۋىسى.

(«ئىككى خەن ئەدەبىيات تارىخى ئۈچۈن پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» 354 ـ بەت)

[8] تۇزاقچىلار ــ بۇيەردە، قەدىمكى زاماننىڭ ئۇرۇشلىرىدا قوللىنىلغان ئازغىنا ئەسكەرنى كۆرسىتىپ قويۇپ، دۈشمەننى ئۇرۇشقا تارتىپ، ئاندىن نۇرغۇن ساندىكى قوشۇن بىلەن دۈشمەننى تارمار قىلىش تاكتىكىسى بويىچە مەيدانغا تاشلىنىدىغان قىسىم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ھۇنلار لى گۇاڭ ۋە ئۇنىڭ يۈز نەپەر ئاتلىق كىشىسىنى تۇزاقچىلار دەپ بىلىپ، ئۇلارغا تېگەلمىگەن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كەينىدە مۆكۈنگەن چوڭ قوشۇن بار دەپ پەرەز قىلغانىدى.

(يۇقىرىقى «پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» 356 ـ بەت)

[9] شۈنگدىن تۆت يىل كېيىن ــ م. ب. 129 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنگۇاڭنىڭ ئالتىنچى يىلى) كۆزدە تۇتۇلىدۇ.*

[10] سابىق يىڭيىن تۆرىسى (颖阴侯) ــ گۇەن يىڭنىڭ نەۋرىسى گۇەن چاڭ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇ چاغدا، گۇەن چاڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن تۆرىلىكتىن ئېلىپ تاشلانغانىدى.

(يۇقىرىقى «پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» 361 ـ بەت)

[11] لەنتيەن (蓝田) ــ ناھىيە. بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسى ۋېيخې تۈزلەڭلىكىنىڭ جەنۇبىي چېكىسىگە، چىنلىڭ تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان.

(«سىخەي» 1381 ـ بەت)

[12] بالىڭ زىيارەتگاھلىقى (霸陵) ــ خەن خاقانى ۋېندىنىڭ مەقبەرىسىنى كۆرسىتىدۇ. مەقبەرە بالىڭ ناھىيىسىدە، بالىڭ ناھىيىسىنىڭ ئورنى

بۇگۇنكى شەنشى ئۆلكىسى چاڭئەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە.

(«ئىككى خەن ئەدەبىيات تارىخى ئۈچۈن پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» 361 ـ بەت)

[13] لياۋشى (辽西) ـــ ۋىلايەت، چىن خاقانلىقى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. بۇگۇنكى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمى ۋە لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان.

(يۇقىرىقى «پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» 361 ـ بەت)

[14] شى جيەن (石建) ـــ خەن خاقانى ۋۇدى زامانىدىكى ئىشىك ئاغىسى.

(يۇقىرىقى «پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» 313 ـ بەت)

[15] دىڭشياڭ (定襄) ـــ ۋىلايەت. ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى يويۇ ناھىيىسىنىڭ شىمالى ۋە ئىچكى موڭغۇلنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدا. ۋىلايەت مەركىزى ھازىرقى ئاشقى موڭغۇلىيىنىڭ خولىنكۆل ناھىيىسىدە.

(يۇقىرىقى «پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» 365 ـ بەت)

[16] شۇنىڭدىن ئىككى يىل كېيىن ـــ م. ب. 121 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشوۋنىڭ ئىككىنچى يىلى) كۈزدە تۈتۈلۈدۇ.*

[17] بىلگە تۆرە جاڭ چيەن (博望候张骞) ـــ «تارىخىي خاتىرىلەر» 123 ـ جىلد، «پەرغانە تەزكىرىسى»گە قارالسۇن.*

[18] داخۇاڭ نامىلىق ئۇقيا (大黄) ـــ قورال ئىسمى. خەن خاقانلىقى دەۋرىدىكى ئەڭ يىرىك قورال. رەڭگى سېرىق، شەكلى ئوقياغا ئوخشاش بولۇپ، ئىنتايىن يىراققا ئېتىلاتتى.

(يۇقىرىقى «پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» 366 ـ بەت)

[19] ئوتتۇرا تۆۋەن ـــ خەن خاقانلىقى دەۋرىدە، كىشىلەر پەزىلەت، قابىلىيەت جەھەتتىن ئۈچ رەت، توققۇز خىلغا بۆلۈنەتتى. بىرىنچى رەتتىكىلەر: ئالى، ئوتتۇرا ئالى، تۆۋەن ئالى بولۇپ ئۈچ خىل بولاتتى. ئىككىنچى رەتتىكىلەر: يۇقىرى ئوتتۇرانچى، ئوتتۇرا ئوتتۇرانچى، تۆۋەن ئوتتۇرانچىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولاتتى. ئۈچىنچى رەتتىكىلەر: يۇقىرى تۆۋەن، ئوتتۇرا تۆۋەن، تۆۋەن بولۇپ ئۈچ خىل بولاتتى. لى سەي ئوتتۇرا تۆۋەن، يەنى سەككىزىنچى خىل بولغانىدى.

(يۇقىرىقى «پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» 366 ـ بەت)

[20] ئۈچ ۋەزىر (三公) — خەن خاقانلىقى دەۋرىدە باش ۋەزىر. باش ھەربى ۋەزىر ۋە مۇپەتتىش ۋەزىر مەنسۇپدىكى ئۈچ كىشى ئۈچ ۋەزىر دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار ئوردىنىڭ يۇقىرى ئەمەلدارلىرى ئىدى.

(يۇقىرىقى «پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» 258 - بەت)

[21] شۇنىڭدىن ئىككى يىل كېيىن — م. ب. 119 - يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى، يۈەنشۇۋنىڭ تۆتىنچى يىلى) كۆزدە تۇتۇلۇدۇ.*

[22] ئالدىنچى سەنگۈن (前将军) — خەن خاقانلىقى دەۋرىدە ئالدىنچى سەنگۈن، ئارقىچى سەنگۈن، ئوتتۇرىچى سەنگۈن، ئوڭ قول سەنگۈن، سول قول سەنگۈن دەيدىغان ھەربى ئەمەلدارلار بولاتتى. بۇلار ۋەزىردىن بىردەرىجە تۆۋەن تۇراتتى.

(يۇقىرىقى «پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» 368 - بەت)

[23] خەن يەن (韩嫣) — گۇڭگاۋ تۆرىسى خەن تۇيداڭنىڭ نەۋرىسى. سابىق ۋەزىر خەن (韩) بېگى خەن شىننىڭ چەۋرىسى. خەن خاقانى ۋۇدىغا يارىپ كەتكەن ئەمەلدار. كېيىن خان ئانا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

(يۇقىرىقى «پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» 372 - بەت)

[24] قوۋۇق ئىچى تۆرىسى (关内候) — ئۇنۋان. چوڭ تۆرىدىن بىردەرىجە تۆۋەن.

(يۇقىرىقى «پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» 372 - بەت)

[25] خاقان ۋەلىئەھدى (太子丹) — بۇيەردە خاقان ۋۇدىنىڭ خانىشى ۋېي زىفۇدىن تۇغۇلغان چوڭ ئوغلى ليۇجۇ (刘据) كۆزدە تۇتۇلۇدۇ.

(يۇقىرىقى «پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» 373 - بەت)

[26] جيەنجاڭ قەسرى (建章宫) — خەن خاقانى ۋۇدى م. ب. 104 - يىلى (تەيچۇنىڭ بىرىنچى يىلى) سالدۇرغان. ئورنى بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى شىئەن شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا.

(يۇقىرىقى «پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» 374 - بەت)

[27] جۈيەن كۆلى (居延) — بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى جيۇچۈەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق ئېرگىنە خوشۇنىدا.

(يۇقىرىقى «پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» 374 - بەت)

[28] دەنياڭ (丹阳) — ۋىلايەت. بۈگۈنكى ئەنخۇي ئۆلكىسى جەنۇبىي ئەنخۇي رايونىنىڭ كۆپ جايلىرىنى ۋە جياڭسۇ، جېجياڭ ئۆلكىلىرىنىڭ بىر-

قىسىم جايلىرىنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ. دەنىياڭ ۋىلايىتى بۇرۇن جۇبەگلىكىگە قارايتتى.

(يۇقىرىقى «پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» 374 ـ بەت)

[29] چىلىيەنشەن (祁连山) ــ تەڭرى تېغىنىڭ گەنسۇ رايونىدىكى قىسمى. هۇنلار زامانىدا شىنجاڭ رايونىدىكى تەڭرى تېغى ــ شىمالىي تەڭرى تېغى، گەنسۇ رايونىدىكى تەڭرى تېغى ــ جەنۇبىي تەڭرى تېغى دەپ ئاتىلاتتى.

(يۇقىرىقى «پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» 375 ـ بەت)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

### تارىخىي خاتىرىلەر 110 ـ جىلد

# ھۇنلار تەزكىرىسى

ھۇنلارنىڭ ئەجدادى شىياخوۋشى[1] ئەۋلادى بولۇپ، ئۇ چۇنۋېي-
لەر[2] دەپ ئاتىلاتتى. تاڭ، يۈەن زامانلىرىدىن ئىلگىرى ئۇلار
(ھۇنلار) تاغ رۇڭلىرى، شيەنيۈن (猃狁)، شۈنيۈ (荤粥)
دەپ ئاتىلىپ، شىمالدا چارۋا ـ مال بېقىپ، كۆچۈپ يۈرۈپ ياشايتتى.
چارۋا ماللىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئات، كالا، قوي بولۇپ، تۆگە،
قۇلانلار (ياۋائات) بولسا، ئۇلارنىڭ نادىر چارۋىلىرى ئىدى. ئۇلار
ئوت ـ چۆپ، سۇ قوغلىشىپ، كۆچۈپ يۈرەتتى. شەھەر ۋە مۇقىم
تۇرىدىغان جايلىرى يوق ئىدى. دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانمايتتى.
شۇنداق بولسىمۇ، ھەركىمنىڭ ئۆزىگە تەۋە يېرى بولاتتى. يېزىقى
يوق بولۇپ، سۆزگە ئەمەل قىلىناتتى. باللىرى قوي مىنىپ، ئوقيا
ئېتىپ، قۇشقاچ، چاشقان ئوۋلايتتى. سەل چوڭ بولغاندا بولسا،
تۈلكە، توشقان ئېتىپ ئوزۇقلىناتتى. ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق ئەر-
لەر قاۋۇل، مەرگەن بولۇپ، ئۇلار تولۇق قوراللانغان چەۋەندازلار
ئىدى. ئادەتتە، چوپانلىق قىلىپ، ئوۋ ئوۋلاش بىلەن تىرىكچىلىك
قىلاتتى. زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندا بولسا، ھەممىسى ئاتلىنىپ، جەڭ
مەشقى ئېلىپ بېرىپ، باسمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلارنىڭ
تەبىئىتى مانا شۇنداق ئىدى. ئۇلار يىراقتا ئوقيا، يېقىنغا قىلىچ-
نەيزە ئىشلىتەتتى، ئۇرۇش پايدىلىق بولسا ئىلگىرىلەپ، پايدىسىز
بولسا چېكىنەتتى. قېچىشنى ھار كۆرمەيتتى. پايدىنى كۆرسە،

ئەدەپ-قائىدىنى ئۇنتاتتى، خان ۋە ئاقساقاللىرىدىن تارتىپ تاكى
تۆۋەنگىچە ھەممىسى مالنىڭ گۆشىنى يەپ، تېرىسىنى كىيىم-كېچەك
قىلىپ كىيەتتى. جۇۋىنى يېپىنچا، كىگىزنى سېلىنچا قىلاتتى. مالنىڭ
سېمىزىنى قاۋۇل-قىرانلىرى، ئاشقاننى قېرى-ئاجىزلىرى يەيتتى،
ساغلام، قاۋۇل ئادەملەر ئەتىۋارلىنىپ، قېرى، ئاجىزلار كەمسىتـ
لەتتى. ئاتىسى ئۆلسە، ئوغلى ئۆگەي ئانىسىنى، ئاكىسى ئۆلسە،
ئىنىسى يەڭگىسىنى، ئىنىسى ئۆلسە، ئاكىسى ئىنىسىنىڭ خوتۇنىنى
ئالاتتى. ئۇلارنىڭ ئادىتىچە، ئىسىم ئاتىلاتتى، فامىلە بولمايتتى.

شيا خانلىقىدا تەرتىپ بۇزۇلۇپ، گۇڭ ليۇ ئېكىن بېكىلىك[3]
ئەملىدىن مەھرۇم بولغاندىن كېيىن، غەربىي رۇڭلار ئىچىگە قېچىپ
بېرىپ، رۇڭلارغا ئايلىنىپ، بىن (豳) دېگەن يەردە تۇرۇپ قالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، 300 نەچچە يىللار ئۆتۈپ، رۇڭ-دىلار
چوڭ ئاقسا قال دەنفۇ (大王亶父)غا ھۇجۇم قىلدۇ. دەنفۇ چى تېغىنىڭ ئېتىكىگە قېچىپ باردۇ. بىنلىقلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بېرىپ،
شۇ يەرگە ئورۇنلىشىدۇ. شۇندىن ئېتىۋارەن، جوۋ (周) خانلىقىنىڭ
ئاساسى قۇرۇلۇشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن 100 نەچچە يىللار
ئۆتۈپ، غەرب تەرەپ بەگلەر بېگى جى چاڭ چۈەن يىشى (畎夷氏)
ئۇستىگە يۈرۈش قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئون نەچچە يىللار ئۆتۈپ،
جوۋ ۋۇ ۋاڭ (周武王) جوۋ (纣) ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ، لويى
شەھىرىنى بىنا قىلدى. كېيىن يەنە فېڭچېڭ، خاۋچېڭ شەھەرلىرىدە
تۇرۇپ، يات قەۋم رۇڭلارنى جىڭشۈي، لوشۈي دەريالىرىنىڭ شىمالىغا
سۈرۈپ تاشلىدى. ئۇلارغا "قىر ياساقچىلىرى"[4] دەپ ئىسىم
قويۇپ، ۋاقتى-ۋاقتىدا ئولپان ئېلىپ تۇردى. شۇنىڭدىن ئىككى
يۈز نەچچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، جوۋ خانلىقىدا تەرتىپ بۇزۇلۇپ، جوۋ مۇ ۋاڭ چۈەنرۇڭلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ، تۆت ئاق
بۆرى، تۆت بۇغا غەنىمەت ئېلىپ قايتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن،

قىردىن ياساق كەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن جوۋ خانلىقىدا «جازادەس-
تۇرى»[5] تۈزۈلۈپ، (جازا قانۇنى) يولغا قويۇلدۇ. جوۋ مۇ ۋاڭدىن
كېيىن ئىككى يۈز نەچچە يىللار ئۆتتۈدۇ. جوۋ يوۋ ۋاڭ ئۆزىنىڭ
سۆيۈملۈك كىچىك خانىشى باۋسى تۈپەيلىدىن شېن بېگى بىلەن
ئارازلىشىپ قالدۇ. غەزەپلەنگەن شېن بېگى چۈەنرۇڭلار بىلەن
بىرلىكتە جوۋ يوۋ ۋاڭغا ھۇجۇم قىلىپ ۋە ئۇنى لىشەن تېغى ئېتىكىدە
ئۆلتۈرۈپ، جوۋ خانلىقىدىن جياۋخۇ[6] كۆلىنى تارتىۋالدۇ. شۇنىڭ
بىلەن ئۇ، جىڭشۇي، ۋېيشۇي دەريالىرى ئارىلىقىغا ماكانلىشىۋېلىپ،
جوۋخانلىقىغا تاجاۋۇزچىلىق ۋە زوراۋانلىق قىلىشقا باشلايدۇ. چىن
شياڭگۇڭ جوۋخانلىقىنى قۇتقۇزۇپ قالغاندىن كېيىن، جوۋ پىڭۋاڭ
فېڭچېڭ ۋە خاۋچېڭ شەھەرلىرىنى تاشلاپ، شەرققە لويى شەھە-
رىگە كۆچۈپ بارىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا چىن شياڭگۇڭ رۇڭلار ئۈس-
تىگە يۈرۈش قىلىپ، ئۇلارنى چى ۋىلايىتىگىچە قوغلاپ بارىدۇ.
شۇندىن باشلاپ، چىن شياڭگۇڭ بەگلەر قاتارىغا ئۆتتۈدۇ. ئۇنىڭدىن
65 يىل كېيىن، تاغ رۇڭلىرى يەن بەگلىكىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، چى
بەگلىكى ئۈستىگە يۈرۈش قىلغانلىقتىن، چى لىگۇڭ [7] شەھىر
سىرتىدا رۇڭلار بىلەن جەڭ قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن يەنە 44 يىل ئۆتۈپ،
تاغ رۇڭلىرى (山戎) يەن بەگلىكى ئۈستىگە يۈرۈش قىلغاچقا،
يەن بەگلىكى چى بەگلىكىدىن جىددى ياردەم سورايدۇ. چى خۈەن-
گۇڭ شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، تاغ رۇڭلىرى بىلەن جەڭ قىلىدۇ،
تاغ رۇڭلىرى قاچىدۇ. ئاندىن يەنە 20 نەچچە يىللار ئۆتكەندىن
كېيىن، رۇڭ-دىلار لويى شەھىرىگە كېلىپ، جوۋ شياڭۋاڭغا يۈرۈش
قىلىدۇ. جوۋ شياڭۋاڭ جېڭ (郑) بەگلىكىنىڭ فەنچېڭ [8] شەھە-
رىگە قېچىپ كىتىدۇ. باشتىلا جوۋ شياڭۋاڭ جېڭ بەگلىكىگە ھۇجۇم
قىلىش غەرىزىدە يۈرگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن رۇڭ-دىلاردىن ئۆيل-
لىنىپ، خانىش (后) قىلىپ بېكىتىدۇ ۋە رۇڭ، دى ئەسكەر-

لىرى بىلەن بىرلىكتە جىلى بەگلىكى ئۈستىگە يۈرۈش قىلىدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي، رۇڭ-دىلىق خوتۇننى خانىشلىقتىن قالدۇرىدۇ. خوتۇن بۇنىڭغا نارازى بولىدۇ. جوۋشياڭۋاڭنىڭ ئۆگەي ئانىسى خانىش خۇيخوۋ (惠后) نىڭ زى دەي[9] ئىسىملىك ئوغلى بولۇپ، خانىش خۇيخوۋ نىڭ ئوغلى زىدەينى خان قىلىپ تىكلەش غەرىزى بولغاچقا، ئۇ رۇڭ-دىلىق خانىش ۋە زىدەيلەر بىلەن ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىپ، رۇڭ-دىلارغا يول ئېچىپ بېرىدۇ. نەتىجىدە رۇڭ-دىلار باستۇرۇپ كېلىپ، جوۋ شياڭۋاڭنى تارمار قىلىپ، زىدەينى خان قىلىپ كۆتىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن رۇڭ-دىلارنىڭ بىر قىسمى لۇخۇنگە ماكانلىشىپ، شەرقتە ۋېي (卫) بەگلىكىگە تۇتۇشۇدۇ ۋە جوۋخانلىقىغا دائىم تاجاۋۇزچىلىق ۋە زوراۋانلىق قىلىپ تۇرغانلىقتىن، جوۋ خانلىقى رۇڭ-دىلاردىن تولىمۇ بىزار بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شائىرلار:

رۇڭ-دىلارغا زەربە بېرىپ،
شيەنيۈنگە يۈرۈش قىلىپ،
هارۋىنى گۈلدۈرلىتىپ،
تەييۈەنگىچە باردۇق بىز.
دۈشمەنگە يۈرۈش قىلىپ،
قورغاننى پۇختا سېلىپ،
شىمال يۈننى (تەرەپنى) تىنجىتىپ
بۇ ئەلنى قوغدايلى بىز.

دەپ قوشاق توقۇغانىدى.

جوۋ شياڭۋاڭ تۆت يىل سىرتتا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ، ئاندىن جىن (晋) بەگلىكىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ياردەم سورىدى، يېڭىدىن تەختكە چىققان جىن ۋېنگۇڭ زوراۋانلىق بىلەن ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش غەرىزىدە، ئەسكەر چىقىرىپ رۇڭ-دىلار ئۈستىگە

يۇرۇش قىلىپ، ئۇلارنى قوغلاپ چىقاردى. زى دەينى ئۆلتۈرۈپ،
جوۋ شياڭۋاڭنى قايتۇرۇپ كېلىپ، لويى شەھىرىگە ئورۇنلاشتۇردى.
بۇ ۋاقىتتا، چىن (秦)، جىن (晋) بەگلىكلىرى قۇدرەتلىك -
كۈچلۈك بەگلىكلەر ئىدى. جىن ۋېنگۇڭ رۇڭ - دىلارغا يۇرۇش
قىلىپ، ئۇلارنى خېشىدىكى يىنشۇي،[10] لوشۇي دەريالىرى ئارد-
لىقىغا قوغلىدى. بۇلار قىزىل دى، ئاق دى دەپ ئاتالدى. چىن
مۇگۇڭ يۇيۇكنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، غەربىي رۇڭ دائىرىسى-
دىكى سەككىز خانلىق چىن خانلىقىغا قارىدى. لۇڭشەن تېغىنىڭ
غەربىدە مىيەنجۇ[11] رۇڭلىرى، كۈن رۇڭلىرى[12]، دىلار، ۋەن
رۇڭلىرى؛ چىشەن، لياڭشەن تاغلىرى، جىڭشۇي، چىشۇي دەريا-
لىرىنىڭ شىمالىدا يىچۈ رۇڭلىرى، دالى رۇڭلىرى، ۋۇجىر رۇڭ-
لىرى،[13] چۈيەن[14] رۇڭلىرى بولۇپ، جىن بەگلىكىنىڭ شىما-
لىدا بولسا، لىنخۇ رۇڭلىرى، لۇفەن رۇڭلىرى بار ئىدى، يەن بەگ-
لىكىنىڭ شىمالىغا بولسا، تۇڭگۇسلار[15]، تاغ رۇڭلىرى جايلاشقان.
ئۇلار ھەرقايسى تاغ - جىلغىلارغا تارقالغان بولۇپ، ئۆز ئالدىغا
باشلىقلىرى بولاتتى. توپ - توپ بولۇپ ئولتۇراقلاشقان بولسىمۇ،
بىرلىشىپ كېتەلمەيتتى.

بۇنىڭدىن 100 نەچچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، جىن داۋ-
گۇڭ[16] ۋېي جياڭنى رۇڭ - دىلار بىلەن يارىشىشقا ئەۋەتكەچكە،
رۇڭ - دىلار جىن بەگلىكىنى زىيارەت قىلدى. يەنە 100 نەچچە
يىللار ئۆتكەندە، جاۋشياڭزى گوۋجۇ تېغىدىن ئېشىپ، رۇڭ - دىلارنى
تارمار قىلىپ ۋە دەي بەگلىكىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، ھۇنلار ئېلىگە
يېقىنلاشتى. ئاندىن جاۋشياڭزى خەن، ۋېي بەگلىكلىرى بىلەن
بىرلىكتە جىبونى يوقىتىپ، جىن بەگلىكىنىڭ يەرلىرىنى بۆلۈشۈپ
ئالدى. شۇنداق قىلىپ، جاۋ بەگلىكى، دەي بەگلىكى بىلەن گوۋجۇ
تېغىنىڭ شىمالىنى، ۋېي بەگلىكى خېشى بىلەن شاڭجۈن ۋىلايەت-

www.uyghurkitap.com

لىرىنى ئىگەللەپ، رۇڭلار بىلەن چېگرىداش بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، يىچۇ رۇڭلىرى شەھەر-قەلئەلەرنى سېلىپ ئۆزىنى قوغداغان بولسىمۇ، لېكىن چىن بەگلىكى ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى پىلە قۇرۇتىدەك يەپ، ئاخىرى چىن خۇيۋاڭ[17] زامانىغا كەلگەندە، يىچۇ رۇڭلىرىنىڭ 25 شەھىرىنى ئىگەللەيدۇ. خۇيۋاڭ ۋېي بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىپ، شىخې، شاڭجۈن ۋىلايەتلىرىنى تامامەن چىن بەگلىكىگە قوشۇۋالىدۇ. چىن جاۋۋاڭ زامانىسىدا يىچۇ رۇڭلىرىنىڭ خانى خان ئانا شۈەن تەيخوۋ بىلەن ئويناپدۇ، خان ئانا شۈەن تەيخوۋ يىچۇ رۇڭ خانىدىن ئىككى بالا تۇغىدۇ. خان ئانا شۈەن تەيخوۋ يىچۇ رۇڭ خانىنى ھىيلە-مىكىر بىلەن گەنچۈەندە ئۆلتۈرىدۇ. ۋە ئەسكەر چىقىرىپ، يىچۇ رۇڭلىرىغا يۈرۈش قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، چىن بەگلىكى لۇڭشى، بېيدى، شاڭجۈن ۋىلايەتلىرىنى ئىگەللەيدۇ. سەددىچىننى بىنا قىلىپ، ھۇنلاردىن مۇداپىئە كۆرۈدۇ. جاۋبەگلىكى بېگى ۋۇلىڭۋاڭمۇ ئۆرپ-ئادەتنى ئۆزگەرتىپ، ھۇنچە كىيىنىپ، ئات مىنىش، ۋە ئوقيا ئېتىشنى ئۆگىنىپ، شىمالدا لىنخۇ، لۇفەن ھۇنلىرىنى تارمار قىلىپ، سەددىچىننى بىنا قىلىدۇ. (جاۋ ۋۇلىڭۋاڭ سېپىلنى دەيجۈندىن باشلاپ، چۇغاي (يىڭشەن) تېغىنىڭ ئېتىكى بىلەن گاۋچۈگە يەتكۈزىدۇ ۋە ئۇنى چېگرا قىلىپ، يۈنجۇڭ، يەنمېن، دەيجۈن ۋىلايەتلىرىنى تەسىس قىلىدۇ. كېيىن يەن بەگلىكىدە ئۆتكەن چىن كەي ناملىق دانىشمەن قوماندان ھۇن ئېلىدە تۇرغاق بولغانىدى. ھۇنلار ئۇنىڭغا ناھايىتىمۇ ئىشىنەتتى. ئۇ يەن بەگلىكىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تۇڭگۇسلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى تارمار قىلغاچقا، تۇڭگۇسلار 1000 چاقىرىملاپ ئارقىغا چېكىنگەنىدى. جىن كې بىلەن بىللە چىن بېگىنى (چىن شىخۋاڭنى) ئۆلتۈرمەكچى بولغان چىن ۋۇياڭ دېگەن كىشى چىن كەينىڭ نەۋرىسى بولاتتى. يەن بەگلىكىمۇ ھۇنلاردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن،

زاۋياڭدىن[18] شياڭپىڭغىچە[19] سېپىل سېلىپ ۋە شاڭگو، يو-
ياڭ[20]، يوۋبېيپىڭ، لياۋشى، لياۋدۇڭ ۋىلايەتلىرىنى تەسىس
قىلغانىدى. شۇ زاماندا يەتتە مەدەنىيەتلىك بەگلىك ئىچىدە ئۈچ بەگ-
لىك هۇنلار بىلەن چېگرىداش ئىدى. جاۋ بەگلىكىنىڭ سەركەردىسى
لى مۇ زامانىدا، هۇنلار جاۋ بەگلىكى چېگرىسىغا هۇجۇم قىلىپ كىرىشكە
پېتىنالمايتتى، چىن بەگلىكى ئالتە بەگلىكنى تارمار قىلغاندىن كېيىن
چىن شىخۇاڭ مېڭ تيەننى 100000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن شىمال-
دىكى هۇنلارغا قارشى جازا يۈرۈشكە ئەۋەتىپ، خۇاڭخې دەرياسى-
نىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى تامامەن قايتۇرۇپ ئالدى. شۇنىڭ بىلەن
خۇاڭخې دەرياسىنى قورۇل قىلىپ، دەريا بويىدا 44 ناهىيە بىنا
قىلىپ ۋە بۇ يەرلەرنى قوغداش ئۈچۈن جىنايەتچىلەرنى كۆچۈرۈپ
چىقىپ ئورۇنلاشتۇرغانىدى. لىنتاۋ دىن لياۋدۇڭغىچە سوزۇلغان
10000 چاقىرىمدىن ئوشۇق چېگرادىكى تاغلار، خەتەرلىك هاڭ ۋە
جىلغىلارنى بويلاپ سېپىل سوقتۇرۇپ (ئىمكانىيەتنىڭ بىرىچە كونا
سېپىللار قايتىدىن ياسىلىپ)، جيۇيۈەندىن[21] يۈنياڭغىچە[22]
ئۇدۇل يول ئاچقانىدى. يەنە دەريادىن ئۆتۈپ، ياڭشەن تېغى بىلەن
بېيجيا ئارىلىقىدىكى يەرلەر ئىگەللەندى.

شۇ ۋاقىتلاردا، تۇڭگۇسلار كۈچەيگەن، ياۋچىلار راۋاج تاپقانىدى.
هۇنلارنىڭ تۈمەن[23] ناملىق تەڭرىقۇتى چىن خاقانلىقىغا تەڭ
كېلەلمەي شىمالغا كۆچكەن. ئون نەچچە يىللار ئۆتۈپ، مېڭ تيەن
ئۆلۈپ، بەگلەر چىن خاقانلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتەرگەچكە، خاقان-
لىق پاراكەندىچىلىك ئىچىدە قېلىپ، چىن خاقانلىقى چېگرا ساقلاشقا
كۆچۈرۈپ كەلگەن جىنايەتچىلەر ئاساسىي جەهەتتىن قايتىپ كېتىشكە-
نىدى. شۇنىڭ بىلەن قولايلىق شارائىتقا ئېرىشكەن هۇنلار يېڭىۋاش-
تىن تەدرىجىي هالدا دەريانىڭ (خۇاڭخېنىڭ) جەنۇبىغا ئۆتۈپ،
چىن خاقانلىقى بىلەن قەدىمكى چېگرا بويىچە چېگرىداش بولۇ-

ۋالدى.

تەڭرىقۇت تۇمەننىڭ باتۇر (بودۇ)[24] ئىسىملىك خان تېكىنى بار ئىدى. كېيىن تەڭرىقۇتنىڭ سۆيۈملۈك ئالچىسى[25] ئۇنىڭغا كىچىك ئوغلىنى تۇغۇپ بەرگەندىن كېيىن، تەڭرىقۇت باتۇرنىڭ خان تېكىنلىك ئورنىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، كىچىك ئوغلىنى خان تېكىن قىلماقچى بولىدۇ ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن باتۇر ياۋچىلارغا تۇرغاق قىلىپ ئەۋەتىلىدۇ. باتۇر ياۋچى ئېلىدە تۇرغاق بولۇپ تۇرغاندا، تۇمەن ياۋچى ئېلىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىدۇ. ياۋچىلار باتۇرنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، باتۇر ياۋچىلارنىڭ بىر تۇلپار ئېتىنى ئوغۇرلاپ مىنىپ، ئۆز ئېلىگە قېچىپ كېلىدۇ. ئوغلىنىڭ باتۇرلۇقىغا قايىل بولغان تۇمەن ئۇنى 10000 چەۋەندازغا باش قىلىدۇ. باتۇر (ۋىژىلداپ ئۇچىدىغان) ئاۋازلىق ئوق ياسىتىپ، ئۆز چەۋەندازلىرىغا قارىغا ئېتىشنى مەشىق قىلدۇرىدۇ ۋە: «مېنىڭ ئاۋازلىق ئوقۇم قەيەرگە قارىتىپ ئېتىلسا، ھەممىڭلار شۇ يەرگە قارىتىپ ئاتىسىلەر، كىم ئاتمايدىكەن، ئۇنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ!» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. ھەممە شىكارغا چىققاندا، ئاۋازلىق ئوق ئېتىلماستىن تۇرۇپ، ئوق چىقارغانلارنىڭ دەرھال كاللىسىنى ئالىدۇ. بىر قېتىم باتۇر ئۆزىنىڭ تۇلپار ئېتىنى نىشانلاپ ئاۋازلىق ئوق ئاتىدۇ. ئەتراپىدىكىلەردىن بەزىلەر ئاتنى ئېتىشقا جۈرئەت قىلالمىغاچقا، باتۇر دەرھال ئۇلارنىڭمۇ كاللىسىنى ئالىدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنە ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك خوتۇنىغا قارىتىپ ئاۋازلىق ئوق ئاتقاندا، ئەتراپىدىكىلەردىن بەزىلەر ئىنتايىن قورقۇپ ئېتىشقا جۈرئەت قىلالمىغانلىقتىن، باتۇر ئۇلارنىڭمۇ كاللىسىنى ئالىدۇ. بىر مەزگىل ئۆتۈپ، باتۇر يەنە بىر قېتىم شىكارغا چىققاندا، تەڭرىقۇتنىڭ تۇلپار ئېتىنى نىشانلاپ ئاۋازلىق ئوق ئاتىدۇ. ئەتراپىدىكى نەۋكەرلىرىمۇ ئاتىدۇ. ئاندىن، باتۇر ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ كارغا يارايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىدۇ.

كېيىن، ئاتىسى تۇمەن تەڭرىقۇت بىلەن بىللە شىكارغا چىقىپ، تۇمەنگە قارىتىپ ئوق ئاتىدۇ، ئەتراپىدىكىلەرمۇ ئاۋازلىق ئوق بىلەن تەگلا ئوق چىقىرىپ، تۇمەننى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن باتۇر ئۆگەي ئانىسىنى، ئىنىسىنى ھەمدە ئۆزىگە بويسۇنمىغان ۋەزىرلەرنى تامامەن ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆزىنى تەڭرىقۇت دەپ ئېلان قىلىدۇ.

باتۇر تەختكە چىققاندا، تۇڭگۇسلار قۇدرەتلىك ئەل ئىدى. ئۇلار باتۇرنىڭ ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ تەختكە چىققانلىقىنى ئاڭلاپ، تۇمەن-دىن قالغان تۇلپارنى سوراپ، باتۇرغا ئەلچى ئەۋەتىدۇ. باتۇر ئەت-راپىدىكى مەنسەپدارلارنى توپلاپ مەسلىھەت سالغاندا، مەنسەپ-دارلار: «تۇلپارئات ھۇن ئېلىنىڭ تەۋەررۈك ئېتى. بېرىلمىسۇن» دېيىشىدۇ. باتۇر: «خوشنىمىز بولغان ئەلدىن بىر ئاتنى ئاياي-مىزمۇ؟» دەيدۇ ۋە ئاتنى تۇڭگۇسلارغا بېرىۋېتىدۇ. تۇڭگۇسلار باتۇرنى قورقۇنچاق ھېسابلاپ ئۇزۇن ئۆتمەي، تەڭرىقۇتنىڭ بىر ئالچىسىنى سوراپ باتۇرغا يەنە ئەلچى ئەۋەتىدۇ. باتۇر ئەتراپىدىكى مەنسەپدارلىرىدىن مەسلىھەت سورىغىنىدا، مەنسەپدارلار غەزەپلىنىپ: «تۇڭگۇسلار يولسىزلىق قىلىپ ئالچى سوراپتۇ، ئۇلارنىڭ ئەدىۋىنى بېرەيلى!» دەپ ۋاقىرىشىدۇ، باتۇر بولسا: «خوشنىمىز بولغان ئەلدىن بىر ئايالنى ئايايمىزمۇ؟» دەپ ياخشى كۆرۈپ ئالغان ئال-چىسىنى تۇڭگۇسلارغا بېرىۋېتىدۇ. تۇڭگۇسلار خانى بارغانچە كۆرەڭ-لەپ، غەربكە ھۇجۇم قىلىدۇ. تۇڭگۇسلار بىلەن ھۇنلارنىڭ ئارىلى-قىدا 1000 چاقىرىمدىن ئوشۇق كېلىدىغان بىر ئىنسى-جىنسى يوق تاشلاندۇق يەر بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپ مۇشۇ يەرنىڭ ئىككى چېتىگە كەپىلەرنى ياساپ، قاراۋۇللارنى قوياتتى. تۇڭگۇسلار باتۇر تەڭرىقۇتقا ئەلچى ئەۋەتىپ: «سىلەر ھۇنلار بىزنىڭ قاراۋۇلخانىمىز ئالدىدىكى تاشلاندۇق بوش يەرگە ئاياق باسقۇچى بولماڭلار. ئۇ

يەرنى بىز ئىگەللىمەكچىمىز» دەيدۇ. باتۇر مەنسەپدارلارنى يىغىپ يەنە مەسلىھەت سورىغاندا، مەنسەپدارلارنىڭ بەزىلىرى: «ئۇ يەرنى بىز تاشلىۋەتكەن، ئۇنى بەرسەكمۇ بولىدۇ، بەرمىسەكمۇ بولىدۇ» دېيىشىدۇ. بۇنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولغان باتۇر «يەر-زېمىن دۆلەتنىڭ ئاساسى. نېمە ئۈچۈن زېمىنىمىزنى بېرىدىكەنمىز؟!» دەيدۇ ۋە زېمىن بېرەيلى دىگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ. باتۇر تەكرىقۇت يۈرۈشكە ئاتلىنىپ، ئەل ئىچىدە يۈرۈشكە چىقمىغانلارنىڭ كاللىسى ئېلىنىدىغانلىقىنى جاكالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن شەرقتە- تۇڭگۇسلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلىدۇ. ئەزەلدىن باتۇرنى كۆزگە ئىلماي كەلگەن تۇڭگۇسلارنىڭ ھېچقانداق تەييارلىقى يوق ئىدى. باتۇر قوشۇن بىلەن كېلىپ، تۇڭگۇسلار خانىنى تار-مار قىلىپ، ئاھالىسىنى ئەسىر، مال-مۈلكىنى غەنىمەت ئېلىپ قايتىدۇ. باتۇر غەربكە- ياۋچىلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ، ياۋچىلارنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. جەنۇبدا لۇفەن خانىنى، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى بەيان خانىنى ئۆزىگە قارىتىۋالىدۇ. چىن شىخۇاڭ دەۋرىدە مېڭ تىيەن ھونلاردىن تارتىۋالغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇۋېلىپ، دەريانىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمكى قورۇلىنى خەن خاقانلىقى بىلەن چېگرا قىلىپ، تاكى جۇنا، فۇشى دېگەن يەرلەرگىچە يېتىپ كېلىدۇ. ئاندىن يەن، دەي ۋىلايەتلىرىگە تاجاۋۇز قىلىدۇ. شۇ چاغلاردا خەن قوشۇنلىرى شياڭ يۈ بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان بولۇپ، خەن ئۇرۇش ھارغىنلىقى ئىچىدە تۇرۇۋاتقاچقا، باتۇر قۇدرەت تېپىپ، 300000 دىن ئارتۇق جەڭگىۋار قوشۇنغا ئىگە بولغانىدى.

ھونلار چۈنئۈيىدىن تۈمەنگىچە بولغان نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە، بەزىدە كۆپىيىپ، بەزىدە ئازىيىپ، تارقاق ياشاپ كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ شەجەرە- نەسەبنامىلىرىنى بىلىش، تۈزۈشكە بولمايتتى. لېكىن باتۇرغا كەلگەندە ناھايىتى قۇدرەت تېپىپ، شىمالدىكى تائىپە-

لەرنى تامامەن بويسۇندۇرۇپ، جەنۇبدا خەنگە تاقابىل تۇرماقتا ئىدى. مانا شۇندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ شەجەرە ـ نەسەبنامىلىرى، ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرى ۋە ئۇنۋانلىرىنى بىلىۋېلىش ـ خاتىرىلەشكە ئىمكا ـ نىيەت تۇغۇلغانىدى.

باتۇر ئوڭ تۇغ قان، سول تۇغ قان، ئوڭ قول قان، سول قول قان، ئوڭ چوڭ سەركەردە[26]، سول چوڭ سەركەردە، ئوڭ چوڭ تۇتۇق بەگ[27]، سول چوڭ تۇتۇق بەگ، ئوڭ چوڭ تۇتۇن بېگى[28]، سول چوڭ تۇتۇن بېگى، ئوڭ قۇت بېگى[29]، سول قۇت بېگى تەسىس قىلدى. ھۇنلار بىلىملىك دانىشمەننى «تۇغ» دەپ ئاتا ـ شاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئادەتتە سول توغ قانلىقتا خان تېكىن بەل ـ گىلىنەتتى. ئوڭ ـ سول تۇغ قانلاردىن تۆۋەندە سەنگۈنلەرگە قەدەر چوڭلىرىدا 10000، كىچىكلىرىدە بىر نەچچە مىڭ چەۋەنداز بولۇپ، ئومۇمەن، 24 باشلىق بولاتتى، بوقوشۇنلار «تۈمەن چەۋەنداز»[30] دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلۇغ مەنسەپلەر ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس قالاتتى. قويان[31]، لان[32] ئۇرۇقلىرى، ئاندىن قالسا، شۇبو[33] ئۇرۇقى ئالىي مەرتىۋىلىك ئۈچ ئۇرۇق ھېسابلىناتتى. سول قانات قانلار شەرق تەرەپكە جايلاشقان بولۇپ، شاڭگۇ ۋىلايىتىگە ئۇدۇل كېلەتتى. شەرقتە خۇيخې[34]، چاۋشيەنلەر بىلەن تۇتۇشاتتى. ئوڭ قانات قانلار غەرب تەرەپكە جايلاشقان بولۇپ، شاڭجۈن ۋىلايىتىگە ئۇدۇل كېلەتتى. غەربدىكى چېگرىسى ياۋچى، دى، چياڭلار بىلەن تۇتۇشاتتى، تەڭرىقۇتنىڭ ئوردىسى بولسا، دەيجۈن، يۈنجۇڭ ۋىلا ـ يەتلىرىگە ئۇدۇل جايلاشقانىدى. خانلارنىڭ يەرلىرى ئايرىم بولۇپ، ئۇلار ئوت ـ چۆپ، سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرەتتى. لېكىن خانلار ئىچىدە، ئوڭ تۇغ قان، سول تۇغ قان، ئوڭ قول قان، سول قول قانلار ناھايىتى چوڭ بولاتتى. ئوڭ ـ سول قۇت بەگلىرى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ياردەملىشەتتى. 24 باشلىقنىڭمۇ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز

ئالدىغا تەسىس قىلىنغان مىڭبېشى[35] يۈز بېشى، ئون بېشى، كىچىك قان[36]، ۋەزىر[37]، سەركەردە، تۇتۇق بەگ، تۇتۇن بېگى، قۇتقۇبەگ (且渠) قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بولاتتى.

ھەريىلى نورۇز ئېيىدا، ھۇن باشلىقلىرى تەڭرىقۇت ئوردىسىدا باش قوشۇپ نەزىر-چىراق قىلاتتى. بەشىنچى ئايدا لۇڭچېڭ[38] شەھىرىگە يىغىلىپ، چوڭ مەرىكە ئۆتكۈزۈپ، ئاتا-بوۋىلىرى، ئاسمان-زېمىن، روھ-ئەرۋاھلارغا ئاتاپ زارا-خەتمە قىلاتتى. كۈزدە ئاتلار سەمرىگەندە دەيلىن (蹛林) ئىبادەت ئورمانلىقى) گە يىغىلاتتى. ئادەم، ئات-ئۇلاقنىڭ ھېسابى ئېلىناتتى. ھۇنلارنىڭ قانۇنىدا شەمشەر (پىچاق) بىلەن كىشىنىڭ بىر چىدىن ئارتۇق يېرىنى زەخىملەندۈرگۈچىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى. مال-مۈلۈك ئوغۇرلىغۇچىلارنىڭ ئۆي-بىساتى، مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىناتتى. جىنايەت سادىر قىلغانلاردىن جىنايىتى كىچىكلەرنىڭ ئوشۇقى چېقىلاتتى. جىنايىتى چوڭلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى. قاماق جازاسى ئون كۈندىن ئاشمايتتى، پۈتۈن بىر ئەلدە قاماقتا ياتقۇچىلار بىر نەچچە كىشىلا بولاتتى، خالاس. تەڭرىقۇت ھەر تاڭدا قارارگاھىدىن چىقىپ، كۈنگە قاراپ تازىم قىلاتتى. ئاخشىمى ئايغا تازىم قىلاتتى. ھۇنلار ئولتۇرۇشتا تۆرنى سولدىن باشلاپ، شىمالغا يۈزلىنىپ ئولتۇراتتى. بۇرجىنىڭ بەشىنچى خانىسى بىلەن مۇچەلنىڭ ئالتىنچى خانىسى بىرلەشكەن كۈن ھۇنلاردا خەيرلىك كۈن ھېسابلىناتتى. ھۇنلار ئۆلۈكنى دەپنە قىلىشتا، ئىچ-تاش قىلىپ، قوش قەۋەت تاۋۇت ياساپ، ئۇنىڭغا ئۆلۈكنى ئالتۇن-كۈمۈش، كىيىم-كېچەك بىلەن بىللە سالاتتى. ئۆلاردا گۆر ئۈستىگە دەرەخ تىكىش، ھازا كىيىش ئادىتى يوق ئىدى. ئۆلگۈچى بىلەن ئۇنىڭ يېقىن خىزمەتچىلىرى، كىچىك خوتۇنى بىللە كۆمۈلەتتى. مۇنداق بىللە كۆمۈلگۈچىلەر كۆپ بولغاندا، بىر نەچچە ئون ياكى 100

كىشىگە يېتەتتى. ھۇنلار يۇلتۇز ۋە ئايغا قاراپ پائالىيەت ئېلىپ باراتتى. ئاي تولغاندا جەڭگە چىقاتتى، ئاي كۆتمەك ۋاقتىدا جەڭدىن قايتاتتى، دۈشمەندىن بىرنى ئۆلتۈرگۈچى ياكى ئەسىر ئالغۇچىغا بىر ئاپقۇر شاراپ ئىنئام قىلىناتتى. ئېرىشكەن غەنىمەت-ئولجىسى كۆرسەتكەن خىزمىتىگە قاراپ بېرىلەتتى. ئەسىر ئالغان ئادىمىنى ئۆزى قۇل قىلاتتى. دېمەك، ھۇنلار جەڭ قىلىدىكەن، ھەممە ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلاتتى. ئۇلار دۈشمەننى ئالداپ، مۇھاسىرىگە چۈشۈرۈپ يوقىتىشقا ماھىر بولۇپ، دۈشمەننى كۆرگەن ھامان ئوقتەك ئېتىلاتتى. ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ يېڭىلىپ قالغاندا بولسا، ھايت-ھۇيت دېگىچە بۆلۈنۈپ، پېتىراپ قېچىپ كېتەتتى. جەڭدە ئۆلگەنلەرنى ئېلىپ قايتقۇچىلار، ئۆلگۈچىنىڭ پۈتۈن مال-مۈلكىگە ئىگە بولاتتى.

باتۇر كېيىن شىمالدا خۈنيۈ[39] چۈشي[40]، دىڭلىڭ[41]، قىرغىز (خاكاس[42])، شىنلى[43] ئەللىرىنى بويسۇندۇرغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ھۇن ئېلىنىڭ بارلىق مۆتىۋەرلىرى، ئۇلۇغ مەنسەپدارلىرى باتۇر تەگرىقۇتقا ئىتائەت قىلىپ، ئۇنى ئۆزلىرىگە «تۇغ» قىلغانىدى.

بۇ خەن خاقانلىقى ئەلنى ئەمدىلا تىنچىتقان، خەن بېگى خەن شىن (韩王信) دەي ۋىلايىتىگە بەگ بولۇپ يۆتكەلگەن، مايى شەھىرى مەركەز قىلىنغان ۋاقىت ئىدى. زور كۈچ بىلەن ھۇجۇم قىلغان ھۇنلار، مايىنى مۇھاسىرە قىلىپ ئالغاچقا، خەن بېگى خەن شىن ھۇنلارغا تەسلىم بولدى. ھۇنلار خەن شىننى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، لەشكەر تارتىپ جەنۇبقا چۈشۈپ، گوۋجۇ تېغىدىن ئۆتۈپ، تەييۈەنگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن جىنياڭغا باردى. خەن خاقانى گاۋدى ئۆزى قوشۇن باشلاپ، ھۇنلارغا قارشى ماڭغاندا، قىشنىڭ مۇدھىش سوغۇقى، قار-شىۋىرغانلىرىغا دۇچ كېلىپ، ئەس-

كەرلەرنىڭ ئوندىن ئىككى ـ ئۈچىنىڭ قول ـ پۇت بارماقلىرى ئۈششۈپ چۈشۈپ كېتىدۇ. (تەڭرىقۇت) باتۇر يېڭىلگەن قىياپەتتە كېرىپ قېچىپ، خەن قوشۇنلىرىنى ملىكە قىلىپ ئەگەشتۈرۈپ ماڭىدۇ. خەن قوشۇنلىرى باتۇرنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يۈرۈپ ئۇرۇش قىلىدۇ. باتۇر، جەڭگىۋار قىسىملىرىنى يوشۇرۇپ، ئۆزىنى ئاجىز قىلىپ كۆرسىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن خەن خاقانى بارلىق كۈچلىرىنى ئىشقا سالىدۇ. خەن قوشۇنلىرىنىڭ كۆپچىلىكى پىيادە قىسىملار بولۇپ، 320000 كىشى ئىدى. ئۇلار ھۇنلارنى شىمالغا قوغلاپ ھۇجۇم قىلىدۇ. گاۋدى ئۆز قىسىملىرىدىن بۇرۇن پىڭچېڭ شەھىرىگە يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ پىيادە قىسىملىرى تولۇق يېتىپ كەلگىچە، باتۇر 400000 جەڭگىۋار ئاتلىق قوشۇن بىلەن كېلىپ، بەيدېڭ تېغىدا گاۋدىنى قورشىۋالىدۇ. خەن قوشۇنلىرى تاشقى جەھەتتە ياردەمدىن ئۈزۈلۈپ، ئىچكى جەھەتتە ئوزۇق ـ تۈلۈكتىن قىسىلىپ، يەتتە كېچە ـ كۈندۈز قورشاۋدا قالىدۇ. خەن قوشۇنلىرىنى قورشاپ تۇرغان ھۇن چەۋەندازلىرىنىڭ غەرب تەرەپتىكىلىرى پۈتۈنلەي ئاق ئاتلىقلار، شەرق تەرەپتىكىلىرى كۆك ئاتلىقلار، شىمال تەرەپتىكىلىرى قارا ئاتلىقلار، جەنۇب تەرەپتىكىلىرى بولسا تامامەن تورۇق ئاتلىقلار ئىدى. گاۋدى زور سوغا ـ سالاملار بىلەن تەڭرىقۇتنىڭ ئالچىسىغا ئەلچى ئەۋەتىدۇ، ئالچى باتۇرغا: «ئىككى ھۆكۈمدار بوغۇشماڭلار. بۈگۈن خەن زېمىنىنى ئالدىڭىز، لېكىن سىز تەڭرىقۇت بەربىر بۇ يەرنى ماكان تۇتۇپ تۇرالمايسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە، خەن خاقانىنىڭمۇ تەڭرىسى بار. تەڭرىقۇت ئويلىنىپ كۆرۈڭ» دەيدۇ. باتۇرنىڭ خەن بېگى خەن شىننىڭ سەركەردىلىرىدىن ۋاڭ خۇاڭ، جاۋلىلار بىلەن ۋەدىلەشكەن قوشۇلۇش ۋاقتى بار ئىدى. لېكىن ۋاڭ خۇاڭ، جاۋلىلارنىڭ قوشۇنلىرى تېخى يېتىپ كەلمىگەنلىكتىن، باتۇر خەن خاقانى بىلەن ئۇلارنىڭ تىلى بىرمىكىن دېگەن گۇمانغا

**كېلدۇ. شۇڭا، ئالچىنىڭ كېيىنى ئېلىپ، مۇھاسىرىنىڭ بىر بۇرجە-
كىنى ئېچىۋېتىدۇ.** شۇنىڭ بىلەن، گاۋدى ئوقياچى سىپاھىلارغا:
«ھەممەڭلەر يايىنى تولۇق تارتىپ، ئوقنى سىرتقا قارىتىڭلار!»
دەپ بۇيرۇق بېرىدۇ ۋە ئېچىپ بېرىلگەن بۇرجەكتىن ئۇدۇل
چىقىپ، زور قوشۇنغا قوشۇلىدۇ. باتۇر ئۆز قوشۇنلىرىنى ئېلىپ
ئارقىسىغا يانىدۇ. خەن خاقانلىقمۇ قوشۇنلىرىنى قايتۇرۇپ، ياخشى-
لىشىش بىتىمى تۈزۈش ئۈچۈن لىيۇجىڭنى ھۇنلارغا ئەۋەتىدۇ.
شۇنىڭدىن كېيىن، خەن بېگى خەن شىن ھۇنلارنىڭ سەركەردىسى
سۈپىتىدە، جاۋلى، ۋاڭ خۇاڭلار بىلەن بىللە توختامغا خىلاپ ھالدا،
دەيجۈن، يۈنجۇڭ ۋىلايەتلىرىگە بىر نەچچە قېتىم باستۇرۇپ كىرىپ،
بۇلاڭچىلىق قىلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، چېن شى ئاسىيلىق قىلىپ،
خەن بېگى خەن شىن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، دەيجۈنگە ھۇجۇم
قىلغاچقا، خەن خاقانلىقى ئۇلارغا قارشى پەن كۇەينى ئەۋەتىپ،
دەيجۈن، يەنمېن، يۈنجۇڭ ۋىلايەتلىرىنى ناھىيىلىرى بىلەن قاي-
تۇرۇۋالىدۇ، لېكىن چېگرىنىڭ سىرتىغا چىقمايدۇ. بۇ چاغدا ھۇن-
لارغا خەن سەركەردىلىرى كۆپلەپ قېچىپ ئۆتۈپ تەسلىم بولۇپ
تۇرغانلىقتىن، باتۇر دەيجۈننىڭ يەرلىرىگە ھەمىشە تاجاۋۇز قىلىپ
تۇراتتى. خەن خاقانلىقى خەۋپ ئىچىدە قالغانىدى. گاۋدى يەنە لىيۇ-
جىڭنى ئەۋەتىپ، خان جەمەتىدىن بولغان بىر خانىشنى (قۇنچۇينى)
تەڭرىقۇتقا ئالچى قىلىپ بەردى. ھەر يىلى ھۇن ئېلىگە مەلۇم مىق-
داردا مەشۇت، يىپەك رەخت، ھاراق، گۈرۈچ ۋە باشقا ئوزۇق-
تۈلۈكلەرنى ئەۋەتىپ تۇردى. قۇدىلىشىش ئارقىلىق قېرىنداش-
لىق ئەھدىسى تۈزگەچكە، باتۇر ئۆزىنى بىر ئاز يىغىشتۇر-
غانىدى. كېيىن، يەن بېگى لۇۋەن ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۆز گۇرۇھە-
دىكى نەچچە مىڭ كىشى بىلەن ھۇنلارغا تەسلىم بولدى ۋە ھېمىشە
شاڭگۇنىڭ شەرقىغە پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇرىدىغان بولدى.

گاۋزۇ ئالەمدىن ئۆتۈپ، خۇيدى[4]، خان ئانا لۈتەيخۇۋ زامانىدا، خەن خاقانلىقى ئەمدىلا ئەسىن تاپقانلىقى ئۈچۈن، ھۇنلار كۆرەڭلەپ كېتىدۇ. باتۇر تەڭرىقۇت گاۋدىنىڭ خانىشىغا بولمىغۇر گەپلەر بىلەن مەكتۇپ يوللايدۇ. خانىش باتۇرغا قارشى ئۇرۇش قىلىش غەرىزىدە بولغان بولسىمۇ، سەركەردىلەر: «خاقان گاۋدى دانىشمەن، باتۇر تۇرۇقلۇق پىڭچېڭ شەھىرىدە مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغانىدى» دېيىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خانىش لۈخوۋ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ھۇنلار بىلەن يەنە قۇدىلىشىدۇ.

خاقان ۋېندى تەختكە چىقىشى بىلەنلا، قۇدىلىشىش ئىشىنى يېڭىۋاشتىن يولغا قويىدى. م.ب. 177 ــ يىلى (ۋېندىنىڭ ئۈچىنچى يىلى بەشىنچى ئايدا)، ھۇنلارنىڭ ئوڭ تۇغ قانى باستۇرۇپ كىرىپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىنى ئىشغال قىلدى. شاڭجۈن ۋىلايىتىگە بېسىپ كىرىپ، چېگرىنى قوغداۋاتقان بەدىۋى يات قەۋملەرنى بۇلاپ ـ تالاپ، خەلقىنى قىرغىن قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خاقان ۋېندى باش ۋەزىر گۇەن يىڭگە يارلىق بەردى. گۇەن يىڭ ھارۋا ـ ئاتلىق بولۇپ، 85000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن چىقىپ، گاۋنۇدا ئوڭ تۇغ قان بىلەن ئۇرۇشۇدۇ. ئوڭ تۇغ قان قېچىپ چېگرىدىن چىقىپ كېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ۋېندى تەييۈەنگە كەلگەنىدى، دەل شۇ پەيتتە، جىبېي بېگى (لىيۇ شىڭجۈ) ئىسيان كۆتەرگەچكە، ۋېندى پايتەختكە قايتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن باش ۋەزىر قوماندىسىدىكى ھۇنلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان قوشۇننى قايتۇرۇپ ئالىدۇ.

كېلەر يىلى (م.ب. 176 ـ يىلى) تەڭرىقۇت خەن خاقانىغا: «ھۇن ئېلىنىڭ تەڭرى قويغان ئۇلۇغ تەڭرىقۇتى ئېھتىرام بىلەن خاقانغا سالام يوللايدۇ. ئۆتكەندە خاقان ياخشىلىشىش ئىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىلە، بۇ مەكتۇبىمىدىكى پىكىرلەرگە ئۇيغۇن بولغاچقا، تەڭ خوشال بولغانىمىز. خەن خاقانلىقىنىڭ چېگرىدىكى ئەمەلدارى

ئوك تۇغ قاننى ھاقارەتلىگەن، ئوك تۇغ قان مەن تەگرىقۇتقا ئىلتى-
ماس قىلماستىن، ئىلبىك نانچى قاتارلىقلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە،
خەن خاقانلىقىنىڭ ئەمەلدارى بىلەن قارشىلاشقان. ئىككى ھۆكۈمە-
دارنىڭ ئەھدىگە خىلاپلىق قىلىپ، قېرىنداشلارچە تۇققانچىلىقىمىزنى
بۇزغان. خاقان قايتا-قايتا مەكتۇپ ئارقىلىق بىزنى ئەيىبلىدىلەر.
ئەلچى ئارقىلىق جاۋابىنى بەردىم. ئەلچىمىز قايتىپ كەلمىدى،
خەن خاقانلىقىمۇ ئەلچى ئەۋەتمىدى. شۇ سەۋەپتىن، خەن خاقان-
لىقى بىزدىن يامانلىدى. خوشنا ئەللەر ئۆز ئارا ئىتتىپاق ئۆتمەيدى-
غان بولۇپ قالدۇق، كىچىك بىر ئەمەلدارنىڭ ئەھدنى بۇزغانلىقى
ئارقىسىدا، ئوك تۇغ قاننى جازالاپ، ئۇنى غەربكە ياۋچىلار ئۇستىگە
ئۇرۇشقا ئەۋەتتىم، تەگرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن سىپاھ-بەگلەرنىڭ
خىل، ئاتلارنىڭ قاۋۇللۇقى ئارقىسىدا، ياۋچىلار تارمار قىلىندى،
قىرىپ تاشلاندى. قالغانلىرى ئەسىر ئېلىندى. روران[45]، ئۇيى-
سۇن[46]، ئوغۇز[47] ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى 26 ئەل تىنچىتىلدى.
ھەممىسى ھۇنلارغا تەۋە بولدى. بارچە ئوقيا تۇتقان خەلق بىر
ئائىلە بولۇپ ئۇيۇشتى. شىمالدىكى يەرلەرمۇ تىنچلاندى. ئەمدى
ئۇرۇشنى توختىتىپ، ئەسكەرلەرگە ئارام بېرىپ، ئاتلارنى بېقىش
نىيىتىدىمەن. ئۆتكەن ئىشلارنى تۈزىتىپ، بۇرۇنقى ئەھدىنامىنى
ئەسلىگە كەلتۈرسەك، چېگرىدىكى ئاھالىگە ئارام بەرسەك، قەدىم
زاماندىكىدەك ئۆسمۈرلەر ئۆسۈپ قىرانىغا يەتسە، قېرىلار ئۆز ماكان-
لىرىدا خاتىرجەم ياتسا، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقاتىنچ، خوشال-خورام
ئۆتسەك دەيمەن. خاقاننىڭ ئىرادىسىدىن بىخەۋەر بولغانلىقىم
ئۈچۈن، كىچىك ئىشىك ئاغىسى شىخۇرچان[48] ئارقىلىق مەكتۇپ
ئەۋەتتىم. بىر تۇياق تۆگە، ئىككى تۇياق مىنىدىغان ئات، سەككىز
تۇياق ھارۋا ئېتى ھەدىيە قىلدىم، قوبۇل قىلۇرلەر. خاقان جانابلىرى
ھۇنلارنىڭ چېگرىغا يېقىنلاشماسلىقىنى خالايدىغان بولسىلا، ئۇ

www.uyghurkitap.com

**مالدا، ئەمەلدار، پۇقرالىرىنىڭمۇ ئۆزلىرىنى چېكىدىن چەتكە** ئېلىشى توغرىسىدا يارلىق بېرىۋىلار. ئەلچى بارغان مابان قايتۇ-رۇۋلار» دەپ مەكتۇپ يازغانىدى. ئەلچى ئالتىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرى-لىرىدا شىنۋاڭغا(49) يېتىپ كېلىدۇ، مەكتۇپ تېگىشى بىلەن خەن خاقانى ئۇرۇشۇش ياكى ياخشىلىشىش توغرىسىدا ۋەزىرلىرىگە مەس-لىھەت سالىدۇ، ۋەزىرلەر ھەممىسى: «تەڭرىقۇت يېقىندا ياۋچىلارنى تارمار قىلىپ، غەلىبە ئۈستىگە غەلىبە قىلىۋاتىدۇ. ئۇرۇشۇپ يېڭەل-مەيمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۇنلارنىڭ زېمىنى سازلىق، شورتاڭ. ئۇنى ئالغان بىلەنمۇ ماكانلىشىشقا ئەپسىز، ياخشىلىشىش مۇۋاپىق» دېيىشىدۇ. خەن خاقانى بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل كۆرىدۇ.

م. ب. 174- يىلى (خاقان ۋېندى سەلتەنەت دەۋرىنىڭ ئالتىنچى يىلى) خەن خاقانى ھۇنلارغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ: «ھۇن ئېلىنىڭ ئۇلۇغ تەڭرىقۇتىغا خاقان ئېھتىرام بىلەن سالام يوللايدۇ، كىچىك ئىشك ئاغىسى شىخۇرچاندىن يوللىغان مەكتۇپلىرىدا: 'ئوڭ تۇغ قان تەڭرىقۇتقا مەلۇم قىلماستىن، ئېلىبېك نانچى قاتارلىقلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، ئىككى ھۆكۈمدارنىڭ ئەھدىگە خىلاپلىق قىلىپ، قېرىنداشلارچە تۇققانچىلىقىمىزنى بۇزغاچقا، خەن خاقانلىقى بىزدىن يامانلىدى. خوشنا ئەللەر ئۆز ئارا ئىتتىپاق ئۆتمەيدىغان بولۇپ قالدۇق. كىچىك بىر ئەمەلدارنىڭ ئەھدىنامىنى بۇزغانلىقى ئارقى-سىدا، ئوڭ تۇغ قاننى جازالاپ، ئۇنى غەربكە، ياۋچىلار ئۈستىگە ئۇرۇشقا ئەۋەتتىم. ياۋچىلار پۈتۈنلەي تارمار قىلىندى. خاھىشىم بولسا، ئۇرۇشنى يىغىشتۇرۇپ، قوشۇنغا ئارام بېرىش، ئاتلارنى ئاسراشتىن ئىبارەت. ئۆتكەن ئىشلارنى تۈزىتىپ، بۇرۇنقى ئەھدىنامىنى ئەسلىگە كەلتۈرسەك، چېگرا خەلقى تىنچلىقتا ئېرىشىپ، ئۇششاقلار ئۆسۈپ يېتىلسە، قېرىلار ئۆز ماكانلىرىدا خاتىرجەم ياتسا، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا تىنچ-خوشال-خورام ئۆتسەك، — دەپتۇرلەر. مەن بۇنىڭ ئۈچۈن

ئىنتايىن خوشالـمەن. قەدىمكى دانىشمەن ھۆكـۈمدارلارنىڭ ئىرادىسى ئەنە شۇ بولغان. خەن خاقانلىقى ھۇن ئېلى بىلەن قېرىنداشلىق ئەھدىنامىسى تۈزدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تەڭرىقۇتقا چوڭ سوغا ـ سالاملار ئەۋەتتى. ۋاھالەنكى، ئەھدىنامىگە خىلاپلىق قىلىپ، قېرىنداشلىق ـ تۇققانچىلىقنى بۇزغۇچىلار ھەر قاچان ھۇن ئېلى تەرەپتىن بولۇپ كەلدى. لېكىن ئۇ تۈگ قان ۋەقەسى ئۆتۈپ كەتكەن ئىش. تەڭرىقۇت ئۇنى ئارتۇقچە ئەيىبلىمىگەيلا. ئەمما تەڭرىقۇتنىڭ نىيىتى مەكتۇبىدەك بولىدىغان بولسا، ئەمەلدارلىرىغا ئەھدىنامىگە خىلاپلىق قىلماسلىق، ئىشەشلىك بولۇش ۋە تەڭرىقۇتنىڭ مەكتۇبىگە ئەمەل قىلىشنى ئۇچۇق جاكالىغاي. ئەلچى: «تەڭرىقۇت ئەللەر ئۈستىگە ئۆزى قوشۇن تارتىپ بېرىپ، ئۇرۇشلار قىلىپ، غەلىبىگە ئېرىشتى. جەڭ ـ جىدەللەرنىڭ جاپاسىنى ئىنتايىن تارتتى» دېدى. ئوتتۇرانچى بەگ يى (意)، جارچى بەگ جىيەن ئارقىلىق تەڭرىقۇتقا ئۆزەم كىيىدىغان بىر ياقىلىق شاھانە كىمخاپ تاشلىق، تاۋار ئەستەرلىك تون، بىر ياقىلىق كىمخاپ كەمزۇل، ئىككى ياقىلىق تاۋار تاش ئەستەرلىك تون، بىر تاغاق، بىر زەررىن كەمەر، بىر جۈپ زەر تۆگمە، ئون توپ كىمخاپ، 30 توپ تاۋار، 40 توپ قىزىل دۇردۇن، 40 توپ كۆك دۇردۇن ھەدىيە قىلدىم» دېيىلگەندى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، باتۇر ۋاپات بولدۇ. ئوغلى قايۇق (كىئوك)[50] تەختكە چىقدۇ. ئۇ ئاغا تەڭرىقۇت دەپ ئاتالغاندى.

ئاغا تەڭرىقۇت قايۇق تەختكە چىقىشى بىلەن خاقان ۋېندى يەنە خان جەمەتىدىن بولغان بىر خانىشنى (قۇنچۇينى) تەڭرىقۇتقا ئالچى قىلىپ ئەۋەتتى. خانىشنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن يەن بەگلىكىدىن بولغان مەھرەم جۇڭخاڭ يۆ[51] بەلگىلەنگەن بولسىمۇ،

جۇڭخاك يۆ بارغىلى ئۇنىمىغاچقا، خاقان ئۇنى مەجبۇرلايدۇ. جۇڭخاك يۆ: «مەن بارىدىغانلا بولسام، خەنگە ئاپەت بولىمەن» دەيدۇ. جۇڭخاك يۆ ھۇن ئېلىگە يېتىپ بېرىش بىلەنلا، تەڭرىقۇت تەرىپىگە ئۆتىدۇ، تەڭرىقۇت ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ.

باشتا ھۇنلار خەن خاقانلىقىنىڭ يىپەك، مەشۇت، ئوزۇق-تۈلۈكلىرىگە مۇسەخخەر بولۇپ كەتكەنىدى. جۇڭخاك يۆ: «ھۇن ئېلىنىڭ ئاھالىسى خەننىڭ بىر ۋىلايىتىچىلىك كەلمىسمۇ، ئۇلار خەنگە تايانماي، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك جەھەتتىن ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولغانلىقى ئۈچۈن قۇدرەت تاپالىدى. ئەمدىلىكتە، تەڭرىقۇت ئۆرپ-ئادىتىنى ئۆزگەرتىپ، خەندىن كېلىدىغان نەرسىلەرگە بېرىلىپ كېتىۋېتىپتۇ. خەندىن كېلىدىغان نەرسىلەر ئۇنىڭ ماددى بايلىقىنىڭ $\frac{2}{10}$ قىسمىدىن ئاشمايدۇ. لېكىن ئەھۋال مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا، ھۇن ئېلى ئاقىۋەت خەنگە بېقىنماي قالمايدۇ. بىز خەندىن ئالغان كىيىملەرنى كىيىپ توقايلىق ئىچىدە چېپىپ يۈرسەك، ئۇنىڭ بىر دەمدىلا جۇل-جۇل بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ خەندىن ئالغان يىپەك كىيىملەر ئۆزىمىزنىڭ تېرە كىيىملىرىدەك پۇختا ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. خەندىن ئالغان ئوزۇق-تۈلۈكلەر تاشلىۋېتىلدى. مانا بۇ، بۇ نەرسىلەرنىڭ سۈت-قايماقتەك لەززەتلىك ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ» دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، جۇڭخاك يۆ تەڭرىقۇتنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە ھۇنلارنىڭ ئاھالىسى، مال-ۋارانلىرىنى پۇختا تىزىملاش، ھېسابلاپ باج ئېلىشنى ئۆگىتىدۇ.

خەن خاقانلىقى تەڭرىقۇتقا بىرچى بىرسۈك ئۇزۇنلۇقتىكى تارشىغا پۈتۈلگەن مەكتۇپ ئەۋەتىدۇ. مەكتۇپتا: «خاقان ھۇن ئېلىنىڭ ئۇلۇغ تەڭرىقۇتىغا ئېھتىرام بىلەن سالام يوللايدۇ» دېيىلىپ، ئاندىن ئەۋەتىلگەن ھەدىيىلەر، دېيىلىدىغان سۆزلەر قەيت قىلىنغانىدى، جۇڭخاك يۆ تەڭرىقۇتتىن خەن خاقانىغا ئەۋەتىلىدىغان مەكتۇپنىڭ



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىرچى ئىككى سۇڭ تارشىغا يېزىلىشىنى، تامغا ۋە لىپاپىسىنىڭ چوڭ، ئۇزۇن بولۇشىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. مەكتۇپتا تەكەببۇرلۇق بىلەن: «ئاسمان-زېمىندىن تۇغۇلغان، قۇياش-ئاي تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھۇن ئېلىنىڭ ئۇلۇغ تەڭرىقۇتى خەن خاقانىغا ئېھتىرام بىلەن سالام يوللايدۇ» دېيىلىپ، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەۋەتىلگەن ھەدىيىلەر ۋە ئېيتىلىدىغان سۆزلەر يېزىلغانىدى.

خەن ئەلچىلىرىنىڭ بەزىلىرى: «ھۇنلاردا قېرىلىرىنى كەمسىتىش ئادىتى بارئىكەن» دېگەندە، جۇڭخاڭ يۆ خەن ئەلچىسىگە: «خەننىڭ ئادىتىچە، چېگرا قوغداش ئۈچۈن ھەربىي قىسىمغا كىرىپ، ئۆيىدىن ئايرىلغانلارغا قېرى تۇققانلىرى ئۆزنەپسىدىن كېچىپ، كىيىم-كېچەكىنىڭ قېلىنى، ئوزۇق-تۈلۈكىنىڭ ئوبدىنىنى بېرىدىغۇ؟» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. خەن ئەلچىسى: «راست»-دەيدۇ. جۇڭخاڭ يۆ: «ھۇنلارنىڭ جەڭگىۋارلىقنى كەسىپ قىلغانلىقى ھەممىگە ئايان. ئۇلارنىڭ قېرى-ئاجىزلىرى ئۇرۇشقا يارىمايدىغان بولغانلىقتىن، ئۆزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ئوزۇق-تۈلۈكىنىڭ ياخشىسىنى نەۋقىرانلىرىغا يېگۈزىدۇ. بۇ ئۆزىنى قوغدىغانلىق بولىدۇ. بۇ خۇددى ئاتا-بالىنىڭ بىر بىرىنى ئاسرايدىغانلىقىغا ئوخشايدۇ. بۇنى قانداقمۇ ھۇنلارنىڭ قېرىلارنى كەمسىتىشى دېگىلى بولسۇن؟» دەيدۇ. خەن ئەلچىسى: «ھۇنلاردا بىر كىگىز ئۆيدە ئاتا-بالا بىللە تۇرىدۇ. ئاتىسى ئۆلسە، ئوغلى ئۆگەي ئانىسىنى ئالىدۇ. ئاكىسى ئۆلسە، ئىنىسى ئاكىسىنىڭ خوتۇنىنى، ئىنىسى ئۆلسە، ئاكىسى ئىنىسىنىڭ خوتۇنىنى ئالىدۇ. ئۇلاردا زىننەتلىك كىيىم-كېچەكلەر بولمايدۇ، ئوردا ئەدەپ-قائىدىلىرىمۇ بولمايدۇ» دەيدۇ. جۇڭخاڭ يۆ: «ھۇنلاردا ئادەت شۇنداق. كىشىلەر چارۋا-ماللارنىڭ گۆشىنى يەپ، سۈتىنى ئىچىدۇ، تېرىسىنى كىيىم قىلىپ كىيىدۇ. چارۋا مال سۇ، ئوتقا مۇھتاج بولغانلىقتىن، ھۇنلارغا

ھەمىشە يۆتكىلىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇ سەۋەپتىن، ھۇنلار جىددى ۋەزىيەت تۇغۇلغاندا، ھەممە كىشى ئاتقا مىنىش، ئوقيا ئېتىشنى مەشق قىلىدۇ. ئازادە شارائىتتا بولسا، ھەممە خۇشال-خورام، خاتىرجەم كۈن ئۆتكۈزىدۇ. ھۇنلاردا قائىدە-يوسۇن ئاددى بولۇپ، بىر ئەلنىڭ ئىشى بىر كىشىنىڭ ئىشىغا ئوخشايدۇ. ھۇنلاردىكى ئاتىسى ئۆلسە، ئوغلى ئۆگەي ئانىسىنى ئالىدىغان، ئاكىسى ئۆلسە، ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئىنىسى، ئىنىسى ئۆلسە، ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئاكىسى ئالىدىغان ئادەتكە كەلسەك، ئۇلار نەسلىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن قورقىدۇ. دېمەك، ھۇنلاردا ئادەت-قائىدىلەر گەرچە قالايمىقان بولسىمۇ، لېكىن مۇقەررەر ھالدا نەسەبلىرىنى ساقلاپ قالىدۇ. ھازىر خەن خاقانلىقى شەكلەن قائىدە-يوسۇنلۇق بولۇپ، بالا ئۆگەي ئانىسىنى، ئۇكا يەڭگىسىنى خوتۇن قىلمىغىنى ئۈچۈن، قېرىنداشلار بارا-بارا بىر بىرىدىن يۈلۈنۈپ، يىراقلىشىپ، ئۆز ئارا قىرغىن قىلىشىدۇ. ئاقىۋەتتە، نەسەبمۇ ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ھەممىسىنىڭ ئەمەل قىلىدىغان قائىدىسى ئەنە شۇ. ئەدەپ-ئىنساپ ئۆزكۈچىنى يوقىتىپ، يۇقىرى بىلەن تۆۋەن ئۆز ئارا چىش بىلىشىپ، ئارازلىشىپ ئۆتىدۇ. ۋاھالەنكى، ئۆي-ئىمارەت، قەسىرى-ئايۋانلارنىڭ مۇستەھكەم بولۇشى، كىشىنىڭ كۈچ-غەيرىتىنى يوقىتىدۇ. دېھقان، ئوزۇقلىنىش ۋە كىيىم-كېچەك قىلىش يولىدا كۈچ سەرپ قىلىپ يەر تېرىيدۇ ۋە پىلە باقىدۇ. ئۆزىنى شەھەر-قەلئەلەر سېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاسرايدۇ. دېمەك، بۇ خەلق جىددى شارائىتتا يۈز بەرسە، ئۇرۇشقا يارىمايدۇ، كەڭ-كۇشادە شارائىتتا ئېرىشسە، ئىش بىلەن بولۇپ ھالىدىن كېتىدۇ. توپا تام ئىچىدە ياشىغۇچىلارنىڭ ھالىغا ۋاي! تولا-گەپنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ سۆزمەنلىك قىلىسىلەر، چىرايلىق كىيىنىپ غادىيىۋالىسىلەر، چىرايلىق كىيىم زادى نېمىگە يارىغان؟» دەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خەن ئەلچىلىرى مۇنازىرە قىلىشماقچى

بولسىلا، جۇڭخاڭ يۆ: «خەن ئەلچىلىرى! ئۇشۇق گەپ قىلماڭلار! خەن خاقانلىقىنىڭ ھۇنلارغا ئەۋەتكەن يىپەك، مەشۇت، گۈرۈچ، ھاراق ئىچىتقۇسى قاتارلىقلارنىڭ سانى تولۇق، سۈپىتى ئالى بولسىلا بولدى، نېمە تولا كاپشىيسىلەر! ئەۋەتكەن نەرسىلەر تولۇق، ياخشى بولسا، ئىشىنىڭ تۈگىگىنى شۇ! تولۇق، ياخشى بولمىسا، كۈزدە چەۋەندازلارنى ئەۋەتىپ، زىرائەتلىرىڭلارنى دەسسەپ-چەيلىۋېتىمىز» دەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، جۇڭخاڭ يۆ پايدا-زىياننى ئاڭقىرىش ھەققىدە تەڭرىقۇتقا كىچە-كۈندۈز تەربىيە بېرىدۇ.

م. ب. 166-يىلى (خەن خاقانى ۋېندى سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 14-يىلى) ھۇن تەڭرىقۇتى 140000 ئاتلىق قوشۇن بىلەن جۇنا، شياۋگۇەنلەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، بېيدى ۋىلايىتىنىڭ تۇتۇق بېگى سۇن ئاڭنى ئۆلتۈرىدۇ، نۇرغۇنلىغان خەلقنى ۋە ئۇلارنىڭ چارۋا-مال مۈلۈكلىرىنى بۇلاپ چىقىپ كېتىدۇ. ئاندىن پېڭياڭغا بېرىپ، زەرىدار قىسىملىرىنى خۇيجۇڭ(52) قەسىرىگە كىرگۈزۈپ، ئۇ يەرگە ئوت قويغۇزىدۇ، ھۇن ئاتلىق چارلىغۇچىلىرى يۇڭجوۋ ئايمىقىدىكى گەنچۈەنگە يېتىپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋېندى قارۇغ بەگ جوۋشې، ئىشىك ئاغىسى جاڭ ۋۇلارنى سەنگۈن تەيىنلەپ، 1000 ھارۋىلىق، 100000 ئاتلىق قوشۇن چىقىرىپ ۋە ئۇلارنى چاڭئەنىنىڭ يېنىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھۇنلارغا قارشى مۇداپىئە تەييارلىقى كۆرىدۇ. چاڭ بېگى لۇچىڭنى شاڭجۈن ۋىلايىتىگە، نىڭ بېگى ۋېي سۇنى بېيدى ۋىلايىتىگە، لۇڭلۇ بېگى جۇزاۋنى لۇڭشى ۋىلايىتىگە سەنگۈن قىلىپ تەيىنلەيدۇ، دۇڭياڭ(53) بېگى جاڭ شياڭرۇنى چوڭ سەنگۈنلۈككە، چېڭ بېگى دۇڭ چىنى ئالدىنقى سەنگۈنلۈككە(54) تەيىنلەپ، زور كۆلەمدە ھارۋىلىق ئاتلىق قوشۇنلار بىلەن ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ. تەڭرىقۇت چېگرا ئىچىدە بىر ئايدىن ئۇشۇق تۇرۇپ قايتىپ كېتىدۇ. خەن قوشۇنلىرى چېگرىغىچە قوغلاپ زەربە بېرىپ

www.uyghurkitap.com

قايتىدۇ. قىرغىنچىلىق بولمايدۇ. بارغانسېرى كۆرەڭلەپ كەتكەن ھۇنلار ھەر يىلى چېگرىغا باستۇرۇپ كىرىپ، نۇرغۇن خەلقنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە چارۋا ماللارنى بۇلاپ كېتىدۇ. خەلقنى قىرىش ۋە تۇتقۇن قىلىش، چارۋا-ماللارنى، مال-مۈلۈكلەرنى بۇلاپ ئېلىپ كېتىش ھادىسىسى، بولۇپمۇ، يۈنجۇڭ، لياۋدۇڭلاردا كۆپ سادىر بولۇپ تۇرىدۇ، دەيجۈن ۋىلايىتىدىلا 10000 دىن ئوشۇق ئادەم ئۆلتۈرۈلىدۇ ۋە تالان-تاراج قىلىنىدۇ. ئاپەت ئىچىدە قالغان خەن خاقانلىقى يەنە ئەلچى ئارقىلىق ھۇنلارغا مەكتۇپ يوللايدۇ. تەڭرىقۇتمۇ تۇتۇن بېگنى ئەۋەتىپ جاۋاب مەكتۇپ يوللايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياخشىلىشىش ئىشى يەنە تەكرار ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 162-يىلى (خاقان ۋېندى سەلتەنەت دەۋرى خوۋيۇەننىڭ ئىككىنچى يىلى) خەن خاقانى ۋېندى ئەلچى ئارقىلىق ھۇنلارغا ئەۋەتكەن مەكتۇبىدا: «خاقان ھۇن ئۇلۇغ تەڭرىقۇتىغا سالام يوللايدۇ. تۇتۇن بېگى قۇتقۇ دېۋچۇنان[45] نۆكەر بەگ خەن لياۋ (韩辽)لار ئارقىلىق ماڭا ھەدىيە قىلىپ ئەۋەتكەن ئىككى تۇياق ئات يېتىپ كەلدى. قوبۇل قىلىپ خۇرسەن بولدۇم. بۇرۇن ئۆتكەن خاقانلارنىڭ تۈزۈمى بويىچە، سەددىچىننىڭ شىمالىدىكى ئوقيالىقلار ئەللىرى تەڭرىقۇتقا تەۋە بولۇشى، سەددىچىننىڭ ئىچىدىكى بۆك كىيىپ كەمەر باغلايدىغان ئاھالە مېنىڭ ئىدارەمدە بولۇشى كېرەك ئىدى. پۈتۈن خەلقنىڭ دېھقانچىلىق، توقۇمىچىلىق، ئوۋچىلىق قىلىپ، كىيىم-كېچەك، ئوزۇق-تۈلۈكلىرىنى تەييارلاپ، ئاتا-بالىدىن ئايرىلماسلىقى، پادىشا-ۋەزىرلەر ئۆز ئارا ئەمىن بولۇشلىرى، ئىككىلا تەرەپ بىر بىرىگە دەخلى-تەرۇز قىلماسلىقلىرى لازىم ئىدى. ھازىر ئاڭلىشىمچە، بۇزۇق ئادەملەر شەخسى مەنپەئەتلىرى تۈپەيلىدىن ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، سۈلھ شەرتنامىلىرىنى بۇزۇپ، ئومۇمى خەلقنىڭ تەقدىرىنى ئۇنۇتۇپ، ئىككى خاقاننىڭ

مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سىلىپتۇ. ئەمما بۇ ئىش ئۆتۈپ كەتتى،
مەكتۇپلىرىدە: «ئىككى دۆلەت ياخشىلاشتۇق. ئىككى دۆلەتنىڭ
خاقانلىرى ناھايىتى ئىناق ئۆتۈۋاتىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەربى
ھەرىكەتلەرنى توختىتىپ، ئەسكەرلىرىمىزنى دەم ئالدۇرۇ-
شىمىز، ئۈزۈن زامانلارغىچە قۇدرەتلىك، بەختلىك بولۇپ
ياشىشىمىز، قايتىدىن خاتىرجەم بىر ۋەزىيەت يارىتىشىمىز لازىم»
دېيىلىپتۇ، بۇ تەكلىپلىرىنى ئىنتايىن قارشى ئالىمەن. دانىشمەنلەر
ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىشى، قىرىلارنى دەم ئالدۇرۇشى، ئۆسمۈر-
لەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشى لازىمكى، ھەممە تاكى قىرىپ
ئۆلگەنگە قەدەر تىنچ-ئامان ياشىسۇن. مەن ۋە تەڭرىقۇت مۇشۇ
يولنى بويلاپ مېڭىشىمىز، تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە ئەمەل قىلىپ،
خەلقنى ئاسرىشىمىز، زامان-زامانلارغىچە بو يولدا قەتئى چىڭ
تۇرۇشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئەلدە ئوكۇشلۇق بولىدۇ.
خەن خاقانلىقى بىلەن ھۇن ئېلى خوشنا بولغان تەڭ دەرىجىلىك
دۆلەتلەر بولۇپ، ھۇنلار شىمالىي رايونغا جايلاشقان. كىلىماتى
سوغۇق. بالدۇر ئۈشۈشۈك چۈشۈدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەڭرىقۇت
جانابىلىرىغا ئاقىقوناق، شاراپ، ئالتۇن-كۈمۈش، تاۋار-دۇردۇن،
يىپەك، پاختا ۋە باشقا بۇيۇملار ئەۋەتىش توغرىسىدا ئەمەلدار-
لىرىمغا يارلىق چۈشۈردۈم. ھەرىيىلى بەلگىلەنگەن مىقدار بويىچە
ئەۋەتىپ تۇرۇلىدۇ. بۈگۈن ئەل ئامان، خەلق شادمان ياشاۋاتىدۇ.
مەن ۋە تەڭرىقۇت ئۇلارنىڭ ئاتىسى بولۇشىمىز لازىم. مەن ئۆتمۈش-
تىكى ئىشلارنى ئەسلىدىم. بەزى ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار ھەم
ۋەزىر-ۋۇزرالارنىڭ خاتا پىلانلىرى تۈپەيلى، ئىككىمىزنىڭ مۇناسى-
ۋىتى يىرىكلەشتى. ئاڭلىشىمچە، ئاسماندىكى قۇياش بىر تەرەپنىلا
يورۇتماسمىش. زېمىن بولسا، قىسمەن رايوننىلا باقماسمىش. مەن
ۋە تەڭرىقۇت ئۆتۈپ كەتكەن كىچىك ئىشلارنى ئۇنۇتۇپ، تىنچ ۋە

خاتىرجەم بولغان ياخشىلىشىشتىن ئىبارەت داغدام يول بىلەن مېڭىپ، ئارازلىقلارنى تاشلاپ، ئۇزۇن مۇددەتلىك تىنچلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىككى دۆلەت خەلقىنى بىر ئائىلىنىڭ پەرزەنتلىرىدەك قىلىشىمىز لازىم. ئاقكۆكۈل خەلق، شۇنىڭدەك، تۆۋەندە بېلىق، تاشپاقىلار، يۇقىرىدا ئۇچار قۇشلار، ئومۇمەن، پۇتلىرى بىلەن ماڭىدىغان، ئاغزى بىلەن نەپەس ئالىدىغان ھاشارەتلەر، سازاڭ قۇرۇتلارغا ئوخشاش مەخلۇقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك، بالا-قازادىن خالى بولغان تىنچ ھايات تەلەپ قىلىشىدۇ. شۇڭلاشقا، بىزنىڭ مۇناسىۋەتتىمىز بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق راۋاجلىنىپ بارىدۇ. بۇ ئىلاھى قانۇنىيەتتۇر. ئىككىلا تەرەپ ئۆتمۈشتىكى ئىشلەش ئۇسۇلىمىزنى ئۆزگەرتەيلى. قېچىپ كەلگەنلەر بىلەن ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرىمەن. تەڭرىقۇت جاناپلىرى جانەر[55] قاتارلىقلارنى سۈرۈشتە قىلمىغايلار. ئاڭلىشىمچە، قەدىمكى خاقانلار قىلغان ئەھدىسىگە خىلاپلىق قىلماس ئىكەن. تەڭرىقۇت جانابلىرى ۋەدىلىرىدە چىڭ تۇرالىسىلا، ئەل ئامان بولاتتى. ياخشىلاشقىنىمىزدىن كېيىن، خەن خاقانلىقى تەرەپ ھەرگىز ئىتتىپاقلىق ئەھدىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ. تەڭرىقۇت جانابىلىرى كۆزىتىپ كۆرۈرلەر» دەپ يازغانىدى.

تەڭرىقۇت ياخشىلىشىش ئەھدى تۈزگەچكە، خاقان تەپتىش بېگىگە: «ھۇن ئۇلۇغ تەڭرىقۇتى ماڭا يازغان مەكتۇبىدا: ‹ياخشىلىشىش ئەھدى تۈزۈلدى› دەپتۇ. قاچقۇنلارنى قوبۇل قىلىش بىلەن ئاھالىنى كۆپەيتكىلى، يەر ئاچقىلى بولمايدۇ. مۇندىن كېيىن، ھۇنلار چېگرا قورۇللىرىغا باستۇرۇپ كىرمەيدۇ. خەنلىكلەرمۇ قورۇلدىن چىقمايدۇ. بۈگۈنكى ئىتتىپاقلىق ئەھدىسىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ. بۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك ياخشىلىنىشقا، يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا، ئىككى تەرەپنىڭ ھەممىسىگە پايدىلىق بولىدۇ. مەن قوشۇلدۇم. ئېلانلار چىقىرىپ،

پۈتۈن مەملىكەتكە بىلدۈرۈلسۇن!» دەپ يارلىق چۈشۈرىدۇ.
تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئاغا تەڭرىقۇت قايۇق ئۆلىدۇ. ئورنىغا ئوغلى كۈن سىلاددىن بۈرۈنكى (老上单于稽粥) 161 ـ يىلى تەڭرىقۇت بولىدۇ. خاقان ۋېندى هۇنلار بىلەن ئىناق ئۆتىدۇ. ئەمما بۇ ۋاقىتدا، جۇڭخاڭ يۆ قايتىدىن ئىشەنچكە ئىگە بولغانىدى.
كۈن تەڭرىقۇت تەختكە چىقىپ تۆتىنچى يىلى، هۇنلار يەنە ئىناق مۇناسىۋەتنى بۇزۇپ، يۈنجۇڭ، شاڭجۈن ۋىلايەتلىرىگە ئايرىم هالدا 30000 دىن ئاتلىق قوشۇن بىلەن باستۇرۇپ كىرىپ، زور كۆلەمدە قىرغىن قىلىپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ چىقىپ كېتىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن خەن خاقانلىقى بېيدى، دەيجۈننىڭ گوۋجۇ، جاۋ بەگلىكى زېمىنى فېيخۇكوۋلارغا ئايرىم ـ ئايرىم هالدا قوشۇن بىلەن ئۈچ سەنگۈن تۇرغۇزىدۇ. چېگرا بويلىرىغىمۇ قوشۇن ئەۋەتىپ، هۇنلارنىڭ تاجاۋۇزى ـ پاراكەندىچىلىكىدىن قاتتىق مۇداپىئە كۆرىدۇ. بۇندىن باشقا، ئۈچ نەپەر سەنگۈننى قوشۇنلىرى بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم هالدا چاڭئەننىڭ غەربىدىكى شىلىيۇ، ۋېيشۈي (渭水) دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى جىمېن قاتارلىق هەمدە باشاڭلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، هۇنلاردىن مۇداپىئە كۆرىدۇ. هۇن چەۋەندازلىرى دەيجۈندىكى گوۋجۇنىڭ چېگرىلىرىغا باستۇرۇپ كىرگەچكە، بەلگە ئوتلىرى توغرا گەنچۈەن، چاڭئەنلەرگە يېتىپ كېلىدۇ. بىر نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، خەن قوشۇنلىرى چېگرىلارغا يېتىپ كېلىشى بىلەن هۇنلار قورۇلدىن يىراقلارغا كېتىپ قالىدۇ. خەن قوشۇنلىرىمۇ قايتىدۇ. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، خاقان ۋېندى ئۆلۈپ (م. ب. 156 ـ يىلى)، جىڭدى خاقان بولىدۇ. جاۋ بېگى لىيۇ سۈي[56] مەخپىي رەۋىشتە هۇنلارغا كىشى ئەۋەتىدۇ. ۋۇ، چۇ بەگلىكلىرى ئىسيان كۆتىرىدۇ ۋە جاۋ بەگلىكى بىلەن بىرلىكتە چېگرىدىن

باستۇرۇپ كىرىشنى پىلانلايدۇ. خەن خاقانلىقى جاۋ بەگلىكىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ تار-مار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھۇنلارمۇ توختاپ قالىدۇ. مانا شۇنىڭدىن كېيىن، خاقان جىڭدى ھۇنلار بىلەن بولغان ئىناق مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، بازارلارنى ئېچىپ بېرىدۇ. ھۇنلارغا سوغا-سالام ئەۋەتىپ، بۇرۇنقى توختام بويىچە، خانىشىكە (قۇنچۇي) ئەۋەتىدۇ. ئومۇمەن، خاقان جىڭدى زامانىدا، ھۇنلار ئاندا-ساندا چېگرىلارغا ھۇجۇم قىلىپ، بۇلاڭچىلىق قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، چوڭ كۆلەمدە چېگرىدىن باستۇرۇپ كىرىش ھادىسىلىرى بولمىغاندى.

خەن ۋۇدى تەختكە چىقىشى بىلەن، ياخشىلىنىش ئەھدىنامىسىنى تەكىتلەپ، ھۇنلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ، بازارلارنى ئېچىپ بېرىپ، سېخىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ھۇنلار ئىلىدە تەگرىقۇتتىن تارتىپ تۆۋەندىكىلەرگىچە ھەممىسى خەنگە خۇشتار بولۇپ، سەددىچىننىڭ ياقىسىغا بېرىپ-كېلىپ تۇرىدىغان بولىدۇ.

خەن خاقانلىقى مايىلىق نىپ يى ناملىق بۇۋاينى مەنئى قىلىنغان ماللارنى ئېلىپ بېرىپ، ھۇنلار بىلەن سودىلىشىشقا ئەۋەتىدۇ. نىپ يى بۇۋاي مايى شەھىرىنى تەگرىقۇتقا سېتىپ بېرىدىغان ساختا قىياپەت بىلەن ھۇن تەگرىقۇتنى مايى شەھىرىگە جەلپ قىلىدۇ. نىپ يى بۇۋايغا ئىشەنگەن ۋە مايى شەھىرىنىڭ بايلىقىغا قىزىققان تەگرىقۇت 100000 چەۋەنداز بىلەن ۋۇجوۋ[57] قەلئەسىدىن بېسىپ كىرىدۇ. خەن خاقانلىقى مايى شەھىرىنىڭ يېنىدا 300000دىن ئوشۇق قوشۇننى مۆكتۈرۈپ قويغانىدى. بۇ قوشۇنغا باش تەپتىش بېگى خەن ئەنگو قوشۇن مۇھاپىزەتچى سەنگۇنى بولىدۇ. خەن ئەنگونىڭ قارىمىقىدىكى تۆت سەنگۇن تەگرىقۇتنى كۈتۈپ مۆكۈپ ياتىدۇ. خەن خاقانلىقى چېگرىسىدىن ئۆتۈپ مايى شەھىرىگە قاراپ كېلىۋاتقان تەگرىقۇت مايى شەھىرىگە 100 چاقىرىمدىن ئوشۇقراق

قالغاندا، پۈتكۈل دالانى قاپلاپ كەتكەن ھېسابسىز چارۋا ـ ماللارنى كۆرىدۇ. لېكىن ئۇلارنى باققۇچى چوپانلىرى كۆرۈنمەيدۇ. ئەجەپ-لەنگەن تەگرىقۇت قاراۋۇلخانىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا، يەنىمىنىڭ كۆزەتچى بېگى دۈشمەننى كۆرۈپ قېلىپ، قاراۋۇلخانىغا يوشۇرۇنىدۇ. تەگرىقۇت خەن قوشۇنىنىڭ پىلانىنى بىلىدىغان كۆزەتچى بەگنى تۇتىدۇ ۋە ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. كۆزەتچى بەگ خەن قوشۇنلىرىنىڭ مۆكۈپ ياتقان جايىنى تەگرىقۇتقا ئېيتىپ بېرىدۇ. چۆچۈپ كەتكەن تەگرىقۇت: «مەنمۇ شۇنداق گۇمان قىلغا-نىدىم» دەيدۇ ۋە قوشۇننى باشلاپ ئارقىغا يانىدۇ. چېگرىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ: «تەگرىگە شۈكرى! كۆزەتچى بەگنى قولغا چۈشۈرۈپتىمەن. تەگرى ئۇنىڭغا راستىنى ئېيتقۇزدى» دەيدۇ. تەگرىقۇت كۆزەتچى بەگكە «خۇدا بەردى بەگ» دەپ نام بېرىدۇ. خەن قوشۇنلىرى تەگرىقۇت مايىغا كېلىشى بىلەنلا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ كۈتۈپ ياتقان بولسىمۇ، تەگرىقۇت يېتىپ كەلمىگەچكە، ئۇلار ھېچنىمىگە ئېرىشەلمەيدۇ. خەن سەنگۇنى ۋاڭ خۇي ئۆز قىسىملىرى بىلەن دەيجۈن ۋىلايىتىدىن يۈرۈشكە چىقىپ، ھۇنلارنىڭ تەمىنات، نەقلىيات قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولسىمۇ، لېكىن تەگرىقۇتنىڭ قايتىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى ئاڭلاپ ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. خەن ۋۇدى: «بۇ پىلاننى ئەسلىدە ۋاڭ خۇي ئوتتۇرىغا قويغانىدى. لېكىن ئۆزى ھۇجۇمغا چىقمىدى» دەپ قاراپ، ۋاڭ خۇيغا ئۆلۈم جازاسى بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەن ھۇنلار داۋاملىق يول توساپ، قەلئەلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، چېگرىغا باستۇرۇپ كىرىپ، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ تۇرىدۇ. لېكىن ھۇنلار ئاچكۆز بولۇپ، ئەزەلدىن ئۆتكەل بازارلىرىغا ئامراق ئىدى. خەن خاقانلىقىنىڭ مال-بۇيۇملىرىنى ياخشى كۆرەتتى. خەن خاقانلىقى ھۇنلارغا بازار قىلىپ بېرىپ

قىلتاقتا چۇشۇرەتتى،

مايى ۋەقەسى ئۆتۈپ بەش يىلدىن كېيىن، كۈز پەسلىدە خەن خاقانلىقى تۆت سەنگۈننى ھەر بىرىگە 10000دىن چەۋەنداز بېرىپ، سودا بازارلىرىدا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. ۋېيچىڭ سەنگۈن شاڭگۇدىن چىقىپ لۇڭچېڭ شەھىرىگە بېرىپ، ھۇنلاردىن 700 كىشىنى ئۆلتۈرۈپ ئەسىر ئالىدۇ. گۇڭسۇن خې[58] يۈنجۇڭ ۋىلايىتىدىن چىقىپ، ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. گۇڭسۇن ئاۋ[59] دەيجۈن ۋىلايىتىدىن چىقىپ، ھۇنلاردىن يېڭىلىپ، 7000دىن ئۇشۇق كىشىنى تالاپەت بېرىدۇ. يەنمېندىن چىققان لى گۇاڭ ھۇنلاردىن مەغلۇپ بولۇپ، تىرىك قولغا چۇشۇپ قالىدۇ. كېيىن قېچىپ قۇتۇلۇپ كېلىدۇ. خەن خاقانلىقى گۇڭسۇن ئاۋ، لى گۇاڭلارنى قامايدۇ. گۇڭسۇن ئاۋ بىلەن لى گۇاڭ پۇل تۆلەپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاددى پۇقراغا ئايلاندۇرۇلىدۇ. شۇ يىلى قىشتا، ھۇنلار بىر نەچچە قېتىم چېگرىدىن باستۇرۇپ كىرىپ. بۇلاڭ-تالاڭ قىلىدۇ. بولۇپمۇ يۈياڭ قاتتىق بۇلاڭ-تالاڭغا ئۇچرايدۇ. خەن خاقانلىقى سەنگۈن خەن ئەنگونى قوشۇن بىلەن يۈياڭدا تۇرغۇزۇپ، ھۇنلاردىن مۇداپىئە كۆرىدۇ. ئىككىنچى يىلى كۈزدە ھۇنلار 20000 چەۋەنداز بىلەن خەن خاقانلىقىغا باستۇرۇپ كىرىپ. لياۋشى ۋىلايىتىنىڭ قوشېيگىنى ئۆلتۈرۈپ. ئىككى مىڭدىن ئۇشۇق كىشىنى تۇتۇپ كېتىدۇ. ھۇنلار يەنە يۈياڭغا باستۇرۇپ كىرىپ. يۈياڭ قوشۇنىدىن 1000 دىن ئارتۇق كىشىنى مەغلۇپ قىلىدۇ. سەنگۈن خەن ئەنگو مۇھاسىرىگە چۇشۇپ قېلىپ. 1000دىن ئۇشۇق ئاتلىق قوشۇنى قىرىلىپ تۈگەي دەپ قالغاندا. يەن بەگلىكىدىن ياردەمچى قوشۇن كېلىپ قالغاچقا، ھۇنلار مۇھاسىرىنى بوشىتىدۇ. ھۇنلار يەنە يەنمېنگە باستۇرۇپ كىرىپ، مىڭدىن ئۇشۇق ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ ۋە تۇتۇپ كېتىدۇ. خەن خاقانلىقى يەنمېندىن ۋېيچىڭ سەنگۈن باشچىلىقىدا 30000

چەۋەنداز چىقىرىپ، ھۇنلار بىلەن ئۇرۇشىدۇ. لى شى[60] دەيجۇن-دىن چىقىپ، ھۇنلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ، دۈشمەننىڭ نەچچە مىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئەسىر ئالىدۇ. ئىككىنچى يىلى، ۋېي چىڭ سەنگۇن يەنە غەربكە يۈرۈش قىلىپ، يۈنجۇڭدىن لۇڭشىغا بارىدۇ. ھۇنلارنىڭ لۇفەن، بەيان خانلىرى بىلەن خۇاڭخې دەريا-سىنىڭ جەنۇبىدا ئۇرۇش قىلىپ، دۈشمەننىڭ نەچچە مىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئەسىر ئالىدۇ. مىليوندىن ئوشۇق قوي-كالا ئولجىغا چۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەن خاقانلىقى دەريانىڭ جەنۇبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇ يەردە شو فاڭ شەھىرىنى سالدۇرىدۇ. قەدىمكى چىن خاقانلىقى زامانىدىكى مېڭ تيەن بىنا قىلغان قەلئەلەرنى قايتىدىن ئىسلاھ قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، خۇاڭخې دەرياسىنى بويلاپ مۇداپىئە كۆرۈلىدۇ. شاڭگۇ ۋىلايىتىنىڭ ياقا ناھىيىسىگە تەۋە زاۋياڭ دېگەن جاي ھۇنلارغا تاشلاپ بېرىلىدۇ. بۇ، م. ب. 127-يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ ئىككىنچى يىلى) ئىدى.

كېيىنكى قىشتا، ھۇن ئېلىنىڭ تەڭرىقۇتى كۈن ئۆلىدۇ. كۈن تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى سول قول قان ئىچىغسە ئۆزىنى تەڭرىقۇت ئېلان قىلىپ، كۈن تەڭرىقۇتنىڭ ۋەلىئەھدى يۈتان ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ، ئۇنى تارمار كەلتۈرىدۇ. يۈتان خەن خاقانلىقىغا قېچىپ كېلىپ تەسلىم بولىدۇ. خەن خاقانلىقى يۈتاننى شېئەن بېگى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ئۇ بىر نەچچە ئايدىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىدۇ.

ئىچىغسە تەڭرىقۇت تەختكە چىققان يىلى يازدا، ھۇنلارنىڭ نەچچە ئون مىڭ ئاتلىق قوشۇنى دەيجۈن ۋىلايىتىگە باستۇرۇپ كىرىپ، قۇشبېگى گۇڭ يوۋنى ئۆلتۈرۈپ، 1000دىن ئوشۇق كىشىنى تۇتۇپ كېتىدۇ. كۈزدە ھۇنلار يەنە يەنمېنگە باستۇرۇپ كىرىپ، 1000دىن ئارتۇق كىشىنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئەسىر ئالىدۇ. ئىككىنچى يىلى[61] ھۇنلار يەنە دەيجۈن، دىڭشياڭ، شاڭجۈن ۋىلايەتلىرىنىڭ ھەر بىرىگە

www.uyghurkitap.com

30000 چەۋەنداز بىلەن باستۇرۇپ كىرىپ، نەچچە مىڭلىغان كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، تۇتۇپ كېتىدۇ. ھۇنلارنىڭ ئۇك تۇغ قانى خەن خاقان-لىقىنىڭ خېنەندىكى (دەريانىڭ جەنۇبىدىكى) يەرلەرنى تارتىۋالغان-لىقى ۋە شوفاڭ شەھىرىنى سالغانلىقىغا ئۆچمەنلىك قىلىپ، چېگرا جايلارغا بىر نەچچە قېتىم باستۇرۇپ كىرىپ، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىدۇ. يەنە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا باستۇرۇپ كىرىپ، شوفاڭ شەھىرىگە پاراكەندىچىلىك سالىدۇ. نۇرغۇنلىغان ئەمەلدار ۋە ئاھالىنى ئۆلتۈرۈپ، ئەسىر ئالىدۇ. ئىككىنچى يىلى (م. ب. 124-يىلى، خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ بەشىنچى يىلى) ئەتىيازدا، ۋېي چىڭ چوڭ سەنگۈنلۈككە تەيىنلىنىپ، ئالتە سەنگۈن ۋە 100000 دىن ئارتۇق قوشۇن بىلەن شوفاڭ، گاۋچۆدىن چىقىپ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇك تۇغ قان: «خەن قوشۇنلىرى يېتىپ كېلەلمەيدۇ» دېگەن پەرەز بىلەن ھاراق-شاراپ ئىچىپ، مەست بولۇپ ياتقان بىر پەيتتە، خەن قوشۇنلىرى قورۇلدىن چىقىپ، ئالتە-يەتتە يۈز چاقىرىم يول مېڭىپ، كېچىدە ئۇك تۇغ قانىنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. چۆچۈپ كەتكەن ئۇك تۇغ قان ئۆزىلا قېچىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ھەر قاچان يېنىدا بولىدىغان خىل چەۋەندازلىرى ئارقىدىن بارىدۇ. خەن قوشۇنلىرى ئۇك تۇغ قانغا تەۋە ئەر-ئايال بولۇپ، 15000 ئادەم ۋە 10 نەچچە كىچىك خاننى قولغا چۈشۈرۈ-ۋالىدۇ. شۇ يىلى كۈزدە، ھۇنلار 10000دىن ئوشۇق چەۋەنداز بىلەن دەيجۈنگە باستۇرۇپ كىرىپ، دەيجۈن ۋىلايىتىنىڭ تۇتۇق بېگى جۇ يىڭنى ئۆلتۈرىدۇ. مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى تۇتۇپ كېتىدۇ.

ئىككىنچى يىلى (م. ب. 123-يىلى، خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ ئالتىنچى يىلى) ئەتىيازدا، خەن خاقانى يەنە چوڭ سەنگۈن ۋېي-چىڭنى ئالتە سەنگۈن 100000دىن ئوشۇق چەۋەنداز بىلەن يۈرۈشكە چىقىرىدۇ. ئۇلار يەنە دىڭشياڭدىن

چىقىپ، نەچچە 100 چاقىرىم يۇرۇپ ھۇنلار بىلەن ئۇرۇشىدۇ. ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، ئومۇمەن دۈشمەننىڭ 19000دىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئەسىر ئالىدۇ. ئەمما خەن قوشۇنلىرىمۇ ئىككى سەنگۈن ۋە 2000دىن ئارتۇق چەۋەنداز چىقىم بىرىدۇ. ئوڭ سەنگۈن سۇجيەن[62] ئۆز جېنىنى ئاران قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ. ئالدىنچى سەنگۈن يابغۇ جاۋسۇن ئۇرۇشتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، ھۇنلارغا تەسلىم بولىدۇ. جاۋسۇن ئەسلىدە ھۇنلارنىڭ كىچىك خانلىرىدىن بىرى بولۇپ، خەنگە تەسلىم بولغانىدى. خەن خاقانلىقى ئۇنى يابغۇ قىلىپ تەيىنلىگەن. ئۇ ئالدىنچى سەنگۈن بولۇپ، ئوڭ سەنگۈن سۇجيەن ئەسكەرلىرىگە قوشۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئايرىم يول بىلەن ماڭغانىدى. تەڭرىقۇت قوشۇنلىرىغا ئۇچراپ قالغاچقا، بارلىق قوشۇنى نابۇت بولىدۇ. يابغۇنى قولغا چۈشۈرۈۋالغان تەڭرىقۇت ئۇنى نائىپ قىلىۋالىدۇ. ئۆز ھەدىسىنى بىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە خەنگە تاقابىل تۇرۇش پىلانىنى تۈزىدۇ. جاۋسۇن تەڭرىقۇتقا، قۇملۇقنىڭ شىمالىغا يىراق يەرلەرگە چېكىنىش، خەن قوشۇنلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ چارچىتىش، ئاندىن تارمار قىلىش، قورۇلغا يېقىن بارماسلىق توغرىسىدا مەسلىھەت بىرىدۇ. تەڭرىقۇت ئۇنىڭ پىلانىغا قوشۇلىدۇ. كېيىنكى يىلى ھۇنلارنىڭ 10000 ئاتلىق قوشۇنى شاڭگۇغا باستۇرۇپ كىرىپ، يۈزلىگەن كىشىنى ئۆلتۈرىدۇ.

كېيىنكى يىلى (م. ب. 121-يىلى، خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشوۋنىڭ ئىككىنچى يىلى) ئەتىيازدا، خەن خاقانلىقى قىران چەۋەنداز سەنگۈن خوچۈبىڭ باشچىلىقىدا 10000 ئاتلىق قوشۇنىنى يۇرۇشكە چىقىرىدۇ. خوچۈبىڭ لۇڭشىدىن چىقىپ، يەنجى[63] تېغىدىن ئۆتۈپ، 1000 چاقىرىمدىن ئارتۇق ئىلگىرىلەپ بىرىپ، ھۇنلار بىلەن ئۇرۇشىدۇ. دۈشمەننىڭ 18000دىن ئوشۇق ئاتلىق ئەسكىرى ئەسىر ئېلىنىدۇ، ئۆلتۈرۈلىدۇ. شۇتۇق قاننىڭ[64] تېۋىند-

www.uyghurkitap.com

دىغان ئالتۇن بۆتى قولغا چۈشۈرۈلدۇ. شۇ يىلى يازدا، قىران چەۋەنداز سەنگۈن يەنە ھەمدەملەشكۈچى بەگ گۇڭسۇن ئاۋ بىلەن بىرلىكتە نەچچە تۈمەن ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ، لۇڭشى، بېيدى ۋىلايەتلىرىدىن چىقىپ، 2000 يول مۇساپە بېسىپ، ھۇنلار بىلەن ئۇرۇشدۇ. جۈيەندىن ئۆتۈپ، چىليەن تېغىغا ھۇجۇم قىلىپ، ھۇنلارنىڭ 30000 دىن ئوشۇق ئادىمىنى ئۆلتۈردۇ ۋە ئەسىر ئالدۇ. كىچىك خان ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئەمەلدارلار بولۇپ، 70 كىشىنى قولغا چۈشۈردۇ. شۇ پەيتلەردە، ھۇنلارمۇ دەيجۈن، يەنمېن ۋىلايەتلىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ، نەچچە يۈزلىگەن كىشىنى ئۆلتۈردۇ ۋە تۇتۇپ كېتىدۇ. خەن خاقانلىقى بىلگە تۆرە جاڭ چيەن ۋە سەنگۈن لى گۇاڭنى يۇرۇشكە بۇيرۇيدۇ. ئۇلار يوۋ بېيپىڭدىن چىقىپ، ھۇنلارنىڭ سول تۇغ قانى بىلەن ئۇرۇشدۇ. سول تۇغ قان لى گۇاڭ سەنگۈننى 4000 دەك ئادىمى بىلەن قورشاپ ئالغاچقا، ھەممىسى تۇگەشكە تاس قالىدۇ. ھۇنلار بولسا، بۇلاردىن كۆپرەك چىقىم تارتىدۇ. دەل شۇ پەيتتە بىلگە تۆرە جاڭ چيەننىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرى يېتىپ كېلىپ، لى گۇاڭ سەنگۈننى قۇتۇلدۇرۇپ ئالدۇ. لېكىن خەن قوشۇنلىرى نەچچە مىڭلاپ كىشى تەلاپەت بېرىدۇ. ھەمدەملەشكۈچى بەگ قىران چەۋەنداز سەنگۈن بىلەن ۋە دېلەشكەن ۋاقىتتىن كېيىن كەلگەچكە، خەن خاقانلىقىنىڭ قانۇنى بويىچە، لى گۇاڭ، بىلگە تۆرە بىلەن بىرلىكتە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ھەر ئىككىسى پۇل تۆلەپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاددى پۇقراغا ئايلاندۇرۇلدۇ.

شۇ يىلىنىڭ كۈزلۈكى، قۇنشارقان، شۇتۇق قانلار ئىدارىسىدىكى غەرب تەرەپتە، خەن قوشۇنلىرى نەچچە ئون مىڭلىغان كىشىنى ئۆلتۈرۈپ ۋە ئەسىر ئېلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، غەزەپلەنگەن تەڭرىقۇت ئۇلارنى چاقىرىپ ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، قورقۇپ ئەندىشىگە

چۇشكەن قۇنشارقان ۋە شۇتۇق قانلار مەسلىھەتلىشىپ خەنگە تەسلىم بولماقچى بولۇشىدۇ. خەن خاقانلىقى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قىران چەۋەنداز سەنگۈن خوچۇبىڭنى ئەۋەتىدۇ. قۇنشارقان شۇتۇق قاننى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ توپىنى باشلاپ خەنگە تەسلىم بولىدۇ. ئۇلار ئومۇمەن، 40000 كىشى بولسىمۇ، ئاتاقتا 100000 كىشى دەپ داۋراڭ قىلىنغانىدى. شۇنداق قىلىپ، خەن خاقانلىقى قۇنشارقاننى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، لۇڭشى، بېيدى، خېشىلاردا ھۇنلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى بارغانسېرى ئازايدى. ھۇنلاردىن تارتىۋېلىنغان خېنەن (خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبى-ت)، شىنچىنجۇڭلارغا[65] كۆۋەندۇڭدىن كەمبەغەل ئاھالىلار كۆچۈرۈلۈپ تولدۇرۇلدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بېيدىنىڭ غەربىدىكى مۇھاپىزەتچى قوشۇنىنىڭ يېرىمى قىسقارتىلدى. ئىككىنچى يىلى ھۇنلار يوۋبېيپىڭ، دىڭشياڭ-لارنىڭ ھەر بىرىگە بىر نەچچە ئون مىڭ ئاتلىق قوشۇن بىلەن باس-تۇرۇپ كىرىپ، مىڭدىن ئوشۇق كىشىنى ئۆلتۈرۈپ ۋە تۇتۇپ كەتتى.

ئىككىنچى يىلى (م. ب. 119-يىلى، خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرىنىڭ تۆتىنچى يىلى) ئەتىيازدا، خەن خاقانلىقى كېڭەش قىلىپ:«يابغۇ جاۋسۇننىڭ پىلانى بويىچە، تەڭرىقۇت قومۇلۇقىنىڭ شىمالىنى ئىگەللەپ ياتماقتا. ئۇلار خەن قوشۇنلىرى قومۇلۇقتىن ئۆتۈپ كېلەلمەيدۇ، دەپ ئويلىسا كېرەك» دېگەن قاراشقا كېلىدۇ-دە، ئاتلىرى يارامىلىق 100000 ئاتلىق قوشۇن ماڭدۇرىدۇ. ئاشلىق ۋەكىيىم-كېچەك ئېلىپ ماڭغانلارنىڭ خۇسۇسى ئاتلىرى 140000 ئىدى. (قوشۇننىڭ ئوزۇق-تۈلۈكى ۋە ھەربىي لاۋازىمات توشۇيدىغان ئاتلار بۇنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ) چوڭ سەنگۈن ۋېي چىڭ بىلەن قىران چەۋەندازسەنگۈن خوچۇبىڭلارغا بۆلۈنۈپ يۈرۈش قىلىشقا يارلىق بېرىلگەچكە، چوڭ سەنگۈن دىڭشياڭدىن، قىران چەۋەنداز-سەنگۈن بولسا دەيجۈندىن چىقىپ، قومۇلۇقتىن كېسىپ ئۆتۈپ،

www.uyghurkitap.com

هۇنلارغا قارشى يۈرۈش قىلدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان تەڭرىقۇت ئۆزىنىڭ يۈك-تاقلىرىنى يىراققا ماڭغۇزۇۋېتىپ، جەڭگىۋار قىسىملىرى بىلەن قۇملۇقنىڭ شىمالىدا ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرۇپ، خەن خاقانلىقىنىڭ چوڭ سەركەردىسى ۋېي چىڭ بىلەن روبىرو بىر كۈن ئۇرۇشىدۇ. ئۇرۇش داۋام قىلىپ كەچ كىرگەن پەيتتە، بوران چىقىپ كېتىدۇ. خەن خاقانلىقىنىڭ قوشۇنلىرى تەڭرىقۇتنى ئوڭ-سولدىن مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. تەڭرىقۇت خەن قوشۇنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا كۆزى يەتمەي، بىر نەچچە 100 قەيسەر چەۋەندازلىرى بىلەن خەن قوشۇنلىرىنىڭ مۇھاسىرىسىنى يېرىپ ئۆتۈپ، غەربىي شىمالغا قاچىدۇ. خەن قوشۇنلىرى كېچىدە قوغلاپ تۇتالمايدۇ. بۇ يۈرۈشتە ھۇن سىپاھ بەگلىرىدىن 19000 كىشى ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ئەسىر ئېلىنغاندى. خەن قوشۇنلىرى ھۇنلارنى قوغلاپ شىمالدا تيەنيەنشەن [66] تېغى، جاۋسۇن شەھىرىگە [67] قەدەر بېرىپ قايتىدۇ.

تەڭرىقۇت قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قوشۇنلىرى كۆپرەك خەن قوشۇنلىرىغا ئارىلىشىپ يۈرۈپ، تەڭرىقۇتنى ئىزدەپ يۈرىدۇ. تەڭرىقۇت ئۇزۇنغىچە ئۆز توپى بىلەن تېپىشالمايدۇ. ئۇنىڭ ئوڭ قول قانى تەڭرىقۇتنى ئۆلدى ھېسابلاپ، ئۆزىنى تەڭرىقۇت دەپ جاكالايدۇ. ھەقىقىي تەڭرىقۇت قايتىپ كېلىپ، ئۆز توپىنى تاپقاندىن كېيىن، ئوڭ قول قان تەڭرىقۇتلۇقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، قايتىدىن ئوڭ قول قان بولىدۇ.

خەن خاقانلىقىنىڭ قىران چەۋەنداز سەركەردىسى دېيجۇندىن چىقىپ، 2000 چاقىرىمدىن ئۇشۇق يۈرۈش قىلىپ، سول تۇغ قان بىلەن توقۇنۇشىدۇ. ئۇرۇشتا خەن قوشۇنلىرى ھۇنلاردىن 70000 دىن ئارتۇق كىشىنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئەسىر ئالىدۇ. سول تۇغ قان قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ. قىران چەۋەنداز سەر-

گۇن لاڭجۇشۇشەن[68] تېغىغا چىقىپ، ئاسمان ئىلاھىغا، قويانغا[69] بېرىپ يەر ئىلاھىغا نەزىر قىلىپ، بايقال كۆلىنىڭ بويىغىچە بېرىپ قايتىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، ھۇنلار يىراق جايلارغا كەتكەچكە، قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدا ئۇلارنىڭ بارگاھى بولمايدۇ. خەن خاقانلىقى دەريادىن (خۇاڭخېدىن) ئۆتۈپ، شوفاڭ ۋىلايىتىدىن، غەربىدە لىڭجۇغىچە ھەممە يەردە ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى چېپىپ، يەر ئېچىپ، سىپاھ-بەگلەردىن 50-60 مىڭ كىشىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. شۇندىن باشلاپ، ھۇنلارنىڭ يېرىنى پەلە قۇرۇتىدەك يەپ، زېمىنىنى ھۇنلارنىڭ شىمالى بىلەن تۇتاشتۇرىدۇ.

باشتا خەن خاقانلىقىنىڭ ئىككى سەنگۇنى نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن يۈرۈش قىلىپ، تەڭرىقۇتنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، 80-90 مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئەسىر ئالىدۇ. خەن قوشۇنلىرىدىنمۇ نەچچە ئون مىڭلاپ ئەسكەر نابۇت بولۇپ، 100000 دىن ئوشۇق ئات ئۆلىدۇ. گەرچە، ھۇنلار زەئىپلىشىپ يىراق جايلارغا كۆچۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن خەن خاقانلىقىدا ئات كەم بولغانلىقتىن، يەنىمۇ قوغلاشقا ئىمكان بولمىغاندى. ھۇن ئېلى جاۋسۇنىڭ پىلانى بويىچە، خەن خاقانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، شىرىن سۆزلەر بىلەن ياخشىلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. خاقان ساراي ئەربابلىرىغا مەسىلىھەت سالغاندا، بەزىلەر ياخشىلىشايلى دېسە، بەزىلەر، بىزگە بويسۇنسۇن دەيدۇ. ۋەزىر دورغابى رېن چاڭ:«ھۇنلار يېقىندا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. قىيىن شارائىتتا تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلارنى بىزنىڭ تاشقى ۋەزىرىمىز قىلىش كېرەك. چېگرىغا كېلىپ، خەن خاقانلىقىغا بېقىنىشنى ئىلتىماس قىلسۇن» دەيدۇ. خەن خاقانلىقى رېن چاڭنى تەڭرىقۇتقا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىدۇ. بۇ رېن چاڭنىڭ پىلانى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ غەزەپلەنگەن تەڭرىقۇت ئۇنى تۇتۇپ قالىدۇ. بۇرۇن خەن

www.uyghurkitap.com

خاقانلىقى تەرەپتىمۇ تەسلىم بولۇپ قېلىپ قالغان هۇن ئەلچىلىرى بولغاچقا، تەگرىسقۇت شۇنىڭ بەدىلىگە بۇ خەن ئەلچىسىنى تۇتۇپ قالغانىدى. خەن خاقانلىقى قوشۇنلارنى قايتا يىغىپ تەربىيىلەۋاتقان بىر پەيتتە، قىران چەۋەندازسەنگۇن خوچۇبىڭ ئۆلدۇ. شۇنىڭ بىلەن هۇنلارغا ئۇزۇنغىچە هۇجۇم قىلىنمايدۇ.

ئارىدا بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، 13 يىل تەگرىسقۇت بولغان ئىچىغسە ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئوغلى ئۇۋېي تەگرىقۇت بولىدۇ. بۇ، م. ب. 114 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەندىڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ئىدى. ئۇۋېي هۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان چاغلاردا، خەن خاقانى ۋىلايەت ـ ناهىيىلەرنى كۆزدىن كۆچۈرۈشكە باشلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، خەن خاقانلىقى جەنۇبىدىكى ئىككى يۆ دۆلىتىگە جازا يۈرۈشى قىلىدۇ. هۇنلارغا قارشى يۈرۈش قىلمىغاچقا، هۇنلارمۇ چېگرىغا باستۇرۇپ كىرمەيدۇ.

ئۇۋېي تەگرىقۇت بولۇپ ئۈچىنچى يىلى (م. ب. 111 ـ يىلى) خەن خاقانلىقى جەنۇبىي يۆ دۆلىتىنى مۇنقەرز قىلىدۇ. سابىق ئوردا مىراخورى گۇڭسۇن خې خاقاننىڭ يارلىقى بويىچە، 15000 ئاتلىق قوشۇن بىلەن جيۇيۈەندىن چىقىپ، ئىككى مىڭ چاقىرىمدىن ئوشۇق يول مېڭىپ، فۇجۇجىڭگىچە[70] بېرىپ قايتىدۇ. هۇنلاردىن بىركىشىمۇ يولۇقمايدۇ. خەن خاقانى ۋۇدى يەنە سابىق ئەگەشكۈچى بەگ جاۋپونۇنى 10000 دىن ئارتۇق قوشۇن بىلەن يولغا سالىدۇ. جاۋپونۇ لىڭجۇدىن چىقىپ، نەچچە مىڭ چاقىرىم يول مېڭىپ، شۇنخې دەرياسىغا[71] قەدەر بېرىپ قايتىدۇ. يەنىلا بىرەرمۇ هۇننى ئۇچراتمايدۇ.

بۇ ۋاقىتتا، خاقان چېگرىنى كۆزدىن كۆچۈرۈش ئۈچۈن 180000 ئاتلىق قوشۇن بىلەن شوفاڭغا كېلىپ، هەربىي قۇدرىتىنى نامايىش قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەگرىقۇتنى ۋاقىپلاندۇرۇش ئۈچۈن گوجىنى

ئەۋەتىدۇ. گوجى ھۇن ئېلىگە كەلگەندىن كېيىن، ھۇن ئېلىنىڭ كۈتكۈچى بېگى ئېمىشقا كەلگەنلىكىنى سورىغاندا، گوجى ئەدەپ بىلەن سىلىق گەپ قىلىپ: «تەڭرىقۇتنى كۆرۈپ، ئۆز ئاغزىم بىلەن ئېيتىسام» دەيدۇ. تەڭرىقۇت گوجىنى قوبۇل قىلىدۇ. گوجى: «جەنۇبىي يۆ خانىنىڭ كاللىسى خەن خاقانلىقى پايتەختىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسى ئالدىغا ئېسىلدى. تەڭرىقۇت جانابلىرى خەن خاقانلىقى قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلىمەن دەيدىغان بولسىلا، خاقانىمىز قوشۇنلىرىنى بىۋاسىتە ئۆزى باشلاپ چېگرىدا كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئەگەر تەڭرىقۇت جانابلىرى ئۇرۇش قىلالمايمەن دەيدىغان بولسىلا، دەرھال جەنۇبدىكى خەن خاقانلىقىغا بەيئەت قىلىشلىرى كېرەك ئىدى. مۇنچىۋالا يىراق يەرلەرگە قېچىپ، سۇسىز، گىياھسىز، شىمالنىڭ شىۋىرغانلىق دەشتلىرىدە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟» دەيدۇ. سۆزتۈگىشى بىلەن قاتتىق غەزەپلەنگەن تەڭرىقۇت دەرھال كۈتكۈچى بېگىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدۇ. گوجىنى قايتۇرماي، بايقالغا ھەيدەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، تەڭرىقۇت خەن چېگرىسىغا باستۇرۇپ كىرىشكە زادى جۈرئەت قىلالمايدۇ. ھەربىي تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، قوشۇننى تەربىيىلەيدۇ ۋە ئوۋچىلىقنى مەشق قىلدۇرىدۇ. خەن خاقانلىقىغا بىر نەچچە قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ، شېرىن-تاتلىق سۆزلەر بىلەن ياخشىلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

خەن خاقانى ھۇنلارنى كۆزىتىپ كېلىشكە ۋاڭ ۋۇ قاتارلىق كىشىلەرنى ئەۋەتىدۇ. ھۇنلارنىڭ قائىدىسى بويىچە، خەن ئەلچىلىرى ئەلچىلىك دەستىگى بىلەن، يۈزىنى بويىماستىن تەڭرىقۇت ئوردىسىغا كىرەلمەيتتى. ۋاڭ ۋۇبېيدى ۋىلايىتىدىن بولۇپ، ھۇنلارنىڭ ئادىتىنى ئوبدان بىلگەچكە، ئۇ ئەلچىلىك دەستىكىنى تاشلاپ قويۇپ، يۈزىنى بوياپ، تەڭرىقۇتنىڭ ئوردىسىغا كىرىدۇ. تەڭرىقۇت ئۇنى ئوبدان

قارشى ئالدۇ. چىرايلىق گەپ-سۆزلەرنى قىلىپ، خەن خاقانلىقىغا خان تېكىننى تۇرغاق قىلىپ ئەۋەتىشكە، خەن بىلەن ياخشىلىشىشقا يالغاندىن ماقۇل بولدۇ.

خەن خاقانلىقى هۇن ئېلىگە ياڭ شىننى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا خەن خاقانلىقى شەرقتە خۇيخې،(72) چاۋشيەن ئەللىرىنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇ يەرلەردە ۋىلايەت تەسىس قىلىپ، غەربتە جيۇچۈەن ۋىلايىتىنى قۇرۇپ، هۇنلار بىلەن چياڭلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە يولىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. خەن خاقانلىقى يەنە غەربتە ياۋچى، باكترىيە ئەللىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇيسۇن كۈنبېيىگە خانىكە بېرىپ، هۇنلارنى غەربتىكى ئىتتىپاقچىلىرىدىن ئاجرىتىپ تاشلايدۇ. شۇنىڭدەك، شىمالغا كېڭىيىپ، چېگرىنى شەنلۈگە(73) يەتكۈزىدۇ. هۇنلار ئاخىرى سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇ يىلى يابغۇ جاۋشۇن ئۆلدۇ. خەن ۋەزىر-ۋۇزرالىرى بۇ مۇناسىۋەت مۇناسىۋىتى بىلەن هۇن ئېلى ئاجىزلاشتى. بويسۇندۇرۇش مۇمكىن، دەپ قارايدۇ. ياڭ شىن قەيسەر ئىرادىلىك ئادەم بولسىمۇ، ئېسىلزادىلاردىن كېلىپ چىققان ئەمەلدارلاردىن بولمىغاچقا، تەڭرىقۇتنىڭ ئىلتىپاتىغا دېگەندەك نائىل بولالمىغانىدى. تەڭرىقۇت هۇزۇرىغا چاقىرماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەلچىلىك دەستىكىنى تاشلاپ قويۇشنى خالىمىغاچقا، تەڭرىقۇت چېدىر-بارگاھىنىڭ سىرتىدا ئولتۇرۇپ قوبۇل قىلىدۇ. ياڭ شىن: «تەڭرىقۇت جانابلىرى ياخشىلىشىشنى خالىسىلا، خان تېكىننى خەن خاقانلىقىدا تۇرغاق قىلىۇرلا» دېگەنىدى، تەڭرىقۇت: «بۇرۇنقى ئەھدىنامىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بۇرۇنقى ئەھدىنامىلەر بويىچە، خەن ياخشىلىشىش بەدىلىگە هەرقاچان خانىكە ئەۋەتىپ، يىپەك-مەشۇت، ئوزۇق-تۈلۈك بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلەپ تۇراتتى. شۇڭا، هۇنلارمۇ چېگرىغا قالايمىقانچىلىق سالمايتتى. ئەمدىلىكتە، بۇرۇنقى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، خان تېكىننى

تۇرغاق قىلىپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس» دەيدۇ. ھۇنلار ئۆز ئادىتى بويىچە، خەن ئەلچىسىنى كۆرگەندە، ئەلچى ئىسلزادىلەردىن بولماي، زىياللاردىن بولسا، تەشۋىقاتچى دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا بەھس قىلىشقا يول بەرمەيتتى. ئەگەر ياش بولسا، پىدائىلار دەپ ھېسابلاپ، ئۇنىڭ روھىي-كەيپىياتىنى سۇندۇراتتى. خەن ئەلچىسى ھۇن ئېلىگە كەلسە، ھۇنلار خەن ئەلچىلىرىگە ئىنئاملار بېرەتتى. ھۇن ئەلچىسىنى خەن خاقانلىقى تۇتۇپ قالسا، ھۇنلارمۇ خەن ئەلچىسىنى تۇتۇپ قالاتتى. تەڭ مۇناسىۋەت مۇئامىلىسى قىلاتتى. ياڭ شىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خەن خاقانلىقى ۋاڭ ۋۇنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىدۇ. تەڭرىقۇت يەنىلا خۇشامەت بىلەن شېرىن سۆزلەرنى قىلىپ، خەن خاقانلىقىدىن كۆپرەك مال-بايلىق يۇلۇش كويىدا بولىدۇ. ئۇ مەككارلىق بىلەن ۋاڭ ۋۇغا: «مەن خەن خاقانلىقىغا بېرىپ، خاقاننى زىيارەت قىلىپ، يۈز تۇرانە قېرىنداشلىق ئەھدى تۈزمەكچىمەن»دەيدۇ. ۋاڭ ۋۇ قايتىپ كېلىپ، خەن خاقانىغا مەلۇم قىلىدۇ. خەن خاقانى چاڭئەندە تەڭرىقۇت ئۈچۈن مېھمانخانا سالدۇرىدۇ. ھۇن تەڭرىقۇتى: «خەن تۆرىلىرىدىن بىرەرسى ئەلچى بولۇپ كەلمىگىچە، مەن راست گېپىمنى ئېيتمايمەن» دەپ، ئۆزىنىڭ تۆرىلىرىدىن بىرنى خەن خاقانلىقىغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىدۇ. ئەلچى كېلىپلا كېسەل بولۇپ قالىدۇ. خەن خاقانلىقى ئۇنى داۋالاپ ساقايتماقچى بولغان بولسىمۇ، بەختكە قارشى، ئۇ ئۆلۈپ قالىدۇ. خەن خاقانلىقى لۇچۇڭگوغا 50000 چارەكلىك مائاش بەلگىسى بولغان تامغىنى ئاستۇرۇپ، جەسەتنى ھۇن ئېلىگە ئاپىرىش ئۈچۈن ئۇنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىدۇ. ئۇ نەچچە مىڭ جىڭ ئالتۇن قىممىتىدە دەپنە ھەدىيىسى تەقدىم قىلىدۇ. ھۇنلار ئەلچىنى «خەن-نىڭ ئېسىلزادىلىرىدىن ئىكەن» دەپ قارايدۇ. تەڭرىقۇت: «خەن خاقانلىقى مېنىڭ قەدىرلىك ئەلچىمنى ئۆلتۈردى» دەپ لۇچۇڭگونى

تۇتۇپ قالىدۇ. تەڭرىقۇتنىڭ ۋاڭ ۋۇغا قىلغان گەپ-سۆزلىرى يالغان بولۇپ، ئۇنىڭ خەن خاقانلىقىغا زىيارەتكە بېرىش ۋە خان تېبىكىنى خەن خاقانلىقىدا تۇرغاق قىلىش نىيىتى يوق ئىدى. شۇنداق قىلىپ، هۇنلار بىر نەچچە قېتىم هۇجۇمچى قىسىملىرىنى ئەۋەتىپ، چېگرىغا تاجاۋۇز قىلىدۇ. خەن خاقانلىقى گوچاڭنى هۇنلارنى يوقىتىش سەن-گۈنلۈكىگە تەيىنلەپ، جويې تۆرىسى جاۋپونۇنى شوفاڭنىڭ شەرقىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، هۇنلاردىن مۇداپىئە كۆرىدۇ. لۇچۇڭگو هۇن ئېلىدە ئۈچ يىل تۇتقۇندا تۇرغاندىن كېيىن، تەڭرىقۇت ئۆلىدۇ.

ئۇۋېي تەڭرىقۇت ئون يىل هۆكۈمدارلىق قىلىپ ئۆلىدۇ. ئوغلى ئۇشىلۇ تەختكە چىقىدۇ. ئۇ ياش بولغانلىقتىن، بالا تەڭرىقۇت دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ م. ب. 105-يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنفېڭنىڭ ئالتىنچى يىلى) ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، تەڭرىقۇت تېخىمۇ غەربىي شىمالغا سىلجىيدۇ. ئۇنىڭ سول قاناتتىكى قوشۇنلىرى يۈنجۇڭ ۋىلايىتىنىڭ ئۇدۇلىدا، ئوڭ قاناتتىكى قوشۇنلىرى بولسا، جيۇچۈەن، دۇڭخۇاڭلارنىڭ ئۇدۇلىدا تۇراتتى.

بالا تەڭرىقۇت هۆكۈمدارلىق قىلىۋاتقان پەيتتە، خەن خاقانلىقى ئىككى تۈركۈم ئەلچى ئەۋەتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى تەڭرىقۇتقا، بىر تۈركۈمى ئوڭ تۇغ قانغا تەزىيە بىلدۈرۈشكە كەلگەن بولسىمۇ، بۆلگۈنچىلىك سېلىش نىيىتىدە بولغانلىقتىن، هۇنلار ئۇلارنى كېلىشىگىلا تەڭرىقۇتقا مەلۇم قىلىدۇ. غەزەپلەنگەن تەڭرىقۇت خەن خاقانلىقىنىڭ بۇ ئىككى تۈركۈم ئەلچىسىنى تۇتۇپ قالىدۇ. هۇن ئېلىدە تۇتۇپ قېلىنغان خەن ئەلچىلىرى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، ئون نەچچە تۈركۈمدىن ئارتۇق ئىدى. خەن خاقانلىقىمۇ هۇن ئېلىدىن كەلگەن ئەلچىلەرنى هەممىشە شۇنىڭ بەدىلىگە تۇتۇپ قالاتتى. شۇ يىلى خەن خاقانى ئېرشى سەنگۈن لى گۇاڭلىنى غەربكە-پەرغانە ئۇستىگە يۈرۈش قىلدۇرۇپ، يىنيۇ(74) سەنگۈنى

گۆگسۆن ئاۋغا تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىدىغان شەھەر[75] سىپىلىشقا يارلىق چۈشۈرىدۇ. شۇ يىلى قىشلىقى ھۇن ئېلىدە زور كۆلەمدە جۇت بولۇپ، چارۋا-ماللارنىڭ كۆپچىلىكى ئاچتىن توڭلاپ ئۆلىدۇ. بالا تەگرىقۇت ياش، ئۇرۇشخۇمار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاھالە كۆپىنچە ئەنسىزلىكتە ياشايتتى. سول قول چوڭ تۇتۇق بەگ تەگرىدقۇتنى ئۆلتۈرۈش غەرىزىدە، خەن خاقانلىقىغا يوشۇرۇن ئەلچى ئەۋەتىپ: «مەن تەگرىقۇتنى ئۆلتۈرۈپ، خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولماقچىمەن. خەن ئېلى يىراق، دەرھال قوشۇن كەلسۇن، مەن قوزغالماقچى» دەپ ئۇقتۇرۇش قىلىدۇ. ئەسلىدە، خەن خاقانلىقى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرىنى سالغان بولسىمۇ، سول قول چوڭ تۇتۇق بەگ يەنىلا ئارىنى يىراق كۆرگەنىدى.

ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا، خەن خاقانلىقى جويى بېگى جاۋپونۇ باشچىلىقىدا 20000 دىن ئوشۇق ئاتلىق قوشۇن ئەۋەتىدۇ. شو فاڭدىن چىققان قوشۇن غەربىي شىمالغا ئىككى مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق يول مېڭىپ، ۋەدە بويىچە، سول چوڭ تۇتۇق بەگ بىلەن جۈنجى[76] تېغىدا كۆرۈشۈپ، ئاندىن قوشۇننى قايتۇرماقچى بولغان ئىدى. سول قول چوڭ تۇتۇق بەگ قوزغالماقچى بولۇپ تۇرغاندا، سېزىلىپ قېلىپ، تەگرىقۇت ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە سول قاناتتىكى قوشۇنلارنى جويى بېگىگە قارشى سالىدۇ. جويى بېگى بۇ يۈرۈشتە دۈشمەننىڭ نەچچە مىڭلىغان كىشىسىنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئەسىر ئالىدۇ. قايتىشتا، تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرىگە 400 چاقىرىم قالغاندا، 80000 ئاتلىق ھۇن قوشۇنى ئۇنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. جويى بېگى كېچىدە ئۆزى سۇ ئىزدەپ چىققاندا، ھۇنلار ئۇقۇپ قېلىپ، ئۇنى تۇتۇۋالىدۇ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىدۇ، قوشۇنغا گوزۇڭ مۇھاپىزەت سەركەردىسى ۋېي ۋاڭ لەشكەر بېشى بولىدۇ.

ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ، چېرىكچى بەگلەر سەنگۇنىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۆلۈمدىن قورقۇپ، بىر بىرىنى قايتىپ كېتىشكە دالالەت قىلىشمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، قوشۇن ھۇنلار تەرىپىدىن تارمار كەلتۈرۈلىدۇ. بۇنىڭغا تەنتەنە قىلغان ھۇنلارنىڭ بالا تەگرىقۇتى تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرىنى ئېلىشقا ھۇجۇمچى قىسىملىرىنى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار شەھەرنى ئالالماي، چېگرى-دىن باستۇرۇپ كىرىپ، قالايمىقان قىلىپ چىقىپ كېتىدۇ. كېلەر يىلى تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھەرنى ئېلىشقا تەگرىقۇت ئۆزى ئاتلانغان بولسىمۇ، لېكىن يول ئۈستىدە كېسەل بولۇپ ئۆلىدۇ.

بالا تەگرىقۇت ئۈچ يىل ھۆكۈمدارلىق قىلىپ ئۆلىدۇ. ئوغلى كىچىك بولغانلىقتىن، ھۇنلار ئۇنىڭ تاغىسى، ئۇۋېي تەگرىقۇتىنىڭ ئىنىسى ئوڭ توغ قان گۈيلىقۇ (呴犁湖)نى تەگرىقۇت قىلىپ كۆتۈرىدۇ. بۇ م. ب. 102-يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى تەيچۇنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ئىدى.

گۈيلىقۇ تەگرىقۇت ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان پەيتتە، خەن خاقانلىقىنىڭ يارلىقى بويىچە، دانىش بەگ شۈ زىۋېي ۋۇيۋەن قورۇلىدىن چىقىپ، نەچچە يۈز چاقىرىم، ھەتتا مىڭ نەچچە چاقىرىم يىراقلىق-تىكى لۇچۇ تېغىغىچە [77] شەھەر، قورغان، قاراۋۇلخانىلارنى سالدۇ-رىدۇ. بۇ شەھەر، قورغان، قاراۋۇلخانىلارنىڭ يېنىغا ھەرىكەتچان قوشۇنلار سەنگۇنى خەن يۆ، چاكچېك تۆرىسى ۋېي كاڭلار ئورۇن-لاشتۇرۇلىدۇ. كۈچلۈك ئوقيالىقلار تۇتۇق بېگى لۇبودې بۇيرۇق بويىچە جۈيەن سازلىقىدا[78] قورغان سالدۇرىدۇ.

شۇ يىلى كۈزلۈكى ھۇنلار دىڭشياڭ، يۈنجۇڭ ۋىلايەتلىرىگە زور كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىپ، نەچچە مىڭلىغان كىشىنى ئۆلتۈرۈپ ۋە تۇت-قۇن قىلىپ، 2000 دىن ئاشىق مائاش ئالىدىغان ئەمەلدارلارنى

بىر نەچچىسنى تارمار قىلىپ چىقىپ كېتىدۇ. يول بويى دانىش بەگ بىنا قىلغان شەھەر، قورغان، قاراۋۇلخانىلارنى بۇزۇپ تاشلايدۇ. ھۇنلار يەنە ئۇلۇغ تۇغ قاننى جىيۇچۇەن، جاڭيېلەرگە كىرگۈزۈپ، بىر نەچچە مىڭ كىشىنى بۇلاپ ئېلىپ كېتىدۇ. دەل شۇ پەيتتە، رېن ۋېن[79] خەن قوشۇنىغا ياردەمگە كەلگەچكە، ھۇنلار ئېرىشكەن غەنىمەتلىرىدىن يەنە مەھرۇم بولۇپ چىقىپ كېتىدۇ. شۇ يىلى ئېرشى سەنگۇن لى گۇاڭلى پەرغانىنى ئېلىپ، پەرغانە خانىنى ئۆلتۈرۈپ قايتىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىنى توسماقچى بولغان ھۇنلار ئۈلگۈرەلمەي قالىدۇ. شۇ يىلى قىشتا، ھۇنلار تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولىدۇ، لېكىن شۇئارىدا تەڭرىقۇت كېسەل بولۇپ قالغاچقا، ھۇجۇم قىلالمايدۇ.

كۈيلىقۇ بىر يىل تەڭرىقۇت بولۇپ ئۆلىدۇ. ھۇنلار ئۇنىڭ ئىنىسى سول چوڭ تۇتۇقبەگ سۈيدىقۇنى تەڭرىقۇت قىلىشىدۇ.

پەرغانە ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلغان خەن خاقانلىقى چەت ئەللەرنى چۆچۈتۈۋەتكەنىدى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھۇنلارنى بوغۇپ تاشلىماقچى بولغان خاقان:«بوۋىمىز خاقان گاۋدى پىڭچېڭ شەھىرىدە تارتقان دەرت ـ ئەلەملىرى ئۈچۈن قىساس ئېلىشنى ماڭا قالدۇرغان. گاۋدىنىڭ خانىشى زامانىدا، تەڭرىقۇت مەكتۇپ ئارقىلىق خانىشنى ھاقارەتلىگەن. ئۆتمۈشتە، چى شياڭگۇڭ توققۇز ئەجدادىنىڭ قىساسىنى ئالغانلىقى ئۈچۈن، «چۈنچيۇ (باھار ـ كۈز)» ناملىق كىتابتا ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بېرىلگەن ئىدى» دەپ يارلىق چۈشۈرىدۇ. بۇ، م. ب. 101 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى تەيچۇنىڭ تۆتىنچى يىلى) ئىدى.

سۈيدىقۇ تەڭرىقۇت تەختكە چىقىشى بىلەن، ھۇنغا تەسلىم بولمىغان خەن ئەلچىلىرىنى تامامەن قايتۇرىدۇ. لۇچۇڭگو قاتارلىقلار ئەنە شۇ چاغدا قايتىپ كېلىدۇ. تەڭرىقۇت دەسلەپ تەختكە چىققاندا،

خەن خاقانلىقى ھۇجۇم قىلىدۇ، دېگەن ئەندىشىدە ئىدى. شۇڭا، ئۆزبېچە: «مەن بالا بولۇپ، خەن خاقانى ئاتا بولغۇلۇق بولغاچقا، خاپا قىلسام بولماس» دەپ يۈرەتتى. خەن خاقانى نۆكەر بېشى سۇۋۇنى[80] كۆپ سوغا-سالام بىلەن تەڭرىقۇتقا ئەۋەتىپ ئۆزبېگە تارتقانىدى، تەڭرىقۇت بارغانسېرى مەغرۇرلىنىپ، ناھايىتى تەكەببۇرلىشىپ كېتىپ، خەن خاقانلىقىنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقمايدۇ. ئىككىنچى يىلى جويى تۆرىسى جاۋپونۇ خەن خاقانلىقىغا قېچىپ كېلىدۇ.

كېلەر يىلى، خەن خاقانلىقىنىڭ يارلىقى بويىچە، ئېرشى سەنگۈن لى گۋاڭلى 30000 ئاتلىق قوشۇن بىلەن جيۇچۇەندىن چىقىپ، چىلىيەن تېغىدا ئۇڭ تۇغ قان بىلەن ئۇرۇشۇپ، ھۇن سىپاھ-بەگلىرىدىن 10000 كىشىنى ئۆلتۈرۈپ ۋە ئەسىر ئېلىپ قايتىدۇ. ھۇنلار ئېرشى سەنگۈننى قاتمۇ-قات مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغاچقا، سەنگۈن ئاران قۇتۇلىدۇ. خەن قوشۇنلىرىدىن ئوندىن ئالتەيەتتىسى چىقىم بولىدۇ. خەن خاقانى يىگيۇ سەنگۈنى گۇڭسۇن ئاۋنى قايتا چىقىرىدۇ. گۇڭسۇن ئاۋ قوشۇنى شىخېدىن چىقىپ، كۆچلۈك ئوقيالىقلار تۇتۇق بېگى لۇبودې بىلەن جوۋشيې[81] تېغىدا قوشۇلىدۇ. ئۇلار ئۇرۇشتا ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. خەن خاقانى يەنە ئاتلىقلار تۇتۇق بېگى لى لىڭنى چىقىرىدۇ. لى لىڭ پىيادە ۋە ئاتلىق بولۇپ 5000 ئەسكەرنى باشلاپ، جۈيەندىن چىقىپ، شىمالغا قاراپ 1000 چاقىرىمدىن ئوشۇق يۈرگەندە، تەڭرىقۇتقا دۇچ كېلىپ قېلىپ ئۇرۇشىدۇ. لى لىڭ 10000 دىن ئوشۇق كىشىنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە ياردار قىلىدۇ. لى لىڭنىڭ قورال-ياراق، ئوزۇق-تۈلۈكى تۈگەيدۇ. قايتماقچى بولغىنىدا، ھۇنلار ئۇنى قورشاپ ئالىدۇ. لى لىڭ قورشاۋدىن چىقىپ كېتەلمەي، ھۇنلارغا تەسلىم بولىدۇ. قوشۇنلىرى تارمار بولىدۇ. 400 لا كىشى خەن خاقانلىقىغا

قايتىپ كېلىدۇ، تەڭرىقۇت لى لىڭنى قەدىرلەپ، ئۇنىڭغا قىزىنى بېرىدۇ.

ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن[82]، ئېرشى سەنگۇن باشچىلىقىدا 60000 ئاتلىق، 100000 پىيادە قوشۇن قايتىدىن يۈرۈشكە چىقىرىلىدۇ. ئېرشى سەنگۇن شو فاڭدىن يولغا چىقىدۇ. ئوقيالىقلار تۇتۇق بېگى لۇبودې 10000 دىن ئارتۇق قوشۇن بىلەن ئېرشى سەنگۇنگە قوشۇلىدۇ. ھەرىكەتچان قوشۇنلار سەنگۇنى خەن يۈ پىيادە، ئاتلىقلار بولۇپ 30000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن ۋۇيۋەندىن يولغا چىقىدۇ. يىگىيۇ سەنگۇنى گۇڭسۈن ئاۋ 10000 ئاتلىق 30000 پىيادە قوشۇن بىلەن يەنمېندىن چىقىدۇ. بۇنى ئاڭلاپ، ھۇنلار يۈك-تاقلىرىنى يىراقتىكى يۈۋۈ[83] دەرياسىنىڭ شىمالىغا كەتكۈزۈۋېتىدۇ. تەڭرىقۇت 100000 ئاتلىق قوشۇن باشلاپ، دەريانىڭ جەنۇبىدا ئېرشى سەنگۇن بىلەن ئۇرۇش قىلىمەن دەپ كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئېرشى سەنگۇن تەڭرىقۇت بىلەن ئون نەچچە كۈن ئۇرۇش قىلىپ، قوشۇنى بىلەن چېكىنىدۇ، ئەنە شۇ پەيتتە، ئېرشى سەنگۇن «خوتۇنى داخانلىق قىلىپ، خاقانغا سۇيقەست قىلغان» دېگەن گۇنا بىلەن ئەيىبلىنىپ، ئۇرۇق-جەمەتىنىڭ قىرىپ تاشلانغانلىقىنى ئاڭلىغاچقا، ئۆزقىسملىرى بىلەن ھۇنلارغا تەسلىم بولىدۇ. ئۇنىڭ قوشۇنى ئىچىدىن ئاران بىر-ئىككى كىشى خەن خاقانلىقىغا قايتىپ كېلەلەيدۇ. ھەرىكەتچان قوشۇنلار سەنگۇنى خەن يۈ ھېچقانداق نەتىجە قازىنالمايدۇ. يىگىيۇ سەنگۇنى گۇڭسۈن ئاۋ سول تۇغ قان بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ قايتىپ كېلىدۇ. شۇيىلى ھۇنلار بىلەن ئۇرۇشقان خەن قوشۇنلىرى تىلغا ئالغۇدەك ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. سەركەردىلەر خاقان ھوزۇرىغا كىرىشكە مۇيەسسەر بولالمايدۇ. ئېرشى سەنگۇننىڭ ئۇرۇق-جەمەتى قىرىپ تاشلاندى دەپ، لى گۇاڭلى سەنگۇننىڭ ھۇنلارغا تەسلىم بولۇشىغا سەۋەبچى

بولغان سۇي دەن خاقاننىڭ يارلىقى بىلەن قولغا ئېلىندۇ.

مۇئەررىختىن: «چۇنچيۇ» نى يازغان كۇڭ زى (مۇجۇگىنى) لۇ بەگلىكىنىڭ بېگى يىنگۇڭ، خۇەنگۇڭ دەۋرلىرىنى ئېنىق-تەپسىلى يېزىپ، دىڭگۇڭ، ئەيگۇڭ دەۋرلىرىنى بولسا، سىلاپ-سىپىلاپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئەينى زاماندىكى ئىشلارنى يازغاندا، ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇماستىن، ئېھتىيات قىلدى. ھۇنلار ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگۈچى كىشلەر بىرەر مەنسەپ ياكى خاقاننىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە ئېرىششىنى مەقسەت قىلاتتى ۋە بارلىق چارىلەر بىلەن خاقانغا خوشامەت قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى خاقانغا كىرگۈزەتتى. شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئوي-پىكىرلىرىگە ئوڭۇشلۇق تۇغدۇرماقچى بولاتتى. قارشى تەرەپنىمۇ، ئۆزىنىمۇ چۈشەنمەيتتى. سەركەردىلەر ئوتتۇرا جۇڭگو زېمىنىنىڭ چوڭلۇقىغا تايىنىپ كۆرەڭلەيتتى. خاقانمۇ چوڭ ئىشلارنى يۇقىرقىلارنىڭ پىكرى بويىچە بەلگىلەيتتى. شۇڭا چوڭ خىزمەت كۆرسىتەلمەيتتى. ياۋ گەرچە دانىشمەن بولسىمۇ، روناق تاپمىدى. يۇ ئالەمنى تىنچىتتى. مۇقەددەس ھاكىمىيەتنى گۈللەندۈرىمىز دېسەك، بىردىن-بىر تەدبىر-ۋەزىر-سەركەردىلەرنى تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك.

---

〔1〕 شياخوۋشى (夏后氏) — يۇ (禹) باش ئاقساقال شۇننىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى. بۇ ئاقساقاللىق (بەگلىك) شيا (夏) دەپ ئاتىلاتتى ۋە شياخوۋشى مۇ دېيىلەتتى. (تۈزىتىلگەن «سىيۋەن» 358 ـ بەت)

〔2〕 چۇنۋېي (淳维) — ھۇنلارنىڭ ئەجدادى شياخوۋشىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، چۇنۋېي دەپمۇ ئاتىلىدۇ،

(تۈزىتىلگەن «سىيۋەن» 889 ـ بەت)

〔3〕 ئېكىنبەگ (农官) — دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار. (تۈزىتىلگەن «سىيۋەن» 1452 ـ بەت)



www.uyghurkitap.com

[4] قىرياساقچىلىرى (荒服) — پايتەختتىن 2000 چاقىرىم ياكى 2500 چاقىرىمغىچە بولغان يەرلەر قىر ياساقچىلىرى تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى.
(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن» 1266 ـ بەت)
[5] جازا دەستۇرى (甫刑) جازا قانۇنى ھەققىدىكى كىتاب.
(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن» 1013 ـ بەت)
[6] جياۋخۇ (焦获) — قەدىمكى كۆل بولۇپ، بىر رىۋايەتتە، ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى جىڭياڭ ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا دېيىلسە، يەنە بىر رىۋايەتتە، سەنشى ئۆلكىسى ياڭشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىدە دېيىلىدۇ.
(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن» 941 ـ بەت)
[7] چى لىگۇڭ (齐厘公) — م. ب. 730 ـ يىلدىن م. ب. 698 ـ يىلغىچە جەمئىي 33 يىل ھۆكۈم سۈرگەن چى بەگلىكىنىڭ بېگى.
(«سىخەي» 4757 ـ 4758 ـ بەتلەر)
[8] سى شەھىرى (氾邑) — ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى شۇچاڭ ناھىيەسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا. چۇنچيۇ دەۋرىدە جېڭ بەگلىكىگە بېرىلگەن سۇيۇرغال ئىدى.*
[9] زى دەي (子带) — «جوۋ خانلىرى تەزكىرىسى» گە قاراڭسۇن.
[10] يىنشۈي (阎<阎<水) — قەدىمكى دەريا ئىسمى بولۇپ، بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تۇۋېيخې (秃尾河) دەرياسى. خەن خاندانلىقىدىن يۈەن خاندانلىقىغىچە يىنشۈي دەپ ئاتىلاتتى.
(«سىخەي» 1782 ـ بەت)
[11] ميەنجۇ (绵诸) — گەنسۇ ئۆلكىسى تيەنشۈينىڭ يېقىن ئەتراپىدا.
(««تارىخىي خاتىرىلەر» ئىزاھلىرى توغرىسىدا تەتقىقات» 4505 ـ بەت)
[12] ۋەن (豲) — قەدىمكى رۇڭلارنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ شىمالىدا ياشىغان.*
[13] ۋۇجى (乌氏) — قەدىمكى رۇڭ خانلىقى. بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكەسىنىڭ جىڭچۇەن (泾川) ناھىيىسى. (««تارىخىي خاتىرىلەر» ئىزاھلىرى توغرىسىدا تەتقىقات» 4506 ـ بەت)
[14] چۈيەن (朐衍) — قەدىمكى رۇڭ خانلىقلىرىدىن بولۇپ، ئورنى ھازىرقى نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ يەنچى (盐池) ناھىيىسىدە.
(«سىخەي» 3862 ـ بەت)

[15] شەرقىي خۇلار (东胡) — قەدىمكى قەۋملەردىن. هۇنلارنىڭ شەرقىدە ماكانلاشقاچقا، مۇشۇ نام بېرىلگەن. چۇنچيۇ، يىغىلىق دەۋرلىرىدىن بېرى جەنۇبىدا يەن بەگلىكى بىلەن چېگرىداش ئىدى. كېيىن يەن بەگلىكى سەنگۇنى چىن كەي تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. چىن بەگلىكىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە شەرقىي خۇلار كۈچىيىپ، هۇنلاردىن ئات، زېمىن ھەتتا ھۇن ئالچىلىرىنى تەلەپ قىلغاچقا، باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ هۇجۇمىغا ئۇچراپ مەغلۇپ بولدى. ئۇغان تېغىغا چېكىنگەن شەرقىي خۇلارنىڭ بىر تارمىغى ئۇغانلار، سىيانپى تېغىغا چېكىنگەن بىر تارمىقى سىيانپىلار دەپ ئاتالدى.

(«سىخەي» 107 ـ بەت)

[16] جىن داۋگۇڭ (晋悼公) — چۇنچيۇ دەۋرىدىكى شياڭگۇڭنىڭ ئەۋلادلىرىدىن. ئىسمى جوۋ (周) بولۇپ، 15 يىل ھۆكۈم سۈرگەنىدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى چوڭ قامۇسى» 805 ـ بەت)

[17] چىن خۇيۋاڭ (秦惠王) — فامىلىسى يىڭ (嬴)، ئىسمى سى (驷) بولۇپ، م. ب. 337 ـ 331 ـ يىللاردا ھۆكۈمدار بولغان.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى چوڭ قامۇسى» 829 ـ بەت)

[18] زاۋياڭ (造阳) — قەدىمكى شاڭگۇ (上谷) بولۇپ، شاڭگۇ ۋىلايىتى هازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ خۇەيلەي (怀来) ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.

(«سىخەي» 2411 ـ بەت)

[19] شياڭپىڭ (襄平) — لياۋدۇڭنىڭ قەدىمكى ۋىلايەتلىرىدىن. ئورنى هازىرقى لياۋياڭ (辽阳) شەھىرى.

(«سىخەي» 826 ـ بەت)

[20] يۈياڭ (渔阳) — قەدىمكى ئورنى هازىرقى بېيجىڭ شەھىرى، مىييۈن (密云) ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا. يۈشۈي دەرياسىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇشۇ نام بېرىلگەن.

(«سىخەي» 2209 ـ بەت)

[21] جيۇيۈەن (九原) — قەدىمكى ناھىيە ۋە ۋىلايەت. ئورنى هازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى باۋتۇ (包头) شەھىرىنىڭ غەربىدە.

(«سىخەي» 146 ـ بەت)

[22] يۈنياڭ (云阳) — قەدىمكى ناھىيە. ئورنى بۈگۈنكى شەنشى چۇنخۇا (淳化) نىڭ غەربىي شىمالىدا.

(«سىخەي» 1084 ـ بەت)

〔23〕 تۈمەن تەڭرىقۇت (头曼单于) — م. ب. 220 ـ 209 ـ يىللاردا، جەمئىي 11 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ھۇن تەڭرىقۇتى. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئاتىسى.*

〔24〕 باتۇر، بودۇ، مەتە (冒顿)، م. ب. ? — 174 ـ يىللار) — ھۇن تەڭرىقۇتى. مىلادى 209 ـ يىلى ئاتىسى تۈمەننى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى ھۆكۈمدار بولغان. ئىچكى قىسمنى تەرتىپكە سېلىپ، ھەربىي دىكتاتۇرىلىق تۈزۈم ئورناتقان. شەرقتە شەرقىي خۇلارنى ئىتائەت قىلدۇرۇپ، غەربتە ياۋچىلارنى قوغلىغان. رۇران، ئۇيسۇن، ئوغۇزلارنى ھەم ئەتراپىدىكى 26 خانلىقنى ئىگەللىگەن. شىمالدا دىڭلىنلارنى، جەنۇبدا لۇفەن، بەيياڭ رايونلىرىنى بويسۇندۇرغان. چىن خاقانلىقى زېمىنىغا كىرىپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىنى (خېتاۋ ئەتراپلىرىنى) بېسىۋېلىپ، ئىنتايىن كۈچەيگەن. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا دائىم غەربىي خەن فېئودال سۇلالىسىغا كۈچلۈك تەھدىت سالغانىدى.

(«سىخەي» 3218 ـ بەت)

〔25〕 ئالچى (阏氏) — ھۇن تەڭرىقۇتلىرىنىڭ رەسمىي چوڭ خوتۇنى.

(«سىخەي» 2018 ـ بەت)

〔26〕 ئوڭ، سول چوڭ سەركەردە (左右大将) — ھۇنلاردا يۇكسەك ھەربىي ئۇنۋان ۋە دەرىجە نامى.*

〔27〕 ئوڭ، سول تۇتۇق بەگ (左(右)都尉) — ھۇنلاردا سەركەردە (سەنگۈن دەرىجىلىكلەر) دىن تۆۋەنرەك دەرىجىدىكى ھەربىي ئۇنۋان.*

〔28〕 تۇتۇن بەگ، ياساقبەگ (当户) — ھۇنلاردا ئەمەل ئىسمى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن» 1023 ـ بەت)

〔29〕 قۇتبەگ (骨都侯) — ھۇنلاردا ئەمەل ئىسمى. باتۇر تەڭرىقۇت تەسىس قىلغان. ئوڭ قۇتبەگ، سول قۇتبەگلەر بولۇپ، بۇلار يات فەمىلىلىك ئېسىلزادىلەردىن قويۇلاتتى. ئورنى قول قانىلاردىن تۆۋەن تۇراتتى. ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىشتا تەڭرىقۇتنىڭ يېقىن ۋەزىرلىرى ھېسابلىناتتى.

(«سىخەي» 4650 ـ بەت)

〔30〕 تۈمەن چەۋەنداز (万骑) — ھۇنلارنىڭ ئاتلىق قىسملىرىنىڭ ئەڭ چوڭ بىرلىكى.*

〔31〕 قويانلار (呼衍氏) — ھۇنلارنىڭ ئاساسىي ئۇرۇقلىرىنىڭ (فامىلە-

لىرىنىڭ) بىرى بولۇپ، شيەنبىلەر (سيانپىلار) نەزەرىدە تۇتۇلىدۇ.

(«تۈزىتىلگەن «سىيۇەن» 283_بەت)

[32] لانلار (兰氏) — هۇنلارنىڭ ئاساسىي ئۇرۇق (فامىلە) لىرىدىن بىرى.*

[33] شۇبۇلار (须卜氏) — هۇنلارنىڭ ئاساسىي ئۇرۇقلىرىنىڭ بىرى.*

[34] خۇيخېلار (秽貉) — شىمال قەۋملىرىنىڭ بىرى.*

[35] مىڭبېشى (千长) — هۇن ئىجتىمائىي تەشكىلاتىدا 24 ئاقساقاللىقنىڭ ئۆز ئالدىغا مىڭبېشى (مىڭبېگى)، يۈزبېشى (يۈزبېگى) (百长)، ئونبېشى (什长) قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بولاتتى. («تارىخىي خاتىرىلەر» ئىزاھلىرى توغرىسىدا تەتقىقات» 4518 — 4519 _ بەتلەر)

[36] كىچىك قان (خان) (裨小王) — ياردەمچى قانلار.

(«سىخەي» 4125 _ بەت)

[37] بۆلۈن، ۋەزىر (相) — هۇنلاردا ۋەزىر — بۆلۈن دەپ ئاتىلىدۇ.

(«ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرى»)

[38] لوڭچېڭ (龙城) — شەھەر. ئورنى بۈگۈنكى لياۋنىڭ ئۆلكىسى چاۋياڭ ناھىيىسىنىڭ ئىچكىي موڭغۇل بىلەن تۇتاشقان يېرىدە.

(«سىخەي» 4563 _ بەت)

[39] خۇنيۈلەر (浑庾) — شىمالدىكى كىچىك خانلىقلارنىڭ بىرى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» ئىزاھلىرى توغرىسىدا تەتقىقات» 4521 _ بەت)

[40] چۈشېلەر (屈射) — شىمالدىكى كىچىك خانلىقلارنىڭ بىرى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» ئىزاھلىرى توغرىسىدا تەتقىقات» 4521 _ بەت)

[41] دىڭلىڭلار (丁零) — كانگا (قانقىل)نىڭ شىمالدا بولۇپ، شىمال خانلىقلىرىدىن بىرى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» ئىزاھلىرى توغرىسىدا تەتقىقات» 4521 _ بەت)

[42] قىرغىزلار (خاكاسلار 鬲昆) — شىمالدىكى كىچىك خانلىقلارنىڭ بىرى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» ئىزاھلىرى توغرىسىدا تەتقىقات» 4521 _ بەت)

[43] شىنلى (薪犂) — شىمالدىكى كىچىك خانلىقلارنىڭ بىرى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» ئىزاھلىرى توغرىسىدا تەتقىقات» 4521 _ بەت)

[44] خاقان خۇيدى (惠帝) — خەن خاقانلىقىنىڭ ئىككىنچى خاقانى.

م. ب. 195 ـ يىل تەختكە چىقىپ، م. ب. 188 ـ يىلغىچە ھۆكـۈم سۈرگەن.
(«سىخەي» 4767 ـ بەت)

[45] روران، رائۈراتا، رورايىنا (楼兰) ــ غەربىـي ئەل (قۇرىغار)نىڭ قەدىمكى خانلىقلىرىدىن بىرى. كېيىن پىشامشانغا ئۆزگەرتىلگەن.
(«غەربىي ئەل يەر ناملىرى» 55 ـ بەت)

[46] ئۇيىـسۇن، ئاسـيانى (乌孙) ــ قەدىـمـكى قەۋم. دەسـلەپ چىلـيەن تېـغى بىلەن دۇخان (دۇڭخۇاڭ) ئارىلىقىدا ماكانلاشقان. مىلاددىن بۇرۇن 161 ـ يىل ئەتراپىدا ئىـلى دەرياسى، تىـكەس دەرياسى ۋە ئىسسىق- كۆل ئەتراپلىرىغا كۆچكەن. شىمالىي، جەنۇبىي سۇلالە (مىلادى 420 ـ 851 ـ يىللار) دەۋرىدە پامىـرنىڭ شىمالـىغا كۆچـكەن. نوپۇسى 630 مىـڭ ئىدى. قازاقلار ئىچىـدە ھېلىمۇ ئۇيىـسۇن قەبىلـىلىرى بار. مىلاددىن بۇرۇن 938 ـ يىلىدا ئۇيسۇنلار لياۋ خانىدانلىقىغا باج ـ خىراج تۆلەيتتى.
(«سىخەي» 168 ـ بەت)

[47] ئۇغۇز (呼揭) ــ بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكـىسى جيۇچۇەن ۋىلايىتىنىڭ غەربىگە جايلاشقان.
(«تارىخىي خاتىرىلەر» ئىزاھلىرى توغرىسىدا تەتقىقات» 4526 ـ بەت)

[48] شىخۇرچان (系雩浅) ــ ھۇن قانلىرىدىن بىرىنىڭ نامى*.

[49] شىنۋاڭ (薪望) ــ يەر ئىسمى.
(«تارىخىي خاتىرىلەر» ئىزاھلىرى توغرىسىدا تەتقىقات» 4526 ـ بەت)

[50] كىنۇك ياكى قايۇق (稽粥)، م. ب. 174 ـ 160 ـ يىلـلار، ــ ھۇن تەڭرىقۇتى. باتۇر (بودۇ)نىڭ ئوغلى. خەن خانىدانلىـقى خانىكـىسى بىلەن تۆيلەنگەن ۋە 14 يىل ھۆكۈمدار بولغانىدى. ئاغا تەڭرىقۇتمۇ دېيىلىدۇ.
(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى چوڭ قامۇسى» 280 ـ بەت)

[51] جۇڭـخاڭ يـۆ (中行说) ــ يەن بەگـلىكـىدىن بولۇپ، خـەن خاقانى ۋېندى سارىيىدا خىزمەت قىلغۇچى ئاغۋات مەمۇرلاردىن ئىدى. ھۇن ئېلىگە خانىكە بىلەن بىللە بېرىشقا تەيىـنلەنـگەندە، بارغـىلى ئۇنىمىـغاچقا، مەجبۇرى ماڭدۇرۇلغان. شۇڭا كېلىپ ھۇنلارغا تەسلىم بولۇپ، ئىخلاس بىلەن خىزمەت قىلىپ، خەن خاقانلىقىغا بىر ئاپەت بولغانىدى.
(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى چوڭ قامۇسى» 23 ـ بەت)

[52] خۇيـجۇڭ قەسـرى (回中宫) ــ خەن خاقانى ۋۇدى ياساتـقان.

www.uyghurkitap.com

ئورنى بوگوئنكى شەنشى ئۆلكىسى فۇگشياڭ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىن 40 چاقىرىم يىراقلىقتا.

(«تارىخىي خاتىرىلەر، ئىزاھلىرى توغرىسىدا تەتقىقات» 4533 ـ بەت)

[53] دۇڭياڭ (东阳) ــ يېغىلىق دەۋرىدە ۋېي بەگلىكىنىڭ يېرى بولۇپ، كېيىن جاۋ بەگلىكىگە قارىغان. خەن خاقانلىقى بويەردە ناھىيە ۋە تۈرلۈكنى تەسىس قىلغانىدى.

(بىرتوملۇق «سىيۇەن» 746 ـ بەت)

[54] قوشتۇ دېچۇتان (雕渠难) ــ ھۇنلارنىڭ ياساق بېگى. خەن خاقانلىقىغا ھەمىيە ئېلىپ كەلگەن ھۇن ئەلچىسى.*

[55] جانەر (章尼) ــ خەن خاقانلىقىغا تەسلىم بولغان ھۇن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر، ئىزاھلىرى توغرىسىدا تەتقىقات» 4537 ـ بەت)

[56] جاۋ بېگى ليۇسۈي (赵王刘遂) ــ خەن خاقانى گاۋدىنىڭ ئالتىنچى ئوغلى خۈەيىنەن بېگى ليۇيۇنىڭ بەگزادىسى. خاقان جىڭدىنىڭ ئىنىسى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى چوڭ قامۇسى» 1476 ـ بەت)

[57] ۋۇجوۋ قورۇلى (武州塞) ــ بوگوئنكى سەنشى ئۆلكىسى داتۇڭ شەھىرىنىڭ غەربىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر، ئىزاھلىرى توغرىسىدا تەتقىقان» 4538 ـ بەت)

[58] گۇڭسۇن خې (公孙贺) ــ ئىسمى شۇ (叔). ياش ۋاقتىدا چەۋەندازلىق قىلاتتى. خەن خاقانى ۋۇدى دەۋرىدە ھارۋا ـ ئاتلىقلار سەنگۇنى بولۇپ، چوڭ سەنگۇن بىلەن بىرلىكتە جەڭ قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، نەنجياۋ تۈرلىكى بېرىلگەن. كېيىن پېرىخۇنلۇق قىلغانلىقى تۈپەيلى قاماققا ئېلىنىپ، تۈرمىدە ئۆلگەنىدى.

(بىر توملۇق «سىيۇەن» 36 ـ بەت)

[59] گۇڭسۇن ئاۋ (公孙敖) ــ خەن خاقانلىقى دەۋرىدە ياشىغان. خاقان جىڭدى زامانىدا مۇلازىم، ۋۇدى دەۋرىدە ئاتلىق قوشۇنلار سەنگۇنى بولۇپ، ھۇنلار بىلەن جەڭ قىلغان. جەڭدە ئەسكەرلىرى كۆپ چىقىم بولۇپ كەتكەچكە، ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن بولسىمۇ، ھىلە بىلەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ، ئەل ئىچىدە بەش ـ ئالتە يىل يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن، كېيىن بىلىنىپ قېلىپ

قايتىدىن ئۆلتۈرۈلگەنىدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى چوڭ قامۇسى» 36 ـ بەت)

[60] لى شى (李息) ــ يۇجۇلىق (بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى چىڭيالڭ ناھىيىسى). خەن خاقانى ۋۇدى دەۋرىدە] سەنگۇن بولۇپ، چوڭ سەنگۇن ۋېي چىڭ بىلەن بىرلىكتە هۇنلارغا يۈرۈش قىلغان.

(««تارىخىي خاتىرىلەر» ئىزاھلىرى توغرىسىدا تەتقىقات» 4602 ـ بەت)

[61] ئىككىنچى يىلى ــ م. ب. 125 ـ يىلى يەنى خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ ئۈچىنچى يىلى.*

[62] سۇجيەن (苏建) ــ دۇلىڭلىق. بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسى شىئەن شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا. چېرىكچى بەگ مەنسۇپىدە چوڭ سەنگۇن ۋېي چىڭ بىلەن بىرلىكتە هۇنلارغا يۈرۈش قىلغانلىقى ئۈچۈن، پىڭلىڭ (بۈگۈنكى خېبېي ئۆلكىسى داچىڭ ناھىيىسىدە) تۆرىسى بولۇپ تەيىنلەنگەنىدى.

(«ئىككى خەن دەۋرى ئەدەبىيات تارىخى ئۈچۈن پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» 436 ـ بەت)

[63] يەنجى تېغى (焉支山) ــ بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى يۇنچاڭ ناھىيىسىنىڭ غەربى ۋە شەندەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.

(«سىخەي» 3593 ـ بەت)

[64] شۇتۇق قان (休屠王) ــ هۇن خانلىرىدىن بىرى بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى ۋۇيۇ ناھىيىسىنىڭ ئەتراپىدىكى هۇن قەبىلىلىرىنى باشقۇراتتى.

(«سىخەي» 495 ـ بەت)

[65] شىنچىنجۇڭ (新秦中) ــ چاڭئەن (بۈگۈنكى شىئەن)نىڭ شىمالىدىن شوفاڭ (بۈگۈنكى ئىچكىي موڭغۇل خانگىن خوشۇنى)نىڭ جەنۇبىغىچە بولغان يەر شىنچىنجۇڭ دەپ ئاتىلاتتى.

(««تارىخىي خاتىرىلەر» ئىزاھلىرى توغرىسىدا تەتقىقات» 4547 ـ بەت)

[66] تيەنيەن تېغى (阗颜山) ــ بۈگۈنكى موڭغۇلىيە ئىگىزلىكىدىكى خانگاي تېغىنىڭ جەنۇبىدا.

(«سىخەي» 2161 ـ بەت)

[67] جاۋسىن شەھىرى (赵信城) ــ هۇنلارغا تەسلىم بولغان جاۋسىن سەنگۇنكە هۇنلار مەخسۇس شەھەر سېلىپ بېرىپ، ئۇنى ماكانلاشتۇرغانىدى.

جاۋسۇن شەھىرى تېيەيەن تېغىنىڭ ئېتىكىدە.

(«دتارىخىي خاتىرىلەر، ئىزاھلىرى توغرىسىدا تەتقىقات» 4549 ـ بەت)

[68] لاڭجۇشۇ تېغى (狼居胥山) ــ لاڭجۇشۇ تېغى تەخمىنەن بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇل خېشىنگىتىن خوشۇنىنىڭ غەربىي شىمالىدىن ئاباگا خوشۇنىغىچە بولغان ئارىلىقتا جايلاشقان.

(«سىخەي» 1884 ـ بەت)

[69] قويان تېغى (姑衍山) ــ قويان تېغى تەخمىنەن بۈگۈنكى موڭغۇلىيە ئىگىزلىكىدىكى قۇملۇقنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.

(«تۈزىتىلگەن «سىيۇەن» 1875 ـ بەت)

[70] فۇجۇجىڭ (浮苴井) ــ يەر ئىسمى. ئورنى بۈگۈنكى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتى خانگاي تېغىنىڭ شىمالىدا.

(«دتارىخىي خاتىرىلەر، ئىزاھلىرى توغرىسىدا تەتقىقات» 4541 ـ بەت)

[71] شيۇگخې دەرياسى (匈河) ــ بۈگۈنكى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىدىكى خانگاي تېغىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.*

[72] خۇيخې (秽貉) ــ يەر ئىسمى. ئورنى بۈگۈنكى چاۋشيەندىكى خامگيوڭ بوكدو ۋە ئېلمىزدىكى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ شەرقى، جىلىن ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىدا.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن» 2023 ـ بەت)

[73] شيەنلېي (肱雷) ــ يەر ئىسمى. ئۇيسۇننىڭ شىمالىدا.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن» 2553 ـ بەت)

[74] يىنيۇ (因杅) ــ يەر ئىسمى. ھۇنلار ئېلىدىكى بىريەرنىڭ ئىسمى. گۇڭسۇن ئاۋ يىنيۇ دېگەن يەرگە يۈرۈش قىلماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن، يىنيۇ سەنگۈن دەپ ئاتالغانىدى.

(«دتارىخىي خاتىرىلەر، ئىزاھلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات» 4557 ـ بەت)

[75] تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرى (受降城) ــ ئورنى بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇل خوخخوت شەھىرىنىڭ غەربىدىن 390 چاقىرىم كېلىدۇ.

(«دتارىخىي خاتىرىلەر، ئىزاھلىرى توغرىسىدا تەتقىقات» 4557 ـ بەت)

[76] جۈنجى تېغى (浚稽山) ــ جۈنجى تېغى بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى ۋۇۋېي ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا.

(«دتارىخىي خاتىرىلەر، ئىزاھلىرى توغرىسىدا تەتقىقات» 4558 ـ بەت)

[77] لۇچۇ ([illegible]) — تاغ ئىسمى، بۇگۈنكى ئىچكى موڭغۇلدىكى لاڭشەن ئېغىزىنىڭ شىمالىي قىسمى ئۇزۇۋاقتىدا لۇچۇ دەپ ئاتىلاتتى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر، ئىزاھلىرى توغرىسىدا تەتقىقات» 4559 ـ بەت)

[78] جۈيەن سازلىقى (居延泽) — ئورنى بۇگۈنكى ئىچكى موڭغۇل ئېرگىنە خوشۇنىدا.

(«تارىخىي خاتىرىلەر، ئىزاھلىرى توغرىسىدا تەتقىقات» 4560 ـ بەت)

[79] رېن ۋېن (任文) — خەن خاقانلىقىنىڭ يۈمېن قوۋۇقىدا تۇرۇشلۇق سەنگۈنى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر، ئىزاھلىرى توغرىسىدا تەتقىقات» 4560 ـ بەت)

[80] سۇۋۇ (苏武)، م. ب. ? ـ 60 ـ يىللار) — دۇلىگلىق (بۇگۈنكى شىئەن شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا). م. ب. 100 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى تيەنخەنىنىڭ بىرىنچى يىلى) خەن خاقانلىقىنىڭ يارلىقى بىلەن ھۇنلارغا باردى. ھۇنلار ئۇنى تۇتۇپ قېلىپ تەسلىم بولۇشقا قىستىغان بولسىمۇ، ئۇقىلچە تەۋرەنمىگەن ۋە ھۇنلار كېيىن ئۇنى بايقالغا ئاپىرىپ قوي باقتۇرغانىدى. ئۇ 19 يىلچە قوي بېقىپ، م. ب. 81 ـ يىلى (خاقان جاۋدى سەلتەنەت دەۋرى سيۈەنىنىڭ ئالتىنچى يىلى) خەن خاقانلىقىغا قايتىپ كەلگەندى.

(«سىخەي» 1285 ـ بەت)

[81] جوتۇ (涿涂) — تاغ ئىسمى، ئورنى بۇگۈنكى شىنجاڭدىكى ئالتۇننىڭ شەرقىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر، ئىزاھلىرى توغرىسىدا تەتقىقات» 4563 ـ بەت)

[82] ئىككى يىل ئۆتكەندىن — م. ب. 97 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى تيەنخەنىنىڭ تۆتىنچى يىلى).*

[83] يۈۋۇ دەرياسى (余吾水) — شوفاڭ شەھىرىنىڭ، يەنى بۇگۈنكى ئىچكى موڭغۇل خاڭجىن خوشۇنىنىڭ شىمالىدا.

(«تارىخىي خاتىرىلەر، ئىزاھلىرى توغرىسىدا تەتقىقات» 4563 ـ بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى ئادرېسى



## ۋېي چىڭ ۋەقىران چەۋەنداز سەنگۈن تەزكىرىسى

چوڭ سەنگۈن ۋېي چىڭ پىڭياڭلىق. ئۇنىڭ ئاتىسى جىڭ جى ئەمەلدارلاردىن بولۇپ، پىڭياڭ تۆرىسىنىڭ ئۆيىدە خىزمەت قىلاتتى. ئۇ پىڭياڭ تۆرىسىنىڭ ئۆيىدىكى كۈڭ (دىدەك قۇل) ۋېي جۇۋان بىلەن شەھۋانى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن ۋېي چىڭ تۇغۇلغان. ۋېي چىڭنىڭ ئانا بىر ئاكىسى ۋېي جاڭزى دېيىلەتتى. سىڭلىسى ۋېي زىفۇ پىڭياڭ خانىكىسىنىڭ ئۆيىدە خاقانىنىڭ مۇھەببە-تىگە سازاۋەر بولغاچقا، ئۇ فامىلىسىنى ۋېي قىلىۋالغان. ۋېي چىڭنىڭ يەنە بىر ئىسمى ۋېي جۇڭچىڭ ئىدى. ئاكىسى ۋېي جاڭزى ئۆز ئىسمىنى ۋېي جاڭجۇڭ دەپ ئۆزگەرتتى. جاڭجۇڭنىڭ ئانىسى «ۋېي جۇۋان» دەپ ئاتالدى. ۋېي جۇۋاننىڭ چوڭ قىزى ۋېي رۇ، ئىككىنچى قىزى ۋېي شاۋئېر، ئۈچىنچى قىزى ۋېي زىفۇ بولۇپ، كېيىنچە، ۋېي زىفۇنىڭ ئىنىلىرى ۋېي بۇ، ۋېي گۋاڭلارمۇ فامىلىرىنى ۋېي (1) قىلىۋالغاندى.

ۋېي چىڭ پىڭياڭ تۆرىسىنىڭ چاكىرى بولۇپ، كىچىك ۋاقتىدا ئاتىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىدۇ. ئاتىسى ئۇنىڭغا قوي باقتۇرىدۇ. ئاتىسىنىڭ رەسمىي خوتۇنىدىن بولغان بالىلىرى ئۇنى ئۆز قېرىندىشى قاتارىدا كۆرمەي، قۇل ئورنىدا كۆرىدۇ. ۋېي چىڭ بىرسى بىلەن گەنچۈەن ئوردىسىدىكى سولاقخانىغا بېرىپ قالىدۇ. كويزا-كىشەن سېلىنغان بىر مەھبۇس ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ: «سەن ئېسىلزادى-

ھەردىن ئىنكەنسەن، چوقۇم تۆرە بولسەن» دەيدۇ. ۋېي چىڭ
كۆرلۈپ كېتىپ: «مەن كۆكدىن (دىدەك قۇلدىن) تۇغۇلغان، تاياق
يېمىسەم، تىل-ھاقارەت ئىشتىمىسەملا بولدى. ماڭا تۆرىلىك نەدە
تۇرۇپتۇ» دەيدۇ.

ۋېي چىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىن، پىڭياڭ تۆرىسىنىڭ ئۆيىدە
چەۋەنداز نۆكەر بولۇپ، پىڭياڭ تۆرىسىنىڭ مۇلازىمى بولدى. م.
ب. 139-يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى جيەنيۈەننىڭ
ئىككىنچى يىلى) ئەتىيازدا، خەن ۋۇدى ۋېي چىڭنىڭ سىڭلىسى ۋېي
زىفۇنى ئوردىغا ئېلىپ كىردى. خانىش بولسا، تاڭيى تۆرىسىنىڭ
خوتۇنى چوڭ خانىكە داچاڭنىڭ قىزى بولۇپ، ئوغۇل كۆرمىگەن،
ھەسەتخور ئىدى. خانىشنىڭ ئانىسى چوڭ خانىكە داچاڭ ۋېي
زىفۇنىڭ خاقانغا يېقىپ قالغانلىقى ۋە ھامىلدار ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ،
ۋېي زىفۇغا قاتتىق كۈندەشلىك قىلىدۇ. ھەتتا ۋېي چىڭنى تۇتۇشقا
ئادەم ئەۋەتىدۇ. ۋېي چىڭ بۇ چاغدا ئوردىنىڭ جيەنجاڭ قەسىرى-
سىدە خىزمەت قىلىۋاتقان، تېخى نامى چىقمىغانىدى. چوڭ خانىكە
داچاڭ ئۇنى قامىتىپ قويىدۇ ۋە ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. ۋېي چىڭنىڭ
دوستى — چەۋەنداز نۆكەر گوڭسۈن ئاۋ ۋە باشقا پالۋانلار ئۇنى
قاچۇرۇپ ئېلىپ كېتىدۇ. ۋېي چىڭ شۇنىڭ بىلەن ئامان قالىدۇ.
خاقان بۇ ئىشلارنى ئاڭلاپ، ۋېي چىڭنى جيەنجاڭ قەسىرىسىنىڭ
نازارەتچىسى ۋە مەھرەم بېگى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن
ئۇنىڭ ئانا بىر ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللىرىمۇ بايلىققا ۋە ئىززەت-
ھۆرمەتكە ئېرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالغان ئىنئاملىرى بىر نەچچە كۈن
ئىچىدىلا بىر نەچچە مىڭ جىڭلاپ ئالتۇنغا يېتىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ
چوڭ ئاچىسى ئوردا مىراخورى گوڭسۈن خېغا ياتلىق بولىدۇ.
ئىككىنچى ئاچىسى ۋېي شاۋئېر ئەسلىدە چېن جاڭ بىلەن شەھۋانى
مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقتىن، خاقان چېن جاڭنىمۇ بايلىق ۋە

ئىززەت-ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىدۇ. گۈگسۈن ئاۋ شۇنىڭ بىلەن
خىمۇ باي ۋە ئىززەت-ھۆرمەتكە ئىگە بولىدۇ. ۋېي زىفۇ كىچىك
انىشلىقتا كۆتۈرۈلۈپ، ۋېي چىڭ كېڭەش بېگى بولىدۇ.

م. ب. 130-يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنگۇاڭ-
نىڭ بەشىنچى يىلى) ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، ۋېي چىڭ
ھارۋا-ئاتلىقلار سەنگۇنى بولۇپ شاڭگۇدىن؛ مىراخور گۈگسۈن جى-
يىنىڭ ھارۋىلىقلار سەنگۇنى بولۇپ يۈنجۇڭدىن؛ كېڭەش بېگى
گۈگسۈن ئاۋ چەۋەندازلار سەنگۇنى بولۇپ دەيجۈندىن؛ ياساۋۇل
بەگ لى گۇاڭ ئالىپ چەۋەنداز سەنگۇن بولۇپ يەنمېندىن يولغا
چىقىدۇ. ھەرقايسى قوشۇندا 10000دىن چەۋەنداز بار ئىدى. ۋېي
چىڭ لۇڭچېڭ شەھىرىگە يېتىپ بېرىپ، دۈشمەننىڭ نەچچە يۈز
ئادىمىنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئەسىر ئالىدۇ. چەۋەنداز سەنگۇن گۈگسۈن
ئاۋنىڭ قوشۇنىدىن 7000 ئادەم چىقىم بولىدۇ. ياساۋۇل بەگ لى
گۇاڭ ھۇنلارغا ئەسىر چۈشىدۇ ۋە كېيىن قېچىپ كېلىدۇ. بۇ ئىككەي-
لەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. پۇل تۆلەپ قۇتۇلغان بولسىمۇ،
لېكىن ئاددى پۇقراغا ئايلاندۇرۇلىدۇ. گۈگسۈن خىمۇ خىزمەت
كۆرسىتەلمەيدۇ.

م. ب. 128-يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ
بىرىنچى يىلى) ئەتىيازدا، ۋېي كىچىك خانىش بىر ئوغۇل تۇغقاچقا،
چوڭ خانىش بولىدۇ. شۇ يىلى كۈزدە ۋېي چىڭ ھارۋا-ئاتلىقلار
سەنگۇنى بولۇپ 30000 چەۋەنداز بىلەن يەنمېن قوۋۇقىدىن
چىقىپ، ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ. بىر نەچچە مىڭ دۈشمەننى
قىرىدۇ ۋە ئەسىر ئالىدۇ. م. ب. 127-يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتە-
نەت دەۋرى يۈەنشونىڭ ئىككىنچى يىلى) ھۇنلار ھۇجۇم قىلىپ
كىرىپ، لياۋشى قوشبېگىنى ئۆلتۈرىدۇ. يۈياڭ ناھىيىسىدىن 20000
دىن ئوشۇق ئادەمنى ئەسىرگە ئېلىپ ۋە بۇلاپ كېتىدۇ. ئۇرۇشتا

www.uyghurkitap.com

خەن ئەنگو قوشۇننى تارمار قىلىندۇ. خەن خاقانلىقى سەنگۈن لى شىنى دەيجۈن ۋىلايىتىدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە، ھارۋا-ئاتلىقلار سەنگۈنى ۋېي چىڭنى يۈنجۇڭنىڭ غەربىدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرۇغانىدى. ئۇلار گاۋچۆ (قورغىنى) گىچە ھۇجۇم قىلىپ بېرىپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى قايتۇرۇۋېلىپ، لۇڭشىغا يېتىپ باردۇ. بىر نەچچە مىڭلىغان چارۋا مال ئولجا ئېلىپ، ھۇنلارنىڭ بەيان ۋە لۇفەن خانلىرىنى قوغلىۋەتتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى شوفاڭ ۋىلايىتى (شىمالىي ۋىلايەت) قىلىپ قۇرۇدۇ. ۋېي چىڭغا 3800 ئۆيلۈك يەرسۇ-يۇرغال قىلىندۇ ۋە چاڭپىڭ تۆرىسى (长平侯) دېگەن مەرتىۋە بېرىلدۇ. ۋېي چىڭنىڭ قول ئاستىدىكى چىرىكچى بەگ سۇجيەن خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا 1100 ئۆيلۈك يەرسۇيۇرغال قىلىنىپ، پىڭلىڭ تۆرىسى (平陵侯) دېگەن مەرتىۋە بېرىلىدۇ ۋە شوفاڭ شەھىرىنى بىنا قىلىشقا ئەۋەتىلىدۇ. ۋېي-چىڭنىڭ قول ئاستىدىكى چىرىكچى بەگ جاڭ سىگۇڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەنتوۋ تۆرىسى (安头侯) دېگەن مەرتىۋە بېرىلدۇ.

خاقان: «ھۇنلار تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئەدەپ-قائىدىنى بۇزدى. قېرىلارغا قوپال مۇئامىلىدە بولدى. بۇلاڭچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، بەدنۇي قەبىلىلەرنى ئالداپ، سۇيىقەست بىلەن ئۇلاردىن ئەسكەر ئېلىپ، چېگرىغا كۆپ قېتىم ئاپەت يەتكۈزدى. شۇنىڭ ئۈچۈن لەشكەر ۋە سەركەردىلەرنى ئەۋەتىپ ئۇلارنى جازالىدىم. «شېئىر نامە»دە:

... ... ... ...

شىيەنيۈنگە يۇرۇش قىلىپ،
تەيۋەنگىچە باردۇق بىز.

www.uyghurkitap.com

ھارۋىنى گولدۇرلىتىپ،
قورغاننى پۇختا سىلىپ،
شىمال يۈرتنى تىنجىتىپ،
بۇ ئەلنى قوغدايلى بىز.

دېيىلگەن ئەمەسمۇ؟! بۈگۈنكى كۈندە بولسا، ھارۋا-ئاتلىقلار سەنگۈنى ۋېي چىڭ شىخې دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتۈپ، گاۋچۈ قورغىنىغا قەدەر باردى. دۈشمەننىڭ 2300دىن ئوشۇق ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى. ئاشلىق، ئوت-چۆپ ۋە باشقا ھەربىي مۇلازىمەتلىك نەرسىلىرى بىلەن نۇرغۇن چارۋا-مال ئولجا ئالدى. شۇڭا، ئۇنىڭغا چوڭ تۆرە مەرتىۋىسى بېرىلدى. ئۇ تېخىمۇ غەربدە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى يەرلەرنى تىنچىتتى. كونا يوشى قەلئەسىنى تېپىپ، زىلىگىدىن ئۆتتى. بېيخې دەرياسىغا كۆۋرۈك سالدى. پۇنىغا يۈرۈش قىلىپ، فۇنىنى تار-مار قىلدى. ھۇنلارنىڭ يېنىك زەربىدار قوشۇنىنى يوقىتىپ، بۆكتۈرمىدىكى 3071 چارلىغۇچى ئەسكىرىنى تۇتۇپ ئالدى ۋە ئۇلارنى سوراق قىلىش ئارقىلىق بەدبەشىرىلەرنى قولغا چۈشۈردى. 1000000 تۇياقتىن ئوشۇق ئات، كالا، قويلارنى ھەيدەپ، ھېچقانداق چىقىم تارتماي غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلدى. شۇڭا، ۋېي چىڭغا يەنە 3000 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلدىم» دېدى. ياندۇرقى يىلى ھۇنلار تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، دەيجۈن قوشىبېگى گۇڭ يۈنى ئۆلتۈردۇ. يەنمېن قوۋۇقىغا كىرىپ مىڭدىن ئوشۇق ئادەمنى تۇتۇپ كېتىدۇ. يەنە بىر ياندۇرقى يىلى ھۇنلار دەيجۈن، دىڭشياڭ ۋە شاڭجۈن ۋىلايەتلىرىگە كەڭ كۆلەمدە بېسىپ كىرىپ، خەن خاقانلىقىنىڭ بىر نەچچە 1000 ئادىمىنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە تۇتۇپ كېتىدۇ.

م. ب. 124-يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ بەشىنچى يىلى) ئەتىيازدا، بۇيرۇق بويىچە خەن خاقانلىقىنىڭ

هارۋا ـ ئاتلىقلار سەنىگونى ۋېي چىڭ 30000 چەۋەنداز بىلەن
گاۋچۇ قورغىنىدىن يولغا چىقىدۇ. ياساۋۇل بەگ سۇجيەن ھەرىكەت ـ
چان قوشۇنلار سەنىگونى، سول دىۋان بېگى لى جۇ كۇچلۇك
ئوقيالىقلار سەنىگونى، مىراخور گۇڭسۇن خې چەۋەندازلار سەنگونى،
دەي بەگلىكى باش ۋەزىرى لى سەي يېنىك ھارۋىلىقلار سەنگونى
بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھارۋا ـ ئاتلىقلار سەنگونى ۋېي چىڭغا
قارايدۇ ۋە شوفاڭ ۋىلايىتىدىن يولغا چىقىدۇ؛ سورۇن بېگى لى شى،
ئەنتوۋ تۆرىسى جاڭ سىگۇڭلار سەنگون بولۇپ يوۋ بېيپىڭدىن يولغا
چىقىدۇ؛ بۇلار ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلىنىدۇ. ھۇنلارنىڭ ئوك
توغ قانى، ۋېي چىڭ قاتارلىقلار باشلاپ ماڭغان زور قوشۇننىڭ يۈرۈش
يولى ئۈستىدە تۇراتتى. لېكىن ئۇ خەن قوشۇنلىرى يېتىپ كېلەلمەي ـ
دۇ، دەپ قاراپ، ھاراق ـ شاراپ ئىچىش بىلەن بولۇپ كەتكەنىدى.
خەن قوشۇنى كېچىسى يېتىپ كېلىپلا، ئوك توغ قاننى قورشىۋالىدۇ.
ئوك توغ قان چۆچۈپ كېتىپ كېچىلەپ قاچىدۇ. پەقەت ئۆزىنىڭ
ئامراق كىچىك خوتۇنى ۋە بىر نەچچە يۈز نەپەر خىل چەۋەندازلىرى
بىلەن مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ، شىمالغا قاراپ كېتىدۇ. خەن خا ـ
قانلىقىنىڭ يېنىك چەۋەندازلار چېرىكچى بېگى گوچېڭ قاتارلىقلار
بىر نەچچە يۈز چاقىرىم يەرگىچە قوغلاپ يېتىشەلمەيدۇ. ئوك توغ
قاننىڭ قول ئاستىدىكى ياردەمچى قان باشلىق ئون نەچچە ئادەمنى
ۋە 15000دىن ئوشۇق ئەر ـ ئايال پۇقرانى تۇتقۇن قىلىپ، بىر
مىليونچە قوي ـ كالا غەنىمەت ئېلىپ قايتىپ كېلىدۇ. قورۇلغا
كىرگەندە، خاقان ئەۋەتكەن ئەلچى چوڭ سەنگونلۇك تامغىسىنى
كۆتۈرۈپ كېلىپ، قوشۇنلارنىڭ ئالدىدا ھارۋا ـ ئاتلىقلار سەنگونى
ۋېي چىڭنى چوڭ سەنگون دەپ ئېلان قىلىدۇ، باشقا ھەممە سەنگون ـ
لەر قوشۇنلىرى بىلەن ئۇنىڭ قارىمىقىغا ئۆتىدۇ. شۇنداق قىلىپ،
ۋېي چىڭ چوڭ سەنگونلۇك نامىنى ئېلىپ قايتىپ كېلىدۇ. خاقان؛

«چوڭ سەنگۈن ۋېي چىڭ ئۆزى لەشكەر تارتىپ چوڭ غەلىبە قازاندى. ھۇن خانلىرىدىن ئون نەچچىسىنى قولغا چۈشۈردى. شۇڭا، ۋېي چىڭغا يەنە 6000 ئۆيلۈك يەر ئۈستىلەپ سۈيۈرغال قىلىندۇ» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ۋېي چىڭنىڭ ئوغلى ۋېي كاڭغا يىچۈن تۆرىسى (宜春侯)، ۋېي بۇيىغا يىنئەن تۆرىسى (阴安侯)، ۋېي دېڭغا فاگەن تۆرىسى (发干侯) دەپ نام بېرىلدۇ. ۋېي چىڭ ئۆزرە بىلەن رەت قىلىپ: «پېقىر بەختىيار ھالدا ئېھتىيات بىلەن قوشۇندا خىزمەت قىلىپ كەلدىم، خاقان ئالىيلىرىنىڭ دانالىقىغا تايىنىپ، قوشۇن چوڭ غەلىبە قازاندى. بۇ تامامەن، سىپاھ-بەگلەرنىڭ باتۇرانە جەڭ قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ئالىيلىرى پېقىرغا شەپقەت ياغدۇرۇپ يەنە نۇرغۇن سۈيۈرغال ئىنئام قىلدىلا. پەرزەنتلىرىمنىڭ ھەممىسى كىچىك، تېخى ھېچقانداق خىزمەت كۆرسەتمىگەن تۇرۇقلۇق ئۈچ ئوغلۇمغا يەر-زېمىن ۋە مەرتىۋە ئىنئام قىلدىلا. بۇ مېنىڭ قوشۇندا ئېھتىيات بىلەن خىزمەت قىلىپ، لەشكەرلەرنى باتۇرانە جەڭ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشتىكى مەقسىتىم ئەمەس. ۋېي كاڭ قاتارلىق ئۈچ ئوغلۇم بۇ ئىنئامنى قانداقمۇ قوبۇل قىلسۇن!» دېگەنىدى، خاقان: «مەن سىپاھ-بەگلەرنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنى ئۇنتۇپ قالمىدىم. ئۇلارنىمۇ ئويلىشىۋاتىمەن» دەيدۇ ۋە ئورۇندا تەپتىش بېگىگە يارلىق چۈشۈرۈپ: «باشقۇرغۇچى تۇتۇقبەگ گۇڭسۇن ئاۋ، ئۈچ قېتىم چوڭ سەنگۈن بىلەن بىللە ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلدى ۋە ھۇن خانىنى قولغا چۈشۈرگەن ئەسكەرلەرگە باشچىلىق قىلدى ئۇ دائىم مۇھاپىزەتچىلىك قىلىپ تۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭغا 1500 ئۆيلۈك يەر سۈيۈرغال قىلىنىپ، ھەمدەملەشكۈچى تۆرە (合骑侯) مەرتىۋىسى بېرىلسۇن. تۇتۇق بەگ خەن يۇ چوڭ سەنگۈن بىلەن بىللە يوخۇنسدىن چىقىپ، ھۇن ئۇك توغ قانىنىڭ بارگاھىغا قەدەر ھۇجۇم قىلىپ بېرىپ، چوڭ سەنگۈننىڭ قوماندان-

لىقىندا ھۇنلار بىلەن قاتتىق ئېلىشىپ، بىر ھۇن خانىنى قولغا چۈشۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا 1300 ئۆيلۈك يەرسۇيۇرغال قىلىنىپ، لۇڭئې تۆرىلىكى (龙额侯) مەرتىۋىسى بېرىلسۇن. چەۋەندازلار سەنگۇنى گۇڭسۇن خې چوڭ سەنگۇن بىلەن بىللە ھۇن قانىنى قولغا چۈشۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈن 1300 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال بېرىلسۇن ھەمدە نەنجياۋ تۆرىلىكى (南窌侯) مەرتىۋىسى بېرىلسۇن. يېنىك ھارۋىلىقلار سەنگۇنى لى سەي يەنە بىر قېتىم چوڭ سەنگۇن بىلەن بىرلىكتە، ھۇن خانىنى قولغا چۈشۈرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا 1600 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىنىپ، لېئەن تۆرىلىكى (乐安侯) مەرتىۋىسى بېرىلسۇن. چېرىكچى بەگ لى سۇ، چېرىكچى بەگ جاۋبۇيۇ، چېرىكچى بەگ گۇڭسۇن رۇڭنۇلار چوڭ سەنگۇن بىلەن بىرلىكتە ئۈچ قېتىم ھۇن خانىنى قولغا چۈشۈرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، لى سۇغا 1300 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىنىپ، شېجى تۆرىلىكى (涉轵侯) مەرتىۋىسى بېرىلسۇن. جاۋبۇيۇگە 1300 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىنىپ، سۇيچېڭ تۆرىلىكى (随成侯) مەرتىۋىسى بېرىلسۇن. گۇڭسۇن رۇڭنۇغا 1300 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىنىپ، سۇڭپىڭ تۆرىلىكى (从平侯) مەرتىۋىسى بېرىلسۇن. سەنگۇن لى شى ۋە چېرىكچى بەگ دوۋرۇيىلار ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارغا گۇۋۇق ئىچى تۆرىلىكى مەرتىۋىسى بېرىلىپ، ھەرقايسىسىغا 300 ئۆيلۈك يەرسۇيۇرغال قىلىنسۇن» دەيدۇ. شۇ يىلى كۈزدە ھۇنلار دەيجۈن ۋىلايىتىگە بېسىپ كىرىپ، تۇتۇق بەگ جۇيىڭنى ئۆلتۈرىدۇ.

ئىككىنچى يىلى (م. ب. 123 - يىلى، خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ ئالتىنچى يىلى) ئەتىيازدا، چوڭ سەنگۇن ۋېي چىڭ دىڭشياڭدىن يولغا چىقىدۇ. ھەمدەمسەلەشكۈچى تۆرە گۇڭسۇن ئاۋ ئوتتۇرىدىكى سەنگۇن، ئوردا مىراخورى گۇڭسۇن خې سول

سەنگۈن، يابغۇ (翁候) جاۋسۇن ئالدىچى سەنگۈن، ياساۋۇل بەگ سۇجىيەن ئوڭ سەنگۈن، ئىشنىڭ ئاغاسى لى گۇاڭ ئارقىچى سەنگۈن، ئوڭ دىۋان بېگى لى جۇ كۈچلۈك ئوقيالىقلار سەنگۈنى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. بۇلار ھەممىسى چوڭ سەنگۈننىڭ قارمىقىدا بولىدۇ ۋە دۈشمەننىڭ نەچچە مىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئەسىر ئالىدۇ. بىر ئايدىن ئوشۇق ۋاقىتتىن كېيىن، ئۇلار يەنە دىڭشياڭدىن چىقىپ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ، 10000دىن ئوشۇق ئادىمىنى ئۆلتۈرىدۇ. ئوڭ سەنگۈن سۇجىيەن، ئالدىچى سەنگۈن جاۋسۇن قوشۇنلىرىدىن مىڭدىن ئوشۇق چەۋەنداز بىرلىشىپ، تەڭرىقۇت قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. بىركۈندىن ئوشۇق ۋاقىت مۇستەقىل جەڭ قىلىپ، خەن قوشۇنلىرى تارمار بولىدۇ. ئالدىچى سەنگۈن جاۋسۇن ئەسلىدە ھۇن بولۇپ، خەنگە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، يابغۇ مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەنىدى. ئۇرۇشنىڭ خەتەرلىكلىكىنى بايقاپ ۋە ھۇنلارنىڭ ئۆزىگە تارتىشى ئارقىسىدا، قول ئاستىدىكى قالدۇق 800دىن ئارتۇق چەۋەنداز بىلەن تەڭرىقۇتقا تەسلىم بولغانىدى. ئوڭ سەنگۈن سۇجىيەن پۈتۈن قوشۇنى تارمار بولغاندىن كېيىن، ئۆزى يالغۇز قېچىپ، چوڭ سەنگۈن ۋېي چىڭنىڭ ھۇزۇرىغا قايتىپ كېلىدۇ. چوڭ سەنگۈن ۋېي چىڭ قول ئاستىدىكى يارغۇچى بەگ (ھەربىي ھەكەم) خوڭ، دورغاپ ئەن، مەسلىھەتچى جوۋبالاردىن: «سۇجىيەن قانداق جازاغا تارتىلىشى كېرەك؟» دەپ سورىغاندا، جوۋبا «چوڭ سەنگۈن لەشكەر باشلاپ ماڭغاندىن بۇيان، بىرەر كىچىك سەركەردىنى ئۆلتۈرۈلگىنى يوق. سۇجىيەننىڭ پۈتكۈل قوشۇنى تارمار بولدى. ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، چوڭ سەنگۈننىڭ ھەيۋىسىنى كۆرسىتىش كېرەك» دەيدۇ. خوڭ بىلەن ئەن ئىككەيلەن: «بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس. ھەربىي كىتابلاردا، لەشكەر ئاز بولۇپ تۇرۇقلۇق قاتتىق كۈرەش قىلسىمۇ، ئاخىردا يەنە كۆپ ساندىكى دۈشمەنگە ئەسىر چۈشۈپ قالىدىغان

ئەھۋاللار بولدۇ، دەپ كۆرسىتىلگەن. سۇجيەن ئۆزىنىڭ بىر نەچچە مىڭ ئەسكىرى بىلەن تەكىرىقۇتىنىڭ نەچچە ئون مىڭ قوشۇنىغا قارشى بىركۈندىن ئوشۇق جەڭ قىلغانچىقا، ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلگەن. ئۆزى بولسا، ئالا كۆڭۈللۈك قىلماي، يالغۇز قايتىپ كەلگەن. قايتىپ كەلگەنلەرنىڭ كاللىسى ئېلىنسا، بۇندىن كېيىن قايتىپ كەلمەسلىك كېرەك، دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنى ئۆلتۈر-مەسلىك لازىم» دېيىشكەن. چوڭ سەنگۈن: «مەن خاقاننىڭ تۇققىنى. قوشۇندا ئېھتىياتچانلىق بىلەن خىزمەت قىلىپ كەلدىم. ھەيۋىسىز بولۇپ قالارمەنمىكىن دەپ ئەنسىرىمەيمەن. جوۋبانىڭ سۇجيەننى ئۆلتۈرۈپ، ھەيۋىگىزنى كۆرسىتىڭ دېگىنى كۆڭلۈمگە ئانچە ياقمايدۇ. ۋەزىپەم يۈزىسىدىن سەركەردىنى ئۆلتۈرۈشكە ھوقۇقلۇق بولغىنىم بىلەنمۇ، خاقاننىڭ ئىشەنچىسى ۋە قەدىرلىشىگە مۇيەسسەر بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئۆز ئالدىمغا چېگرا سىرتىدا بىرەر سەركەردىنى خالىغانچە ئۆلتۈرۈشكە پېتىنالمايمەن. شۇڭا، بۇ ئىشنى خاقانغا مەلۇم قىلىپ، خاقاننىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا قالدۇرۇشقا مەجبۇرمەن. شۇنداق قىلىپ، خادىم بولغۇچىنىڭ باشباشتاقلىق قىلىپ، ئۆز ئالدىغا قالايمىقان ھوقۇق ئىشلىتىشكە جۈرئەت قىلالمى-غانلىقىنى ئىسپاتلىسام ياخشى ئەمەسمۇ؟» دەيدۇ. سىپاھ-بەگلەرنىڭ ھەممىسى «ياخشى» دېيىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، سۇجيەن قەپەزگە سېلىنىپ، خاقاننىڭ بارگاھىغا ئەۋەتىلىدۇ. زور قوشۇنمۇ چېگرىدىن قايتۇرۇپ كېلىنىدۇ.

شۇ يىلى چوڭ سەنگۈننىڭ ئاچىسىنىڭ ئوغلى خوچۈبىڭ① 18 يېشىدىلا خاقاننىڭ قەدىرلىشىگە ئېرىشىپ، خاقاننىڭ مەھرەم بېگى بولغان. ئۇ چەۋەندازلىق، كاماندازلىقتا ماھىر ئىدى. چوڭ سەنگۈن بىلەن بىرلىكتە ئىككىنچى قېتىم ئۇرۇشقا كىرگەندە، خاقاننىڭ يارلىقى بىلەن قىران چېرىكچى بەگ بولۇپ تەيىنلەندى.

ئۇ 800 نەپەر باتۇر يىنىك چەۋەنداز بىلەن زور قوشۇنىدىن نەچچە 100 چاقىرىم ئالدىدا مېڭىپ، ئوڭۇشلۇق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جەڭ قىلدى. ئۇ ئۆلتۈرگەن ۋە ئەسىر ئالغان ئادەملەرنىڭ سانى ئۆز قوشۇنىدىكى ئادەم سانىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. شۇڭا، خاقان: «قىران چىرىكچى بەگ خوچۇبىڭ دۈشمەنىنىڭ 2028 ئادىمىنى، باش ۋەزىر، تۇتۇن بېگىنى ھەمدە تەڭرىقۇتنىڭ بوۋا جەمەتلىرىدىن جىرۇ بېگى چەن بەگنى ئۆلتۈرگەن، تەڭرىقۇتنىڭ تاغىسى رۇگبېينى (罗姑比) تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ، قوشۇن بويىچە ئۇزۇپ چىققان. شۇنىڭ ئۈچۈن، خوچۇبىڭغا 1600 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىپ، ئۇزغان تۆرە (冠军侯) مەرتىۋىسىنى بېرىمەن. شاڭگۇ قوشبېگى خاۋشيەن چوڭ سەنگۈن بىلەن تۆت قېتىم جەڭگە بىللە چىقىپ، 2000دىن ئوشۇق دۈشمەننى ئۆلتۈرگەن ۋە تۇتقۇن قىلغان. شۇڭا، خاۋشيەنگە 1100 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىپ، جۇڭلى بېگى (众利侯) مەرتىۋىسىنى بېرىمەن» دەيدۇ. شۇ يىلى ئىككى سەنگۈنىنىڭ قوشۇنى چىقىم بولۇپ، يابغۇ جاۋسۇن ھۇنلار تەرەپكە قېچىپ كېتىدۇ. ھەربى جەھەتتە كۆرسىتىلگەن خىزمەت كۆپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، چوڭ سەنگۈنگە سۇيۇرغاللىق قوشۇپ بېرىلمەيدۇ. ئوڭ سەنگۈن سۇجيەن خاقان ئوردىسىغا يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، خاقان ئۇنى ئۆلتۈرمەستىن كەچۈرۈم قىلىدۇ. پۇل تۆلەپ قۇتۇلۇپ ئاددى پۇقراغا ئايلاندۇرۇلىدۇ.

چوڭ سەنگۈن ئوردىغا قايتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا مىڭ سەر ئالتۇن ئىنئام قىلىنىدۇ. بۇ چاغدا ۋاڭ كىچىك خانىش پادىشانىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدى. نىڭ چېن چوڭ سەنگۈنگە «سىلىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى ئانچە كۆپ دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن سىلىنىڭ سىڭىللىرى خاقانىنىڭ خانىشى بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئون مىڭ ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىندى. ئۈچ ئوغۇللىرى تۆرىلىك



www.uyghurkitap.com

مەرتىۋىسىگە ئېرىشتى. ۋاڭ كىچىك خانىش ھازىر پادىشانىڭ ئەتىۋارلىق خوتۇنى. ئەمما ئۇنىڭ جەمەتلىرى تېخى باي ۋە مەرتىۋىلىك بولۇپ كەتكىنى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزلىرىگە ئىنئام قىلىنغان 1000 سەر ئالتۇننى خانىشنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ھەدىيە قىلىشلىرىنى سورايمەن» دەيدۇ. چوڭ سەنگۈن خانىشنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە 500 سەر ئالتۇن ھەدىيە بېرىدۇ. خاقان بۇنى ئاڭلاپ، چوڭ سەنگۈندىن ئەھۋالنى سورىغاندا، چوڭ سەنگۈن راستىنى ئېيتىدۇ. خاقان نىڭ چېننى دۇڭخەي ۋىلايىتىنىڭ تۇتۇق بەگلىكىگە تەيىنلەيدۇ؛

جاڭ چيەنمۇ چوڭ سەنگۈن بىلەن بىرلىكتە ھەربىي يۈرۈشكە قاتناشقان ھەمدە باكترىيىگە ئەلچى بولۇپ بارغانىدى. يولدا ھۇنلارغا ئۇزۇن مۇددەت تۇتقۇن بولۇپ تۇردى. كېيىن قوشۇنغا يول باشلىغۇچى بولدى. ئۇ ئوت-چۆپ، سۇ بار يەرلەرنى ياخشى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، قوشۇن ئاچ ۋە سۇسىز قالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىلگىرى يىراق، چەت ئەللەرگە ئەلچى بولۇپ بېرىپ، چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بىلگە تۆرە (博望侯) مەرتىۋىسى بېرىلگەنىدى.

ئوزغان تۆرە خوچۇبىڭ تۆرىلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشىپ ئۈچىنچى يىلى يەنى م. ب. 121-يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ ئىككىنچى يىلى) ئەتىيازدا، قىران چەۋەنداز سەنگۈن بولدى. ئون مىڭدىن ئوشۇق چەۋەنداز بىلەن لۇڭشىدىن چىقىپ، جەڭدە خىزمەت كۆرسەتتى. خاقان: «قىران چەۋەنداز سەنگۈن ئەسكەر باشلاپ، ۋۇلىي (乌盭) تېغىدىن ئۆتۈپ، سۇپۇ② قەبىلىسى ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلدى. ئوزۇق-تۈلۈك، قورال-ياراق يېتەرلىك، ئادەم كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن قارشىلىق كۆرسەتمىگەنلەرگە تەگمىدى. خۇنۇ (狐奴) دەرياسىنى كېچىپ، بەش

خانلىقنى بېسىپ ئۆتۈپ، ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ئوغلىنى قولىغا چۈشۈرۈشنى كۆزلىدى. ئالتە كۈن يۆتكىلىپ يۈرۈپ جەڭ قىلىپ، يەنجى تېغىدىن ئۆتۈپ، مىڭ نەچچە چاقىرىم ئىلگىرىلىدى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى بىلەن گىرەلەشمە جەڭ قىلىپ، شەرەن قانىنى ئۆلتۈردى. رۇقۇ قانىنىڭ كاللىسىنى ئالدى ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن قوشۇنىنى يوقاتتى. قۇنشار قانىنىڭ بالىسى ۋە ۋەزىرىنى، تۇتۇق بېگىنى تىرىك قولغا چۈشۈردى. دۈشمەننىڭ 8000دىن ئوشۇق ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ ۋە ئەسىر ئېلىپ، شۇتۇق قانىنىڭ ئىبادەت قىلىدىغان ئالتۇن بۇتىنى ئولجا ئالدى. شۇڭا، خوچۈبىڭغا يەنە 2000 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلدىم» دېگەنىدى.

شۇ يىلى يازدا، قىران چەۋەنداز سەنگۈن خوچۈبىڭ بىلەن ھەمدەملەشكۈچى تۆرە گۇڭسۇن ئاۋلار بېيدىدىن ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ چىقىپ، ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلدى. بىلگە تۆرە جاڭ چيەن، ئىشىك ئاغىسى لى گۇاڭلار يووبېيپىڭدىن چىقىپ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلدى. ئىشىك ئاغىسى لى گۇاڭ 4000 چەۋەنداز بىلەن قارارگاھقا ئاۋال يېتىپ باردى. بىلگە تۆرە جاڭ چيەن 10000 چەۋەنداز بىلەن كېيىن يېتىپ باردى. ھۇن سول تۇغ قانىنىڭ قوماندىسىدىكى بىر نەچچە ئون مىڭ قوشۇن لى گۇاڭنى قورشىۋالغاچقا، لى گۇاڭ ئىككى كۈن جەڭ قىلىپ، قوشۇنىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى چىقىم بەردى. دۈشمەننىڭ چىقىمىمۇ شۇنچىلىك بولدى. جاڭ چيەن يېتىپ بارغاندا، ھۇن قوشۇنى چېكىنىپ كەتكەنىدى. جاڭ چيەن ھەربىي يۈرۈشتە كېچىككەنلىكى ئۈچۈن ئۆلۈمگە بۇيرۇلدى. پۇل تۆلەپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاددى پۇقراغا ئايلاندۇرۇلدى. قىران چەۋەنداز خوچۈبىڭ بولسا، بېيدىدىن چىقىپ دۈشمەن ئىچكىگە ئىچكىرىلەپ كىردى. ھەمدەملەشكۈچى تۆرە گۇڭسۇن ئاۋ يول ئېزىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ بىلەن ۋاقتىدا قوشۇلالمىغانىدى. قىران

چەۋەنداز خو چۈبىنڭ جۈيەن ئېقىنىدىن ئۆتۈپ، چىلىيەنشەن تېغىغا يېتىپ بېرىپ نۇرغۇن دۈشمەننى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى. خاقان: «قىران چەۋەنداز سەنگۈن جۈيەندىن ئۆتۈپ، كىچىك ياۋچىلار ئارقىلىق چىلىيەنشەن تېغىغا ھۇجۇم قىلىپ، تۇتۇ قاننى ئەسىر ئالدى. 2500دىن ئارتۇق ئادەمنى تەسلىم قىلدۇردى. 30200 ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى. بەش خان ۋە بەش خان ئانىسى، تەگرىقۇتنىڭ ئالچىسى، تېكىن قاتارلىق 59 ئادەمنى، باش ۋەزىر، سەنگۈن تۈتۈن بېگى، تۇتۇق بېگى قاتارلىق 63 ئەمەلدارنى قولغا چۈشۈردى. ئۆزى باشلاپ ماڭغان قوشۇننىڭ تەخمىنەن ئوندىن ئۈچ ئۈلۈشلا چىقىمغا ئۇچرىدى. شۇڭا، خو چۈبىڭغا يەنە 5000 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىندى. قىران چەۋەنداز سەنگۈن بىلەن بىللە كىچىك ياۋچىلارغا بارغان چېرىكچى بەگلەرگە سول تۆرە مەرتىۋىسى بېرىلدى. شۇڭقار لەشكەر بېشى جاۋپونۇ يەنە قىران چەۋەنداز سەنگۈن بىلەن بىرلىكتە سۇپۇقاننىڭ كاللىسىنى ئالدى. جىكە قاننى تۇتۇۋالدى. مىلىڭ ئەسكەرنى باشلاپ جەڭگە چىقىپ، بىر قاننى ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنى ھەم تېكىندىن تۆۋەن 41 ئادەمنى تۇتۇپ، جەمئىي 3300 ئادەمنى قولغا چۈشۈردى. ئۆتكەن قېتىم يەنە دۈشمەننىڭ 1400 ئادەمنى تىرىك قولغا چۈشۈرگەنىدى. شۇڭا، جاۋپونۇغا 1050 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىپ، قىران چەۋەنداز سەنگۈنگە ئەگەشكۈچى مەرتىۋىسى بېرىلسۇن. چېرىكچى بەگ گوۋ خانى گاۋبۇش قىران چەۋەنداز سەنگۈن بىلەن بىرلىكتە قويۇنچى قان بىلەن تېكىندىن تۆۋەن 11 كىشىنى تۇتۇپ، دۈشمەننىڭ 1768 ئادىمىنى قولغا چۈشۈرگەن. شۇڭا گاۋبۇشقا 1100 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىپ، ماسلاشقۇچى تۆرە مەرتىۋىسى بېرىلدى. چېرىكچى بەگ پۇدۇر غا كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن خۇيچۇ تۆرىسى دېگەن مەرتىۋە بېرىلدى» دەيدۇ. ھەمدەمسەلەشكۈچى تۆرە كۇڭسۇن ئاۋ

ھەربىي يۈرۈشتە كېچىكىپ، قىران چەۋەنداز سەنگۈن بىلەن قوشۇلا-
مىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ، پۇل تۆلەپ قۇتۇلغان
بولسىمۇ، لېكىن ئاددى پۇقراغا ئايلاندۇرۇلدۇ. كونا سەركەردى-
لەرنىڭ سىپاھ-بەگلىرى، ئات-ئۇلاق ۋە قورال ياراقلىرى قىران
چەۋەنداز سەنگۈننىڭكىگە يەتمەيتتى. چۈنكى، قىران چەۋەنداز
سەنگۈن دائىم ئەسكەرلەرنى تاللاپ ئالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە،
ئۇ دۈشمەن ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىشكە جۈرئەتلىك ئىدى. ئۇ
دائىم باتۇر چەۋەندازلارنى باشلاپ چوڭ قوشۇننىڭ ئالدىدا
ماڭاتتى. ئۇنىڭ قوشۇنى تەگرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، زادىلا
ئىلاجسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمايتتى. كونا سەركەردىلەر بولسا،
چېچىلاڭغۇ، تەرتىپسىز، بىر بىرىگە ماسلىشالماسلىقتەك خاتالىقلارنى
ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى. شۇڭا، قىران چەۋەنداز سەنگۈن كۈندىن-
كۈنگە ئىززەتلىنىپ ۋە بېيىپ، چوڭ سەنگۈن ۋېي چىڭ بىلەن
باراۋەرلىشىپ قالغانىدى.

شۇ يىلى كۈزدە قۇنشارقاننىڭ غەربدە خەن قوشۇنلىرىدىن بىر
قانچە قېتىم يېڭىلىپ، نەچچە ئون مىڭ ئادىمى قىران چەۋەنداز
سەنگۈننىڭ قولىدا ھالاك بولغانلىقى ئۈچۈن غەزەپلەنگەن تەگرىقۇت
ئۇنى چاقىرتىپ ئۆلتۈرمەكچى بولغانىدى. قۇنشارقان بىلەن شۇتۇق
قان ئۆز ئارا مەسلىھەتلىشىپ، خەنگە تەسلىم بولماقچى بولدى ۋە
ئالاقىلىشىش ئۈچۈن چېگرىغا ئادەم ئەۋەتتى. سورۇن بېگى لى شى
خۇاڭخې دەرياسى بويىدا قەلئە ياسىتىۋاتاتتى. ئۇ قۇنشارقان ئەۋەت-
كەن ئەلچىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، بۇ خەۋەرنى دەرھال ئوردىغا
مەلۇم قىلدى. خاقان بۇنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ يالغان تەسلىم بولۇپ،
چېگرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرىدى. شۇڭا، قىران
چەۋەنداز سەنگۈن خوچۇبىڭگە قوشۇن تارتىپ چېگرىدا ئۇلارنى
قوبۇل قىلىش ھەققىدە يارلىق چۈشۈردى. قىران چەۋەنداز سەنگۈن

خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ، قونشار قاننىڭ ئادەملىرى بىلەن روبىرو تۇردى. قۇنشارقاننىڭ سەركەردىلىرى خەن قوشۇنىنى كۆرۈپ قېلىپ، تەسلىم بولۇشقا ئۇنىماي، كۆپچىلىكى قاچقاندى. قىران چەۋەنداز سەنگۇن ئاتلىنىپ، ئۇچقاندەك بېرىپ قۇنشارقان بىلەن كۆرۈشتى ۋە قاچماقچى بولغان 8000 ئادەمنى ئۆلتۈردى. قۇنشارقاننى ئالاھىدە ئادەم قوشۇپ، ھارۋا بىلەن خاقان بارگاھىغا ئەۋەتتى ۋە ئۇنىڭ بارلىق ئادەملىرىمۇ خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتتى. تەسلىم بولغانلار بىر نەچچە ئون مىڭ بولسىمۇ، ئېيتىلىشىتا 100000 دەپ داۋراڭ قىلىندى. چاڭئەنگە بارغاندىن كېيىن، خاقان ئۇنىڭغا نەچچە ئون مىڭ پۇل-مال ئىنئام قىلىپ، يەنە 10000 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال بېرىپ، تايىن تۆرىسى دېگەن مەرتىۋىسىنى بەردى. ياردەمچى قان قۇدۇن قانىغا شيامو تۆرىسى، يانبېي قانىغا خۇيچۇ تۆرىسى، چىنلى قانىغا خېچى تۆرىسى، چوڭ تۇتۇن بېگى توگىرىغا چاڭلې تۆرىسى مەرتىۋىلىرى بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن، خاقان يەنە قىران چەۋەنداز سەنگۇننىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنى تەقدىرلەپ: «قىران چەۋەنداز سەنگۇن خوچۇبىڭ چوڭ قوشۇن تارتىپ بېرىپ، ھۇنلارنىڭ غەربىي ئەلدىكى خانى قۇنشارقانغا ھۇجۇم قىلدى. قۇنشارقان ۋە ئۇنىڭ سىپاھ-بەگلىرى، ئاھالىسى دەرھال تەسلىم بولۇپ، قوشۇنىمىزنى ھەربىي ئاشلىق بىلەن قامدىدى. ئۇ يەنە 10000 دىن ئوشۇق ئوقيالىق ئەسكەر بىلەن بېرىپ، جاھىللىق قىلغان ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ، 8000 دىن ئوشۇق ئادەمنى قىردى ۋە ئەسىر ئالدى. يات ئەلنىڭ خانلىرىدىن 32 كىشىنى تەسلىم قىلدى. خەن قوشۇنىنى چىقىمغا ئۇچراتماي، دۈشمەننىڭ ئون تۈمەن ئادىمىنى بويسۇندۇردى. ئۇرغۇن قېتىم ئەسكەر تارتىپ يۈرۈش قىلىپ جاپا چەكتى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە، خۇاڭخې دەرياسى بويى-دىكى قەلئەلەر بىلەن قورۇل سىرتىدىكى پۇقرالار ئۇرۇش ئاپىتىدىن

ئۆتۈلۈپ ئەمس تاپتى. شۇڭا، قىران چەۋەنداز سەنگۈنگە يەنە 1700 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلدىم» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، لۇگىشى، بېيدى، شاگجۇن ۋىلايەتلىرىنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىدە تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ يېرىمى قىسقارتىلىپ، ئەلنىڭ ئۈستىدىكى سېلىق يېنىكلىتىلگەنىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، تەسلىم بولغان ئاھالىلەر ئىلگىرى قورۇل سىرتىغا تەۋە بولغان بەش ۋىلايەتكە كۆچۈرۈلدى. بۇ جايلارنىڭ ھەممىسى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ-ئادىتى بويىچە ياشىدى ۋە خەن خاقانلىقىغا بېقىندى خانلىق بولۇپ تۇردى. ياندۇرقى يىلى ھۇنلار يەنە يۇۋ بېيپىڭ، دىڭشياڭلارغا بېسىپ كىرىپ، خەننىڭ 1000 نەچچە ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە تۇتۇپ كەتتى.

ياندۇرقى يىلى خاقان سەنگۈنلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ: «يابغۇ جاۋسۇن تەگرىقۇتقا پىلان كۆرسىتىپ، خەن قوشۇنلىرى چوڭ قۇملۇقتىن ئۆتۈپ كېلەلمەيدۇ، كەلسىمۇ ئۇزۇن تۇرالمايدۇ، دەپتىكەن. بىز چوڭ قوشۇن ماڭدۇرساق، ۋەزىيەت چوقۇم بىز كۈتكەندەك بولۇپ چىقىدۇ» دېيىشتى. بۇ م. ب. 119-يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشۇۋنىڭ تۆتىنچى يىلى) ئىدى.

شۇ يىلى ئەتىيازدا، خاقان چوڭ سەنگۈن ۋېي چىڭ، قىران چەۋەنداز سەنگۈن خو چۈبىڭلارغا ھەر بىرىنىڭ 50000 دىن چەۋەنداز، نەچچە ئون مىڭدىن پىيادە ئەسكەر ۋە تەمىنات-نەقلىيات قوشۇنى بىلەن يۈرۈش قىلىش، غەيرەت بىلەن جەڭ قىلالايدىغان ۋە دۈشمەن ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرەلەيدىغان قوشۇنلارنىڭ قىران چەۋەنداز سەنگۈننىڭ قوماندىسىدا بولۇش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. قىران چەۋەنداز سەنگۈن دەسلەپ دىڭشياڭدىن چىقىپ، تەگرىقۇت بىلەن ئۇچرىشىشى بولغانىدى. لېكىن ئەسىر چۈشكەن

هۇن ئەسكىرىنىڭ ئېيتىشچە، تەڭرىقۇتنىڭ شەرقتە ئىكەنلىكى مەلۇم بولدۇ. شۇڭا، يارلىق ئۆزگەرتىلىپ، قىران چەۋەنداز سەنگۈن دەيجۈن ۋىلايىتىدىن، چوڭ سەنگۈن دىڭشياڭدىن چىقىدىغان بولغانىدى. ئىشىك ئاغىسى لى گۇاڭ ئالدىچى سەنگۈن، ئوردا مىراخورى گۇڭسۇن خې سول سەنگۈن، ئۇنۋان بېگى جاۋيىجى ئوڭ سەنگۈن، پىڭياڭ تۆرىسى ساۋشياڭ ئارقىچى سەنگۈن بولغان ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسى چوڭ سەنگۈنگە قارىتىلغانىدى. شۇنداق قىلىپ، 50000 چەۋەنداز قۇملۇقتىن ئۆتۈشكە ئاتلىنىپ، قىران چەۋەنداز سەنگۈن بىلەن بىرلىكتە هۇن تەڭرىقۇتىغا هۇجۇم قىلدى. جاۋسۇن هۇن تەڭرىقۇتىغا مەسلىھەت بېرىپ: «خەن قوشۇنلىرى قۇملۇقتىن ئۆتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ ئادەم ۋە ئات-ئۇلاقلىرى هالىدىن كېتىدۇ. هۇنلار هېچقانداق كۈچ سەرپ قىلماستىنلا، ئۇلارنى ئەسىر ئالىدۇ» دېدى. شۇنداق قىلىپ، هۇنلار هەربىي لازىمەتلىكلىرىنى يىراق ئارقا سەپكە تاشلاپ قويۇپ، سەر خىل ئەسكەرلىرى بىلەن قۇملۇقنىڭ شىمالىدا كۈتۈپ تۇردى. چوڭ سەنگۈننىڭ قوشۇنلىرى قورۇلىدىن 1000 چاقىرىمدىن كۆپرەك يول يۈرۈپ، سەپ تۈزۈپ كۈتۈپ تۇرغان تەڭرىقۇتنىڭ قوشۇنلىرىنى كۆرگەچكە، چوڭ سەنگۈن ۋېي چىڭ جەڭ هارۋىلىرى بىلەن ئەتراپىنى قورشاپ قورغان هاسىل قىلىشقا يارلىق بەردى ۋە هۇنلارغا قارشى 5000 چەۋەنداز ماڭدۇردى. هۇنلارمۇ 10000 چەۋەنداز چىقاردى. بۇ گۇگۇم چۈشۈۋاتقان مەزگىل بولۇپ، بوران چىقىشقا باشلىغانىدى. قۇم تاشلار يۈزگە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ئىككى قوشۇن بىر بىرىنى كۆرەلمەيتتى. خەن قوشۇنى ئوڭ-سولدىن ئەسكەر چىقىرىپ تەڭرىقۇتنى مۇهاسىرىگە ئالدى. تەڭرىقۇت خەن قوشۇنلىرىنىڭ كۆپ ۋە كۈچلۈكلۈكىنى كۆرۈپ، ئۇرۇشنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز بولىدىغانلىقىنى پەملىدى ۋە گۇگۇم چۈشكەن چاغدا بىر نەچچە 100 قاۋۇل چەۋەندازلىرى بىلەن

قېچىرغا مىنىپ، مۇھاسىرىنى بۇزۇپ ئۆتۈپ، شىمالغا قاراپ قاچتى. قاراڭغۇ كەچتە، خەن قوشۇنى بىلەن ھۇن قوشۇنى ئۇچرىشىپ، گىرەلەشمە جەڭ بولۇپ كەتتى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ چىقىمى تەڭ بولدى. خەن قوشۇنىنىڭ سول چىرىكچى بېگى قولغا چۈشكەن ئەسىرلەردىن ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ گوگۇم پەيتىدە قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقۇپ قىلىپ، خەننىڭ يېنىك چەۋەندازلىرى ئۇلارنى كېچىلەپ قوغلىدى. چوڭ سەنگۈننىڭ ئەسكەرلىرىمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئىلگىرىلىدى. ھۇن ئەسكەرلىرى تەرەپ-تەرەپكە قاچتى. قوشۇن تاڭ سۈزۈلگىچە 200 چاقىرىمدىن ئوشۇق ئىلگىرىلەپ، تەڭرىقۇتنى قولغا چۈشۈرەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن، دۈشمەننىڭ 10000 دىن ئوشۇق ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى. تيەنيەنشەن تېغىدىكى جاۋسۇن شەھىرىگىچە قوغلاپ بېرىپ، ھۇنلارنىڭ زاپاس سۆكلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ، قوشۇننىڭ ئوزۇق-تۈلۈكىنى تولۇقلىدى. قوشۇن جاۋسۇن شەھرىدە بىر كۈن تۇرغاندىن كېيىن، قېپقالغان ئاشلىقنى (سۆكلەرنى) كۆيدۈرۈپ تاشلىدى.

چوڭ سەنگۈن تەڭرىقۇت بىلەن ئۇچراشقاندا، ئالدىنچى سەنگۈن لى گۇاڭ، ئوڭ سەنگۈن جاۋيىجىلارنىڭ قوشۇنى شەرقىي يول بىلەن چىقىپ، يول ئېزىپ قالغاچقا، ھۇنلار بىلەن كېيىنرەك ئۇچراشتى. چوڭ سەنگۈن قوشۇنلىرىنى باشلاپ قۇملۇقنىڭ جەنۇبىغا قايتىپ كەلگەندىلا، ئاندىن ئالدىنچى سەنگۈن ۋە ئوڭ سەنگۈنلەر بىلەن قوشۇلغانىدى. چوڭ سەنگۈن ئادەم ئەۋەتىپ ئەھۋالنى خاقانغا مەلۇم قىلماقچى بولدى ھەمدە دورغاپقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، خاتىرىلەنگەن خاتالىقلىرى بويىچە، ئالدىنچى سەنگۈننى سوراق قىلماقچى بولغاندا، لى گۇاڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ئوڭ سەنگۈن يېتىپ كەلگەندە، يارغۇچىغا بېرىلدى. ئۇ پۇل تۆلەپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاددىي پۇقراغا ئايلاندۇرۇلدى. چوڭ سەنگۈننىڭ قوشۇنلىرى قورۇلغا قايتىپ

كەلدى. بۇ قېتىمقى جەڭدە ئۇلار تەخمىنەن دۈشمەننىڭ 19000 ئادەمنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئەسىر ئالغاندى.

شۇ چاغدا ھۇنلار ئون نەچچە كۈن تەگرىقۇتسىز قالغاچقا، ئۇڭ قول قان ئۆزىنى تەگرىقۇت ئېلان قىلغان بولسىمۇ، تەگرىقۇت قەبىلىلىرىنى تاپقاندىن كېيىن، ئۇڭ قول قان ئۆزىنىڭ تەگرىقۇتلۇق نامىنى بىكار قىلدى.

50000 چەۋەندازنى باشلاپ چىققان قىران چەۋەنداز سەنگۈننىڭمۇ جەڭ ھارۋىلىرى بىلەن يۈك ھارۋىلىرى چوڭ سەنگۈننىڭكى بىلەن باراۋەر بولۇپ، پەقەت يانداش سەنگۈنلا يوق ئىدى. لى گەن قاتارلىقلار چوڭ چېرىكچىلىككە كۆتىرىلىپ، يانداش سەنگۈنلۈككە قويۇلدى. ئۇلار دەيجۈن ۋە يوۋبېيپىڭ (ۋىلايەت) لاردىن 1000 چاقىرىمدىن كۆپرەك ئىلگىرىلەپ بېرىپ، ھۇنلارنىڭ سول تەرەپ قوشۇنىغا زەربە بەردى. ئۇنىڭ دۈشمەننى ئۆلتۈرۈش ۋە ئەسىر ئېلىش جەھەتتىكى تۆھپىسى چوڭ سەنگۈننىڭكىدىنمۇ كۆپ ئىدى. قوشۇن قايتىپ كەلگەندە، خاقان: «قىران چەۋەنداز سەنگۈن خوچۈبىڭ ئۆز قوشۇنلىرىنى ۋە تەسلىم بولغان ھۇن ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، يېنىك ئاتلىنىپ، چوڭ قۇملۇقتىن ۋەدەريالاردىن ئۆتۈپ، جانقۇرت (تەگرىقۇتنىڭ يېقىن ۋەزىرى)نى ئەسىر ئالدى. بەچەچ قاننى ئۆلتۈردى. يەنە بۇرۇلۇپ بېرىپ ھۇنلارنىڭ سول چوڭ سەركەردىسىگە زەربە بېرىپ، دۈشمەننىڭ تۇغ-ئەلەملىرىنى، ناغرا-دۇمباقلىرىنى غەنىيمەت ئالدى. لىخۇشەن تېغى ئارقىلىق گۈگۈلۈ دەرياسىنى كېچىپ ئۆتۈپ، تانتۇغ قان، خان قان قاتارلىق 3 ئادەمنى، سەنگۈن، باش ۋەزىر، تۇتۇن بېگى، تۇتۇق بەگ قاتارلىق 83 ئادەمنى قولغا چۈشۈردى. لاڭجۈشۈ تېغىدا مېھراپ ياساپ، كۆك تەڭرىگە، قوياندا يەر ئىلاھىغا ئىبادەت قىلىپ نەزىر بەردى. بېلىقالىغا بېرىپ، بەدبەشىرلەردىن 70443 ئادەمنى تىرىك قولغا

چۇشۇردى. خەن قوشۇنىدىن پەقەت ئوندىن ئۇچى چىقىشقا بولدى. ئوزۇق-تۈلۈكنى دۈشمەندىن ئالدى، شۇڭا، قوشۇن يىراققا يۈرۈش قىلسىمۇ، ئاشلىقتىن قىسىلىپ قالمىدى. قىران چەۋەنداز سەنگۈنگە يەنە 5800 ئۆيلۈك يەر قوشۇپ سۇيۇرغال بېرىلسۇن» دېدى. يۇۋېيپىڭنىڭ قوشبېگى لۇبودې قىران چەۋەنداز سەنگۈننىڭ قارمىقىدا بولۇپ، ئۇ دەل ۋاقتىدا يېتىپ كېلىپ شەھىرىدە قىران چەۋەنداز سەنگۈن بىلەن قوشۇلدى ۋە سەنگۈن بىلەن بىرلىكتە تاۋتۇشەن تېغىغا بېرىپ، 2700 دىن ئوشۇق دۈشمەننى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى. شۇڭا، لۇبودېغا 1600 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىنىپ، فۇلى تۆرىسى دېگەن مەرتىۋە بېرىلدى. بېيدىنىڭ تۇتۇقبېگى شىڭ شەن قىران چەۋەنداز سەنگۈن بىلەن بىرلىكتە خۇن خانىنى قولغا چۈشۈرگەنىدى. شۇڭا، شىڭ شەنگە 1200 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىنىپ، يىياڭ تۆرىسى دېگەن مەرتىۋە بېرىلدى. ئىلگىرى ھەقەتكە قايتقان بەگلەر — ئىنانچ قان، فۇرۇز، روجان قان، ئىزگۈخانلار قىران چەۋەنداز سەنگۈن بىلەن بىرلىكتە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، فۇرۇزغا 1300 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىنىپ، جۇاڭ (壯) تۆرىسى ئۇنۋانى بېرىلدى. ئىزگۈخانغا 800 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىنىپ، جۇڭلى تۆرىسى مەرتىۋىسى بېرىلدى. ئەگەشكۈچى تۆرە جاۋپونۇ، چاڭۋۇ تۆرە ئانگىلار[3] قىران چەۋەنداز سەنگۈن بىلەن بىرلىكتە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىغا يەنە 300 ئۆيلۈكتىن يەر سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلدى. چېرىكچى بەگلىگەن دۈشمەننىڭ تۇغ-ئەلەم ۋە ناغرا-دۇمباقلىرىنى غەنىمەت ئالغانلىقى ئۈچۈن، قوۋۇق ئىچى تۆرىسى مەرتىۋىسى بېرىلىپ، 200 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىندى. چېرىكچى بەگ شۇزىۋىسگە چوڭ تۆرە مەرتىۋىسى بېرىلدى. سىپاھ-بەگلەردىن مەنسەپكە چىققان ۋە ئىنئام ئالغانلار تېخىمۇ كۆپ ئىدى. چوڭ سەنگۈنگە سۇيۇرغال

قوشۇن بىرلەشمىسى تۇرپاندىكى قول ئاستىدىكى سىپاھ-بەگلىرى ۋە ئەسكەر-لەردىن ھېچقايسىسى تۆرلەرنىڭ مەرتىۋىسىگە ئېرىشەلمىدى.

ئىككى قوشۇن جېڭىرا قورۇلىدىن چىقىش ئالدىدا قاتناشقان كۆرەكتە، پادىشالىق ۋە خۇسۇسى ئات 140000 ئىدى. قورۇلغا قايتىپ كەلگەن ئاتنىڭ سانى 30000 غا يەتمەيتتى. ئوردامۇ چوڭ سەنگۈننى باش لەشكەر بېشى قىلىپ تەيىنلىدى ۋە يارلىق چۈشۈرۈپ قىران چەۋەنداز سەنگۈننىڭ ئورنى ۋە ماناشى چوڭ سەنگۈن بىلەن باراۋەر بولىدۇ، دەپ بەلگىلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋا-رەن، چوڭ سەنگۈن ۋېي چىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېتىۋاردىن قېلىپ قىران چەۋەنداز سەنگۈننىڭ ئورنى كۈندىن-كۈنگە كۆتىرىلگەندى. چوڭ سەنگۈننىڭ ئىلگىرىكى دوست-يارانلىرى، قول ئاستىدىكى مۇلازىملىرىدىن كۆپچىلىكى قىران چەۋەنداز سەنگۈن تەرەپكە ئۆتۈپ، ھەممىسى مەنسەپ-مەرتىۋىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، پەقەت رېن ئەنلا ئۇنداق قىلمىغانىدى.

قىران چەۋەنداز سەنگۈن كەم سۆز، جىمغۇر، جەسۇر ۋە ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىشقا جۈرئەتلىك ئادەم بولغاچقا، خاقان ئۇنىڭغا سۇن ۋۇ نىڭ ھەربىي ئىلمىنى ئۆگىتىش كويىدا بولغانىدى. ئۇ: «جەڭ پەنتلىرى ئەمىلىي ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. نوقۇل ھەربىي ئىلىمنىلا ئۆگىنىش ھاجەتسىز» دەيتتى. خاقان ئۇنىڭغا خاس ھويلا-ئارام سالدۇرۇپ، ئۇنى كۆرۈپ بېقىشقا بۇيرۇغاندا، ئۇ: «ھۇنلار تېخى يوقىتىلمىدى. ئۆزەمگە ئۆي-روزىغار قىلىشىم ھاجەتسىز» دېگەچكە، خاقان ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئامراق بولۇپ كەت-كەنىدى. ئەمما ئۇ كىچىك ۋاقتىدا مەھرەمبەگ بولغانلىقى، ئىززەت-ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانلىقى ئۈچۈن، سىپاھ-بەگ ۋە ئەسكەرلەرنىڭ قەدرىگە يەتمەيتتى. ئۇ يۈرۈشكە چىققاندا، خاقان ئۇنىڭغا ئادەملەر ئارقىلىق نەچچە ئونلىغان ھارۋىلاردا يېمەك-ئىچمەك ئەۋەتەتتى.

www.uyghurkitap.com

لېكىن ئۇ ئېيتقاندا، ئېتىپ قالغان ئاشلىق ۋە گۆشلەرنى تاشلىۋې-
تەتتى. ئەسكەرلەر بولسا، ئاچ قالاتتى. قورۇلنىڭ سىرتىدىكى ۋاقىتتا
قوشۇنىنىڭ ئوزۇق-تۈلۈكى كەم بولغاچقا، ئەسكەرلەرنىڭ روھى
تۆۋەن بولاتتى. خوچۈبىڭ بولسا، مەيدان ياسىتىپ پوكىزەك
تېپىپ ئوينايتتى. ئۇنىڭ بۇنداق ئىشلىرى كۆپ ئىدى. چوڭ
سەنگۈن ۋېي چىڭ رەھىمدىل، ئاقكۆڭۈل بولۇپ، باشقىلارغا يول
قوياتتى. ئۇ خاقانغا مۇلايىم ۋە خۇشامەت بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى.
شۇنداقتىمۇ، مەملىكەت بويىچە ئۇنى ماختايدىغان ئادەم
چىقمىغانىدى.

قىران چەۋەنداز سەنگۈن م. ب. 119-يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشوۋنىڭ تۆتىنچى يىلى) ئۇرۇشتىن قايتىپ كېلىپ، ئۈچ يىلدىن كېيىن، يەنى م. ب. 117-يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشوۋنىڭ ئالتىنچى يىلى) ئۆلدى. خاقان ئۇنىڭغا ھازا تۇتقان ۋەبېقىندى ئەللەرنىڭ تۆمۈر ساۋۇتلۇق قوشۇنلىرىنى چاڭئەن شەھىرىدىن ماۋلىڭ مەقبەرىسىگىچە تىزغان ۋە خۇددى چىليەنشەن تېغىغا ئوخشىتىپ قەۋرە ياساتقان، ھەمدە باتۇرلۇق كۆرسەتكەنلىكى ۋە دۆلەت زېمىنىنى كېڭەيتكەنلىكى ئۈچۈن، ئەل ئالمىش تۆرە (景桓候) دەپ نام بەرگەنىدى. ئۇنىڭ تۆرىلىك ئورنىغا ئوغلى خوشەن ۋارىسلىق قىلدى. خوشەننىڭ يەنە بىر ئىسمى زىخۇ بولۇپ، خاقان ئۇنى ياخشى كۆرەتتى ھەمدە قاۋۇل بولغانلىقى ئۈچۈن، يېنىدا ئېلىپ يۈرەتتى. ئالتە يىلدىن كېيىن، م. ب. 110-يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنفېڭنىڭ بىرىنچى يىلى) ئۆلدى. ئۇنىڭغا ھازىلىق تۆرە (哀候) دەپ نام بېرىلدى. ئەۋلادسىز بولغاچقا، بېرىلگەن سۈيۈرغاللىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

قىران چەۋەنداز سەنگۈن ئۆلگەندىن كېيىن، چوڭ سەنگۈننىڭ چوڭ ئوغلى يىچۈن تۆرىسى ۋېي كاڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىقى

ئۈچۈن، ئۆرىلىكتىن ئېلىپ تاشلاندى. ئارىدىن بەش يىل ئۆتكەندە
ئۇنىڭ ئىنىلىرى يىغىئەن تۆرىسى ۋېي بۇيسى بىلەن فاگەن تۆرىسى
ۋېي دىڭلارمۇ نەزىر-چىراق ئۈچۈن تۆلىنىدىغان ئالتۇننى ساپ
بەرمىگەنلىكتىن، تۆرىلىكتىن ئېلىپ تاشلانغانىدى. ئۇلار تۆرىلىكتىن
مەھرۇم بولۇپ، ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇزغان تۆرە (خو
چۈبىڭ)گە بېرىلگەن سۈيۈرغاللىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. يەنە
تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن (م. ب. 106-يىلى) چوڭ سەنگۈن
ۋېي چىڭ ئۆلدى. ئۇنىڭغا قەھرىمان تۆرە دەپ نام بېرىلدى. ۋېي
چىڭغا ئىلگىرى ئىنئام قىلىنغان چاڭپىڭ تۆرىسى دېگەن مەرتىۋىگە
ئۇنىڭ ئوغلى ۋېي كاڭ ۋارىسلىق قىلدى.
ئەگرىقۇتنى قورشاپ، 14 يىلدىن كېيىن چوڭ سەنگۈن ئۆلدى.
ئۇندىن كېيىن ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىنمىدى. چۈنكى، خەن خاقانلى-
قىدا ئات يېتىشمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جەنۇبدا ئىككى يۆ دۆلى-
تىگە، شەرقتە چاۋشيەنگە، چياڭلارغا، غەربىي جەنۇبدىكى بەدىۋىلەرگە
ھۇجۇم قىلىنغاچقا، ئۇزاق ۋاقىتقىچە ھۇنلارغا يۈرۈش قىلىنمىغانىدى.
چوڭ سەنگۈن چىڭياڭ تۆرىسىنىڭ خوتۇنى چوڭ خانىكىسى[4]
ئۆزىنىكاھىغا ئالغانلىقى ئۈچۈن، ئوغلى ۋېي كاڭ چاڭپىڭ تۆرىسى
دېگەن مەرتىۋىگە ۋارىسلىق قىلالىدى. ئارىدىن ئالتە يىل ئۆتكەندە،
قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ۋېي كاڭمۇ تۆرىلىكتىن مەھرۇم
بولدى.
تۆۋەندە، سولدىن باشلاپ ئىككى چوڭ سەنگۈننىڭ ۋە كىچىك
سەنگۈنلەرنىڭ ناملىرى ئاتاپ ئۆتۈلىدۇ:
ئۇمۇمەن، چوڭ سەنگۈن ۋېي چىڭ ھۇنلارغا جەمئى يەتتە قېتىم
ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننىڭ 50000 دىن ئوشۇق ئادىمىنى ئۆلتۈردى
ۋە ئەسىر ئالدى. بىر قېتىم تەگرىقۇت بىلەن ئۇرۇشۇپ، خۇاڭخې
دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى قايتۇرۇۋالدى ۋە شىرخاڭ ۋىلا-

يىتتى تەسىس قىلدى. ئۇنىڭغا قايتا ـ قايتا ئىزۋان ۋە مالىش قوشۇپ بېرىلىپ، جەمئىي 11800 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىندى. ئۈچ ئوغلىغا تۆرىلىك ئۇنۋان بېرىلىپ، ھەر بىرىگە 1300 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال بېرىلدى. بۇنى قوشقاندا، ئۇلارغا جەمئىي 15700 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىنغان بولىدۇ. چېرىكچى بەگ، باسۇت (كىچىك) سەنگۈن قاتارلىق ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچى بەگلەردىن توققۇز كىشىگە تۆرىلىك ئۇنۋانى بېرىلدى. باسۇت سەنگۈن ۋە چېرىكچى بەگلەردىن 14 ئادەم سەنگۈن بولدى. باسۇت سەنگۈن لى گۇاڭنىڭ تەزكىرىسى بار. تەزكىرىسى يوقلار تۆۋەندىكىچە:

سەنگۈن گۇڭسۇن خې: گۇڭسۇن خې يىچۇلىك. ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ھۇن ئىدى. گۇڭسۇن خېنىڭ ئاتىسى گۇڭسۇن خۇنشى بولۇپ، خاقان جىڭدى دەۋرىدە ئۇنىڭغا پىڭچۇ تۆرىسى (平曲候) ئۇنۋانى بېرىلدى. كېيىن، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغاچقا، تۆرىلىكتىن مەھرۇم قىلىندى. گۇڭسۇن خې خەن خاقانلىقى خاقانى ۋۇدى ۋەلىئەھد ۋاقتىدا، ئۇنىڭ خاس مەھرەملىرىدىن ئىدى. ۋۇدى تەختكە ئولتۇرۇپ سەككىز يىل ئۆتكەندە، ئۇردا مىراخورلىقىدىن يېنىك ھارۋىلىقلار سەنگۈنلۈكىگە تەيىنلىنىپ، قوشۇنلىرى بىلەن مايى شەھىرىدە تۇردى. يەنە تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يېنىك ھارۋىلىقلار سەنگۈنى سالاھىيىتى بىلەن يۈنجۇڭدىن ئاتلىنىپ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلدى. يەنە بەش يىل ئۆتكەندە، چەۋەنداز سەنگۈن بولۇپ، چوڭ سەنگۈن بىلەن بىرلىكتە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئەنجىياۋ تۆرىسى (南窌候) دېگەن مەرتىۋىگە ئېرىشتى. بىر يىل ئۆتكەندە، سول سەنگۈن بولۇپ، يەنە بىر قېتىم چوڭ سەنگۈن بىلەن دىڭشياڭدىن يۈرۈش قىلىپ، خىزمەت كۆرسىتەلمىدى. يەنە تۆت يىل ئۆتكەندە، ئەزىر ـ چىراق ئۈچۈن تۆلىنىدىغان ئالتۇننى ساپ بەرمىگەنلىكتىن، تۆرىلىكتىن ئېلىپ تاشلاندى. يەنە سەككىز



www.uyghurkitap.com

يىل ئۆتكەندە، فۇجۇ سەنگۇنلۇققا تەيىنلىنىپ، ۋۇيۈەندىن يۈرۈش قىلىپ، 2000 چاقىرىمدىن كۆپرەك يول يۈرگەن بولسىمۇ خىزمەت كۆرسىتەلمىگەنىدى. يەنە سەككىز يىلدىن كېيىن، مىراخۇر بەگلىكتىن باش ۋەزىرلىككە كۆتىرىلىپ. گېيى تۆرىسى دېگەن نامغا ئېرىشتى. گۇڭسۇن خې جەمئى يەتتە قېتىم سەنگۇن بولدى. ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشتا چوڭ خىزمەت كۆرسەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن قايتا-قايتا تۆرىلىككە ئېرىشىپ، باش ۋەزىر بولدى. كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى گۇڭسۇن جىڭشېڭ خانىكە ياڭشى[5] بىلەن شەھۋانىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەنلىكى ۋە داخاتلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن ئۇرۇق-جەمەتى بىلەن يوقىتىلغاچقا، ئۇنىڭدىن ئەۋلاد قالمىغانىدى.

سەنگۇن لى شى: يۈجۇنلۇق. خەن خاقانى جىڭگەي زامانىسىدىن باشلاپ مەنسەپدار بولۇپ كەلدى. خاقان ۋۇدى تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىنكى سەككىزىنچى يىلى مەشقلۇۋۇلۇققا تەيىنلىنىپ، قوشۇن بىلەن مايى شەھرىدە تۇردى؛ ئالتە يىلدىن كېيىن سەنگۇن بولۇپ، دەيجۈن ۋىلايىتىدىن يۈرۈش قىلدى. يەنە ئۈچ يىلدىن كېيىن سەنگۇن بولۇپ، چوڭ سەنگۇن بىلەن بىرلىكتە شوفاڭ ۋىلايىتىدىن يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ، ئەمما خىزمەت كۆرسىتەلمىگەنىدى. ئۇ جەمئى ئۈچ قېتىم سەنگۇن بولۇپ، ئاخىرىدا سورۇن بېگى بولدى.

سەنگۇن گۇڭسۇن ئاۋ: يىچۈلىك. ئۇ ئەسلىدە ۋۇدى دەۋرىدە نۆكەر بەگ بولۇپ، خەن ۋۇدى تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىنكى 12-يىلى چەۋەنداز سەنگۇن بولدى. دەيجۈن ۋىلايىتىدىن يۈرۈش قىلىپ، 7000 ئەسكەرنى تالاپەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلۈمگە بۇيرۇلدى. پۇل تۆلەپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاددى پۇقراغا ئايلاندۇرۇلدى. بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىن چېرىكچى بەگ بولۇپ،

چوڭ سەنگۇن بىلەن خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن، ھەممە مەلىكىشكۈچى تۆرە بولدى. يەنە بىر يىلدىن كېيىن ئوتتۇرىچى سەنگۇن بولۇپ، چوڭ سەنگۇن بىلەن بىرلىكتە دىڭشياڭدىن يۈرۈش قىلدى. ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، سەنگۇن بولۇپ بېيدىدىن يۈرۈش قىلىپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە يېتىپ بارالمىغانلىقى ئۈچۈن قىران چەۋەنداز سەنگۇن خوچۈبىڭ تەرىپىدىن ئۆلۈمگە بۇيرۇلدى. پۇل تۆلەپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، ئاددى پۇقراغا ئايلاندۇرۇلدى. ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، چېرىكچى بەگ بولۇپ، يەنە چوڭ سەنگۇن بىلەن بىرلىكتە يۈرۈش قىلدى. يەنىلا خىزمەت كۆرسىتەلمىدى. 14 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يىڭيۇ سەنگۇن (因杆将军) لىكىگە تەيىنلىنىپ، تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىدىغان شەھەر (受降城) سېلىشقا مەسئۇل بولدى. يەنە يەتتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يىڭيۇ سەنگۇنلۇك سالاھىيىتى بىلەن يۈرۈش قىلىپ، يۇ ۋۇشۇي (余吾水) دەرياسى بويىغا بارغاندا، لەشكەرلىرىدىن چىقىم كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكتىن، يارغۇچىغا بېرىلدى. ئۆلتۈرۈلىدىغان چاغدا، يالغاندىن ئۆلگەن بولۇۋېلىپ قاچتى ۋە خەلق ئىچىدە بەش-ئالتە يىل مۆكۈپ يۈردى. كېيىن سېزىلىپ قېلىپ يەنە تۇتۇلدى. خوتۇنى داخانلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن جەمەتى بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇ تۆت قېتىم سەنگۇن بولۇپ، ھۇنلار بىلەن جەڭ قىلدى ۋە بىر قېتىم تۆرىلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەنىدى.

سەنگۇن لى جۇ: يۈنجۇڭلۇق. خاقان جىڭدى ۋاقتىدا ئەمەلدار بولغانىدى. ۋۇدى تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىنكى 17-يىلى سول دىۋان بېگى سالاھىيىتى بىلەن ئوقيالىقلار سەنگۇنى بولۇپ، بىر يىلدىن كېيىن، يەنە كۈچلۈك ئوقيالىقلار سەنگۇنى بولدى.

سەنگۇن لى سەي: جىيجى ناھىيىسىدىن بولۇپ، خاقان ۋېندى،

www.uyghurkitap.com

جىڭدى ۋە ۋۇدى زامانلىرىدا ئەمەل تۇتۇپ كەلگەنىدى. يېڭىك هارۋىلىقلار سەنگۈنلۈكىگە تەيىنلىنىپ، چوڭ سەنگۈن بىلەن بىرلىكتە يۈرۈش قىلىپ، خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، لېئەن بېگى دېگەن مەرتىۋىگە ئېرىشىپ، كېيىن باش ۋەزىر بولىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەندى.

سەنگۈن جاڭ سىگۇڭ: خېدۇڭلۇق. چېرىكچى بەگ سالاھىيىتىدە سەنگۈن ۋېي چىڭ بىلەن يۈرۈش قىلىپ، خىزمەت كۆرسىتىپ، ئەنتوۋ تۆرىسى(岸头侯) مەرتىۋىسىگە ئېرىشتى. كېيىن خان ئانا ئۆلگەندە، سەنگۈنلۈككە كۆتىرىلىپ، خاقان ئوردىسىنى قوغدىغۇچى قوشۇنغا مەسئۇل بولدى. بىر يىلدىن كېيىن، سەنگۈنلۈك سالاھىيىتىدە چوڭ سەنگۈن بىلەن بىرلىكتە يۈرۈش قىلدى. يەنە بىر قېتىم سەنگۈن بولغاندا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، تۆرىلىكتىن مەھرۇم بولدى. جاڭ سىگۇڭنىڭ ئاتىسى جاڭ لۇڭ يېڭىك هارۋىلىقلار قوشۇنىدا ئوقياچى ئىدى. ئوقيا ئېتىشتا ماھىر بولغانلىقى ئۈچۈن، خاقان جىڭدى ئۇنى يېنىدا تۇرغۇزۇشنى خالايتتى.

سەنگۈن سۇجيەن: دۇلىڭ ناھىيىسىدىن. چېرىكچى بەگ سالاھىيىتىدە، ۋېي چىڭ بىلەن بىرلىكتە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، پىڭلىڭ تۆرىسى مەرتىۋىسىگە ئېرىشىپ، كېيىن سەنگۈنلۈككە كۆتىرىلىپ، شوفاڭ شەھىرىنى قۇرۇشقا مەسئۇل بولغانىدى. تۆت يىلدىن كېيىن، ھەرىكەتچان قوشۇن سەنگۈنى بولۇپ، چوڭ سەنگۈن بىلەن بىرلىكتە شوفاڭ شەھىرىدىن يۈرۈش قىلدى. يەنە بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئوڭ سەنگۈن بولۇپ، چوڭ سەنگۈن بىلەن بىللە دىڭشىياڭدىن يۈرۈش قىلدى ۋە يابىغۇ جاۋسىنىنى قاچۇرۇپ قويغانلىقى، قوشۇنلىرى تارمار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆلۈمگە مەھكۇم بولدى. پۇل تۆلەپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاددى پۇقراغا ئايلاندۇرۇلدى. كېيىنكى دەيجۈن قۇشبېگى بولۇپ تۇرغان ۋاقتىدا ئۆلۈپ كەتتى ۋە

www.uyghurkitap.com

دايۇ يېزىسىغا دەپن قىلىندى.

سەنگۇن جاۋسۇن: ئەسلىدە هۇنلارنىڭ باش ۋەزىرى ئىدى. خەنگە تەسلىم بولغىنىدىن كېيىن، يابغۇ دېگەن مەرتىۋە بېرىلىدى ۋۇدى تەختكە ئولتۇرۇپ 17 ـ يىلى ئالدىچى سەنگۇن بولۇپ تەيىنلەندى. تەگرىقۇت بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، هۇنلارغا تەسلىم بولدى.

سەنگۇن جاڭ چيەن: ئەلچى بولۇپ باكتېرىيىسكە بېرىپ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن چېرىكچى بەگ بولدى. چوڭ سەنگۇن بىلەن بىرلىكتە يۈرۈش قىلىپ، خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، بىلىگە تۆرە مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن. ئۈچ يىلدىن كېيىن سەنگۇن بولۇپ يۈۋبېيپىڭدىن يۈرۈش قىلغاندا، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا دېگەن يەرگە يېتىپ بارالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆلۈمگە بۇيرۇلدى. پۇل تۆلەپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاددى پۇقراغا ئايلاندۇرۇلدى. كېيىن ئەلچى بولۇپ، ئۈيسۇنغا باردى ۋە سورۇن بېگى بولغىنىدا ئۆلۈپ كەتتى. قەۋرىسى خەنجۇڭدا.

سەنگۇن جاۋپىجى: دۇيشۇ ناهىيىسىدىن. خەن ۋۇدى تەختكە ئولتۇرۇپ 22 ـ يىلى ئۇنئوان بېگى مەنسۇپىدىن ئوتتۇرچى سەنگۇنلۇككە تەيىنلەندى. چوڭ سەنگۇن بىلەن بىرلىكتە دىڭشياڭدىن يۈرۈش قىلىپ، يول ئېزىپ كەتكەچكە، ئۆلۈمگە مەھكۇم بولدى. پۇل تۆلەپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاددى پۇقراغا ئايلاندۇرۇلغانىدى.

سەنگۇن ساۋشياڭ: پىڭياڭ بەگلىكىدىن. ئارقىچى سەنگۇنلۇككە تەيىنلەنگەن. چوڭ سەنگۇن بىلەن دىڭشياڭدىن يۈرۈش قىلغان. ساۋشياڭ ساۋسىننىڭ نەۋرىسى ئىدى.

سەنگۇن خەن يۈ: گۇڭگاۋ تورىسى خەنيىگىنىڭ جىيەن نەۋرىسى ئىدى. ئۇ چېرىكچى بەگ سالاهىيىتىدە، چوڭ سەنگۇن بىلەن

بىرلىكتە يۇرۇش قىلىپ، خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، لۇگىنى تۆرىسى مەرتىۋىسىگە ئېرىشتى. نەزىر - چىراقچا بېرىلىدىغان ئالتۇننى ساپ بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، تۆرىلىكتىن ئايرىلىپ قالدى. م. ب. 111 - يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەندىڭنىڭ ئالتىنچى يىلى) پەرمان كۈتكۈچىلىكتىن دېڭىزدىن ئۆتكۈچى سەنگۈن بولۇپ تەيىنلىنىپ، شەرقىي يۆگە قىلىغان جازا يۈرۈشىدە خىزمەت كۆرسەتكەچكە، ئەنداۋ تۆرىسى مەرتىۋىسىگە ئېرىشتى. م. ب. 102 - يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى تەيچۇنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ھەرىكەتچان قوشۇن سەنگۈنى بولۇپ، ۋۇيۈەننىڭ سىرتىدىكى شەھەرلەردە تۇردى. يەنە ئىشىك ئاغىسى بولۇپ تەيىنلەندى، كېيىن ۋەلىئەھد قەسرىسىنى كولىدى دېگەن بەتنام بىلەن ۋەلىئەھد تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

سەنگۈن گوچاڭ: يۈنجۇڭلۇق. چېرىكچى بەگ سالاھىيىتىدە، چوڭ سەنگۈن بىلەن بىرلىكتە يۈرۈش قىلدى. م. ب. 107 - يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنفېڭنىڭ تۆتىنچى يىلى) كېڭەش بېگىلىكتىن ھۇنلارنى يوقىتىش سەنگۈنلۈكىگە تەيىنلەنگەن. شوفاڭ ۋىلايىتىدە تۇرۇپ قايتقاندىن كېيىن، كۈنىمىزغا ھۇ-ۋۇم قىلىپ خىزمەت كۆرسىتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، سەنگۈنلىك نامغىسى قايتۇرۇۋېلىنغانىدى.

سەنگۈن شۈن جى: تەييۈەن گۇاڭۋۇلۇق. ھارۋا ھەيدەشكە ماھىر بولغانلىقتىن، مەھرەمبەگ بولغان، كېيىن چېرىكچى بەگ بولۇپ، كۆپ قېتىم چوڭ سەنگۈن بىلەن بىرلىكتە يۈرۈش قىلدى. م. ب. 108 - يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنفېڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى) سول سەنگۈن بولۇپ، چاۋشيەن يۈرۈشىدە خىزمەت كۆرسىتەلمىگەنلىكى ھەمدە قەۋەتلىك كېمە سەنگۈنىنى قولغا ئېلىپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەنىدى.

قىران چەۋەندازلار سەنگۈنى خوچۇبېك جەمئى ئالتە قېتىم هۇنلارغا هۇجۇم قىلغان. بۇنىڭ تۆت قېتىمىدا سەنگۈنلۈك سالاهىيىتى بىلەن جەڭ قىلىپ، دۈشمەنىنىڭ 110000دىن ئوشۇق ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى. قۇنشارقان نەچچە 10000 ئادىمى بىلەن تەسلىم بولغاندىن كېيىن، جىيۇچۈەن قاتارلىق جايلارنى ئىگەللەپ، غەربىي چېگرىدا هۇنلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىنى ناهايىتى كۆپ ئازايتتى. ئۈستى-ئۈستىلەپ تۆت قېتىم تۆرىلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، جەمئى 15100 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال ئالدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى چېرىكچى سىپاھ-بەگلەردىن ئالتە كىشى خىزمەت كۆرسىتىپ تۆرىلىككە ئېرىشتى. كېيىن ئىككى كىشى سەنگۈن بولغاندى.

سەنگۈن لۇ بودې: پىڭجوۇ ئايمىقىدىن. يۇۋ بېيپىڭنىڭ قۇشبېگى سالاهىيىتىدە قىران چەۋەنداز سەنگۈن بىلەن يۈرۈش قىلىپ خىزمەت كۆرسىتىپ، فۇلى تۆرىسى مەرتىۋىسىگە ئېرىشتى. قىران چەۋەنداز سەنگۈن ئۆلگەندىن كېيىن، لۇبودې ياساۋۇل بەگلىكتىن ئەل تىنچىتقۇچى سەنگۈنلۈككە تەيىنلەندى. جەنۇبىي يۆگە يۈرۈش قىلىپ، ئۇنى يەڭگەنلىكتىن، ئۇنىڭغا سۇيۇرغاللىق كۆپەيتىپ بېرىلدى. كېيىن قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، تۆرىلىكتىن ئېلىپ تاشلاندى. ئاندىن كۈچلۈك ئوقيالىقلار تۇتۇق بېگى بولۇپ، قوشۇنلىرى بىلەن جۈيەندە تۇردى ۋە شۇ يەردە ئۆلدى.

سەنگۈن جاۋپونۇ: ئەسلىدە جيۇيۇەنلىك. ئۇ ئىلگىرى هۇنلار ئارىسىغا قېچىپ كەتكەن. كېيىن يەنە خەن تەرەپكە قايتىپ كېلىپ، قىران چەۋەنداز سەنگۈنگە لەشكەر بېگى بولدى. بېيدىدىن هۇنلارغا يۈرۈش قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن، قىران چەۋەنداز

سەنگۈنگە ئەگەشكۈچى تۆرە (从骠候) مەرتىۋىسىگە ئېرىشتى. نەيزە-چىراق سوغىسى ئۈچۈن تۆلىنىدىغان ئالتۇننى ساپ تاپشۇرمىغانلىقتىن، تۆرىلىكتىن ئېلىپ تاشلاندى. كېيىنكى يىلى شيۇڭخې دەرياسى سەنگۈنى بولدى. ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، شيۇڭخې دەرياسىغىچە بېرىپ، خىزمەت كۆرسىتەلمىدى. ئىككى يىلدىن كېيىن زوران خانىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئەسىرگە ئالغانلىقتىن، يەنە جويې تۆرىسى مەرتىۋىسىگە ئېرىشتى. ئالتە يىلدىن كېيىن، جۈنجى سەنگۈن بولۇپ، 20000 ئاتلىق قوشۇن بىلەن ھۇنلارنىڭ سول تۈغ قانىغا ھۇجۇم قىلدى. سول تۈغ قان 80000 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن ئۇنى قورشىۋالغاندا، جاۋپونۇ ئەسىر چۈشۈپ، ئەسكەرلىرى تامامەن ھالاك بولدى. جاۋپونۇ ھۇنلارنىڭ قولىدا ئون يىل تۇرغاندىن كېيىن، ھۇن خانى تېكىنى ئەنگۈر بىلەن بىللە خەن تەرەپكە قېچىپ كەلدى. كېيىن داخانلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن، پۈتۈن ئۇرۇق-جەمەتى بىلەن ئۆلتۈرۈلدى.

ۋېي جەمەتى روناق تاپقاندىن كېيىن، چوڭ سەنگۈن ۋېي چىڭ بىرىنچى بولۇپ مەرتىۋىگە ئېرىشتى. كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەۋلادىدىن بەش كىشى تۆرە بولدى. 24 يىل ئىچىدە بەش تۆرىنىڭ ھەممىسى ئېلىپ تاشلاندى. شۇنىدىن كېيىن، ۋېي جەمەتىدىن ھېچكىم تۆرە بولالمىغاندى.

مۇئەررىختىن: سۇجيەن ماڭا مۇنداق دېگەنىدى: «مەن ھەمىشە چوڭ سەنگۈننى ئەيىبلەپ: ‹سىلى چوڭ ئىززەت ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان بولسىلىمۇ، لېكىن مەملىكەتتىكى دانىشمەن تۆرىلەرنىڭ ھېچقايسىسى سىلىنى ماختىمايدۇ. چوڭ سەنگۈن، سىلى قەدىمكى مەشھۇر سەركەردىلەرنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىپ، قابىللار، دانىشمەنلەرنى جەلىپ قىلسىلا. مۇشۇ جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسەتسىلە بولار-

مىسكىن!» دەيتتىم. چوڭ سەنگۈن ئۆززە بىلەن رەت قىلىپ: ۋېيچى ۋۇئەن تۆرىلىرى مۇساپىرلارنى ئىززەتلەپ كۈتكەنلىكى ئۈچۈن، خاقان ھەمىشە ئۇلاردىن قاتتىق نەپرەتلىنەتتى. تۆرە-ئۆلىمالارغا يېقىنلىشىش ۋە ئۇلارنى كۈتۈش، ياخشىلارنى تاللاپ خىزمەتكە قويۇش، ناچارلىرىنى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاش، بۇ-خاقانىنىڭ ئىشى. بىز پۇقرالار قانۇنغا بويسۇنۇپ، ۋەزىپىمىزنى ئادا قىلساقلا بولىدى. نېمە ئۈچۈن تۆرە-ئۆلىمالارنى تويلاپ يۈرەتتۇق»— دەيتتى. قىران چەۋەنداز سەنگۈنمۇ مانا شۇ كۆز قاراش بويىچە سەنگۈنلۈك قىلغانىدى».

[1] خوچۈبىڭ (霍去病، م. ب. 140 — 117 - يىللار) — غەربىي خەن خاقانلىقىنىڭ ئاتاقلىق سەركەردىلىرىدىن. خېدۇڭ پىڭياڭ (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى لىنفىننىڭ شەرقىي جەنۇبى)لىق. قىران چەۋەنداز سەنگۈن بولۇپ، ئوزغان تۆرە ئۇنۋانىنى ئالغان ئىدى. م. ب. 121 - يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ ئىككىنچى يىلى) ئىككى قېتىم ھۇنلارنى يېڭىپ، خېشى رايونىنى ئىگەللەپ، غەربىي ئەللەر يولىنى ئاچتى. م. ب. 119 - يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشوۋنىڭ تۆتىنچى يىلى) ۋېي چىڭ بىلەن بىرلىكتە ھۇنلارنىڭ ئاساسىي كۈچىگە زەربە بەردى، ئۇ ئىلگىرى-ئاخىر ھۇنلارغا ئالتە قېتىم يۈرۈش قىلىپ، ھۇنلارنىڭ خەن خاقانلىقىغا بولغان تەھدىدىنى يوقاتقانىدى. («سىخەي» 4580 - بەت)

[2] سۇپۇ* (遬濮) — ھۇن قەبىلىسىنىڭ ئىسمى.

(بىرتوملۇق «سىيۈەن» 1475 - بەت)

[3] ئانگى (安稽) — ھۇن قانلىرىدىن بولۇپ، جاۋ(赵) فەمىلىلىك ئىدى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 6 - توم، 2938 - بەت)

[4] چوڭ خانىكە (长公主) — خەن ۋۇدىنىڭ ھەدىسى.*

[5] خانىكە ياڭشى (阳石公主) — ياڭشى يەر ئىسمى. ھازىرقى ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ خوۋچيۇ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، ياڭشىچېڭ (羊石城) مۇ دېيىلىدۇ. خانىكە ياڭشىلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، خانىكە ياڭشى دەپ ئاتالغانىدى. (بىرتوملۇق «سىيۈەن» 1578 - بەت)

# تارىخي خاتىرىلەر 112 ـ جىلد

## پىڭجىن تۆرىسى تەزكىرىسى

**باش ۋەزىر گۇڭسۇن خۇڭ** (公孙弘)، چى (齐) بەگلىكى زىچۇەن (甾川) ۋىلايىتىنىڭ شۆشيەن[1] ناھىيىسىدىن. تەخەللۇسى جى (季). ياشلىق چاغلىرىدا، شۆشيەن ناھىيىسىدە زىندان بېگى بولۇپ تۇردي. كېيىن خاتالاشقانلىقى ئۈچۈن، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى. ئائىلىسى كەمبەغەللىشىپ، دېڭىز بويىدا چوشقا باقتى. 40 ياشتىن ئاشقاندا، «چۈنچيۇ» («春秋»)[2] ھەققىدىكى ھەر خىل بەھس ـ مۇلاھىزىلەرنى ئۆگىنىشكە باشلىدى. ئۆگەي ئانىسىنى ئىنتايىن ۋاپادارلىق ۋە ھۆرمەت بىلەن باقتى.

م. ب. 140 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى، جيەنيۇەنىنىڭ بىرىنچى يىلى) ۋۇدى تەختكە چىقىش بىلەن خۇلقى ـ ئەخلاقتا پازىل، ئىلىم ـ مەرىپەتتە كامىل، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. بۇ چاغدا گۇڭسۇن خۇڭ 60 ياشتا ئىدى. ئۇ ئىلمىي ئەرباپ سۈپىتىدە بوشى[3] ئۇنۋانى بىلەن ئىشقا ئېلىندى. ۋۇدى ئۇنى ھۇن ئېلىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. گۇڭسۇن خۇڭنىڭ قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى ئوردىغا بەرگەن مەلۇماتى خەن ۋۇدىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولۇپ چىقمىدى. ۋۇدى ناھايىتى خاپا بولۇپ، گۇڭسۇن خۇڭنى كارغا كەلمەيدىغان ئادەم ئىكەن، دەپ ھېسابلىدى. شۇڭا، گۇڭسۇن خۇڭ ئۆزىنىڭ كېسەللىكىنى ئېيتىپ، خىزمەتتىن ئايرىلىپ، ئائىلىسىگە قايتقانىدى.

[1] شۆشيەن (薛县) — ناھيە. ھازىرقى شەندوڭ ئۆلكىسى تىڭشيەن ناھيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى شۆچېڭ شەھىرى دا ئىرىسىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 2949 ـ بەت)

[2] چۇنچيۇ (春秋) — قەدىمكى كىتاب ئىسمى. خرونولوگىيە (يىلنامە) شەكلىدە يېزىلغان تارىخ كىتاب. لۇ بەگلىكىنىڭ تارىخىغا ئاساسەن، كۇڭ زى تەرىپىدىن تۈزۈپ چىقىلغان. لۇ يىنگۇڭ (鲁隐公)نىڭ بىرىنچى يىلى (م. ب. 722 ـ يىلى) دىن باشلاپ، لۇئەيگۇڭ (鲁哀公)نىڭ 14 ـ يىلى (م. ب. 481 ـ يىلى) غىچە ئۆتكەن جەمئى 242 يىل ئارىلىقىدىكى ۋە قەلەر خاتىرىلەنگەن. «چۇنچيۇ»غا زوشى (左氏)، گۇڭ ياڭ (公羊)، گۇليياڭ (穀梁)لاردىن ئىبارەت ئۈچ شەخس تەزكىرە يازغان.

(«سىخەي» 3688 ـ بەت)

[3] بوشى (博士) — ئەمەل نامى. ئۆتمۈشتىن تاكى ھازىرغىچە بولغان بىلىملەرنى ئىگەللىگەن بىلىملىك ئالىم. ئالتە بەگلىك دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. چىن، خەن دەۋرلىرىدە داۋاملىق قوللىنىلدى. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەيچاڭنىڭ قارمىقىدا بولغانىدى. خەن ۋۇدىنىڭ سەلتەنەت دەۋرى جيەنيۈەنىڭ بەشىنچى يىلى (م. ب. 136 ـ يىلى) بەش كىتاب بويىچە بوشى ئەمەلى تەسىس قىلىنغانىدى.

(«سىخەي» 329 ـ بەت)

# خۋەينەن، خېڭشەن بەگلىكلىرى تەزكىرىسى

م. ب. 174 ـ يىلى (خاقان ۋېندى سەلتەنەت دەۋرىنىڭ ئالتىنچى يىلى) خۋەينەن بېگى لىۋاڭ ليۇجاڭ، دەن قاتارلىق 70 كىشىنى ئەۋەتىپ، جىپۇ (棘蒲) بېگى سەي ۋۇنىڭ بەگزادىسى سەي چى بىلەن كېڭەشىپ، 40 چوڭ يۈك ھارۋىسى بىلەن گۇكوۋغا (1) يوشۇرۇن ئەسكەر توشۇپ، ئىسيان كۆتىرىشنى قارار قىلغانىدى ھەمدە منيۆ خانلىقى (闽越) ۋە ھۇنلارغا ئەلچىلەر ئەۋەتىپ، ئۇلار بىلەن بىر ۋاقىتتا تەڭلا ئەسكەر چىقىرىپ، خەن خاقانلىقىغا ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا كېلىشتى. خەن ئوردىسى بۇنى سېزىپ قېلىپ، ئۇنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلماقچى بولۇپ، ۋېندى ئادەم ئەۋەتىپ، خۋەينەن بېگىنى ھۇزۇرىغا چاقىرتتى. خۋەينەن بېگى لىۋجاڭ بۇيرۇق بويىچە چاڭئەنگە كەلدى...

م. ب. 124 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ بەشىنچى يىلى) خۋەينەن بېگى لىۋجاڭنىڭ بەگزادىسى لىۋچيەن قىلىچۋازلىقنى ئۆگەنگەنىدى. بۇ جەھەتتە ئۆزىگە ھېچكىمنى تەڭ كۆرمەيتتى. ئۇ كىچىك ئىشىك ئاغاسى لېي بېينىڭ ئۇستا قىلىچۋاز ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭ بىلەن قىلىچۋازلىق قىلىشىدۇ. لېي بېي ئۇنىڭغا قايتا ـ قايتا يول قويىدۇ. ئاخىرىدا قايتۇرما زەربە بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن بەگزادىنى

ياردار قىلىپ قويۇدۇ. بەگزادە غەزەپلەنگەچكە، لېي بېي ناھايىتى قورقۇدۇ. بۇ قوشۇنغا كىرىپ ئۇرۇشقا باردىغانلار پايتەختتىكە ماڭغۇزۇلۇۋاتقان ۋاقىت ئىدى. لېي بېي قوشۇنغا كىرىپ، جاسارەت بىلەن ھۇنلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى مەلۇم قىلىدۇ. بەگزادە لېۋچېيەن بىر نەچچە قېتىم بەگ ھوزۇرىدا لېي بېينىڭ يامان گېپىنى قىلىدۇ. شۇڭا، بەگ ئىشىك ئاغاسىغا لېي بېينى ئىشتىن بوشىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىپ، بۇنىڭ بىلەن باشقىلارغا ئىبرەت قىلماقچى بولىدۇ. لېي بېي چاڭئەنگە قېچىپ كېلىپ، خەن ۋۇدىغا ئۆزىنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ مەكتۇپ يوللايدۇ...

لېي بېينىڭ ئەنزىسىنى تەكشۈرگەن ئوردا ئەمەلدارلىرى خاقانغا: «خۋەينەن بېگى لىيۇئەن ئۆز ئىختىيارى بىلەن ھۇنلارغا قارشى ئۇرۇشقا ماڭماقچى بولغان لېي بېي قاتارلىق كىشىلەرگە توسقۇنلۇق قىلىش، خاقاننىڭ يارلىقىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، ئۇنى ئىجرا قىلىشقا كۈچ چىقارماسلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەي» دەپ مەلۇم قىلغان. ۋۇدى يارلىق چۈشۈرۈپ، مۇنداق قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقان. ۋەزىر-ۋۇزرالار لىيۇئەننى بەگلىكتىن ئېلىپ تاشلاشنى تەلەپ قىلغان. خان بۇنىمۇ ماقۇل كۆرمىگەن. ۋەزىر-ۋۇزرالار يەنە ئۇنىڭغا بېرىلگەن سۇيۇرغال يەردىن بەش ناھىيىنى تارتىۋېلىشنى تەلەپ قىلغان. ۋۇدى «پەقەت ئىككى ناھىيە تارتىۋېلىنسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈرگەن...

* * *

ۋۇبېي خۋەينەن بېگى لىيۇئەنگە: «مەن ئوردىدىكى سىياسىنى، خاقان بىلەن ۋەزىرلەر ئوتتۇرىسىدىكى شەپقەت ۋە ئىنساپنى، ئاتا-بالا ئوتتۇرىسىدىكى مېھرى-مۇھەببەتنى، ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسى-



www.uyghurkitap.com

دىكى پەرق-ئايرىمىنى، چوڭ-كىچىك ئوتتۇرىسىدىكى تەرتىپ قائىدىنى كۆزدىن كەچۈردۇم. ھەممىسى ئىنتايىن مۇۋاپىق ئىكەن. خاقان ئۆزىنىڭ ھەرىكەت ۋە تەدبىرلىرىدە قەدىمكىلەرنىڭ يولىغا تامامەن ئەمەل قىلىپتۇ، ئۆرپى-ئادەت، قانۇن-يوسۇن مۇكەممەللىشىپتۇ. ئۇلاغلارغاماللارنى ئارتقان باي سودىگەرلەر ئەلنى ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ. يوللار ئوچۇق، سودا-تىجارەت قىلىشقا قولايلىق ئىكەن. ماللار قولدىن-قولغا راۋان ئۆتۈپ تۇرىدىكەن. جەنۇبىي يۆنىلى ئىستائەت قىلىپتۇ. چياڭ (羌)، بو (僰) ئەللىرى خىراج تاپشۇرىدىكەن، دۆڭخۇ ئېلى تەسلىم بولۇپتۇ، قارىياغاچ ئورمانلىقى قورۇلىغا قاراشلىق رايونلار كېڭەيتىلىپتۇ. شو فاڭ ۋىلايىتى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ناھىيىلەر تەسىس قىلىنىپتۇ. ھۇنلار قانىتىدىن ئايرىلغان قۇشتەك. يار-يۆلەكتىن مەھرۇم بولۇپ، ئەمدى قايتا باش كۆتىرەلمەيدىغان ھالغا يېتىپتۇ. گەرچە، قەدىمكى زامانلاردىكى تىنچ ۋە ئاۋات جاھانغا سېلىشتۇرغىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ھەر ھالدا چوڭ تىنچلىق ئورناپتۇ» دېگەن. خۇەينەن بېگى بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى خاپا بولغان. ۋۇبېي دەرھال ئەپۇ سوراپ: «مەن ئۆلۈمگە مەھكۇم» دېگەن. خۇەينەن بېگى يەنە ۋۇبېيدىن: «ئەگەر خۋاشەن تېغىنىڭ شەرقىدە قوزغىلاڭ چىقىپ قالسا، خەن خاقانلىقى چوقۇم چوڭ سەنگۈن ۋېي چىڭ باشچىلىقىدا لەشكەر ئەۋەتىپ، خۋاشەن تېغىنىڭ شەرقىنى بويسۇندۇرۇشى مۇمكىن. سىزنىڭچە، چوڭ سەنگۈن قانداقراق كىشىدۇ؟» دەپ سورىغان. ۋۇبېي: «مېنىڭ ياخشى دوستۇم خۋاڭ يى ئىلگىرى چوڭ سەنگۈن بىلەن بىرلىكتە ھۇنلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغان. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ ماڭا: «چوڭ سەنگۈن قول ئاستىدىكى بەگلەرگە ئىنتايىن ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. سىپاھلارغا بولسا، ئىنتايىن شەپقەت-مۇرۇۋۋەت قىلىدۇ. بارلىق سىپاھ-بەگلەر ئۇنىڭغا خىزمەت

قىلىشنى خالايدۇ ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلەيدۇ. ئۇ ئۆزى بولسا، ئاتقا مىنىۋېلىپ ئۇچقاندەك تاغمۇ-تاغ چېپىپ يۈرىدۇ. تالانت جەھەتتە، ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئالاھىدە ئايرىلىپ تۇرىدۇ، دېگەندى. مېنىڭچە، چوڭ سەنگۈن پەۋقۇلئاددە تالانتقا ئىگە ھەم بىر نەچچە قېتىم قوشۇنغا سەركەردە بولۇپ، ھەربىي ماھارىتىنى پۇختا ئىگەللىگەن. ئۇ كىشىگە تاقابىل تۇرۇش ئاسان گەپ ئەمەس. يېقىندا، جارچى ساۋلىياڭ چاڭئەندىن بۇ يەرگە ئەلچى بولۇپ كەلدى، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، چوڭ سەنگۈننىڭ ھەربىي ئىنتىزامى ئىنتايىن قاتتىق ئىكەن. دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشقاندا، ناھايىتى باتۇرلۇق قىلىدىكەن. ھەر قاچان ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىدا باش بولۇپ ھۇجۇمغا ئۆتىدىكەن. بارگاھتىكى ۋاقىتىدا قۇدۇق تېخى قېزىلىپ بولمىغان بولسا، ئەسكەرلەر سۇ ئىچىپ بولمىغىچە، ئۆزى ئىچمەيدىكەن. ئۇرۇش توختىغاندىن كېيىن، ئەسكەرلەرنى ئاۋال خۇۋاڭخې دەرياسىدىن تامامەن ئۆتكۈزۈپ بولۇپ، ئاندىن ئۆزى ئۆتىدىكەن. خانىش ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلغان بارلىق ئالتۇن-كۈمۈش بايلىقلارنى پۈتۈنلەي ھەربىي ئەمەلدارلارغا تارقىتىپ بېرىۋېتىپتۇ. قەدىم زامانىنىڭ ئاتاقلىق سەركەردىلىرىمۇ مانا مۇنداق قىلىپ كېتەلمىگەن» دېگەن. خۇەيىنەن بېگى بۇنى ئاڭلاپ ئېغىز ئاچالماي قالغان.

---

〔1〕 گۇكوۋ(谷口) — «ھەققىي شەرھ»، «ئومۇمىي جۇغراپىيە مەلۇمات» تا: «گۇكوۋ خارابىسى لۇئجوۋ لىچۈەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 40 چاقىرىم يەردە. يەنى خەن دەۋرىدىكى گۇكوۋ ناھىيىسىدۇر» دېيىلگەن. ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى جىڭياڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالى، لى چۈەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا. («تارىخىي خاتىرىلەر» 6-توم 3076-بەت)



www.uyghurkitap.com

# تارىخي خاتىرىلەر 123 ـ جىلد

## پەرغانە (大宛) تەزكىرىسى

پەرغانە ھەققىدىكى خاتىرە دەسلەپ جاڭ چيەن[1] تەزكىرىسىدە كۆرۈلىدۇ.

جاڭ چيەن خەنجۇڭلۇق. خەن خاقانى ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرىنىڭ جيەنيۈەن يىللىرى نۆكەر بەگ[2] بولغانىدى. شۇ ۋاقىتلاردا، خاقان ۋۇدى تەسلىم بولغان ھۇنلاردىن ئەھۋال ئىگىلىگەندە، ئۇلار: «ھۇنلار ياۋچى خانىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنىڭ باش سۆڭىكىنى شاراپ قاچىسى قىلدى. ياۋچىلار بولسا، يىراققا قېچىپ كەتتى. ئۇلار ھۇنلارغا ئۆچ، ھەمىشە قىساس ئېلىشنى ئويلايدۇ. سىلەرنېمىشقا ياۋچىلار بىلەن بىرلىكتە ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلمايسىلەر؟» دەيدۇ. خەن خاقانلىقى بۇ ۋاقىتتا ھۇنلارنى يوقىتىشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتقانىدى. شۇڭا، بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ياۋچىلارغا ئەلچى ئەۋەتمەكچى بولغان بولسىمۇ يول ھۇنلار ئارىسىدىن ئۆتىدىغان بولغاچقا، ئۇ يەرگە ئەلچى بولۇپ بارالىغۇدەك ئادەم ئىزدەيدۇ. جاڭ چيەن نۆكەر بەگ سۈپىتى بىلەن ئەلچى بولۇپ ياۋچىلارغا بارماقچى بولىدۇ. ئۇ تاڭيى گەنفۇ[3] بىلەن بىرلىكتە لۇڭشىدىن يولغا چىقىپ، ھۇنلار ئارىسىدىن ئۆتكەندە، تۇتۇلۇپ قېلىپ، تەڭرىقۇتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. تەڭرىقۇت ئۇلارنى ماڭغۇزماي تۇتۇپ قالىدۇ ۋە: «ياۋچىلار بىزنىڭ شىمالىمىزدا. خەن نېمە ئۈچۈن ئۇ يەرگە ئەلچى ئەۋەتىدىكەن؟ ئەگەر بىز

www.uyghurkitap.com

يۆ خانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتمەكچى بولساق، خەن بۇنىڭغا ئۇنامدۇ؟» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھۇنلار جاڭ چيەننى ئون نەچچە يىل تۇتۇپ قالىدۇ. شۇ جەرياندا، ئۇ ئۆيلىنىپ بالىلىق بولىدۇ. لېكىن جاڭ چيەن ئەلچىلىك دەستىگىنى قولىدىن چۈشۈرمەيدۇ ھەم ئۆزىنىڭ خەن ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

جاڭ چيەن ھۇنلار ئىچىدە ئۇزۇن تۇرغاچقا، نازارەت بارا-بارا بوشىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قول ئاستىدىكى ئادەملىرىنى ئېلىپ، ياۋچىلار تەرەپكە قاچىدۇ ۋە غەرىپكە قاراپ ئون نەچچە كۈن يول يۈرۈپ پەرغانىگە بارىدۇ. پەرغانە خانى خەن خاقانلىقىنىڭ باي دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن دوستانە ئالاقە ئورنىتىشنى خېلى بۇرۇنلا ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانىدى. شۇڭا، جاڭ چيەننى كۆرۈپ خوشال بولۇپ، ئۇنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى سورايدۇ. جاڭ چيەن: «مەن خەن ئەلچىسى، ئۇلۇغ ياۋچىلارغا بارىمەن. يولنى ھۇنلار توسىۋالغانلىقتىن، تۇتۇلۇپ قېلىپ قېچىپ چىقتىم. خان جانابلىرىنىڭ ئادەم قوشۇپ ئاپىرىپ قويۇشلىرىنى ئۈمىت قىلىمەن. ئەگەر مەن ئۇ يەرگە بېرىپ، ۋەزىپەمنى ئادا قىلىپ قايتىپ كېتەلىسەم، خەن خاقانى خان جانابلىرىغا كۆپ مال-بايلىق تەقدىم قىلىپ تەشەككۈر بىلدۈرەتتى» دەيدۇ.

پەرغانە خانى ياخشى گەپ ئىكەن، دەپ قاراپ، يولبويى ياتاق، ئوزۇق-تۈلۈك تەييارلىتىپ ۋە ئادەم قوشۇپ، جاڭ چيەننى كانگاغا[4] يەتكۈزۈپ قويىدۇ. كانگا خانىمۇ ئادەم قوشۇپ، ئۇنى ياۋچىلارغا يەتكۈزۈپ قويىدۇ. ياۋچى خانى ھۇنلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئورنىغا ۋەلىئەھدى خان بولغان ۋە باكتېرىيىنى بويسۇندۇرۇپ، شۇ يەردە ياشاۋاتقانىدى. باكتېرىيىنىڭ يېرى مۇنبەت بولۇپ، دۈشمەنلىك پاراكەندىچىلىكى ئاز، تۇرمۇش خاتىرجەم ۋە كۆڭۈللۈك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياۋچىلارنىڭ خەن

خاقانلىقى بىلەن ئارىلىقى يىراق، ھۇنلاردىن ئۈچ ئېلىش نىيىتىمۇ يوق ئىدى. جاڭ چيەن ياۋچىلاردىن چىقىپ باكتېرىيىگە بارىدۇ ۋە ياۋچىلار بىلەن كۆپ ئالاقە قىلىشىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن دېگەندەك جاۋاپ ئالالمايدۇ.

جاڭ چيەن بۇ يەردە بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت تۇرۇپ، قايتىشىدا جەنۇبىي تاغ (南山)نى بويلاپ، چياڭلار ئارىسى بىلەن قايتماقچى بولىدۇ. لېكىن يەنىلا ھۇنلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، بىر يىلدىن ئوشۇق تۇتۇلغۇن بولىدۇ. تەڭرىقۇت ئۆلۈپ، سول قول قان[5] ۋەلىئەھدكە قارشى ئۇرۇش قىلىپ ۋە ئۇنى يېڭىپ، ئۆزى تەڭرىقۇت بولغان، ئەل ئىچىدە قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەندە، جاڭ چيەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھۇن خوتۇنىنى ئېلىپ، تاڭيى گەنفۇ بىلەن بىرلىكتە خەن خاقانلىقىغا قېچىپ كېلىدۇ. خاقان ۋۇدى جاڭچيەنگە كېڭەش بېگى[6]، گەنفۇغا غۇلامبەگ[7] مەنسۇۋى بېرىدۇ.

جاڭ چيەن قەيسەر، كەڭ قوساق، مەردانە، سەممىي-سادىق بىر ئادەم بولۇپ، ئۇنى ھۇنلار ۋە باشقا قەۋملەرمۇ ياخشى كۆرەتتى. تاڭيى گەنفۇ ھۇن ئىدى. ئۇ ئوقيا ئېتىشقا ماھىر بولۇپ، يولدا ئوزۇق تۈگەپ ئامالسىز قالغاندا، قۇش ۋە ھايۋانلارنى ئېتىپ، ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ئوزۇقلاندۇراتتى. دەسلەپ جاڭ چيەن يولغا چىققاندا، ئۇلار يۈز نەچچە ئادەم بولسىمۇ، 13 يىلدىن كېيىن ئاران-تاڭيى گەنفۇ ئىككىسى قايتىپ كەلگەندى.

جاڭ چيەن پەرغانە، چوڭ ياۋچى، باكتېرىيە ۋە كانگالارغا ئۆزى بارغان. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى قالغان بەش-ئالتە چوڭ دۆلەتنىڭ ئەھۋالىنى باشقىلاردىن ئۇقۇپ، قايتىپ بارغاندىن كېيىن، خاقان ۋۇدىغا: «پەرغانە خەن خاقانلىقىدىن ئون مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا بولۇپ، ھۇنلارنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، خەن خاقانلىقىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ۋەل غەربىگە توغرا كېلىدۇ. پەرغانىلىقلار ئەۋلادتىن-ئەۋلاد ئولتۇراقلىشىپ كەلگەنىكەن. دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، شال، بۇغداي تېرىيدىكەن. ئۈزۈم شارابى چىقىرىدىكەن. ئۇلاردا توبدان ئات كۆپ بولۇپ، بۇ ئاتلارنىڭ ھەممىسى تۇلپار ئاتلاردىن ئىكەن. بەدىنىدىن قىزىل تەر تەپچىپ تۇرىدىكەن. شەھەر، قورغان، ئۆي-ئىمارەتلىرى بار، چوڭ-كىچىك 70 تىن ئوشۇق شەھەر قارايدىكەن. بىر نەچچە يۈز مىڭ ئاھالىسى بار ئىكەن. بۇ دۆلەتتە، ئەسكەرلەر ئوقيا، نەيزە ئىشلىتىدىكەن. ئۇلار ئاتقا مىنىش ۋە ئوقيا ئېتىشقا ماھىر كېلىدىكەن. شىمالىدا كانگا، غەربىدە چوڭ ياۋچى، غەربىي جەنۇبىدا باكتېرىيە، شەرقىي شىمالىدا ئۇيسۇن، شەرقىدە دەندان ئۆيلىك[8]، ئۇدۇن (خوتەن)[9] بار ئىكەن. ئۇدۇننىڭ غەربىدىكى رايونلاردا سۇ غەرپكە ئېقىپ، غەربىي كۆلگە[10]، شەرقىدىكى رايونلاردا سۇ شەرققە ئېقىپ، لوپنۇر كۆلگە[11] قۇيۇلىدىكەن. لوپنۇرنىڭ سۈيى يەر تېگىدە يوشۇرۇن ئاقىدىكەن. يوشۇرۇن ئېقىننىڭ ئايىقى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ بېشى ئىكەن، دەريادىن قاشتېشى كۆپ چىقىدىكەن. خۇاڭخې ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە قاراپ ئاقىدىكەن. روران ۋە قوسىنىڭ بەزى شەھەر ۋە قورغانلىرى لوپنۇرغا يۈزلىنىپ تۇرىدىكەن. لوپنۇر بىلەن چاڭئەننىڭ ئارىلىقى 5000 چاقىرىم كېلىدىكەن. ھونلارنىڭ غەربىدىكى قەبىلىلىرى لوپنۇرنىڭ شەرقىدە بولۇپ، لۇڭشى سەددىچىنىگە[12] يېتىپ بارىدىكەن. جەنۇبى چياڭلار ئېلىگە تۇتۇشۇپ، خەن خاقانلىقىنىڭ پەرغانە ۋە ياۋچىلارغا بارىدىغان يولىنى توسۇپ تۇرىدىكەن.

ئۇيسۇن پەرغانىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن تەخمىنەن 2000 چاقىرىم كېلىدىغان كۆچمەن، چارۋىچى ئەل ئىكەن. ئوت-چۆپ، سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرۈيدىكەن ئۆرپ-ئادەتلىرى ھونلارغا ئوخشايدىكەن. بىرنەچچە تۈمەن ئەسكىرى بولۇپ، ئۇلار جەسۇر،

جەڭگىۋار كېلىدىكەن، ئۇيسۇنلار بۇرۇن ھۇنلارغا قارىغان بولسىمۇ، قۇدرەت تاپقاندىن كېيىن، ھۇنلارنىڭ نازارىتىنىلا قوبۇل قىلىپ، تەگرىقۇتنى زىيارەت قىلماس بولۇۋاپتۇ.

كانگكا پەرغانىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 2000 چاقىرىم كېلىدىغان كۆچمەن، چارۋىچى ئەل ئىكەن. ئۆرپ-ئادەتلىرى ياۋچىلارغا ئوخشاپ كېتىدىكەن. 80-90 مىڭچە ئەسكىرى بولۇپ، پەرغانە بىلەن خوشنا ئىكەن. ئۇ كىچىك دۆلەت بولغاچقا، جەنۇبىنى ياۋچىلار، شىمالىنى ھۇنلار كونتىرول قىلىپ تۇرىدىكەن.

ئائورسى[13] كانگكانىڭ غەربىي شىمالىدىن 2000 چاقىرىم كېلىدىغان كۆچمەن، چارۋىچى ئەل بولۇپ، ئۆرپ-ئادەتلىرى ئاساسەن، كانگكالىقلارغا ئوخشايدىكەن. يۈز نەچچە مىڭ ئەسكىرى بار، يېرى چەكسىز، بىپايان دېڭىز بويىغا جايلاشقانىكەن. بۇ ئېھتىمال، بېيخەي[14] دېڭىزى بولسا كېرەك.

ئۇلۇغ ياۋچىلار پەرغانىنىڭ غەربىدىن ئىككى-ئۈچ مىڭ چاقىرىم كېلىدىغان جەيخۇن (ئامۇ)[15] دەريانىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبىدا باكتىرىيە، غەربىدە ئارشاك[16]، شىمالىدا كانگكا بار ئىكەن. ئۇ كۆچمەن، چارۋىچى ئەل بولغاچقا، چارۋىغا ئەگىشىپ كۆچۈپ يۈرۈيدىكەن. ئۆرپ-ئادەتلىرى ھۇنلارغا ئوخشاپ كېتىدىكەن. بىر-ئىككى يۈز مىڭ ئەسكىرى بار ئىكەن. بۇرۇن قۇدرەت تاپقان ۋاقىتلىرىدا ھۇنلارغا سەل قارىغان. باتۇر (بودۇ) تەگرىقۇت بولغاندىن كېيىن، لەشكەر تارتىپ ئۇلارنى تارمار قىپتۇ. ئاغا تەگرىقۇت تەختكە چىققاندىن كېيىن، ياۋچىلارنىڭ خانىنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئۇنىڭ باش سۆڭىكىنى شاراپ قاچىسى قىلغانىكەن. ياۋچىلار دەسلەپ دۇڭخۇاڭ[17] بىلەن چىلىيەنشەن تاغلىرى ئارىلىقىدا ياشاپ، ھۇنلاردىن يېڭىلگەندىن كېيىن يىراقلارغا كۆچۈپ كەتكەن. پەرغانىدىن ئۆتۈپ، غەربتە باكتىرىيىگە ھۇجۇم

قىلغان ۋە ئۇنى بويسۇندۇرغانىكەن. جەيھۇن (ئامۇ) دەريانىڭ شىمالىغا پايتەخت قۇرۇپ، خان ئوردىسى بىنا قىلغانىكەن. بىراقتا كۆچۈپ كېتەلمەي قالغان ئاز بىر قىسىم ياۋچىلار بولسا، جەنۇبىي تاغ (南山)دىكى چياڭلارنىڭ ھىمايىسىگە كىرىپ، «كىچىك ياۋچىلار» دەپ ئاتالغانىكەن.

ئارشاك (پارتىيا) چوڭ ياۋچىلارنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن تەخمىنەن بىرنەچچە مىڭ چاقىرىم كېلىدىكەن. خەلقى شەھەر سېلىشقا ئادەتلەنگەن، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ئولتۇراقلىشىپ كەلگەنىكەن. دېھقانچىلىق قىلىپ، شال، بۇغداي تېرىيدىكەن. ئۈزۈم شارابى ئىشلەپچىقىرىدىكەن. شەھەر قورۇلۇشلىرى پەرغانىگە ئوخشايدىكەن. ئۇنىڭغا چوڭ-كىچىك بىرنەچچە يۈز شەھەر قارايدىكەن. يەر مەيدانى بىرنەچچە مىڭ كۋادرات چاقىرىم بولۇپ، غەربىي ئەللەر بويىچە ئەڭ چوڭ دۆلەت ھېسابلىنىدىكەن. جەيھۇن (ئامۇ) دەرياغا يۈزلىنىپ تۇرىدىكەن. سودا بازارلىرى بار ئىكەن. سودىگەرلەر ھارۋا ياكى كېمىلەردە يېقىن ئەتراپتىكى دۆلەتلەرگە ياكى بىرنەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى جايلارغا بېرىپ سودا قىلىدىكەن. بۇ دۆلەتتە كۈمۈش تەڭگە خەجلىنىدىكەن. تەڭگىلەرگە خانلىرىنىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، خان ئۆلسە، يەنە باشقا تەڭگە چىقىرىلىپ، ئۇنىڭغا يەنە يېڭى خانىنىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلىدىكەن. تېرىلەرگە توغرىسىغا يېزىلغان يېزىقلار بىلەن ئىش خاتىرىلەيدىكەن. ئۇلارنىڭ غەربىدە تاجىك (تەزىك)[18]، شىمالىدا بولسا، ئائورسى ۋە رىم[19] بار ئىكەن.

تاجىك ئارشاكنىڭ بىرنەچچە مىڭ چاقىرىم غەربىدە بولۇپ، غەربىي دېڭىزغا[20] يۈزلىنىپ تۇرىدىكەن. كىلىماتى ئىسسىق ۋە نەم ئىكەن؛ دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىپ شال تېرىيدىكەن. ئۇ ئەلدە بىر چوڭ قۇش (تۆگە قۇشى) بولىدىكەن. ئۇنىڭ تۇخۇمى قوش



www.uyghurkitap.com

مۇشتتەك كېلىدىكەن. ئاھالىسى كۆپ، كىچىك بەگلىرى بار ئىكەن. ئۇلارنى ئارشاكلار باشقۇرىدىكەن ۋە بېقىندى ئەل ھېسابلايدىكەن. تاجىكلار سېھىرگەر كېلىدىكەن. ئارشاكىنىڭ مويسىپىتلىرى: «تاجىك دىيارىدا روشۇي[21] دەرياسى ۋە شۋاگمۇ (غەربىي خان ئانا)[22] بار. لېكىن ئۇنى كۆرگەن كىشى يوق» دەپ رىۋايەت قىلىدىكەن.

باكتېرىيە (باغتار) پەرغانىنىڭ جەنۇبىدىن ئىككى مىڭ نەچچە يۈز چاقىرىم كېلىدىغان جەيھۇن (ئامۇ) دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا توغرا كېلىدىكەن، خەلقى ئەۋلادتىن-ئەۋلاد ئولتۇراق تۇرمۇش كۆچۈرۈپ، شەھەرلەرنى بىنا قىلىپ كەلگەنىكەن. ئۆرپ-ئادەتلىرى پەرغانىلىقلارغا ئوخشاپ كېتىدىكەن. چوڭ ھاكىمى يوق، شەھەر-كەنتلىرىدە كىچىك بەگلەر بولىدىكەن. ئەسكەرلىرى ئاجىز، جەڭدىن قورقىدىكەن. ئاھالىسى سودىغا ماھىر ئىكەن. چوڭ ياۋچىلار غەرپكە كۆچكەن ۋاقىتدا، باكتېرىيىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرغانىكەن. باكتېرىيىنىڭ ئاھالىسى كۆپ بولۇپ، بىر مىليوندىن ئاشىدىكەن. پايتەختى بەلخ[23] بولۇپ، بازارلىرىدا ھەر خىل نەرسىلەر سېتىلىدىكەن. شەرقىي جەنۇبىي ھىندىستانغا تۇتۇشىدىكەن» دەپ مەلۇمات بېرىدۇ.

جاڭ چيەن: «پېقىر، باكتېرىيىدە چيۇڭشەن تېغىنىڭ بامبۇك ھاسىسى، شۇ (سىچۈەن)نىڭ رەختلىرىنى كۆردۇم. بۇ نەرسىلەرنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى سورىغان ئىدىم، باكتېرىيىلىكلەر: ‹سودىگەرلىرىمىز سىند (ھىند) ئېلىدىن[24] ئېلىپ كەلگەن. سىند (ئەنەتكەك) باكتېرىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن تەخمىنەن بىرنەچچە مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ. ئۇ يەرنىڭ خەلقى ئولتۇراقلىشىش، تېرىقچىلىق قىلىش جەھەتتە باكتېرىيىگە ئوخشايدۇ. لېكىن يېرى ئويمان، نەم بولغاچقا، قاتتىق ئىسسىق بولىدۇ. ئۇ يەردىكى ئادەملەر پىلغا مىنىپ جەڭ قىلىدۇ. ئۇ دۆلەت دېڭىزغا ياندىشىپ تۇرىدۇ› دېدى. پېقىرنىڭ

مۆلچەرىچە، باكتېرىيە خەن خاقانلىقىدىن 12000 چاقىرىم يىراقلىقتا بولۇپ، خەننىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. شۇ (سىجۇەن) مەھسۇلاتلىرىنىڭ بولغىنىغا قارىغاندا، ئۇلار شۇ ۋىلايەتتىن يىراقتا بولمىساكېرەك. باكتېرىيىگە ئەلچى ئەۋەتىدىغان بولساق، چياڭلارنىڭ ئىچى بىلەن مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ يول ناھايىتى خەتەر ۋە مۇشكۇل ئىكەن. چياڭلار ئۆتكۈزمەيدۇ. سەل شىمال بىلەن مېڭىشقا توغرا كەلسە، ھۇنلار تۇتقۇن قىلىدۇ. شۇ ۋىلايىتى بىلەن بارسا، بۇ يول يېقىن، بۇلاڭچىلارمۇ يوق» دەيدۇ.

خاقان ۋۇدى پەرغانە، باكتېرىيە، ئارشاك قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ چوڭ دۆلەتلەر ئىكەنلىكىنى، ئۇلاردىن ناھايىتى كۆپ قىممەتلىك نەرسىلەر چىقىدىغانلىقىنى، خەلقىنىڭ ئۇزۇن زاماندىن بېرى ئولتۇراقلىشىپ، ئاساسەن، خەن خاقانلىقىغا ئوخشاش دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنلىكىنى، لېكىن ھەربىي كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىنى، خەننىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ئەتىۋار بىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ شىمالىدا چوڭ ياۋچىلار، كانگالارنىڭ بارلىقىنى، ھەربىي جەھەتتە كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، مال-بايلىق بېرىش يولى بىلەن، ئۇلارنى پايدىغا قىزىقتۇرۇپ، خەنگە بېيئەت قىلدۇرۇشقا، ئەگەر ئۇلارنى ھەقىقەتەن ئەدەپ بىلەن بويسۇندۇرغىلى بولسا، خەن زېمىنىنى ئون مىڭ چاقىرىم يەرلەرگىچە كېڭەيتكىلى بولىدىغانلىقىنى، تىلدىن-تىلغا تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنى ئۆزگەرتىشكە، خەننىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋە مېھىر-شەپقىتىنى يىراق يات ئەللەرگە تارقىتىشقا بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، خوشاللىق بىلەن جاڭ چيەننىڭ سۆزىنى ئورۇنلۇق دەپ قارايدۇ. شۇڭا، شۇ، چيەنۋېي[25] قاتارلىق ئىككى ۋىلايەتتىن يىراق سەپەرگە ئەلچىلەرنى ماڭدۇرۇش توغرىسىدا جاڭ چيەنگە يارلىق چۈشۈرىدۇ. ئەلچىلەر تۆت يولغا بۆلۈنۈپ، تەڭلا يولغا چىقىدۇ. بىرىنچى

يولدىكى ئەلچىلەر ماڭ[26] دېگەن يەردىن، ئىككىنچى يولدىكى ئەلچىلەر رەن[27] دېگەن يەردىن، ئۈچىنچى يولدىكى ئەلچىلەر شى[28] دېگەن يەردىن، تۆتىنچى يولدىكى ئەلچىلەر چيۇڭ (邛)، بو (僰) دېگەن يەرلەردىن يولغا چىقىپ، ھەر قايسىسى 2000 چاقىرىمدىن يول ماڭدۇ. ئۇلارنىڭ شىمالىي يول بىلەن ماڭغانلىرى دى (氐) ۋە زو[29] دېگەن يەردە، جەنۇبىي يول بىلەن ماڭغانلىرى شى[30] ۋە كۇنمىڭ (昆明) دېگەن يەرلەردە توسۇلۇپ قالدۇ. كۇنمىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەرنىڭ ھاكىمى يوق، يەرلىك خەلق ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. خەن ئەلچىلىرىنى كۆرسە، ئۆلتۈرەتتى ۋە بۇلايتتى. شۇڭا، بۇ يولدىن زادىلا ئۆتكىلى بولمايتتى. لېكىن كۇنمىڭنىڭ غەربىدە، تەخمىنەن مىڭ چاقىرىمچە يىراقلىقتا پىلگە مىنىدىغان بىر دۆلەت بارلىقى، ئۇنىڭ ئىسمى ديەنيۆ[31] ئىكەنلىكى، مەنى قىلىنغان بۇيۇملارنى ئېلىپساتىدىغان شۇ سودىگەرلىرى ئىچىدە، بەزىلەرنىڭ ئۇ يەرگە بېرىپ تۇرىدىغانلىقى بىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، خەن خاقانلىقى باكتېرىيىگە بارىدىغان يولنى تېپىش ئۈچۈن، ديەن (滇) دۆلىتى بىلەن ئالاقىلىشىشقا باشلايدۇ. ئىلگىرى خەن خاقانلىقى غەربىي جەنۇبدىكى يات قەبىلىلەر (夷) بىلەن ئالاقە باغلاشنى ئويلاپ كۆپ چىقىم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يول يەنىلا ئېچىلمىغانلىقتىن، توختىتىپ قويغانىدى. جاڭ چيەندىن باكتېرىيە بىلەن ئالاقىلىشىشقا بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، غەربىي جەنۇبدىكى يات قەبىلىلەر بىلەن بولىدىغان ئالاقىنى يەنە قوزغىغانىدى.

جاڭ چيەن چېرىكچى بەگ[32] مەنسۇۋىدە چوڭ سەنگۈن[33] بىلەن بىرلىكتە ھۇنلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ. ئۇ يەرشارائىتى، ئوت-چۆپ، سۇ بار يەرلەرنى بىلگەچكە، ۋېي چىڭنىڭ قوشۇنى ئوت-چۆپ ۋە سۇدىن قىسىلمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن جاڭ چيەنگە

www.uyghurkitap.com

بىلگە تۆرە دېگەن ئۇنۋان بېرىلىدۇ. بۇ م. ب. 123 ـ يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشونىڭ ئالتىنچى يىلى) ئىدى. ئىككىنچى يىلى، جاڭ چيەن ياساۋۇل بەگ مەنسۇپىگە كۆتىرىلىپ، سەنگۇن لى گۇاڭ بىلەن يوۋبېيپىڭدىن چىقىپ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ھۇنلار سەنگۇن لى گۇاڭنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالىدۇ. قوشۇندىن كۆپ ئادەم ئۆلىدۇ ۋە يارىدار بولىدۇ. جاڭ چيەن بەلگىلەنگەن يەرگە ۋاقتىدا يېتىپ بارالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئۇ پۇل تۆلەپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاددى پۇقراغا ئايلاندۇرۇلىدۇ. شۇ يىلى خەن خاقانلىقى قىران چەۋەنداز سەنگۇن [34] خو چۈبىڭنى ئەۋەتىپ، ھۇنلارنىڭ غەربىي ئەلدە تۇرۇشلۇق بىرنەچچە تۈمەن قوشۇنىنى تارمار قىلىدۇ ۋە قوغلاپ زەربە بېرىپ، چىلىيەنشەن تېغىغا قەدەر بارىدۇ. ياندۇرقى يىلى ھۇن خانى قۇنشارقان ئادەملىرى بىلەن كېلىپ خەنگە تەسلىم بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جىنچېڭ [35]، خېشى [36] ۋىلايەتلىرىنىڭ غەربىدىكى جەنۇبىي تاغ (南山) دىن لوپنۇرغىچە بولغان جايلاردا ھۇنلاردىن ئەسەر قالمايدۇ. بەزىدە ھۇنلار بۇ يەرگە چارلىغۇچىلارنى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سانى ناھايىتى ئاز ئىدى. يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن خەن قوشۇنلىرى ھۇن تەڭرىقۇتىنى قۇملۇقنىڭ شىمالىغا قوغلىۋەتكەنىدى.

كېيىن خاقان ۋۇدى جاڭ چيەندىن باكتىرىيە تەرەپتىكى ئەھۋاللارنى يەنە كۆپ سۈرۈشتە قىلىدۇ. مەنسۇپىدىن مەھرۇم بولۇپ قالغان جاڭ چيەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ: «پېقىر، ھۇنلارنىڭ ئىچىدە تۇرغان چېغىمدا، ئۇيسۇن خانىنىڭ كۇنبىيى [37] دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. كۇنبىيىنىڭ ئاتىسى ھۇنلارنىڭ غەربىدە كىچىك بىر خانلىق قۇرغانىكەن، ھۇنلار ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەن. بوۋاق كۇنبىيىنى دالىغا تاشلىۋەت-

گەنىكەن. گۆشت چىشلىگەن بىر قاغا ئۇنىڭ باش ئۈستىدە ئۇچۇپ ئەگىپ يۈرۈدىكەن. بىر چىشى بۆرى كېلىپ ئۇنى ئېمىتىدىكەن. بۇنى ئاڭلاپ تەڭرىقۇت ھەيران بوپتۇ ۋە «بۇ بالىغا تەڭرى يار بوپتۇ» دەپ ئۇنى بېقىپ چوڭ قىپتۇ. بالا چوڭ بولۇپ قۇرامىغا يەتكەندە، تەڭرىقۇت ئۇنى قوشۇنغا باش قىلىپ ئۇرۇشقا ساپتۇ. ئۇ كۆپ خىزمەت كۆرسىتىپتۇ. تەڭرىقۇت ئۇنىڭغا ئاتىسىنىڭ پۇقرالىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، غەربىي ئەلنى ئۇزۇن مۇددەت ساقلاشقا بۇيرۇپتۇ. كۇنبېي پۇقرالىرىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاپتۇ. ئەتراپىدىكى كىچىك شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلىپتۇ. ئەسكەرلىرى بىرنەچچە ئون مىڭغا يېتىپتۇ. ئۇلار ئۇرۇشقا ماھىر ئىكەن. تەڭرىقۇت ئۆلگەندىن كېيىن، كۇنبېي ئېلىنى باشلاپ يىراققا كۆچۈپ كېتىپتۇ ۋە ئۆز ئالدىغا بولۇۋېلىپ، ھۇنلارغا بەيئەت قىلىشنى خالىماپتۇ. ھۇنلار قوشۇن ئەۋەتىپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، غەلىبە قىلالماپتۇ. شۇڭا، ھۇنلار كۇنبېينى تەڭرى يۆلەۋاتىدۇ، دەپ قاراپ، ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ، كونترول قىلىش چارىسىنىلا قوللىنىپ، كۆپ ھۇجۇم قىلمىغانىكەن. بۇگۈنكى كۈندە تەڭرىقۇت خەن تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. ئىلگىرى قۇنشارقان تۇرغان يەرلەر بوش قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بەدىۋى يات قەبىلىلەر خەننىڭ بايلىقلىرىغا قىزىقىدۇ. مۇشۇ ياخشى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كۆپ مىقداردا سوغا-سالام ۋە مال-بايلىق بېرىپ، ئۇيسۇنىنى شەرققە كۆچۈپ، ئىلگىرىكى قۇنشارقاننىڭ يەرلىرىگە ئولتۇراق-لىشىشقا، خەن بىلەن ئاغا-ئىنى بولۇشقا ئۈندەش كېرەك. ھازىرقى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، ئۇيسۇنلار بىزنىڭ سۆزىمىزنى ئاڭلىشى مۇمكىن. ئۇلار سۆزىمىزگە كىرىپ، بىزنىڭ پىكرىمىز بويىچە ئىش كۆرسە، بۇ ھۇنلارنىڭ ئوڭ قولىنى ئۈزۈۋەتكەنلىك بولىدۇ. ئۇيسۇن بىلەن بىرلىشىدىكەنمىز، ئۇنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى باكتېرىيە

قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى خەننىڭ تاشقى ۋەزىرلىرى (بېقىندى ئەللىرى)گە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ» دەيدۇ. خاقان ۋۇدى بۇنى توغرا تاپىدۇ ۋە ئۇنى نۆكەربېشى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. جاڭ چيەن 300 كىشىگە باش بولۇپ، كىشى بېشىغا ئىككىدىن ئات ئېلىپ، ئون مىڭدىن ئوشۇق قوي-كالا ھەيدەپ، قىممىتى نەچچە مىڭ تۈمەن پۇلغا يارايدىغان ئالتۇن-كۈمۈش، تاۋار-دۇردۇن قاتارلىق بايلىقلارنى ئېلىپ، ئەلچىلىك دەستىگى تۇتقان نۇرغۇن نائىسىپ ئەلچىلەر بىلەن يولغا چىقىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا، يول ئۈستىدىكى دۆلەتلەرگە ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ، مۇناسىۋەت ئورناتماقچى بولىدۇ.

جاڭ چيەن ئۇيسۇنغا بارغاندا، ئۇيسۇن خانى كۈنبىي خەن ئەلچىلىرىگە ھۇن تەڭرىقۇتلىرىدەك مۇئامىلە قىلىدۇ. جاڭ چيەن ئوسال بولۇپ، ناھايىتى خاپا بولىدۇ. ئۇ بەدىۋى يات قەبىلىلەرنىڭ مال-بايلىققا ھېرىس ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە: «خاقان خان جانابلىرىغا سوغا-سالام ئەۋەتكەن. ئەگەر خان جانابلىرى تازىم قىلىپ تەشەككۈر بىلدۈرمىسە، سوغىلارنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىمىز» دەيدۇ. كۈنبىي دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ تازىم قىلىپ، سوغىلارنى قوبۇل قىلىپ ئالىدۇ. باشقا قائىدە-يوسۇنلارمۇ بۇرۇنقىدەكلا بولىدۇ.

جاڭ چيەن خاقاننىڭ مەقسىتىنى يەتكۈزۈپ: «ئۇيسۇنلار ئەگەر شەرققە كۆچۈپ، ئىلگىرىكى قۇنشارقاننىڭ زېمىنىغا ئولتۇراقلاشسا، خەن خاقانى ۋۇدى كۈنبىيگە خوتۇنلۇققا قۇنچۇي[38] بېرىدۇ» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇيسۇنلار بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، خان بولسا، قېرىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خەندىن يىراقتا بولغاچقا، خەننىڭ زادى قانچىلىك چوڭ دۆلەت ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. شۇڭا، ھۇنلارغا ئۇزۇن ۋاقىت بېقىندى بولۇپ كەلگەنلىكى ھەمدە ھۇنلارغا يېقىن جايلاشقانلىقى تۈپەيلى ۋەزىر بەگلەر ھۇنلاردىن قورقۇپ،



www.uyghurkitap.com

شەرققە كۆچۈشكە ئۇنىمايدۇ. خان ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم قىلالمايدۇ. شۇنداق قىلىپ، جاڭ چيەن مەقسەتكە يېتەلمەيدۇ.

كۈنبېيىنىڭ ئون نەچچە ئوغلى بولۇپ، ئىككىنچى ئوغلى دارۇ[39] ئىقتىدارلىق، قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىشقا ماھىر ئىدى. ئۇ ئون مىڭدىن ئارتۇق قوشۇن بىلەن باشقا بىر يەردە تۇراتتى. دارۇنىڭ ئاكىسى ۋەلىئەھد ئىدى. ئۇنىڭ سەنچۈر[40] ئىسىملىك بىر ئوغلى بولۇپ، ۋەلىئەھد بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن سەنچۈر ۋەلىئەھد بولسا، باشقا كىشى بولمىسا» دەپ ئىلتىماس قىلغانىكەن. كۈنبېيىنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ ماقۇل بولۇپ، سەنچۈرنى ۋەلىئەھد قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ ۋەلىئەھد بولالمىغىنىغا غەزەپلەنگەن دارۇ ئاغا-ئىنىلىرىنى يىغىپ-توپلاپ، لەشكەر تارتىپ ئىسيان كۆتىرىپ، سەنچۈر ۋە كۈنبېيىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولىدۇ. ياشانغان كۈنبېي دارۇنىڭ سەنچۈرنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئون مىڭدىن ئوشۇق چەۋەنداز بىلەن ئۇنى باشقا يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ. كۈنبېي ئون مىڭدىن ئوشۇق چەۋەنداز بىلەن ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ. شۇندىن باشلاپ ئاھالە ئۈچ قىسمغا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، خانلىقنى ئاساسەن، يەنىلا كۈنبېي باشقۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆز ئالدىغا جاڭ چيەن بىلەن كېلىشىم تۈزەلمەيدۇ.

جاڭ چيەن پەرغانە، كانگا، چوڭ ياۋچى، باكتېرىيە، ئارشاك، ھىندى، ئۇدۇن (خوتەن)، دەندان ئۆيلۈك (كىما) ۋە باشقا يېقىن ئەتراپتىكى خوشنا دۆلەتلەرگە نائىب ئەلچىلەرنى ئەۋەتىدۇ. ئۇيسۇن يول باشلىغۇچى ھەم تىلماچ قوشۇپ، جاڭ چيەننى يولغا سېلىپ قويىدۇ. جاڭ چيەن ئۇيسۇننىڭ خەنگە تەشەككۈر بىلدۈرۈپ ئەۋەتكەن ئونلىغان ئەلچىلىرى بىلەن بىرلىكتە، ئونلاپ ئاتلارنى ئېلىپ يولغا چىقىدۇ. ئۇيسۇن خانى بۇ ئەلچىلەرگە خەن خاقانلىقنى

www.uyghurkitap.com

كۆزىتىپ، ئۇنىڭ قانچىلىك چوڭ دۆلەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ كېلىشنى بۇيرۇيدۇ.

جاڭ چيەن قايتىپ بارغاندىن كېيىن، سورۇن بېگى بولۇپ تەيىنلىنىپ، توققۇز ۋەزىرلىك دەرىجىسىگە كۆتىرىلىدۇ. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن ئاغرىپ ئۆلىدۇ.

ئۇيسۇن ئەلچىلىرى خەن خاقانلىقىنىڭ ئاھالىسى كۆپ ۋە باي ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۆز خانىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىدۇ. شۇندىن باشلاپ، ئۇيسۇن خەن خاقانلىقىغا تېخىمۇ ئېتىۋار بىلەن قارايدىغان بولىدۇ. يەنە بىر يىلدىن كېيىن، جاڭ چيەن ئەۋەتكەن نائىب ئەلچىلەر باكتېرىيە ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۇلارنىڭ تەشەككۇر بىلدۈرۈپ ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىنى باشلاپ قايتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن غەربىي شىمالدىكى دۆلەتلەر خەن خاقانلىقى بىلەن ئالاقە قىلىشقا باشلايدۇ. غەربىي ئەللەرگە بارىدىغان يولنى دەسلەپ جاڭ چيەن ئاچقانلىقتىن، ئۇ يۇقىرى ئىناۋەت قازانغانىدى. كېيىن غەربىي ئەللەرگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر ھەممىسى دېگۈدەك بىلىگە تۆرىنىڭ نامىنى ئاتاپ، چەتئەللىكلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن، شۇ سەۋەپتىن، چەتئەللىكلەرمۇ ئۇلارغا ئىشەنگەنىدى.

بىلىگە تۆرە جاڭ چيەن ئۆلگەندىن كېيىن، ھۇنلار «خەن خاقانلىقى ئۇيسۇن بىلەن بىرلىشىپتۇ» دەپ ئاڭلاپ غەزەپلىنىدۇ ۋە ئۇيسۇنغا ھۇجۇم قىلماقچى بولىدۇ. خەن ئەلچىلىرى ئۇيسۇنغا ھەمدە ئۇيسۇننىڭ جەنۇبى ئارقىلىق پەرغانە، ياۋچىلارغا ئايىغى ئۈزۈلمەي بېرىپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن ۋەھىمىگە چۈشكەن ئۇيسۇنلار خەنگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ياخشى ئاتلارنى سوغا قىلىدۇ ھەمدە خەن خاقانلىقى قۇنچۇيىسىغا ئۆيلىنىش، خەن بىلەن قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ۋۇدى ۋەزىرلەر بىلەن

مەسلىھەتلىشىدۇ. ۋەزىرلەر: «ئالدى بىلەن تويلۇقنى ئېلىپ، ئاندىن قۇنچۇينى بېرەيلى» دەپ مەسلىھەت بېرىشىدۇ. دەسلەپ خەن خاقانى ۋۇدى پال سالدۇرىدۇ. پالدا: «تۇلپار ئات[41] غەربىي شىمالدىن كېلىدۇ» دېيىلگەنىدى. خەن خاقانلىقى ئۇيسۇن ئاتلىرىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۇنى «تۇلپار ئات» دەپ ئاتايدۇ. كېيىن پەرغانە ئاتلىرىغا ئىگە بولىدۇ. بۇ ئۇيسۇن ئاتلىرىدىنمۇ قاۋۇل بولغاچقا، ئۇيسۇن ئاتلىرىنى «يىراق غەرب ئېتى»، پەرغانە ئاتلىرىنى «تۇلپار ئات» دەپ ئاتايدۇ. شۇنىدىن باشلاپ، خەن خاقانلىقى لىگچۇنىڭ[42] غەربىگە قورغان سېلىپ، جيۇچۈەن ۋىلايىتى تەسىس قىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق غەربىي شىمالدىكى دۆلەتلەر بىلەن ئالاقە قىلىپ، ئارشاك، ئائورسى، رىم، تاجىك (تەزىك)، ھىندى قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئېلچى كۆپ ئەۋەتىدۇ. ۋۇدى پەرغانە ئېتىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرگەچكە، ئات ئېلىشقا ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر ئۈزۈلمەي مېڭىپ تۇرىدۇ. ھەر قېتىملىق ئەلچى كۆپ بولغاندا، نەچچە يۈز ئادەم بولۇپ، ئۇلار ئېلىپ بارغان سوغا-سالاملار بىلىگە تۆرە جاڭ چيەننىڭ ۋاقتىدىكىدەك كۆپ ئىدى. كېيىن غەربىي شىمالنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ كەتكەچكە، ئەلچى ۋە سوغا-سالاملار ئەۋەتىش بارغانسېرى ئازىيىپ، ئەلچىلەرمۇ ھەر يىلى ئەڭ كۆپ بولغاندا ئون نەچچە، ئاز بولغاندا بەش-ئالتە توركۈم ئەۋەتىلىدىغان بولغانىدى. يىراق ئەللەرگە كەتكەن ئەلچىلەر سەككىز-توققۇز يىلدا، يېقىنقا كەتكەنلىرى بىرنەچچە يىلدا قايتىپ كېلەتتى.

بۇ ۋاقىتلاردا خەن خاقانلىقى جەنۇبىي يۆ خانلىقىنى بويسۇندۇرىدۇ. شۇ (蜀) قەبىلىلىرى ۋە غەربىي جەنۇبىدىكى يات قەبىلىلەر[43] قاتتىق ئەنسىزچىلىككە چۈشۈپ، ئۇلار خەنگە بويسۇنۇش توغرىسىدا يەرلىك ئەمەلدارلارغا تەلەپ قويغانىدى.

شۇنىڭ بىلەن خاقان ۋۇدى يەنجۇ[44]، يۈسۈي[45]، جىبىلى[46]، زاڭكې[47] ۋىلايەتلىرىنى قۇرۇپ، باكتېرىيىگە تۇتاشتۇرماقچى بولدۇ ۋە بىر يىل ئىچىدە بەي شىچاڭ، لۈ يۈرۈنلاردىن ئىبارەت ئون نەچچە تۈركۈم ئەلچىلەر تەيىنلەپ، بۇ يېڭى تەسىس قىلىنغان ۋىلايەتلەر ئارقىلىق باكتېرىيىگە بارماقچى بولدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆنمىڭگە بارغاندا يەرلىك خەلق تەرىپىدىن توسۇلۇپ قېلىپ، ئۆلتۈرۈلۈپ، پۇل-ماللىرى تالىنىپ، ئاخىرى باكتېرىيىگە بارالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەن خاقانلىقى پايتەخت ئەتراپىدىكى شەھەرلەرنىڭ گۇناھكارلىرىنى بوشىتىپ، سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ ھەممىدە بۇلارغا ۋە شۇ ۋىلايەتلىرىنىڭ بىرنەچچە تۈمەن ئەسكەرلىرىنى قوشۇپ، گوچاڭ ۋە ۋېي گۇاڭ سەنگۇنلەرنىڭ قوماندانلىقىدا كۆنمىڭ يات قەبىلىلىرىگە جازا يۈرۈشى قىلدۇ. خەن خاقانلىقى ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرگەن بۇ يات قەۋملەرنىڭ نەچچە تۈمەن ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ ۋە ئەسىر ئېلىپ قايتىپ كېلىدۇ. كېيىن، يەنە ئەلچى ماڭدۇرغان بولسىمۇ، يەنىلا كۆنمىڭدا توسۇلۇپ، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ، باكتېرىيىگە ئاخىرى بارالمايدۇ. لېكىن شىمالدىن جيۇچۈەن ئارقىلىق باكتېرىيىگە بارىدىغان يول راۋانلىشىپ، ئەلچىلەر بارغانسېرى كۆپىيىدۇ. نەتىجىدە، چەتئەللىكلەر خەن خاقانلىقى سوغىلىرىغا، پۇل-ماللىرىغا قىزىقمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

بىلگە تۆرە چەتئەلگە بارىدىغان يولنى ئېچىپ، ھۆرمەتلىك ئۇنۋانغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارغان كىچىك ئەمەلدارلار چەتئەلدىكى ئاجايىپ-غارايىپ ئىشلار ۋە ئۇنىڭ ئېلىمىزگە بولغان پايدىسى توغرىسىدا يۇقىرىغا مەكتۇپ سۇنۇپ، ئۆزىنىڭ ئەلچى بولۇشىنى ئىلتىماس قىلىدۇ. خاقان ۋۇدى بۇ ئەللەرنىڭ ئىنتايىن يىراقلىقى، ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ بېرىشىنى

خالىسمايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ماقۇل بولىدۇ ۋە ئەلچىلىك گۇۋاھنامىسى بېرىدۇ. ئادەتتىكى ئەمەلدار ۋە خەلقنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلماستىنلا، ئۇلارغا ئادەم قوشۇپ چەتئەلگە ئەۋەتىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئالاقە باغلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، بۇ ئەلچىلەر بېرىش-كېلىش جەريانىدا دۆلەتنىڭ پۇل-ماللىرىغا خىيانەت قىلىپ، ئۇردىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئىشلارنى قىلىدۇ. خاقان ۋۇدى قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ ئۆگىنىپ قالغان مۇنداق ئەلچىلەرنى جازالىغان بولسىمۇ، يەنىلا پۇل تۆلەپ جىنايىتىنى يۇيۇشقا بۇيرۇپ، ئۇلارنى يەنە ئەلچى بولۇشنى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئەلچى بولۇش پۇرسىتى كۆپ بولغانلىقتىن، جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن قورقمايتتى. يەنە باشقا ئەمەلدار ۋە ئەسكەرلەرمۇ چەتئەللىك ئاجايىپ-غارايىپ ئىشلىرىنى مۇبالىغە قىلىپ، كۆككە كۆتۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ مۇبالىغىچىلەرگە رەسمىي ئەلچىلىك گۇۋاھنامىسى، كىچىكرەك مۇبالىغىچىلەرگە نائىب ئەلچىلىك گۇۋاھنامىسى بېرىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى قۇرۇق گەپ ساتىدىغان پەزىلەتسىز كىشىلەر بەس-بەستە ئۇلارنى دوراشقا باشلايدۇ. بۇ ئەلچى بولغانلارنىڭ كۆپچىلىكى كەمبەغەللەرنىڭ پەرزەنتلىرى بولۇپ، ھەممىشە دېگۈدەك خاقان ئەۋەتكەن سوغىلارنى چەتئەللىكلەرگە ئەرزان باھادا سېتىپ، پۇلىنى ئۆزلىرىنىڭ چۆنتەكلىرىگە سالاتتى. چەتئەللىكلەر ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ھەر خىل گەپلىرىدىن بىزار بولۇپ، ئارىلىق يىراق، خەن لەشكەرلىرى بۇ يەرگە يېتىپ كېلەلمەيدۇ دەپ قاراپ، خەن ئەلچىلىرىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىمەي قىيىنچىلىق تۇغدۇراتتى. خەن ئەلچىلىرى ئاشلىقتىن ئۈزۈلۈپ، ئاچ قېلىپ، ئۇلاردىن نارازى بولىدۇ، ھەتتا ئۇلار بىر بىرىگە ھۇجۇم قىلىشىدۇ. روران، قوس قاتارلىق قاتناش يولىنىڭ ئاغزىدىكى

كىچىك دۆلەتلەر خەن ئەلچىسى ۋاڭ خۈي قاتارلىقلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى قاتتىق بۇلاڭ-تالاڭ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۆكتۈرمىدىكى ھۇن ئاتلىقلىرى غەربىي ئەل (قۇرىغار) دىكى دۆلەتلەرگە كېتىۋاتقان خەن ئەلچىلىرىگە دائىم دېگۈدەك تۇيۇقسىز زەربە بېرىپ تۇرىدۇ. ئەلچىلەر بەس-بەس بىلەن خاقانغا، چەتئەلگە ئۆزلىرى يولۇققان پالاكەتلەرنى مەلۇم قىلغاندىن تاشقىرى، يەنە: «ئۇلارنىڭ شەھەر-قەلئەلىرى بولسىمۇ، ھەربىي كۈچى ئاجىز، ئاسان يېڭىۋالغىلى بولىدۇ» دەپ مەلۇم قىلىدۇ. شۇڭا، خاقان ۋۇدى ئەگەشكۈچى بەگ[48] جاۋپونۇنى[49] بېقىندى ئەللەر چەۋەندازلىرى ھەم ۋىلايەتلەرنىڭ نەچچە تۈمەن قوشۇنىغا قوماندان قىلىپ، ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن شيۇگىخې دەرياسى بويىغا ئەۋەتىدۇ. ھۇنلار چېكىنىپ كېتىدۇ. كېيىلەر يىلى قوسىقا ھۇجۇم قىلىندۇ. جاۋپونۇ 700دىن ئوشۇق چەۋەنداز بىلەن ئالدىن-ئالا كېلىپ، روران خانىنى ئەسىر ئالىدۇ ۋە ئارقىدىنلا قوسىنى ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ قۇدرىتىنى نامايىش قىلىپ، ئۇيسۇن، پەرغانە قاتارلىق دۆلەتلەرگە تەھدىت سالىدۇ. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جاۋپونۇنى جويې تۆرىلىكىگە تەيىنلەيدۇ. ۋاڭ خۈي بىر قانچە قېتىم ئەلچىلىككە چىقىپ، رورانىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچ-رىغاچقا، ئەھۋالنى خاقانغا مەلۇم قىلىدۇ. خاقان قوشۇن ماڭدۇرۇپ، ۋاڭ خۈينى جاۋپونۇغا ياردەمچى بولۇپ، روران ۋە قوسىقا ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرىدۇ، ۋاڭ خۈيغا سەلتەنەت تۆرىسى ئۇنۋانى بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جيۇچۈەندىن يۈمېنگۈەن[50] قوۋۇققا قەدەر ئۆتەڭ ۋە قورغانلار ياسىلىدۇ.

ئۇيسۇنلار تويلۇققا ياخشى ئاتتىن مىڭ تۇياق بېرىپ، خەن قۇنچۈيىسىنى ئالىدۇ. خەن خاقانلىقى خان جەمەتىگە مەنسۇپ قىزلاردىن جياڭدۇ بېگى ليۇجيەننىڭ قىزىنى ئۇيسۇنغا بېرىدۇ.

ئۇيسۇن خانى كۈنبىي بۇ قۇنچۇيىنى ئۇلۇڭ ئاغىچا[21] قىلىدۇ. ھۇنلارمۇ بىر قىز بېرىدۇ. ئۇنى سول ئاغىچا قىلىدۇ. كۈنبىي «مەن ياشاندىم» دەپ نەۋرىسى سەنچۈرنى خەن خاقانلىقى قۇنچۇيىغا ئۆيلەندۈرۈش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرىدۇ. ئۇيسۇن ئېلىدە ئات كۆپ بولۇپ، بايلىرى تۆت-بەش مىڭ يىلقا باقاتتى.

خەن ئەلچىلىرى دەسلەپ ئارشاكقا كەلگەندە، ئارشاك خانى 20000 چەۋەنداز بىلەن ئۆزىنىڭ چوڭ سەركەردىسىنى شەرقىي چېگرىغا ئەۋەتىپ، ئۇلارنى قارشى ئالىدۇ. شەرقىي چېگرا خانلىق پايتەختىدىن نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا بولۇپ، چېگرىدىن پايتەختكە قەدەر ئاھالىسى كۆپ نەچچە ئونلىغان شەھەردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. خەن ئەلچىلىرى قايتىدىغان ۋاقىتتا، ئارشاك خانى ئۇلارغا ئەلچىلەرنى قوشۇپ، خەن خاقانلىقىغا ئەۋەتىدۇ. ئارشاك ئەلچىلىرى خەننىڭ قانچىلىك چوڭ دۆلەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ۋۇدىغا تۆگە قۇشى تۇخۇمى ھەم رىسىم سېھىرچىسىنى تەقدىم قىلىدۇ. پەرغانىنىڭ غەربىدىكى كىچىك دۆلەتلەردىن خارەزم[52]، تاجىك، پەرغانىنىڭ شەرقىدىكى قوس، دەندان ئۆيلىك، كېش[53] قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى خەن خاقانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپ خەن ۋۇدى بىلەن كۆرۈشىدۇ. خاقان ناھايىتى خوشال بولىدۇ. خەن ئەلچىلىرى يەنە خۇاڭخې (سېرىق دەريا)نىڭ مەنبەسىنى كۆزىتىپ، دەريانىڭ مەنبەسى ئۇدۇن (خوتەن) ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ تاغلىرىدا قاشتېشى كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن بىر ئاز قېزىپ ئېلىپ كېتىدۇ. ۋۇدى قەدىمكى خەرىتە ۋە كىتابلارنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ، بۇ مەشھۇر خۇاڭخې دەرياسىنىڭ باش مەنبەسىنى كۇئېنلۇن (قۇرۇم) تېغى دەپ ئاتايدۇ.

شۇ چاغلاردا خاقان ۋۇدى دېڭىز بويلىرىنى بىر قانچە قېتىم

كۆزدىن كۆچۈرگەندى. بۇ قېتىم ئۇ چەتئەللىكلەر بىلەن بىرلىكتە كۆزدىن كۆچۈرۈشكە چىققاندا، ئاھالىسى كۆپ، ئاۋات يەرلەردىن ئۆتىدۇ. ئۇلارغا كۆپ مىقداردا پۇل-بايلىق، تاۋار-دۇردۇن ئىنئام قىلىپ، مول نازۇ-نېمەتلەر بىلەن كۈتۈپ، ماددى نەرسىلەر بىلەن ئوبدان تەمىنلەپ، خەن خاقانلىقىنىڭ بايلىقى ۋە كۈچ-قۇدرىتىنى نامايان قىلىدۇ. بۇ جەرياندا كەڭ كۆلەمدە مۇزىكا-ئۇسۇل، سېرىك ئويۇنلىرى ئوينىلىپ، كۆپ ئېسىل نومۇرلار كۆرسىتىلىدۇ. بۇنى ناھايىتى كۆپ ئادەملەر كۆرىدۇ. خاقان مېھمانلارنى مۇكاپاتلاپ ۋە ئۇلارغا شاھانە زىياپەت ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، خەزىنىدىكى بايلىقلارنى كۆرسىتىپ، خەن خاقانلىقىنىڭ چوڭ دۆلەت ئىكەنلىكىگە قايىل قىلىپ، ئۇلارنى ھەيران قالدۇرىدۇ. سېھىرگەرلەرنىڭ ماھارىتى يۇقىرى بولغانلىقى، سېرىك ئويۇنلىرى بارغانچە ياخشىلانغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئويۇنلار كۈندىن-كۈنگە راۋاج تاپىدۇ.

غەربىي شىمالدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئەلچىلىرى ئۈزۈلمەي كېلىپ-كېتىپ تۇرىدۇ. پەرغانىنىڭ غەربىدىكى دۆلەتلەر خەن خاقانلىقى يىراقتا دەپ قاراپ، تەلۋىلەرچە تەكەببۇرلۇق قىلىدۇ. ئۇلارنى سوغا-سالام ۋە مېھرى-شەپقەت بىلەن بويسۇندۇرغىلى، تىزگىنلىگىلى ۋە مەجبۇر قىلغىلى بولماي قالغانىدى. ئۇيسۇنىنىڭ غەربىدىن ئارشاكقىچە بولغان دۆلەتلەر ھۇنلارغا يېقىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ياۋچىلار ھۇنلاردىن ئەدەپ يەپ، تېخىچە يۈرىكى ئىزىغا چۈشمىگەنىدى. قوللىرىدا تەڭرىقۇتنىڭ بىر پارچە خېتى بار ھۇن ئەلچىلىرىگە ھەممە دۆلەتلەر ئوزۇق-تۈلۈك يەتكۈزۈپ بېرەتتى، ھەرگىزمۇ ھۆرمەتسىزلىك قىلمايتتى. لېكىن خەن ئەلچىلىرى پۇل خەجلىمىسە، مال-بايلىقلارنى چىقارمىسا ئاچ قالاتتى. ئۇلاغ سېتىۋالمىسا، پىيادە قالاتتى. بۇنداق ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشى

ئاساسەن، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ خەنسدىن يىراقلىقى ۋە خەن
خاقانلىقىنىڭ باي ئىنكەنلىكى سەۋەبىدىن بولغانىدى. شۇڭا، خەن
ئەلچىلىرى ئۆزلىرىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش يولى
بىلەن ئۆز ئېھتىياجلىرىنى قامدايتتى. مۇھىمى، ئۇلار خەن
ئەلچىلىرىنى كۈتۈپ، ھۇنلارنى رەنجىتىپ قويۇشتىن قورقاتتى.
پەرغانە ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر ئۈزۈمدىن مەي چىقىراتتى. بايلىرى
مىلىيون جىڭدىن ئۇشۇق مەي ساقلىشاتتى. بىرنەچچە ئون يىل
تۇرسىمۇ بۇزۇلمايتتى. بۇ دۆلەتلەردە مەي ئىچىش ئادەت ئىدى.
ئاتلىرى بىدە يەيتتى. خەن ئەلچىلىرى بىدە ئۇرۇقى ئېلىپ
كەلگەنلىكتىن، خاقان ۋۇدى مۇنبەت يەرلەرگە بىدە ۋە ئۈزۈم
تەرگۈزگەنىدى. كېيىن «تۇلپارئات»لار كۆپىيىپ، چەتئەل ئەلچىلە-
رىمۇ كۆپلەپ كېلىشكە باشلىدى. شۇڭا، ساراي ۋە ئىستىراھەتگاھ-
لارنىڭ ئەتراپلىرىمۇ پۈتۈنلەي چەكسىز كەتكەن ئۈزۈمزارلىق ۋە
بىدىلىككە ئايلىنىدۇ. پەرغانىنىڭ غەربىدىن ئارشاكقىچە بولغان
دۆلەتلەرنىڭ تىللىرى گەرچە، ئوخشاشمىسىمۇ، ئەمما ئۆرپ-
ئادەتلىرى ئاساسەن، بىردەك ئىدى. ئۆزئارا بىر بىرىنىڭ گېپىنى
ئۇقۇشاتتى. بۇ دۆلەتلەردىكى ئادەملەر ئورا كۆز، ساقاللىق بولۇپ،
سودىگەرچىلىككە ماھىر ئىدى. تىجارەتتە يېرىمدىن-يىڭنىسىغىچە
ھېسابلىشاتتى. ئادەتتە ئاياللارنى قەدىرلەيتتى. ئەرلىرى ئاياللارنىڭ
دېگىنى بويىچە ئىش قىلاتتى. بۇ يەردە يىپەك، سىر يوق ئىدى.
تۆمۈر ئەسۋاپ ئىشلەشنى بىلمەيتتى. خەن ئەلچىلىرى بىلەن كەلگەن
نۆكەرلەر ئۇلارغا ئەل بولغاندىن كېيىن، ھەربىي قورال ئىشلەشنى
شۇلار ئۆگەتكەنىدى. خەن خاقانلىقىدىن ئالغان ئالتۇن-كۈمۈش-
لەردىن زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرى ياسىغان، پۇل قىلىپ ئىشلەت-
مىگەنىدى.

غەربىي ئەللەر (قۇربغار)گە بارىدىغان خەن ئەلچىلىرى بارا-بارا

كۆپىيىپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئەلچىلەرگە ئەگىشىپ كەتكەن بىر مۇنچە ئادەملەر خاقان ۋۇدىغا خۇشامەت قىلىپ: «پەرغانەدە ياخشى ئاتلار بار، ئىبىرشى[54] شەھىرىگە يوشۇرۇپ قويۇپ، خەن ئەلچىلىرىگە بەرمەيۋاتىدۇ» دەپ مەلۇم قىلىدۇ. ۋۇدى پەرغانە ئاتلىرىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرگەنلىكتىن، بۇنى ئاڭلاپ، مىڭ جىڭ ئالتۇن ۋە زەر ئات[55] ھەيكىلى قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن باتۇرچىلىك[56] قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ، پەرغانە خانىنىڭ ئىبىرشى شەھىرىدىكى ياخشى ئاتلىرىدىن سېتىۋالماقچى بولىدۇ. لېكىن پەرغانەدە خەن خاقانلىقىنىڭ مال-بۇيۇملىرى كۆپ بولغانلىقتىن، ئۇلار بۇ نەرسىلەرگە ئانچە قىزىقمايدۇ. ئۇلار ئۆز ئارا مەسلىھەتلىشىپ: «خەن بىزدىن يىراقتا، يولدا شورتاڭ سازلىقلار ۋە خەتەرلىك توسالغۇلار بار. بۇ يەرلەردىن ئۆتكىچە دائىم ئادەم ئۆلۈپ تۇرىدۇ. شىمال بىلەن ماڭسا، ھۇنلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرايدۇ؛ جەنۇبتا ئوت-چۆپ، سۇ يوق. بۇرۇن يۇزلەپ كەلگەن خەن ئەلچىلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى ئاچلىقتىن ئۆلگەن. مۇنداق شارائىتتا خەن خاقانلىقى قانداق قىلىپ چوڭ قوشۇن ئەۋەتەلەيدۇ؟ خەن بىزنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىبىرشى ئاتلىرى پەرغانەنىڭ ئېسىل ئاتلىرى تۇرسا» دېيىشىدۇ. شۇڭا، ئۇلار خەن ئەلچىلىرىگە ئات بېرىشنى خالىمايدۇ. خەن ئەلچىسى غەزەپكە كېلىپ تىللايدۇ ھەمدە زەر ئات ھەيكىلىنى چېقىپ تاشلاپ چىقىپ كېتىدۇ. پەرغانە تۆرىلىرى غەزەپلىنىپ: «خەن ئەلچىلىرى بىزنى كۆزگە ئىلمىدى» دەپ ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىدۇ ۋە خەن ئەلچىلىرىگە توسۇپ زەربە بېرىش، ئۆلتۈرۈش، مال-بايلىقلىرىنى تارتىۋېلىش توغرىسىدا شەرق قىسمىدىكى ئۆز كەنت[57] خانىغا بۇيرۇق بېرىدۇ. خەن خاقانى ۋۇدى بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلىنىدۇ. ئىلگىرى پەرغانەگە ئەلچى بولۇپ چىققان ياۋدىكىخەن قاتارلىقلار خاقانغا: «پەرغانە

ھەربىي كۆچ جەھەتتە ئاجىزراق ئەگەر 3000 ئەسكەر ئەۋەتىلسىلا، كۈچلۈك ئوقيالار بىلەن ئېتىپ، پەرغانەنى تارمار قىلىشقا بولىدۇ» دەيدۇ. خاقان ئىلگىرى جويى تۆرىسى جاۋپونۇنى روراننىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەندە، ئۇ 700 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن جىددىي يۈرۈش قىلىپ، روران خانىنى تۇتقۇن قىلغانىدى. شۇڭا، خاقان ۋۇدى ياۋدىڭخەن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ سۆزىنى توغرا تاپىدۇ. خاقان ئۆزىنىڭ ئامراق كىچىك خانىشى لى خېنىمنىڭ تۇغقانلىرىنى تۆرە قىلىش نىيىتىدە، ئۇنىڭ ئاكىسى لى گۇاڭلىنى[58] ئېرشى سەنگۈن[59] قىلىپ، بېقىندى خاتىلقلار قوشۇنىدىن 6000 چەۋەنداز ۋە ھەرقايسى ۋىلايەت ۋە بەگلىكلەردىن بىر قانچە تۈمەن لۈكچەك ياشلارنى چىقىرىپ، پەرغانەگە جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. لى گۇاڭلى ئېرشى شەھىرىگە بېرىپ، تۇلپار ئاتلارنى قولغا چۈشۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇڭا، «ئېرشى سەنگۈن» دەپ ئاتىلىدۇ. جاۋشىچېڭ قوشۇنغا يارغۇچى بەگ[60]، بۇرۇنقى سەلتەنەت بېگى ۋاڭ خۈي قوشۇنغا يولباشلىغۇچى بولىدۇ. لى دو چېرىكچى بەگ بولۇپ، قوشۇننىڭ ھەربى ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ.

بۇ م، ب. 104-يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى تەيچۇنىڭ بىرىنچى يىلى) ئىدى. گۆەندۇڭ تۇڭگۆەن قوۋۇقىنىڭ شەرقى)[61] تەرەپلىرىدە چېكەتكە ئاپىتى يۈز بېرىپ، غەربدە دۇڭخۇاڭغىچە يېتىپ كەلگەنىدى.

ئېرشى سەنگۈن قوشۇنلىرى غەربدە لوپنۇردىن ئۆتكەندىن كېيىن، يول ئۈستىدىكى كىچىك دۆلەتلەر قورقۇپ، شەھەرنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىپ، ئۇلارغا ئاشلىق بېرىشكە ئۇنىمايدۇ. خەن قوشۇنى ھۇجۇم قىلىپ شەھەرنى دەماللىققا ئالالمايدۇ. شەھەرنى ئالغانلار ئاشلىققا ئېرىشىدۇ، ئالالمىغانلار بىر قانچە كۈن ئۇرۇشقاندىن كېيىن ئۆز يولىنى داۋام قىلدۇرىدۇ. ئۆزكەنت شەھىرىگە يېتىپ كەلگەندە،

ئاران بىرنەچچە مىلىڭ ئەسكەر قالدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاچ، ھارغىن بولغاچقا، ئۆزكەنت شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، ئۆزكەنتلىكلەر خەن قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدۇ. خەن قوشۇنىدىن كۆپ ئادەم ئۆلدۇ ۋە يارىدار بولدۇ. ئېرشى سەنگۇن لى دۇ جاۋشىچىيىڭ قاتارلىقلار بىلەن كېڭىشىپ: «ئۆز كەنتتەك كىچىككىنە بىر شەھەرنى ئالالمىدۇق، ئۇلارنىڭ پايتەختىنى قانداق ئالىمىز؟» دېيىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قالدۇق قوشۇننى ئېلىپ قايتىپ كېتىدۇ. بۇ جەرياندا، باردى-كەلدى بولۇپ، ئىككى يىل ۋاقىت ئۆتىدۇ. دۇڭخۇاڭغا قايتىپ كەلگەندە، قوشۇنىنىڭ ئوندىن بىر-ئىككىسىلا قالىدۇ. ئادەم ئەۋەتىپ خاقانغا ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىدۇ: «يول يىراق، ئاشلىق يوق، ئەسكەرلەر جەڭدىن قورقمىدى، ئاچلىقتىن قورقتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئادەم ئاز، پەرغانەنى ئېلىشقا كۆز يەتمىدى. ھازىرچە چېكىنىپ، قوشۇننى تولۇقلاپ، ئاندىن ھۇجۇم قىلىشنى ئىلتىماس قىلىمىز» دەيدۇ. بۇنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولغان خاقان ۋۇدى يۈمېن قوۋۇقىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنى توسايدۇ ۋە: «يۈمېن قوۋۇقىدىن كىرىشكە جۈرئەت قىلغان سىپاھ-بەگلەرنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ» دەپ يارلىق چۈشۈرىدۇ. ئېرشى سەنگۇن قورقۇپ دۇڭخۇاڭدا تۇرۇپ قالىدۇ.

شۇ يىلى يازدا، خەن خاقانلىقى جويى تۆرىسى جاۋپونۇنى 20000 دىن ئوشۇق قوشۇن بىلەن ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مەغلۇپ بولىدۇ. ئوردىدىكى ۋەزىر-ۋۇزرالار پەرغانەگە ھۇجۇم قىلىشنى توختىتىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ھۇنلارغا زەربە بېرىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ چاغدا خاقان ۋۇدى پەرغانەگە جازا يۈرۈشى قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈپ قويغانىدى. چۈنكى، پەرغانەدەك كىچىككىنە بىر دۆلەتنى ئۇرۇشۇپ ئالالمىسا، باكتىرىيە قاتارلىق دۆلەتلەر خەن

خاقانلىقنى كۆزگە ئىلماي قويالىتتى. پەرغانە ئىچكى ۋەزىيەتلا-قولاي كەلمەيتتى. ئۇيسۇن، بۇكوز(62) قاتارلىق دۆلەتلەر خەن ئەلچىلىرىنى ئېغىمۇ كۆزگە ئىلماي، مەسخىرە قىلاتتى. بۇ چەتئەللىكلەرنىڭ ئالدىدا كۈلكە بولۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. شۇڭا، پەرغانەگە يۈرۈش قىلىشقا جىددى قارشى چىققۇچى دېڭ گۇاڭ قاتارلىقلار جازاغا تارتىلدۇ. زىنداندىكى جىنايەتچىلەرگە ئومۇمى كەچۈرۈم قىلىنىپ، ئۇلارنى ھەممە ھەرقايسى ۋىلايەت بەگلىكلەردىكى سەرگەردان ياشلارنى ئەسكەرلىككە قاتناشتۇرۇپ ھەم چېگرا ۋىلايەتلەردىكى ئاتلىق ئەسكەرلەرگە قوشۇپ، بىر يىلدىن ئوشۇق ۋاقىت ئىچىدە دۇنخۇاڭدىن 60000 كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ يۈرۈش قىلدۇ. شەخسى تىجارەت بىلەن ئەسكەرلەرگە ئۆزلۈكىدىن ئەگىشىپ كېتىۋاتقانلار بۇ سانغا كىرگۈزۈلمەيدۇ. بۇندىن باشقا يەنە يۈزمىڭ تۇياق كالا، 30000 تۇياقتىن ئوشۇق ئات، ئېشەك، قېچىر، تۆگىلەرنىڭ نەچچە مىڭغا يېتىدۇ. ئاشلىق، يەم-خەشەك يېتەرلىك، قورال-ئوقيالار تولۇق ھازىرلانغان بولۇپ، دۆلەت غەليانغا كەلگەنىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇيرۇق بويىچە پەرغانە يۈرۈشىگە 50 نەپەردىن ئارتۇق چىرىكچى بەگ چاقىرتىلغانىدى.

پەرغانەنىڭ پايتەختىدە قۇدۇق يوق بولۇپ، ئۇلار پۈتۈنلەي شەھەر سىرتىدىن ئېقىپ كېلىدىغان سۇ بىلەن تەمىنلىنەتتى. شۇڭا، خەن خاقانلىقى سۇ ئىشچىلىرىنى ئەۋەتىپ، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى سۇ يولىنى ئۈزۈپ، شەھەردىكىلەرنى سۇسىز قالدۇردى. جيۇچۈەن، جاڭيېنىڭ(63) شىمالىغا جۈيەن(64)، شۇتۇق(65) قاتارلىق ئورۇنلارنى تەسىس قىلىپ، ئۇ يەرگە 180000 قوشۇن يۆتكەپ جيۇچۈەننى قوغدىدى. دۆلەت بويىچە ئەسكىرىي خىزمەت ئۆتەشكە تېگىشلىك يەتتە خىل كىشىلەرنى يۆتكەپ، ئېرشى سەنگۈنگە ئاشلىق ۋە يەم-خەشەك يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئەۋەتتى. ھارۋىلاردا سۈرمەپ، مۆرد-

يىرىدە كۆتىرىپ ئاشلىق توشۇۋاتقان ئادەملەر، ئوكسۇزلۇقتا قەدەر سوزۇلغانىدى. يەنە ئىككى نەپەر ئات تۇنۇيدىغان كىشىنى سالغىچى بەگ قىلىپ تەيىنلەپ، پەرغانەنى ئالغاندىن كېيىن، ئىگە ئېسىل ئاتلارنى تاللاپ ئالماقچى بولغانىدى.

شۇگا، ئىرشى سەنگون ئىككىنچى قېتىم يۈرۈش قىلغاندا، ئەسكىرى كۆپ، ھەيۋىسى چوڭ بولغانلىقتىن، يول بويى كىچىك دۆلەتلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئۇچرىدى، ئۇلار ئۆزلىكىدىن ئاشلىق بېرىپ ئەسكەرلەرنى تەمىنلىدى. بۇگۇرگە بارغاندا قارشىلىقىقا ئۇچراپ، بىرنەچچە كۈن جەڭ بولۇپ، قىرغىنچىلىق يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇ يەردىن غەربكە قاراپ مېڭىپ 30000 خەن ئەسكىرى پەرغانە شەھىرىگە تىنچ-ئامان يېتىپ باردى. پەرغانە ئەسكەرلىرى خەن ئەسكەرلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلدى. لېكىن خەن ئەسكەرلىرى ئوقيا ئېتىپ ئۇلارنى چېكىندۈردى. پەرغانە ئەسكەرلىرى شەھەرگە كىرىۋېلىپ، قاتتىق مۇداپىئە كۆردى. ئىرشى سەنگون ئاۋال ئۆزكەنت شەھىرىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ۋاقىت سوزۇلۇپ قېلىپ، پەرغانەنىڭ يەنە باشقا ھىيلە ئىشلىتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئاۋال پەرغانەگە كېلىپ، ئۇلارنىڭ سۇ مەنبەئىنى ئۈزۈپ، دەريا يولىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. پەرغانە ئەندىشە ۋە باش قېتىمچىلىق ئىچىدە قالدى. نەتىجىدە، تاشقى شەھەر ئېلىنىپ، پەرغانە ئېسىلزادىلىرىدىن پالۋان جانبېي قولغا چۈشتى. قاتتىق ۋە ھىمە ئىچىدە قالغان پەرغانەلىكلەر ئىچكىرىكى شەھەرگە چېكىنىپ كەتتى ۋە پەرغانە ئېسىلزادىلىرى ئۆزئارا كېڭىشىپ: «خەنلىكلەر شۇنىڭ ئۈچۈن پەرغانەگە ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇكى، بۇنىڭ سەۋەبى، خان ئۇگە تۇلپارلارنى يوشۇرۇپ قويۇپ، خەن ئەلچىسىنى ئۆلتۈردى. بىز خاننى ئۆلتۈرۈپ، تۇلپارلارنى چىقىرىپ بەرسەك، خەن قوشۇنلىرى مۇھاسىرىنى بوشىتىشى مۇمكىن، ئەگەر مۇھاسىرىنى

بوشاتمىسا، يەنە بىر قېتىم قاتتىق جەڭ قىلساقمۇ ئۈلگۈرىمىز» دېيىشتى. پەرغانە ئېسىلزادىلىرى بۇنى توغرا تاپتى ۋە بىرلىكتە خاننى ئۆلتۈردى. ئېسىلزادىلەر خاننىڭ كاللىسىنى كۆتىرىپ كېلىپ، ئىبرشى سەنگۇن بىلەن كۆرۈشتى ۋە شەرت قويۇپ: «خەن قوشۇنلىرى بىزگە ھۇجۇم قىلمىسۇن. بىز ئوبدان ئاتلارنى چىقىرىپ بېرىمىز. ئۆزەڭلەر تاللاپ ئالسىلەر، ھەممىدە ئاشلىق بىلەن تەمىنلەيمىز، ئەگەر گېپىمىزگە كىرمىسەڭلار، پۈتكۈل تۇلپارلارنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايمىز. كاڭگادىن كېلىدىغان ياردەمچى قوشۇنمۇ كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ. ئۇلار يېتىپ كەلگەن ھامان، بىزنىڭ قوشۇنلىرىمىز ئىچكى تەرەپتىن، كاڭگا قوشۇنلىرى، سىرت تەرەپتىن خەن قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. قايسىڭلار تۇرىسىلەر؟» دېدى. بۇ ۋاقىتتا كاڭگا خەن قوشۇنلىرىغا ئادەم ئەۋەتىپ چارلاپ ۋە ئۇلارنىڭ كۈچلۈكلىكىنى كۆرۈپ، ئالغا ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلالماي تۇراتتى. ئىبرشى سەنگۇن جاۋشىپىڭ، لىدو قاتارلىقلار بىلەن كېڭىشىپ: «پەرغانە شەھىرىگە يېقىندىن چىنلىقلار (秦人) كېلىپتىمىش، ئۇلار قۇدۇق قېزىشنى بىلىدىكەن. شەھەردە ئاشلىق تېخى كۆپمىش، بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىن مەقسىتىمىز، باش جىنايەتچى ئۇگەنى ئۆلتۈرۈش ئىدى. ئۇگەنىڭ كاللىسى كەلتۈرۈلدى. ئەگەر ماقۇل بولۇپ چېكىنمىسەك، ئۇلار جەزمەن قاتتىق مۇداپىئە قىلىدۇ. كاڭگا قاتارلىق دۆلەتلەر خەن قوشۇنى ھارغان ۋاقىتتا، پەرغانەگە ياردەمگە كېلىپ، ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن قىسىپ ھۇجۇم قىلسا، خەن قوشۇننى چوقۇم تارمار كەلتۈرىدۇ» دېدى. ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى بۇنى توغرا تېپىپ، پەرغانەنىڭ شەرتلىرىگە ماقۇل بولدى. پەرغانە ئوبدان ئاتلارنى چىقىرىپ بېرىپ، خەنلىكلەرنىڭ تاللىۋېلىشىغا يول قويدى ۋە خەن قوشۇنلىرىنى نۇرغۇن ئاشلىق بىلەن تەمىنلىدى. خەن

قوشۇنلىرى ياخشى ئاتلاردىن بىرنەچچە ئونلىغان ئاتلارنى ۋە ئوتتۇرا ھال ئاتلاردىن ئەركەك، چىشى بولۇپ 3000 دىن ئوشۇقراقنى تاللاپ ئېلىشتى. پەرغانە ئېسىلزادىلىرىدىن ئىلگىرى خەن ئەلچىلىرىنى قىزغىن كۈتىۋالغان مەساي ئىسىملىك كىشىنى پەرغانەگە خان قىلىپ تىكلىدى ھەمدە ئىككى تەرەپ توختام تۈزۈپ، قوشۇننى چېكىندۈرۈشتى. خەن قوشۇنى ئاخىرى شەھەرگە كىرەلمەستىنلا قايتتى.

باشتا ئېرشى سەنگۈن دۈنخۇاڭدىن چىقىپ غەربكە يۈرۈش قىلغاندا، ئادەم كۆپ، يول ئۈستىدىكى دۆلەتلەر ئاشلىق بىلەن تەمىنلەپ كېتەلمەسمىكىن دەپ قوشۇننى بىر قانچىگە بۆلۈپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي يول بىلەن يۈرۈش قىلغانىدى. چېرىكچى يەگ ۋاڭ شېنشېڭ بىلەن سابىق مۇراسىم بېگى(66) خۇچۇڭگو قاتارلىق مىڭدىن ئوشۇق ئادەم باشقا يول بىلەن ئۆزكەنت شەھىرىگە بارغان، ئۆزكەنتلىكلەر شەھەرنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىپ، ئۇلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىمىگەنىدى. ۋاڭ شېنشېڭ بىلەن چوڭ قوشۇننىڭ ئارىلىقى 200 چاقىرىم كېلەتتى. ئۇ چوڭ قوشۇننىڭ ياردىمىگە ئىشىنىپ، دۈشمەننى سەل چاغلىغان ۋە ئۆزكەنتلىكلەرنى ئەيىبلىگەن. ئۆزكەنتلىكلەر يەنىلا ئاشلىق بەرمىگەن ۋە ۋاڭ شېنشېڭنىڭ ئەسكىرى كۈندىن-كۈنگە ئازىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ قېلىپ، بىر كۈنى ئەتىگەندە 3000 ئادەم بىلەن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان. ۋاڭ شېنشېڭ قاتارلىقلار ئۆلۈپ، قوشۇن تارمار بولغان. بىر قانچە ئادەملا قۇتۇلۇپ قېلىپ، ئېرشى سەنگۈننىڭ يېنىغا قېچىپ بارغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىم قايتقاندا، ئېرشى سەنگۈن ھەربىي تەمىنات تۇتۇق بېگى(67) شاڭ گۇەنجېنى ئۆزكەنت شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئۆزكەنت شەھىرى مەغلۇپ بولۇپ، ئۆزكەنت خانى كانگاغا قاچقان، شاڭ گۇەنجې ئۇنى

كانگاغا قەدەر قوغلاپ بارغانىدى. خەن قوشۇنىنىڭ پەرغانەنى ئىلىرمار قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان كانگا خانى ئۈزكەنت خانىنى چىقىرىپ بېرىدۇ. شاڭ كۈەنجې ئۇنى باغلاپ، تۆت نەپەر ئاتلىق ئەسكەرگە ھەيدىتىپ، چوڭ سەنگۈنگە ئەۋەتىدۇ. يولدا بۇ تۆت ئەسكەر ئۆزئارا: «ئۈزكەنت خانى، خەننىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى. ئۇنى تىرىك ئېلىپ بارىمىز دېگەن بىلەن يولدا كۈتۈلمىگەن ئىش يۈز بېرىپ قالسا، چاتاق بولىدۇ» دېيىشىپ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ، ھېچكىم قول سالالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شاڭگۈي چەۋەندازى جاۋدى ئەڭ ياش ئىدى. ئۇ شەمشىرىنى سۇغۇرۇپ ئۈزكەنت خانىغا ئۇرىدۇ. خان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ، جاۋدى، شاڭگۈەنجېلەر چوڭ سەنگۈنگە يېتىشۋالغانىدى.

دەسلەپ ئېرشى سەنگۈن ئىككىنچى قېتىم يولغا چىققاندا، خاقان ۋۇدى ئۇيسۇنغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ، پەرغانىگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىشىنى تەلەپ قىلغانىدى. ئۇيسۇن 2000 ئاتلىق ئەسكەر چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن ئىككىلىنىپ ئالغا باسمىغان. ئېرشى سەنگۈن غەلىبە قىلىپ قايتقاچقا، پەرغانەنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى ئاڭلىغان يول بويىدىكى كىچىك دۆلەتلەر پەرزەنتلىرىنى ئەۋەتىپ، خەن خاقانلىقىغا سوغا تەقدىم قىلغان ھەمدە ئۇلارنى خاقانغا بەيئەت قىلىش ۋە شۇ يەردە تۇرغاق بولۇپ تۇرۇپ قېلىشقا بۇيرۇغانىدى.

ئېرشى پەرغانەگە بىرىنچى قېتىم ھۇجۇم قىلغاندا، يارغۇچى بەگ جاۋشىچېڭ تىرىشىپ ئۇرۇش تەييارلىقى ئېلىپ بېرىپ، ئەڭ كۆپ خىزمەت كۆرسەتتى. شاڭگۈەنجې دۈشمەن ئىچىگە يالغۇز ئۆز قوشۇنى بىلەنلا ئىچكىرىلەپ كىرىشكە جۈرئەت قىلدى. لىدو بولسا، جەڭ پىلانلىرىنى تۈزۈپ چىققانىدى. قوشۇن قايتقىنىدا،

يۇمبىن قوۋۇقىغا ئاران ئۇن مىڭدىن تۇشۇق ئادەم، 1,000 دىن ئوشۇق جەڭ ئېتى قايتىپ كەلگەنىدى. ئېرشى سەنگۇن ئىككىنچى قېتىم يۇرۇشكە چىققاندا، قوشۇن ئاشلىقتىن قىسىلمىدى. ئۇرۇشتا كۆپ ئادەم ئۆلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلدارلارنىڭ خىيانىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسكەرلەرنى ئاسرىماسلىقى، ئەسكەرلەرنىڭ تەمناتىنى خىيانەت قىلىشى نەتىجىسىدە كۆپ ئۆلۈپ كەتكەنىدى. خاقان ۋۇدى بۇ ئەمەلدارلارنىڭ يىراق پەرغانەگە جازا يۇرۇشى قىلىپ، جاپا چەككەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى سۈرۈشتە قىلماستىن، لى گۇاڭلىغا خەيشى تۆرىسى ئۇنۋانىنى بەردى. ئۆزكەنت خانىنى ئۆلتۈرگەن چەۋەنداز جاۋدىگە شىنجۇ تۆرىسى ئۇنۋانىنى بەردى. يارغۇچى بەگ جاۋشىچىكىنى دائىش بەگ[68] قىلىپ تەيىنلەپ، شاڭ گۇەنجىنى خەزىنە بېگى[69] قىلىپ تەيىنلىدى. لىدونى شاڭداڭ قۇشبېگى قىلىپ تەيىنلىدى. ھەربىي ئەمەلدارلاردىن توققۇز ۋەزىرلىك[70] دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلەر ئۈچ كىشى، تۆرە، ۋەزىر ھەم ۋالى بولغانلار ھەممە 2000 دەندىن (ئاشلىق) مائاش ئالىدىغانلار[71] يۈز ئادەمدىن، مىڭ دەندىن تۆۋەن (ئاشلىق) مائاش ئالىدىغانلار مىڭ ئادەمدىن ئاشقانىدى. ئۆزلىرى تەلەپ قىلىپ قوشۇنغا قاتناشقانلارغا بېرىلگەن ئەمەل-مەنسەپلەر ئۇلار ئۆزى كۈتكەندىن ئېشىپ كەتتى. جىنايەتچى سۈپىتىدە قوشۇنغا قاتناشقانلارغا ئىنئام بېرىلمىدى. ئەسكەرلەرگە بېرىلگەن ئىنئامنىڭ قىممىتى 40000 ئاقچىغا يەتتى. ئىلگىرى-ئاخىر پەرغانەگە قىلىنغان ئىككى قېتىملىق جازا يۇرۇشى جەمئىي تۆت يىل داۋام قىلغانىدى.

خەن قوشۇنى پەرغانەگە يۇرۇش قىلىپ، مەسايىنى[72] پەرغانەگە خان تىكلەپ قايتقان بولسىمۇ، بىرەر يىل ئۆتكەندىن كېيىن پەرغانە ئېسىلزادىلىرى خەنگە خۇشامەت قىلىپ، ئىلىمزىنى ئۇرۇش

ئاپىتىگە گىرىپتار قىلدى دەپ ئۇنى ئۆلتۈردى ۋە ئورنىغا ئۇگەنىڭ ئىنىسى چاناپانىنى[73] پەرغانەگە خان قىلىپ، ئوغلىنى خەن ئوردىسىغا تۇرغاق قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. خەن خاقانلىقى بولسا، ئەلچى ئەۋەتىپ، سوغا-سالام يوللاپ، پەرغانەلىكلەردىن هال سورىغان ۋە ئۇلارغا تەسەللى بەرگەنىدى.

خەن خاقانلىقى يەنە ئاجايىپ-غارايىپ نەرسىلەرنى تېپىپ كېلىش ھەمدە خەننىڭ پەرغانە يۈرۈشى تۈپەيلى قازانغان شانۇ-شۆھرىتى ۋە ئىلتىپاتلىرىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، پەرغانەنىڭ غەربىدىكى دۆلەتلەرگە يەنە ئون نەچچە تۈركۈم ئەلچى ئەۋەتتى. دۇڭخۇاڭدا جىيۇچۈەن تۇتۇق بېگى تەسىس قىلىپ، غەربتە لوپنۇرغىچە مەنزىل-ئۆتەڭلەرنى قۇردى. بۇگۈردە بىرنەچچە يۈز چېرىك تۇرغۇزۇپ، تېرىقچىلىق قىلىپ، تېرىقچىلىق قىلىدىغان يەرلەرنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئەمەلدارلارنى بېكىتىپ، چەتئەلگە بارىدىغان خەن ئەلچىلىرىنى تەمىنلەش ئۈچۈن ئاشلىق توپلىدى.

مۇئەررىختىن: «شىيايۇ تەزكىرىسى»دە: «خۇاڭخې دەرياسى كۇئېنلون (قۇرۇم) تاغلىرىدىن باشلىنىدۇ. كۇئېنلون (قۇرۇم)نىڭ ئېگىزلىكى 2500 نەچچە چاقىرىم بولۇپ، ئۇ قۇياش ۋە ئاي نۇرىنى توساپ تۇرىدۇ. تاغنىڭ ئۈستىدە شەرۋەت بۇلىقى[74]، قاشتاش كۆلى[75] بار» دېيىلگەن. جاڭ چيەن باكتېرىيىگە ئەلچى بولۇپ چىققاندىن كېيىن، دەريانىڭ باش مەنبەسىنى كۆزەتكۈچىلەر «شىيايۇ تەزكىرىسى»دىكى كۇئېنلون (قۇرۇم) دېگەن تاغنى نەدە كۆرۈپتىكەن؟ تاغۇ-دەريالار سۆزلىنىدىغان كىتابلاردىن «سالنامە»دىكى خاتىرىلەر بىر قەدەر ئىشەنچلىك. «شىيايۇ تەزكىرىسى» ۋە «تاغ-دەريالار قامۇسى»دا خاتىرىلەنگەن ئاجايىپ-غارايىپ نەرسىلەر توغرىسىدا قالايمىقان بىرنەرسە دېيىشكە بولمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

[1] جاڭ چيەن (张骞)، م. ب. ؟ ـــ 114 ـ يىللار) ـــ خەنبۇگىلۇق. م. ب. 139 ـ يىلى خەن خاقانى ۋۇدىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن چوڭ ياۋچىلارغا ئەلچىلىككە چىقىپ، پەرغانە، كانگا، چوڭ ياۋچى، باكتىرىيە قاتارلىق خانلىقلارغا بارغان. م. ب. 119 ـ يىلى ئىككىنچى قېتىم يەنە غەربىي ئەلگە ـــ ئۇيسۇنلارغا ئەلچى بولۇپ بېرىپ، نائىبىنى پەرغانە، كانگا، باكتىرىيە، ئارشاكلارغا ئەۋەتكەن. خەن خاقانلىقى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەللەر ئارىسىدا، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ھەسسە قوشقان.
(«سىخەي» 2484 ـ بەت)

[2] نۆكەربەگ (卫尉) ـــ يېغىلىق دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان ئەمەل بولۇپ، خەن خاقانلىقى دەۋرىدە توققۇز ۋەزىرلىك قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. مەخسۇس ساراي ـ ئوردا دەرۋازىلىرىنىڭ مۇھاپىزەت ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى.
(«سىخەي» 924 ـ بەت)

[3] گەنفۇ (甘父) ـــ بەزى ماتېرىياللاردا تاڭيى (堂邑) فامىلە، گەنفۇ ئىسمى بولۇپ، ھۇنلۇق قۇل ئىدى دېيىلسە، بەزى ماتېرىياللاردا تاڭيى ناھىيىسىدىكى بىراۋنىڭ ئەسلى ھۇن، گەنفۇ ئىسىملىك قۇلى دېيىلىدۇ. كېيىنكى تارىخچىلارگەن (甘) ھەرپىنى قىسقارتىپ، تاڭيى فۇ (堂邑父) دەيدىغان بولۇشتى.
(«تارىخىي خاتىرىلەر» 6 ـ توم، 3158 ـ بەت)

[4] كانگا، قانقا، سۇغدىيانا (康居) ـــ غەربىي ئەلدىكى قەدىمكى خانلىق. شەرقى ئۇيسۇنغا، غەربى ئائورسىغا، جەنۇبى چوڭ ياۋچىغا شەرقىي جەنۇبى پەرغانەگە چېگرىداش بولۇپ، تەخمىنەن بالقاش بىلەن كاسپىي ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ.
(«سىخەي» 1965 ـ بەت)

[5] قول قان (谷蠡王) ھۇنلاردا ئەمەل ئىسمى. باتۇر تەڭرىقۇت تەسىس قىلغان بولۇپ، توغ قانلاردىن قالسىلا بۇلار تۇراتتى. ئوڭ قول قان (خان). سول قول قان (خان) لارغا ئايرىلىپ، ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇراتتى. بۇ ئورۇنغا تەڭرىقۇتنىڭ تېكىنلىرى قويۇلاتتى.
(«سىخەي» 4523 ـ بەت)

[6] كېڭەش بەگ (太中大夫) ـــ ئەمەل ئىسمى. چىن خاقانلىقى

تەسىس قىلغان. ئوردا (دىۋان) مەسلىھەتچىسى بولۇپ، خاقانىدىن قالسىلا، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلاردىن ئىدى.

(بىرتوملۇق «سىيۇەن» 388 ـ بەت

[7] غۇلامبەگ (奉使君) ــ بۇيرۇق بويىچە ئەلچىلىك خىزمىتى بىلەن چەتئەللەرگە بارغان خادىم.

(بىرتوملۇق «سىيۇەن 393 ـ بەت)

[8] دەندان ئۆيلۈك، ئۇزۇن تىتىر (扜弥) ــ غەربىي ئەللىك قەدىمكى خانلىقلىرىدىن بىرى بولۇپ، مەنبەلەردە جۈمى (拘弥)، يۈمى (扜罙)، نىڭمى (宁弥) دەپمۇ يېزىلىدۇ. ئورنى كېرىيە دەرياسىنىڭ شەرقىي، چىرىيە ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇقتا بولۇپ، خارابىسى بار.

(«سىخەي» 1519 ـ بەت)

[9] ئۇدۇن (خوتەن) (于田) ــ غەربىي ئەللىك قەدىمكى خانلىقلىرىدىن بىرى. ھازىرقى خوتەن ئەتراپلىرىغا جايلاشقان. خەلقى دېھقان، چارۋىچى. ئۈزۈمە، كەندىر مول بولۇپ، قاشتېشى كۆپ چىقىدۇ. يېزىقى بار. غەربىي خەن دەۋرىدىلا بۇددىزىم تارقىلىپ، مىلادى X ئەسىر قاراخانىلار دەۋرىدە ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغانىدى.

(«سىخەي» 56 ـ بەت)

[10] غەربىي كۆل (西海) ــ بۇ ئاتالما ھەققىدە تۆۋەندىكى رىۋايەتلەر بار: 1) پارس قولتۇقى، قىزىل دېڭىز، ئەرەبىستان دېڭىزى، ھىند ئوكيانىنىڭ غەربىي شىمال قىسمى غەربىي كۆل دەپ كۆرسىتىلگەن؛ 2) غەربىي خەن دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا چىڭخەي (كۆككۆل) غەربىي كۆل دەپ ئاتالغان؛ 3) شەرقىي خەن دەۋرىدە ئىچكى موڭغۇل قويۇن كۆلى ئەتراپلىرى، غەربىي كۆل ۋىلايىتى دەپ كۆرسىتىلگەن؛ 4) باغراش كۆلى غەربىي كۆل دېيىلگەن؛ 5) ئوتتۇرا دېڭىز غەربىي كۆل دېيىلگەن. بۇيەردە ئاتال كۆلى ياكى كاسپىي دېڭىزى كۆزدە تۇتۇلسا كېرەك.

(«سىخەي» 4196 ـ بەت)

[11] لوپنۇر كۆلى (盐泽)، تۇزلۇق كۆل، شورلۇق كۆل ــ «تارىخىي خاتىرىلەر»نىڭ پەرغانە تەزكىرىسىدە: «سۈيى شورلۇق بولغاچقا، لوپنۇر كۆلى تۇزلۇق (شورلۇق) كۆل دەپ ئاتالغان» دېيىلگەن.

(«سىخەي» 3863 ـ بەت)

[12] سەددىچىن (长城) — چۇنچېۋ، يېغىلىق دەۋرىدە بەگلىكلەر ئۆز ئارا مۇداپىئە يۈزىسىدىن، جۇغراپىيە ئورنى مۇھىم يەرلەرگە ئۇزۇن قورغانلار سالدى. م. ب. 657 ـ يىلى چۇبەگلىكىدە قورغان سالغانلىق مەقىدە «زوجۇەن تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەر بار. بۇ سەددىچىننىڭ دەسلەپكى قىسمەن قۇرۇلۇشى. يېغىلىق دەۋرلىرىدە چى، چۇ، يەن، جاۋ، چىن ۋە جۇڭشەن قاتارلىق بەگلىكلەر ئارقىمۇ ـ ئار قاسىپىل سېلىشقا باشلىدى. چىن شىخۋاڭ ئالتە بەگلىكنى يوقىتىپ، مەملىكەتنى بىرلەشتۈرگەندىن كېيىن، شىمالدىكى ھۇنلارنىڭ تاجاۋۇزىنى توسوش ئۈچۈن، م. ب. 214 ـ يىلى چىن، جاۋ، يەندىن ئىبارەت ئۈچ بەگلىكنىڭ شىمالدىكى سېپىللىرىنى رېمونت قىلدۇرغۇزۇپ تۇتاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن غەربدە لىگتاۋ (بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ مىنشيەن ناھىيىسى) دىن باشلاپ، شىمالدا يىنشەنگىچە، شەرقتە لياۋ دۇڭغىچە تۇتاشتۇرۇلدى. بۇ ئادەتتە «تۇمەن يوللۇق ئۇزۇن سېپىل» دېيىلىدۇ. كېيىن خەن، شىمالى ۋېي، چى، شىمالى جوۋ، سۈي سۇلالىلىرى دەۋرىدە، شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەۋملەرگە چېگرىداش بولغان يەرلەرگىمۇ سېپىل سوقۇلدى. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، تاتارلار، ئويراتلارنىڭ بېسىپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك سېلىشىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن، مىلادى 1368 ـ 1620 ـ يىللىرىغىچە ئىلگىرى ـ ئاخىر 18 قېتىم رېمونت قىلىندى. غەربدە جيايۈگۇەندىن شەرقتە شەنخەيگۇەنگىچە «چېگرا تام» دەپ ئاتالدى. جەمئىي ئۇزۇنلۇقى 6700 كىلومېتىر كېلىدۇ. بەزى يەرلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 8.5 مېتىر، كەڭلىكى 6.5 مېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 5.7 مېتىر بولۇپ، قوقتىسىنىڭ ئېگىزلىكى بىر مېتىر كېلىدۇ. دۇنيا تارىخىدا ئەڭ زور قۇرۇلۇشلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

(«نىسخەي» 158 ـ بەت)

[13] ئائورسى، ئالان، ئەنسەي (奄蔡) — سوغدلارنىڭ قەدىمكى ئىسمى دېگۈچىلەرمۇ بار. ئۆز دەۋرىدىلا بۇلار شىمالىي كاپكاز، دون دەرياسىنىڭ شىمالىي ئېقىمىدا ياشىغان. تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى قەبىلىلەر ئىدى.

(«غەربىي ئەل يەرنامىلىرى» 5 ـ بەت)

[14] بېيخەي (北海) — مەنبەلەردە بېيخەي تۈرلۈكچە ئىزاھلانماقتا: چۇنچيۇ، يېغىلىق دەۋرلىرىدە بوخەي دېگىنى، «پەرغانە تەزكىرىسى» دە كاسپىي دېگىنى، «خەننامە» «سۈۋۇ تەز كىرىسى» دە بايقال كۆلى،

بەزى كىتابلاردا بالقاش كۆلى بېيخەي دەپ كۆرسىتىلگەن.

(«سىخەي» 759 ـ بەت)

[15] ئامۇدەريا، ۋېيشۈي (妫水阿姆河) ـــ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر دەريا. پامىر تېغىدىن ھاسىل بولۇپ، ئارال كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. بۇ دەريانى ئەرەبلەر جەيھۇن، ياۋروپالىقلار ئوكسۇس (Oxus) دەپ ئاتىشاتتى. ئوكسۇس قەدىمكى خەنزۇچىدا (妫水،乌浒) دېيىلەتتى.

(بىر تومىلۇق «سىيۋەن» 1565 ـ بەت)

[16] ئارشاك (پاتىيا، پارتفىيە) (安息) ـــ غەربىي ئاسىيانىڭ قەدىمكى دۆلىتى. ئەسلىدە ئىراننىڭ بىر مەمۇرى ئۆلكىسى. ئىسكەندەر ئىمپېرىيىسىگە قارىغان، م. ب. ئىككىنچى ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا پۈتۈن ئىران ئىگىزلىكى، ماۋەرائۇننەھر ۋادىسى ئارشاكقا قارىغانىدى.

(«سىخەي» 2291 ـ بەت)

[17] دۇڭخۇاڭ (دۇخان)، داكشاتا، دەشت (敦煌) ـــ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي قىسمى، داڭخې دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا چېگرىداش. شەھەردىن شەرقىي جەنۇبىدا 25 كىلو مېتىر يەردە مىڭ ئۆي بولۇپ، IV ئەسىردىن XIV ـ ئەسىرگىچە بولغان مىنياتۇرلار، ئويما نەقىشلەر قاتارلىق سەنئەت بۇيۇملىرى بار.

(«سىخەي» 3371 ـ بەت)

[18] تاجىك، تەزىك (条支) ـــ «تاجىك» سۆزى ئەسلىدە ئەرەب «تاي» قەبىلىسى ئىسمىدىن ئېلىنغان ۋە «ئەرەبلەر» مەنىسىدە قوللىنىلغان بىر ئىسىم. تۈركى تىلدا سۆزلەشكۈچى قەبىلىلەر ئەرەبلەرنى ۋە مۇسۇلمانلارنى «تاجىك، تەزىك» دېگەنىدەك، خەنزۇلار «داشى» (大食) ياكى «تياۋجىژ» (条支) دەپ ئاتىغانىدى. ھەر ئىككى سۆز «تاجىك» سۆزىنىڭ خەنزۇچە ترانسكرىپسىيىسى. كېيىنچە، ئەرەبلەر ۋە ئۇلار بىلەن غەربتىن كەلگەن ئىرانلىق قەۋملەرنىڭ ھەممىسى پارسچە سۆزلەشكەنلىكى ئۈچۈن «تاجىك» ئىسمى «فارسي» مەنىسىدە قوللىنىلىدىغان بولدى. بۇ ئاتالما ھەققىدە جۇڭگو ۋە چەتئەل ئالىملىرىنىڭ قاراشلىرى ھەرخىلدۇر.

(«سىخەي» 1912 ـ 1913 ـ بەتلەر)

[19] رىم، رۇم، ئۇرۇم (犁轩) ـــ قەدىمكى دۆلەت، رىم ئىمپېرىيىسى. بەزىلەر نىل دەرياسىنىڭ قۇيۇلۇشىدىكى ئىسكەندەرىيىنى رىم (رۇم، ئۇرۇم)

www.uyghurkitap.com

دېسە، ئىسلام ئەللىرى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ چېگرىسى ئىچىدە بولغان ئاناتولى ۋە رۇم ئېلىنى رىم (رۇم، ئۇرۇم) دەيتتى.

(«سىخەي» 3317 ـ بەت؛ «ئوكيانۇس» 2438 ـ بەت)

[20] غەربىي دېڭىز (西海) ـــ بۇيەردىكى غەربىي دېڭىز بەسرە قولتۇقىغا قارىتىلغان.

[21] روشۈي (弱水) ـــ رىۋايەتلەرگە قارىغانــدا، قارا قۇرۇم تاغــلىرىدىكى بىر دەريانىڭ ئىسمى ئىمىش.

(«سىخەي) 2498 ـ بەت)

[22] غەربىي خان ئانا (西王母) ـــ ئەپسانىۋى مەسەلــلەردىكى شەخس. «تىــللا ئانا»، «خان ئانا»، «غەربــىي موما» هەم دېيىلىدۇ. «تاغ ـ دەريالار قامۇسى» دا قاپلان قۇيرۇقلۇق، يولۋاس چىشلىق، ھۇشقۇيتــىدىغان ئاجايىپ بىرمەخلۇق قىلىپ كۆرســتىلــگەن. «مۇتــيەنــزى تەزكىرىــسى» دە، ھەلــىم، غەزەلخان بىر ئايال قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. «خەن خاقانلىقى ئىچ تەزكىرىسى» دە، تەخمىنەن 30 ياشلار ئەتراپىدىكى گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق بىر مەلەك كۆرسىتىپ، 3000 يىلدا بىر قېتىم پىشىدىغان يېپسى (خاسىيەتلــىك) شاپتۇلنى خەن خاقانى ۋۇدىغا ھەدىيە قىلغانلىقى يېزىلغان. «ئىلاھلار غەيرى خاتىرىسى» دە: ئۇنىڭغا بىر ھەمراھ ـــ شەرقىي خان بەگ ئوبرازى يارىتىلىپ، يىلدا بىرلا قېتىم كۆرۈشىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. كېيىنكى زامانلاردا رومان ۋە تىياتىرلاردا «ھىكمەتلىك كۆلدىكى تىللا ئانا» (بۇكۆل قارا قۇرۇم تاغلىرىدا ئىمىش) دەپ ئاتالغان.

(«سىخەي» 4197 ـ بەت)

[23] باكــلان، بەلخ (兰市城) ـــ باكــتېرىــيا (باغــتار) نىڭ مەركەز شەھىرى بولۇپ، شىمالىي ئافغانىستاندىكى قۇندۇز دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىغا جايــلاشــقان. «غەرب ساياھەتنامــسى» دا (缚加浪)، «يېــڭى تاڭ نامە» دە (钵罗州) دەپ يېزىلغان.

(«غەربىي ئەل نامىلىرى» 9 ـ بەت)

[24] ھىند، ئەنەتــكەك (身毒) ـــ «تارىــخىي خاتىرىــلەر» ۋە «جۇڭــگو تارىخىدىن تاللانمىلار» دا «جۈەندۇ» خەنزۇچە «ئوكــيانۇس» تا «يۈەنــدۇ»، «قەدىمكى ئۇيغۇر سۆزلۈكى» دە «ئەنەتــكەك» دەپ يېزىلــغان. ئاســيانىڭ قەدىمكى دۆلەتلىرىدىن بىرى. ئۇرنى جەنۇبىي ئاسىيادا بولۇپ، جۇڭگو، بىرما،

بېنگال، بوتان، سىككىم، پاكىستان، نېپال قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرىـ
داش.

(«سىخەي» 928 ـ بەت)

[25] چيەنۋېي (犍为) ـــ شەرقىي خەن دەۋرىدە سىچۈەندىكى بىرۋىلا-يەتنىڭ ئىسمى. ھازىر بۇ ناھىيە بولۇپ، سىچۈەننىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى مىنجياڭ ۋە مابيەن دەريالىرى بۇناھىيە تېرىتورىيىسى ئىچىدە قوشۇلىدۇ.

(«سىخەي» 3317 ـ بەت)

[26] ماڭ (駹) ـــ بۇجاي رۇڭجوۋنىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.

(«سىخەي» 4320 ـ بەت)

[27] رەن (冉) ـــ بۇ جايمۇ رۇڭجوۋنىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.

(«سىخەي» 446 ـ 447 ـ بەت)

[28] شى (徙) ـــ سىچۈەندىكى قەدىمقى بىر ناھىيە (قەبىلە). يەن شىگۇ سى دەپ ئىزاھلىغان.

(«سىخەي» 3167 ـ بەت)

[29] زو (莋) ـــ قەدىمقى ناھىيە ھەم قەبىلە. سىچۈەن خەنيۈەننىڭ شەرقىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.

(«سىخەي» 1345 ـ بەت)

[30] شى (巂) ـــ ناھىيە. م. ب. 109 ـ يىلى قۇرۇلغان. بۈگۈنكى يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ يۈنلۇڭ دېگەن يېرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.

(«سىخەي» 1820 ـ بەت)

[31] ديەنيۆ دۆلىتى (滇越国) ـــ غەربىي جەنۇبتىكى قەدىمكى ئەللەرنىڭ بىرى. ھازىرقى يۈننەننىڭ شەرقىدىكى ديەنچى كۆلى ئەتراپىدا.

(«سىخەي» 2246 ـ بەت)

[32] چېرىكچى-بەگ (校尉) ـــ خەن دەۋرىدە سەنگۇندىن كىچىكرەك بىر ھەربىي ئەمەل.

(«سىخەي» 2979 ـ بەت)

[33] چوڭ سەنگۇن (大将军) ـــ خەن خاقانلىقى دەۋرىدە چوڭ سەنگۇن، سەنگۇنلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۇنۋانى بولۇپ، قوشۇننى ۋە جەڭ ئىشلىرىنى باشقۇراتتى.

(«سىخەي» 2979 ـ بەت)

[34] چەۋەنداز سەنگۈن (骑将军) — ئاتلىق قوشۇنلار سەنگۈنى. (بىرتوملۇق «سىيۇەن» (骑将军) ماددىسىغا قاراڭ. 1660 ـ بەت)

[35] جىنچېڭ (金城) — قەدىمكى ناھىيە. غەربىي خەن خانلىقى تەسىس قىلغان. ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى لەنجوۋ شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.

(«سىخەي» 3872 ـ بەت)

[36] خېشى (دەريا غەربى) (河西) — قەدىمكى رايون. يىغلىق دەۋردە خۇاڭخېنىڭ ھازىرقى سەنشى، شەنشى ئىككى ئۆلكە ئارىلىقىدىكى ئېقىمىنىڭ جەنۇب قىسمىنىڭ غەربى. خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋردە، ھازىرقى گەنسۇ، چىڭخەي ئىككى ئۆلكە دا ئىرىسىدىكى خۇاڭخې ئېقىمىنىڭ غەربى يەنى دەريا غەربى كارىدورى بىلەن خۇاڭشۇي ۋادىسى: شىمالىي سۇلالە دەۋردە ئومۇمەن ھازىرقى سەنشى لۈلياڭشەن غەربىدىكى خۇاڭخېنىڭ شەرق ـ غەرب ئىككى قىرغىقى.

(«سىخەي» 2084 ـ بەت)

[37] كۈنبەك، كۈنبېي (昆莫) — قەدىمكى ئۇيسۇن خانىنىڭ نامى.

(«سىخەي» 3171 ـ بەت)

[38] خانىكىچە، ۋۇنچۇي (翁主) — پادىشا، خاقان، سۇلتانلار ئۇرۇق جەمەتىنىڭ قىزى. پادىشا، خاقان، سۇلتانلارنىڭ ئاچا ـ سىڭىللىرى چوڭ خانىكە، ھامىلىرى باش چوڭ خانىكە دېيىلىدۇ.*

[39] دارۇ (大禄) — ئۇيسۇن خانى كۈنبەكنىڭ ئون نەچچە ئوغلىنىڭ بىرى.*

[40] سەنچۇر (岑娶) — ئۇيسۇن خانى كۈنبەكنىڭ نەۋرىسى.*

[41] تۇلپار (神马، 天马) — خەن خاقانلىقى دەۋردە پەرغانە تەرەپلەردە ياخشى ئاتلار چىقاتتى. بۇ ئاتلار تۇلپار ئات دەپ ئاتىلاتتى.*

[42] لىڭجۇ (令居) — قەدىمكى ناھىيىلەردىن بىرى. غەربىي خەن دەۋردە تەسىس قىلىنغان. ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى يۇڭدىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.

(«سىخەي» 715 ـ بەت)

[43] غەربىي جەنۇبدىكى يىلار (西南夷) — خەن دەۋردە بۈگۈنكى گەنسۇنىڭ غەربى، سىچۇەننىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسىملىرى ھەم

يۈننەن، گۈيجوۋ ئەتراپلىرىدىكى ئازسانلىق مىللەتلەر مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان.

(«سىخەي» 4199 ـ بەت)

〔44〕 يىجوۋ (益州) — 1) ئايماق. خەن خاقانلىقى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، سىچۈەننىڭ كۆپرەك يېرىنى، گەنسۇ، شەنشى، خۇبېي گۈيجوۋ، يۈننەن ئۆلكىلىرىنىڭ قىسمەن يەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. 2) ۋىلايەت. غەربىي خەن دەۋرىدە يەنى مىلادىدىن بۇرۇن 109 ـ يىلدا يۈننەن دائىرىسىدىكى ديەنچىدە تەسىس قىلىنغان. ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە جيەننىڭجۈنگە ئۆزگەرتىلدى. يىجوۋ ھازىرقى چېڭدۇغا كۆچۈرۈلگەنىدى.

(«سىخەي» 675 ـ بەت)

〔45〕 يۆشى (越巂) — ۋىلايەت. غەربىي خەن (م. ب. 111 ـ يىلى) دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. باش شەھىرى چيۇگدۇ (بۈگۈنكى سىچۈەن شىچاڭنىڭ شەرقىي جەنۇبى). ھازىرقى يۈننەن لىبيجياڭ بىلەن سۈيجياڭ ئىككى ناھىيە ئارىلىقىدىكى جىنشاجياڭ دەرياسىنىڭ شەرقى. غەربىدىكى شياگيۈن، داياۋنىڭ شىمالى ھەم سىچۈەننىڭ دۈلى، شىميەن، گەنلۇ، لېيبو جەنۇبىدىكى يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

(«سىخەي» 4459 ـ بەت)

〔46〕 چېنلى (沈黎) — ئايماق. م. ب. 111 ـ يىلى غەربىي خەن دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. بۈگۈنكى سىچۈەن ئۆلكىسىدىكى خەنيۈەننىڭ شەرقىي ـ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.

(«سىخەي» 2068 ـ بەت)

〔47〕 زاڭكې (牂柯) — غەربىي خەن دەۋرىدە ھازىرقى گۈيجوۋ ئۆلكىسىدە بىر ناھىيىنىڭ ئىسمى. زاڭكېجياڭ دەرياسى نامىدىن ئېلىنىپ، كېيىنچە ئايماق تەسىس قىلىنغان.

(«سىخەي» 2024 ـ بەت)

〔48〕 ئەگەشبەگ، ئەگەشكۈچى بەگ (从票侯) — يۈرۈشلەرگە بىرگە بارغۇچى تۆرە.*

〔49〕 جاۋپونۇ (赵破奴) — جيۇيۈەنلىك. خاقان ۋۇدى دەۋرىدىكى سەركەردىلەردىن بىرى. روران خانىنى ئەسىر ئېلىپ، جويې تۆرىلىكىگە تەيىنلەنگەن. 20000 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن ھۇنلارغا قارشى يۈرۈشكە چىققان.

www.uyghurkitap.com

بىر جەڭدە ھۇنلارغا ئەسىر چۈشۈپ قالىدۇ. ھۇن ئېلىدە ئون يىلدىن ئار تۇقراق تۇرۇپ، ئەنگۈر تېكىننى ئېلىپ، خەن خاقانلىقىغا قېچىپ كېلىدۇ. پېرىخۇنلۇق بىلەن ئەيىبلىنىپ، پۈتكۈل جەمەتى بىلەن ئۆلتۈرۈلىدۇ.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى چوڭ قامۇسى» 1408 ـ بەت)

[50] قاشقۇۋۇق (玉门关) ـــ گەنسۇ ئۆلكىسى خېشى كارىدورىنىڭ غەربىي قىسمىدا بولۇپ، خەن خاقانلىقى دەۋرىدە ناھىيە تەسىس قىلىنغان. ئىچكىي ئۆلكىلەرگە توشۇلىدىغان خوتەن قاشتاشلىرى مۇشۇ يەر ئارقىلىق توشۇلغاچقا، «قاشقۇۋۇق» نامى بېرىلگەن.

(«سىخەي» 3698 ـ بەت)

[51] خانىش، ئۇلۇغ قاتۇن (皇后) ـــ پادىشاھ، خاقان، سۇلتانلارنىڭ رەسمىي خوتۇنى، قاتۇن.*

[54] خارەزم (欢潜) ـــ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەت. ئامۇ دەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىغا جايلاشقان بولۇپ، مەركەز شەھىرى ئۈرگەنچ ئىدى. مىلادى VI ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئەرەبلەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلدى. 11 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە سەلچۇق تۈركلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ياشىدى. تېررىتورىيىسى ئافغانىستان ۋە ئىران زېمىنىغىچە كېڭەيدى. 1208 ـ ۋە 1220 ـ يىللىرى چىڭگىزخان ئىستىلاسىغا ئۇچرىغانىدى. 1388 ـ يىلى تۆمۈرلەڭ بېسىۋالدى. 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆزبېك خانلىرىغا قارىدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پايتەختىنى خىۋىگە كۆچۈردى. 1873 ـ يىلى چار روسسىيە ئۆزىگە قوشۇۋالدى.

(«سىخەي» 1276 ـ 1277 ـ بەت)

[53] كىش (史国) ـــ «مىڭ خانىدانلىقى تارىخى» دا «كېش» (碣石) دەپمۇ يېزىلغان. كاسانمۇ دېيىلىدۇ. ھازىر سەمەر قەندىنىڭ جەنۇبىدىكى شەھرىسەبزدىن ئىبارەت.

(«سىخەي» 1658 ـ بەت، «غەربىي ئەل يەرناملىرى» 48 ـ بەت)

[54] ئېرشى (سۇترىشانا) (贰师城) ـــ 1) پەرغانەنىڭ قەدىمكى شەھەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، «خەنسنامە. غەربىي ئەل تەزكىرىسى» دىكى «يەر ناملىرىنى تەكشۈرۈش» ناملىق ئەسەردە، سۇترىشانانىڭ ئورنى ھازىرقى ئۆرە ـ تۆپە ۋە جىززاقتا دېيىلگەن، («خەنسنامە. غەربىي ئەل تەزكىرىسى» دىكى «يەر ناملىرىنى تەكشۈرۈش» 299 ـ بەت)؛ 2) سۇترىشانا ـــ پەرغانەنىڭ

قەدىمكى شەھەرلىرىدىن بولۇپ، ھازىرقى قىرغىزىستاننىڭ جەنۇبىدىكى مەرخەمەت دېگەن يەردە خارابىسى بار.

(«سىخەي» 1648 ـ بەت)

〔55〕 زەر ئات (金马) ــ ئوردا ھەم ھەرەم دەرۋازىلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنىڭ ئىككى يېنىغا قويۇلغان مىستىن قۇيۇلغان ئات ھەيكەللىرى «زەر ئات» دېيىلەتتى.

(«سىخەي» 3870 ـ بەت)

〔56〕 چېلىڭ (车令) ــ پەرغانەگە ئات ئالغىلى بارغان خەن خاقانلىقى باتۇرلىرىدىن بىرى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 6 ـ توم 3174 ـ بەت)

〔57〕 ئۆزكەنت (郁成) ــ جۇۋەينىنىڭ «تارىخىي جاھانكۇشا» سىدا: «ئىككى ئۆزكەنت بار. بىرى سىردەريانىڭ بويىدا بولۇپ، كۆرستىلگەن ئورنى ئېنىق ئەمەس. بۈگۈنكى قاراتاۋدا بولۇشى ئېھتىمال؛ يەنە بىرى پەرغانە يەنى قىرغىزىستاندىكى ئۆزكەنتتىن ئىبارەت» دېيىلگەن.

(«غەربىي ئەل يەر ناملىرى» 73 ـ بەت)

〔58〕 لى گۇاڭلى (李广利)، م. ب. ? ــ 88 ـ يىللار) ــ غەربىي خەن دەۋرىدە ياشىغان. جۇڭشەن (ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى دىڭشيەن ناھىيىسى) دىن. خەن خاقانى ۋۇدى زامانىدا ئېرشى سەنگۇن بولۇپ، قوشۇن بىلەن پامىردىن ئېشىپ، پەرغانەنى يېڭىپ، 3000 تۇياق ئات ئالغان. كېيىن ھۇنلارغا قارشى يۈرۈشتە يېڭىلىپ تەسلىم بولۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ھۇن بەگلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنىدى.

(«سىخەي» 2894 ـ بەت)

〔59〕 ئېرشى (سۇترىشانا) سەنگۇن (贰师将军) ــ سۇترىشانا يۈرۈشىگە سەنگۇن لى گۇاڭلى تەيىنلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئېرشى سەنگۇن دەپ ئاتالغان (لى گۇاڭلى ماددىسىغا قارالسۇن).

(«سىخەي» 1648 ـ بەت)

〔60〕 ھەربى ھەكەم، ھەربى يارغۇچى (军正) ــ قوشۇننىڭ ھەربى ئىشلار سوتچىسى.

(بىرتوملۇق «سىيۋەن» 1438 ـ بەت)

〔61〕 گۇەندۇڭ (قوۋۇق شەرقى) (关东) ــ قوۋۇق (ئۆتكەل) شەرقى

مەنسىدە بولۇپ، چىن، خەن، تاڭ دەۋرىدە پايتەختلىرىنى بۇگۇنكى شەنشى ئۆلكىسىدە قۇرغان سۇلالىلەر خەنگوگۇەن (函谷关) بىلەن تۇڭگۇەن (潼关)نىڭ سىرتىدىكى رايونلارنى گۇەندۇڭ دېيىشەتتى.

(«سىخەي» 649-بەت)

[62] بۇگۇر (仑头) — ھازىر لۇنتەي (轮台) دەپ يېزىلىدۇ. غەربىي ئەلنىڭ قەدىمكى خانلىقلىرىدىن بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون بۇگۇر ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بۇگۇر ئېلىدە ئىدى.

(«سىخەي» 711-بەت)

[63] جاڭيې (张掖) — م. ب. 111-يىلى تەسىس قىلىنغان ۋىلايەت. ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى جاڭيې ۋىلايىتىنىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.

(«سىخەي» 2483-بەت)

[64] جۈيەن (居延) — قەدىمكى ناھىيە. خەن خاقانلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ھۇنلارنىڭ يېرى بولۇپ، جۈيەن سازلىقىنىڭ ئەتراپلىرى ئۆزدەۋرىدە خېشى رايونى بىلەن قۇملۇق ئارىسىدىكى مۇھىم قاتناش يولى ئىدى.

(«سىخەي» 2455-بەت)

[65] شۇتۇق سازلىقى (休屠泽) — ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى ۋۇۋېي ۋىلايىتى مىنچىڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى بىر سازلىقنىڭ ئىسمى، غەربىي خەن دەۋرىدە بۇيەر ھۇن قانى (خانى)-شۇتۇقنىڭ ئىدارىسىدىكى يەر بولغاچقا، ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغانىدى.

(«سىخەي» 494-بەت)

[66] مۇراسىم بەگ (鸿胪) — دىنىي مۇراسىم ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار.

(«بىرتوملۇق «سىيۇەن» 1693-بەت)

[67] تەمىنات تۇتۇق بېگى (搜粟都尉) — خەن خاقانى ۋۇدى دەۋرىدە تەسىس قىلىنىپ، ھەربىي تەمىنات ۋە دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇراتتى.

(بىرتوملۇق «سىيۇەن» 643-بەت)

[68] دانىش بەگ (光禄大夫) — مەشۇرەت-كېڭەش ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار.

(بىرتوملۇق «سىيۇەن» 150-بەت)

[69] خەزىنە بەگ (少府) — يېغىلىق دەۋرىدە تەسىس قىلىنىپ، چىن، خەن دەۋرىدە داۋام ئەتتۈرۈلگەن توققۇز ۋەزىرلىكنىڭ بىرى. تاغ-دېڭىز مەھسۇلاتلىرىنىڭ كىرىمىگە، خاقان جەمەتىگە قاراشلىق قول سانائەتلىرىگە مەسئۇل ئىدى. شەرقىي خەن دەۋرىدە ئوردىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى، جاۋاھىرات قاتارلىق نەرسىلەرگىمۇ مەسئۇل قىلىندى.

(بىر توملۇق «سىيۋەن» 474-بەت)

[70] توققۇز ۋەزىرلىك (九卿) — چىن ۋە خەن خاقانلىقى دەۋرىدە مۇراسىم بەگ (太常)، كەپتاۋۇل (郎中)، ياساۋۇل بەگ (卫尉)، مىراخۇر (太仆)، خان جەمەت ئىشلىرى بېگى (宗正)، خەزىنە بۇيرۇقى (少府)، ئەدلىيە بۇيرۇقى (延尉)، مىللىي ئىشلار بۇيرۇقى (典客)، مالىيە-ئىقتىسات بۇيرۇقى (大司农)ھەم (治粟内史)لاردىن ئىبارەت توققۇز ۋەزارەت مەركەزلىك مەمۇرىي ئىدارىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى ئىدى.

(«بىر توملۇق «سىيۋەن» 57-بەت)

[71] سۇيۇرغال (封地) — قەدىمكى زامانلاردا ھەم كېيىنكى زامانلار غىچىلىك سىپاھلارغا ئۇرۇشلارغا كەتكەن قوماندان-تۆرىلەرگە ۋە خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە ئۆشرىنى ئېلىش ئۈچۈن ئايرىلغان يەر.

(«سىخەي» 4231-بەت)

[72] مەساي (昧蔡) — پەرغانە خانى ئۆگە ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن پەرغانىگە خان بولغان خەنپەرەست بەگلەردىن بىرى. ئەسلىدە پەرغانە سەنگۇنلىرىدىن ئىدى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 6-توم 3177-بەت)

[73] چانپان (蝉封) — پەرغانىنىڭ خەنپەرەست خانى مەساي ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا خان بولغان. ئۆگەنىڭ نەۋرە ئىنىسى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 6-توم 3179-بەت)

[74] شەرۋەت بۇلىقى (醴泉) — «شىيايۇ تەزكىرىسى» ناملىق كىتابتا: «قارا قۇرۇم تاغلىرىدا خۇشپۇراقلىق شەرۋەت بۇلىقى بار» دەپ يېزىلغان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 6-توم 3179-بەت)

[75] قاشتاشكۆل (瑶池) — «شىيايۇ تەزكىرىسى» ناملىق كىتابتا: «قارا قۇرۇم تاغلىرىدا قاشتېشى چىقىدىغان كۆل بار» دەپ يېزىلغان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 6-توم 3179-بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## تارىخىي خاتىرىلەر 125 ـ جىلد

# خۇشامەتگۇيلار تەزكىرىسى

شۇكۈنلەردە خەن ۋۇدىنىڭ ھۇزۇرىدا خاقانغا يېقىن ئەمەلدار-لاردىن، ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەردىن خەن (韩) بېگى خەن شىنىنىڭ چەۋرىسى خەن يەن، ئاغۋات لى يەننىيەنلەر بولۇپ، خەن يەن بولسا، گۇڭگاۋ تۆرىسى خەن تۇيداڭنىڭ كىچىك ئاغىچىسى تەرەپتىن بولغان ئەۋرىسى ئىدى. خەن ۋۇدى جياۋدۇڭ[1] بېگى ۋاقتىدا، خەن يەن ۋۇدى بىلەن بىللە ئوقۇپ، ئۆز ئارا بىر بىرىگە ئامراق بولۇپ قېلىشقانىدى. خەن ۋۇدى ۋەلىئەھد بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن، خەن يەنگە تېخىمۇ ئامراق بولۇپ كەتكەن. خەن يەن ئات مىنىشكە، ئوقيا ئېتىشقا ئۇستا ھەم شېرىن سۆزلەر بىلەن كىشىگە خۇشامەت قىلىشقىمۇ ئادەتلەنگەنىدى. ۋۇدى تەختكە چىققاندىن كېيىن، ھۇنلار ئۇستىگە يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىق كۆرىدۇ. خەن يەن بۇرۇندىنلا ھۇنلارنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلگەنلىكى ئۈچۈن، خەن ۋۇدىنىڭ تېخىمۇ ئېتىۋارىغا سازاۋەر بولۇپ، چوڭ تۆرە دەرىجىسىگە قەدەر كۆتىرىلىدۇ. ئۇخۇددى خاقان ۋېيدىنىڭ ئامراق ۋەزىرى دېڭ تۇڭغا[2] ئوخشاش ئىنئام-لارغا ئىگە بولىدۇ.

(ئەسلى كىتاب 3194 ـ بەت)

〔1〕 جياۋدۇڭ (胶东) — بەگلىك ئىسمى. خەن خاقانلىقىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا تەسىس قىلىنغان. ئورنى ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى پىڭدۇ، لەيياڭ، لەيشى قاتارلىق ناھىيىلەردە.

(«سىخەي» 3463 ـ بەت)

〔2〕 دېڭ تۇڭ (邓通) — كىشى ئىسمى. شۇ ۋىلايىتىدىن بولۇپ، خاقان ۋېندى ۋاقتىدا كېمىلەر بېگى بولغان. كېيىن ۋېندىنىڭ ئىشەنچىلىك سازاۋەر بولۇپ، ئالىي تۆرە دەرىجىسىگە قەدەر كۆتۈرۈلگەنىدى.

(«سىخەي» 110 ـ بەت)

www.uyghurkitap.com

## تارىخىي خاتىرىلەر 128-جىلد

# پالچىلار تەزكىرىسى

**بەدەۋى قەۋملەر** (蛮)، يىلار (夷) ۋە دى (氐)، چياڭ (羌) قەۋملىرىنىڭ خان ۋە ۋەزىرلىرىدە قائىدە-يوسۇن بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلاردىمۇ گۇمانلىق ۋە مۇشكۈل مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان پال سېلىش ئۇسۇلى بار ئىدى. بەزىلەر پال سېلىشقا مەدەن، تاش ئىشلەتسە، بەزىلەر ياغاچ ئىشلىتەتتى. ھەرقايسى ئەلنىڭ ئۆرپ-ئادىتى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئومۇمەن پال ئارقىلىق ئۇرۇش ئېلىپ باراتتى. ھەربىي ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشىنى تەتقىق قىلىپ ۋە شۇ ئارقىلىق غەلىبىگە ئىنتىلەتتى. ھەر قايسىسى ئۆز ئىلاھىغا ئېتىقاد قىلىپ، پالغا قاراپ كەلگۈسىنى مۆلچەرلەيتتى...

*　　*　　*

خاقان ۋۇدى تەختكە چىققاندىن كېيىن، ھۈنەرۋەنلەرگە كەڭ يول ئېچىپ بېرىلدى. خىلمۇ-خىل ئالىملارنى ئومۇميۈزلۈك تەكلىپ قىلدى. بىرەر خىل ھۈنەر بىلىدىغانلا كىشى دۆلەتكە خىزمەت كۆرسىتىش پۇرسىتىگە ئېرىشەتتى. ئۇنىڭ ھۈنىرى ئاممىدىن زىيادە بولسىلا، قەدىرلىنىپ، چەتكە قېقىلمايتتى. بىرنەچچە يىل ئىچىدە قۇرئەندازلار پايتەختكە كۆپلەپ توپلاندى. ۋۇدى ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلماقچى، غەربىدە پەرغانە ئۈستىگە يۈرۈش قىلماقچى، جەنۇبدا بەييۈلەرنى يىغىشتۇرماقچى بولغاندا، پال ئارقىلىق كۆرۈلگەن بېشارەت بويىچە، غەلىبىنى قانداق قولغا كەلتۈرۈشنى ئالدىن مۇھاكىمە قىلىشقا مۇمكىنچىلىك بولغانىدى.

## تارىخىي خاتىرىلەر 129 - جىلد

# سودا - تىجارەت تەزكىرىسى

ۋۇجىز (乌氏) لىق لو (倮) دېگەن كىشى چارۋا - مال باقاتتى. چارۋا - ماللىرى كۆپەيگەندە، ئۇنى سېتىپ، رەڭدار، كۆركەم يىپەك ماللارنى ئالاتتى ۋە ئۇنى رۇڭ خانىغا ھەدىيە قىلاتتى. رۇڭ خانى ئۇنى ئەسلى باھاسىدىن ئون باراۋەر ئۈستۈن باھادا ئېلىپ، چارۋا مال بېرەتتى. كېيىن ئۇنىڭ چارۋا ماللىرى شۇنچىلىك كۆپىيىپ كەتكەن ئىدىكى، ئات - كالىنىڭ سانىنى جىلغا بويىچە ھېسابلايتتى. چىن شىخۇاڭ بۇ، لو دېگەن كىشىنى سۇيۇرغال ئالغان ئاقسۆڭەكلەر بىلەن بىر قاتاردا قويۇش ۋە ۋاقتى - ۋاقتىدا ۋەزىر بىلەن بىللە ئوردىغا كىرگۈزۈپ تۇرۇشنى بۇيرۇغانىدى...

(ئەسلى كىتاب 3261 - بەت)

تيەنشۈي، لوڭشى، بېيدى، شاڭجۈن ۋىلايەتلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى گۇەنجۇڭغا ئوخشاش ئىدى. ئەمما غەربدە چياڭلارنىڭ قوي - كالىلىرى، شىمالدا بولسا، رۇڭ، دىلارنىڭ چارۋا ماللىرى بار ئىدى. شۇڭا، بۇ رايونلارنىڭ چارۋىچىلىقى پۈتۈن ئەل بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇراتتى. لېكىن يەر شارائىتى چەت - ياقا، خېيىم - خەتەرلىك بولۇپ، پەقەت پايتەختكە كېلىدىغان يولىلا بار ئىدى. گۇەنجۇڭنىڭ يەر كۆلىمى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ $\frac{1}{3}$ قىسمىنى، ئاھالىسى $\frac{3}{10}$ قىسمىنى تەشكىل قىلسىمۇ، لېكىن گۇەنجۇڭ خەلقىنىڭ بايلىقى

www.uyghurkitap.com

(ئەسلى كىتاب 3262 ـ بەت)

ياڭشيەن[1] ۋە پىڭياڭدىن ئىبارەت بۇ ئىككى ناھىيىنىڭ كىشىلىرى غەربكە بېرىپ، چىن ۋەدىلار بىلەن تىجارەت قىلاتتى. جۇڭ[2]، دەي دېگەن يەرلەر شىيى (石邑) شەھىرىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، ھۇنلار بىلەن چېگرىداش بولغاچقا، دائىم ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراپ تۇراتتى. بۇ يەرنىڭ خەلقى قەيسەر ۋە تەرسا ئىدى. ئۆزلىرىنى ئادەتتىن تاشقىرى مەردانە ھېسابلايتتى. قانۇنغا خىلاپ ئىشلارنى قىلىۋېرەتتى. تىجارەتچىلىك، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشنى خالىمايتتى. ئۇلار شىمالدىكى قەۋملەرگە يېقىن بولغىنى ئۈچۈن، دائىم قوشۇن ماڭدۇرۇپ ئۇرۇش قىلىپ تۇراتتى. خەن خاقانلىقى ئەۋەتكەن تەمىنات دائىم ئېشىپ قالاتتى. بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشىمىغان دەرىجىدە قەيسەرلىككە ئىگە ئىدى. چۇنچيۇ دەۋرىدىكى جىن بەگلىكى (晋国) ئۆزىنىڭ راسا قۇدرەت تاپقان مەزگىللىرىدىمۇ، ئۇلارنىڭ قەيسەرلىكىدىن بېشى قاتقانىدى. يىغىلىق دەۋرىدىكى ۋۇلىڭۋاڭ بولسا، ئۇلارنىڭ مۇنداق خۇسۇسىيىتىگە تېخىمۇ ئىلھام بەرگەن. بۈگۈنكى كۈلدىمۇ ئۇ يەردىكى قوشاق ـ ماقالىلار، ئۆرپ ـ ئادەتلەردە جاۋ بەگلىكى دەۋرىدىن قالغان تەسىرلەر بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، ياڭشيەن ۋە پىڭياڭ ناھىيىلىرىنىڭ سودىگەرلىرى بۇ يەردە تىجارەت قىلىپ پايدا ئېلىپ، ئۆز مەقسەتلىرىگە يېتەتتى...

(ئەسلى كىتاب 3263 ـ بەت)

يەن بولسا، بوخەي بىلەن جېشى ئارىلىقىدىكى بىر شەھەر ئىدى. بۇ يەرنىڭ جەنۇبى چى بەگلىكى، جاۋ بەگلىكى بىلەن تۇتىشاتتى. شەرق شىمالى ھۇنلار بىلەن چېگرىلىناتتى. شاڭگۇدىن لياۋدۇڭغىچىلىك بولغان ئارىلىق يىراق، ئاھالە شالاڭ بولۇپ،

**ھەمىشە ھۆلىلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراپ تۇراتتى. بۇ يەرنىڭ ئۆرپ-** ئادىتى ئاساسەن جاۋ بەگلىكى، دەي بەگلىكى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئەمما كىشىلىرى قەيسەر بولسىمۇ، لېكىن مەسىلىگە كەلگەندە كاللىسىنى ئىشلىتىپ ئويلاپ باقمايتتى. بۇ يەردىن بېلىق، تۇز، چىلان، كەستانە كۆپ چىقاتتى. شىمال تەرەپتە ئۇغان، فۇيۇ[3] ئەللىرى بىلەن چېگرىداش ئىدى. شەرق تەرەپتە خۇيخې، چاۋشيەن ۋە جېنپەن[4] قاتارلىق يەرلەر بىلەن سودا-مۇئامىلىدە باغلىناتتى. (ئەسلى كىتاب 3304-بەت)

---

[1] ياڭشيەن (扬县) — ناھىيە. خەن خاقانلىقى تەسىس قىلغان. ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى خۇڭتۇڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» 6-توم 3263-بەت)

[2] جوۋ (种) — يەر ئىسمى. ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى لىشى ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا. («تارىخىي خاتىرىلەر» 6-توم 3263-بەت)

[3] فۇيۇ (夫余) — خانلىق. ھازىرقى سۇڭخۇاجياڭ دەرياسى ۋادىسىدا. (تۈزىتىلگەن «سيۋەن» 700-بەت)

[4] جېنپەن (真番) — ۋىلايەت. م. ب. 108-يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنفېڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى) چاۋشيەن تىنچىتىلغاندىن كېيىن تەسىس قىلىنغان. ئورنى چاۋشيەندە.

(تۈزىتىلگەن «سيۋەن» 2210-بەت)

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# شيا (夏) خاندانلىقى

شيا خانـدانلىقى سى (姒) فامىلىلىك بولۇپ، مەركىزى ئەنيى (安邑) هازىرقى سەنشى ئۆلكىسى شياشيەن ناهىيىسىنىڭ شىمالى)، ياڭدى (阳翟 هازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ يۈشيەن ناهىيىسى) قاتارلىق جايلار. (بۇ مەلۇمات «تارىخىي خاتىرىلەر»نىڭ «ئۈچ خاندان يىلنامىسى»دىن ئېلىندى).

| 称号 | 姓 名 | سەلتەنەت يىلى<br>مىلاددىن بۇرۇن | بەگلەرنىڭ ئىسمى | بەگلىك ئۇنۋانى | № |
|---|---|---|---|---|---|
| | 启 | تەخمىنەن 2189—2197 | چى | | 1 |
| | 太康 | 2160—2188 〃 | تەيكاڭ | | 2 |
| | 中康 | 2147—2159 〃 | جۇڭكاڭ | | 3 |
| | 相 | 2118—2146 〃 | شياڭ | | 4 |
| | 寒促 | 2080—2118 〃 | خەنجو | | 5 |
| | 少康 | 2058—2079 〃 | شاۋكاڭ | | 6 |
| | 杼 | 2041—2057 〃 | جۇ | | 7 |
| | 槐 | 2015—2014 〃 | خۇەي | | 8 |
| | 芒 | 1997—2014 〃 | ماڭ | | 9 |
| | 泄 | 1981—1996 〃 | شيې | | 10 |
| | 不降 | 1922—1980 〃 | بۇجياڭ | | 11 |
| | 扃 | 1901—1921 〃 | جيۇڭ | | 12 |
| | 廑 | 1880—1900 〃 | جىن | | 13 |
| | 孔甲 | 1849—1879 〃 | كۇڭجيا | | 14 |
| | 皋 | 1838—1848 〃 | گاۋ | | 15 |
| | 发 | 1819—1837 〃 | فا | | 16 |
| | 履癸(桀) | 1766—1818 〃 | لۈگۈي | | 17 |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تارقىسى

## شاڭ (商) خاندانلىقى

شاڭ خاندانلىقى زى (子) فامىلىلىك بولۇپ، مەركىزى بو (亳 هازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىكى شاڭچيۇ ناھىيىسىنىڭ شىمالى) دۇر. (بۇ مەلۇمات «تارىخىي خاتىرىلەر»نىڭ «ئۈچ خاندان يىلنامىسى» دىن ئېلىنغان).

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 大乙（汤） | 履 | 1754—1765 | تەختتە | لۈ | چېڭتاڭ | 1 |
| 外丙 | | 1752—1753 | 〃 | | ۋەيبىڭ | 2 |
| 中壬 | | 1748—1751 | 〃 | | جۇڭرېن | 3 |
| 太甲 | 至 | 1721—1747 | 〃 | جۇ | تەيجيا | 4 |
| 沃丁 | 绚 | 1692—1720 | 〃 | شۈن | ۋودىڭ | 5 |
| 太庚 | 辨 | 1667—1691 | 〃 | بيەن | تەيگېڭ | 6 |
| 小甲 | 高 | 1650—1666 | 〃 | گاۋ | شياۋجيا | 7 |
| 雍己 | 佃 | 1638—1649 | 〃 | ديەن | يۇڭجى | 8 |
| 太戊 | 密 | 1563—1637 | 〃 | مى | تەيۋۇ | 9 |
| 中丁 | 庄 | 1550—1562 | 〃 | جۇاڭ | جۇڭدىڭ | 10 |
| 外壬 | 发 | 1535—1549 | 〃 | فا | ۋەيرېن | 11 |
| 河亶甲 | 整 | 1526—1534 | 〃 | جېڭ | خېدەنجيا | 12 |
| 祖乙 | 滕 | 1507—1525 | 〃 | تېڭ | زۇيى | 13 |
| 祖辛 | 旦 | 1491—1506 | 〃 | دەن | زۇشىن | 14 |
| 沃甲 | 谕 | 1466—1490 | 〃 | يۈ | ۋوجيا | 15 |
| 祖丁 | 新 | 1434—1465 | 〃 | شىن | زۇدىڭ | 16 |
| 南庚 | 更 | 1409—1433 | 〃 | گېڭ | نەنگېڭ | 17 |
| 阳甲 | 和 | 1402—1408 | 〃 | خې | ياڭجيا | 18 |

## شاڭ (يىن) 商(殷) خاندانلىقى

پەنگېڭ (盘庚) مەركەزنى (هازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىكى ئەنياڭ شياۋتۇن كەنتىگە) كۆچۈرگەندىن كېيىن شاڭ خاندانلىقى دەپ ئاتالغان ئىدى.

| 谥 号 | 姓 名 | يىلى مىلاددىن بۇرۇن | خانلارنىڭ ئىسمى | خانلىق ئۇنۋانى | № |
|---|---|---|---|---|---|
| 盘庚 | 旬 | 1374–1401 تەخمىنەن | ديەن | پەنگېڭ | 19 |
| 小辛 | 颂 | 1353–1374 〃 | سۇڭ | شياۋشىن | 20 |
| 小乙 | 敛 | 1325–1352 〃 | ليەن | شياۋيى | 21 |
| 武丁 | 昭 | 1266–1324 〃 | جاۋ | ۋۇدىڭ | 22 |
| 祖庚 | 曜 | 1259–1265 〃 | ياۋ | زۇگېڭ | 23 |
| 祖甲 | 载 | 1226–1258 〃 | زەي | زۇجيا | 24 |
| 廪辛 | 先 | 1220–1225 〃 | شيەن | لىنشىن | 25 |
| 庚丁 | 嚣 | 1199–1219 〃 | شياۋ | گېڭدىڭ | 26 |
| 武乙 | 瞿 | 1195–1198 〃 | چۈ | ۋۇيى | 27 |
| 太丁 | 託 | 1192–1194 〃 | تو | تەيدىڭ | 28 |
| 帝乙 | 羡 | 1155–1191 〃 | شيەن | دىيى | 29 |
| 纣辛 | 受 | 1122–1154 〃 | شوۋ | جوۋشىن | 30 |

## جوۋ (周) خاندانلىقى

جوۋ خاندانلىقىنىڭ فامىلىسى جى (姬) مەركىزى خاۋ (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى شىئەن شەھىرىنىڭ غەربىدە بولۇپ، غەربىي جوۋ (西周) خانلىقى دەپ ئاتىلاتتى).

| № | خانلىق ئۇنۋانى | خانلارنىڭ ئىسمى | يىلى مىلاددىن بۇرۇن | 姓　名 | 谥　号 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ۋۇۋاڭ | فا | تەخمىنەن 1116—1122 | 发 | 武王 |
| 2 | چىڭۋاڭ | سۇڭ | 1079—1115 ″ | 诵 | 成王 |
| 3 | كاڭۋاڭ | جاۋ | 1053—1079 ″ | 钊 | 康王 |
| 4 | جاۋۋاڭ | شيا | 1002—1052 ″ | 瑕 | 昭王 |
| 5 | مۇۋاڭ | مەن | 947—1001 ″ | 满 | 穆王 |
| 6 | گۇڭۋاڭ | يىخۇ | 935—946 ″ | 繄扈 | 共王 |
| 7 | يىۋاڭ | شى | 910—934 ″ | 囏 | 懿王 |
| 8 | شياۋۋاڭ | بىفاڭ | 895—909 ″ | 辟方 | 孝王 |
| 9 | يىۋاڭ | شيې | 887—894 ″ | 燮 | 夷王 |
| 10 | لىۋاڭ | خۇ | 842—878 ″ | 胡 | 厉王 |
| | جۇمھۇرىيەت① | | 828—②841 ″ | | 共和 |
| 11 | شۈەنۋاڭ | جىڭ | 782—827 ″ | 静 | 宣王 |
| 12 | يوۋۋاڭ | گۇڭشىڭ | 771—781 ″ | 宫湼 | 幽王 |

① جۇمھۇرىيەت — جوۋ خانلىقىنىڭ خانى لىۋاڭنىڭ ئوغلى جوۋشۈەنۋاڭنىڭ يېشى كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن، چوڭ ۋەزىرلەر خانلىقنى 14 يىل بامەسلىھەت ئىدارە قىلغاچقا جۇمھۇرىيەت نامى قوللىنىلغانىدى.

② مىلاددىن 841 يىل بۇرۇنقى تارىخ يىللىرى مەنبەلەردە تەخمىنى بېرىلىدۇ. مىلاددىن بۇرۇن 841-يىلىدىن باشلاپ تارىخ يىللىرىنى ئېنىق توغرا يېزىش باشلانغان.

جوۇخانى پىڭۋاڭ پايتەختىنى لوياڭغا كۆچۈرگەندىن كېيىن شەرقىي جوۋ (东周) خانلىقى دەپ ئاتالدى.

م. ب. 770 ـ يىلدىن 475 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا جۇڭگو تارىخىدا "چۈنچيۇ (باھار ـ كۈز)" دەۋرى دېيىلىدۇ.

"چۈنچيۇ (春秋)" ئاتالمىسى ئەسلىدە كۇڭزى ئەسەرى لۇبەگلىكى تارىخى "چۈنچيۇ"دىن ئېلىنغان. "چۈنچيۇ" دەۋرى م. ب. 722 ـ يىلدىن باشلىنىپ، م. ب. 481 ـ يىلغىچە داۋام قىلغان. بىراق ھازىر كۆپ تارىخچىلار "چۈنچيۇ" دەۋرىنى م. ب. 770 ـ يىلدىن م. ب. 475 ـ يىلغىچە داۋام قىلغان دېيىشمەكتە.

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 平王 | 宜臼 | 720—770 | تەخمىنەن | يىجيۇ | پىڭۋاڭ | 13 |
| 桓王 | 林 | 697—719 | 〃 | لىن | خۇەنۋاڭ | 14 |
| 庄王 | 佗 | 682—696 | 〃 | تو | جۇاڭۋاڭ | 15 |
| 釐王 | 胡齐 | 677—681 | 〃 | خۇچى | لىۋاڭ | 16 |
| 惠王 | 阆 | 652—676 | 〃 | لاڭ | خۈيۋاڭ | 17 |
| 襄王 | 郑 | 619—651 | 〃 | جېڭ | شياڭۋاڭ | 18 |
| 顷王 | 壬臣 | 613—618 | 〃 | رېنچېن | چىڭۋاڭ | 19 |
| 匡王 | 班 | 607—612 | 〃 | بەن | كۇاڭۋاڭ | 20 |
| 定王 | 瑜 | 586—606 | 〃 | يۈ | دىڭۋاڭ | 21 |
| 简王 | 夷 | 572—585 | 〃 | يى | جيەنۋاڭ | 22 |
| 灵王 | 泄心 | 545—571 | 〃 | شېيشىن | لىڭۋاڭ | 23 |
| 景王 | 贵 | 520—544 | 〃 | گۈي | جىڭۋاڭ | 24 |
| 敬王 | 丐 | 477—781 | 〃 | گەي | جىڭۋاڭ | 25 |

www.uyghurkitap.com

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 元王 | 仁 | 469－476 | تەخمىنەن | رېن | يۇەنۋاڭ | 26 |
| 定王 | 介 | 441－468 | 〃 | جيې | دىڭۋاڭ | 27 |
| 考王 | 嵬 | 426－440 | 〃 | ۋېي | كاۋۋاڭ | 28 |
| 威王 | 午 | 402－425 | 〃 | ۋۇ | ۋېيۋاڭ | 29 |
| 安王 | 骄 | 376－401 | 〃 | جياۋ | ئەنۋاڭ | 30 |
| 烈王 | 喜 | 369－375 | 〃 | شى | ليېۋاڭ | 31 |
| 显王 | 扁 | 321－368 | 〃 | بيەن | شيەنۋاڭ | 32 |
| 慎靓王 | 定 | 315－320 | 〃 | دىڭ | شېنجىڭۋاڭ | 33 |
| 赧王 | 延 | 356－314 | 〃 | يەن | نەنۋاڭ | 34 |

م. ب. 475 ـ يىلدىن م. ب. 221 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا يېغىلىق① (战国) دەۋرى دەپ ئاتىلدۇ.

① «تارىخىي خاتىرىلەر» دىكى «ئالتە بەگلىك يىلنامىسى» م.ب. 476 ـ يىلدىن باشلىنىپ، م.ب. 207 ـ يىلغىچە داۋام قىلغان بولسىمۇ، ئىلىمىزنىڭ كۆپىنچە تارىخچىلىرى يېغىلىق دەۋرىنى م.ب. 475 ـ يىلدىن م.ب. 221 ـ يىلغىچە داۋام قىلغان دېگەن كۆز قاراشلىرىنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەرمۇ باردۇر.

## 12 بەگلەر [جوۋ (周)، چۇنچيۇ (春秋)] خاندانلىرى

بۇ يىلنامە جوۋ (周) خانلىقىنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ، م. ب. 477 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مىلاددىن 841 يىل بۇرۇنقى خاندانلار "تارىخىي خاتىرىلەر"نىڭ مۇناسىۋەتلىك "تەزكىرىلىرى"گە؛ مىلاددىن بۇرۇن 841 ـ يىلدىن كېيىنكى خاندانلار "تارىخىي خاتىرىلەر"نىڭ "12 بەگلەر يىلنامىسى"گە ئاساسلىنىلدى.

### لۇ (鲁) بەگلىكى

جوۋ (周) خانى ۋۇۋاڭنىڭ ئىنىسى گۇڭ دەن (旦) نىڭ ئوغلى بوچىنغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن بەگلىك، فامىلىسى جى (姬)، ئورنى هازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمى. مەركىزى چۇفۇ (曲阜) (هازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى چۇفۇ ناهىيىسى) ئىدى.

| 谥　号 | 姓　名 | يىلى | | بەگلەرنىڭ ئىسمى | بەگلىك ئۇنۋانى | № |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | مىلاددىن بۇرۇن | | | | |
| | 伯禽 | ? ـ 1063 | تەخمىنەن | بوچىن | | 1 |
| 考公 | 酋 | 1059 ـ 1062 | 〃 | چيۇ | كاۋگۇڭ | 2 |
| 炀公 | 熙 | 1053 ـ 1058 | 〃 | شى | ياڭگۇڭ | 3 |
| 幽公 | 宰 | 1039 ـ 1052 | 〃 | زەي | يوۋگۇڭ | 4 |
| 魏公 | 濆 | 989 ـ 1038 | 〃 | فېي | ۋېيگۇڭ | 5 |
| 厉公 | 擢 | 952 ـ 988 | 〃 | جو | لىگۇڭ | 6 |
| 献公 | 具 | 920 ـ 951 | 〃 | جۇ | شيەنگۇڭ | 7 |
| 真公 | 濞 | 826 ـ ①855 | 〃 | بى | جېنگۇڭ | 8 |
| 武公 | 敖 | 816 ـ 825 | 〃 | ئاۋ | ۋۇگۇڭ | 9 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 10 | يىڭگوك | شى | 〃 | 807_ 815 | 戏 | 懿公 |
| | | بويۇ | 〃 | 796_②806 | 伯御 | |
| 11 | شياۋگوك | چېك | 〃 | 769_ 795 | 称 | 孝公 |
| 12 | خۇيگوك | فۇخۋاڭ | 〃 | 723_ 768 | 弗湟 | 惠公 |
| 13 | يىنگوك | شىگۇ | 〃 | 712_ 722 | 息姑 | 隐公 |
| 14 | خۇەنگوك | يۈن | 〃 | 694_ 711 | 允 | 桓公 |
| 15 | جۇاڭگوك | تۇڭ | 〃 | 662_ 693 | 同 | 庄公 |
| 16 | مىنگوك | كەي | 〃 | 660_ 661 | 开 | 滑公 |
| 17 | لىگوك | شېن | 〃 | 627_ 659 | 申 | 厘公 |
| 18 | ۋېنگوك | شىڭ | 〃 | 609_ 626 | 兴 | 文公 |
| 19 | شۇەنگوك | تو | 〃 | 591_ 608 | 倭 | 宣公 |
| 20 | چېڭگوك | خېيخۇڭ | 〃 | 573_ 590 | 黑肱 | 成公 |
| 21 | شياڭگوك | ۋۇ | 〃 | 542_ 572 | 午 | 襄公 |
| 22 | جاۋگوك | چوۋ | 〃 | 510_ 541 | 稠 | 昭公 |
| 23 | دىڭگوك | سۇڭ | 〃 | 495_ 509 | 宋 | 定公 |
| 24 | ئەيگوك | جياڭ | 〃 | 468_ 494 | 将 | 哀公 |

---

① بۇ ھەقتە "تارىخىي خاتىرىلەر"نىڭ "لۇ بېگى جوۋ گۇڭ تەزكىرىسى"دە ئۇخشىماسلىق بار. "تارىخىي خاتىرىلەر"نىڭ 1526 ـ بېتىگە قارالسۇن.

② "تارىخىي خاتىرىلەر"نىڭ "12 بەگلىك يىلنامىسى"دا مىلاددىن بۇرۇن 806 ـ يىلنى لۇ بېگى شياگۇڭنىڭ تۇنجى يىلى قىلىپ كۆرسىتىلگەن.



ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى www.uyghurkitap.com

## چى (齐) بەگلىكى

جياڭ تەيگوڭ لۇشاڭغا بېرىلگەن سۇيۇرغال بەگلىك. فامىلىسى جياڭ (姜). ئورنى هازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شەرق قىسمى. مەركىزى يىڭچيۇ بولۇپ، هازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى زىبو شەھىرى ئىدى.

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 太公 | 吕尚 | 1078_1122 تەخمىنەن | لۇشاڭ① | تەيگوڭ | 1 |
| 丁公 | 伋 | 1052_1077 | 〃 | جى | دىڭگوڭ | 2 |
| 乙公 | 得 | 1006_1051 | 〃 | دې | يىگوڭ | 3 |
| 癸公 | 慈母 | 935_1000 | 〃 | سىمۇ | گۈيگوڭ | 4 |
| 哀公 | 不辰 | 894_ 934 | 〃 | بۇچېن | ئەيگوڭ | 5 |
| 胡公 | 静 | 860_ 893 | 〃 | جىڭ | خۇگوڭ | 6 |
| 献公 | 山 | 851_ 859 | 〃 | شەن | شيەنگوڭ | 7 |
| 武公 | 寿 | 825_ 850 | 〃 | شوۋ | ۋۇگوڭ | 8 |
| 厉公 | 无忌 | 816_ 824 | 〃 | ۋۇجى | لىگوڭ | 9 |
| 文公 | 赤 | 804_ 815 | 〃 | چژ | ۋېنگوڭ | 10 |
| 成公 | 说 | 795_ 803 | 〃 | شو | چېڭگوڭ | 11 |
| 庄公 | 赎 | 731_ 794 | 〃 | شۇ | جۇاڭگوڭ | 12 |
| 厘公 | 禄父 | 698_ 730 | 〃 | لۇفۇ | لىگوڭ | 13 |
| 襄公 | 诸儿 | 686_ 697 | 〃 | جۇئەر | شياڭگوڭ | 14 |
| 桓公 | 小白 | 643_ 685 | 〃 | شياۋبەي | خۇەنگوڭ | 15 |
| 孝公 | 昭 | 633_ 642 | 〃 | جاۋ | شياۋگوڭ | 16 |
| 昭公 | 潘 | 613_ 632 | 〃 | پەن | جاۋگوڭ | 17 |

① لۇ فامىلىلىكە سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، لۇ فامىلە قىلىنغانىدى.

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 懿公 | 商人 | 609— 612 | 〃 | شاڭرېن | يىڭگوڭ | 18 |
| 惠公 | 元 | 599— 608 | 〃 | يۈەن | خۇيگوڭ | 19 |
| 顷公 | 无野 | 582— 598 | 〃 | ۋۇيې | چىڭگوڭ | 20 |
| 灵公 | 环 | 554— 581 | 〃 | خۇەن | لىڭگوڭ | 21 |
| 庄公 | 光 | 548— 553 | 〃 | گۇاڭ | جۇاڭگوڭ | 22 |
| 景公 | 杵臼 | 490— 547 | 〃 | چۇجيۇ | جىڭگوڭ | 23 |
| 晏孺子 | 荼 | 489— 489 | 〃 | تۇ | يەن رۇزى | |
| 悼公 | 阳生 | 485— 488 | 〃 | ياڭشېڭ | داۋگوڭ | 24 |
| 简公 | 壬 | 481— 484 | 〃 | رېن | جيەنگوڭ | 25 |
| 平公 | 骜 | 456— 480 | 〃 | ئاۋ | پىڭگوڭ | 26 |

## جىن (晋) بەگلىكى

جوۋخانى ۋۇ (武) ۋاڭنىڭ ئوغلى تاڭشۇيۈگە بېرىلگەن سۇيۇرغال-لىق. فامىلىسى جى (姬)، ئورنى ھازىرقى سەنشىدە. مەركىزى يى (翼) بولۇپ، ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىدىكى يىچېڭ ئىدى.

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 唐叔 | 虞 | | يۈ | تاڭشۇ | 1 |
| 晋侯 | 燮 | | شي | جىنخوۋ | 2 |
| 武侯 | 宁族 | | نىڭزۇ | ۋۇخوۋ | 3 |
| 成侯 | 服人 | | فۇرېن | چېڭخوۋ | 4 |
| 厉侯 | 福 | | فۇ | لىخوۋ | 5 |
| 靖侯 | 宜臼 | 841— 858 | يىجيۇ | جىڭخوۋ | 6 |
| 釐侯 | 司徒 | 823— 840 | سىتۇ | لىخوۋ | 7 |
| 献侯 | 籍 | 812— 822 | جى | شيەنخوۋ | 8 |
| 穆侯 | 弗生 | 785— 811 | فۇشېڭ | مۇخوۋ | 9 |
| | 殇叔 | 781— 784 | شاڭشۇ | | |



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 文侯 | 仇 | 746—780 | چوۋ | ۋېنخوۋ | 10 |
| 昭侯 | 伯 | 739—745 | بو | جاۋخوۋ | 11 |
| 孝侯 | 平 | 724—738 | پىڭ | شياۋخوۋ | 12 |
| 鄂侯 | 郤 | 718—723 | چۈ | ئېخوۋ | 13 |
| 哀侯 | 光 | 709—717 | گۇاڭ | ئەيخوۋ | 14 |
| 小子侯 | 小子 | 706—709 | شياۋزى | شياۋزىخوۋ | 15 |
| 晋侯 | 湣 | 679—706 | مىن | جىنخوۋ | 16 |
| 武公 | 称 | 677—678 | چېڭ | ۋۇگۇڭ | 17 |
| 献公 | 诡诸 | 651—676 | گۇيجۇ | شيەنگۇڭ | 18 |
| | 悼子 | 651 | داۋزى | | 19 |
| 惠公 | 夷吾 | 637—650 | يىۋۇ | خۇيگۇڭ | 20 |
| 怀公 | 圉 | 637 | يۈ | خۇەيگۇڭ | 21 |
| 文公 | 重耳 | 628—636 | چۇڭئېر | ۋېنگۇڭ | 22 |
| 襄公 | 欢 | 621—627 | خۇەن | شياڭگۇڭ | 23 |
| 灵公 | 夷皋 | 607—620 | يىگاۋ | لىڭگۇڭ | 24 |
| 成公 | 黑臀 | 600—606 | خېيتۈن | چېڭگۇڭ | 25 |
| 景公 | 据 | 581—599 | جۈ | جىڭگۇڭ | 26 |
| 厉公 | 寿曼 | 573—580 | شۇۋمەن | لىگۇڭ | 27 |
| 悼公 | 周 | 558—572 | جوۋ | داۋگۇڭ | 28 |
| 平公 | 彪 | 532—557 | بياۋ | پىڭگۇڭ | 29 |
| 昭公 | 夷 | 526—531 | يى | جاۋگۇڭ | 30 |
| 顷公 | 去疾 | 512—525 | چۈجى | چىڭگۇڭ | 31 |
| 定公 | 午 | 475—511 | ۋۇ | دىڭگۇڭ | 32 |

# چىن (秦) بەگلىكى

چىن بەگلىكى يىڭ (嬴) فامىلىلىك. فېيزى (非子) دىن بۇرۇنقى خانىدانىنى ئېنىقلاش قىيىن. جوۋ (周) خانى شياۋۋاڭ، چىن (هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى تيەنشۈي شەھىرى) دېگەن يەرنى فېيزىغا سۇيۇرغال قىلىپ، بەرگەچكە، بۇ خانىدان چىن نامى بىلەن ئاتالغانىدى.

| № | بەگلىك ئۇنۋانى | بەگلەرنىڭ ئىسمى | يىلى مىلادىدىن بۇرۇن | 姓　名 | 谥　号 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | | فېيزى | تەخمىنەن 897 ـ 858 | 非子 | |
| 2 | چىنخوۋ | | 848 ـ 857 〃 | | 秦侯 |
| 3 | گۇڭبو | | 845 ـ 847 〃 | | 公伯 |
| 4 | | چىنجۇڭ | 822 ـ 844 〃 | 秦仲 | |
| 5 | جۇاڭگۇڭ | | 778 ـ 821 〃 | | 庄公 |
| 6 | شياڭگۇڭ | | 766 ـ 777 〃 | | 襄公 |
| 7 | ۋېنگۇڭ | | 716 ـ 765 〃 | | 文公 |
| 8 | نىڭگۇڭ | | 704 ـ 715 〃 | | 宁公 |
| 9 | | چۇزى | 689 ـ 703 〃 | 出子 | |
| 10 | ۋۇگۇڭ | | 678 ـ 697 〃 | | 武公 |
| 11 | دېگۇڭ | | 676 ـ 677 〃 | | 德公 |
| 12 | شۈەنگۇڭ | | 664 ـ 675 〃 | | 宣公 |
| 13 | چېڭگۇڭ | | 660 ـ 663 〃 | | 成公 |
| 14 | مۇگۇڭ | رېنخاۋ | 621 ـ 659 〃 | 任好 | 穆公 |
| 15 | كاڭگۇڭ | يىڭ | 609 ـ 620 〃 | 䓨 | 康公 |
| 16 | گۇڭگۇڭ | خې | 604 ـ 608 〃 | 和 | 共公 |
| 17 | خۇەنگۇڭ | | 577 ـ 603 〃 | | 桓公 |

| 谥号 | 姓名 | مىلاددىن بۇرۇن | | بەگلەرنىڭ ئىسمى | بەگلىك ئۇنۋانى | № |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 景公 | | 537— 576 | 〃 | | جىڭگۇڭ | 18 |
| 哀公 | | 501— 506 | 〃 | | ئەيگۇڭ | 19 |
| 惠公 | | 491— 500 | 〃 | | خۇيگۇڭ | 20 |
| 悼公 | | 477— 490 | 〃 | | داۋگۇڭ | 21 |

## چۇ (楚) بەگلىكى

چۇ بەگلىكى مى (芈) فامىلىلىك. يۇشيۇڭ (鬻熊) دىن كېيىن شيۇڭ (熊) فامىلىسىنى قوبۇل قىلدى. چۇ بېگى ۋېنۋاڭ دەۋرىدە يىڭ (郢) ھازىرقى خۇبېي ئۆلكىسىدىكى جياڭلىڭ ناھىيىسى دېگەن يەرنى مەركەز قىلىشقاندى.

| 谥号 | 姓名 | يىلى<br>مىلاددىن بۇرۇن | | بەگلەرنىڭ ئىسمى | بەگلىك ئۇنۋانى | № |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | 绎 | 1079—1115 | تەخمىنەن | يى | | 1 |
| | 艾 | 1053—1078 | 〃 | ئەي | | 2 |
| | 黮 | 1002—1052 | 〃 | دەن | | 3 |
| | 胜 | 947—1001 | 〃 | شېڭ | | 4 |
| | 杨 | 888— 946 | 〃 | ياڭ | | 5 |
| | 渠 | 878— 887 | 〃 | چۈ | | 6 |
| | 挚 | 877 | 〃 | چژ | | 7 |
| | 延 | 848— 876 | 〃 | يەن | | 8 |
| | 勇 | 838— 847 | 〃 | يۇڭ | | 9 |

ئۇيغۇر كىتاب تورىسىتلىرى
www.uyghurkitap.com

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | 严 | 828–837 | 〃 | يەن | | 10 |
| | 霜 | 822–827 | 〃 | شۋاڭ | | 11 |
| | 徇 | 800–821 | 〃 | شۈن | | 12 |
| | 鄂 | 791–799 | 〃 | ئې | | 13 |
| 若敖 | 义 | 764–790 | 〃 | يى | روئاۋ | 14 |
| 霄敖 | 坎 | 758–763 | 〃 | كەن | شياۋ ئاۋ | 15 |
| 蚡冒 | 眴 | 741–757 | 〃 | شۈن | فېنماۋ | 16 |
| 武王 | 通 | 690–740 | 〃 | تۇڭ | ۋۇ ۋاڭ | 17 |
| 文王 | 赀 | 677–689 | 〃 | زى | ۋېنۋاڭ | 18 |
| 庄敖 | 艱 | 672–676 | 〃 | شى | جۇاڭئاۋ | 19 |
| 成王 | 恽 | 626–671 | 〃 | يۈن | چېڭۋاڭ | 20 |
| 穆王 | 商臣 | 614–625 | 〃 | شاڭچېن | مۇۋاڭ | 21 |
| 庄王 | 侣 | 591–613 | 〃 | لۈ | جۇاڭۋاڭ | 22 |
| 共王 | 审 | 560–590 | 〃 | شېن | گوڭۋاڭ | 23 |
| 康王 | 招 | 545–559 | 〃 | جاۋ | كاڭۋاڭ | 24 |
| 郏敖 | 员 | 541–544 | 〃 | يۈەن | جيا ئاۋ | 25 |
| 灵王 | 围 | 529–540 | 〃 | ۋېي | لىڭۋاڭ | 26 |
| 平王 | 居 | 516–528 | 〃 | جۈ | پىڭۋاڭ | 27 |
| 昭王 | 珍 | 489–515 | 〃 | جېن | جاۋۋاڭ | 28 |
| 惠王 | 章 | 432–488 | 〃 | جاڭ | خۇيۋاڭ | 29 |

## سۇڭ (宋) بەگلىكى

جوۋ (周) خانى چىڭۋاڭ دەۋرىدە يىن (殷) خانى جوۋ (周) ۋاڭنىڭ ئانا باشقا ئاكىسى ۋېيزى (微子) چى (启) غا سۇڭ دېگەن يەر سۇ يۇرغال قىلىپ بېرىلگەن. فامىلىسى زى، (子) بولۇپ، مەركىزى شاڭچيۇ (بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسىدىكى شاڭچيۇ 商丘) ئىدى.

| 谥 号 | 姓 名 | يىلى<br>مىلاددىن بۇرۇن | بەگلەرنىڭ ئىسمى | بەگلىك ئۇنۋانى | № |
|---|---|---|---|---|---|
| | 微子启 | 1078—1111 تەخمىنەن | ۋېيزى چى | | 1 |
| | 微仲 | 1054—1077 〃 | ۋېيجۇڭ | | 2 |
| 宋公 | 稽 | 1001—1053 〃 | جى | سۇڭگوڭ | 3 |
| 丁公 | 申 | 936—1000 〃 | شېن | دىڭگوڭ | 4 |
| 湣公 | 共 | 909—935 〃 | گوڭ | مىنگوڭ | 5 |
| 炀公 | 熙 | 894—908 〃 | شى | ياڭگوڭ | 6 |
| 厉公 | 鲋祀 | 859—893 〃 | فۇسى | لىگوڭ | 7 |
| 厘公 | 举 | 831—858 〃 | جۇ | لىگوڭ | 8 |
| 惠公 | 䚫 | 800—830 〃 | گەن | خۇيگوڭ | 9 |
| 哀公 | | 800 〃 | | ئەيگوڭ | 10 |
| 戴公 | | 766—799 〃 | | دەيگوڭ | 11 |
| 武公 | 司空 | 748—765 〃 | سىكوڭ | ۋۇگوڭ | 12 |
| 宣公 | 力 | 729—747 〃 | لى | شۈەنگوڭ | 13 |
| 穆公 | 和 | 720—728 〃 | خې | مۇگوڭ | 14 |
| 殇公 | 与弟 | 711—719 〃 | يۈيى | شاڭگوڭ | 15 |
| 庄公 | 冯 | 692—710 〃 | فېڭ | جۇاڭگوڭ | 16 |
| 湣公 | 捷 | 682—691 〃 | جيې | مىنگوڭ | 17 |
| 桓公 | 御说 | 651—681 〃 | يۈشو | خۇەنگوڭ | 18 |

www.uygurkitap.com

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 19 | شياڭگوڭ | زىنفۇ | 637—650 〃 | 兹父 | 襄公 |
| 20 | چىڭگوڭ | ۋاڭچېن | 620—636 〃 | 王臣 | 成公 |
| 21 | جاۋگوڭ | چۇجيۇ | 611—619 〃 | 杵臼 | 昭公 |
| 22 | ۋېنگوڭ | باۋ | 589—610 〃 | 鲍 | 文公 |
| 23 | گوڭگوڭ | شيا | 576—588 〃 | 瑕 | 共公 |
| 24 | پىڭگوڭ | چېڭ | 532—575 〃 | 成 | 平公 |
| 25 | يۈەنگوڭ | زو | 517—531 〃 | 佐 | 元公 |
| 26 | جىڭگوڭ | تۇۋمەن | 453—516 〃 | 头曼 | 景公 |

## ۋېي (卫) بەگلىكى

جوۋ (周) ۋۇۋاڭنىڭ ئىنىسى جى فېڭ (姬封) غا بېرىلگەن سۈيۈرغاللىق. فامىلىسى جى (姬)، مەركىزى چاۋگې (朝歌) ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىكى چىشيەن (淇 ناھىيىسى) ئىدى.

| № | بەگلىك ئۇنۋانى | بەگلەرنىڭ ئىسمى | يىلى مىلاددىن بۇرۇن | 姓 名 | 谥 号 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | كاڭشۇ | فېڭ | تەخمىنەن 1079—1115 | 封 | 康叔 |
| 2 | كاڭبو | | 1053—1078 〃 | | 康伯 |
| 3 | كاۋبو | | 1017—1052 〃 | | 考伯 |
| 4 | سىبو | | 936—1016 〃 | | 嗣伯 |
| 5 | جيېبو | | 910—935 〃 | | 疌伯 |
| 6 | جىڭبو | | 895—909 〃 | | 靖伯 |
| 7 | جېنبو | | 867—894 〃 | | 贞伯 |
| 8 | چىڭخوۋ | | 855—866 〃 | | 顷侯 |
| 9 | لىخوۋ | | 813—854 〃 | | 厘侯 |
| 10 | گوڭبو | يۈ | 813 〃 | 余 | 共伯 |
| 11 | ۋۇگوڭ | خې | 758—812 〃 | 和 | 武公 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 庄公 | 杨 | 735—757 | 〃 | ياڭ | جۇاڭگۇڭ | 12 |
| 桓公 | 完 | 719—734 | 〃 | ۋەن | خۇەنگۇڭ | 13 |
| 宣公 | 晋 | 700—718 | 〃 | جىن | شۇەنگۇڭ | 14 |
| 惠公 | 朔 | 696—699 | 〃 | شو | خۇيگۇڭ | 15 |
| | 黔牟 | 688—695 | 〃 | چيەنمۇ | | 16 |
| 惠公 | 朔 | 669—687 | 〃 | شو | خۇيگۇڭ | 15 |
| 懿公 | 赤 | 660—668 | 〃 | چژ | يىگۇڭ | 17 |
| 戴公 | 申 | 660 | 〃 | شېن | دەيگۇڭ | 18 |
| 文公 | 毁 | 635—659 | 〃 | خۇي | ۋېنگۇڭ | 19 |
| 成公 | 郑 | 600—634 | 〃 | جېڭ | چېڭگۇڭ | 20 |
| 穆公 | 遬 | 589—599 | 〃 | سۇ | مۇگۇڭ | 21 |
| 定公 | 臧 | 577—588 | 〃 | زاڭ | دىڭگۇڭ | 22 |
| 献公 | 衎 | 559—576 | 〃 | كەن | شيەنگۇڭ | 23 |
| 殇公 | 狄 | 547—558 | 〃 | دى | شاڭگۇڭ | 24 |
| 献公 | 衎 | 544—546 | 〃 | كەن | شيەنگۇڭ | 25 |
| 襄公 | 恶 | 335—543 | 〃 | ئې | شياڭگۇڭ | 26 |
| 灵公 | 元 | 493—534 | 〃 | يۈەن | لىڭگۇڭ | 27 |
| 出公 | 辄 | 481—492 | 〃 | جې | چۇگۇڭ | 28 |
| 庄公 | 蒯聩 | 478—480 | 〃 | كۈەيكۇي | جۇاڭگۇڭ | 29 |
| 卫君 | 起 | 477 | 〃 | چى | ۋېيجۈن | 30 |

## چېن (陈) بەگلىكى

جوۋ (周) خانى ۋۇۋاڭنىڭ شۈن (舜) ئاۋلادى گۇي مەن (妫满) گە بەرگەن سۇيۇرغاللىقى چېن (陈) دېگەن يەردە بولۇپ، ئاسلىسى گۇي، مەركىزى ۋەنچيۇ (هازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىكى خۇەييالق) ئىدى:

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | خۇگۇڭ | مەن | تەخمىنەن 1122 — ؟ | 满 | 胡公 |
| 2 | شېنگۇڭ | شىخۇ | 〃 | 犀侯 | 申公 |
| 3 | شياڭگۇڭ | گاۋياڭ | 〃 | 皋羊 | 相公 |
| 4 | شياۋگۇڭ | تۇ | 〃 | 突 | 孝公 |
| 5 | شېن گۇڭ | يۈرۇڭ | 〃 | 圉戎 | 慎公 |
| 6 | يوۋگۇڭ | نىڭ | 832 — 854 〃 | 宁 | 幽公 |
| 7 | لىگۇڭ | شياۋ | 796 — 831 〃 | 孝 | 厘公 |
| 8 | ۋۇگۇڭ | لىڭ | 781 — 795 〃 | 灵 | 武公 |
| 9 | يىگۇڭ | شو | 778 — 780 〃 | 说 | 夷公 |
| 10 | پىڭگۇڭ | شيې | 755 — 777 〃 | 燮 | 平公 |
| 11 | ۋېنگۇڭ | يۈ | 745 — 754 〃 | 圉 | 文公 |
| 12 | خۇەنگۇڭ | باۋ | 707 — 744 〃 | 鲍 | 桓公 |
| 13 | لىگۇڭ | تا | 700 — 706 〃 | 他 | 厉公 |
| 14 | لىگۇڭ | يۆ | — 700 〃 | 跃 | 利公 |
| 15 | جۇاڭگۇڭ | لىن | 693 — 699 〃 | 林 | 庄公 |
| 16 | شۈەنگۇڭ | چۇجيۇ | 648 — 692 〃 | 杵臼 | 宣公 |
| 17 | مۇگۇڭ | كۇەن | 632 — 647 〃 | 款 | 穆公 |
| 18 | گۇڭگۇڭ | شو | 614 — 631 〃 | 朔 | 共公 |
| 19 | لىڭگۇڭ | پىڭگو | 599 — 613 〃 | 平国 | 灵公 |
| 20 | چېڭگۇڭ | ۋۇ | 569 — 598 〃 | 午 | 成公 |
| 21 | ئەيگۇڭ | رو | 534 — 568 〃 | 弱 | 哀公 |
| 22 | خۇيگۇڭ | ۋۇ | 506 — 533 〃 | 吴 | 惠公 |
| 23 | خۇەيگۇڭ | ليۇ | 502 — 505 〃 | 柳 | 怀公 |
| 24 | مىنگۇڭ | يۆ | 479 — 501 〃 | 越 | 湣公 |



www.uyghurkitap.com

# سەي (蔡) بەگلىكى

جوۋ (周) ۋۇ ۋاڭنىڭ ئىنىسى سەي شۇدۇ (蔡度) غا بېرىلگەن سۇيۇرغاللىق فەمىلىسى جى (姬) ، مەركىزى شاڭسەي (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شاڭسەي (上蔡) ناھىيىسى) ئىدى.

| № | بەگلىك ئۇنۋانى | بەگلەرنىڭ ئىسمى | يىلى<br>مىلاددىن بۇرۇن | | 姓名 | 谥号 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | سەيشۇ | دۇ | 1109–1122 | تەخمىنەن | 度 | 蔡叔 |
| 2 | سەيجۇڭ | خۇ | 1054–1108 | 〃 | 胡 | 蔡仲 |
| 3 | سەيبو | خۇاڭ | 948–1053 | 〃 | 荒 | 蔡伯 |
| 4 | گۇڭخوۋ | | 894–947 | 〃 | | 宫侯 |
| 5 | لىخوۋ | | 864–893 | 〃 | | 厉侯 |
| 6 | ۋۇخوۋ | | 838–863 | 〃 | | 武侯 |
| 7 | يىخوۋ | | 810–837 | 〃 | | 夷侯 |
| 8 | لىخوۋ | سوشى | 762–809 | 〃 | 所事 | 厘侯 |
| 9 | گۇڭخوۋ | شىڭ | 760–761 | 〃 | 兴 | 共侯 |
| 10 | دەيخوۋ | | 750–759 | 〃 | | 戴侯 |
| 11 | شۋەنخوۋ | سوفۇ | 715–749 | 〃 | 措父 | 宣侯 |
| 12 | خۋەنخوۋ | فېڭرېن | 695–714 | 〃 | 封人 | 桓侯 |
| 13 | ئەيخوۋ | شيەنۋۇ | 675–694 | 〃 | 献午 | 哀侯 |
| 14 | مۇخوۋ | شى | 646–674 | 〃 | 肸 | 穆侯 |
| 15 | جۇاڭخوۋ | جياۋۇ | 612–645 | 〃 | 甲午 | 庄侯 |
| 16 | ۋېنخوۋ | شېن | 592–611 | 〃 | 申 | 文侯 |
| 17 | جىڭخوۋ | گۇ | 543–591 | 〃 | 固 | 景侯 |
| 18 | لىڭخوۋ | بەن | ①531–542 | 〃 | 班 | 灵侯 |
| 19 | پىڭخوۋ | لۇ | 522–528 | 〃 | 庐 | 平侯 |
| 20 | داۋخوۋ | دۇڭگو | 519–521 | 〃 | 东国 | 悼侯 |
| 21 | جاۋخوۋ | شېن | 491–518 | 〃 | 申 | 昭侯 |
| 22 | چېڭخوۋ | شو | 472–490 | 〃 | 朔 | 成侯 |

# ساۋ (曹) بەگلىكى

جوۋ (周) ۋۇۋاڭنىڭ ئىنىسى ساۋشۇ جېندوغا بېرىلگەن سۇيۇر- غاللىق. فامىلىسى جى (姬) ، مەركىزى تاۋچيۇ (ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى دىڭتاۋنىڭ غەربىي جەنۇبى) ئىدى.

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ساۋشۇ | جېندو | تەخمىنەن 1053－1122 | 振铎 | 曹叔 |
| 2 | ساۋتەيبو | | 1002－1052 | 〃 | 曹太伯 |
| 3 | جۇڭجۈن | پىڭ | 935－1001 〃 | 平 | 仲君 |
| 4 | گۇڭبو | خوۋ | 895－ 934 〃 | 侯 | 宫伯 |
| 5 | شياۋبو | يۈن | 865－ 894 〃 | 云 | 孝伯 |
| 6 | يىبو | شى | 835－ 864 〃 | 喜 | 夷伯 |
| 7 | يۇبو | جياڭ | 826－ 834 〃 | 彊 | 幽伯 |
| 8 | دەيبو | شيەن | 796－ 825 〃 | 鲜 | 戴伯 |
| 9 | خۇيگۇڭ | جىر | 760－ 795 〃 | 雉 | 惠公 |
| 10 | | شىپۇ | 760 〃 | 石甫 | |
| 11 | مۇگۇڭ | ۋۇ | 757－ 759 〃 | 武 | 穆公 |
| 12 | خۇەنگۇڭ | جۇڭشېڭ | 702－ 756 〃 | 终生 | 桓公 |
| 13 | جۇاڭگۇڭ | شېگۇ | 671－ 701 〃 | 射姑 | 庄公 |
| 14 | لىگۇڭ | يى | 662－ 670 〃 | 夷 | 厘公 |
| 15 | جاۋگۇڭ | بەن | 653－ 661 〃 | 班 | 昭公 |
| 16 | گۇڭگۇڭ | شياڭ | 618－ 652 〃 | 襄 | 共公 |
| 17 | ۋېنگۇڭ | شوۋ | 595－ 617 〃 | 寿 | 文公 |
| 18 | شۈەنگۇڭ | لۇ | 578－ 594 〃 | 庐 | 宣公 |
| 19 | چېڭگۇڭ | فۇ | 555－ 577 〃 | 负 | 成公 |
| 20 | ۋۇگۇڭ | شېڭ | 528－ 554 〃 | 胜 | 武公 |
| 21 | پىڭگۇڭ | شۇ | 524－ 527 〃 | 须 | 平公 |
| 22 | داۋگۇڭ | ۋۇ | 515－ 523 〃 | 午 | 悼公 |

www.uyghurkitap.com

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 襄公 | 野 | 510— 514 | 〃 | يي | شياڭگوڭ | 23 |
| 隐公 | 通 | 506— 509 | 〃 | تۇڭ | يىنگوڭ | 24 |
| 靖公 | 路 | 502— 505 | 〃 | لۇ | جىڭگوڭ | 25 |
| 曹伯 | 阳 | 487— 501 | 〃 | ياڭ | ساۋبو | 26 |

## جېڭ (郑) بەگلىكى

جوۋ (周) شۆەنۋاڭنىڭ ئانا باشقا ئىنىسى جى يوۋغا بېرىلگەن سۇيۇرغاللىق. فامىلىسى جى (姬) . مەركىزى جېڭ، ئورنى (هازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى خۋاشيەن ناهىيىسى) . جوۋخانىدانى شەرققە ـ لوياڭغا كۆچكەندىن كېيىن جېڭ بېگى ۋۇگوڭ مۇ يېڭى جېڭ بەگلىكى (هازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىكى جېڭجوۋ)گە كۆچكەندى.

| 谥 号 | 姓 名 | يىلى | بەگلەرنىڭ | بەگلىك | № |
|---|---|---|---|---|---|
| | | مىلاددىن بۇرۇن | ئىسمى | ئۇنۋانى | |
| 桓公 | 友 | 771— 806 | يوۋ | خۋەنگوڭ | 1 |
| 武公 | 掘突 | 744— 770 | جۆتۇ | ۋۇگوڭ | 2 |
| 庄公 | 寤生 | 701— 743 | ۋۇشېڭ | جۋاڭگوڭ | 3 |
| 昭公 | 忽 | 701 | خۇ | جاۋگوڭ | 4 |
| 厉公 | 突 | 697— 700 | تۇ | لىگوڭ | 5 |
| 昭公 | 忽 | 695— 696 | خۇ | جاۋگوڭ | 4 |
| | 亹 | 694 | مېن | | 6 |
| | 婴 | 680— 693 | يىڭ | | 7 |
| 厉公 | 突 | 673— 679 | تۇ | لىگوڭ | 5 |
| 文公 | 捷 | 628— 672 | جيې | ۋېنگوڭ | 8 |
| 穆公 | 兰 | 606— 627 | لەن | مۇگوڭ | 9 |
| 灵公 | 夷 | 605 | يى | لىڭگوڭ | 10 |
| 襄公 | 坚 | 587— 604 | جيەن | شياڭگوڭ | 11 |
| 悼公 | 沸 | 585— 586 | فېي | داۋگوڭ | 12 |

| | | | | | |
